توڭجى ئۈنىۋېرسىتېتى

# ئالتۇن تارىمدىن جەۋھەرلەر

تور ماقالىلىرى:مۇھەممەد توپلىغان

09

شنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى

پولات ئامانئۇرى

شنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى ، - شنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ قويۇق يەرلىك ، مىللىي تۈسكە ئىگە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپ —لاش ، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنى نىشانلىغان بولۇپ ، مەزكۇر مۇزېيدا شنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە ئائىت 3000 خىلدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار توپلانغان . بۇ قىممەتلىك بۇيۇملار ئارخىپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، 2000 - يىل 5- ئاينىڭ 19 -كۈنى شنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى رەسمىي قۇرۇلدى . مۇزېي ئېچىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق مېھماننى كۈتۈۋالدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت رەھبەرلىرى ، مىنىستىرلار ، شياڭگاڭ ، ئاۋمېنلىق مۇھىم ئەربابلار ، ياپونىيە ، ئامېرىكا ، گېرمانىيە ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، روسىيە ، تۈركىيە ، كورىيە ، مالايسىيا ، پاكىس تان ، قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن دوست ، ئەربابلار ۋە ئالىملار بار .

ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى ، ئۇنىۋېرستېتنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەمكارلىقى نەتىجىسىدە بۇ مۇزېي شنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىدا قەد كۆتۈردى. 1997-يىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئازات سۇلتاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت ، ئىلھام ئابدۇكېرىم مۇئەللىملەر ئەدەبىيات 1993 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تۇرپان رايونىغ تۈنجى قېتىم ماددىي فولكلور توپلاشقا ئېلىپ باردى.قۇتلۇق ئىشنى باشلاپ بەرگەن بۇ ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار خەلقنىڭ يېقىندىن ھەمدەم بولۇش نەتىجىسىدە 200 دىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇمنى توپلىدى. 1997 - يىل 10 -ئايدا تۇرپان ۋىلايىتىدىن توپلانغان 200 پارچىدىن ئارتۇق ماد دىي بۇيۇم تۈنجى قېتىم ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئەسلىدىكى بىناسىنىڭ 1- قەۋەت جەنۇب تەرىپىدىكى بىر سىنىپتا كۆرگەزمە قىلىندى . ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئازات سۇلتان شنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئىبراھىم خالىق ، ئىلمىي باشقارما ، پەن تەتقىقات باشقارمىسى ۋە مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرىنى باشلاپ ، بۇ ماددىي بۇيۇملارنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ، بۇ تۈنجى پراكتىكىنىڭ نەتىجىسنى خۇشاللىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى.شۇ

يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى فولكلور مۇزېيى قۇرۇشقا قوشۇلدى . 1998-يىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت ۋە ئەشرەپ ئابدۇللانىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئەدەبىيات 1994-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى چاقىلىق ، چەرچەن ، نىيە ، كېرىيە ، پوسكام قاتارلىق جايلاردا 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ، 800 دىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇمنى يىغىپ كەلدى . 1998-يىلى ئابدۇكېرىم راخمان ، ئازات سۇلتان ، ئەسئەت سۇلايمان ، شەۋكەت قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم شەھەر ناھىيىلىرىدىن ماددىي بۇيۇملار سېتىۋېلىنىپ كېلىندى . شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا توپلانغان 1000 پارچىدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم 1998-يىل 5-ئايدا دەسلەپكى قەدەمدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، چالغۇ ئەسۋابلار قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئەسلىدىكى بىناسى 2-قەۋەت 203-سىنىپتا كۆرگەزمە قىلىندى . ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپ رەھبەرلىكىدىن ئىبراھىم خالىق ، باۋدۇڭچۈەن ، ئىلمىي باشقارما ، پەن تەتقىقات باشقارمىسى ، مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسى قاتارلىق ھەر قايسى بۆلۈملەردىن بولۇپ ، ئوندىن ئارتۇق رەھبەر بۇ ماددىي بۇيۇملارنى كۆرگەندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فولكلور مۇزېيىغا ئۇل سېلىنغانلىقىنى ، فولكلور مۇزېيى قۇرۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن مۇزېي قۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىلدى .

1999-يىلى ئەدەبىيات 1995-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوسمان ئۆمەر ، تۇرسۇن قۇربانلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىدە ماددىي فولكلور بۇيۇملىرىنى توپلاش پراكتىكىسى قىلىپ 1000 پارچىغا يېقىن ماددىي بۇيۇمنى يىغدى. بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمىدى . ئابدۇكېرىم راخمان ، ئازات سۇلتان ، ئارسلان ئابدۇللا ، تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت ، ئوسمان ئىسمائىل ، ئەسئەت سۇلايمان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ جاپالىق ئىشلىدى . تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ، بىر قانچە يىل ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى 30 دىن ئارتۇق شەھەر ۋە ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر قىسىم قىممەتلىك ماددىي بۇيۇملارنى توپلىدى .

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىللاردا ، خۇددى ئالدىنقى يىللاردىكىگە ئوخشاش تۆۋەنگە چۈشۈپ ماددىي بۇيۇملارنى يىغىش ئىشى داۋاملاشتۇرۇلدى . 2002-يىلى غەيرەتجان ئوسمان ، مەرھۇم مۇھەممەت ئەيسالارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئەدەبىيات 1996-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئونسۇ ناھىيىسىدە فولكلور پراكتىكىسى ئېلىپ

بېرىپ 500 پارچىدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇمنى توپلىدى. 2003-يىلى ئەدەبىيات 1999-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي پەن 2000-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت، ئوسمان ئىسما ئىل قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ، قارىقاش، خوتەن ناھىيىلىرىدە فولكلور پراكتىكىسى ئېلىپ بېرىپ، تەخمىنەن 300 پارچىغا يېقىن ماددىي بۇيۇم توپلىدى. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەقتىقات ئورنىدا سا قلىنىۋاتقان چاغاتاي، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ھەر خىل قولىيازمىلار ۋە كونا باسما كىتابلاردىن 230 پارچە كىتاب مۇزېيغا كىرگۈزۈلدى. ئىلگىرى ساقلانغان 70 پارچە كىتاب بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ كىتابلارنىڭ كاتالوگى ئىشلەندى. 2004-يىلى ئىجتىمائىي پەن 2000-يىللىق سىنىپى بىلەن 2001-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت، گۈلجامال مەمتىمىن قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئاۋات ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىلىرىدە فولكلور ئىلمى تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ 100 پارچىدىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم توپلىدى. شۇنداقلا 2000 غا يېقىن ئائىلىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ كۆپلىگەن يازما ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. 2005-يىلى ئىجتىمائىي پەن 2001-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى فولكلور مۇزېيىدا 20 كۈن پراكتىكا قىلىپ، مۇزېيدىكى بارلىق بۇيۇملارنى قايتىدىن رەتلەپ ئارخىپلاشتۇردى.

مەزكۇر مۇزېينىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ تىپىك نەقىش تۈرلىرى گەۋدىلەنگەن. مۇزېيدىكى ماتېرىياللار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى، ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرى، ئىشلەپچى قىرىش قوراللىرى، قاتناش ۋاستىلىرى، ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇم، قەدىمىي قولىيازما قاتارلىق سەككىز تۈر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇزېيغا يەنە شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ ھەر خىل كىيىم - كېچەكلىرى قويۇلغان بولۇپ، بۇ كىيىملەرنىڭ سانى 200 دىن ئاشىدۇ. يىل دەۋرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان 500-600 يىللىق تارىخقا ئىگە كىيىملەر، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ زامانىۋى سەھنە كىيىملىرىنىڭ مودېللىرى بار. 100-200 يىللىق تارىخقا ئىگە كىيىملەرنىڭ سانى 30 قۇردىن ئارتۇق مۇزېيدا يەنە 40 خىلدىن ئارتۇق چالغۇ ئەسۋاب ۋە چالغۇ ئەسۋابنىڭ نۇسخىلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دولان راۋابى، دولان غىجىكى قاتارلىقلار 300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا، قۇمۇل غىجىكى، تەمبۇر قاتارلىقلار 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ۋەسىقىلەر 300 دىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە تارىخي

كىتابلار مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ كىتابلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە تىبابەت ، دىن ، سەنئەت ، سىياسىي ، ئىقتىساد ، تىل ، بىئولوگىيە ، جۇغراپىيە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ . كۆپىنچىسى قولىيازما نۇسخىلاردۇر . بۇ مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مۇزېيلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار شىنجاڭدا كەم تېپىلىدۇ . ، مۇزېيدا يەنە قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىيلاشقان دىنىي ئېتىقادلارغا ئالاقىدار بولغان ياتاداش ، تۇمار ، جەينماز ، تەسۋى ، ياغاچ بۇت قاتارلىق بۇيۇملارمۇ ساقلانغان .

مۇزېيدىكى ئاساسلىق ماددىي بۇيۇملارنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن ، ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا تەييارلانغان رەسىملىك كىتاب «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى » 2005 - يىل 5- ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

مۇزېينىڭ ھازىرقى ئورنى ئىجتىمائىي پەنلەر بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدە بولۇپ ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن 210 كۋادرات مېترلىق كۆرگەزمە زالى ، 40 كۋادرات مېترلىق فىلىم قويۇش ئۆيى ھەمدە بىر ماتېرىيال بۆلۈمگە ئىگە يۇرۇشلەشكەن فولكلور مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى .

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 »قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى. ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئابدۇكېرىم راخمان ، ئازات سۇلتان ، ئارسلان ئابدۇللا ، تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت ، راھىلە داۋۇت ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كافېدراسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى ، ئەڭ مۇھىمى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى مۇزېينىڭ قۇ رۇلۇشىدىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندى . مۇزېي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۆھرىتىنى ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇۋالغان ، مەكتىپىمىزدىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي ئۆرپ - ئادەت تەربىيىسى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم بازا. فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىدىكى خەزىنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدەك ئالىي بىلىم يۇرتىدا مۇزېينىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى 13 مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئۆدەتلىرى ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقىلىپ كېتىۋاتقان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى قۇتقۇزۇپ ، كىشىلەردە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئويغىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئوقۇغۇچىلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك ، مىللىي مەدەنىيەتنى سۆيۈشتەك ئې ېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتە ۋە ئۇلارغا ئەمەلىي دەرس مەيدانى ھازىرلاپ بېرىشتە مۇھىم رولغا ئىگە . يەنە شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈشتە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ھەر ساھەگە تەشۋىق قىلىش ، تونۇشتۇرۇشتىمۇ مەزكۇر مۇزېي سەل قارىغىلى بولمايدىغان بازار ھېسابلىنىدۇ .

## شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سودا -بازارلىرى

داۋۇت ساۋۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد - باشقۇرۇش ئىنىستىتۇتىدىن

قەدىمكى شىنجاڭدا مۇكەممەل سودا يولىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق شەيئىگە ئوخشاش سودا بازارلىرىدىكى سودىمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان.يېپەك يولى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل سودا يەنىلا ھەرقايسى رايونلارنى ئاساس قىلىپ شۇ رايونلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغانىدى. يەنى دەسلىپىدە شۇ رايون ئىچىدە قولدىن -قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىلغان. بۇنىڭدا كۆچمەن چارۋىچىلار تۇرلۇك ماللارنىڭ سىرتقا چىقىرىلىپ سېتىلىشىدا مۇھىم ۋاستىچىلىك رول ئوينىغانىدىلېكىن كۆچمەن چارۋىچىلىق پەسىل خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى . نەتىجىدە سودا - سېتىق پائالىيەتلىرى بوستانلىق ۋادىلاردىكى مەھەللە ، كەنتلەرگەتەدرىجىي كېڭىيىشكە باشلىغان.بۇ جايلار سودا -سېتىق پائالىيەتلىرىنى مۇقىم ماكان (بازار) بىلەنلا تەمىنلەپ قالماستىن ، بەلكى يەنە سودىگەرلەرنىڭ بازار سودىسىنى خىلمۇ خىل قول - ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا رەڭگا -رەڭ ئېسىل ماللار بىلەن تەمىنلەپ ، بازار سودىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان.كېيىنچە بۇ جايلاردا ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرىنى ئېسىل ماللار بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ماللىرىنى سېتىشىغا قولايلىق يارىتىدىغان مەمەيدان يەنى بازار بارلىققا كەلگەن ياپونىيە تارىخچىسى چيەنداۋشىنىسى "بوستانلىق ۋادا بولمايدىكەن يىپەك يولىمۇ بولمىغان

بولاتتى "1 دەپ يازىدۇ .گرىك تارىخچىسى ھېرودوتۇسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، "يىپەك يولىنى ئاخىرقى ھېسابتا بوستانلىق ۋادىلارنىڭ ئىلتىپاتى دېيىشكە بو لىدۇ ".بۇ بوستانلىق ۋادىلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ، ھالبۇكى بوستانلىق ۋادىلار ئەسلىدىنلا تەبئىي شەرت - شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى تەدرىجىي تارىيىشقا باشلىغان . شۇڭلاشقا كىشىلەر قول - ھۈنەرۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان. "بۇنىڭغا ئەگىشىپ بوستانلىق ۋادىلار ئاۋاتلىشىپ بارىدۇ ۋە تەدرىجىي ھالدا مەھەللە - كەنتلەرنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ ئۆتەڭ ۋە بازارلار بارلىققا كېلىدۇ .بۇ ئۆتەڭ بازارلار يىپەك يولىدىكى ساياھەتچىلە ر ۋە سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلاتتى .ھەتتا سودا كارۋانلىرىنى ئۇزۇن مۇساپىلىق ترانسپورت ئۇسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى "1 ئاھالىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى .

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى "يىپەك يولى "شەرقتە خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چ اڭشەندىن باشلىنىپ ، غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ خېشى كارىدورى ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ دۇنخۇاڭدىن يەنە غەربكە سوزۇلۇپ ، جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. جەنۇبىي يول دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن باشلىنىپ كىروران ، مىرەن ، نوپشان ، پىشامشان ، نىيە ، چەرچەن ،ئۇدۇن ، ئۇزۇن تات ، ساكارائول ، ياسان ، پامىر ، سارىقۇل ، مالۇر ، توخرى ، ئارساك ، تياۋجى ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا داكچىن (رىم ئىمپېرىيىسى )گە تۇتىشىدۇ. شىمالىي يول دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ يۈيمېنگۇەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ ئالدى قۇسقا يەتكەندىن كېيىن ، تەڭرىتاغنىڭ جە نۇبىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ ئۇشاق ، كىنگىت ، ئورياپ ، ۋائىرىيە ، بۈگىر ، قۇم ، كۇسەن ، سۇلى ،غەربىي پامىر ئارقىلىق پەرغانە ۋە كانگىيىگە بېرىپ ئۇ يەردىن ئائۇرسى(ھازىرقى ئارال دېڭىزىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلار)غا تۇتىشىدۇ .

شىمالىي يول ئادەتتە "يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى " ياكى "يايلاقتىكى يىپەك يولى " دەپمۇ ئاتالغان . بۇ يول قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك كۆچۈشىدىن ھاسىل بولغان .تارىخ ئىسپاتلىدىكى "يايلاقتىكى يىپەك يولى "بويلىرىدا قەدىمكى زامانلاردىكى ياۋروپا ، ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى ساقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا "يايلاقتىكى يىپەك يولى "نى بويلاپ سېلىنغان شەھەر -بازارلار ۋە مەھەللە كەنت ئىزلىرىمۇ بايقالغان " .يىپەك يولى "سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ ، ھەرقايسى خانلىقلار بۇ يولىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يوللاردا ئۆتەڭ - سارايلارنى ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنى قۇرغان . قارۇشتى

يېزىقىدىكى تارشا پۈتەكلەردە قەدىمكى نىيە شەھرىنىڭ يېنىدىكى بىر تەكشۈرۈش ئېغىزى خاتىرىلەنگەن . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئۆتكەن شۈەن زاڭنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ، ئەينى دەۋردە "يىپەك يولى"نى بويلاپ نۇرغۇن ئۆتەڭ - راباتلار ياسىلىپ ، يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنغان. "ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىگە شەرھ " دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : "قىرپانە بەگلىكى پايتەختتىن شەرقىي شىمال بويىچە مېڭىپ ، نۇرغۇن تاغ ۋە خە تەرلىك قىيا - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ ، 200 چاقىرىم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن ، بىز بىر قەدىمىي ساخاۋەتخانا بار يەرگە كەلدۇق. بۇ ساخاۋەتخانا پامىرنىڭ شەرقىدىكى تۆت تاغ ئارىسىدا بولۇپ ، دائىرىسى100 گېكتارچە كېلىدىكەن. بۇ يەر يىل بويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، دائىم بوران چىقىپ تۇرىدىكەن . تۇپرىقى شورلۇق بولغاچقا ، زىرائەت ئۈنمەيدىكەن ، دەل - دەرەخ ئۆسمەيدىكەن . شالاڭ ئۆسكەن ئوت - چۆپتىن باشقا ھېچنىمنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن . تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىمۇ جۇت - شىۋىرغان چىقىپ تۇرىدىكەن . سەپەرچىلەر مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۆزلىرىنى گويا بۇلۇت ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەن . سودا كارۋانلىرى بۇ خەتەرلىك جايدا دائىم زىيان - زەخمەتكە ئۇچرايدىكەن. قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، ئىلگىرى 10 مىڭ سودىگەر نەچچە مىڭ تۆگە ۋە ئىشلەمچىلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندە قار - شىۋىرغاندا قېلىپ ، پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەنىكەن . قىرپانە بەگلىكى دۆلەت راھىبىدىن بىرنى ئەۋەتىپ ، ئۆلگەن كارۋانلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى يىغىپ ، ئاشۇ يەردە بىر ساخاۋەتخانا سالدۇرغان . ساخاۋەتخانىدا يولۇچىلارغا كېرەكلىك يېمەك - ئىچمەك ۋە دورا - دەرمەك قاتارلىق لازىمەتلىك بۇيۇملار ھازىرلانغانىكەن . قوشنا دۆلەتلەردىن يەر سېتىۋېلىپ ، ئۆتەڭ - راباتلارنى بەرپا قىلىپ سودا يولىنى راۋانلاشتۇرغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن سودا كارۋانلىرى مۇشكىلاتقا ئۇچرىغاندا خالىسانە ياردەم ۋە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشكەن "1 يىپەك يولىدىكى سودا - سېتىق ئىشلىرى دەسلەپتە ھۆكۈمەت سودىسى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان ، ھۆكۈمەت سودىسىدىن تاشقىرى خەلق ئارىسىدىكى سودا مۇئامىلىمۇ ئىنتايىن قويۇق ئىدى . سودىگەرلەر يىپەك يولى سودىسىدىن كېلىدىغان غايەت زور پايدىنى كۆزلەپ ، يولنىڭ يىراق ، جاپالىق ۋە خەتەرلىك بولىشىدىن قورقما ي ، ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ ، قاتار - قاتار تۆگە كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چوڭ يولدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى. تۇركۇم - تۇركۇم سودىگەرلەر "ئۆتەڭلەردىكى دۆڭلەرگە توشۇپ كېتەتتى. يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن سودىگەرلەر ۋە ئېلى پ - ساتارلار ھەر كۈنى قورۇلاردا سودا - تىجارەت بىلەن

مەشغۇل بولاتتى "2 يىپەك يولى ئارقىلىق يىراق - يىراقلارغا توشۇلۇپ سېتىلىدىغان ماللار ئىچىدە جۇڭگونىڭ يىپەك رەختى ئەڭ مەشھۇر ئىدى. زور مىقداردىكى يىپەك ماللاردىن غەربىي يۇرتقا ھەتتا ئارساك ، ھىندىستان ، گىرېتسىيە ۋە رىمغا توشۇلاتتى. يىپەك رەخت سودىسى ئەينى دەۋردە دۇنياۋى سودىغا ئايلانغانىدى3 ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش ، تۆمۈر ئەسۋابلار ، مىس - كۆرگۈ ، سىرلانغان جابدۇقلار ، فار - فۇر قاچا قاتارلىقلارمۇ غەربىي يۇرتنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا بازىرى ئىتتىك ماللار ئىدى.

يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىپ سېتىلىدىغان ماللار ئىچىدە يۇڭ - توقۇلما بۇيۇملار ، خۇش - پۇراق ماتېرىياللار ، ئۈنچە - مەرۋايىت ، قاشتېشى ، ئات ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋان تېرىلىرى بار ئىدى. بۇ ماللار ئىچكى رايونلارنىڭ بازارلىرىدا ئىنتايىن قىممەت باھادا سېتىلاتتى . خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن يىپەك يولى سودىسى ۋە قاشتېشى تەدرىجىي روناق تاپقان . مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1368 - 1644)دە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن بۇ يول باشتىن - ئاخىر شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئې ېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم يول بولۇپ كەلگەن.

يىپەك يولىدىكى خەلقئارا سودىدا سوغدىلارنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان. ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىق تىجارەتچىلىرىدەك دۇكان - ساراي ئېچىپ ، سودا قىلىشتىن ھالقىغان ھالدا يۇرت كېزىپ شەرقتىن غەربكە ، شىمالدىن جەنۇبقا قاتناپ »يىپەك يولى « ۋە باشقا چەت ياقىدىكى شەھەر - بازارلارنى ھەقىقىي ، راۋان ۋە گۈللەنگەن ھاياتىي مەنزىلگە ئىگە قىلغانىدى.

شەرم - ھايا ۋە نومۇسچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر

شەرم - ھايا سەت ئىشلاردىن ساقلىنىشقا ، ھەر قانداق ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئاد ا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق . ھايا كىشىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن غەم - ئەندىشە قورقۇنچىسىنى پەيدا قىلىدۇ .شۇنىڭ بىلەن كىشى ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ . شەرم - ھايا ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بولغاچقا ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىزگە " ھاياسىزدا ئىمان يوق" دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان .

شەرم - هايا ۋە نومۇس ئېسىل گۈزەللىك .ئۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى .قىسقىسى ئىمانىنىڭ پوستى شەرم - هايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك شەرم - هايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىمانىي خىسلەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر . بىر هەدىستە :" ئادەم باللىرىنىڭ تېنىدە تۆت جەۋهەر بار . ئۇلار: ئەقىل ، دىن ، هايا ۋە ياخشى ئەمەل .بۇ تۆت جەۋهەرنى يوقىتىدىغان تۆت نەرسە بار : ئەقىلنى غەزەپ يوقىتىدۇ. كۆرەلمەسلىك دىننى يوقىتىدۇ. تەمەخورلۇق هايانى يوق قىلىدۇ. غەيۋەت ياخشى ئەمەلنى يوق قىلىدۇ "دەپ كەلگەن. شەرم - هايا بىلەن نومۇسچانلىق هەر قانداق ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى بېيىتىپ هۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىكتۇر.

شەرم - هايا قىممەتلىك جەۋهەردۇر

ئۆلىمالار مۇنداق دېدى : "هەقىقىي هايا ۋە نومۇس كۆپچىلىك ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىشقا هەر قانداق ۋەزىيەتتە جۈرئەت قىلىشنى بىلىشتۇر. نومۇس ، هايا ئېگى ئىنساننى جازا هەققىدىكى هەر قانداق ۋەز - نەسىهەت كىتابلىرىدىنمۇ بەكرەك توغرا يولغا سالىدۇ . بارچە ساماۋى دىنلار ئىنسانغا شەرم - هايا ۋە نومۇسنى ئۆگەتتى ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلدى .

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكنى ، مۇكەممەلسىزلىكنى هېس قىلىش ئىقتىدارى مەۋجۇد . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، ياراتقۇچى ئىنسانلارغا ئۇياتنى يەنى ئۆز كەمچىلىكلىرى ، مۇكەممەلسىزلىكى ۋە ئاجىزلىقىدىن ئۇيۇلۇش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغان .شۇڭا قانۇن تەقىپ قىلالمىغان ئىشلارنى هايا - نومۇس تەقىپ قىلالايدۇ . ئىنسان ئۆزىدىن خۇددى باشقا ئادەملەردىن هايا قىلغاندەك هايا قىلىشى ۋە يالغۇز ئۆزىلا بىلىپ تۇرۇپمۇ ، باشقىلارنىڭ بىلىش - بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر يامان ئىشتىن قەتئىي قول ئۈزۈشى لازىم. ئەدەب - ئەخلاقنى نومۇستىن ، نومۇسنى ئەدەب ئەخلاقتىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئۇمۇ ، بۇمۇ يېمىرىلىشكە باشلىسا بارلىق كۆركەم بىنا يىقىلغان بولىدۇ ، قەدىرسىز بولىدۇ ۋە نەپرەتتىن باشقا هېچبىر تۇيغۇ ئويغاتمايدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋايى:

هاياسىزدا ۋاپا يوق ،

ۋاپاسىزدا هايا يوق.

دېگەن ئىكەن.

ئەجدادلىرىمىزمۇ : "هايالىق كىشى باهالىق كىشى"دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى قالدۇرغان. هايا ۋاپادارلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر . ۋاپادارلىقنى پەقەت شەرم - هايالىق كىشىلەردىنلا كۈتۈش مۇمكىن".

شەرم - هايا بىلەن مېھرى - مۇھەببەت ئىككىسى قوش كېزەكتۇر

ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە ، شەرم هايا بىلەن مېھرى - مۇھەببەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ . پەقەت بىرلا يۈزى بار قەغەزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك ، شەرم - هاياسىز مېھرى - مۇھەببەتنى ، مېھرى -مۇھەببەتسىز شەرم - هايانىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . مېھرى - مۇھەببەت شەرم - هايا دەرىخىنىڭ رەڭدار چاقناپ تۇرىدىغان خۇشبۇيى ، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان مېۋىسىدۇ .

ئادەملەرنىڭ ئەڭ پەسكىشى نومۇس ، هايا ئىككى يوق كىشىلەردۇر. مۇنداق كىشىلەرگە ھەممىلا يەردە نەپرەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ. شەرم - هايا بىلەن نومۇسنى يوقاتقان كىشىنى ئۆلۈك دەپ سانىسا بولىدۇ . ئىنساننىڭ بىر كەتكەن ئۇيات نومۇسى قايتىپ كەلمەيدۇ .شۇڭا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۇيات ، نومۇسنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ قوغدىشى لازىم . شائىر تاگور:" گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رەڭدار "دېگەن ئىكەن. دۇنيادا قايسى رەڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ رەڭدار دېسە نومۇسچانلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ ئەڭ گۈزەل دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئادەم خىجىل بولغاندا ، هايا قىلغاندا ، نومۇس قىلغاندا تەنلىرى تىترەپ يۈزى قىزىرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىكى قىزارغان ۋە ئوت ئالغان يۈزنىڭ رەڭگى ئەڭ گۈزەلدۇر.

هايا ۋە نومۇسچانلىق چوڭ نېمەت

ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە ، هايا ۋە نومۇسچانلىق ئاللاھ ئاتا قىلغان چوڭ نېمەت ، شۇنداقلا ئاڭنىڭ ، تەربىيىنىڭ ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. دېمەك ، شەرم - هايا بىلەن نومۇس پۈتكۈل گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ يۈرىكى ۋە تۈپ يىلتىزىدۇر . شەرم - هايا بىلەن نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلاردىكى ئەڭ ساپ ، ئەڭ تەبئىي بولغان ھېسسىي ھادىسە ، ئۇ ئەڭ ئالىي ماقامدىكى ئەخلاق ئۇستازى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، قۇلاقنىڭ قىزىرىشى ، كۆزنىڭ ھەرىكىتى كىشىنىڭ چېھرىدە گەۋدىلەنگەن نومۇس تۇيغۇسىنى چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. نومۇس تۇيغۇسى بولماي تۇرۇپ نومۇسچان يۈز بولمايدۇ.نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىك.شۇڭا هايۋانلاردا مۇنداق تۇيغۇ

بولمايدۇ .

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ھايالىق ئىدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەبۇ سەئىد خۇدەرى ئىسىملىك ساھابە:" رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى .ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى . ئۇنىڭ ئۆڭى سۇزۇك ۋە نىپىز ئىدى . رەسۇلۇللاھ ئالىيجانا پ ، ھايالىق بولغانلىقتىن كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئۇلارغا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ ئېيتمايتتى "دېگەن.

دېمەك ، قىز - ئاياللار ئۈچۈنمۇ شەرم - ھايا ۋە نومۇس تۇيغۇسى ھاياتلىق دېمەكتۇر . ھەتتا ھاياتىنىمۇ قىممەتلىكتۇر . نومۇسنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش ئەڭ ئاددىي تەلەپتۇر . خۇددى ئۇيغۇر دىيارىدىكى نوزۇگۇم ۋە يەتتە قىزلىرىمەدەك نومۇس ئابىدىلىرى تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ بىلەن يادلىنىپ كەلمەكتە.

فامىلە مەسىلىسىدە ماداراچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ

سەلىمە كامال

" شىنجاڭ گېزىتى"ئىدارىسىدىن

مەن ماداراچىلىقى ئۈچ ، ماداراچىلىق بىلەن نۇرغۇن ئىشلار ھەل بولىسىمۇ لېكىن ، ھەل بولغان ئاشۇ مەسىلە ئاچچىق ئازاب- ئوقۇبەتكە ھامىلدار بولغان پېتى ئۈزاققىچە جاراھەت بولۇپ قالىدۇ . چۈنكى ماداراچىلىق كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش نىقابىنى يېگىلىغانلىق ، ماھىيەتتە بىر تەرەپ يوشۇرۇن غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەندە يەنە بىر تەرەپنىڭ چوقانلىرى كېكەشلىككە بوغۇلغان ، مۇددەتسىز ئۇنسىز تراگېدىيىگە چۆككەن بولىدۇ ، خالاس.

ماداراچىلىق ھەتتا جەڭ مەيدانىدىكى رەقىپلەرنى بىر شىرەگە كەلتۈرۈشى ، ئۇلارنى ھەتتا ئۆز ئارا قول سىققۇزۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ يارىشىشقا كىمنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ھەر ئىككى تەرەپ ئوبدان چۈشىنىدۇ . فامىلە توغرىسىدا ماداراچىلىق قىلىش ھەققىدە توختىلىشىمنىڭ مۇئەييەن سەۋەبلىرى بار ، ئەلۋەتتە . فامىلە قوللىنىش بىز تەقەززا بولغان ، زارىقىپ كۈتكەن ئىش .ئۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىدىكى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب . فامىلە

— بىر جەمەت ، بىر نەسەبكە تەۋە بولغان ، شۇ نەسەب ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرىدىغان قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ بەلگىسى بولغانىكەن ، ئۇنداقتا بىز يەنە نېمە ئۈچۈن "ئاتا فامىلىسىنى قوللىنىشنى ئاساس قىلىش ، ئەگەر ئاتا مېيىپ ، ئىقتىدارسىز ، جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان ... بولسا ، ئانا جەمەت ئىچىدىكى مەشھۇر كىشىلەر نامىنى ياكى ئانا فامىلىسىنى پەرزەنتلەرگە فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ" دېگەن يوچۇقنى چىقىرىپ قويىمىز. نېمە ئۈچۈن بىر ئۇرۇق-بىر جەمەتنى فامىلە مەسىلىسىدىمۇ سۈلھى - سالاغا سېلىپ قويىدۇق ؟

ئامېرىكىلىق ئېتنوگرافىيە ئالىمى مورگاننىڭ ھېسابىچە ئىنسانىيەتنىڭ بەشتىن تۆت قىسىم تارىخى ياۋايىلىق دەۋرىدە ئۆتكەن ئىكەن . بۇ باسقۇچتا قان - قېرىنداشلىق ، ئائىلە جەمەتچىلىكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسي ئىجتىمائىي بىرلىكى ھېسابلانغان . كۆپ ئەرلىك ، كۆپ نىكاھلىق تۈزۈمدىن شەكىللەنگەن بۇ خىل ئائىلە فورمىسى ئانىلىق ھوقۇقچىلىقنىڭ گەۋدىلىك سىمۋولى. ئۇنىڭدا بىر تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىش چەكلەنمىگەن. تۇغۇلغانلارنىڭ ئۆز ئاتىسى ئېنىق بولمىغاچقا ، نەسىل ئانا تەرەپكە قاراپ بەلگىلەنگەن ... تەخمىنەن بۇنىڭدىن 5000-10مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلارغا كەلگەندە ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولغان . يەنى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى مەنىسىدىكى مونوگام ئائىلە شەكلى بارلىققا كەلگەن. بۇ — ئانا ھوقۇقى كۈچتىن قالغاندىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلغان ئاتىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىش ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ «①كەن. ئەلۋەتتە بۇ مىسال بىلەن ئانا فامىلىسىنى قوللىنىشنى قوبۇل قىلغۇچىلار 21 - ئەسىردىن ئانىلىق ھوقۇقچىلىقى دەۋرىگە قايتىشى (ھېچبولمىغاندا فامىلە بەلگىسى جەھەتتە ) مۇمكىن دېگەن مەنا چىقمايدۇ . چۈنكى ئانىلىق ھوقۇقچىلىقى ئىنسانىيەت ناھايىتى ئىپتىدائىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندىلا تارىخي ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغان . گەرچە بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئاتا جەمەت فامىلىسىنىڭ دائىرىسى ئانىلىق ھوقۇقچىلىقى دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە تارىيىپ كەتكەندەك بىلىنسىمۇ ، ئەمما يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر ئاتىنىڭ نام ، بەلگە بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان جەمەت قوشۇنى ئۇلغىيىپ بارىدۇ . ئوخشىمىغان دەۋرلەر ئوخشىمىغان دۇن ياقاراش ، ئوخشىمىغان مىجەز - خاراكتېرلىك ئىنسانلارنى ئاپىرىدە قىلىدۇ . فامىلە قوللىنىشتا بىز قالدۇرغان ئاشۇ يوچۇق تۈپەيلى جەمەت ئىچىدە ئاتا ياكى ئانا فامىلىسىنى قوللىنىشنى تالىشىش كېلىپ چىقىدۇ. جېدەل - ماجىرالار ، تۈگىمەس سۈلھى - سالالار داۋاملىشىدۇ. فامىلىنىڭ بىر جەمەت ، بىر ئۇرۇقنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى سۇسلايدۇ .

قەرەلسىز ھالدا فامىلە يېڭىلاش ، جەمەت ئىچىدە فامىلە ئارقىلىق كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش كېلىپ چىقىدۇ .

بۇنى قانداقمۇ تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش دېگىلى بولسۇن ؟

خۇسۇسەن بىز فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پۇرسەتتە ئەمدى يەنە"لىڭگىل تاق -تاق «قا چىقىۋالساق كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش تۇگۇل ئويلىمىغان ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىۋېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ .

ئانىلار ئەلۋەتتە ئۇلۇغ . ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقىغا سىمۋول قىلىنغان . مۆرىتى كەلگەندە ئانىلارنىڭ ئۇرۇق جەمەت ئىچىدە ئوينايدىغان رولى ، قىلىدىغان پىداكارانە خىزمەتلىرى ۋە مۇناسىپ ئورنى بار . ئەمما ، شۇنى تەكىتلىمەي بولمايدۇكى ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىمۇ ئومۇملاشتۇرالمايۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى ئاتىلاردا . چۈنكى ئاتىلار دۇنيانى بىنا قىلغۇچىلار ، ئۇلارغا ئەنە شۇنداق چوڭ ئىمتىياز ، كۈچ - قۇدرەت ، ئەقىل - ئىدراك بېرىلگەن .

ئەجىبا !پۈتۈن دۇنيا ئاتىلارنى شۇنداق ئېتىراپ قىلىدىكەنۇ ، بىز بىر ئائىلىدىن ئەمەس ، بىر ئۇرۇق ، بىر جەمەت ئىچىدىن بىرەر يارامىلىق ئاتىنى تىكلىيەلمەيمىزمۇ ؟ ئاتىلىرىمىزنىڭ ئورنى شۇنچە چۈشۈپ كەتتىمۇ ؟

بىز مەيلى پادىشاھ ، ئالىم -مۇتەخەسسىس ، ئىشچى ، دېھقان ، ئوتۇنچى ، مېيىپ ، دىۋانە ، ئوغرى -قاراقچى ۋە ياكى قاتىلنىڭ بالىسى بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر بەرىبىر بىر ئاتىنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك . ئۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە ئۆزىنىڭ ئاتىلىق تامغىسىنى شۇنداق باسقانكى ، پەقەت "كلون ئادەم "ۋە "ماشىنا ئادەم "بولمىساقلا ، خاس ئاتىنىڭ قېنىدىن تۆرەلگىنىمىزنى ھەرگىز ئىنكار قىلالمايمىز . تەگسىز بۇ دۇنيا ئادەملەرنى مۆرەككەپ قاتلاملارغا بۆلگەن . ئەگەر بىز ئادەتتىكى ئاتىلاردىن ۋاز كېچىپ ، نامدار ئانىلارغا ئەگەشسەك ، ئاتىلىرىمىزنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى ئۆز ئايىقىمىز بىلەن دەپسەندە قىلغان بولمايمىزمۇ؟ "ئەر - ئايالالار باراۋەرلىكى "دېگەندەك شۇئارلار ئۆز رولىنى ئۆز دائىرىسىدە ئوينىسىلا كۇپايە ، ئۇنى مەسئۇلىيىتى بەكمۇ ئېغىر بولغان فامىلە مەسىلىسىگىچە سۆرەپ كىرىشنىڭ ئورنى يوق . بىر جەمەتتە بىر فامىلە بولۇش مەسىلىسىنى بىزدىن ئەسىرلەر ئىلگىرى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان ، نىكاھ ۋە جىنسىيەت ئەركىنلىكىگە بېرىلگەن ياۋروپالىقلارنىڭ 99پىرسەنتى فامىلە قوللىنىشتا مۇنداق يوچۇقنى قالدۇرمىغانىنىڭ ئۈستىگە ، ئاتىلارغا فامىلىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى شۇ دەرىجىدە بەرگەنكى ، بىر ئايال بىلەن بىر ئەرنىڭ ئارىسىدا نىكاھسىز بالا تۇغۇلسا ، ئەر ئۆز فامىلىسىنى رازىلىق بىلەن بالىغا بەرمىسە بالا ئۇمۇرۋايەت فامىلىسىز قالغان.

دۇنياغا داڭلىق كىنو چولپىنى ، ئىككى قېتىم ئوسكار كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىتالىيىلىك سوفىيە روللان نىكاھسىز تۇغۇلغان قىز ئىدى .ئانىسىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئەر تەرەپ ئۆز فامىلىسىنى سوفىيەنىڭ قوللىنىشىغا قوشۇلغان . بىراق ، ئۇ كىشى سوفىيەنىڭ ئانىسى بىلەن ئۆمۈرۋايەت توي قىلمىغان .ئويلىمىغان يەردىن ، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ سوفىيەنىڭ سىڭلىسى مارىيە دۇنياغا كەلگەن.بۇ چاغدا مارىيەنىڭ ئاتىسى يەنى سوفىيەنىڭ ئاتىسى مارىيەگىمۇ ئۆز فامىلىسىنى قوللىنىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن.شۇنداق قىلىپ مارىيە تاكى توي قىلىپ ئېرىنىڭ فامىلىسىگەئېرىشكىچە فامىلىسىز ئۆتكەن.مانا بۇنى ئاتىنىڭ ئۆز فامىلىسىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قوغداش ۋە ئىگدارچىلىق قىلىشتىكى ئۇلۇغ ھوقۇقى دېسەك ، ئارتۇقچە كەتمەس. ئەمەلىيەتتە سوفىيە بىلەن مارىيەنىڭ دادىسى مەشھۇر شەخسمۇ ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى بىر كىشى ئىدى خالاس. بۇ يەردە يۇقىرىقىلارنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ : بالىدا نېمە گۇناھ ؟ دېيىشىمىزنىڭ بىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ ھاجىتى يوق.چۈنكى ، تەڭرىگە مىڭ شۈكرىكى ، بىز تېخى نىكاھ ، جىنسىيەت ۋە باشقا ئەخلاق نورمىلىرى جەھەتتە تاپتىن چىقىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىدۇق . دېمەكچىمەنكى ، ھەممە ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئاتا فامىلىسىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشى مىللىيتىمىزنىڭ ئەنئەنە - ئۇدۇملىرىغىمۇ ئۇيغۇن . بەزىلەر بەلكىم : بۇنىڭ ئۇنچىۋالا قايناپ كەتكۈچىلىكى يوق ، دەپ قارىشى ، فامىلىدىكى ئاغمىچىلىقنىڭ زىيىنىنى پات ئارىدا ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ماداراچىلىق ئۇزاققا قالماي ، پەرزەنت مەسئۇلىيىتىنى ، ئەخلاقسىز قىلمىشلار نى پىسەنتىگە ئېلىپ قويمايدىغان ، ھەتتا ئۆز بالىلىرىغا مەسئۇل بولۇش بۇرچىدىن قۇتۇلۇش كويىدا يۈرگەن ئاز بىر قىسىم لاياقەتسىز ئاتىلار ئۇچۇنمۇ بىر چوڭ يوچۇق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .ئەگەر ئانىلار بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالسا ، بۇ بولۇمسىز ئاتىلارنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى . ئۆمرىدە كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەن ، دەرت - ھەسرەتلەرگە مۇپتىلا بولغان ، ئازغان ، تۆت ئەزايى بېجىرىم بولمىغان ، خاتالاشقان ، قول ئىلكىدە يوق ، ئەمما چىن يۈرىكىدىن ئەرلىك غۇرۇرى قايناپ تۇرىدىغان ئاتىلارنىڭ ئۆز بالىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىشى ئۇلارنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرگەنلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ھالبۇكى ئاتا فامىلىسىدىن كېچىپ ، ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسىگە قانداق ئاغقان بولسا ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە يەنە ئانا فامىلىسىدىن ۋاز كېچىپ ، ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسىگە ئاغىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكەن ئەۋلادلى رىمىز فامىلە مەسىلىسىدىكى تۇراقسىزلىق بەدىلىگە يەنە نۇرغۇن ئاچچىق كەچمىشلەرگە دۇچ كېلىشى ھەتتا مىللەت ساپاسىغا

مۆلچەرلىگۈسىز ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن . ھاياتلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۇ دۇنيادا فامىلە مەسىلىسىدىمۇ مۇنداق ئورۇنسىز دەتالاشلار قايىنىمىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇش ئەمدى ھاجەتسىز .بىز قىلىدىغان ئىشلار ، فامىلە مەسىلىسىدە خەلققە ئۆگىتىدىغان بىلىملەر تېخى كۆپ . ئۆزىمىزنىڭ ، ئەۋلادلارنىڭ بېشىنى قاتۇرمايلى ، باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ ھەقتە توپلىغان ئاچچىق ساۋاقلىرى يېتەرلىك ، بىز ئۇنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايلى ، سۆلھى - سالاغا ئورۇن قويمايلى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

## قومۇلدىكى بىر قىسىم كونا تۈگمەنلەر

ئابدۇكبىرەم رېھىم

قومۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە تۈگمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى قومۇل ۋاڭ ئوردىسىغا تەۋە بولغان . چۈنكى 233 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە جاساقلىق تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەچكە ، قومۇلنىڭ يەر زېمىنى ۋە قومۇلدىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى قومۇل ۋاڭلىقىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن . شۇڭا غول-ئېقىنلاردا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۈگمەن سېلىشى چەكلەنگەن . پەقەت 7- ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى مۇھەممەت بىشىرنىڭ ۋاپات تىدىن كېيىن يەنى 1867-يىلىدىن كېيىن ئاندىن بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرى ، باي سودىگەرلەر تۈگمەن سېلىشقا باشلىغان . چۈنكى بۇ دەۋردە قومۇلدا يۈز بەرگەن «بەييەنخۇ يېغىلىقى» قاتارلىق ئىككى قېتىملىق قاچ-قاچتىن كېيىن قومۇلدا ئاھالە جىددىي ئازلاپ كېتىپ ، تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىنىپ ، سۇ مەنبەلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، چوڭ ۋەيرانچىلىق يۈز بەرگەن . مۇھەممەت بىشىر ۋاڭنىڭ ئايالى مېھرىبانۇ فۇجۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا كىشىلەرنى يەرلەرنى ئاق تاشلىماسلىققا ، سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن .1910- يىللارغا كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كېلىپ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان . شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگمەنچىلىك يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان . مەخسۇس تۈگمەن ، تۈگمەن تېشى ياسايدىغان ئۇستىلار بارلىققا كەلگەن .تۈگمەن تاشلىرى تارانچىدىكى تاش كېسەر دېگەن جايدىن ئېلىپ كېلىنگەن . تارانچىدا ياسالغان تۈگمەن ، يارغۇنچاق تاشلىرى تۇرپان ، گۇچۇڭلارغىمۇ ئېلىپ بېرىلغان . ئەينى چاغدا شەرقىي

ئۆستەڭ ، غەربىي ئۆستەڭ ، قاراسۇ ، لەڭگەرلەرنىڭ باش ئېقىنلىرىدىن بوغاز يېزىسىغىچە 60 نەچچە جايدا 80 نەچچە تاشلىق تۇگمەن بار ئىدى . شەرقىي ئۆستەڭ يۇقىرى ئاقىيەرنىڭ شەرقى ي شىمالىدىن باشلىنىدۇ . بۇ ئۆستەڭ بويىغا يۇقىرى ئاقيەر ، ئارائاقيەر ، تۆۋەن ئاقيەر ، ئورداباغ ، قاراسۇ ، بوياقتۇر ، تاشتۇر ، قاراڭلا ، شۇمشۇق قاتارلىق كەنت-مەھەللىلەر جايلاشقان.

غەربىي ئۆستەڭ سۈيىنىڭ بىر ئۇچى دۆڭگۇرساقا (ھازىرقى قومۇل ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ غەربى )دىن ، يەنە بىر ئۇچى ئۈچ قۇرۇل (ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ غەربى )دىن باشلىنىدۇ . غەربىي ئۆستەڭنىڭ سۈيى شەرقىي ئۆستەڭنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ ، ئۇ سۇ بېشى (ھازىرقى «تەنيۈ » مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ غەربى )، ئېرىزىم ، چاھارباغ ، يارتۇگمەن ، شەھەر ئىچى تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ، چاڭغۇ بىلەن قاراڭلا ئوتتۇرىسىدا شەرقىي ئۆستەڭ بىلەن قوشۇلىدۇ . قۇشقاچتۇردا غولئۆيلەك (لەڭگەردىن ئۆتىدۇ ) بىلەن بىرلىشىپ ، شامالچاھارباغ ، ئەلكى ، چوڭگۇمبات ، دۆشتۇر ، چوڭتۇر ، چۆلتۇر ، قاراتال ، بوغاز قاتارلىق مەھەللە- كەنتلەردىن ئۆتۈپ ، بوغ از يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يۇلغۇن ، توغراقلىقلارغا قاراپ ئاقاتتى.

بۇ جايلاردىكى دېھقانلار مۇشۇ سۇ بىلەن بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، بۇ تۇگمەنلەرنى ماڭغۇزۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ يېمەكلىك ئاشلىقىنى تارتاتتى.

كېيىنكى كۆرلەردە كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ، ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن يەر ئاستى سۇ ئورنى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئەسلىدىكى بۇلاق- ئېقىنلار قۇرۇپ كېتىشكە باشلىدى . يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ ، شەھەرنىڭ تىم پىراتۇرىسىنى تەڭشەپ تۇرۇۋاتقان ئىككى چوڭ ئۆستەڭدىكى سازلىقلار ، غولئۆيلەڭدىكى ياز كۆنى خۇددى يېشىل مەخمەلدەك كۆرۈنىدىغان سازلىقلار ، ئۇنىڭ تېگىدىكى تومۇز ئىسسىقتىمۇ ئېرىپ كەتمەيدىغان مۇزلۇقلار (ياز كۈنلىرى شەھەردىكى مارۇژنا قاتارلىق سوغۇق ئىچىملىك قىلىدىغانلار مۇزنى شۇ جايدىن ئالاتتى ) قۇرۇپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەزى بۇلاق- ئېرىقلار ، ئۆستەڭ بويىدىكى تۇگمەنلەر ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

ئۆتكەندە مەن بىر مەرىكىدە ياشلار بىلەن بىر داستىخاندا بولۇپ قالدىم. ئارىدىن بىرسى تۇگمەنلەر توغرىلىق سۆزلەپ ، «تاشكۆل تۇگمەن» ، «پەن تۇگمەن» ، «ئوتلۇق تۇگمەن» ، «يارغۇنچاق تۇگمەن» دېگەندەك تۇگمەنلەرنى تىلغا ئېلىپ

قالدى. مەن ئۇ كىشىدىن «بۇ تۆگمەنلەرنىڭ ئورنى قەيەردە؟ قانداق بولۇپ شۇنداق ئاتىلىپ قالغان» دەپ سورىسام ئۇ توغرا جاۋاب بېرەلمىدى . بۇ ئىش ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلدى ، مەن ئەجەپلەندىم ، بۇ تۆنۈگۈنكىلا ئىشلارغۇ؟ ئەگەر چوڭلار كىتىپ قالسا ، بۇ ئىشلار كېيىنكىلەرگە سىرلىق بىر ئىش بولۇپ قالامدۇ- قانداق؟ دېگەنلەرنى ئو يلاپ ، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ تۆگمەنچىلەر جەمئىيىتىگە رەئىس بولغان نىياز ئاخۇن ئاكامنىڭ تۆگمەن توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىنى بويىچە ئەينى ۋاقىتتا خاتىرىلەپ قويغان دەپتىرىمنى مۇشكۇلدە تېپىپ ، بۇرۇنقىسى ئاساسىدا بۇ قېتىم يەنىمۇ تولۇقلاپ ، ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم .

بىرىنچى ، شەرقىي ئۆستەڭنى بويلاپ سېلىنغان تۆگمەنلەر

.1ئەمەت ھاجىنىڭ تۆگمىنى:ئورنى يۇقىرى ئاقيەردىكى كۆۋرۈكنىڭ ئاستى ، ئىسمائىل باقىش ھاجىلارنىڭ كونا ئۆيىنىڭ ئۆستىدە.

.2ھەسەن بالا ھاجىنىڭ قوش تۆگمىنى: ئورنى ھازىرقى قومۇل شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ.

.3ئىبراھىم ئىمامنىڭ تۆگمىنى: ئورنى ئاقيەردە ، ھازىر گاھىت ئىبراھىملار ئولتۇرۇۋاتقان جايدا.

.4ئىبراھىم سوپىنىڭ تۆگمىنى ( يالاڭ تۆگمەن ):ئورنى تۆۋەن ئاقيەردە ، ھازىرقى ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا.

.5تاللىق تۆگمەن: ئورنى لەڭگەر ، بوياقتۇرلارغا ئۆتىدىغان كۆۋرۈكنىڭ بويىدا ، بۇ بىشىرنىڭ تۆگمىنى (نەزەر ۋاڭ ئوتلۇق تۆگمەن بىلەن تاللىق تۆگمەننى بىنا قىلىپ ، ئىككى ئوغلىغا بىردىن بەرگەنىكەن.(

.6روزى ئەمەت دېھقاننىڭ تۆگمىنى (ئىمرەمزە ھاجىنىڭ تۆگمىنىمۇ دېيى ىلىدۇ ): بۇ قوش تۆگمەن بولۇپ ، ئورنى بوياقتۇرنىڭ ئۆستىدە.

.7تارىچىتۇر تۆگمەن : بۇ قوش تۆگمەن بولۇپ ، ئورنى قاراڭلارغا يېتىپ بارغان جايدىكى كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا . تۆگمەن ھۆسىيىن ئاخۇن ، ئوغلى كىچىك ئاخۇنلارنىڭ.

.8توختى دورغىنىڭ قوش تۆگمىنى: ئورنى قاراڭلاردىكى ئەمەت ئىشاننىڭ باغچىسىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ.

.9چاشقانتۇر تۆگمەن: بۇ ۋاڭنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ تۆگمىنى بولۇپ ، ئورنى چاشقانتۇر مەھەللىسىدىن راھەتباغقا ئۆتكەن چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۆستىدە ئىدى. بۇ تۆگمەنگە بۇرۇلۇق چوپاق يۇسۇپ ئاخۇن قارىغان.

.10شۇمشۇقتىكى مەرۇپ ئىسمائىل ئاخۇننىڭ قوش تۆگمىنى : بۇ ناھايىتى مەنزىرىلىك جاي بولۇپ ، ياز كۈنلىرى

قومۇلدىكى مەشرەپ ، باراۋەت ۋە تۇرلۇك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى مۇشۇ جايدا بولاتتى.

ئىككىنچى ، غەربىي ئۆستەڭنى بويلاپ سېلىنغان تۆگمەنلەر

1.باش تۆگمەن : بۇ ئوردىنىڭ تۆگمىنى بولۇپ ، بۇنىڭغا ئام  ان موللا دېگەن كىشى قارىغان ، ئورنى لوڭۋاڭمياۋنىڭ ئايىغىدا (هازىرقى جاغدا مېهمانخانىسىنىڭ غەربىدە.(

2.ئارا تۆگمەن : تۇرسۇن مىراب دېگەن كىشىنىڭ بولۇپ ، ئورنى هازىرقى خەلق باغچىسىدىكى كۆلنىڭ بويىغا توغرا كېلىدۇ.

3.بۇتنىڭ تۆگمىنى: ئورنى بېيگۇيەندىكى سۇجۇ مەسچىتىنىڭ يېنىدا بولۇپ ، چاك موزا (ئېگىز بۆك ) دېگەن بىر خەنزۇ قارىغان.

4.شېرىپ هاجىنىڭ تۆگمىنى:كونا چايخانىنىڭ ئۈستىدە ، ئوغلى ئابدۇراخمان هاجىلار هازىرمۇ شۇ جايدا ئولتۇرىدۇ.

5.تاشكۆل تۆگمەن:غايىپ مازارلىق ناسىربەك ، ئابدۇلبەكلەر بىنا قىلغان ، ئورنى كونا چايخانىنىڭ ئاستىدا ، دەسلەپتە ئەخمەت ئاخۇن قارىغان ، خوتۇنىنىڭ نامى بىلەن قەمبەرخانىنىڭ تۆگمىنى دەپمۇ ئاتالغان     . كېيىنكى كۈنلەردە بۇ تۆگمەنگە نىياز ئاخۇن قارىغان ، بۇ تۆگمەن ئەينى چاغدا ئوردا تەرىپىدىن تاشتىن كۆل ياسىلىپ ئېچكىرىدىن بىر خىل سۇ هايۋىنى كەلتۈرۈلۈپ بېقىلغان بولغاچقا «تاشكۆل تۆگمەن» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

6.پەن تۆگمەن: بۇ ئوردىدىكى تاجىدىن تەيجىنىڭ تۆگمىنى بولۇپ ، پەندە سېلىنغانلىقى ئۈچۈن  «پەن تۆگمەن » دەپ ئاتىلىپ قالغان ، ئورنى ئۈۋەس هاجىلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ، كېيىن ئۈۋەس هاجىلار قارىغان.

7.يار تۆگمەن: بۇقوش تۆگمەن بولۇپ ،  ئورنى يار تۆگمەن مەهەللىدىكى پەتتۇل مۇدىرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ئىدى  (بىر تاشلىقى بوسۇق ئاخۇننىڭ ، بىر تاشلىقى پەتتۇل ئاخۇننىڭ.(

8.ئوتلۇق تۆگمەن : بۇ ئابدۇل غوجىنىڭ تۆگمىنى بولۇپ ، بۇ جايدا چاتقال ۋە باشقا ئوت-    چۆپلەر ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا «ئوتلۇق تۆگمەن» دەپ ئاتالغان.

9.يارغۇنچاق تۆگمەن (قوش تۆگمەن): ئورنى ئوتلۇق تۆگمەننىڭ ئاستىدا ، ئەمەت قالتىسنىڭ ئۆيىنىڭ  يېنىدا بولۇپ ، بىر تاشلىقى غوجامنىياز هاجىنىڭ بولۇپ ،  ئۇنىڭدىن ئۆكسى ئەبەيدۇل هاجىغا قالغان    . يەنە بىر تاشلىقى يۈسۈپ تەيجىنىڭ بولۇپ ، كېيىن بۇنىڭغا مەنسۇر غوجا دېگەن كىشى قارىغان. بۇ تۆگمەن دەسلەپتە كىچىك تاشلىق چاققان

قىلىپ سېلىنغاچقا ، كىشىلەر ئۇنى يارغۇنچاقا ئوخشىتىپ «يارغۇنچاق تۈگمەن» دەپ ئاتىغان ، كېيىن چوڭ تاشلىق قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

.10سۇ قوۋۇق تۈگمەن: ئورنى سۇقوۋۇقتىن كۆتەمگە ئۆتكەن يولنىڭ ئاستىدا ، ئابلەي ھاجىلارنىڭ باغچىسىنىڭ يېنىدا بولۇپ ، بورا ئېرىقىنىڭ سۈيىدە ماڭىدۇ. بۇ تۈگمەن مەدرىسىنىڭ بولۇپ ، ئۇنىڭغا ھىمەت ئىمام ۋە دادىسى ئابدۇل ئېزىز ئاخۇنلار قارىغان.

.11زىكىيا ھاجىنىڭ تۈگمىنى (مەرۇل پەششاپنىڭ تۈگمىنىمۇ دېيىلىدۇ): بۇ قوش تۈگمەن بولۇپ ، ئورنى ئاپپاقتۇردا يەنى ھازىرقى ئەمەت نەمتۇللا ئولتۇرۇۋاتقان جايدا ئىدى . بۇ تۈگمەنگە ئاقبەك (كېيىن بۇ كىشى نەمتۇل پومېشچىك دەپ ئاتالغان) باللىرى بىلەن قارايتتى.

.12يۇنۇس تەيجىنىڭ تۈگمىنى : بۇ قوش تۈگمەن بولۇپ ، ئورنى تالىپ خېتىپلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىد ا ، بىر تاشلىقى يۇنۇس تەيجىنىڭ بولۇپ ، ئوغلى كىچىكبەك قارىغان ، يەنە بىر تاشلىقى تالىپ خېتىپنىڭ ئىدى.

.13 ئېلھشاھ بەگنىڭ تۈگمىنى: بۇ تۈگمەن 1946~ 1947-يىللىرى ۋەيران بولغان. كېيىن ئىمىن ئۇستا (ئەلا ئۇستا) بۇ جاينى ھۆكۈمەتتىن سوراپ ئېلىپ قايتا تۈگمەن سالغان ، كېيىن بۇ ئەلا ئۇستىنىڭ تۈگمىنى دەپ ئاتالدى.

.14 تۆت تۈگمەن: بۇ قوش تۈگمەن بولۇپ يۇسۇپ پاششاپنىڭ تۈگمىنى ، بۇنىڭغا سالى سوپا ۋە ئۇنىڭ باللىرى ، باست ئاخۇنلار قارىغان .ئورنى باست ئاخۇن ، سالى سوپىلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ، بۇ تۈگمەننىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرپىدە قاتار تۆت تۈگمەن بولغاچقا تۆت تۈگمەن دەپ ئاتالغان.

.15 ئاخۇنبەك غوجىنىڭ تۈگمىنى : بۇ يالاڭ تۈگمەن بولۇپ ، ئەسلى ئاخۇنبەكنىڭ ئىدى ، كېيىن ئىمىن شياڭجاڭ يېڭىدىن سالغان ، شۇڭا بۇ يېڭى تۈگمەن دەپمۇ ئاتالغان.

.16 ئاخۇنبەك غوجىنىڭ قوش تۈگمىنى: ئورنى راھەتباغ سۇ ئامبىرىدا ، بۇ تۈگمەنگە دۇگامەت ئۇستا قارىغان.

.17 ئاقتۇر تۈگمەن: بۇ قوش تۈگمەن بولۇپ (يۇنۇس تەيجىلەرنىڭ بولسا كېرەك)، ئورنى ئەسلىدىكى راھەتباغ گۆكشى ئىشخانىلىرىنىڭ يېنىدا ، بۇ تۈگمەنگە چاڭغۇلۇق يارى ئۇستا قارايتتى ، بۇ جايدا ئاق تۇرا دەپ بىر تۇر ا بولغاچقا بۇ تۈگمەن ئەقتۇر تۈگمەن دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىقى تۈگمەنلەردىن باشقا شەھەر ئىچىدە مەگەش ئېرىقىنىڭ سۈيىگە سېلىنغان مەۋۇل سوپىنىڭ قوش تۈگمىنى بار

ئىدى ، ئورنى دورىلىقتىكى مەۋۇل سوپىنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ .ئۇنىڭ ئاستىدا سۇلايمان كۆنچىنىڭ يا لاك تۈگمىنى بار ئىدى ، ئورنى ھازىرقى ياچى بوسۇقلارنىڭ باغچىسىنىڭ ئىچىدە .ئۇنىڭ ئاستىدا گالى ھاجى ، ئەبەيدۇل ھاجىلارنىڭ قوش تۈگمەنلىرى بار بولۇپ ، ئورنى ھازىرقى ياچى بوسۇقلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئايىغىدا ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8-پولكى قومۇلدا تۇرغاندا (1940- يىللاردا) چوقايتۇردا يوفاك تۈگمەنىنىڭ ئورنىغا چاقپەلەكتە ئايلىنىدىغان زاۋۇت تۈگمەن دەپ ئاتىلىدىغان زامانىۋى تۈگمەن ياسالغان ، ئورنى ھازىرقى چوقايتۇر مەسچىتىنىڭ يېنىدا.

ئۈچىنچى ، قاراسۇ ، لەڭگەر ، شامالچارباغ ، تۆۋەنتۇر ، بوغازلاردىكى غول-ئېقىنلارنى بويلاپ سېلىنغان تۈگمەنلەر

1. نەمەت ئاخۇنىنىڭ تۈگمىنى.

2. ياسىن ئۇستامنىڭ تۈگمىنى.

3. مارەك شېيخنىڭ تۈگمىنى.

4. لەڭگەر مەھەللىدىكى جولۇك موللا ئاخۇنىنىڭ تۈگمىنى.

5. لەڭگەر غوجامنىڭ شەرقىدىكى سېرىقسۇ تۈگمەنلەر ، بۇ تۈگمەنىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە مامۇت شېيخنىڭ تۈگمىنى بار.

6. نىياز ئىمامنىڭ تۈگمىنى.

7. رېھىم بوۋىنىڭ تۈگمىنى.

8. ئابدۇل ئۇستىنىڭ تۈگمىنى.

9. شوتور دېگەن جاينىڭ باش تەرىپىدە توختى دورغىنىڭ تۈگمىنى بار بولۇپ ، بۇنىڭغا ئوغلى ھاپىز ئاخۇن ، ئاۋۇت شېيخلار قارىغان (قوش تۈگمەن.(

10. شوتۇردا زىكيا ئىمامنىڭ تۈگمىنى (قوش تۈگمەن.(

11. جۇرۇغدايدىكى ئەمەت ھاجىنىڭ تۈگمىنى (قوش تۈگمەن.(

12. چوپاقتۇردىكى يۇنۇس ھاجىنىڭ تۈگمىنى (قوش تۈگمەن.(

13. پەروزانتۇردىكى يارى ھاجىنىڭ تۈگمىنى (قوش تۈگمەن.(

14. ئەلكى پادىچىتۇردىكى ئاخۇنبەك غوجىنىڭ قوش تۈگمىنى.

15. داشمان ئېرىقىدىكى ئوردىنىڭ قوش تۈگمىنى.

16. چوڭ گۇمباتتا يارى دورغىنىڭ قوش تۈگمىنى.

17. دۆشتۇردا كۆككۆز مەمەتنىيازنىڭ تۈگمىنى (يالاڭ تۈگمەن).

18. توخۇتۇردا ھاجى ئۇستامنىڭ تۈگمىنى (يالاڭ تۈگمەن).

19. توخۇتۇر زارەتلىكنىڭ يېنىدا ئۇلۇغ ئېرىقا سېلىنغان مەدرىسنىڭ تۈگمىنى ، بۇ تۈگمەنگە غىياسىدىن بوۋاي قارىغان (يالاڭ تۈگمەن).

20. قۇمتۇردا ئالتۇنلۇق ئىبراھىم ھاجىلارنىڭ قوش تۈگمىنى ، بۇنىڭغا ئابدۇكېۋىر سوپىلار قارىغان.

21. چوڭتۇردا ئىبراھىم بوۋىنىڭ تۈگمىنى ، بۇنىڭغا ھاپىز ئاخۇن قارىغان (يالاڭ تۈگمەن).

22. چوڭ تۇرا بىلەن چۆلتۇر ئارىلىقىدا موللاتۆمنىياز بوۋىنىڭ قوش تۈگمىنى.

23. تازتۇردا مەمەتنىياز ئىمامنىڭ تۈگمىنى.

24. قاراتالدا ھەمدۇل موللامنىڭ تۈگمىنى.

25. قاراتالدا ۋاڭنىڭ جۈپ تاشلىق تۈگمىنى بولۇپ ، ۋاڭدىن ئايالى گۈلچەرىخانغا قالغان . بۇ ئايالنى كېيىن يۇقىرى ئاقيەرلىك ئەسەتخان ئېلىپ ، تۈگمەن شۇ كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن (قوش تۈگمەن ). بۇ تۈگمەنلەرگە قاراتاللىق يارى شاڭجاڭ قاراپ ئۆتكەن.

26. بوغازنىڭ ئاققۇم دېگەن يېرىدىكى باست پالۋاننىڭ قوش تۈگمىنى.

27. بوغازنىڭ تارغول دېگەن يېرىدىكى تۇرسۇن ۋەلى ، مەمەتنىياز ۋەلى ئاكا-ئۇكىنىڭ جۈپ تۈگمىنى.

بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى بوغازدا تۆمۈر خەلپىنىڭ تۈگمىنى بولغان.1960-يىللاردا بوغاز ئامبارنىڭ سۇيىگە داۋاندا ئىككى جۈپ قوش تۈگمەن سېلىنغان.كېيىن توك تۈگمەنلەرنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن بۇ تۈگمەنلەر ئىشلىتىلمىگەن.

يۇقىرىقى تۈگمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆزدە يەرلەرگە توك ياتقۇزۇلۇپ بولغاندىن تارتىپ قىشچە يەنى ئەتىيازدا ئېتىزلارنى سۇغارغىچە تەخمىنەن يېرىم يىل ماڭغۇزۇلاتتى . بىر تاشلىق تۈگمەن بىر سوتكىدا بىر دادەندىن 1.2 دادەنگىچە بۇغداي ، ئەگەر كۆممىقوناق بولسا شۇنىڭ يېرىمىغىچە ئۇن تارتقىلى بولاتتى . تۈگمەنچى بىر دادەن

بۇغدايدىن بەش شىك ، كوممۇناتىن بىر كۈرە غەللە ئالاتتى ، بىر تاشلىق تۈگمەندىن يىلدا 10~12 دادەنگچە غەللە يىغىلاتتى. شۇ چاغلاردا شىك ، كۈرە ، دادەن ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنغان بولۇپ 10 شىك بىر كۈرە ، 10 كۈرە بىر دادەن ، تەخمىنەن 440~450 جىڭ بولىدۇ .

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى

لىۋىيەنلىك

مۇخبىر يېقىندا قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپۋېتىپ ، ئاغرىقلارنىڭ كېسەلخانا سىرتىغىمۇ كارىۋات قويۇپ داۋالىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئەھۋال ئىگىلەپ بېقىش مەقسىتىدە دوختۇرخانىغا كىردى . كونىراپ كەتكەن بۇ دوختۇرخانا بىناسىنىڭ ئىچىدىكى كارىدورلارمۇ ئاغرىق كارىۋىتى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . دوختۇرخانا باشلىقى ئەزىز مۇخبىرنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى : »دوختۇرخانىمىزدىكى100كېسەل كارىۋىتى يېتىشمىگەچكە ، ئاغرىقلار ئامال يوق كارىدور ۋە سىرتتا يېتىپ داۋالىنىۋاتىدۇ . شىپاخانىمىزدا داۋالىنىدىغان ئاغرىقلار كۆپ بولغاچقا ، شىپاخانىمىز يىل بويى مۇشۇ ھالەتتە تۇرىدۇ.»

ئۇيغۇر تىبابىتى كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق جەلپ قىلىدۇ ؟ ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللىي تىبابەت دورىلىرى ئارىسىدىكى ئورنى زادى قانچىلىك ؟

ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىچۇ ؟ مۇخبىر يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك جۇڭگىيى تىبابىتى دورىلىرى يەن - تېخنىكا تەرەققىيات يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭگىيى تىبابىتى - ئۇيغۇر تىبابىتى

باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئارۇپنى زىيارەت قىلدى . ئۇ مۇنداق دېدى : »ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە ، ئۇنىڭ ھەم ئۆزگىچە نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە دىئاكلىكتىكا تەلىماتى بار . ھازىر نەچچە مىليون داۋالاش رېتسېپى قوللىنىلىۋاتىدۇ. مۇقىم داۋالاش رېتسېپى 2000 دىن ئاشىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرتېبابىتى دورىلىرىنىڭ تارقىلىشچان زۇكام ، Aتىپلىق جىگەر ياللۇغى ، Bتىپلىق جىگەر ياللۇغى ، سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي شاخچە ياللۇغى ، مېڭە ، يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكلىرى ، يەللىك بوغۇم ياللۇغى ، ئاق كېسەل ، سۇنۇق ، تېرەكېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى .

تونۇشتۇرۇلۇشىچە ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭدا ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىغا بولغان تونۇش ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن .ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ھازىر ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسىدىن 42سى بولۇپ ، 3000 چەكېسەل كارىۋىتى بار ئىكەن .ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىدىن بىرسى ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى تەتقىقات ئورنىدىن ئۈچى بار ئىكەن . بىراق ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغاچقان ، ئاپتونوم رايون 2002 -يىلدىن بۇيان ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن ھەر يىلى 3 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ ، ئۇنى جۇڭيى- ئۇيغۇر تېبابىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا راسخوت قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلماق تەسكە چۈشۈۋېتىپتۇ .قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسىنى مىسالغا ئالغاندا ، بۇ شىپاخانىنىڭ تەگشەپ ياسىغان دورىسى 100خىلدىن ئاشىدىغان بولۇپ ، شامالدارىش كېسىلى ۋە ئۇنىڭ ئاسارەتلىرىنى ، يۈرەك كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىشتا ئارتۇقچىلىقى بار ئىك ەن. بىر داۋالاش باسقۇچى (بىر يېرىم ئاي ) دا 2500 يۈەنچە خىراجەت كېتىدىكەن. كېسەللەر بىردىن ئىككىگىچە داۋالاش باسقۇچىدا ساقىيىدىكەن ، غەرىبچە دورىلار ئىشلىتىلمەيدىكەن ، ھەتتا ئوكۇلمۇ ئۇرۇلمايدىكەن . بۇلتۇرقى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ شىپاخانىدا ساقىيىپ چىقق ان ھەربىر ئاغرىقنىڭ ئوتتۇرىچە چىقىمى 1439 يۈەن بولغان . باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى ، داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىكلىكى بۇ شىپاخانىغا بېرىپ داۋالىنىدىغانلارنى ئاشۇرغان بۇ شىپاخانىدىكى بارلىق ئۈسكۈنىنىڭ قىممىتىنى 1 مىليون يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن كەسپىي ئىشلارغا زۆرۈر بولغان رەڭلىك B چاۋ ، - نۇرى ئاپپاراتى ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرىدىغان ئەسۋابلارنىمۇ سېتىۋالالمىغان . داۋالىنىدىغان ئاغرىقلار كۆپ بولغاچقا ، ئەسلىدىكى شتاتلىق 70 ئىشچى- خىزمەتچى يېتىشمەي ، يەنە 50 ئىشچى- خىزمەتچىنى تەكلىپ قىلىپ

ئشلەتكەن . بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادتا تېخىمۇ جىددىيچىلىك كۆرۈلگەن . بۇ شىپاخانىدىكى مەسىلە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر شىپاخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار ئىكەن .

شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومى مەملىكىتىمىزدىكى بىردىنبىر ئالىي دەرىجىلىك ئۇ يغۇر تېبابىتى مەكتىپى بولسىمۇ ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا »يېقىنلار ئارا جۇپلىشىپ كۆپىيىدىغان «ھالەتتە بولۇپ ، قۇرۇلمىسى بىر خىل ئىكەن .بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئۆمەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا ، ئاپتونوم رايوندىكى ئۇيغۇر تېبابىتى كەسپىي خادىمى5000غا يەتمەيدىغان بولۇ پ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كەسپىي ئوقۇش تارىخى بارلار 2400 غىمۇ يەتمەيدىكەن . ئۇيغۇر تېبابىتىدە تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگىلەر % 33 نى ، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر % 64.8 نى ، ئوتتۇرىغا تېخنىكوم كەسپىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر ۋە ئوقۇش تارىخى يوقلار ئومۇمىي ساننىڭ يېرىمىگە يېقىنىنى ئىگىلەيدىكەن .ئۇيغۇر تېبابىتىدە يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر تولىمۇ كەمچىل بولۇپ ، ۋارىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋېتىپتۇ.بىراق ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە بولغان ئېھتىياجى شۇنداق زور ئىكەن.بۇ مەكتەپتە كۆپ يىللاردىن بۇيان تۈزۈلمىسى راۋان بولماسلىق ، مەبلىغى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇش ، ئاساسىي ئەسلىھەلىرى ئاجىز بولۇشتەك قىيىنچىلىقلار ساقلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ .

تونۇشتۇرۇلۇشىچە ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ماتېرىيالى 1500 خىلدىن ئاشىدىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ 500 خىلىدىن كۆپرەكى كۆپ ئىشلىتىلىدىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دورا ماتېرىياللىرىنىڭ 60 %تىن كۆپرەكى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىن چىقىدىكەن .دورىلارغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئىچىدە يوقىلىش خەۋپىدە تۇرۇۋاتقان ئەتىۋارلىق دورا ماتېرىياللىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن.كۆپەيتىشنى يېتىشتۈرگىلى بولىدىكەن .ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئىچىدە يەككە رېتسېپ بويىچە ياسىلىدىغانلىرى كۆپ بولۇپ ، بۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيا ن توپلانغان تەجرىبە ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى 1 مىلياردتىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ ئۇيغۇرتېبابىتىگە بولغان يۈكسەك قايىللىقى ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى ناھايىتىمۇ زور يوشۇرۇن بازار كۈچىگە ئىگە قىلغان .

بىراق ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى ھازىر تىبەت تېبابىتى ، مياۋ زۇ تېبابىتى دورىلىرىدەك ئۇنچە تېز يۈكسىلەلمىگەن ، ستاتىستىكىغا قارىغاندا ،2004-يىلى مەملىكەت بويىچە مىللىي تېبابەت دورىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 500

مىليون يۈەن بولغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئاران 50 مىليون يۈەن بولغان ، يەنى1 %نىمۇ ئىگىلىيەلمىگەن . مىللىي تېبابەت دورىلىرىنىڭ ئىچىدە يەككە تۈر بويىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 100مىليون يۈەندىن ئاشىدىغانلىرى 20 خىلغا يېقىن بولسىمۇ ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى ئىچىدە يەككە تۈر بويىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 10مىليون يۈەندىن ئاشىدىغانلىرىمۇ چىقمىغان . مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئىچىدە سېتىش كىرىمى 100مىليون يۈەندىن ئاشىدىغانلىرى 15 چە بولسىمۇ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سېتىش كىرىمى 50مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان بىرەرمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى كارخانىسى يوق ئىكەن. مىللىي تېبابەت دورىلىرىنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكىنى 1178 خىل بولۇپ ، ئۇنىڭ 865 خىلى تەڭشەپ ياسىلىدىغان دورىلار ئىكەن . بىراق ، تەڭشەپ ياسالغان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى ئاران 69 خىل بولۇپ ، تەستىق نومۇرى ئالغانلىرى ئاران 53% نى تەشكىل قىلىدىكەن . دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان تۈرگەكىرگەن 200 خىل مىللىي تېبابەت دورىسى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى دورىسى ئاران 20 خىل ئىكەن .

ئارىپىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈنۈملۈك قوغدىلىدىغان 69 خىل ئۇيغۇر تېبابىتى دورىسى ئىچىدە پاتېنت ھوقۇقى بارلار ياكى مەمۇرىي جەھەتتە قوغدىلىدىغىنى 5 % كىمۇ يەتمەيدىكەن . ھالبۇكى تىبەت تېبابىتى ۋە مياۋزۇ تېبابىتى دورىلىرىنىڭ قوغدىلىش نىسبىتى 60%تىن ئاشىدىكەن . ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ مىقداردا تەقلىد قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىدىنلا ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىغا نىسبەتەن يوقىتىش خاراكتېرلىك ئاپەت بولغان . 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 15 خىل ئۇيغۇر تېبابىتى دورىسىنى 91 كارخانا ئوخشىتىپ ياسىۋالغان . بۇ شۇ دورىنىڭ ھەققانىي ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى كارخانىلىرىغا ئىقتىسادىي زىيان سېلىپلا قالماي ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئىناۋىتىنىمۇ تۆككەن .

ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇرغۇن زىيالىيلار :«شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى . مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسىنى ئەمدى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك !» دەپ قارايدىكەن .

ئالىمجان ئابدۇرېشىت (ت(

مەنبەسى : ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى

كۆرۈلگىنى:177قېتىم

ۋاقتى :2008-1-15

قەدىمقى دەۋردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر سودا بازارلىرى

داۋۇت ساۋۇت

خەن ، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ، ئىچكى- تاشقى سودىسى گۈللەنگەن بىر باسقۇچقا قەدەم باسقان . بۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسەلگەنلىكى ، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپلەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان ، بۇ ئاساسەن شەھەر كولەمىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ،يۇلنىڭ كەڭ كولەمدە ئوبرۇت قىلىنغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ ، مول ئارخىئولوگىيىلىك ئاساسلا ر ئارقىلىق دەلىللەپ چىقىلغان . بولۇپمۇ ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بازارلىرىدا يەرلىك پۇللىرى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋرۇپا پۇللىرىنىڭ ئوبرۇت قىلىنغانلىقى يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە نۇرغۇن ماددىي پاكىتلار بىلەن ئىسپات لاندى . بۇ ئىچكى- تاشقى سودىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ، يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . تېخىمۇ مۇھىمى بازارلارنىڭ كولەمى ، ئىقتىدارى ، شەكلى ۋە قىياپىتىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

تۆۋەندە شۇ دەۋردىكى بىر قانچە بازارلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچى :

قوچۇ بازىرى :

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي شەھەر-بازارلىرى ۋە بۇ جايلاردا بولىدىغان مول مەزمۇنلۇق سودا-ئالاقە ئىشلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىنتايىن روناق تاپقان ئىدى . مەشھۇر يىپەك يولى سودىسى تازا گۈللەنگەن بۇ دەۋردە ك ارۋانلار نۇرغۇن

شەھەر-بازارلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ، سودا- سېتىق قىلاتتى .ئۇلار بىر جايغا بەرىشتىن ئىلگىرى شۇ جاي ئېھتىياجلىق بولغان ماللارنى تاللايتى ۋە كارۋان تەشكىللەپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئېلىپ كېلەتتى . ماللارنى سېتىپ بولۇپ ، شۇ جايدىن يەنە باشقا جايلاردا بازار تاپىدىغان ماللارنى ئېلىپ كېللەتى. مۇشۇنداق قىلىپ شەھەرمۇ-شەھەر ، بازارمۇ-بازار كېزىپ يۈرۈپ ئاخىر نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولاتتى .ئەلۋەتتە بىر قىسىم ماللار يىپەك يولىنىڭ ئۇ چەتىدىن بۇ چەتىگە توشۇلاتتى. بۇ خىل ماللارنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ ، ئەمما قىممىتى ئەڭ يوقۇرى ، پايدىسىمۇ ئەڭ كوپ ئىدى .

يىپەك يولى سودىسى تەمىنلىگەن ئەۋزەل شارائىتتا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي ، شەھەر- بازارلار جانلىنىپ قايناپ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى . بولۇپمۇ قوجۇ ، سۇلى ، پىشامشان ، كوسەن ، ئۇدۇن قاتارلىق شەھەرلەردىكى بازارلارنىڭ كولىمى مۇشۇ دەۋىردە تەز سۇرئەت بىلەن كېڭەيگەن .

قوجۇ شەھىرى مىلادىيە 4-5-ئەسىرلەردىلا ئىچكى-تاشقى سودا بويىچە زور تەسىرگە ئىگە ئىدى.يىپەك بازىرىنىڭ موھىم ئوتەك بازىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ قەدىمىي شەھەر ئەينى دەۋرلەردە خەلقئارا بازارغا ئايلىنىپ ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرسىدىكى ئەڭ چوڭ مال ئالماشتۇرۇش مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى . ئارخىئولگىيلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا ، شۇ دەۋردە شەھەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا تىپىك سودا شەھىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتكەن .ئۇنىڭدا يايمىچىلار تىجارەت قىلىدىغان مەيداندىن سىرىت يەن ە بىر-بىرىگە تۇتاش ئورۇنلاشقان دۇكانلارمۇ بولغان ، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تىجارەت ئورۇنلىرى ئاشلىق رەستىسى ، قازان- قۇمۇش رەستىسى ، يىپەك ماللار رەستىسى .......قاتارلىق رەستىلەر بولغان .تۇرپاندىن تېپىلغان «كىيۇ جەمەتى ھۆججىتى »دە خاتىرلىنىشىچە قوجۇدا يەنە «قۇل بازىرى» مۇ بولغان .

قوجۇ شەھرى ئىچكى شەھەر ، تاشقى شەھەر رايۇنىدا سودىگەرلەر ،ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ھەر- خىل كەسىپتىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان ئىدى . «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى » دە خاتىرلىنىشىچە ، قوجۇدا «شىمالىي شەھەرىستان » ، «جەنۇبىي شەھەرىستان » بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . «قوجۇدىن تەپىلغان ئىجتىمايى- ئىقتىسادىي ھوججەتلەر» دە «قوجۇ بازىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا...» ؛ «باھاسىنى قوجۇ بازىرىدا ئۆتىدىغان ئىككى بەنغا

سىزنىقچە يول چۇشۇرۇلگەن ، ئوتتۇرسىغا تامغا بىغسىلغان يۇز قانىپۇغا كېلشتۇق » دېگەندەك بايانلار بار . بۇلاردىن

قوجۇ بازىرىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كورىۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇدۇن بازىرى :

ئۇدۇن غەربىي يۇرتىكى ئەللەر ئىچىدە ئىقتىساد ۋە مەدىنىيىتى بىر قەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان قەدىمىي

شەھەرلەرنىڭ بىرىدۇر. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئۇدۇننىڭ تاشقى سودىسىمۇ خەلى بۇرۇن راۋاج تاپقان

بولۇپ ، ئەنەتكەك (ھىندىستان ) سودىگەرلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى خېلى قويۇق ئىدى . بۇددا دىنىنىڭ

ھىندىستاندىن ئۇدۇنغا غەربىي يۇرت بويىنچە ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ كىرىشىمۇ بۇ نوقتىنى دەلىللەپ بەرىدۇ .

ئۇدۇننىڭ قەدىمقى زامان تاشقى سودىسى قاشتەشدىن باشلانغان ھەمدە «يىپەك يولى» دىن بۇرۇنلا «قاشتېشى يولى»

ئېچىلىپ ، يىراق ئەللەرگىچە تونۇلغان . «قاشتېشى يولى » ئۇدۇندىن باشلىنىپ شەرقتە چەرچەن ، كىروران ،

دۇنخۇاڭنى ؛ غەربتە سۇلى ، كوسەن ، قوجۇ ، ئۈرغۇلنى بېسىپ ئوتكەن. بۇ ئىككى يول يۇمەن قوۋۋقى ، جيۇ چۇەن

قاتارلىق ئىككى جايدا قوشۇلۇپ ، ئاندىن داۋاملىق شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى

شەھەرلەرنى بېسىپ ئوتۇپ ، چاڭ ئەن ، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان . «قاشتېشى يولى » يەنە غەربتە كابۇن ،

ئىسپاھان ، باغدات ئارقىلىپ ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشقان .

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك سۇلالىرى بىلەن سودا ئالاقىسى تېخىمۇ كۇچەيگەن .

ئات ، قاشتەشى بۇيۇملىرى ئۇدۇننىڭ تاشقى سودىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى . ئۇدۇن سودىگەرلىرى ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىكتىن چاي ، يىپەك ، م س ، تۇمۇردىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئەكىلىپ ، خانلىقنى تەمىنلەيتتى ۋە بازارلاردا

ساتاتتى.تەتقىقاتچىلار ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇننىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۇزۇمىنى يولغا قويغانلىقىنى

دەلىللەپ چىقتى. ئۇدۇن خانلىقى ئوز تەۋەسىدىكى جايلاردا جازا-توساقلارنى قۇرۇپ ، مەخسۇس ئەمەلدار تەيىنلەپ ،

كارۋان سودىسى ۋە باشقا ئۇزۇن يوللۇق قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرغان . ئۇلار چەگرا ئەھگىزىدا تۇرۇپ كارۋانلار ۋە

ئەلچىلەرنىڭ رەسمىيەت ھەم يول خەتلىرىنى ، ماللىرىنى تەكشۈرۈش ، نازارەت قىلىش ، مەنئىي قىلىنغان تاۋارلارنى كىرگۈزمەسلىك ، مۇسادىرە قىلىش ، رەسمىيەت ھەققى ، يول بەجى ، تاۋار (مال) بەجى ئەلىش ، ئامانلىق ساقلاش ۋە خەۋەرچىلىك قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ، چەتئەللىك سودىگەرلەردىن يۇقۇرى باج ئالغان . قارۇشتى يىزىقىدىكى پۈتۈكلەردە خاتىرلىنىشىچە ، شۇ چاغلاردا سودىگەرلەر ئاز دەگەندە ، نەچچە ئون كىشى ، كوپ بولغاندا يۈز نەچچە كىشى بىر كارۋان تەشكىلى بولۇپ ، مال يوتكەيتتى .

ئۇدۇن پايتەختى يىپەك يولىدىكى موھىم مال ئالماشتۇرۇش ، يوتكەش بازىرى ئىدى .نىيە خارابىسىدىن تىپىلغان تارشا پۈتۈكتە كورسىتىلىشىچە ، نىيە شەھرىنىڭ يەنىدا بىر تەكشۈرۈش ئېغىزى بولۇپ ، سودىگەرلەر يول خەتىگە ئاساسەن ئوتكۈزىلەتتى. بۇ ئەھۋال گۇما ناھىسى سانجۇدىكى قىيا تاش رەسىمدە مۇنداق تەسۋىرلىگەن‌يولنىڭ ئوتتۇرسىدا تۇرغان بىر ئادەم بەش يۇلتۇزلۇق بىر تاختاينى ئېگىز كوتىرىپ ، يولدا ئاتلىق ھەم پىيادە كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىنى توسسۇپ تۇرغان . تاختايغا خەت ھەم بەلگىلەر ئۇيۇلغان .بۇنى كورگەن يولوچىلارنىڭ بەزىلىرى ئارقىغا قايتىپ ماڭغان ، يەنە بەزىلىرى ئوتەلمەي تۇرۇپ قالغان .بۇ سۇرەتنىڭ ئومۇمىي كۆرىنىشىدىن قارىغاندا ، قەدىمدە بۇ جايدا بىر تەكشۈرۈش ئورنى بولۇپ ، سودا كارۋانلىرى ، ئەلچىلەر ئومىگى ۋە باشقا يولوچىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئوتكۈزگەن .قارشۇتى يىزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، بۇ تەكشۈرۈش ئورنىدىن ئۆتىدىغان كىشلەرنىڭ يول خېتى بولۇشى كېرەك ئىدى.يول خېتىگە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى ، يېشى ، چىراي شەكلى ، كىيىم- كېچىگى ، مىللىتى ، بەگلىكى ، مىلى ، ئات ، توگە سانى يېزىلاتتى .نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكتە خاتىرلىنىشىچە ، بىر توپ سودىگەرنىڭ بىر قېتىمدا ئەلىپ ماڭغان تاۋار-دۇردۇنى ئۇچيۈز ئون توققۇز توپ ، يەنە بىر تۈركۈم سودىگەرلەرنىڭ ئېلىپ ماڭغان تاۋار-دۇردۇنى توتمىڭ ئۇچيۈز يىگىرمە ئالتە توپ بولغان ، بۇنىڭدىن ئۇدۇن بازىرىدا تاۋار-دۇردۇن سودىسىنىڭ ئىتتىكلىكىنى كورىۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇدۇنغا باشقا ئەللەرنىڭ تاۋارلىرى زور مىقداردا كەلتۈرۈلگەندىن سىرت ، ئۇدۇننىڭ ئوزىمۇ تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنۇپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە قاشتېشى ، بوز رەخت ، كىگىز ، ياۋرۇپادىن

كىرگۈزۈپ يوتكەيدىغان ئەينەك قاتارلىق ماللارنى چىقىراتتى . يىپەك ماللار ئىچكى بازار ۋە قوشنا بەگلىكلەردە سېتىلاتتى .

ئىچكى سودىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ زور بولۇپ ، ئۇدۇننىڭ قول- ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە خەلقئارا بازارلاردىن كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك ماللارنىڭ تاق دەۋرىدە «ئۇدۇننىڭ پايتەخت شەھىرى توت تەرەپكە سەككىز-توققۇز چاقىرىم كېڭەيگەن ، ئۇنىڭ تەۋەلىگىدە بەش چوڭ شەھەر ، ئون نەچچە كىچىك شەھەر بولغان » . ئىقتىساد پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلانغان بولۇپ ، ھەرقايسى جەھەتلەردە ئالدىنقى دەۋرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. شەھەر-بازارلار نەچچە ئونغا يەتكەن. شەھەر-بازارلاردا «خەلق خۇددي يۇلتۇزلاردەك ئولتۇراقلاشقان». ئۇدۇننىڭ «خان شەھرىدە ئوي-كوچىلار رەتلىك سېلىنغان ، مۆۋە- چىۋە ، كۆكتاتلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوخشاش » ، «ئۆي ، مەھكىمە ، قورو ، بازارغا ئالما ، ئامۇت ، كۆكتاتلار تولغان » ئىدى . «فاشيەننىڭ سەپەر خاتىرى » گە ئاساسلانغاندا ، «ئۇدۇننىڭ خان تۇرۇشلۇق شەھرىدە خەلق زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، سانى ناھايىتى كوپ ئىدى » ، «نىيە شەھرىنىڭ دائىرىسى كەڭ ، شەرقتىن غەربكە ۋە جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان شەھەر كوچىسى بار ئىدى . يەنە تاۋارلارنى توپلايدىغان ۋە تارقىتىدىغان بازارلىرى بار ئىدى ».ئۇدۇن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئۇچيۈز سەكسەن چاقىرىم يىراقلىقتا گۇما شەھرى ، غەربىي ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا گۇچىك بازىرى ، ئۇچيۈز توقسان چاقىرىم يىراقلىقتا گولىڭ بازىرى ، جەنۇپتىن ئالتەيۈز چاقىرىم يىراقلىقتا خۇنۇ بازىرى ، شەرقتىن ئۈچيۈز توقسان چاقىرىم يىراقلىقتا كىۋەنچىك بازىرى بار ئىدى . چەت ياقىدىكى بۇ بازارلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇدۇن شەھرىدىن كەلتۈرىلەتتى. دىمەك ، ئۇدۇن بۇ بازارلارغا نىسبەتەن مەركىزىي بازار(توپ تارقىتىش بازىرى ) ئىدى .

سۇلى بازىرى :

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى ، قەشقەر يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى . قاتناش سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودا كارۋانلىرى سۇلى بازىرىدا چۇشكۇن قىلىپ ، بىر قىسىم ماللارنى ئالماشتۇراتتى . يەنە بىر

قىسىم ماللىرىنى سۈلى بازىرىدا سەتىۋېتىپ ، ئورنىغا سۈلىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالاتتى . بولۇپمۇ بۇ جايدىن چىقىدىغان كىمخاپ بىلەن قاشتېشى داڭلىق بولۇپ ، يىراق ئەللەرگىچە تۇشۇلۇپ سېتىلاتتى .

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۈلى غەربىي يۇرتتىكى ئوتتۇز ئالتە بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى . ئاستانىسى سۈلى بولۇپ ، شەھەر رايۇنىدا ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان . سۈلى بازىرى دەل مۇشۇ رايۇندا بولۇپ ، قول ھۈنەرۋەنلەر ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ، دۇكاندار ۋە چەتئەل سودىگەرلىرى توپلانغان جاي ئىدى . «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە خاتىرىلىنىشىچە ، سۈلى ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى بەش چاقىرىم كەلىدۇ . چوڭ شەھەردىن ئون ئىككىسى ، كىچىك قەلئەلەردىن نەچچە ئونى بار ئىدى . «كېيىنكى خەننامە» دە سۈلى بەگلىكىنىڭ ئاھالىسى يىگىرمە بىرمىڭ تۈتۈن (ئائىلە ) ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن . دېمەك سۈلى بۇنىڭدىن ئىككىمىڭ يىل ئىلگىرىلا شە ھەر تۈرمۇشىغا كۆچكەن بولۇپ ، شەھەر كولىمى كىچىك ئەمەس ئىدى . سۈلى بازىرى سۈلى شەھرىدە بولۇپ ، سۈلى بەگلىكىگە قاراشلىق يىگىرمە بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئىچىدە مەركىزىي شەھەر ئىدى . مەركىزىي شەھەرنىڭ سودا- بازارلىرى ئىنتايىن ئاۋات بولۇپ ، باشقا شەھەر-بازارلارنى ھەر خىل ماللار بىلەن تەمىنلەيتتى .

سۈلى بازىرى___شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى موھىم سودا مەرگىزى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن شەھەرلەر بىلەنمۇ قويۇق سودا ئالاقىسى بار ئىدى .

ئوتتۇرا ئاسىيا سودا كارۋانلىرى سۈلى بازىرىدىن غەرب ۋە شەرقنىڭ ئېسىل م اللىرىنى سېتىۋېلىپ كېتەتتى . كېيىنكى مەزگىللەردە سەمەرقەنت شەھىرى جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ «قەشقەر دەرۋازىسى » دەپ ئاتالغانلىقى سۈلى بازىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى ئورنىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

بۇلاق ژورنىلى

مەنبەسى : بۇلاق ژورنىلى

كۆرۈلگىنى:160قېتىم

ۋاقتى :2008-1-25

مېدىتسىنادىكى يەتتە خاتا قاراش

بىلىمىز ، تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردە تەشۋىق قىلىنىۋاتقان "ئىلىم - پەن بىلىملىرى"نىڭ كۆپىنچىسى خاتا ، بۇ خاتالىقلارنىڭ بىزنى ئىشەندۈرۈپ كېلىۋاتقىنىغا نەچچە ئون يىل بولدى . بۇلتۇر 22- دېكابىر ئامېرىكىلىق ئىككى ئالىم ئاخىرى ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ، "تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي مېدىتسىنا بىلىملىرى "دەپ ئاتالغان بۇ خاتالىقلارنىڭ پەردىسىنى يىرتىۋەتتى...

1. خاتا قاراش: كۈندە سەككىز ئىستاكان سۇ ئىچىش

" كۈندە سەككىز ئىستاكان سۇ ئىچىش "دېگەن قاراشنىڭ مودا بولغىنىغا نۇرغۇن يىل بولدى ، نۇرغۇن ئادەم بۇنى كۈندىلىك ئادەتكە ئايلاندۇردى . بۇ قاراش 1945- يىلى پەيدا بولغان ، شۇ چاغدا "يېتىلگەن ئادەم كۈندە ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەر بىر كالورىيە ئىسسىقلىق بىر مىكرو لىتىر سۇغا موھتاج بولىدۇ "دېيىلگەنىدى ، ئەمما كىمدۇر بىرى بۇ قاراشنى "كۈندە سەككىز ئىستاكان سۇ"غا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ھەمدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا شۇنداق سىڭگەن .

بۇ خاتا قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەبى ، ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئوزۇقشۇناس فرېدرىك سېتىل پەيدا قىلدى ، ئۇ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسىي بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ، كىشىلەرنى كۈندە ئالتە ئىستاكاندىن سەككىز ئىستاكانغىچە سۇ ئىچىشكە ، بۇنىڭ ئىچىدە "قەھۋە ، سۈت ، چاي ، گازلىق سۇ ۋە پىۋا"بولسىمۇ بولىدىغانلىقىغا ئىلھام بەردى.ئەمەلىيەتتە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئايانكى ، كۈندىلىك سۇ ئىچىش مىقدارى كۈندە نورمال ئىچىۋاتقان سۇ بىلەن چەكلەنسىمۇ بولىۋېرىدۇ . زىيادە ئىچىلگەن سۇ بەدەنگە يۈك بولىدۇ ، بەلكىم سۇدىن زەھەرلىنىپ قېلىش ئارقىلىق ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشمۇ بولۇپ قالىدۇ .

2. خاتا قاراش: چوڭ مېڭىنىڭ ئاران %10 ىلا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ

" ئادەم چوڭ مېڭىنىڭ ئاران %10 ىلا ئىچىلدى"دېگەن قاراشنىڭ پەيدا بولغىنىغا بىر ئەسىر بولۇپ قالدى ، بۇنىڭ

بلەن ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش قىزغىنلىق پەيدا بولدى .گەرچە ھازىر چوڭ مېڭە ئىلمي تەتقىقاتىدا كۆنسېرى يېڭىلىنىش بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ قاراشنىڭ يىلتىزى تېخى قۇراي دېمى دى. ئىلگىرى كانادالىق ئالىم بارى چوڭ مېڭە ئەزالىرىنىڭ ئىشلەش نىسبىتىگە ئائىت تەپسىلىي مەلۇماتنى ئېلان قىلغان ، ئەمما ئۇمۇ "چوڭ مېڭىنىڭ ئاران 10 % ى ئېچىلدى "دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ، كىشىلەر بۇ قاراشنىڭ ئەكسى ئېنىنىشتېيىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئېيتقانلىقىنى دەلىللەيدىغان پاكىت ھازىرغىچە تېپىلمىدى .

ئەمەلىيەتتىكى چوڭ مېڭە تەتقىقاتىدىن ئايانكى ، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنى ئىشلىتىش دەرىجىسى بۇ 10 % تىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن . مەسىلەن : چوڭ مېڭىنىڭ ھە رقانداق بىرى زەخىملەنگەن ئادەم ئۇزاققا سوزۇلغان نېرۋا خاراكتېرلىك ، ھەرىكەت خاراكتېرلىك تەسىرىگە دۇچار بولىدۇ . چوڭ مېڭىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئايان بولۇشىچە ، چوڭ مېڭىنىڭ ھەر قانداق بىر بۆلىكىدە توختاپ قېلىش ئېھتىماللىقى يوق . چوڭ مېڭىنىڭ نۇرغۇن ئىقتىدارى "رايونلار ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىش "ھالىتىدە تۇرىدۇ ، ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەتلەر چوڭ مېڭىنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ .قاراتمىلىقى بار تەكشۈرۈشلەر چوڭ مېڭىدىكى 90 % رايوننىڭ تېخى ئېچىلمىغانلىقىنى دەلىللەپ بەرگىنى يوق ، مالېكۇللىق تەتقىقاتلارمۇ چوڭ مېڭىدە ھەرىكەت قىلالمايۋاتقان نېرۋا ھۈجەيلىرىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ بېرەلمىدى .

3. خاتا قاراش: ئادەم ئۆلسىمۇ تىرناق ، چاچ داۋاملىق ئۆسىدۇ

بۇ قاراش ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىدىن كەلگەن بولسا كېرەك ، بەلكىم ئۇنىڭ ئاساسى بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن . "غەربىي سەپتە ئۇرۇش بولمىدى "ناملىق كىتابتا يازغۇچى رىماكنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دوستىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ، تىرناقلىرى ئۆسۈپ يەرنى تېشىپ چىققانلىقىنى تەسۋىرلىگىنى ھېلىمۇ يادىمىزدا بولسا كېرەك ، چۈنكى بۇ تەسۋىر ناھايىتى جانلىق ئىدى .

بىراق ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس كىرگ : "بۇ ھەقىقىي ئاساسىي يوق قاراش ، مۇنداق ئىشنىڭ بولغىنىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ"دەيدۇ. ئەمما بۇ قاراشنىڭ سەۋەبى مەلۇم بىر خىل بىئولوگىيىلىك جانلىقتا كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ، مانا بۇ ۋە باشقا تېرە كېسەللىكى مۇتەخەسسىسلىرى بۇنىڭغا مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ : ئۆلۈم تېرىنى سۇ مەنبەسىدىن ئايرىيدۇ ، قۇرغاقچىلىق تېرىنى تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ ھەممە چاچ ۋە تىرناقلارنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىكىدەك تۇيغۇنى بېرىدۇ.

چۈنكى چاچ ۋە تىرناقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئادەم بەدىنىگە سىڭىشتۇرۇپ قاراش ئادەملەر ئارىسىغا سىڭگەن ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ ، ئادەم بەدىنىدە سۇ قالمىغاندا هال  ىتى كىچىكلەپ كېتىدۇ ، شۇنداقكەن چاچ ۋە تىرناقنىڭ داۋاملىق ئۆسۈۋېرىشىدەك خاتا تۇيغۇ پەيدا بولماي قالامدۇ ؟ ئەمەلىيەتتە چاچ ۋە تىرناقلارنىڭ ئۆسۈشى ئادەم تېنىدىكى گورمونلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ ، ئۆلگەن ئادەمدە بۇ خىل گورمونىنىڭ داۋاملىق بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ !

4.   خاتا قاراش: چاچنى قىرغانسېرى بولۇق ، قارا ۋە تىرىك ئۆسىدۇ

بۇ ئومۇملاشقان بىر خىل قاراش ، ئەمەلىيەتتە ئالىملار خېلى بۇرۇنلا بۇنىڭ ئاساسسىز ئەيقاچتى قاراش ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بولغان . 1928-يىلى ئىشلەنگەن بىر تەجرىبە ئادەمنىڭ ساقال -  بۇرۇتنى قىرغانسېرى توم ۋە تېز ئۆسىدۇ ، دېگەن قاراشنىڭ ئاساسىي يوقلۇقىنى دەلىللەپ بولغان ، يەنى ئالىملار : "مەيلى چۈشۈرۈش ، كېيىش بولسۇن ، مەيلى باشقا شەكىلدىكى چاچ - ساقالنى ئېلىش هەرىكىتى بولسۇن ، ئېلىۋېتىلگىنى ئالىلقاچان ئۆلگەن چاچ تۈكلەر بولىدۇ ، پەقەت تېرە ئاستىدىكى چاچ كۆتىكىلا هايات چاچ"دېگەنىدى . بىزدە يېڭى چىققان چاچ ۋە ساقال -بۇرۇتنىڭ هەم توم ، هەم قارا ئىكەنلىكىدەك خاتا قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئۇنى چاچ ۋە ساقال بۇرۇتنىڭ ئىنچىكىلەپ كەتكەن ئۇچى بىلەن سېلىشتۇرۇلدىغانلىقىمىز سەۋەب بولغان ، شۇڭا بىز قارىماققا يېڭى چىققان بۇ چاچ ۋە ساقال - بۇرۇت بىزگە هەم قارا ۋە جانلىق كۆرۈنىدۇ .

5.   خاتا قاراش: گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈشنىڭ كۆزگە زىيىنى بار

بۇ خاتا قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساس بولغان بولسا كېرەك ، دېمىسىمۇ گۇڭگا چىراغ نۇرى ئاستىدا كىتاب ئوقۇغاندا ئاد     ەم كۆزىنىڭ جىددىيلىشىش دەرىجىسى ئېشىپ كېتىپ ، ئادەم خۇددى چارچاپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ    . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق شارائىتتا كۆزنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى هەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىپ ، كۆزنىڭ يۇمۇلۇش قېتىم سانى ئازىيىدۇ -     دە ، كۆز چارچاپ كەتكەندەك ئەهۋال كېلى  پ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ .ئەمما ئەهۋال شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ خىل هالەت ئۇزاققا بارمايدۇ ، بىر دەم ئارام ئالسىلا ئەسلىگە كېلىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس .

نۇرغۇن ئاغرىقلارنىڭ ئەهۋالىنى ئانالىز قىلغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن كۆز كېسەللىكى مۇتەخەسسىسى گۇڭگا چىراغ نۇرىدا كىتاب ئوقۇغاندا كۆزنىڭ چارچاپ كەتسىمۇ ، لېكىن بۇ خىل چارچاشنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر

كۆرستەلمەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ بولدى.ئەمەلىيەتتىمۇ ئېلېكتر توكى ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ شام ، ئاي يورۇقى ئاستىدا كىتاب ئوقۇغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس ، شۇ چاغدىمۇ يىراق ياكى يېقىننى كۆرەلمەيدىغان كىسەللەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان بىر ئىلمىي پاكىت يوق . بۈگۈنكى كۈندە يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى ، بۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ كىتاب كۆرۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزىراپ كەتكە نلىكى بىلەن خىزمەت رېتىمىنىڭ جىددىيلىكى سەۋەب بولغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس .

6. خاتا قاراش: كۆركە توخۇ گۆشى يېگەن ئادەمنى ئۇيقۇ باسىدۇ

كۆركە توخۇنىڭ گۆشىدە ئازوت ھىدروكسىدنىڭ بارلىقى بەرھەق ، ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئازود --- "چارچاش ۋە ئىچ پۇشۇشنى پەيدا قىلىدىغان ماددا"دەپ قارىلىدۇ ، شۇڭا رەڭلىك ئازوت ھىدروكسىد مېدىتسىنادا تىنچلاندۇرۇش دورىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. بەلكىم كۆركە توخۇ گۆشىنى يېگەن ئادەمنى ئۇيغۇ باسىدۇ "دېگەن قاراش مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولغان بولسا كېرەك .

ئەمەلىيەتتە كۆركە توخۇنىڭ گۆش ىدىكى رەڭلىك ئازود ھىدروكسىدنىڭ مىقدارى باشقا ماددىلاردىن كۆپ ئەمەس ، كۆركە توخۇ بىلەن كالا گۆشىنىڭ تەركىبىدىكى بۇ خىل ماددا تەڭ دېيەرلىك ، ئەمما ئاقسىل ماددىسى كۆپ باشقا يېمەكلىكلەردە ، يەنى توخۇ گۆشى ، ئېرىمچىكلەرنىڭ تەركىبىدىكى رەڭلىك ئازود ھىدروكسىدنىڭ مىق دارى كۆركە توخۇنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن. ئەگەر كۆركە توخۇنىڭ گۆشىنى باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن قوشۇپ يېسەك ، تېنىمىزنىڭ كۆركە توخۇ گۆشى تەركىبىدىكى رەڭلىك ئازوت ئوكسىدنى قوبۇل قىلىش مىقدارى تېخىمۇ ئاز بولۇشى مۇمكىن .

فىرىلوگىيە ئالىملىرى مۇنداق دەپ قارايدۇ : كۆركە توخۇ گۆشىنى يېگەندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئۇيقۇ بېسىش ئالامىتىنى چوڭ مېڭىگە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن ، چۈنكى ئوزۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، قاننىڭ كۆپ قىسمى ئاشقازانغا توپلىنىپ ، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەزىم بولۇشى ۋە قوبۇل قىلىنى شىغا ياردەم بېرىدۇ. نەتىجىدە چوڭ مېڭە موھتاج بولىدىغان ئوكسىگېن بىلەن قان مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ ، شۇڭا ئادەمدە چارچاش ۋە ئۇيغۇ بېسىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ . بۇ خىل ئۇيغۇ بېسىش ئالامىتى پەقەت كۆرگە توخۇنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىدىنلا پەيدا بولمايدۇ ، باشقا يېمەكلىكلەرمۇ ئاشۇنداق تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ .

7. خاتا قاراش: يانفون دوختۇرخانىدا ماگنىت مەيدانى كاشىلىسى پەيدا قىلىدۇ

2002- يىلى ئامېرىكىدىكى ھۆكۈمەتكە قاراشلىق بىر تور پونكىتىدا مۇنداق بىر خەۋەر ئېلان قىلىندى :

" يانفون پەيدا قىلغان تەسىر تۈپەيلىدىن ، بىر ئالاھىدە كۆتۈش كېسەلخانىسىدىكى ئەسلىھەلەر كاردىن چىققاچقا ، ئاغرىقنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ". شۇنىڭدىن كېيىن ، بىر مېدىتسىنا ژۇرنىلىدا 1993- يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن 100 داۋالاش ھادىسىسىنى يانفوننىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى . بولۇپمۇ "ۋال ئىرىت ژۇرنىلى" گېزىتى "پۇتۇن بەت ماقالە ئېلان قىلىپ ، يانفوننىڭ داۋالاش ئەسلىھەلىرىگە خاتا سىگنال بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن ، داۋالاش ھادىسىلىرى كېلىپ چىققانلىقىنى تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن ، بۇ ھۆكۈم كىشىلەر بىردەك قوبۇل قىلغان قاراشقا ئايلاندى .

ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق بىر ئىلمىي رىسالىدە ئاغرىقلارنىڭ يانفون سىگنالى داۋالاش ئەسلىھەلىرىگە كاشىلا پەيدا قىلغاندىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە پاكىتلىق بايانلار يوق ، شۇنداقلا يانفون سىگنالىنىڭ داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى گاچا قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن خاتا سىگنال پەيدا قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتمۇ يوق . بۇ سۆزىمىزگە ئەنگلىيىلىكلەر ئىشلىگەن تەجرىبىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە گۇۋاھ بولۇشى مۇمكىن: "يانفون داۋالاش ئەسلىھەسىدىن بىر مېتىر يىراقلىقتا ئىشلىتىلسە ، ئۇنىڭ كاشىلاپەيدا قىلىش نىسبىتى 4 % بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ئېنىق گەۋدىلەنگىنى 0.1 % كىمۇ يەتمەيدۇ "ئۇنىڭدىن باشقا ئەنگلىيىلىكلەر يەنە مۇنداق تەجرىبە ئىشلىگەن : "16 خىل داۋالاش ئەسلىھەسى بىلەن ئالتە خىل يانفون ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان510 قېتىملىق سىناقتىن ئايان بولۇشىچە ، ئېنىق گەۋدىلەنگەن كاشىلا پەيدا قىلىش نىسبىتى 1.2 % كە يېتىدىكەن ". ياۋروپادا ئېلىپ بېرىلغان سىناقتىمۇ : بىر مېتىر دائىرىدە يانفون داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ، ئەمما تەسىرى بەك ئاز ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كاردىن چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق ھۆكۈملەردۇر ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەتتا ئىلمىي سىناق قىلىنمىغان. ئەمما بۇ خىل سەپسەتىلەر كىشىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى ، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى سەۋەب بولدى . ھەقىقىي ئالىم ئەمەلىيەتتە ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن قاراشلارنىلا كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىدۇ ، بىز پەقەت كىشىلەردىن تېخىمۇ سەمىمىي بولۇشنىلا ئۈمىد قىلالايمىز!

غالىپ قۇربان تەرجىمىسى

مەنبەسى : ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى

كۆرۈلگىنى:74قېتىم

ۋاقتى :2008-1-17

گېزىتچىلىكىمىزدە نېمە كەم

غالىب مۇھەممەت قارلۇق

ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىنى بۈگۈنكى كۈندە تارىختىكىگە سېلىشتۇرغاندا ، ھەقىقەتەن گۈللىنىش ۋە ئويلىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىزدە ھازىر يەرلىك دەرىجىلىك مەتبۇئاتتىن تارتىپ دۆلەت دەرىجىلىك مەتبۇئاتقىچە بار . ئەنە شۇ مەتبۇئاتلىرىمىزدا ماقالە ، ئەسەرلەر تۈركۈملەپ ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ . شۇغىنىسى ، مەتبۇئاتلىرىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلەر قاتلىمى ، مىقدارى تولىمۇ تەكشىسىز ، ئوخشاشمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەتبۇئاتچىلىقىمىزدىكى بىر ئاچچىق ھالەت ، ھەركىم ئۆز قايغۇسى بىلەن ، ماقالە ، ئەسەرلەر ئىنكاسسىز ھالەتتە . بەزى نەشرىي ----ئوقۇرمىنى تەھرىرلەرنىڭ ئۆزى ، ئەسىرى ئېلان قىلىنغان ئاپتورلار ياكى بولمىسا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ، چەكلىك دائىرىدىكى ئوقۇرمەنلەر ھەتتا بەزى گېزىت ، ژۇرناللار بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا . مەتبۇئاتلار ئارا ئۆتۈشمە ، ھەمكارلاشما ھالدىكى ئالماشتۇرۇش ، ئەكس سادا يوق دېيەرلىك. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ھەر بىر مەتبۇئاتنىڭ ئۆز- ئۆزىدىن «مەندە زادى نېمە كەم » دەپ سورىمىقى زۆرۈرىيەتلىك بولۇپ قالدىمۇ قانداق ؟!گەرچە ئۆزۈم مەتبۇئاتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانمىساممۇ ، بىراق ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇيغۇر گېزىتچىلىكى ئۈچۈن بىر نەرسە دەپ بېقىشنى لايىق كۆردۈم.

بىزدە گېزىتچىلىك ئىشلىرى ژۇرنالچىلىققا قارىغاندا بالدۇر باشلانغان ۋە گۈللەنگەن . ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ئۇيغۇر گېزىتچىلىكىدە مەلۇم دەرىجىدە پەسكويلۇققا قاراپ يۈزلىنىش مەۋجۇت بولۇپ قالدى. بەلكىم بۇنىڭدا ئىقتىساد

قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرى بار بولسىمۇ ئەمما گېزىتچىلىكىمىزدە يەنىلا يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت . يەنى بىزدىكى گېزىتلەر ئاساسەن مەخسۇسلاشقان بولۇپ ، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزى تەۋە تەشكىلىي مۇئەسسەسەنىڭ خاس تەشۋىقاتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ھەم شۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ ئۆز مەزمۇنلىرىنى كېڭەيتكەن . شۇڭا گېزىتلىرىمىزنىڭ تەشۋىقات خاراكتېرى كۈچلۈك ، مۇلازىمەتچىلىك ۋە ئويلاندۇرۇش خاراكتېرى ئاجىزراق . ھەتتا بەزى گېزىتلىرىمىزنىڭ تەشۋىقاتچانلىق خاراكتېرىمۇ ئىنتايىن پاسسىپ ھالدا مۇنەكلىشىپ كەتكەن .ئىجتىمائىي خەۋەر ۋە ئۇچۇرلارغا بولغان چوڭقۇر قېزىلىش ۋە دەۋر سەزگۈرچانلىقى كۈچلۈك تەلەپ قىلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا گېزىتنىڭ تەشۋىقات خاراكتېرى ئارقىلىقمۇ گېزىتنىڭ ئىناۋەت ۋە ئوقۇشچانلىقنى ئاشۇرۇش چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك يولغا ۋە ---- مۇمكىنچىلىككە ئايلاندى .شۇڭا گېزىتلەرنىڭ رايون ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتقان ھالدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆتكۈرلۈككە تولغان خەۋەر ، ئۇچۇرلار بايلىقنى قانداق ئېچىشى نۆۋەتتە چىڭ تۇتۇشقا ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك يارقىن بىر نۇقتا.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ قاتلىمى ، بىلىم سەۋىيىسى ، قىزىقىش- ھەۋەسلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر گېزىتتىن تەلەپ قىلىدىغىنىمۇ ئوخشاشمايدۇ .بۇنداق ئەھۋالدا گېزىت تەھرىرلىرىدە يىراقنى كۆرەر چېچەنلىك بولمىسا بولمايدۇ .ھەتتا گېزىتنىڭ لايىھەلىنىشى ، باسما سۈپىتى ، خەۋەر ، ماقال ە- ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ، بەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، شۇنداقلا سۈرەت ، رەسىملەر بىلەن يېزىقنىڭ سەنئەتلىك كىرىشتۇرۇلۇشىمۇ كۈنسېرى تېزلىشىۋاتقان تۇرمۇش ۋە خىزمەت رىتىمىگە ، ئەمەلىي شارائىتقا ۋە مەنىۋى تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش رىتىمى تې زلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، گېزىتتە ئۇزۇندىن- ئۇزۇن ماقالىلەرنى بېرىشىمۇ گېزىت ئوقۇغۇچىلارنى «چارچىتىپ » قويارمىكىن ؟ بولسا قىسقا ، مېغىزلىق ، ئۇچۇرچانلىق ھەم مەنپەئەتچانلىقى ئىگە ماقالىلەرنى بېرىش بىرقەدەر مۇۋاپىق ، دەپ ئويلايمەن .مۇمكىن بولسا گېزىتتە چاتما ئوچېرك- ماقالىلەرنى ، پوۋېست ، رومانلارنى بۆلۈپ- بۆلۈپ بەرسىمۇ ئوقۇرمەنلەرنى خېلىلا جەلپ قىلغىلى ۋە ئوقۇرمەنلەر ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولارمىكىن دەيمەن . مەن يەنە شۇنىمۇ ئويلايمەن : بىزدىكى مەلۇم گېزىتلەر تېخى مەخسۇسلىشىش ، خاسلىشىش يولىغىمۇ ماڭسا تامامە ن بولىدۇ .بۇ نۆۋەتتە شۇ گېزىتنىڭ خاس ئوقۇرمەنلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

ئامىرىكىلىق تارقىتىش ئىلمىي ئالىمى كائىن مۇنداق دېگەنىكەن : «گېزىت كۆپ ھاللاردا كىشىلەرگە قانداق قاراشتا بولۇشنى ئېيتىپ بەرگەندە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ ، ئەمما كىشىلەرگە ق ايسى مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشنى ئېيتىپ بەرگەندە ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ». مېنىڭچە كائىننىڭ بۇ سۆزىنى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر گېزىتچىلىكىدە ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ .

كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتى

خېلىل تۇردى

كۇسەن ئۇيغۇرلىرى ئۇزۇن تارىخقا ھەم قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە .ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىپ ، ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش ، كىيىم- كېچەك ، يېمەك-ئىچمەك ، ئۆرپ- ئادەت ، ھۈنەر- سەنئەت تۇرالغۇ ئۆي ، باغ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. تۆۋەندە كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر نەچچە تەرەپنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتىمىز.

كىچىكىمدىن «ئوچا كۇچانىڭ باغچىسى » دەپ ئاڭلايدىغان . دېمىسىمۇ ، كۇچانىڭ دۇنياغا داڭلىق خىلمۇ خىل ئېسىل مېۋىلىرى يېتىلىدىغان كاتتا باغلىرىنىڭ تولىسى ئوچادا ، 127 خىلغا يېتىدىغان كۇچا ئۆرۈكىنىڭ تولىسى ئوچا باغلىرىدىن تېپىلىدۇ. بېھىشباغ ، خامپۇباغ ، دۆلەتباغ ، چارباغ ، سەۋجەنباغ ، ئىبارباغ ، چىنە باغ ، نەزەر باغ ، شامال باغ ، گۈلباغ ، مازار باغ ، شۇر باغ دېگەندەك مەشھۇر باغلىرى كۆپ بولۇپ ، كۇچادا ئوچا باغلىرىنىڭ ئورنى يەنىلا باشقىچە.

ھويلىدا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش .كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۈزەللىك ئېڭى يېشىللىق ۋە گۈل- گىياھ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق دېھقاننىڭ ھويلىسىغا كىرسىڭىز گۈل- گىياھ ، مېۋىلىك دەرەخ بولماي قالمايدۇ.كۇسەن ئۇيغۇرلىرى كۆپىنچە باغلىرىغا ئاق ئۈجمە ، شات ۋت ، ئۆرۈك ، چىلان ، ياڭاق ، ئانار ، ئەنجۇر ، گىلاس ، قارا ئۆرۈك ، ئالۇچا ، نەشپۈت ، جۇجۇلە ، ئالما ، بېھى ، ئۈزۈم ، قىزىل گۈل ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ . چۈنكى ئۈجمە ئەتىياز پەسلىدە ، ئۆرۈك ياز پەسلىدە ، ياڭاق ، چىلان ، ئالما ، ئۈزۈم كۈز پەسلىدە پىشىدۇ. دېمەك ئۈچ پەسلىنىڭ ھەممىسىدە

مېۋىلەردىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ .كۇسەن ئۇيغۇرلىرى مېۋىلەرنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، باغلاردا ئۇخشاش بولمىغان پەسىللەردە پىشىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۇرۇپ ، ماددىي ئېھتىياجىنى ھەم مەنىۋى ھۇزۇرلىنىش ئېھتىياجىنى قامدىغان ، كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەت ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ھويلىدا گۈل- گىياھ ، باغۋارانلاردا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ئادىتى كۇسەن ئۇيغۇرلىرى باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ ، كۇچا مېۋە- چېۋە ئەڭ كۆپ چىقىدىغان ناھىيە ، ئاساسلىق زىرائەت ۋە مېۋە- چېۋىلەردىن بۇغداي ، كۆممىقوناق ، كېۋەز ، ئۆرۈك ، ياڭاق ، شاپتۇل ، ئۇجمە ، شاتۇت ، چىلان ، ئانار ، ئەنجۈر ، گىلاس ، ئاق كىشمىش بۇلار ئاساسەن ئوچا بازىرىدىن چىقىدۇ .مەملىكەتتە داڭلىق ، تەمى تاتلىق ، قەنت ماددىسى يۇقىرى قىزىل دارازا ئۆرۈكى دانىسى چوڭ ، تاتلىق ، قاق سېلىشقا ئەپلىك ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بىر خىل سورت .قىزىل قۇممەت ئۇنىڭ ھەر بىر دانىسى 8.27 گرام كېلىدۇ ، رەڭگى قىزغۇچ ، شېخى مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ .مانتا ئۆرۈك ، چىلگە ئۆرۈك ، قاپاق كىشمىش ، خوما ئۆرۈك ، قىزىل قاپاق ، تۇيۇن ئۆرۈك ، قىزىل كىشمىش ئۆرۈك ، ئاق تۇيۇن ئۆرۈك ، قىزىل قاچا ئۆرۈك ، نوخۇلجان ئۆرۈك ، ياغلىق ئۆرۈك ، ياۋا كىشمىش ئۆرۈك ، تەلۋە ئۆرۈك ، ئاچچىق ئۆرۈك ، چىگدەك ئۆرۈك ، قىزىل تۇيۇن ئۆرۈك ، قىزىل قاچا ئۆرۈك ، شاپتۇل ، قىزىل شاپتۇل ، سېرىق ئەش شاپتۇل ، ئاق چىلگە شاپتۇل ، توقاچ شاپتۇل ، ئەنجۈر شاپتۇل ئۈزۈم ، سايۋا ئۈزۈم ، كۆك ئۈزۈم ، مۇناقى ئۈزۈم (بۇ ئۈزۈم ئەڭ داڭلىق ئۈزۈم ھېسابلىنىدۇ )، قارا ئۈزۈم ، سوقا ئۈزۈم ، كۆزلۈك ئالما ، يازلىق ئالما قاتارلىقلار بار . كۇچادا ھازىر ئالملىق باغنىڭ كۆلىمى 3742 موغا يەتكەن بولۇپ ، يىلىغا ئېلىنغان ئالما مەھسۇلاتى 2360 توننىغا يېتىدۇ. نەشپۈتنىڭ سورتى يەرلىك نەشپۈت ، كورلا نەشپۈتى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ .نەشپۈتلىك كۆلىمى 5802 موغا يەتكەن بولۇپ يىلىغا ئېلىنىدىغان نەشپۈت مەھسۇلاتى 4320 توننىغا يېتىدۇ.

كۇسەن ياڭىقى ئىچىدە قەغەز ياڭاق ئەڭ داڭلىق ھېسابلىنىدۇ .ئۇنىڭ قاتتىق پوستى قەغەزدەك نېپىز. بۇنىڭدىن باشقا چوقۇر ياڭاق ، تاش ياڭاق ، مېغىزى ئوچۇق ياڭاق ، چىلگەن ياڭاق قاتارلىق سورتلار بار.

كۇسەندىكى ئۆمۈر چولپانلىرى ، كۇسەنى قۇشلار «جەننىتى» دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ كۇسەندە قۇشلارنىڭ100 نەچچە تۈرى بار. بۇ قۇشلارنىڭ بىر قىسمى پەسىللىك قۇشلار بولۇپ ، قىش ۋاقىتلىرىدا ئىسسىق ماكانغا ئۇچۇپ كېتىپ باھار پەسلىدە قايتىپ كېلىدۇ . بۇ قۇشلارنىڭ نامى تۆۋەندىكىدەك : تۇرنا ، غاز ، ئاق تۇرنا ، چوڭ ئاققۇ ، سۆگەت بۇرۇن ،

ئاقىۇ ، ساق قۇش ، سېرىق بۈركۈت ، ئولا ، كەكلىك ، قارچۇغا ، ئاق قۇشقاچ ، قارا قۇشقاچ ، تۇرۇمچۇق ، تورغاي ، كاككۇك ، ياۋا كەپتەر .يۇقىرىدا مىسال ئۈچۈن بىر قانچە قۇشنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتتۇق . بۇلار دۆلەت تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان قۇشلاردۇر .كۇچانىڭ باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ھەم باغ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىللىي پاسونىدا بېزەلگەن ئارامگاھلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچى ھەم مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا...

## كۇماراجىۋا ۋە ئوتتۇرا ئىقلىم مەدەنىيىتى

ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

كۇماراجىۋا ( 344 -413)بۇددا تەرجىمىشۇناسى ، مائارىپچىسى ، پەيلاسوپى ، ئەدىبى بولۇپلا قالماي ، ئەڭ مۇھىمى،يەنە جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت -سەنئەت تارىخىدىمۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسىنى تۇرغۇزۇپ كەتكەن مەدەنىيەتشۇناستۇر.

كۇماراجىۋانىڭ مەدەنىيەت قاراشلىرى لياڭجۇدا تۇرغان 17يىلدا جۇڭگونىڭ قەدىمىي زامان كلاسسىك دەستۇرلىرىنى ئوقۇش ھەم ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئاساسىدا ئاستا - ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىغان .كېيىن ئۇ بۇددا نوم - سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا جۇڭگو بۇددىزم ساھەسىدە ئۆزىگە خاس دىنىي پەلسەپە نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ ، دىنىي مەدەنىيەت قاراشلىرىنى بايان قىلدى ۋە تارقاتتى .شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئۇ ج ۇڭگونىڭ كېيىنكى چىن خانىدانلىقى دەۋرىدىكى خارابلاشقان مەدەنىيەت كرىزىسىغا خاتىمە بېرىپ ، جۇڭگونىڭ بۇددىزم ئىدىئولوگىيىسىدە يېڭى سەھىپە ئېچىپ ، جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەدەنىيەتشۇناستۇر.

گەرچە كۇماراجىۋا ئۆزىنىڭ سىستېمىلاشقان مەدەنىيەت ن ەزەرىيىلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قاتار شەرھى ئەسەرلىرى ، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ۋە شېئىرىي ھېكمەتلىرىدە مەدەنىيەت قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن .بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېتەكلىشىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش پائالىيىت ى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن .ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى نەسر ، شېئىر ، دراما ، پروزا ئىجادىيىتى ، بولۇپمۇ بۇددا ھەيكەلتىراشلىقى ھەم تام سىزما رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىختىن مەلۇمكى ، مەدەنىيەت شۇ دەۋر ئىدىئولوگىيىنىڭ ئەك جانلىق ئىنكاسى ۋە ۋاستىسى بولۇپ كەلگەن.شۇڭا ئۇ شۇ دەۋردە بۇددىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ۋەھالەنكى ، ھەرقانداق مەدەنىيەت -سەنئەتنىڭ ماھىيىتى گۈزەللىككە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان بۇددا نوم -سۇترىلىرى بۇددا رەسساملىرىنى ئابستراكت تېما ۋە مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇلارغا پايانسىز ئىجادىيەت زېمىنى ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ ھال ئوتتۇرا ئىقلىم بۇددا تاشكېمىر مەدەنىيىتىنىڭ روياپقا چىقىشى ۋە گۈللىنىشىنى مۇھىم تېما ۋە مەزمۇن ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتكەن.

كۇماراجىۋا بۇددا مەدەنىيىتىنى تارقىتىش جەريانىدا ئىجادىيلىق ۋە تەنقىدىي روھنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن . مەسىلەن :ئۇ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنىڭ سەنئەت خاراكتېرى يەنى بەدىئىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك ، ھەم پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ھەم ھېكايىلىق سىيۇژىتقا ئىگە بولۇپ ، ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى تۆرە -ئەمەلدارلارنىڭ چاكىنا ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، كۈچلۈك سەنئەت تۇيغۇسىنى ياراتقان.

كۇماراجىۋا قەلىمى بىلەن پۈتكەن بەزى تەرجىمە نوملارنىڭ بۆلەكلىرى قۇرۇلما ھەم مەزمۇن جەھەتتىن ھېكايىلىق (ۋەقەلىك )ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، پەلسەپىۋى شېئىرلارغا خاس ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان . شۇنداق بولغاچقا ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ ، ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ ئەلنەغمە ئىجادىيىتى ۋە ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا بارلىق تارىخنىڭ ھەممىسى ئىدىيىۋى مەدەنىيەت تارىخىدۇر.بۇددا دىنى تارىخى ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ ئىدىيە مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى كۈچلۈك سىلكىنىش پەيدا قىلغان . ھىندىستاندا تارقالغان بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئىقلىمغا كىرگەندىن كېيىن جۇڭگوخۇا مىللەتلىرى بۇددا دىننى ھەزىم قىلىشقا باشلىدى. كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمە نوملىرى ئاشۇ مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قايتا قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

كۇماراجىۋا ياشىغان دەۋر ئوتتۇرا ئىقلىم بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلى ئىدى.بۇ غەربىي يۇرتتىن تارتىپ ئوتتۇرا ئىقلىم رايونلىرىغىچە ساڭرام - ئىبادەتخانىلار سېلىنىپ ، تاشكېمىرلەر قېزىلىپ ، بۇددا سىزما سۈرەتچىلىكى تېز گۈللىنىۋاتقان دەۋر ئىدى.كۇماراجىۋانىڭ كۇسەندە تارقالغان بۇددا نەزەرىيىلىرى شۇ دەۋردىكى تام سۈرەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. مەسىلەن: بۇددا يارالمىش قىسسىلىرى ۋە سەۋەبىيات ھېكايىلىرى شۇ دەۋر تاشكېمىر سىزمىلىرىنىڭ ئەك ئاساسلىق ئىجادىيەت تېمىسى ئىدى. شۇ دەۋردىكى كۇسەن بۇددا تاشكېمىرلىرىنىڭ ئەك

ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قىزىل مىڭئۆيلىرىدە غەربىي يۇرت ، جۈملىدىن كۇسەنلىكلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى ۋە يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكلەر روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

كۇماراجىۋا چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن چىن خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى بۇددا مەدەنىيەت قارىشى جەھەتتە كۇماراجىۋانىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىغان . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، كۇماراجىۋانىڭ بۇددىزم ئىدىيىسى پۈتكۈل ئوتتۇ را ئىقلىمدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان . شۇڭا كەڭ ئوتتۇرا ئىقلىم رايونلىرىدىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىمۇ كۇماراجىۋا بۇددىزم مەدەنىيەت قارىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر . مەسىلەن : چىنلوڭ رايونىدىكى تاشكېمىرلەردە ، بىڭلىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى تاشكېمىرلەرنىڭ 169 - نومۇرلۇق كېمىردە ، مە يجىشەن تېغى تاشكېمىرىنىڭ 123- ، 127 -كېمىرلىرىدە سىزىلغان رومبا شەكىللىك تام رەسىملىرىدە كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان "سادداررماپونداريكا سۇترا" ، "ۋىلاماكرتى رىدېسا سۇترا" ۋە "ئامىتابا سۇترا"دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار سىزىلغان بولسا ، "مەيجىشەن تېغىدىكى 127 - نومۇرلۇق كېمىرنىڭ تېمىدىكى >غەربىي پاك زېمىننىڭ ئۆزگىرىشى<دە كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان ئۇسسۇلچى رەققاسلار ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى تۈرلۈك چالغۇلار سىزىلغان بولۇپ ، بۇ تىپىك كۇسەن ئۇسلۇبىدىكى رەسىمنى كۇماراجىۋا بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، كۇماراجىۋا >ھېكمەتلىك نىلۇپەر سۇترىسى<غا ئىلاۋە يازغاندا كۇسەن مۇزىكىلىرىنى ۋە غوڭغا ، چەللە ، بەرباپ قاتارلىق چالغۇلارنى تونۇشتۇرغان."

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، كېيىنكى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇماراجىۋا تيەنشۇيدىكى ۋۇشەن تېغىنىڭ شۇيىنلىيەن غارىدا بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان بولۇپ ، كارامەت ياسالغان بۇ بىناكارلىق ئۆلگىسى "شاۋلا ئىبادەتخانىسى" دېگەن نام بىلەن يىراق - يېقىندا داڭق چىقارغان . بۇنىڭدىن كۇماراجىۋانىڭ چىنلوڭ رايونىدىكى مۇرىتلار ئىچىدە قالتىس زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچىڭ ناھىيىسىدىكى بىڭلىڭ تاشكېمىرىنىڭ 169 - نومۇرلۇق ئۆيى ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىدە ناھايىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان خاتىرە بولۇپلا قالماي ، تېخىمۇ مۇھىمى تام سۈرە تلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ ناھايىتى مول ئىكەنلىكى بىلەنمۇ داڭلىقتۇر . 169- نومۇرلۇق كېمىر ئەڭ دەسلەپ راھىبلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىشى ئۈچۈن قېزىلغان. بۇ كېمىردە يەنە كېيىنكى چىن سۇلالىسىگە ئائىت نۇرغۇن يادىكارلىقلار ساقلانغان. مەسىلەن: نومۇر

سىلىنغان 6-، 7-، 9-، 10-، 11-، 12-، 13-، 17- ۋە 24- ... بۆد ، ھەيكەل ۋە تام سىزمىلىرىدا تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان ماھايانا بۇددا نوم - سۇترىلىرىدىن تېما ئېلىش ئاساسىدا سىزىلغان ھەم ياسالغان.

بۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر كېمىرنىڭ 169 - ئۆيىدىكى 19 - نومۇرلۇق ئولتۇرغان ھالەتتىكى ئىككى تەنلىك بۇد "ساكيامونىنىڭ ھېكمەت تەرغىب قىلىش " ھالىتى ۋە 13-، 24 - نومۇرلۇق رەسىملەردىكى مەزمۇنلار پۈتۈنلەي "سادادارما پونداريكا سۇترا"دىن تېما ئېلىپ ئىجاد قىلىنغان.

كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان "سادادارما پونداري كا سۇترا "دىن ئېلىنغان تېمىلار ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرا ئىقلىم تاشكېمىردە مەبۇد ئوبرازىدا گەۋدىلەنگەن بولسا سۇي ، تاڭ دەۋرلىرىگە بارغاندا ئۆزگەرتىلىپ سىزىلىشقا باشلىغان بولۇپ ، تاشكېمىر سەنئىتىدە مەزمۇنى مول ، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان "سادادارما پونداريكا " ئۆزگەرتىلمە رەسىملىرى بارلىققا كېلىپ ھەم بۇددا ئېتىقادىنى تەشەببۇس قىلدى ھەم بۇددا سەنئىتىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە مۇكەممەللەشتۈردى.

ئۈچ بۇرھان ئوبرازى ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تاشكېمىرلەردە خېلىلا ئومۇملاشقان تېما ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ بۇرھان تېمىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئومۇملىشىشى شۇ دەۋردىكى خاندانلىقنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . چۈنكى ، پادىشاھ ياۋشىڭ كۇماراجىۋانى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن دائىم بۇددا دىنىدىن تەلىم ئېلىپ تۇرغان . بولۇپمۇ كۇماراجىۋانىڭ "ئۈچ ئۆتكۈ تەلىماتى "نىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغان بولغاچقا ، گەنسۇدىكى مەيجىشەن تېغىغا جايلاشقان رۇيىيىڭ ئىبادەتخانىسىنى دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل چىقىرىپ رېمونت قىلدۇرۇپ بەرگەن ھەم ئۈچ بۇرھان ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن مەبۇدلارنى ياراتقان. ھازىرقى 74-، 78 -نومۇرلۇق كېمىرلەردىكى مەبۇدلار شۇنىڭ مىسالى بولۇپ ، مەيجىشەن تېغىدا ساقلىنىۋاتقان ئۈچ بۇرھان مەزمۇنىدىكى سەنئەت ئۇسلۇبى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تاشكېمىر سەنئىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

ۋىمالاكىرتى رىدېسا ( asedritrikalamiV ) ئوبرازى كۇماراجىۋا ماھايانا ئىدىيىسىنىڭ بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىدە ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىد ۇ. "ۋىمالاكىرتى رىدېسا سۇترا "سى پادىشاھ ياۋشىڭنىڭ ئەمرىگە بىنائەن 1200 راھىب ، سىرامان چاقىرىلىپ ، كۇماراجىۋانىڭ يېتەكچىلىكىدە مىلادى406- يىلى تەرجىمە قىلىپ تاماملانغان.

ساكيامونى ئوبرازى بۇددىزم سەنئىتىدىكى باش پېرسوناژ بولۇپ ، ئۇ بۇددىھالىق مۇقامىغ ا يەتكەن ئەۋلىيا دەپ قارىلىدۇ.

ساكيامونى "ساددارما پونداريكا سۇترا"سىدا بۇدساتۋالىق مۇقامىدىن بۇددىھالىق مۇقامىغا يەتكەنلىكى ، بۇ جەرياندا قايتا - قايتا سانسارا )تۇغۇلۇپ( بولۇپ ، بۇدساتۋالىق مۇقامنى ئەلا دەرىجىدە بېسىپ ئۆتۈپ ، ئاخىر "ھاسىل مۇراد - تانىھگانا" تېپىپ بۇددىھالىق مۇقامىغا يەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ . بىگلىك تاشكېمىرىنىڭ 169 - ئۆيىدىكى 6-، 10-، 13- نومۇرلۇق سىزمىلاردا ساكيامونىنىڭ ئوبرازى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەر خىل ھالەتتىكى تەپەككۇر قىلىۋاتقان ھالىتى سىزىلغان . بىگلىك تاشكېمىرىنىڭ 17 - نومۇرلۇق سىزمىسىدا تەپەككۇر ھالىتىدىكى بۇدساتۋانىڭ ئوبرازى گۈزەل ، جانلىق قىلىپ سىزىلغان . يەنە مەيجىشەن تېغىدىكى تاشكېمىرلەر ، دۇنخۇاڭ موگاۋ (ئېگىز قۇم ) تاشكېمىرىنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت تام سىزمىلىرىمۇ ساكيامونىنىڭ ئادۋاتتا )anttavda( ناملىق پوكىس دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئىدراك تېپىش ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقان كۆرۈنۈشى سۈرەتلەنگەن . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىگلىك ئىبادەتخانىسىنىڭ 169- نومۇرلۇق ئۆيىدىكى 20 - رەسىم ۋە خېشىدىكى جىنتا (ئالتۇن مۇنار ) ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرقىي ھۇجرىسىدىكى مەركىزىي تۈۋرۈكنىڭ غەربىي يۈزىدىمۇ ساكيامونى ئوبرازى بار . بۇلار كۇماراجىۋا تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن نوم "ساددارما پونداريكا سۇترا" ئاساسىدا سىزىلغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە مىڭ بۇرھان ، مايتىرى ئوبرازى ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تاشكېمىر سىزمىلىرىدا دائىم تاللايدىغان تېمىلاردۇر . بۇ تېمىلارمۇ كۇماراجىۋا تەرجى مە قىلغان "مىڭ بۇرھان سەۋەبىيەتىنى سۆزلەش سۇترا "سى ئاساسىدا سىزىلغان بولۇپ ، مىڭ بۇرھان ئوبرازى ئادەتتە تاشكېمىرنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرۇۋاتقان ھالەتتە سىزىلغان. بىگلىك ئىبادەتخانىسى 169 - نومۇرلۇق كېمىرىسىنىڭ 12- ۋە24- نومۇرلۇق سىزمىلىرىدا مىڭ بۇرھان ئوبرازى بار.

ئومۇمەن گەنسۇدىكى بىگلىك ، جىنتا (ئالتۇن مۇنار )، تىيەنتى ، ۋېنبو ، مەيجىشەن تاغلىرىدىكى ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تاشكېمىرلەرنىڭ ھەممىسىگە كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان بۇددا نوملىرى ئاساسىدا تېما تاللاپ رەسىم سىزىلغان.

دېمەك ، كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمە پائالىيىتى شۇ چاغدا ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولغان. ئۇ

ئوتتۇرا ئىقلىم ئىدىئولوگىيە ساھەسىنىڭ بۇددىزمغا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىششى ۋە كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي ، يەنە ئوتتۇرا ئىقلىم مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايىسى ساھەلىرىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن . بۇددا تاشكىمىر سەنئىتى شۇنىڭ تەسىرىنى ئەڭ بىۋاستە ۋە ئەڭ جانلىق ھالەتتە قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەلۋەتتە ، كۇماراجىۋانىڭ ياشلىق دەۋرى كۇسەندە ماھايانا بۇددىزمنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆتكەن . ھازىرقى كۇسەن تاشكىمىرلىرى ئىچىدىكى قىزىل مىڭئۆيلىرى كۇماراجىۋا تەشەببۇس قىلغان ماھايانا بۇددىزمىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان.

كۇماراجىۋانىڭ چاڭئەندىكى تەرجىمە پائالىيىتى ، بولۇپمۇ "ساددارما پونداريكا سۇترا " ، "ئامىتابا سۇترا " ۋە "ۋىمالاكىرتى ردېسا سۇترا " قاتارلىق 300جىلددىن ئارتۇق سۇترالارنىڭ قىسقىغىنە ئون نەچچە يىلدا تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرۈلۈشى ماھايانا بۇددىزمىنىڭ ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى تەرەققىياتىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەن . ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ بۇددا تاشكىمىر ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تام رەسىم سىزمىچىلىقىنى تېما تىك مەزمۇن بىلەن تەمىن ئەتكەن.

كۇماراجىۋا بۇددا تەرجىمىچىلىكنى پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيە ئىشلىرىدا بۇرۇلۇش ياسىغان. بۇ خىل ئىدىيىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى شەرق بىلەن غەرب ، ئوتتۇرا ئىقلىم بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر ئارا پەرقنى زور دەرىجىدە قىسقارتقان.شۇنىڭ بىلەن بىللە كۇماراجىۋا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ بۇددا نەزەرىيە سىستېما قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلىپ ، بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

كۇماراجىۋا يالغۇز بۇددا ئەھكاملىرىنى تەرجىمە - تەپسىر قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە بۇددا تەلىماتلىرىنى تارقىتىپ ، ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ بۇددا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە. مەزكۇر ماقالىدا سۆلەنگەنلىرى پەقەت بۇددا تاشكىمىر سەنئىتى جەھەتتىكىلا تەرىپى خالاس . ئۇنىڭ بۇ تۆھپىلىرى جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۆلمەس ئابىدە سۈپىتىدە تارىخ بېتىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ!

مەنبەسى : ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى

كۆرۈلگىنى:70قېتىم

ۋاقتى :2008-1-15

---

------------------------------قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا گۈزەللىك قارىشى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

مەلۇمكى ، دىيارىمىز - قەدىمكى غەربىي يۇرت مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى . بۇ خاسىيەتلىك زېمىن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان . ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار - ئالتاي ، تەڭرىتاغ ، پامىر ، قۇرۇم - قارا قۇرۇم ، ئالتۇن تاغلىرى بىلەن ئورالغان ، باغرىنى ھارارەتلىك تەكلىماكان چۆللۈكى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مېلودىيىسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن . غەربىي يۇرت ئاھالىسىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بۇ جايدا ئۇزاق داۋام قىلغان ياۋايىلىق ، ۋارۋارلىق ، توپ پادىلىق ۋە ساددا - نادانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، كونا - يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي گۈزەللىك قارىشى تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، كېيىن يەنە برونزا (كۆك مىس )قوراللىرى دەۋرىگە كەلگەندە ، خېلى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان بىر قاتار گۈزەللىك قارىشى ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەدىيارىمىزدىكى سان - ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرى يۇزلەرچە ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىق ۋە قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئوبرازلىق يادىكارلىقلارغا قارىغاندا ، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئانىلىرىمىز تۇرمۇشىدا گۈزەللىك قاراشلىرى بىخلىنىپ چىقىپ كۆنسايىن راۋاجلىنىپ بارغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. روشەنكى ، دىيارىمىزدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئەجدادلار ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخنى تاكى يېزىق ئىخترا قىلىنغۇچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق ۋارۋارلىق ، ياۋايىلىق ، نادانلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كونا - يېڭى تاش

قورال دەۋرى ، برونزا قوراللىرى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلىرىغا سىزىپ ۋە "يېزىپ " قالدۇرغان . يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزاق بولغان بۇ تارىخ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئىپادىلىگەن دائىرىسى ج ەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا خاس خىلمۇ خىل بولغان ، ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىزنا - يادىكارلىقلار ھەققىي مەنىسى بىلەن ئەجدادلار تارىخىنىڭ ، جۈملىدىن روھىيەت ، تەپەككۇر ۋە گۈزەللىك قارىشى جەھەتتىكى تامغا ، ئەنداز ، بەلگە -ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۈچۈر -ئېنفورتىيىسى ھېسابلىنىدۇ .

ئەلۋەتتە ، ئانا دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرتتەك بۇ سىرلىق كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ تەسۋىرى يالدامىسى بىزگە تېخى ئۆزىنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەل قىياپىتىنى ئاشكار بىلىغىنى يوق . ئۇنىڭ بىر قىسمى تارىخ ئۆچقۇنلىرىدا مەڭگۈلۈك يوقالغان . شۇنداقتىمۇ 18 -ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان ، ناگان - ناگاندا تېپىلىپ تۇرىدىغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقىلىشلار بۇ كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسان ھايات پائالىيىتىنىڭ بىرقەدەر ئومۇمىي مەنزىرىسىنى قىياس قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى . بىز دىيارىمىزدىن بايقالغان دوندۇبۇلاقتىكى 20 -15 مىڭ يىللىق قىيا تاش رەسىملىرىدىن ۋاق بو ، جىڭ جيې:"ئالتاي تېغى دوندۇ بۇلاقتىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە خاس قىيا تاش رەسىملىرى" ، "تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى" ، خەنزۇچە ،2005 -يىل 1 -سان 120 -122 -بەتلەر ، 15 -20 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە تامغالىقتاش ئۆڭكۈرى(سۇبىخەي :"شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرى" ،1994 -يىلى ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى ، خەنزۇچە ، 409 - بەت ) ،ئاقتاش ئۆڭكۈرى ③ ، ھاكتاش ئۆڭكۈرى ④ ۋە دولات جىلغىسى ئۆڭكۈرلىرى قاتارلىق ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن تەبىئىي ئۆڭكۈر رەڭلىك سىزمىلىرىدىكى ئانا (ئايال )جىنسقا تېۋىنىش ، ئاننى ئۇلۇغلاشقا دائىر مەزمۇنلاردىن ، ئالتاي ، تەڭرىتاغ ، ئالتۇنتاغ قىيالىرىغا چېكىلگەن 3 -8 مىڭ يىللىق سان -ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئانىلار ئوبرازى ۋە ھەرخىل تامغا ، ئەنداز ، بەلگە - ئالامەتلەردىن ، تۇرپاندىكى ئاستانە ، ئۈرۈمچىدىكى سەيۋوپۇ ، لوپنۇردىكى سىگىر ، لوپنۇر كۆلى ئەتراپى ، كونا شەھەردىكى ئوپال ، قۇمۇلدىكى سەنداۋلىك ، تۇرپاندىكى يارغول ، توقسۇندىكى ھۇمەبۇلاق ، پىچاندىكى قىزىلقۇم ، ياڭخې ئاسقىلىق ، ئاقتېرەك ، موردىكى ئېرقاباق ، ئالتايدىكى شىمىرشېك ، چاقىلىقتىكى ئالتۇنتاغ ، چەرچەندىكى جاڭگالساي ، نىيە دەريا ئەتراپى ، گۇمىدىكى كىلياڭ ، كېرىيىدىكى باشقا نىسۇرا ، كەلپىندىكى سارغان ،

مارالبېشىدىكى ئاقدالا ، كۇچادىكى قار ا دۆڭ قاتارلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس (4 - 6 -يىللىق "شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى " ، ئۇيغۇرچە ، 2002 - يىللىق 1 - ، 2 - قوشما سان ، 6 - ، 7 -بەتلەر ) قەدىمكى ئىز - خارابىلەردىن تېپىلغان تاش ، سۆڭەك مارجانلار ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرىدىن ، 4000 - 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە لوپنۇردىكى گۇمۇگو قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، كروران گۈزىلى قەبرىستانلىقى ، زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى ، خوتەندىكى نىيە قەبرىستانلىقى ، پىچاندىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقى ، بايدىكى قىزىل قەبرىستانلىقى ، خېجىڭدىكى چابخا ، بۇگۇردىكى چۇمپاق ، قۇمۇلدىكى يانبۇ لاق ، قارادۆڭ ، لاپچۇق ، ئەسكىشەھەر ، خەنچىگو قەبرىستانلىقلىرى قاتارلىق يۈزلەرچە ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقتا ياتقان كروران گۈزىلىگە ئوخشاش نازاكەتلىك ، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن ، بەدەنلىرىگىچە ھەرخىل گۈل - نەقىشلەر چېكىۋېلىشلىرىدىن ، يۈز ۋە كالپۇكلىرىنى قىزىل بوياقتا بويىۋېلىشلىرىدىن ، ئانىلار جەستى بىلەن ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە كۆمۈلگەن تاش قاش قەلەم ، تاش بوياق ، سۆڭەكتىن ياسالغان سۈزگۈ - تاغاق ، مىستىن ياسالغان ھالقا ، بىلەزۈك ، ئۈزۈك ، مېدالىئون ، زىرە ، ئۇپا - ئەڭلىك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى خالتىسى قاتارلىق ھەر خىل بېزەك بۇيۇملار ، سېھىرلىك كۈچ دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمار ۋە تۇرلۇك زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەق ماددىي يادىكارلىقلىرىدىن ئانىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنى ، ئۆزىنى ز بۇ زىننەت ۋە گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن بېزەپ چىرايلىق ياسىنىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ماددىي يادىكارلىق مەنبەلىرى گەرچە ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ ، ئۇ ئۇلار ئەينى زاماندىكى ئەج دادلار ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ، ھېچبولمىغاندا تۇرمۇش ، ئېتىقاد ، ئالەم قارىشى ، گۈزەللىك ، ئېستېتىك ، روھىيەت قاراشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكىنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر. قەدىمكى ئەجدادلار تۇرمۇشىنىڭ بۇنداق بىۋاستە ، بىرىنچى قول ، ئەينەن ، ئەمەلىي ۋە كونكرېت ، نەق ماددىي يادىكارلىقلىرى ھەرقانداق تارىخچىنىڭ ، بولۇپمۇ ئۆتكەن دەۋرلىرىدىكى ئوردا - قەسىر تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخنامىلىرىدىن چىن ، ئەينەن ، ھەقىقىي ۋە ئەينى پېتى ساقلانغان تارىخنامە ھېسابلىنىدۇ .

مەلۇمكى ، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدىن بىرى .

گۈزەللىك قارىشى ئىنساننىڭ ئېستېتىك تەپەككۇرى ۋە ئېستېتىك ئېڭى بىلەن بىللە قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان .

گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش ، گۈزەللىككە ماھىلدارلىق ، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش ۋە گۈزەللىككە تەقلىد قىلىش ، گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇ نجى ئەمگىكىدىن باشلاپ ، تۇنجى تاش قورال ياسىشىدىن باشلاپ ، تۇنجى نۇتقى ۋە تۇنجى تەپەككۇرىدىن باشلاپ رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان ھەم شۇ ئاساستا ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغاتقۇچى گۈزەللىك ھادىسىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن . جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت م ەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى گۈزەللىكنى بىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش پائالىيىتى جەريانلىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغان ئەمەس .

.1گۈزەللىك - ئىنساننى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان شەيئى . ئىنسان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ، خىيال - ئارزۇسىدا ، رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان ھەرقاند اق ئىبارىدىن كۆرە "گۈزەللىك" ئىبارىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ۋە مەھلىيا . ھىندىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى تاگور گۈزەللىك توغرىسىدا :"گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرمەي تۇرۇپ ، ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس " دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان . گۈزەللىككە ئىنتىلىش - ئىنسان تەبىئىيىتىنىڭ ئىپادىسى .چۈنكى ، ياسىنىش ياكى گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۇنجى ئەمگىكى جەرياندا يېتىلگەن ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قايتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى. ئىنساننىڭ پۈتۈن پائالىيىتى گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلالمايدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە ھامان تەسىر كۆرسىتىدۇ . گۈزەللىكنى سۆيۈش ، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتكە ئورتاق ھالەت .ئەمما ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ئوخشاش بو لمىغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىدىمۇ پەرقلەر مەۋجۇت. بىز كروران گۈزىلىگە ئوخشاش قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ياسىنىش ، كىيىنىش ئادەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ، ئېتنىك مىللىي پۇراققا ئىگە ئەنئەنىلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايمىز .

يەنە ، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن بولغان "ئوغۇزنامە" ئېپوسىدا ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇردىن تۆرەلگەن قىزنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن :"ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى ، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك ، چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك ، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى . ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل

ئىدىكى ، كىشلەر ئۇنى كۆرسە ئاھ ، دەپلا قالاتتى ".يۇقىرىقى بايانلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى نازاكەتلىك ، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرى .

قىز -ئاياللار ئوبرازىنىڭ شۇنچىلىك ساھىبجامال تەسۋىرلىنىشى ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ، يەنى ئىلگىرى گۈزەللىكنى تەبىئەتتىن ئىزدىگەن بولسا ، ئەمدىلىك تە گۈزەللىكنى ئۆزلىرىدىن ، بولۇپمۇ ئاياللاردىن تېپىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز .تارىختىن بۇيان نازاكەتلىك ، ساھىبجامال ئانىلىرىمىز ، جۈملىدىن ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ياسىنىشقا ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۈزەللىككە ئىي تىبارسىز قاراش - ھاياتنى مەڭگۈ خورلۇق ۋە نومۇس ياشلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ، ھەر ۋاقىت ، ھەر جايدا باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز نەرسلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ ، دەپ قارىغان . (دىلئارا ئابلىمىت "ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى "،"شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژورنىلى " ، ئۇيغۇرچە ، 2001 - يىللىق 1 - سان. ) ساھىبجامال ئانىلىرىمىز بولغان قەدىمكى زامان ئاياللىرى گۈزەللىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، ئۇلار كىيىم - كېچەك ، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىغا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىرگە ، يەنە ھۆسن تۈزە ش جەھەتتىمۇ مىللىي ئۆزگىچىلىكنى شەكىللەندۈرگەن .ئۇلار گۈزەللىك يارىتىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا سۈنئىي پەرداز ئادەتلىرىدىن پەرقلىق بولغان تەبىئىي پەرداز ئادەتلىرى ۋە بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . بۇ بۇيۇملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇ ش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن بولۇپ ، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ .

2.قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا ئىپتىدائىي گىرىم ئادىتى

قەدىمكى ئانىلىرىمىزدىكى گىرىم قىلىش ئادىتى ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ئىپتىدائىي ئېستېتىك قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن .ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر سۈيىدىن ۋە مىنېرال كان مەھسۇلاتلىرىدىن ھەرخىل بوياق ۋە رەڭ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ھەرخىل بوياق ياساپ يۈزىگە گىرىم قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇنىڭدا ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ

بېرىشى ، ھەرخىل بوياق （گىرىم ）ماتېرىياللىرىنىڭ بايقىلىشى ھەم ئەمەلىي تۇرمۇشىدا سىناق قىلىنىشى مۇھىم ر ول ئوينىغان بولسا كېرەك .

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوۋچىلىق ئەمگىكى جەريانىدا ، ھايۋانلار يارىلانسا قان ئاقىدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ قان ئېقىپ ئۈزۈنغا بارمايلا ئۆلىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭمۇ ياۋايى ھايۋانلار چىشلىۋالسا قېنى ئېقىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ، ھايات ۋاقتىدا كىشلەرنىڭ بولۇپمۇ ساغلام كىشىلەرنىڭ مەڭزى ۋە بەدىنىدە بىر خىل قىزىل رەڭگى جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۆلۈپ كەتكەندە سۇسلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

"ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرى نەزىرىدە قىزىل رەڭ ھاياتلىقنىڭ بىر خىل ئ ابستراكت ئومۇمىيلىققا ئىگە مەنىدىكى سىمۋولى ۋە ئىسسىقلىقنىڭ ، يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان ". ( سەنئەت ھوشۇر:"ئېستېتىكا ئاساسلىرى ئوقۇشلۇقى " ، 128 - ، 400 - بەتلەرگە قاراڭ) "تۇز ، تۇرلۇك مەدەنلەر ، قىزىل سېغىز ، گۆڭگۈرت قاتارلىقلار خىسلەتلىك ھېسابلىنىپ ئالاھىدە قەدىرلەنگەن"( ئابدۇقەييۇم خوجا :"غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت" ، 79 - 80 - بەتلەرگە قاراڭ). شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ ئۇستىۋېشىغا ۋە ئەتراپىغا قىزىل رەڭلىك تۆمۈر ، مەدەن ئۇۋۇندىلىرىنى چېچىش ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە ھاياتىي كۈچ ، قان ، ئىسسىقلىق ئاتا قىلىشنى ت ىلىگەن ، ئارزۇ قىلغان ." ( سەنئەت ھوشۇر :"ئېستېتىكا ئاساسلىرى ئوقۇشلۇقى " ، 128 - ، 400 - بەتلەرگە قاراڭ " . (شىمالىي ئالتاي رايونى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە) دىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە جەسەتلەر قىزىل توپىغا مىلەپ كۆمۈلگەن . بۇنىڭدىن قىزىل تۇپراقنىڭ ھا يات ۋە قاننىڭ سېيماسى قىلىنغانلىقى ، شۇنداقلا جەسەتنى چىرىشتىن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ . چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق كەنتىگە جايلاشقان )قەبرىگە دەپنە قىلىنغان جەسەتنىڭ بۇنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن )قەدىمكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە بىر خىل تەبىئىي قىزغۇچ مىنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان . بۇ ئەھۋالمۇ يۇقىرىدىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن." (ئابدۇقەييۇم خوجا :"غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت " ، 79 - 80 - بەتلەرگە قاراڭ(

دېمەك ، ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گۈزەللىك تۇيغۇسى قىزىل رەڭ بولغان . شۇڭا ئۇلار ئوۋچىلىق جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن(يارىلانغان) ھايۋانلارنىڭ قېنىنى يۈزلىرىگە ۋە بەدەنلىرىگە سۈرۈۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى ۋە

گۈزەللىكنى نامايان قىلغان ." (مۇبارەك ئاۋۇت :"قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى " "شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى" ، ئۇيغۇرچە ، 2000 - يىل 3 - سان ، 53 - 61 - بەتلەرگە قاراڭ )

دىيارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى ئەجدادلار ئەينى دەۋرلەردە ئاساسلىق 7 خىل رەڭنى يەنى يۇلغۇن چېچىكى ، گۈلسۇرۇخ ، لەيلىگۈل ، زاراڭزا چېچىكى ، ياڭاق پوستى ، ئانار پوستى ، گېل (زاك )، كۆكتاش ، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى ، بورتوپىسى ، سېغىز توپا قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ "تۈركىي تىللار دىۋانى " دىمۇ يەتتە خىل ئاساسلىق رەڭنىڭ نامى ئىزاھلانغان .كېيىنچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئېھتىياج تەقەززا سى ۋە گۈزەللىك ئىستەكلىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، رەڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلىپ ، كۆرۈك چېچىكى (يۇلغۇن تىپىدىكى بىر خىل چاتقال بولۇپ ، گۈلى پورەك ئېچىلىدۇ )، تۇخۇمەك گۈلى ، ئىنەك پىتى (ئابدىملىك )، قارىقات ، ئالقات ، ئاق يانتاق ئۇرۇقى ، ئازغان ئۇرۇقى ، پىياز پوستى ، ئاق تېرەك پورى (جىگەررەڭ )، قارىغاي يىلىمى ، ھەشقىپىچەك ، نۆشۈدۈر (سىنك خلورىد )، مىتوسىن (قوغۇشۇن ئوكسىد ، ئاق رەڭلىك )، قارا ئۈجمە ، شاتۇت (ئۈجمىنىڭ بىر خىلى )، قۇرۇم (ئاساسلىق تەركىبى كاربون ) قاتارلىقلارنى ئۆزئارا تەڭشەپ ، ھەرخىل رەڭلەرنى تەييارلىغان .مەلۇم بولۇشىچە ، ئەجدادلار قارىغاي يىلىمى بىلەن ئانار شۆپىكىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بوياق ياسىغان .كۆكتاشنى يانجىپ ئېرىتىپ ، ئۇنى ياڭاق پوستى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ، سۇس ھەم يارقىن بولغان كۆك رەڭنى ئىجاد قىلغان ، ئۇلار بۇ خىل رەڭلەرنى تېرىسىگە سۈرتۈپ ، ھەر خىل بويىغان( ئىسمائىل تۆمۈر :"ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى " ، 318 - 319 - بەتلەرگە قاراڭ ). يۈزلىرىگە ۋە كاللۇكلىرىغىمۇ چىرايلىق ، يارىشىملىق رەڭلەر بىلەن گىرىم قىلىشقا ئادەتلەنگەن .

قەدىمكى ئانىلىرىمىز مەڭزى ، كاللۇكلىرىغا ھەرخىل يارىشىملىق سۈرمىلەر سۈرۈپ گىرىم قىلىشتىن باشقا قاش ، كىرپىكلىرىنى پەردازلاپ گۈزەللەشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ قەدىمكى ئېتنىك ئادەت ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىز تۇرمۇشىدا ئەنئەنە بولۇپ ساقلىنىپ ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن: يۈز ئېلىش - بۇ يۈز ئېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ .بۇ چىراي گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان بىر خىل پەرداز ، بۇنىڭدا موچىن ۋە مەشۇت يىپتا يۈز ، قاپاق ۋە پېشانىدىكى يۇمران تۈكلەرنى ئېلىپ يۈز - كۆزنى كۆركەملەشتۈرىدۇ . ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، كروران گۈزىلىگە ئوخشاش گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى ۋە گۈزەللىك ياراتقۇچى لاتاپەتلىك ، ساھىبجامال

ئانىلرىمىز مىس قورالالار دەۋرىدىلا (دىيارىمىزنىڭ مىس قورالالار دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 2000 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلانغان ) مىستىن ياسالغان موچىنلارنى ئىشلىتىپ يۈز ئېلىشقا ئادەتلەنگەن . قەدىمكى ئانىلرىمىز ئىشلەتكەن ۋە ئۇ ئالەمگە بارغاندا داۋاملىق ئىشلىتىپ مەڭگۈ گۈزەل تۇرسۇن ، دېگەن قاراشقا ئاساسەن جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن موچىنلار دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلاردىن داۋاملىق تېپىلماقتا . مەسىلەن ، 1999 -يىلى ئارخېئولوگلار لوپنۇردىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قازغاندا ، قەدىمكى ئانىلرىمىز يۈز ئېلىشقا ئىشلەتكەن موچىنلارنىمۇ تاپقان ، ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق :

)1موچىن 1 دانە ، نومۇرى22:14:22M ، ئۇزۇنچاق شەكىللىك بولۇپ ، ئىككى ئۇچى كۆرەك شەكىللىك كەلگەن بىر تال مىسنى ئوتتۇرىدىن ئېگىش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇنىڭ پەقەت تۆۋەندىكى يېرىمىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 6.1 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 0.35 ～ 0.6سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى ، 0.1 ～ 15 سانتىمېتىر (دىلئارا ئابلىمىتنىڭ "ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى" "شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى" ، ئۇيغۇرچە ، 2001 -يىل 1 - ساندا( نامىلىق ماقالىسىدىن ئېلىندى ) .2 موچىن 1 دانە ، نومۇرى .7:3 M ئۇ ئۇزۇنچاق شەكىللىك بولۇپ ، ئىككى ئۇچى كۆرەك شەكىللىك كەلگەن بىر تال مىسنى ئوتتۇرىدىن ئېگىش ئارقىلىق ياسالغان ، ئىككى بىسى بىر - بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ ، قىسىشقا قۇلايلىق .ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دەنە چەمبىرەك سېلىنغان بولۇپ ، ئۇنى يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرگىلى ، بۇنىڭ بىلەن موچىننى ئىختىيارىي ئېچىپ - يېپىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭ دەستىسىنىڭ قۇيرۇقىدىكى تۆشۈكچىگە بىر چوڭ ھالقا كىرگۈزۈلگەن . موچىننىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9 سانتىمېتىر ،كەڭلىكى 4.0 ～ 51.1 سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى 5.3 ～ 7.0 سانتىمېتىر ، تۆشۈكچىسىنىڭ دىئامېتىرى 41 سانتىمېتىر كېلىدۇ䵩.يەنە ھەر خىل يىمەكلىكلەر بىلەن يۈز تېرىسىنى ئاسراپ كەلگەن . مەسىلەن ، ئالما ، ھەسەل ، خام قايماق ق اتارلىق يىمەكلىكلەر ئارقىلىق يۈز تېرىلىرىگە قورۇق چۈشۈشىنىڭ ، يىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، يۈز تېرىسىنى ئاقارتىش ، سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كۆز پەردازى-كونىلاردا "كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى " دېگەن ماقال بار . ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆزلىرىنى نۇرلۇق ھەم يوغان كۆرسىتىش ئۈچۈن قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا سۈرمە ئىشلەتكەن . سۈرمىنىڭ گۈزەللەشتۈرۈش رولى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغىمۇ ئىگە .

لەۋ پەردازى - قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇرلۇك قىزىل گۈللەردىن لەۋ گىرىم بۇيۇملىرى ياساپ ، لەۋلىرىگە گىرىم

قىلىپ كەلگەن ، ئۇلار لەۋ گىرىمىنى "ئەڭلىك" دەپ ئاتىغان .

قول پەردازى - قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىز - چوكانلىرى قول گۈزەللىكىگە ئەزەلدىنلا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن .ئۇلار يازلىقى خېنە تېرىپ ، ئۈسكەندىن كېيىن سوقۇپ ، ئازراق زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ قولغا ، تىرناقلىرىغا قويىدۇ .قول قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق رەڭگە كىرىپ ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۆچمەيدۇ .خېنىنىڭ قولنى چىرايلىق قىلىشتىن سىرت ، يەنە ئالقان قىزىش ، تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىمۇ بار

دىلئارا ئابلىمىتنىڭ "ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى " ("شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى" ، ئۇيغۇرچە ، 2001 - يىل 1 - سانىدا )ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى .پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئىشلىتىش -ئۇيغۇر ئاياللىرى پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرگە ئامراق بولۇپ ، ئۇلار ئىپار ، ئەمبەر ، سەندەل قاتارلىق پۇراقلىق ئۆ سۈملۈكلەرنى يېنىدىن ئايرىمىغان .بۇ ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى خۇش پۇراق بولۇپ ، ھازىرقى ھاۋا تەڭشىگۈچ ۋە ئەتىرلەرنىڭ رولىنى ئوينىغان . ئۇنىڭدىن سىرت بۇ پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاشارات ، قۇرتلارنىڭ چېقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىمۇ بار .

دېمەك ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ، قىز - چوكانلىرىنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ يالغۇز گۈزەللىك ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس ، يەنە ساغلاملىق ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك خىزمەت قىلغان .قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك گىرىم قىلىش ، قاش -كۆزلىرنى پەردازلارش ئادەتلىرى دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەردە ئىسپاتلاندى. بۇ ئېتىنىك ئەنئەنە ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇرمۇشىدا ھېلىھەم داۋام ئەتمەكتە .

.3قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا بەدەنگە گۈل چېكىش (سىزىش ) ئادىتى

بەدەنگە گۈل چېكىش - ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر خىل ئېستېتىك ئېڭى ، گۈزەللىك قارىشى ، بەدىنىنى ھەرخىل گۈل - نۇسخىلار بىلەن پەردازلىشى بولۇپ ، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرگە قارىغاندا بۇنداق ئېتىنىك ئادەتنىڭ خېلى قەدىمدىلا ئەجدادلار تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. "ئىپتىدائىي ئادەملەر ھايۋانلار سۈرىتىنى توتېم سۈپىتىدە بەدەنلىرىگە چېكەتتى ، بۇ بىر خىل توتېمغا چوقۇنۇش ئىدى . ئۆردەكنى توتېم قىلىدىغان قەبىلىلەردە ياشلار مۇراسىمغا قاتناشقاندا چوقۇندۇرغۇچىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۆردەك شەكلىنى ،

كۆز ئەتراپىغا چەمبەر ، قېشىغا سىزىق سىزىپ قويۇلغان. گۈل چېكىش تاش ۋە قۇلۇلە قېپى بىلەن تېرىنى تىلىش بولۇپ ، بۇنىڭ بىلەن تېرىدە قارا رەڭنىڭ قېنىق رەڭلىك قاپارتما ئىزلىرى قالاتتى " (سەنئەت ھوشۇر :"ئېستېتىكا ئاساسلىرى ئوقۇشلۇقى" ، 128 - 400 - بەتلەرگە قاراڭ) ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدەن بېزىكى مۇقىم ۋە ئۆزگىرىشچان بېزەك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . مۇقىم بېزەكلەر - بەدەنگە گۈل چېكىش ، بۇرنىنى تېشىش ، كالپۇكنى يېرىش ، قۇلاقنى تېشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .ئۆزگىرىشچان بېزەك بولسا پۆپۈك ئېسىش ، ھالقا سېلىش ، لېنتا چېگىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدەننى بوياش ، گۈل چېكىش ، ماي ، ئۆسۈملۈك سۈيۈقلۇقى ۋە لايىنى بەدەنگە سۈرۈش ئارقىلىق ھاشارات ۋە پاشىدىن مۇداپىئەلىنەتتى ۋە تېرىسىنى پاكلايتتى②".

"بىز ئىپتىدائىي ئادەملەر تۇرمۇشىدا تۈرلۈك زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى يەنى مونچاقلار ، سىرغىلار ئېسىلغانلىقىنى ، ئۈزۈكلەر تاقالغانلىقىنى ، ئىپتىدائىي ئا دەملەرنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق رەڭدار توپىدا جۇلالاندۇرغانلىقىنى ، ھەرخىل ئۆسۈملۈك بوياقلىرىدا يۈز ، قول ، پۇتىغا ، كۆكرەكلىرىگە نەقىش چېكىدىغانلىقىنى بىلىمىز . ئىپتىدائىي توتېم مۇراسىملىرى مۇنداق ياسىنىش ۋە بېزەك سېلىشنىڭ ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىدە ھەرخىل ، ئەمما تو لىمۇ باي ، رەڭدار بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.ئازادە كيىندۈرىدىغان ، بەدىنىنى قىزىل گۈل بىلەن بويايدىغان ، قاش ، كۆزىگە رەڭ بېرىدىغان ھالەتتە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى قەبرىلىرىدە كۆپلەپ تېپىلدى . شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ، ئالتاي ، قۇمۇل ، ئۈرۈمچى ۋە ئالغۇي كونا قەبرىلىرىدىكى جەسەتلەرنىڭ تارغاق ، مىس ئەينەك ، مارجان ، چاچ خالتىسى ،باغىرداق بىلەن دەپنە قىلىنغانلىقى ، بەدەنلىرىنىڭ قىزىل بويىلىپ ، قىزىل توپىغا كۆمۈلگەنلىكى بۇ خەلقلەر تۇرمۇش ئىستېتىكىسى تارىخىدىن بىزگە ئۇچۇر يەتكۈزدى ." (*2ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن :"قاتلاملىق ئېستېتىكا " ، 554 - بەتكە قاراڭ)

"يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن3800 يىل بۇرۇنقى ئەر -ئايال قۇرۇق جەسەتلىرىنى تاپتى.M 2 قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايال جەسىتىنىڭ يۈزى سوزۇنچاق ، بۇرنى قاڭشارلىق ، كۆزلىرى يوغان ، چاچلىرى قوڭۇر (ئاقارغان ) ، قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن ، پېشانە ، چېكە ، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز ، بۇرۇن ئۈستىدىن تاكى ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ئۆزگىچە گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان . بۇنىڭ ئىچىدە يۆگىمەچ شەكىل ئالاھىدە

گەۋدىلەنگەن. ئېڭىكى زىچ توقۇلغان قىزىل يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان. ئاخىرەتلىك گىرىم بۇيۇملىرى ئىچىدە ياغاچ ، مۇڭگۈزدىن ياسالغان ئىككى تال تارغاق ۋە قاش قەلەم تېپىلغان. ئەر جەسەتنىڭ پېشانە ۋە ئىككى چېكىسى ، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز ، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەك ئاستىغىچە سىرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش شەكلى ۋە قوچقارنىڭ يۈگمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلىك قىلىپ سىزىلغان . يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ب ىزگە بەدەنگە گۈل سىزىش (چېكىش )نىڭ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتە قوللانغان شەكىل ۋاستىلىرى ئىكەنلىكى ، ئۇ يالغۇز ئەڭ بۇرۇنقى بىزەك - پەرداز مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر - ئاياللاردىن ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدىنىگە گۈل سىزىشنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى ، جۈملىدىن ئۇ خىل بېزىنىشلەرنىڭ شەكىل ، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىر ى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى ." ("شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى" ، ئۈيغۇرچە ، 1997 - يىل 3 - 4 )- قوشما سان 56 - بەتكە قاراڭ.

يۇقىرىقى ئىككى جەسەتنىڭ يۈزىگ ە قىلىنغان گىرىملار ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە چىرايلىق بولۇپ ، ئايالنىڭ يۈزىگە سىزىلغان گۈل - چېچەك نۇسخىلىرى ئەينى دەۋر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىككە ، بولۇپمۇ گۈل - چېچەكلەرگە بولغان ھەۋىسىنىڭ بەكمۇ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلىسە ، ئەرنىڭ يۈزىدىكى نۇر چېچىۋاتقان قۇياش شەكلى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنىڭ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى ، قوچقار مۈڭگۈزى بولسا ئەرنىڭ باتۇرلۇقى ، ۋە كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلىگەن . ئېتنوگرافىيە ، مىللەتشۇناسلىق ، قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەرگە دائىر تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنىڭ يەنە بىر خىل مۇھىم مەنىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان . مەسىلەن ، تۆڭگۈس ئۇۋچىلىرى ئىچىدە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بەدەنلىرىگە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس گۈل - چېچەكلەرنى سىزىدىغان ئادىتى بار ئىكەن . ئۇلار يۈز ۋە بەدەنلىرىگە سىزىلغان ئەنە شۇ شەكىللەرگە قاراپ قارشى تەرەپنى (ياكى د ۈشمەن تەرەپنى ) ئېنىق ئايرىپ زەربە بېرىدىكەن. شۇڭا ، ئالىملار بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنى مىللەت ياكى قەبىلىنىڭ بەلگە - ئالامەتلىرى ، بىر توپ بىلەن يەنە بىر توپنىڭ شەرتلىك بەلگىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ ، دەپ قارايدىكەن . (شىنجاڭ مەدەنىيىتى " ،

ئۇيغۇرچە ، 1998-يىل 5 - 6 - قوشما سان ، 11 - 13 - بەتلەرگە قاراڭ (

مەسىلەن ، ئالتايدىكى بازىرىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئېلىنغان جەسەتنىڭ ئوڭ پۇتى ، ئىككى بىلىكى ، مۇرىسى ۋە مەيدىسىگە ھەرخىل ھايۋان بىلەن گۈل - گىياھلار چېكىلگەن بولسا ، زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان جەسەتنىڭ پېشانىسى ، مەڭزى ۋە بوينىغا ھەرخىل بەلگە - ئالامەتلەر سىزىلغان. مۇنداق بەدىنىگە گۈل چېكىلگەن جەسەتلەر يەنە كاپكازدىكى داغىستاندىن تېپىلغان ئەر - ئاياللىنىڭ يۈزى ، پېشانىسى ۋە بويۇنلىرىغىچە سىزىلغان. دېمەك ، بەدەنگە گۈل چېكىش ، يۈزگە بوياق بىلەن ھەرخىل شەكىللەرنى سىزىش ، بەدەنگ ە پەرداز قىلىش ئادەتلىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئېتنىك ئەنئەنە بولۇپ ، ئاياللاردا كۆپرەك كۆرۈلگەنلىكى مەلۇم . ( مۇبارەك ئاۋۇت :"قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى" ، "شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى" ، ئۇيغۇرچە ، 2000 - يىل 3 - سان ، 53 - 61 - بەتلەرگە قاراڭ. )

.4قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا ھەرخىل چاچ قويۇش ئادەتلىرى

چاچ قويۇش - چاچنى ھەرخىل شەكىل ۋە ئۇزۇن ، قىسقا قىلىپ ياساش ، چاچقا ھەرخىل ئۆسۈملۈك مېيى ۋە مەلھەملەرنى چېپىپ پارقىرىتىش قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا ئانىلىرىمىزنىڭ ئۆز چاچلىرىنىڭ ئۇزۇن - توملۇقى ، قارىلىقى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىدىغان غۇرۇرى ھېسابلانغان. شۇڭا ، يارىشىملىق سۇمبۇل چاچ قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك سىمۋولى ، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ گۈزەل ، سۇمباتلىق كۆرسىتىدىغان پەخرىي - غۇرۇرى بولۇپ كەلگەن .

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان چاچ شەكلىدىن قارىغاندا ، قەدىمكى ئانىلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە چاچلىرىنى ناھايىتى ئۇزۇن قويۇۋېتىشكەن . ئۇنىڭدىن كېيىن تارغاق بىلەن تاراپ ھەرخىل شەكىللەرگەكەلتۈرگەن. كېيىن يەنە چاچلىرىنى ئۆرۈپ ، ئۇزۇن قويۇۋېتىدىغان بولغان . ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويغان دەۋرى خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرلەرگىچە داۋام ئەتكەن . مىلادىيىدىن كېيىن بۇددىزم ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەندە ، چاچنى كېسىدىغان ، ھەر خىل شەكىللەردە بانتىلايدىغان ، چىرايلىق قىرقىم چاچ قويىدىغان ، چاچلىرىنى

بويايدىغان ، ھەتتا بۇدۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرگەن .ئىسلامىيەتتىن كېيىن يەنە ئىلگىرىكىدەكلا چاچلىرىنى بىر قانچە تال قىلىپ ئۆرۈيدىغان كونا ئادەتكە قايتىپ كەلگەن. مۇنداق ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىگە دائىر يادىكارلىقلار خوتەن ، لوپنۇر ، تۇرپان ۋە قۇمۇللاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەردە ناھايىتى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان .مەسىلەن ، 1979 -يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپنۇر رايۇنىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن قەدىمكى قەبر ىستانلىقنى قېزىپ ، يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىگە دائىر قىممەتلىك مول ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقتى. ئالاھىدە بولغىنى شۇكى ، بۇقەبرىستانلىقتىن بۇنىڭدىن 4000 يىللار بۇرۇن دەپنە قىلىنغان جەسەت (كروران گۈزىلى )نىڭ ئېگىكى سەل ئۇچلۇق ، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر ، قاش -كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق ، بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئىنچىكە ، كالپۇكى نېپىز ، چاچلىرى سۇس قوڭۇر بولۇپ ، مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇرىدۇ . جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بەش تال ياغاچ قونچاق ، بىر تال تاش قونچاق تېپىلدى. "بۇ قونچاقلارنىڭ باشلىرىغا ئۇچلۇق قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن ، چاچلىرى قىسقا ئۆرۈمە چاچ بولۇپ ، مۇرىلىرىگە چۇشۇپ تۇرىدۇ .

2*ۋاڭ بىڭخۇا :"كۆنچى دەريا بويىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ قېزىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات "، ش (ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى "تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى "، خەنزۇچە ، 233 - بەتكە قاراڭ ) 1976 - ، 1977 -يىللىرى يەنە ئارخېئولوگلىرىمىز تەرىپىدىن ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان "بەزى جەسەتلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن ئۆرۈلگەن ، بەزىلىرىنىڭ چېچىغا تور شەكىللىك (چاچ لىق )تارتىپ قويۇلغان "( ئابدۇقەييۇم خوجا :"يۇرتىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن ئومۇمى بايان "، ("شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى "، 1978 - يىل 2 - سانىغا قاراڭ (

ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان "ئالتۇندىن ياسالغان ئالاھىدە قىممەتلىك زىبۇ زىننەت بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى ھون ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن بۇيۇملارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن "③. 1959 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا نىيە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن نىسبەتەن ياخشىراق ساقلانغان 20 دانە قۇرۇق جەسەت تېپىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ چاچلىرى ھەرخىل شەكىللەردە بولغان .بەزىلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ شەكلىگە ئوخشىشىدۇ . 1985 - يىلى

ئارخېئولوگلىرىمىز يەنە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق يېزىسىدىن قېزىۋالغان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىمۇ يۇقىرىدا مەلۇم بولغان ئۆرپ - ئادەت ئەنئەنىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى تېپىپ چىقتى. زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق قەبرىگە (M2)تۆت جەسەت دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، قالغانلىرى ئايال ئىكەن. مۇشۇ ئەرنىڭ جەستى بىلەن بىر ئايالنىڭ جەستى ئۆز ئەينى ساقلانغان بولۇپ، تەبىئىي مومىياغا ئايلانغان. ئەر جەسەتنىڭ چاچ - ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يېرىم ئاقارغان، چاچ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى 3.0 مېتىر، چاچنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن 0.51مېتىر ئارىلىقىغا قىزىل يۇڭ يىپ قوشۇپ ئۆرۈلگەن، چاچنىڭ توملۇقى 5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، تۆت تال قىلىپ ئۆرۈلگەن. (ئابدۇقەييۇم خوجا :"يۇرتىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن ئومۇمى بايان "، "شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى"، 1978 - يىل 2 - سانىغا قاراڭ. )

ئارخېئولوگلار زاغۇنلۇقتىكى بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ "ئۇنىڭ كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى" مۇئەييەنلەشتۈرگەن. قۇمۇلدىن تېپىلغان ۋە دەۋرى بۇنىڭدىن 3200يىل بۇرۇن دەپ بېكىتىلگەن قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللار تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ قەبرىستانلىقتىن چىققان جەسەتلەرنىڭ "بەلگىچە چۇشىدىغان ئۆرۈمە چاچلىرىبولغان" ئەخمەت رېشىت، دولقۇن قەمبىرى :"تارىم ئارخېئولوگىيىسىدىكى بىر قېتىملىق زور تېپىلىش"، (شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژورنىلى "، 1986 - يىل 1 - سان 5 - بەتكە قاراڭ ).يەنە نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان 2000 -يىللار ئىلگىرىكى ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئالتە تال قىلىپ تال - تال ئۆرۈلگەن . دېمەك، بۇ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار قەدىمكى ھون، تۈرك، ئۇيغۇر ( 回 )لاردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمدىن تارىم ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە يا شىغان ئەجدادلىرىمىز بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئېتنىكداشلىق قاتارلىق جەھەتلىرىدىمۇ ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىزگە ئۆرۈمە چاچ قويۇشنىڭ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەش ۋە

گۆزەللەشتۈرۈشتە قوللانغان شەكىل - ۋاستىلىرى ئىكەنلىكىنى ، ئۇ يالغۇز ئەڭ بۇرۇنقى بىزەك -پەرداز مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت مەنىسىگىمۇ ئىگە (كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى سۆيگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى )ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بىللە يۈزىگە بوياق بىلەنھەر خىل شەكىللەرنى سىزغانلىقى ، ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدەنگە گۈل سىزىشنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى ، جۈملىدىن ئۇ خىل بېزىنىشلەرنىڭ شەكىل ، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى.يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيلى ئەر ياكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈمە چاچ قويغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن ، قۇمۇل رايونىدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال مېيىت ( بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى )نىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى ، پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇ بېشى دېگەن يېرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرگە (2 - نومۇرلۇق قەبرە )دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى يۈگەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان چاچ تورىغا تىقىلغان . 1983 -يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە ، مېيىتلارنىڭ ھەرخىل چاچ پاسونلىرى ئېنىقلاندى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۆرۈمە ، تال ئۆرۈمە ، قوش ئۆرۈمە ، ئەشمە چاچ ۋە ياسالما ئۆرۈمە چاچلار بار . ئەڭ كۆپلىرى 16 تال بولۇپ ، تاق ئۆرۈمە چاچلارنى ئۈچ ئېشىم چاچلارنى بىرىكتۈرۈپ بىر قى لىپ ئۆرۈگەن . بۇنىڭدىن باشقا ياسالما (سالغان )چاچلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ ، بىرىنچى خىلى ئۈچ تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر قىلىپ ئۆرۈگەندىن كېيىن ئاشۇ خىل ئۈچ دانە ئۆرۈمە چاچنى يەنە بىرىكتۈرۈپ بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرۈگەن . ئىككىنچى خىلى ئالتە تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرۈگەن ( "شىنجاڭ مەدەنىيىتى" ژۇرنىلى ، 1998 - يىل 5 - 6 -قوشما سان ،11 - 12 -بەتتىن ئېلىندى ( . ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ نويان تاغلىرى ئەتراپىدىن قېزىلغان ھونلارغا ئائىت قەبرىلەردىن 17 تال يۆگەپ شويىنىنى قوشۇپ ئۆرىگەن چاچ تېپىلغان "北方文物 "( ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىل 4 - سان 66 -بېتىگە قاراڭ.( ئارخېئولوگىيىلىك ، ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسى (ۋە باشقا رايونلار ) دا ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغاندەك قىلىدۇ . چۈنكى ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى "تۈركىي تىللار دىۋانى " دا خوتەن - قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش

ئادەتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بايان قىلغان . لېكىن ، ئەرلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا توختالمىغان. مەسىلەن ، "تۈركىي تىللار دىۋانى I "توم 129 - بەتتە: (ئۆرگۈچ - ئۆرۈمە چاچ ) ؛ (ئۆرۈمە ساچ- ئۆرۈمە چاچ I (توم 175 - بەت . (ئۆنىك ) چۈپۈرچاچ-ياسىما چاچ I )توم 182 - بەت ) ؛(ئۆنىكلەندى- چاچ سالدى ( I توم 140 - بەت . (ئۇراغۇت ئۆنىكلەندى)خوتۇن چاچ تاقىۋالدى ، يەنى چۈپۈرىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى I )توم 409 - بەت.( ئومۇمەن ، ھەر خىل شەكىللەردىكى ئۆرۈمە چاچلارنى قويۇش ، ياسالما (سۈنئىي ) چاچلارنى سېلىش ، بېزىنىش ئادەتلىرى بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە دەۋرمۇ - دەۋر ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردە تېخىمۇ كۆپ خىل شەكىلدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مىللەتلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ، بېزىنىش ئادەتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر خوتۇن -قىزلىرىدا ھەرخىل ئۆرۈمە چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن.( "شىنجاڭ مەدەنىيىتى" ژۇرنىلى ، 1998 - يىل 5 - 6 - قوشما سان ، 11 - 12 - بەتتىن ئېلىندى( .

ئۇيغۇرلاردا توي قىلمىغان قىزلارنىڭ چېچى ئون بەش ، ئون يەتتە ، يىگىرمە بىر ھەتتا ، قىرىق بىر قىلىپ ئۆرۈلىدۇ . ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاڭ (شىللە ) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللە قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ .توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن قىزنىڭ كوكۇل چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ. ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياغاق سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ . چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ ، ئۇلار ياغاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش ، يەتتە ، توققۇ ز ... تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ . بۇ ، تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ .ياشانغان (نەۋرىلىك بولغان ) ئاياللار ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ ... دېمەك ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۈرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ قىز ، چوكان ، جۇۋان ، ياشانغان ئايال ... ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ (ئا. راھمان قاتارلىقلار تۈزگەن : "ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى " ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1996 - يىل نەشرى ، 156 - بەتكە قاراڭ (قىسقىسى ، چاچ پاسونلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇ يغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆز گۈزەللىكىنى يارىتىشتا كەم بولسا

بولمايدىغان ئۆلچەملەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن .ئاياللار ئۆز چاچلىرىنىڭ ئۇزۇن ، توملۇقى ، شۇنداقلا قارىلىقى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى ، سۇمبۇل چاچ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولىدۇر.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ شەكلىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، تارالغان چاچ شەكلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نىكاھ ئەھۋالى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن ، ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچىنى ئون بەش ، ئون يەتتە ، يىگىرمە بىر ، قىرىق بىر تال قىلىپ تا ق ئۆرۈيدۇ ، پېشانىسىدە كوكۇل چېچى بولىدۇ ، شىللە "پاتاك " قىسمىدىكى چېچىنىڭ ئاستى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن ، كوكۇل چېچى ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ ، سۇمبۇل چېچى جۈپ قىلىنىپ ، ئۇنىڭغا ياڭاق سىكىلەك چاچ قويۇلىدۇ. ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان ياش ئاياللار جۇۋان دەپ ئاتىلىپ ، ياڭاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش ، يەتتە ، توققۇز تال قىلىپ تاق ئۆرۈيدۇ. بۇ شۇ ئايالنىڭ تۇللۇقىنىڭ بەلگىسى .نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالچۇق ، ياڭاق چاچلىرى بولمايدۇ .ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ، ئۇنى چاچ تەڭگە بىلەن جۈپلىۋال ىدۇ . يەنە بىر خىل چاچ شەكلى - چاچنى يالغۇز بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋېلىش بولۇپ ، بۇ شۇ ئايالنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى ، جۈپ ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان چاچ ئاسراشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن .شۇڭا ، ئۇلار چاچقا پايدىلىق بو لغان نۇرغۇن پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن ، يىلىم -يىلىم جىگدىدىن قايناپ چىقىدىغان شىلىمسىمان بىر خىل ماددا بولۇپ ، رەڭگى دىۋىرقايغا ئوخشاش سېرىق ، پارقىراق ، يېپىشقاق كېلىدۇ .ئەجدادلىرىمىز يىلىمنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان چاچ پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۇنى چېچىغا چېپىپ كەلگەن. يەنە چاچ ئاسراشتا قوي مېيى ، سىيادان يېغى قاتارلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. چۈنكى ، قوي مېيى ۋە سىيادان يېغى جانسىز ، قۇرغاق ، ئېلاستىكلىقى قالمىغان چاچلارغا ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ ، داۋاملىق ئىشلىتىپ بەرسە ، ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ . سىيادان يېغىنىڭ يەنە چاچقا بالدۇر ئاق چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىمۇ بار (دىلئارا ئابلىمىتنىڭ "ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى" ،"شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژورنىلى" ، ئۇيغۇرچە ، 2001 -يىل 1 -سانىدا نامىلىق ماقالىسىدىن ئېلىندى(.

تۇخۇم -كۇندىلىك ئىستېمال بۇيۇمى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ ئاسراش بۇيۇمى بولۇپ ، چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدۇ. تۇخۇم چاچنى يۇمشاق ، پارقىراق قىلىش رولىغا ئىگە .قېنىق دەملەنگەن چاي -

قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن  چاچنى يۇغاندا چاچنىڭ چۇشۇشى ۋە چاچنىڭ كېپەكلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، چاچنى يۇمشاق ۋە پارقىراق قىلىدۇ. يۇقىرىقىلار قەدىمكى ئانىلىرىمىزدىن تارتىپ هازىرقى قىز- چوكانلىرىمىزغىچە ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن چاچ ئاسراش -ئۇستۇرۇشكە دائىر ئېتنىك ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

5.قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا گىرىم قىلىش -گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش ئادەتلىرى قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا هەر خىل بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ گىرىم قىلىش ، گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىش ئادىتى ئۇلار هۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتتىن -ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن باشلانغان .
مەلۇمكى ، دىيارىمىزدا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئىپتىدائىي پادىلارچە تۇرمۇش شەكلىدىن ئانا ئۇرۇقى - تۇنجى ئاڭلىق نەسىلداشلىق جامائەسگە ئۆتۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ چاغدا دائىمىي تۇرار جاي ، كوللېكتىپ ئەمگەك ، ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ بىرقەدەر زاپاس ساقلىنىشى ، پائالىيەت رايونلىرى ۋە پائالىيەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى ، نەسىل كۆپەيتىش ئېهتىياجىنىڭ جىددىي بېسىمى ، يات جامائەلەر ۋە ئۇرۇقداش جامائەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئانا    رەهبەرلىكىدىكى ۋە يېتەكچىلىكىدىكى ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۈردى    .
ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپتە ئانا هوقۇقىنى ئاساس قىلغان تەشكىلات ئانا ئۇرۇقى جامائەسى( پاترىئارخاللىق ) تۈزۈمىدىن باشلانغان .ئانا ئۇرۇقى جامائەسى دىيارىمىز ئاهالىلىرى تارىخىدا ئى   ىپتىدائىي قانداشلىق ، ئۇرۇقداشلىق ئېتنولوگىيىلىك ئاڭ بىلەن ئىپتىدائىي هوقۇق -   نوپۇز ئېڭىنى نامايەندە قىلدى  .شۇ ئاساستا ئىپتىدائىي تەبىئەت ۋە ئىلاهىيەت قاراشلىرى ، ئەم - ئېرىم ئادەتلىرى ، فولكلور ۋە مۇراسىم رىجىلىرى مەيدانغا كېلىش بىلەن تەڭ ئانىلار ئەرلەردىن يەرقلىق هالدا ئۆزىنى تۈزەشتۈرىدىغان ، يۈز -      كۆز ، قاش -  قاپاقلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن گىرىم قىلىدىغان ، روهىي گۈزەللىكى ۋە جىسمانىي گۈزەللىكنى نامايان قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بىر قاتار گۈزەللىك ئادىتىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى  .بۇ ئادەت بارغانچە ئەۋج ئېلىپ ئانى   لىق ئۇرۇق جامائەسىنىڭ روشەن ئالاهىدىلىكى سۈپىتىدە رەسمىي يوسۇنلاشتى هەمدە ئانىلار بىلەن قىز -   چوكانلارغا ئورتاق بولغان گىرىم قىلىش ئادىتى هەرخىل ئېتنولوگىيىلىك ئەنئەنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، تېخىمۇ بېيىپ بۇددا ، مانى ۋە ئىسلام دەۋرلىرىدىمۇ ئادەت كۈچىنى يوقاتماي داۋاملىشىپ كەلدى .

بىز قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ گىرىم قىلدىغانلىقى ۋە ھەر خىل گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلارنى يەنە 4000 يىللار ئىلگىرىكى كروران گۈزىلىگە ئوخشاش نازاكەتلىك ، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن ، يۈز - كۆزلىرىگە گىرىم قىلىشتىن تاشقىرى بەدەنلىرىگىچە ھەر خىل رەڭدىكى نەقىشلەر چېكىۋېلىشىدىن ، جەسەتكە بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ، سېھىرلىك كۈچ دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمار ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىدىن ، قەبرىگە كۆمۈلگەن رەڭدار گىرىم بۇيۇملىرى خالتىلىرىدىن ۋە گىرىم بۇيۇملىرى قاچىلانغان ياغاچ قۇتىلاردىن قەدىمكى ئانىلىرىمىزدىكى بۇ ئېتىنىك ئادەتنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز .

مەلۇمكى ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان ديارىمىز ئاھالىلىرى توپ - پادا ھالەتتە ، ۋارۋارلىق ، نادانلىق جەمئىيەتتە ياشاۋاتقاندا ئۇلار تېخى مۇئەييەن ئىستېتىكىلىق تەلىماتقا ئىگە بولالمىغان. ئۇ چاغلاردا ئانىمىزم( تەبىئەتنى ئىلاھلاشتۇرۇش )كۆزقاراشلىرىدىن باشقا ئۇقۇملار پەيدا بولمىغان. كىشىلەر بۇ مۇقەررەرلىك ئالىمدە غىل - پال يېنىپ ئۆچكەن ئەقىل ۋە گۈزەللىك ئېڭى سەنئەت يورۇقلۇقىدىن پەخىرلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش بىلەن چەكلەنگەن . ئەجدادلىرىمىز ھاياتىدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى ، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ، ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ ھايۋانات ئوبرازى بىرىنچى ئېستېتىك ئورۇندىن قالدى . بۇ چاغدا خېلى مۇستەھكەم ئادەتكە ئايلانغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت - نەزىرى ئەجدادلارنىڭ ئۆزىگە ، ئەجدادلار ئوبرازىغا قارىتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئانىلىرىمىز ئۆزىنى تونۇپ ، ئۆزىنى تەشكىللەپ ، ئۆزىنى ئۆيۈشتۈرۈپ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي گىرىم سەنئىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەز مۇننى بېيىتىشقا كىرىشكەندى . ئۇلار دەسلەپ ھايۋان سۆڭەكلىرى ، چىش ، تىرناقلىرىنى ۋە رەڭدار تاشلارنى زىننەت بۇيۇمى قىلغان بولسا ، كېيىنچە تاشتىن ، سۆڭەكتىن ، مىس ، تۆمۈردىن ، ئالتۇن - كۈمۈشتىن زىننەت بۇيۇمى تاقاشتى ، رەڭدار تاشلارنى ئۇۋۇتۇپ ئۇپا - ئەڭلىك ياسىدى . يۈزلىرىگە قان ۋە باشقا ئۆسۈملۈك سۈيىدىن گىرىم قىلىدىغان بولدى. ئاش بوياق ۋە تاش سۈرمىلەر ئىشلىتىشتى . ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭ ، ئىككى مىڭىنچى يىللار ئالدى - كەيىندە خېلى مۇستەھكەم ئۆرپ - ئادەتكە ئايلانغان گىرىم سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈردى .

"مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى غەربىي خەن دەۋرلىرىدە بۇددا دىنى ۋە باشقا ھەرخىل دىنلارنىڭ غەربىي يۇرتقا ئېقىپ كىرىشى بىلەن ئانىلىرىمىزنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇلىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشۇلغان . ئۇ بولسىمۇ "ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە ،

"3سىزىقلىق رەڭدار گىرىم قىلىش ئۇسۇلى " ئىدى. بۇنداق گىرىم قىزىل، يېشىل رەڭلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە سىزىقچە شەكلىدە سىزىلغان بولۇپ، سىزىلىشىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە، نەپىسلىكىدىن قارىماققا تەبىئىيدەك كۆرۈنىدۇ . لوپنۇر ناھىيسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتنىڭ پېشانىسىگە دەل مۇشۇنداق گىرىم قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى لوپنۇر چارۋىچى ئاياللىرىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى ۋە ئۆزگىچە سالاپىتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن"( لى شياۋبىڭ :"جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات "، 1995 - يىل 8 - ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 193 - 195 - بەتلەرگە قاراڭ )

"نىيە خارابىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن مىس ئەينەك، ئۇپا خالتىسى، ئەگلەك خالتىسى قاتارلىق قىممەتلىك يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى . ئەينەكنىڭ دىئامېترى 12.4سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.6سانتىمېتىر بولۇپ ،ياسىلىشى ئىنتايىن سۇپەتلىك .تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىنتايىن يېڭى ۋە پارقىراق ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان .(③لى شياۋبىڭ :"جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم -كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات "، 1995 - يىل 8 - ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 193 - 195 - بەتلەرگە قاراڭ M4" ( . قەبرىدىن بىر دانە مىس ئەينەك تېپىلغان بولۇپ دىيارىمىزدا ياسالغان، ئەينەكنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يىپ ئۆتكۈزۈش تۆشۈكچىسى ( مونكى ) بار. مونكىنىڭ دىئامېترى 2.4سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 1.2سانتىمېتىر كېلىدۇ .مۇشۇ قەبرىدىن يەنە كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان ئايرىم -ئايرىم ھالدا قارا ۋە قىزىل رەڭلىك بوياق قاچىلانغان گىرىم قاپچۇقىمۇ تېپىلغان ".

")شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى"، ئۇيغۇرچە، 1999 - يىل 2 - سانىغا قاراڭ(

" ئۇپا خالتىسى قوغۇشۇن ئۇپىسىنى قاچىلايدىغان خالتا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ .خالتىنىڭ سىرتىغا قىزىل، يېشىل رەڭلەردە ئۇسۇملۈك ۋە گۈل - چېچەكلەر كەشتىلەنگەن . خالتىنىڭ ئېغىزى چىگىلگەن، ئىچىگە نۇرغۇن گىرىم تاشلىرى قاچىلانغان، قوغۇشۇن ئۇپىسىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكتىن، ھازىر تاش پارچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن .ئەگلەك خالتىسى سېرىق يىپەكتىن تىكىلگەن، ئىچىدە ئازراق ئوچۇق قىزىل رەڭلىك ئەگلەك قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خالتىنىڭ ئېغىزى ئاق رەڭلىك يىپەك يىپ بىلەن باغلانغان، خالتا ئېغىزىنىڭ يان تەرىپىگە پاختا قالدۇقى قويۇلغان بولۇپ، رەڭگى جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. بەلكىم بۇ ئايال جەسەتنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئەگلەك سۈرتكۈچى بولۇشى مۇمكىن ③. يۇقىرقى

گرىم بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنلا چىراي گۈزەللىكىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قارىشى ۋە ماددى بى ، مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ، گرىم قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەممە غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سودا - مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ، گرىم قىلىش ئادەتلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ ، ئىچكىرى ئۆلكە ئاياللىرىغا يېڭىلىق ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ملادىيە 3 - ، 4 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە ، بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ ئومۇملىششى ئاياللارنىڭ گرىم ئۇسلۇبىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇ دەۋردە "غەربىي يۇرت ئاياللىرىدا ، پېشانىسىگە سېرىق رەڭدە گرىم قىلىش مودا بولغان. بۇ خىل گرىم سېرىق رەڭلىك ئۇپىنى پېشانىسىگە سۈرۈش ياكى سېرىق قەغەزلەرنى يۇلتۇز ، ئاي ، گۈل ۋە قۇشلارنىڭ قۇيرۇقى شەكلىدە كېسىپ پېشانىسىگە چاپلىنىدۇ . قوجۇ تۇيۇق خارابىسىدىن تېپىلغان رەختنىڭ ئۈستىگە چاچلىرىنى بانتىلىۋالغان ، پېشانىسىگە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سېرىق رەڭدە گرىم قىلىۋالغان . بۇنداق گرىم ئاياللارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ۋە خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن .(" لى شياۋبىڭ :"جوڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكى ھەققىدە تەتقىقات" ، 1995 - يىل 8 - ئاي ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى ، 193 - 195 - بەتلەرگە قاراڭ(

ملادىيە 7 - ، 8 - ئەسىرلەر مەزگىلىدە دىيارىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ گرىم قىلىش ئۇسۇلىمۇ كۆپ خىللا شقان ، پېشانىسىگە سېرىق رەڭدە گرىم قىلىش دىيارىمىز ئاياللىرى ئىچىدە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان . بۇ دەۋردە ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە سىم ئالتۇندىن كىيىم تىكىش مودا بولغاچقا ، بۇ خىل گرىم ئەنە شۇ ئالتۇن كىيىمنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . تاڭ دەۋرىدە دىيارىمىز ئاياللىرىنىڭ تولغان بولۇشى گۈزەللىك دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا ، ئاياللار گرىمنى ئاشۇ خىل بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە يۈز شەكلىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە يېڭى ئۇسۇلدا گرىم قىلىدىغان بولغان . بۇنىڭ تىپىك مىسالى قاشلىق ئېتىش بولۇپ ، ئاياللار دۈپدۈگىلەك ، سېمىز يۈزلىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن " قاشلىرىنى توم ۋە قىسقا سىزىدىغان بولغان. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىغا سىزىلغان "قورشاۋ شاھمات ئويناۋاتقان ئاياللار" نىڭ رەسىمىدە ئۇلارنىڭ قاشلىرى دەل ئاشۇنداق سىزىلغان ( *2 مۇبارەك ئاۋۇت :"قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ

گىرىم سەنئىتى " ، "شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى " ، ئۈيغۇرچە ، 2000 - يىل 3 - سان ، 53 - 61 - بەتلەرگە قاراڭ ). بۇ مەزگىلدە ئاياللار پېشانە پەردىزىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن .

مەنبەسى : بۇلاق ژورنىلى

كۆرۈلگىنى:108قېتىم

ۋاقتى :2008-1-2

## مىكئۆيلەر نىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكى

ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە ، دەپ قارىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىكئۆيلىرى يالغۇز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ، سەنئەت ، ئېتىقاد ۋە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۇرگەن بىباھا تەۋەررۈك بولۇپلا قالماي ، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بىر پۈتۈن سەنئەت خەزىنىسىدۇر .

بۇددا مىكئۆيلىرى - جايلاشقان ئورنى ، قېزىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بېزەكچىلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ ، بۇنداق ئۆزگىچە مىمارچىلىق شەكلىنى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئەجدادلىرىمىز ئىجاد قىلغان ھەم ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن.

جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئېيتقاندا ، يۇرتىمىزدىكى مىكئۆيلەر ئاساسەن دەريا - ئېقىن بويلىرىدىكى چۆكۈندە تاغ جىنسىلىرىغا جايلاشقان.

دەريا -ئېقىن بويلىرى مىكئۆي سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى قىلىنغان مەسىلەن ، كۇسەن مىكئۆيلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان قىزىل مىكئۆيى قىش - ياز سۇ ئۆكسۈمەيدىغان قىزىل - مۇزئارت دەرياسىنىڭ بويىدىكى تاغقا جايلاشقان . قۇمتۇرا مىكئۆيى ئۆگەن دەرياسى باش لىنىدىغان تاغ جىلغىسىغا ، مازارباغ مىكئۆيى كۇچار دەرياسى بويىغا ، قىزىلقاغا مىكئۆيى كۇچار ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ جىلغىسىنى بويلاپ

غەربىي ۋە شەرقىي قىرغاقلارغا قېزىلغان.

دېمەك ، ئەجدادلىرىمىز مىڭئۆيلەرنى قېزىش ، بېزەش ، مىڭئۆيلەردە ئىستىقامەت قىلىش ، ب ۇددا نوملىرىنى مۇتالىئە قىلىش ، بۇد سەيلىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق بۇددا پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە خىلۋەت جايلارنى تاللاش بىلەن بىرگە ، سۇدىن ئىبارەت ھاياتلىق مەنبەسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن . ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا يەر شەكلى ، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ئەھۋالى ، ئىقلىمى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا يەنە سۇغا يېقىن بولۇش ئالاھىدىلىكىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان.

بۇنداق ئالاھىدىلىك يالغۇز كۇسەن تاشكېمىرلىرىگىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىدىكى مىڭئۆيلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئالاھىدىلى ك ھېسابلىنىدۇ .مەسىلەن ، توغراقئېقىن بويىغا جايلاشقان توقسۇ ناھىيىسىدىكى توغراقئېقىن مىڭئۆيى ، پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان تۇيۇق مىڭئۆيى ، ئاتۇش شەھرىنىڭ ئۇستۇنئاتۇش يېزا چاقماق دەرياسى بويىدىكى تاغ ئېتىكىگەجايلاشقان «ئۈچ تۆشۈكلۈك ئۆڭكۈر »قاتارلىقلار .مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىن ئۆزىنىڭ خوتەندە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە:«گۇمات - قاراقاش دەرياسىنىڭ كونا نامى.گۇمات ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى بۇ دەريانىڭ شەرقىدىكى تاغدا بولۇشى مۇمكىن. ھازىرمۇ بۇ تاغدا مىڭئۆيلەر ساقلانماقتا » دەپ يازىدۇ.

ئومۇمەن ، مىڭئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى خىلۋەت ، مەنزىرىلىك جايلاردىكى تاغ قاپتاللىرىغا قېزىلغاندىن باشقا ، يەنە بىر قىسمى كېسەك ۋە توپا - تاشلاردىن قوپۇرۇپ ياسالغان .مەسىلەن ، تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيگە ئوخشاش . تاغ جىنسلىرى ، كېسەك ، كاھىش ، تاش ، ياغاچ ، خىش قاتارلىقلار بۇددا مىڭئۆي بىناكارلىقىدىكى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنغان بولسا ؛ گەج ، مىس ، ئالتۇن ، يىلىم ، سىر قاتارلىقلار ئاساسلىق زىننەتلەش ماتېرىيالى بولغان.

ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرى كىچىك تىپتىكى جەسەت كۆلى مۇنارچىلىرى ، تاشكېمىر ئېھراملىرى ، بۇددا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان سۇپىلار ۋە تەكچىلەردىن تەشكىل تاپقان . مەرھۇم ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: »ھازىر كۇچار ، باي ناھىيىلىرىدە ، تۇرپان ، پىچان ناھىيىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان تاشكېمىرلەر (مىڭئۆيلەر ) ئەينى زاماندا تاغ - سۇلۇق ، خىلۋەت جايلارغا ياسالغان بىر قاتار بۇددا ئىبادەتگاھلىرى قۇرۇلمىلىرى سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، ئۇ يەنە بۇددا مۇنارلىرى ، نەزەرگاھ تۇرلىرى ، جەسەت كۆلى مۇنارلىرى ، باغ -

ئارامگاھ ، يول - كۆۋرۈكلىرى ، پائالىيەت ياكى يىغىلىش مەيدانلىرى قاتارلىقلارنىمۇ مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. بۇلارسىز نوقۇل ھازىرقىدەك تاشكېمىر (مىڭئۆي)لەردە مىڭ يىللاپ سوزۇلغان تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . نوقۇل تاشكېمىر (مىڭئۆي)لەر بىناكارلىقمۇ پەلەمپەيلەر ، ۋادەكلىك دەھلىز - كارىدورلار ، ئىشىك - دېرىزە ، تۈڭلۈكلەر بىلەن تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى.»

مىڭئۆيلەردىكى جەسەت كۆلى مۇنارى سانسكرىتچە sarira دەپ ئاتالغانبىرقەدەر كىچىك بولۇپ ، ئۇنىڭدا راھىب ، بىكسۇ بىكشۇلارنىڭ جەسەت كۆلى ساقلىناتتى . رىۋايەت قىلىنىشچە ، ساكيامۇنى قازا قىلىپ كۆيدۈرۈلگەندە ، جەسەت كۆلى مە رۋايىت بولۇپ چىققان ۋە ئۇنى سەككىز دۆلەت پادىشاھى تەۋەررۈك بىلىپ ئېلىپ كېتىشكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئاشۇ ئادەت بويىچە قازا قىلغان بۇددىستلارنىڭ جەستى كۆيدۈرۈلۈپ كۆلى مۇنار ئىچىگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنار «جەسەت كۆلى مۇنارى » دەپ ئاتالغان. بۇنداق مۇنارلار كاھىش ياكى ياغاچلاردىن ياسالغان.

ئېھراملار - بۇددا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان ، تېۋىنىش ۋە بۇددا دىنى بويىچە ۋەز - نەسىھەت ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت ئورنى بولۇپ ، كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولغان. ئادەتتە تاشقىرىقى ھۇجرا بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

ئىستىقامەت ئۆيلىرى- راھىبلارنىڭ ياتاق ئۆيلىرى ، ئېتكاپخانىلار ، بىكشۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۆيلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان . بۇنداق كېمىرلەردە تام تۈۋىگە ئۇرۇن - تۆشەك سۇپىسى ، ئېتىكاپ ئورنى ، يان ئوچاق ۋە قازناقلار ئويۇپ چىقىرىلغان .

مىڭئۆيلەر بىناكارلىق قۇرۇلما شەكلى جە ھەتتىن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ . ئۇنىڭ بىرى «چايتا » دەپ ئاتالغان ھۇجرىلار بولۇپ ، بۇنداق ھۇجرىلاردا تۈۋرۈك (قازغاندا قالدۇرۇپ قويۇلغان تەبىئىي تۈۋرۈك ) بولىدۇ. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق ئايۋانلار بار بولۇپ ، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن . يەنە بىرى «ۋىخارا » دەپ ئاتىلىدىغان ھۇجرىلار بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈك يوق ، بەزىلىرى سوزۇنچاق ، بەزىلىرى چاسا شەكلدە ياسالغان . ئۇلار ئاساسەن دەرسخانا ، ئېتكاپخانا ۋە راھىب ھۇجرىلىرى قىلىنغان.

بىناكارلىق سەنئىتى دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مىڭئۆيلەرنىڭ بەزىلى رى سوزۇنچاق شەكلدە ، بەزىلىرى تۆت بۇرجەك ياكى يۇملاق گۇمبەز شەكلدە ۋە ياكى قەپەز شەكلدە قېزىپ ياسالغان . ئۇلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى

ئاددىي سىزىق بىلەن ئىپادىلىگەندە شەكلىنى ھاسىل قىلدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنداق شەكىلدە مىڭئۆيلەرنى روياپقا چىقىرىشىنى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، بۇنداق قۇرۇلمىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى، مۇستەھكەم بولۇپلا قالماي، بەلكى قىش پەسلىدە ئىسسىق، ياز پەسلىدە سالقىن بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنداق بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجداد قىلغانلىقى ۋە ئىزچىل تۈردە قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇم.

مىڭئۆيلەردە ساقلىنىپ قالغان نەقىش، بېزەكلەر ۋە زىننەت نۇسخىلار مىڭئۆي بىناكارلىق سەنئىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز مېتىن بىلەن تاغ جىنىسلىرىنى قېزىپ ھۇجرا ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن مىڭئۆيلەرنىڭ تېمىغا نۇرغۇن تۆشۈكلەرنى تېشىپ، قارا سۇۋاق بەرگەندىن كېيىن سامان، توزغاق، يۇڭ ياكى چەيلەنگەن كاناپ ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن ئۈستىدىن سىلىق سۇۋاق بەرگەن؛ ئاندىن تۇخۇم شاكىلى قېلىنلىقتا يىلىم ئارىلاشتۇرۇلغان بوياق بىلەن پەردازلىغان ياكى گەج بىلەن ئويما، قاپارتما نەقىش ئىشلىگەن؛ ياغاچ دېتاللىرى ئويمىچىلىق ئۇسلۇبى بىلەن بىۋاسىتە رەڭلىك سىزىش ئۇسۇلىدا نەقىشلەنگەن. تام سىزما ۋە نەقىشلەردە قىزىل، ئاق، سېرىق، كۆك، يېشىل، بېغىرەڭ قاتارلىق رەڭلەر ئىشلىتىلگەن.

مىڭئۆيلەردىكى بىناكارلىق شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلەر تامامەن دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق مەدەنىيىتى دائىرىسىدە ئىشلەنگەن. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئۆي - ئىمارەتلەرگە چىقىرىلىدىغان قاتار تەكچە ۋە مەرەپلەر؛ مازار - قەبرىلەردە ياسىلىدىغان گۈمبەز شەكىللىك نۇسخىلار؛ مەسچىت - مەدرىسىلەردە چىقىرىلىدىغان ھەر خىل قىرلىق، بۇرجەكلىك شەكىللەر؛ ئۆيلەردە ياسىلىدىغان ئۇدۇل مورىلىق ئۇچاقلار ۋە باشقا شەكىل - نۇسخىلارنىڭ ھەممىسى مىڭئۆي ھۇجرىلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مىڭئۆي ھۇجرىلىرىدىكى نەقىش -بېزەكلەر ۋە زىننەت نۇسخىلىرىنىڭ بۇددىزم رەسىملىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ ئېستېتىك تەسىرىنى كۈچەيتىش، ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ «گۈزەللىكى»نى ۋە سەلبىي ئوبرازلارنىڭ «قەبىھلىكى»نى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈشتە، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك جەھەتتىن زور ياردىمى بولغان.

مىڭئۆي ھۇجرىلىرىدا ئىپادىلەنگەن بىناكارلىق شەكىللىرى، نەقىش - بېزەكلەر ۋە كۆركەم ئەۋرىشىم نۇسخىلار ئارقىلىق

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل گۈل نۇسخىلار ئىچىدە قاندىقىنى «گۈزەل » دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى ؛ ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنى چۈشىنىش ، ئىپادىلەش ، ھېسسىياتىنى ؛ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجتمائىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، بۇددا ساڭراملىرىنى سېلىش ، مىڭئۆيلەرنى قېزىپ ئۇنى بۇددا م ەزمۇنىدا بېزەشكىلا ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ ساڭرام ۋە مىڭئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ، يەنى يەر تۈزۈلۈشى ، تۇپرىقى ، ھاۋا كىلىماتى ، تاغ جىنىسلىرىنىڭ تەركىبى ، گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە شۇ جايدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ، ئاندىن قۇرۇلۇش ئورنىنى بېكىتكەن .

ئەينى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇ قىيىنلىق دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى بولغان غايەت زور بىناكارلىق نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇنداق قاتتىق تاغ جىنىسلىرىنى تېشىش ، قېزىش ۋە ئۇنى ئۇيغۇر بۇددىزمىغا لايىق ئىمارەت شەكلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىنلا ئەمەس ، بەلكى ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ، مۇستەھكەملىكى قاتارلىق تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىكنى بۈگۈنكى كۈندىكى بىناكارلىق سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرسا ، كىشى ھەيران بولماي قالمايدۇ . يەنە كېلىپ شۇنچە كۆپ مىڭئۆيلەرنى قېزىش ئۈچۈن قانچىلىك ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچ ، شۇنداقلا قانچىلىك ۋاقىت كەتكەنلىكنى مۆلچەرلەش ھەقىقەتەن تەس . شۇنداقتىمۇ ئەجدادلىرىمىز مىڭئۆي بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئوتتۇرا ئىقلىم رايونلىرىنىڭ بۇددا قۇرۇلۇشلىرىغا غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ، دېيىشكە پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز.

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 - يىل نەشرى ، 120 - ، 121 - بەتلەر.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن : «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1988 - يىل 8 - ئاي

نەشرى ، 188 - بەت.

ئالمجان مەخسۇت ، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بناكارلىق تارىخى» ، شنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 -يىل 12 -ئاي نەشرى ، 173 - ، 176 - ، 177 - بەتلەر.

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى:«قىزىل مىڭئۆينىڭ بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى سانى ، 4 - بەت.

مەنبەسى : جوڭگو مىللەتلىرى

كۆرۈلگىنى:100قېتىم

ۋاقتى :2008-2-11

---

مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى

ئابدۇقادىر ئىممەت

شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئۆرپ-ئادەتلەر

تۇتېم ئېتىقادچىلىقى ئۇيغۇرلاردا نەچچە مىڭ يىللاپ ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ، تۇتېمغا چوقۇنۇش ۋە ئەجدادقا چوقۇنۇشنى مەزمۇن قىلغان ئىپتىدائىي دىن شامان دىنى پەيدا بولدى. تەتقىقاتلار ۋە قىيا تاش سىزمىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، شامان دىنى ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ ئەڭ شىمالىدىكى چەت-ياقا جايلاردا تەخمىنەن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى پەيدا بولۇپ ، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ( 7 - 8 مىڭ يىللار ئىلگىرى ) ئېلىمىزگە تارقالغان ئىكەن. ئېلىمىزدە مانجۇلار (17-ئەسىرگىچە) ، موڭغۇللار (13 -ئەسىرگىچە) ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر (8 -ئەسىرگىچە) شامان دىنىغا چوقۇنغان ئىكەن .

« شامان» دېگەن سۆز ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەردىن مانجۇ- تۇڭگۇس تىللىرىدىكى «سامان» دېگەن سۆزدىن

كېلىپ چىققان بولۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار «قام » ، «كام » دەپ ، كېيىنچە «ياخشى » ، «پېرەخون » ، «داخان » ، «جىنكەش» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئاتالغان .

شامان دىنىنىڭ قارىشىچە ، ھەممە نەرسىدە روھ بولىدىكەن . روھ ئۆلمەيدىكەن. شامان دىنى كۆپ تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان دىن بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاسمان تەڭرىسى ، يەر تەڭرىسى ، سۇ تەڭرىسى ، ئوت تەڭرىسى... دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان تەڭرىلەر بولىدىكەن. لېكىن بۇ دىنىنىڭ ھەممىگە ئورتاق كىتابى ، بىرلىككە كەلگەن تەشكىلى ، ئىبادەت قىلىدىغان مۇقىم سورۇنى ۋە ھەممە بىر خىل ئاتايدىغان ئۇلۇغ تەڭرىسى يوقكەن .

شامان دىنىدا پۈتۈن ئالەم « ئۈستى » ، «ئاستى » ، «ئارىسى » دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدىكەن . ئۈستى يەنە يەتتە قەۋەت بولۇپ ، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئاسمان تەڭرىسى بىلەن ئەجداد روھى تۇرىدىكەن ؛ ئارىسىدا ئادەملەر ، ھ ايۋانلار ، ئۆسۈملۈكلەر تۇرىدىكەن ؛ ئاستى يەنە يەتتە قەۋەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا جىن- شەيتانلار بىلەن ئادەتتىكى ئەرۋاھلار تۇرىدىكەن .

شامان تەڭرىلەر ، ئادەملەر ۋە جىن - شەيتانلار ئارا ئالاقە باغلايدىغان ئەلچى بولۇپ ، تەڭرىلەرنىڭ ئەمرىنى ئادەملەرگە ، ئادەملەرنىڭ ئەھۋا لىنى تەڭرىلەرگە يەتكۈزەلەيدىكەن . ئۇ تەڭرىلەر بىلەن ۋە جىن- شەيتانلار بىلەنمۇ سۆزلىشەلەيدىكەن .

دۇنيادىكى ئىشلار تەڭرىلەر بىلەن جىن-شەيتانلارنىڭ ئىلكىدە بولىدىكەن.تەڭرىلەر ئادەملەرگە ياخشىلىق ۋە بەخت-سائادەت ئاتا قىلسا ، جىن- شەيتانلار ئادەملەرگە بالا- قازا ئېلىپ كېلىدىكەن . بۇ ئىشلارنى شامان ياراشتۇرالايدىكەن . جىن- شەيتانلاردىن كەلگەن زىيان- زەخمەتلەرنى شامان مۇناسىۋەتلىك تەڭرىلەردىن تىلەش ۋە جىن- شەيتانلارنى قوغلاش يولى بىلەن يوق قىلىۋېتەلەيدىكەن . شامانىنىڭ بۇنداق پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلاردا «پېرە ئويناس » ،« پېرەخونلۇق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. « پېرە ئويناش»ئالاھىدە تەييارلانغان سورۇن ۋە ئۆزگىچە سايمان-جابدۇقلار بىلەن غەلىتە شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان. پېرە ئوينايدىغان ئۆينىڭ تۆگلۈكىدىن ئاق ئۆچكىنىڭ چۈپۈرىدىن ئىشلىگەن ئارغامچا باغلىنىدۇ ، ئاستى قوزۇق بىلەن بېكىتىلىدۇ ياكى ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا بىر خادا تىكلىنىپ ، ئۇنىڭ (ئارغامچىنىڭ ) ئۈستىگە بىر باغ جىگدە شېخى باغلىنىدۇ (ئاسماندىن چۈشكەن ئەرۋاھلار جىگدە شېخىدا ئارام ئالارئىمىش ). شامان بېشىغا تۇماق ، قالپاق ياكى كۇلاھ قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنى كىيىپ ، ياكى ئۇزۇن ئۈستۈرۈۋەتكەن چېچىنى چۇۋۇپ ،

ساڭگىلىتىپ ، پېرەخونلۇق تونىنى كىيىپ ، بەزىلىرى جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ ، بېلىنى كولدۇرمىلار چىگىلگەن كەمەر ياكى بەلۋاغ بىلەن باغلاپ ، ياغاچ دەستىسىشىگە ئۈچ تال تۆمۈر ھالقا بېكىتىلگەن ئىككى بىسلىق خەنجەر ، ياكى ئالاھىدە تەييارلانغان تاياقنى پۇلاڭلىتىپ ، جالدۇر- جۇلدۇر شاۋقۇن ۋە گۈپ- گۈپپاڭ داپ ساداسى ئىچىدە ، ئۈچ تاسمىلىق قامچىسىنى تاراس-تۇرۇس شىلتىپ ، تورۇسقا باغلانغان ئارغامچا ياكى خادىغا ئېسىلىپ ، سۇرلۇك ئاۋازدا «ئەپسۇن» ئوقۇغاچ ، ئىلاھلارنىڭ ياكى جىن-شەيتانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ توۋلاپ ، پىرقىراپ ساما سالىدۇ. بىر چاغلاردا ھاسراپ-ھۆمۈدەپ ، تەرلەپ-تەپچىرەپ ، پۇت- قوللىرى يىغىلىپ ، سوزۇلۇپ ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئېقىپ ، ھالىدىن كەتكەن بولۇپ يىقىلىدۇ . بۇ ھالنى كۆرگۈچىلەر « تۇتتى ، تۇتتى » دېيىشىدۇ. بۇ چاغدا ھەل قىلماقچى بولغان ئىش توغرۇلۇق شامان سۆزلەشكە باشلايدۇ: كېسەل داۋالىماقچى بولغان بولسا ، تەڭرىلەردىن شىپالىق تىلەيدۇ ياكى جىن-شەيدانلارغا ھەيۋە قىلىپ ، كېسەلدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ؛ يىتكەن مالنى تاپماقچى بولسا ، جىنلىرىنى يىتكەن مالنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ياكى پىلدىرلاپ كۆيۈپ تۇرغان جىن چىراغقا ۋە ئەينەككە قاراپ پال ئاچىدۇ ... بارلىق پائالىيەت ناھايىتى سىرلىق ۋە سۇرلۇك كەيپىياتتا داۋاملىشىدۇ . كۆرۈپ تۇرغۇچىلاردىن بەزىلىرى ئېسىنى يوقىتىپ ، يىقىلىپمۇ قالىدۇ .

شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئۇزۇن( بەزىلەر 2000 يىلدىن ئارتۇق دەيدۇ)، تەسىرى كەڭ، يىلتىزى چوڭقۇر .

- 2007 يىل دېكابىردىكى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » (خەنزۇچە ) نىڭ 8 -بېتىگە ئادىل ئابلىز ئەپەندىنىڭ 2500 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن شامان باخشى » سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلدى . ماقالىدە مۇنداق دېيىلىپتۇ : «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تە تقىقات ئورنى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسى بىرلىكتە ، 2003 -يىلى 3- ئايدىن 5 -ئايغىچە ، پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخى قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ چىققان. قېزىپ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە ، 21 -قەبرىگە 40 ياشلاردىكى بىر ئەر جەسەت كۆمۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا رەڭلىك يۇڭ يىپتىن توقۇلغان لېنتا چىگىلگەن ، لېنتىگە يالتىراپ تۇرغان سەدەپ قۇلۇلە بېكىتىلگەن. بېشىغا تۇماق كىيدۇرۇلگەن. سول قۇلىقىغا بىر پاي مىس ھالقا ، ئوڭ قۇلىقىغا بىر پاي ئالتۇن ھالقا سېلىنغان. بويىنىغا قەھرىۋا بىلەن چەچ ئۆتكۈزۈلگەن زۇننار ئېسىلغان. ئۈچىسىغا شۇ يەردە توقۇلغان ئوچۇق رەڭلىك

يۇك رەختتىن چاپان ، ئىشتان كىيدۈرۈلگەن . پۇتىغا ياخشى ساقلانغان مىس ئەزمىلىك خۇرۇم ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن . ئۇك قولىدا بۇرۇما نۇسخىدا ئايلاندۇرۇپ مىس يۆگەلگەن بىر تال ياغاچ تاياق ، سول قولىدا ياغاچ ساپلىق مىس پالتا تۇتقان ، بېلىگە ئىككى دانە خۇرۇم قاپچۇق ئېسىقلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرىگە مىس پىچاق ، يەنە بىرىگە مىس بىگىز سېلىنغان.تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ قولىدىكى مىس يۆگەلگەن تاياق بىلەن مىس پالتىنى ئۇنىڭ باخشىلىق جابدۇقى ، دەپ چۈشەندۈرگەن . مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى تۇرپان ، پىچان دىيارىدا 2500 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن مۆتىۋەر باخشى دەپ بېكىتكەن . «

ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، شامان ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك ساپال قورچاقتىن ھازىرغىچە ئىككىسىلا تېپىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى ئېلىمىزنىڭ خېبېي ئۆل كىسنىنىڭ زىشەن ناھىيىسىدە ، يەنە بىرى ئامېرىكا مىسسۇرى شتاتىنىڭ كانزاس شەھرىدە ئىكەن . ئۇلارنىڭ تارىخى 1500 يىلدىن ئاشىدىكەن . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شامانىنىڭ تارىخى ئۇلارنىڭكىدىن 1000 يىل ئۇزاق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شامانىنىڭ ئۆزى ئەينەن تېپىلغان. بۇ ئېھتىمال دۇنيا بويىچە تېپىلغان شامان ئوبرازلىرى ئىچىدىكى «ئۆمۈر چولپىنى» بولۇشقا لايىقتۇر .

شامان دىنىي ئېتىقادى ئەجدادىمىزنىڭ تەپەككۇرى تىلى ۋە ياشاش تەرزىدىن تارتىپ ، تاكى ئاخىرەتلىكلىرىگىچە سىڭىپ كىرىپ ، شۇلارغا مۇناسىپ بىر قاتار ئۆرپ- ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ، ئېتىقادنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلى يوقالغان بولسىمۇ ، بەزىلىرى يات مەدەنىيەتلەردىن ئۆزگە زۆرۈر بولغان تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ، جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ ، بۈگۈنگە قەدەر ساقلانماقتا .

ئاسمان تەڭرىسى ، يەر تەڭرىسى ئېتىقادى : ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (840 -744 ) دە ، شامان دىنى دۆلەت دىنى بولغان.ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ قاغانلىرىغا ئاتاپ تىكلىگەن مەڭگۈ تاشلاردا مۇنداق خاتىرىلەر بار: ملادىيە 712 -716 - يىللاردا ئورنىتىلغان يەر «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا: « تەڭرى ، ئوماي ، مۇقەددەس يەر-سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ» ؛ -732 يىلى ئورنىتىلغان «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «مەنكى تەڭرىدەك ، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە قاغان... ، ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ» ؛ 734- يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «ئۈستىمىزدىكى تەڭرى ، مۇقەددەس يەر - سۇ ۋە

ئەجدادىم قاغاننىڭ روھى خۇشال بولمىغان بولسا كېرەك ، توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر - سۈيىنى تاشلاپ ، تاپىغاچقا باردى » ؛ 759- يىلى ئورنىتىلغان «بايانچور مەڭگۈ تېشى »دا: «ئۈستىمىزدىكى تەڭرى ، ئاستىمىزدىكى يەر - زېمىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ...» «تۈركىي تىللار دىۋانى » 3 - توم 515- بەتتە: «... ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنى - ئېگىز تاغ ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ <تەڭرى> دەيدۇ. شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ .«

قۇرغاقچىلىق ، ھۆلچىلىك ، كۆن تۇتۇلۇش ۋە يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنى ئاسمان تەڭرىسى بىلەن يەر تەڭرىسىنىڭ غەزىپى تاشقانلىق دەپ قاراپ ، «ياغىشلىغ يۇغ » (قۇربانلىق ، نەزرى ) قىلىش شامان دىنىدىكى ئادەت بولۇپ ،قۇرغاقچىلىق بولغان يىللىرى يۇرت جامائەت بىر يەرگە يىغىلىپ ، ئاسمان تەڭرىسى بىلەن يەر تەڭرىسىگە ئاتاپ چوڭ -كىچىك مال ئۆلتۈرۈپ ، نەزىر قىلىپ سۇتىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ ئادەت سېرىق ئۇيغۇرلاردا ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. ئۇلار ھەر يىلى 6- ئىيۇندا ئەل - جامائەت سۇ بېشىغا جەم بولۇپ ، مال ئۆلتۈرۈپ ، نەزىر قىلىپ ، سۇ تىلەيدىكەن. بۇ ئادەت بىزدە 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە «زارا خەتمە» دېگەن نام بىلەن داۋام قىلىپ كەلگەن «زارا خەتمە» پارسچە سۆز بولۇپ ، مەنىسى «يىغا - زارلىق دۇئا - تىلاۋەت » دېگەن بولىدۇ . قارا يامغۇر ----، يەر تەۋرەپ توختىمىغاندا ، كۈن تۇتۇلۇپ ئېچىلمىغاندا ، ئەل - جامائەت بىر يەرگە يىغىلىپ ، ئىمام - مەزىنلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممە بىرلىكتە «ئەزان»تۇۋلايتتى ؛ قۇرغاقچىلىق بولغان يىللاردا يۇرت جامائەت يېزا - كەنتلەر بويىچە بىر يەرگە يىغىلىپ ، ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئايرىم قازان ئېسىپ ، مال سويۇپ ، داستىخان تەييارلاپ ،كۆپچىلىك يەپ - ئىچىپ ، دۇئا - تەكبىر قىلىپ ، ئاسايىشلىق تىلىشەتتى .بۇ پائالىيەت بەزى جايلاردا بايرام تۈسىنىمۇ ئالاتتى . تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا 981- يىلى سۇڭ خانلىقىدىن ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق سۆزلەر بار :

...» ياز ئايلىرى ئادەملەر كۆپىنچە بىر يەرگە جەم بولۇپ ، كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن.ئويناپ كەلگەنلەر ئاتلارغا مىنىشىپ ، تولىرۇك نەرسىلەرنى ئوقيا بىلەن ئاتىدىكەن .بۇنى ئۇلار ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلىنغان تىللاۋەت . دەيدىكەن» («سۇڭنامە» 490- جىلد <تۇرپان تەزكىرىسى>. جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى. 1977- يىل ، 14112- بەت .(

قىيان كېلىپ ، دەريا - توغانلار تېشىپ كېتىپ ، توختىتىش قىيىن بولغاندا ، ئۇلۇغ - ئۇششاق جانلىق ئۆلتۈرۈلۈپ ، قانلىرى ئېقىتىلاتتى . بەزى جايلاردا «توختى » ، «تۇردى » ، «تۇرسۇن » ئاتلىق ئادەملەر تۇتۇپ كېلىنىپ ، سۇ تاشقان

ئېچىققا بېسىلىپ «قۇربانلىق» قىلىناتتى .

ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ ، دەيدىغان قاراش : بۇ قاراش ئەجدادىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، «ئۆلدى» دېگەن ئۇقۇم «ئۇچتى»دېگەن سۆز بىلەن ، «جەننەت» دېگەن ئۇقۇم «ئۇچماق»دېگەن سۆز بىلەن بىلدۈرۈلگەن. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا «بىلمەدۈك ئۈچۈن ، يابلاقىڭلىڭ ئۈچۈن ئەچىم قاغان ئۇچار باردى » (بىلىمسىزلىكىڭلاردىن ، ئوساللىقىڭلاردىن تاغام قاغان دۇنيادىن ئۆتتى . «... ئوچا باردىغىز ...» (ۋاپات بولدىڭىز) ؛ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » دا: «قاڭىم قاغان ئىت يىل ئونىنچى ئاي ئالتى ئوتتۇزقا ئۇچا باردى » (ئاتام قاغان ئىت يىلى 10-ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى قازا قىلدى ). «بايانچور مەڭگۈ تېشى » دا: «قاڭىم قاغان ئۇچتى » (ئاتام قاغان قازا تاپتى ). «تۈركىي تىللار دىۋانى » 1- توم 160- بەتتە «ئۇچماق» دېگەن سۆزگە «جەننەت» دەپ تەبىر بېرىلگەن .

كۆنگە چوقۇنۇش ئېتىقاد ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگلىرى 1979- يىلدىن 1991- يىلغىچە لوپنۇر رايونىدىكى رورەن قەدىمكى شەھەر ئەتراپى ، قاراشەھەر قارا مودون يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چومپاق يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق دېگەن يېرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ كۆرۈش جەريانىدا ، كۆمۈلگەن جەسەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ چېكىسىگە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش شەكلى قىزىل ، سېرىق بوياقلار بىلەن ئوخشىتىپ سىزىلغانلىقىنى ، تۇپراق بېشى غا چۆرىدەپ ، ئالتە رەت ، يەتتە رەت ، توققۇز رەت ياغاچ قوزۇق (خادا )قېقىلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە يەنە رەتلىك قوزۇقلار قېقىلىپ ، نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنىڭ شەكلى چىقىرىلغانلىقىنى ، بەزى جايدىكى تۇپراق بېشىغا ياغاچ ئورنىغا تاشلار تىزىلىپ ، يۇقىرىدىكى شەكىل چىقىرىلغانلىقىنى كۆرگەن ، پىقىر 1996- يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىگە ساياھەتكە بارغىنىمدا ، بىر يېزا يولى بويىدىكى زاراتلىقتا تۇپراق بېشىغا قاداپ قويۇلغان ئۇزۇن - قىسقا بادرالارنى ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شوتىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، يەرلىك كىشىلەردىن نېمە ئۈچۈن بۇندا ق قىلىدىغانلىقىنى سورىسام ، ئۇلاردىن : «ئەرۋاھلار مۇشۇ ياغاچلارغا يامىشىپ ئەرشكە چىقىدۇ » دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە

ئىشلىرىدا مۇنداقمۇ ئادەتلەرنىڭ بارلىقىدىن ھەيران قالغان ئىدىم ، ئارىدىن 10 نەچچە يىل ئۆتۈپ مۇشۇ ماقالىنى يېزىۋېتىپ ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم .

شامانىنىڭ «يادا » (جادۇ ) قىلىشى : شامانىنىڭ ئەپسۇن ئوقۇپ ، قار - يامغۇر ياغدۇرغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇماتلار بار: 765-يىلى تاڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان تېبەتلىكلەرنى تىنجىتىش پائالىيىتىگە قاتناشقان ئۇيغۇرلار قارشى تەرەپكە ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋاقتىدا ، «دۈشمەن جايلاشقان يەردە كېچە ئايدىڭ بولۇپ قالغاچقا ، ئۇيغۇرلار جەڭنى ئەتىگە كېچىكتۈرگەن ۋە جادۇگەرگە جادۇ قىلدۇرۇپ جۇت - شۇۋرغان پەيدا قىلغان . ئەرتىسى جەڭگە بارغاندا تېبەتلىكلەر توڭلاپ كېتىپ ، ئوقيالىرى كارغا كەلمىگەن ، ئاد ەملىرى كىگىزلەرگە يۆگىنىپ ، مىسىلداپ يۈرگەندە ئۇيغۇرلار بېسىپ كېلىپ ، قىر چاپ قىلىپ ، سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋەتكەن » («كونا تاڭنامە » ، <ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى> ، خەنزۇچە ، 5206- بەت .)

» يات ، يادا ، بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ ، يامغۇر ، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈ چۈن ، مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار ) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ . بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان . مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ، ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا ، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ، شۇنداق قىلىنغان ئىدى ، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ، يازدا قار ياغدى . كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى » («تۈركىي تىللار دىۋانى » 3- توم ، 1- ، 2- بەت ).

«(1004- يىل 7- ئاي ) خان ئالىيلىرى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا دەپتۇرلەر : مۇشۇ كۈنلەردە قۇرغاقچىلىق ئېغىرلىشىپ كەتتى ، تۇرپاندىن كەلگەن ئۇيغۇر راھىبلىرى جادۇ قىلىپ يامغۇر ياغدۇرۇش قولۇمد ىن كېلىدۇ ، دەپتۇ . مەن ئۇلارنى ئۆيدە تۇرۇپ كارامەت كۆرسىتىپ بېقىشقا بۇيرۇۋېدىم ، كارامىتى دېگەندەك كارغا كېلىپ قالدى .«

-1301)» يىل 7- ئاي ) ئۇيغۇر راھىبلەر ، دەرۋىشلەر ، مۇنەججىملەر ، جادۇگەرلەر بۇنىڭدىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك دۇئا - تىلاۋەت ئىشلىرىدا چوقۇم ئالد ىن ئىجازەت ئېلىپ ئاندىن ھەرىكەت قىلسۇن ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار گۇناھكاربولىدۇ ، دەپ چەكلەش بۇيرۇقى چىقىرىلدى» («قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيتى» ياڭ فۇ شۆ ، مىللەتلەر نەشرىياتى 174- بەت ، خەنزۇچە .)

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ، بىزدىكى «رەمباللىق » (پالچىلىق ) ، «ئىسسىتقۇ ، سوۋۇتقۇ » ، «قەست » قىلىش قاتارلىق خۇراپاتلىقنىڭ يىلتىزى ئوخشاشلا شامان دىنى ئېتىقادىغا بېرىپ تاقىلىدۇ

مەدەنىيلىششمۇ ، ياتلىششمۇ (2 )

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

ئەرلىك ۋە مەردلىك تارازىسى

ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن ئەرلىك ۋە مە ردلىك قەدىرلىنىپ كەلگەن ، نامەردلىك ئەيىبلەنگەن . شۇڭا ، ئەرلەر ئۇچۇن ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ ۋە يۇقىرى ئۆلچەملەرنى قويغان . ئەزەلدىن ئەرلىك جىنسلا ئەرلىك تەبئىتىنى ۋە ئەرلىك خاراكتېرىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ باقىقان ئەمەس . شۇنداقلا تەقى - تۇرقى ، كىيىم - كېچىكى ۋە زىبۇزىنىنتى ئەرلىك سالاھىيەت ۋە ئەرلىك سالاپىتىنى باھالاشنىڭ شەرتى بولۇپ باقمىغان . ئەلىشىر نەۋائى تاشقى كۆركى بىلەن مەنىۋى پۇتۇنلۇكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مۇنداق تەۋسىيىلەرنى قىلغاندى :«ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالىدىن لاپ ئۇرىدىغان مۇنداق سۆزنى ھېچكىم سۆزلەپ باقمىغان ، بۇنداق سۆزنى گۈدەك باللارمۇ ، گول - گومۇشلارمۇ ، ساراڭ - مەجنۇنلارمۇ قىلمايدۇ . پاھىشە ئاياللارمۇ خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىدۇ . ئەمما ھۆسن ، زىبۇزىنەت توغرىسىدا پو ئېتىشنى ئۇلارمۇ ئار - نومۇس دەپ بىلىدۇ . بۇ خىل سۆزلەرنى قىلغۇچىلار ئەك ياخشىسى ئۇ پادىشاھنىڭ يولىغا قەدەم قويمىغىنى تۈزۈك . سەن خوتۇن كىشىلەردەك ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەنسەن ، دېمەك ، ۋۇجۇدۇڭدا ئەركەكلىك نىشانىسى يوق ئىكەن. چۈنكى ، بۇنداق دەۋالارنى قىلغانلارنى ئەركەكلەر قاتارىغا قوشقىلى بولمايدۇ. ئەركەكلەر ئۆزىنىڭ غەيرىتى ۋە ھىممىتى بىلەن ئەرەنلەر قاتارىدا تۇرالايدۇ ، زىبۇزىنىنتى بىلەن پەخىرلەنگەنلەر ئەر ئەمەس. بۇ ھەقتە ئۇلۇغلار : ‹زىبۇزىنەت ۋە كىيىم بىلەن ماختىنىش ئاياللارنىڭ ئادىتى › دېگەن. ئەر كىشىنىڭ گۈزەللىكى ۋە زىنىتى ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ھاسىل بولىدۇ.»

ئەرلەر قەدىمدىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ ئەك ئېغىر ۋە ئەك مۇھىم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى . ئۇلار ئەرلەرگە خاس جاسارەت ، ئەرلەرگە خاس باتۇرلۇق ، ئەرلەرگە خاس ۋىجدان ۋە غۇرۇر بىلەن ياشاپ ، بۇ زېمىنغا جان ۋە روھ بېغىشلاشتى. ئۇلار مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىنى ئاقلاش ، مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ، مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۇچۇن ، ئاز بولمىغان قانلارنى تۆكۈپ ، ئەرلىك خاراكتېرىنى ۋە ئەرلىك جاسارىتىنى ھەرقاچان نامايان

قىلىپ كېلىشتى. قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكۈشنى ، دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىشنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ھېسابلايتتى .تارىخىمىزدىكى خاسىيەتلىك ئىزلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، مىللىتىمىزدىن يېتىشىپ چىققان باھادىر ئوغلانلارنىڭ بۇ زېمىندا بۈيۈك ئەرلىك خىسلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ، بۈيۈك مۆجىزىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇچۇق كۆرىمىز .قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئوغۇزخان ، باتۇر تەڭرىقۇت ، ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب)قاتارلىق باھادىر ئوغلانلار ئەلنىڭ تەقدىرى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن مۆجىزىلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ ، سەلتەنەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەرلىك خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلغاندى .ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ مىڭلىغان قاپ يۈرەك نوچىلىرىمىز بارلىققا كەلگەن .ئۇلار ھايات - ماماتلىق سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە گىگانت ئادەم سۈپىتىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ ، ئۆلۈمنى مەنسىتمىگەن . شۇڭىمۇ ئۇلار ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاش شەرپىگە ئېرىشكەن.

ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ھار ئېلىنغان ۋە خار كۆرۈنىدىغان ئىش نامراتلىقمۇ ئەمەس ، كۆرۈمسىزلىكمۇ ئەمەس ، بەلكى خۇمسىلىق ، يەنى ئەرلىك تەبىئىتىگە داغ تەگكۈزۈش ، ئەركەكلىك ئوبرازىنى نامەردلىك بىلەن بۇلغا ش ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلاردا بىلىمسىزلىك ، نادانلىق ، بىكار تەلەپلىك ، ھورۇنلۇق شۇنچىلىك پەس كۆرۈلسىمۇ ، لېكىن خۇمسى ، نامەرد ئەرلەرنى ھەرگىز ئەرلەر قاتارىدا سانىمايدۇ .ئوغرىلىق ، قاراقچىلىق ، زىناخورلۇق ، ھاراقكەشلىك قاتارلىق ئىشلارنى شۇنچىلىك يامان ئالسىمۇ ، لېكىن ئۇ لار تۈۋە قىلسىلا كەچۈرۈشكە ئېرىشكەن ، لېكىن ئەرلىك خاراكتېرىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان خۇمسىلىق ، نامەردلىك ۋە ساتقىنلىققا ئوخشاش رەزىل قىلمىشلار ھەرگىزمۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشمىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ئەرلىك ئۆلچىمى ۋە ئەرلىك گىر تېشىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارغا سۇ رۇپ باھالايدىغانلىقىنى كۆرىمىز:

مەردلىك ئەرلىكنىڭ مۇھىم شەرتى

ئەسلىي تەبىئىتىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنى مەرد خەلق دەپ قارىساق بولىدۇ . چۈنكى ، قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا

مەردلىك قەدىرلىنىپ ، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن قەتئىي شوئارى بولۇپ كەلدى . شۇڭا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئائىلە ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ ھەممىسىدە پەرزەنتلەردىن مەردلىك خىسلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ كەلگەن .ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەكتىپىنىڭ مۇھىم بىر دەرسخانىسى بولغان مەشرەپ دەل ئەركەكلەرنى ، مەردلەرنى ئايرىپ چىقىدىغان ، ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان ئەنئەنىۋى مەكتەپ بولغاندى . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «بىرنى بىر ، ئىككىنى ئىككى دېيىش» ، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس ، يىگىت سۆزىدىن » ، «مەرد ئەر دۈشمەنگە كەينىنى قىلماس » دېگەنگە ئوخشاش مەردلىكنى مەزمۇن قىل غان جەڭگىۋار خىتابلىرى بار ئىدى .ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش پائالىيەتلىرى شۇنداق گاڭگۇك ، مەردلەرچە چېلىشىش ئادىتى بولغانكى ، چېلىشقاندا پۇت قويۇش ۋە باشقا شەكىلدىكى نامەردلىكلەرنى قىلىش نومۇسلۇق ئىش دەپ قارالغان.شۇڭا ، ھەرقانداق بەسلىشىش ۋە رىقابەت لىللا ، مەردلەرچە ئېلىپ بېرىلاتتى. بولۇپمۇ دۈشمەن بىلەن بولغان ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش پەيتلىرىدە قەتئىي تىز پۈكمەسلىك تەكىتلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنۇ بايانلىرى ئەرلەرگە قويۇلغان بىر سىناق تېشى ئىدى:«دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇش ئۈچۈن ئەردە يەنە نومۇس بولۇشى كېرەك،نومۇس كۈچى بىلەن ئەر دۈشمىنىنى يېڭىپ ، ھاقارەتنى يۇماي تۇرۇپ ئارقىغا يانمايدۇ .قورقۇنچاقلارمۇ نومۇسنى ساقلاش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلىدۇ. ئەركەك دېگەن ماختىنىش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ . يۈرەكلىك ، باتۇر ئەر دېگىنىمىز دەل نومۇسلۇق ئەردۇر. ئار - نومۇسلۇق ئەر ئۆلسە جەڭدە ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ.نومۇسسىزلار جەڭدىن ئەڭ بۇرۇن قاچىدۇ» يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ھەققىي مەردلىك بىلەن نومۇس ۋە ۋىجداننىڭ مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولسا ، تۆۋەندىكى بايانلىرىدا ئەرلىك خىسلەتلىرىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ:«دۈشمەن بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندە قىلىچ -پالتا ئىشلەت ، ھەتتا چىش بىلەن چىشلە ، تىرنىقىڭ بىلەن تاتىلا ، ياقىسىدىن ئېلىپ جان -جەھلىڭ بىلەن ئېلىشقىن. جەڭ دېگەندە يا ئېلىشىپ ياۋنى يوقاتقۇلۇق ، يا جەڭدە ئۆلگۈلۈك . قاتتىق تىركەشكىنكى ، ھەرگىز دۈشمەنگە ئارقا تەرىپىڭنى تۇتۇپ بەرمە . چىداملىق بول ، چىداملىق ئەر دۈشمەننى يەر چىشلىتەلەيدۇ . بىلگىنكى ، قىزنىڭ سۆيۈنچى تويى بولغان كۈنلىرى بولسا ، باھادىر ئوغلانلارنىڭ ئىپتىخارى جەڭدە ئۆتكەن كۈنلىرىدۇر » مانا بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى مەرد ئوغلانلارنىڭ بىر خىل سىماسى.

دېمەك ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەن باتۇر ، مەرد دەپ ئۆزىنى قارىغۇلارچە دۈشمەنگە يەم قىلىپ بېرىش ھەققىي

مەردلك ئەمەس ، بەلكى پەم - پاراسەت ، جاسارەت كۆرستىپ ھەتتاكى چشلەپ ، تاتىلساڭمۇ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش ھەقىقي مەردلك بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق ، «ئۇيغۇر » دېگەن نامىۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇرلۇقى ، قەھرىمانلىقى ، قورقماس جاسارىتى ، ۋەتەن سۆيەرلىكى ، ياۋۇزلۇققا ، تاجاۋۇزلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇش روھى ئاساسىدا ئاتا قىلىنغان شەرەپلىك ۋە شۆھرەتلىك نام ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئۇيغۇر»غا بەرگەن تەبىرىدىن مۇنداق قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

»ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.

ماڭا مۇھەممەت چاقىر تونغاخان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ، مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن . ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا ، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ئىنان خۇزخۇرەن» -بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن ؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، قاچان خالىسا ، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ » دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «خۇزخۇر » فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساش نەتىجىسىدە ، «ئۇيغۇر » دېگەن نامغا ئۆزگۈرۈپتۇ.

دېمەك ، يۇقىرىقى مەلۇماتتىن «ئۇيغۇر » نامى مەردلىك نامى ، باھادىرلىق نامى ، غۇرۇر ، ۋىجدان نامى ئىدى . ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىك ، باتۇرلۇق ، جەڭگىۋارلىقىغا بېرىلگەن نام ئىدى . ئەپسۇسكى ، ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئەر سۇرەتلىك كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنى نامەردلىك رەزىللىكى بىلەن بۇلغاپ ، «ئۇيغۇر »دىن ئىبارەت شەرەپلىك نامغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ؛ مىللەتنىڭ يارقىن ئوبرازىنى چاكىنىلىق ، چۈپرەندىلىك بىلەن خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ؛ يۈرەكسىزلىك ۋە قورقۇنچاقلىق ، تەمە قۇلچىلىقى ۋە نەپسى مەھكۇملۇقى بىلەن ئەرلىك تەبىئىتىنى يوقاتقان غۇرۇرسىز ، ۋىجدانسىز ، مەيدانسىز ، نامەردلەر بارلىققا كەلدى. بىز تاشقى قىياپىتىنى پەردازلىۋېلىپ ئۆزىنى ئەركەك ھېسابلاۋاتقان ، ئەمەلىيەتتە ئىچكى دۇنياسى رەزىللىك ب ىلەن توشقان ؛ تاشقى كۆرۈنۈشتە مەردلىك

دەۋاسى قىلىدىغان ، ئەمەلىيەتتە نامەردلىكنى جان بېقىشنىڭ پەلسەپىسى قىلىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى گېرىغا چۈشۈپ ئۆزىگە توغرىراق باھا بېرىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە ئېنىق مەيدانى بولماسلىق ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا كۆزنى يۇمۇپلا سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش ، مەسئۇلىيەت ئېگى تۆۋەن بولۇش نامەردلىكنىڭ بىرىنچى خىل ئىپادىسى. ئىتالىيىنىڭ بۈيۈك شائىرى ئاگلىرى دانتى ئۆزىنىڭ «ئىلاھىيەت » دېگەن ئەسىرىدە تەكىتلىگەن :«دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرى بۈيۈك مەنىۋىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرىۋالغان ئادەملەر ئۈچۈن قالدۇرۇلغان» دېگەن مەشھۇر سۆزنى يۇقىرىقىدەك ئادەملەرگە تەدبىقلاشقا بولىدۇ. رومىن روللان:«ھەربىر باتۇر ، ھەربىر ھەققانىيەتچى ئادەم ۋەتىنىگە شان - شەرەپ كەلتۈرىدۇ» دېگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە تەسەۋۋۇر قىلغاندا ، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەققەت دەپسەندە قىلىنىۋاتقاندا سۈكۈتتە تۇرىدىغان ۋە ئۇنى قوللىغان ، قورقۇنچاق ئادەم ۋەتىنىگە ۋە مىللىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئادەم ھەققەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. ئادالەت ۋە ھەققەت قوغدالمايدىكەن ، ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ، ئەرلىكنى نامايان قىلىدىغان ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ھەققانىيلىك ئادەمدىكى ئەڭ ئېسىل پەزىلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ھەققانىيلىك بولمىغان ئەلدىن ئەرلىكمۇ ۋە مەردلىكمۇ ئۆچكەن بولىدۇ . ئوغۇل بالا دېگەن گەرچە ئادالەت ۋە ھەققانىيلىك بىلەن ئىش قىلىش قولدىن كەلمىسىمۇ ، ھېچبولمىغاندا ، ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇشى ، ھەققانىيەتكە ئاسىيلىق قىلماسلىقى ، ھەققانىيەتكە كۆز يۇمماسلىقى كېرەك . كىشىلىك ھايات ئۆلچىمىدە نامەردلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى مۇناپىقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ھەققانىيەتتىن يۈز ئۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق مۇناپىقلىق بولمايدۇ . تولستوي شۇنداق بىر سۆز ئېيتقانىكەن : ئادەمنىڭ قانچىلىك ھەققانىيلىكى ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنىڭ ئۆلچىمىدۇر . چۈنكى ، ھەققانىيلىك بىز تىلغا ئالىدىغان بۈيۈك پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسى . ئادەم ھاياتقا ھەققانىيلىك تۈيغۇسى بىلەن نەزەر سالغاندىلا توغرا ۋە ھالال ياشاشنىڭ يولىنى ئاچالايدۇ.

تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەرمۇ باركى ، ئۇلاردا نېمىنىڭ ھەق ، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىقتىدارى يوق . ئۇلار ھەققانىيەتسىزلىكنىمۇ تەبىئىي يوسۇندا ۋە رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ . بىراق بەزى كىشىلەر باركى ، ت وغرا ، ھەققانىي ئىشلارنى قەستەن قارىلاشتىن نومۇس قىلمايدۇ . ھەققانىيەتسىز ، ئادالەتسىز ناھەقچىلىقنى قاراپ تۇرۇپ ئاقلايدۇ . بۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن شەمسۇلمەئالى قابۇس :«يالغانلىقى بۇرۇندىن مەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان نەرسىنى

ھەققەت دېيىشتىنمۇ ئارتۇق ھاياسىزلىق يوق» دېگەن.

ئادەم تۇرمۇشتا ھەرقاچان چوڭ - چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىپ قالماي ، بەلكى نۇرغۇن ئاددى ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىمۇ بۇنداق ھەق -ناھەق سىنىقىغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىر مۇشتۇمزورنىڭ بىر ئاجىز بىچارىنى بوزەك قىلىۋاتقىنى ، بىر ئۆكتەمنىڭ بىر نىنىڭ مېلىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋاتقانلىقى ، بىر لۈكچەكنىڭ بىر قىزغا پوخورلۇق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرىمىز . بەزى مەرد ئوغلانلار باركى ، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ھېلىقى بىسمدار ، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ . بەزى زەئىپ مىجەزلىك «بايۇەچچى»لەر باركى ، قاراپ تاماشا كۆرىدۇ. بۇ ناھەقچىلىق ئۇنىڭ غۇرۇرىغا ھەرگىزمۇ تەسىر قىلمايدۇ ھەتتا بەزى لاللما مىجەزلىك نامەردلەر باركى ، دەرھال ناھەق بولسىمۇ كۈچلۈك ، مۇشتۇمى چوڭراقى تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ ، ئۇۋالچىلىققا ئۇچراتقان ئادەمنى ھاقارەتلەيدۇ ، ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق مىساللارنى ھەر كۈنى كۆپلەپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىزغۇ.

بۇلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزدىكى غەرەز شۇكى ، كىچىك ئىشلاردا ھەققانىي بولالمىغان ئادەم چوڭ ئىشلاردا ھەرگىزمۇ ھەققانىي بولالمايدۇ . ئىرادىسىز ، جۈرئەتسىز ، غۇرۇرسىز ئادەمدە قانداقمۇ ھەققانى يەت تۇيغۇسى بولسۇن . ھەققانىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ئادەمدە ئاددىيسى ئىنسانىي سۈپەتمۇ بولمايدۇ . ئادەم ھەققىي مەردلىك بىلەن ياشايمەن دەيدىكەن ، بىشىدا ئۆلۈم پۇراپ تۇرسىمۇ ، ھەققەتكە خىيانەت قىلماسلىق كېرەك. «بىر سائەتلىك ئادالەت پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادىتىدىنمۇ ياخشىراقتۇر » دېگەن ئەقدە بويىچە ، ئادالەت تەرەپتە تۇرۇش كېرەك . ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ھەرقاچان خەلق تەرەپتە بولىدۇ . جاھالەت بار جايدا ئادالەت خارلىنىدۇ ، بىراق ھەققانىيەت قوغدالمىسا ، ئاخىر ھەققانىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ، ئۆزىنى ئەلنىڭ پەرزەنتى دەپ بىلىش - مەردلىك ، شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك - نامەردلىكتۇر.

ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ دۇنيادا ئەل بىلەن بىرگە ياشايدۇ ، ئەل بىلەن بىرگە تۇغۇلىدۇ ، ئەل بىلەن بىرگە ئۆلىدۇ ؛ ئەل بىلەن بىرگە يىغلايدۇ . ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئەلنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ . بىر پۈتۈن خەلق بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇيغۇرلار «ئايرىلغاننى بۆرە يەر » دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى . ئادەم بۇ تۇپراقتا تۆرىلشى بىلەنلا ، تەييار نېمەت ئۇستىگە تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ زېمىننىڭ مەئىشتى ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . ئەل

ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى . بەلكىم بۇنداق دېسە بەزىلەر «مېنى ئاتا - ئانام بېقىپ چوڭ قىلغان » دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشى مۇمكىن. توغرىسىنى ئېيتقاندا ، ئاتا - ئانىمۇ مانا مۇشۇ ئەلنىڭ بىر ئەزاسىغۇ . ھەقىقىي ئىنساپ ۋە ۋىجدان بىلەن ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق ، ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ تۇپراقتا بىر ئۆمۈر ئەمەس ، ھەتتا بىرقانچە ئۆمرى بولسىمۇ ئادا قىلىپ بولالمىغۇدەك قەرزى بولىدۇ. ۋەتەننىڭ تۇپرىقى ، سۈيى ، ھاۋاسى بولمىسا ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىق كەچۈرەلىشى مۇمكىنمۇ ؟ شۇ ئەلنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ بېيىپ كېلىۋاتقان تەييار تۇ رمۇش ئەندىزىسى ، نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ھاسىل قىلغان تۇرمۇش ۋە ياشاش تەجرىبىسى ، شۇنداقلا تەييار ھايات ئېتىكى بولمىغاندا ، قانداق ئىجتىمائىي ئاساسقا تايىنىپ ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۈرۈش مۇمكىن ؟ ئەگەر ئانا تىل بايلىقى بولمىغاندا ، قانداق ئالاقە ۋاسىتىلىرىغا تايىنىپ ۋە كىم بىلەن ئالاقە قىلىپ ياشاش مۇمكىن ؛ ئەگەر مائارىپتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى ھازىرلانمىغان بولسا ، ئىنسان ئۆزىدە قانداقمۇ ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان بولاتتى ؟ ئادەتتىكى بىز سۆيگەن قىزنى ، بىز سۆيگەن يىگىتنى مانا شۇ ئەل تۇغۇپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنغۇ. بىز يەۋاتقان ۋە بىز كىيىۋاتقان كىيىم - كېچەكلەرنى مانا شۇ خەلق ھازىرلاپ بەرگەن ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر ئەلدىن ئىبارەت ئومۇمىي كوللېكتىپنىڭ بىر پۈتۈن قانۇنىيەتلىك باغلىنىشى بولمىغاندا ، بىر قازان ئاش ئېتىپ يەپ ھايات كەچۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ ؟ ئىنسانلار ئىچىدىكى بۇنداق قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى ۋە ئۆزئارا ھاجەتمەنلىكنى قەدىمكى ئاتا -بوۋىلىرىمىز ئاجايىپ ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن.

-دۇنيادىن ۋە ئادەملەردىن قېچىش ياخشى ئادەت ئەمەس - دەپ بايان قىلىدۇ «كەلىلە ۋە دېمنە » دېگەن كىتابتا - سۆھبەتنىڭ پايدىسى خىلۋەتنىڭ مەنپەئەتىدىن كۆپرەك. ئاللاتائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە موھتاج ۋە بىر -بىرىگە لازىم قىلىپ ياراتقان تۇرسا ، كىشىلەرگە خىلۋەت قانداقمۇ راۋا بولسۇن ؟ ئادىمزاتنىڭ تەبىئەت مەدەنلىرىدىن بەرپا بولغانلىقى ئۈچۈن ، بىر - بىرىگە قوشۇلماققا مايىل كېلىدۇ ۋە بىر - بىرىدىن ياردەم تىلەشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ .مەسىلەن ، ئەگەر بىر كىشى تائام پىشۇرماقچى بولسا ياكى بىرەر كىيىم كىيمەكچى بولسا ، ئاۋۋال قازان ياساش ۋە كەتمەن سوقۇشى كېرەك بولىدۇ. شۇڭا لاي ئېتىپ بىر قاچا ياساپ ، ئۇنىڭدا سۇ ئېلىپ كەكە سوقۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئوتۇن كېسىپ ، ھەر ئىشنى ئۆز تەرتىپى بىلەن قىلىش لازىم بولىدۇ . قازان ۋە كەكە سوقۇشقا بولقا ، سەندەل ، كۆرەك ۋە كۆمۈر كېتىدۇ . ئاددىيسى كۆرەك ياساش ئۈچۈنمۇ تېرە ئەيلەش كېرەك . تاغقا بېرىپ كۆمۈر

كۆيدۈرۈپ ئەپكېلىشكە تاغا توقۇش كېرەك. تاغار توقۇش ئۈچۈن يۇڭ بولۇشى لازىم بولىدۇ. يۇڭنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوي ، تۆگە بېقىش كېرەك. قىسقىسى ، ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئاۋارە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئاشۇنداق بولسا ، ھەرقانداق ئادەم بىر كىمنىڭ ياردىمىسىز پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاش پىشۇرۇپ يا يېيەلەيدۇ يا يېيەلمەيدۇ . ھەتتا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالمايدۇ . شۇڭا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىرى قازان ياسايدۇ ، بىرى كەكە سوقىدۇ ، بىرى كۆمۈر كۆيدۈرىدۇ ، ئالاھازەل قىياس ، ھەر كىم بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى باشقىلارغا بېرىپ ، بۇ ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ھايات كەچۈرگەچكە ، ھەرقانداق ئىش ئاسانلىق بىلەن ھەل بولىدۇ ، ئادەملەر بىر - بىرىگە زۆرۈر. يالغۇزلۇق بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ . مانا بۇلار ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقى ، بىرلەشمىسە ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقنى ئىسپاتلايدۇ«

مانا بۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى خۇلاسىلەپ ، ئەل - ۋەتەننىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياشا ، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىل ، چۈنكى سېنىڭ جانجان مەنپەئىتىڭ ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئىچىدە بولىدۇ ، دەپ تەۋسىيە قىلغان ئۇ يەنە «مال -دۇنيا تارقاتماق سېخىيلىق ئەمەس ، ھەقىقي سېخىي شۇكى ، ئەل ئۈچۈن جانۇ تېنىنى تەسەددۇق قىلىپ پۇشايمان قىلماس » دېگەن . مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسي مەنپەئەت بىلەن ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەردلىك بىلەن نامەردلىكنى سىنايدىغان گىر تېشى . شۇڭا ئۇلار ئەل ئۈچۈن تۇغۇلۇپ ، ئەل ئۈچۈن ئۆلدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەل قەلبى ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك جەننىتى بولۇپ قالدى. مانا بۇ ھەقىقي قەدىر - قىممەت ، مانا بۇ مەڭگۈلۈك دېئالېكتىكا . ئەل بىلەن بولغان مۇنداق باغلىنىشنى ئېتىراپ قىلماسلىق ، ئەلنىڭ مەۋجۇدىيىتى شەخسنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاساسى ، ئەلنىڭ تەقدىرى شەخسنىڭ تەقدىرىنىڭ كاپالەتلەندۈرگۈچىسى ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمۇش نامەردلىك ۋە ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ . ئۆزىنىڭ كىچىككىنە كېكىرتىكى ئۈچۈن ، ئۆتكۈنچى ، ئازغىنا ، كۆپۈكتەك مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەلگە ئاسىيلىق قىلىش ، خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىش ، خەلقنى ھۆرمەت قىلماسلىق ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلماسلىق ، ئەلنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋاپاسىزلىق ۋە كەچۈرگۈسىز نامەردلىك ھېسابلىنىدۇ.

ۋاپا ۋە ساداقەت مەردلىكنىڭ يارقىن سىماسى ، ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىك نامەردلىكنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسى ۋاپادارلىقنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ . ئۇيغۇرلاردا «ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولغۇچە ، ئەلنىڭ ئوغلى بول » ، «ئەل رازى خۇدا رازى» دېگەنگە ئوخشاش ۋاپادارلىققا دائىر ماقال - تەمسىللەر ناھايىتى كۆپ . بۇ تەشەببۇسلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇدۇم . ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن داستانلار ۋە خەلق چۆچەكلىرىدە ۋاپادارلىق مەسىلىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئەلگە ۋاپادار بولۇش ، ۋاپادارلىق تەلپىنىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇيغۇر خەلقى خەلق بىلەن شەخس ئۇقۇمىنى دېڭىز بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەققاسلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بىر تامچە سۇ يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . بىر تامچە سۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇچۇن ئالدىنقى شەرت خەلقتىن ئىبارەت دېڭىز مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك . ھېكايە قىلىنىشىچە:

بىر كۈنى بىر كىچىك كۆلچەك بىلەن دەريا مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ.

-ھەي دەريا ، سەن نېمە دېگەن ئەخمەق ،-دەپتۇ كۆلچەك دەرياغا مەسخىرىلىك قاراپ ،-قارىسام ئۇچىۋۇز ئۆمۈش كۈن توختىماي ئاقىسەن ، بىرئازمۇ ئارام ئالغىنىڭنى كۆرگىلى بولمايدۇ . بەزىدە قارىسام ھەر - ھەر ئېغىر كېمىلەرنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ يۈرۈيدىكەنسەن ، ھەتتا بەزىدە كۆيۈپ پىشىدىكەنسەن . ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ ! سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولىدىغان بولسام ، قۇرۇپ كېتىشكە رازى بولاتتىم.

-سېنىڭ نېمە راھىتىڭ بار ،-دەپ سوراپتۇ دەريا كۆلچەكتىن.

-مېنىڭ ھېچقانداق غېمىم يوق. ھەپتىدە ، ئايدا بىر قېتىم كۆزۈمگە سۇ توشقۇزىۋالسام بەخىرامان ياتىمەن . دۇنيانىڭ قانداق بولۇپ كېتىشى بىلەن چاتىقىم نېمە ،-دەپتۇ كۆلچەك.

-ھەي بىغەم ئەقىلسىز ، مەن ئېقىپ تۇرمىسام ، سەن قانداقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايسەن . مېنىڭ تىنماي ئېقىپ تۇرۇشۇم ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇمنىڭ ئاساسى ، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭمۇ كاپالىتى.

كۆلچەك دەريانىڭ سۆزىگە قايىل بولماي ئۆزىچە تېخىمۇ يوغان گەپ قىلىپ تۇرغان ئىكەن ، دەريا ئۆ زىنىڭ ئېقىش يولىنى باشقا ياققا يۆتكەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆلچەك بارا - بارا قۇرۇغىلى تۇرۇپتۇ.ئاۋۋال ئۈستىنى لەش بېسىپتۇ ، ئاندىن قۇمۇشلار ئۈنۈپتۇ ، ئاخىرى مەنبەدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇپ قاپتۇ . دەريا بولسا توختىماي ئېقىپ باغلارنى

ياشارتىپتۇ.

ئەلشىر نەۋائى بۇ ھېكايەتتە ئەل بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە شەخسى تەقدىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا خۇلاسىلەپ بەرگەن. دۇنيادا بۇ مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنى ئېتراپ قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بىغەرەزلىك بولىدۇ . ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ بۇ رېئاللىقتىن ئۆزىنى تارتىش نامەردلىك دېگەن شۇ.

شۇڭا ۋەتىنى ئۈچۈن ۋاپادار بولمىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن باش قاتۇرمىغان، ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىنى ئويلىمىغان ئادەم ئۆزىگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئۇنداق ئادەمنى بىجىرىم ئادەم دېگىلى بولمايدۇ.

ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتسىزلىك تەلىپى ئەجداتلارغا ۋاپادار بولۇش، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار بولۇش، ئائىلىسىگە ساداقەتمەن بولۇش، دوستلارغا ۋاپادار بولۇش قاتارلىق يەنە نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ۋاپا، ساداقەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى، ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىك ئەدەپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنماقتا.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەم ھەربىر قەدەمدە ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىكنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى تارتىۋاتقانلىقىنى، ھەربىر سورۇندا ۋاپاسىزلىق توغرىسىدىكى ۋايساشلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرىمىز. بۇ خۇسۇستا بىز ئالدى بىلەن دەۋرىمىزدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ۋە ۋاپاسىزلىقنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەلىمى بىلەن سىزىپ بېرىلگەن كارتىنىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

»زامانىڭغا ئوبدان نەزەر سال، ھەممە ئىش - ھالەتلەر تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى . بىلىملىكلەر خارلاندى . ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى ئايايدىغان بولۇپ قالدى. ئەقىللىقلار كېكەچ بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولدى. ئەل ئىچىدە يارىماس پەس كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ياۋاشلار دەپسەندە بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولدى، مەي بىلەن يۈزىنى يۇغان بىنامازلار مەرد، باتۇر ئاتىلىپ، ئەلگە كۈچ كۆرسىتىۋاتىدۇ. پىتنە - پاساتچىلار ئەر ئا تىلىپ، مەي ئىچمەيدىغان پاك كىشىلەر خەسىس دەپ تونۇلىۋاتىدۇ . ھەي ئەل ھۆكۈمدارى! ناماز، روزا بىلەن يۈرگۈچى كىشىلەر مۇناپىق ئاتالدى، شۇنداقلا ھارام ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ، ھالال يوقالدى . ھارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا بېسىپ كەتتى. ھالالنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپقۇلۇق؟ ھالالنىڭ نامىلا قالدى، لېكىن ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھارام بولسا تالاشتا قالدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم تويمىدى . ھارامنى ھارام دېگۈچى، ھارامنى تاشلاپ ھالال يېگۈچى قېنى؟ قىيامەت كۈنىنى

بلىدىغان ھەقىقىي تۇغرا ، ئەقۋادار كىشىلەردىن كىم قالدى ؟ قارا ! دۇنيانىڭ قىلىقلىر ى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ كەتتى . خەلقتىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ ، جاپا غالىب كەلدى . ئىشەنچلىك بىرەر ئادەمنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ .قېرىنداشلار يېقىنلىقنى تاشلاشتى ، دوستلار ساداقەتنى تەرك ئەتتى . كىچىكتە ئەدەپ قالمىدى ، چوڭدا بىلىم كەملىدى. قوپال ، نادانلار كۆپىيىپ پەزىلەت ئىگىلىرى ئازايدى . ھەممە يېقىنلىق پۇل ، يارماق ئۈچۈنلا بولدى. ھەممە ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى. كىمدە كۈمۈش كۆپ بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگدى. ھەققەت ئۈچۈن دۇرۇس ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟ ئامانەتنىڭ ئورنىنى خىيانەت ئىگىل ىدى ، «نەسىھەت » دېگەن سۆزلا قالدى . ئۇنى ئادا قىلغۇچى قېنى ، قېنى يامانلىقتىن توسقۇچى ، قېنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى...

نەزەر سال ! ئوغۇل ئاتىسىغا ئاتىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئوغۇل بەگ بولۇپ ، ئاتا بولغۇچى قۇل بولۇۋاتىدۇ. ئوغۇل - قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى . <قېرى> دېگەن ھۆرمەتلىك نام ئەمدى ھاقارەت بولۇپ قالدى . تۇرمۇش ئېغىرلىشىپ ، تەشۋىش ئەدەپ كەتتى. ئاچ كۆزلۈك ئەدەپ ، خۇشاللىق سۇسلاشتى . پېقىر ، تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللارغا شەپقەتچى يوق ، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەجەپلەنگۈچى قېنى ؟«

مانا بۇ ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىكنىڭ ئەلنى قانچىلىك خاراب ئەھۋالغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ يارقىن سىماسى . ئۇنىڭدىن ئەلگە بولغان ۋاپاسىزلىقنىڭ نىشانلىرىنىمۇ ، ئەجداتلارغا قىلغان ۋاپاسىزلىقنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ ، ئاتا - ئانا ۋە ئەقىدە - ئېتىقادقا قىلىنغان ساداقەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسىنىمۇ ، ق ېرىنداشلىق ۋە دوستلۇققا قىلىنغان ئاسىيلىقنىڭ كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنىمۇ ھېس قىلالايمىز .يۇقىرىقى كونكرېت مىساللارنى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگە تەدبىقلىغاندىمۇ ئۇرغۇن تەرەپلەردە ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق بايقايمىز.

دېمەك ، ھەرقانداق بىر ئەلدە ۋاپا ۋە ساداقەت كۆتۈرۈلسە ، ئۇ ئەلدىن ئامەت ۋە نۇسرەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ، بەخت - سائادەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەتتا بىر ئائىلىدە ساداقەتسىزلىك ، ۋاپاسىزلىق باش كۆتۈرسە ، شۇ ئائىلىمۇ تېز ئارىدىلا سورۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز . شۇنىڭغا ئوخشاشلا كىشىلەردىكى چوڭقۇ ۇر ۋاپا ساداقەتنىڭ خاسىيىتى ئەلگە ئامەت ئېلىپ كەلسە ، ساداقەتسىزلىك ۋە ۋاپاسىزلىق ئەلگە كاساپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ . ھېكايەت قىلىنىشىچە: تۆت ئۇلۇش خانى - قۇدرەتلىك شاھ ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ئەتراپىتىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ، ھىندى دىيارىدا قاتتىق جەڭ بولۇپتۇ .دەۋران غەلىبە نۇسرىتىنى ئۇنىڭغا يار قىلىپ ، دۈشمەنلىرىنىڭ باغرىنى تىلىپتۇ .

ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا قىرغىنغا ئاتلىنىپ ، كىسىلگەن باشلار ساينىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ . پۈتكۈل دەشتنى جەسەت قاپلاپ ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. ھەممە تەرەپتە ئۆتكۈر قىلىچلار يالتىراپ گويا قىيامەت قايىم بوپتۇ.

قىرغىن بولۇۋاتقان ئاشۇ مەھەلدە ئىككى بىچارە دوست قىرغىنغا دۇچ كەپتۇ.بىر نۆۋكەر ئۇلارنىڭ بىرىنى چاپماق ئۈچۈن قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ ، دوستىنى قىلىچ ئاستىدا كۆرگەن ئۇنىڭ دوستى ئۆز بېشىنى قىلىچ ئاستىغا سۇنۇپ:

-ئەگەر ساڭا باش كېرەك بولسا ، ئۇنى چاپما ، مانا بۇ مېنىڭ بېشىم ئۇنىڭغا ئەرزىيدۇ ،-دەپ نۆۋكەرگە ئىلتىماس قىپتۇ .

نۆۋكەر ئۇنى چاپماق بولۇپ يۈزلەنگەندە ، ئۇنىڭ دوستىمۇ يەنىلا شۇ سۆزنى تەكرارلاپتۇ.قايسىنى چاپاي دېسە ، ئۇلارنىڭ يەنە بىرى تاقەتسىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ:

-ئاۋۋال مېنى چاپ ، مەن كۆزۈمنى يۇمغۇچە ئۇ تىرىك تۇرسۇن !-شۇ يوسۇندا ئۇلار ئۆز دوستىنىڭ بىردەملىك ھاياتى ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ ، ئۆز بويىنغا چۈشىدىغان قىلىچنى تالىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئارىدا خېلى تالاش -تارتىش بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.ئىككى دوستنىڭ بىر -بىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كەچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شاھ تەسىرلىنىپ ، ئەلنىڭ قىنىدىن كېچىپ ، قەتلىئام قىلىشنى توختىتىپتۇ .شۇنداق قىلىپ ، ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىكنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ ، خەلقمۇ قىرغىندىن خالاس بوپتۇ.

**

چىڭغىز ئايتماتوف نەسلىگە ۋاپاسىزلىقنىڭ كەلتۈرىدىغان ئاپىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىكەن : بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تارىخىنى يوقاتسا ، مەدەنىيەت تارىخىنى يوقاتسا ، ئىلغار ئەنئەنىسىنى ئۇنۇتسا ، ئىتائەتمەن قۇلغا ، ئىتائەتمەن ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ .تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىغ انكى ، ھەرقانداق بىر مىللەت ياخشى ئەنئەنىسىدىن ۋاز كەچسە ، ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلسا ، يامان تەقدىرنىڭ قولىغا تۇتۇلىدۇ .چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئەنئەنە.

ھازىر بىر قىسىم ياشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىدىن بىرى بولغان ھايا ۋە نومۇسنى تەكچىۋاشقا ئېلىپ قويىدى .شۇنچىلىك قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك ئىشلارنى قىلىپمۇ ئازراقمۇ يۈزى قىزارمايدىغان ، ھەتتا شۇنداق رەزىللىكى ئۈچۈن پەخىرلىنىدىغان نامەردلەر مەيدانغا كەلدى. كوچا -كويلاردا ھاياسىزلارچە قۇچاقلىشىپ ، سۆيۈشۈپ

يۈرگەن ياشلىرىمىز ئۆزىنى نېمە چاغلايدىغاندۇ؟ ئۇلار باشقا ئادەمدە مۇھەببەت ھېسسىياتى، سۆيگۈ تەقەززاسى ۋە سۆيگۈنى يوق دەپ ئويلاپ، بىرەر قىزنى كەلتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ شۇنداق تۇيغۇدا شۇ چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن شۇ ياش نېمىدېگەن بىچارە-ھە؟! ئۇلارغا تېخى توغرا نەسىھەت قىلىپ قوياي دېسە، قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. تېخى بىزنى مەدەنىيەتسىزلىك، قالاقلىقتا، مۇتەئەسسىپلىكتە ئەيىبلىشىدۇ. بىر كۈنى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىدىن بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چىقتىم. مەن بىلەن يەنە بىر جۈپ قىز-يىگىتمۇ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردۇم. ئازراق مېڭىپلا ئۇ يىگىت قىزغا ئەدەپسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىنلا قىزنىڭ بېشىنى قايرىپ تېخىمۇ ئەدەپسىزلىك، ھاياسىزلىق بىلەن قىلىق سىز ئىشلارنى قىلغىلى تۇردى. ئۇلار بۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقىنىمۇ، ئەتراپىدا كىملەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇتقان، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. مەن بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋالاي، دەپ ئۆزۈمنى ئاران-ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغان بولسامۇ، بىراق مەندىكى مەسئۇلىيەت ۋە ھايا ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا تاقەت قىلىشقا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە ئاستا نوقۇدۇم. بۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ماڭا شۇنداق بىر قاتتىق ھومايدىكى، ئەلپازى ئىنتايىن يامان ئىدى: «ھە، نېمە بولدى؟» دېدى ئۇ مېنى چاينىۋەتكۈدەك ئەلپازدا «يىگىت، ماۋۇ ئاممىۋى سورۇن، دۈرۈسراق ئولتۇرۇپ ماڭساڭلار ياخشى بولامدىكىن؟» دېدىم مەن. ئۇ دەرھاللا «سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئولتۇرۇشىڭىزنى ئولتۇرىۋېرىڭە، كۆپ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەم ئىكەنسىز، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە تەھدىت ئارىلاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئاچچىقىم بىرئاز تۇتتى-دە، مۇنداق دېدىم:

-توغرا گەپ قىلسا ھۆكرەپلا قوپسا بولمايدۇ. مەن سىزگە دەپ قوياي، سىزدەك چۈپرەندە ئادەمنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، نەسىھەت قىلىدىغانغا ئەخمەق بولۇپ قالمىدىم. لېكىن، ھازىر قىلىۋاتقان ئىش ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ئەمەس، ئولتۇرغان يېرىڭىز دادىڭىزنىڭ ئايۋان سارىيى ئەمەس، ئاممىۋى سورۇن، چەت ئەل ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ. سىزنىڭ ھازىرقى ھاياسىزلىقىڭىز مىللىتىمىزنىڭ ئىلغار ئەخلاقىي ئەنئەنىسىگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك. يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىزنىمۇ ھاقارەتلەۋاتىسىز، ئۆزىڭىزنىمۇ ھاقارەت قىلىۋاتىسىز. ئۈچىنچى تەرەپتىن، مۇشۇ ئاپتوبۇستىكىلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئەخلاقسىزلىق قىلدىڭىز، ھەرقانداق ئىشنىڭ جايى ۋە يولى بولىدۇ.

-سز خۇددى ماڭا دادامدەك تەربىيە قىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ داداممۇ ماڭا بۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغان ،- دېدى يەنىلا گەپتىن قالماي.

-توغرا ، ئەگەر دادىڭىز تەربىيە قىلغان بولسا ، بۇنداق ئىشلارمۇ بولمايتتى ،-دېدىم مەن.

-بىزنى سەھرالىق چاغلاپ قالماڭ جۇمۇ ، بىزمۇ ئوقۇغان ،-دېدى ئۇ.

-گەپنى ئاز قىل ئۇكام ، راست ئو قۇپتىكەنسەن.مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي ، سەن قىلىۋاتقان مۇشۇ قىلىقنى سەن هاقارەتلەۋاتقان ھەرقانداق بىر سەھرالىق قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ .گەرچە ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمىسىمۇ ، سەندە يوق بىر ئۇلۇغ بايلىق بار.ئۇ بولسىمۇ ، ئۇلاردا گۈزەل ئەخلاق پەزىلەت بار ، شەرم - ھايا بار ،- دېدىم. شۇ ئاردا ماشىنا مەن چۈشىدىغان بېكەتكە يېتىپ كەلدى.

بۇنداق ياتلىشىش ، ئەنئەنىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشنىڭ ئىپادىلىرىنى ناھايىتى كۆپ تەرەپتىن مىساللار ئېلىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن .كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قائىدىسى ۋە قانۇنىيىتى بار . ھايۋانلار دۇنياسى بىلەن ك ىشىلىك جەمئىيەتنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ روشەن ، نازۇك بەلگە بار. شۇڭا ، ھەربىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىغا ، قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ، ناھايىتى مۇھىم تەلەپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەربىرىمىز مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنمىز ، جەمئىيەتتە ھەر جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ رولىنى ، مەسئۇلىيىتىمىزنى جارى قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار . چېخوپ:«بىپەرۋالىق قەلبنىڭ پالەچلىكى ، شۇنداقلا ئۇ ۋاقىتسىز ئۆلۈمدۇر » دېگەن .مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئىنسان خاراكتېرىنى نۇرلاندۇرىدىغان چىراغ دېسەك ، بىپ ەرۋالىق ئىنسان خاراكتېرىنى كۆمىدىغان گۆركار . ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ھالەتمۇ بىپەرۋالىقتەك ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ . چۈنكى ، بىپەرۋا ئادەم خۇددى ئۇخلاپ ماڭغان يولۇچىغا ئوخشاش ئۇنىڭ نە مەقستى ، نە نىشانى بولسۇن . ئۇنداق تۇيغۇ تەرەققىي قىلىۋەرسە ياخشى بولامدۇ ، يامان بولامدۇ ھەممىگە بىپەرۋا قارايدۇ .مانا بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇقى ، شۇڭا بىپەرۋا ئادەمنى ئۆز كونتروللۇقنى يوقاتقان پالەچ ئادەمگىمۇ ئوخشىتىش مۇمكىن . ھەربىرىمىزنىڭ جەمئىيەتكە ، ئەنئەنىگە مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار . ئەڭ مۇھىمى مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ، گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتىمىز بار. «جاھاننى سەل باسسا تەرەپ - تەرەپتە ، ئېشەكنىڭ غېمى بولارمىش ھەلەپتە» دېگەندەك ، «كارىم

نېمە ؟» دېگەن پوزىتسىيىنى تۇتساق ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئەركەكلىك ۋە مەردلىك دېمەيمىز.

يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەندە ، قىممەت قارىشىمىزدىمۇ خې لىلا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمىز .

يەنە بىر جەھەتتىن ئەخلاق جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ تىزگىنىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلاۋاتقانلىق

نەزىرىمىزدىن نېرى ئەمەس.كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۆزئارا قوللاش ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ، ئاجىز - كەمبەغەللەرگە يار

-يۆلەك بولۇشتەك ئىلغار ئەنئەنىلىرىمىز ئورنىغىمۇ شەخسىيەتچىلىك ، مەنپەئەتپەرەسلىك ، پۇلغا ھەددىدىن ئارتۇق

چوقۇنۇش ، پۇچەك - يارماق ئۈچۈن ۋىجداننى ، ئىماننى بۇلغاش قاتارلىق ئىللەتلەرگە يول بەردۇق . چوڭلارنى

ھۆرمەتلەيدىغان ، ئاممىۋى سورۇنلاردا شەرم - ھايانى ساقلايدىغان ، قىز - ئوغۇللار ئارىسىدىكى ئىلمىي مۇئامىلە

مۇناسىۋەتلەر ۋە ياخشى ئەنئەنىنىڭ ئورنىنى قوپاللىق ، ھۆرمەتسىزلىك ، ھاياسىزلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر ئىگىلەپ

كەتتى .ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى ، بۇ خىل ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ پەرۋا قىلماي ۋاتىمىز . گەرچە قىسمەن

قارشىلىق ، نارازىلىق ئىپادىلىرىنى ئۇچراتساقمۇ ، ئۇ بىر ئومۇمىيلىققا ئايلانمىغانلىقى ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك

دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمىغانلىقى ئۈچۈن ئاساسەن رولى بولماي ۋاتىدۇ .بەزى ياشلار ئۆزىنىڭ ياتلىشىش ، ئاينىشلىرىغا

زامان ئۆزگەردى ، دەۋر ئۆزگەردى ، ھازىرقى زامان سىلەرنىڭ دەۋرىڭلارغا ئوخشىمايدۇ ، دەپ ئىنكاس قايتۇرىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا زامان ، دەۋر ئۆزگەرسە ، مىللەتنىڭ ئىلغار ، قىممەتلىك ئەنئەنىسىدىن ، ئەجدادلىرىدىن ئاينىش زۆرۈرىيىتى

تۇغۇلامدۇ؟ دەۋرنىڭ تەرەققىياتى مىللەتنىڭ ئۆزىدىن ياتلىشىشىغا سەۋەب بولا مدۇ ؟ پەقەت روھىي جەھەتتىن

زەئىپلەشكەن كىشىلەرلا ئاشۇنداق ئاينىش ، ئۆزىنى ئۇنتۇش ، قارىغۇلارچە باشقىلارغا چوقۇنۇش خاھىشىدىن

قۇتۇلالمايدۇ . ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ، مىللىتىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ، ئۆزىگە بولغان مۇھەببەت پارلىغان

جۇشقۇن ، روھلۇق ياشلار روھىنى يېڭىلا ش ، ئۆزىنى ئىزدەش ، ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇش ، ئەنئەنىنى زامانغا لايىق

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇكى ، ھەرگىزمۇ مىللىتىگە ، مىللەتنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋە

نەسلىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ .چۈشكۈن ، زەئىپ ، ئىرادىسىز كىشىلەرلا ئاينىشنى ئەنئەنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ،

مەنىۋى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك ۋە زەئىپلىكنى ئەركىنلىشىش دەپ چۈشىنىدۇ.

**

ۋاپادارلىق ۋە ساداقەت تەلپىنىڭ يەنە بىر نۇقتىسى ئاتا - ئانىلارغا بولغان ھۆرمەت ، ۋاپا ۋە ساداقەت جەھەتتە

سىنىلدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى ئاتا - ئانىنى مۇقەددەس بىلدۇ، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشنى گۇناھ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقانلار جەمئىيەتنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە قالىدۇ. چۈنكى، ئاتا - ئانا دېگەن ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ۋە ئەڭ ھۆرمەتكە لايىق كىشىلەر. ئۇلار بىزنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىغا كېلىشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىچىسى. شۇڭا، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ يارىلىشىغا سەۋەب بولغۇچىنى ئۇنتۇغان بولىدۇ. بۇ ئېنىق ھايۋانىي سۈپەتنىڭ ئىپادىسى، چۈنكى ھايۋانلارلا چوڭ بولۇۋېلىپ ئاتا ئانىسىنى تونۇمايدۇ. دىنىي ئەقىدىلەردىمۇ ئاتا - ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش، ئۇلارغا كۆز ئالايتماسلىق، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ دىلىنى ئاغرىتماسلىق، ئاتا - ئانىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك دەۋەتلەر بار، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

«بىز ئىنسانىنى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئاتا - ئانىڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنا، يىراق قوشنا، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللانى خۇش قىلىشتا ئانىنى رازى قىلىشتىن ياخشىراق ھېچبىر ئامالنىڭ بارلىقىنى مەن بىلمەيمەن. ئەگەر ئاتا - ئاناڭ ساڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ھەرگىز رەنجىتمىگىن.» قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋىجدانى ۋە ئىنسانىي بۇرۇچ دەپ تەكىتلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلغان:

ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت قاتتىق،

كۆڭۈلۈڭ قۇتلۇق بولۇر كۆڭلىڭ ياتىق.

خىزمەتلە خۇش قىلساڭ ئاتا - ئاناڭنى،

تاپارسەن تۇمەن مىڭ كۆپ پايدا - ئاسىغ.

ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق دېگەن:

بېشىگىنى پىدا ئەيلە ئاتا قاشىغا ،

جىسمىگىنى قىل پىدا ئانا باشىغا.

دېمەك ، ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا ۋاپادار بولۇش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلمىغان نامەرد ئادەمگە «نامەرد ، ۋاپاسىز » دېگەن تامغا بېسىلىدۇ . ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلمىغان ئادەمدىن ھەرگىزمۇ ئەلگە ۋە باشقىلارغا ۋاپا كەلمەيدۇ . شۇڭا ، بىر ئادەمنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئاۋۋال ئاتا - ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقتىن ئىزدەش كېرەك . ۋاپاسىز ئادەمدىن ھەرقاچان ئۆزىنى تارتقۇلۇق ، ئۇنداق ئادەم بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشنىڭ ئۆزىمۇ مەردلىك جۈملىسىدىن سانىلىدۇ . ۋاپاسىز ئوغۇللار چايان مەسەللىككى ، چايانىنىڭ تۇغۇلۇشى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش مۇئەييەن ئادەت بويىچە بولمايدىكەن . يەنى ئۇ ئانىسىنىڭ ئىچ قارنىنى يەپ ، قورسىقىنى يىرتىپ چىقىدىكەن - دە ، چۆل - باياۋانلارغا كېتىدىكەن.ئۇنىڭ ئۇۋۇسىدا كىشىلەر كۆرىدىغان چايان پوستى شۇنىڭ بەلگىسى ئىكەن . بىر ھۆكۈما بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەپتۇركى ، بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىدۇ ، باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئۇلار كىچىكلىكىدە ئاتا - ئانىسىغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلغاچ ، ئەلۋەتتە چوڭ بولغاندا شۇنداق سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىك (كىنايە قىلىپ ئېيتىلغان سۆز ) بولىدۇ - دە.

كىشىلەر چاياندىن سوراپتۇ:

-نېمىشقا قىشتا تاشقىرى چىقمايسەن ؟

چايان دەپتۇ:

-يازدا تۈزۈك ھۆرمىتىم بولمىسا ، قىشتا چىقىپ نېمە قىلاي.

ھازىرقى جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەرلىك خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ھەرقانچە نامرات بولۇپ كەتسىمۇ ، قانچىلىك قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسىمۇ ، يەنىلا ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنى ئۇنۇتماي ۋاپادارلىقتا بايراقدار بولۇۋاتقان ئەزىمەتلەر خېلى بار. لېكىن ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېنىنى شوراپ ، ئىچ - باغرىنى يەپ ، يىلىكىنى قۇرۇتۇپ ، ئاتا - ئانىسىنى مەڭگۈلۈك داغدا ، ھەسرەت - نادامەتتە قويۇۋاتقان چايان تەبىئەتلىك نامەرد مەلئۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. بەزىلەرنىڭ تەبىئىتى ئۇلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ھەر خىل باھانە سەۋەب تېپىپ يۈز ئۆرۈشكە ئىشتىراك قىلغان ، بەزىلەر خوتۇنىنىڭ كەينىگە كىرىپ ،

خوتۇننىڭ يالغان - ياۋداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ ئاتا - ئانىسىدىن يۈز ئۆرىگەن . بەزىلەر ئۆزىنىڭ زەئىپلىكى ، ئىقتىدارسىزلىقى ، نابابلىقى تۈپەيلى ، بىر ئۆمۈر ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىۋالىدىغان تەمەخورلۇققا ئادەتلەنگەن . ئاتا - ئانىسىنىغۇ باقمىسۇن ، ئۆزىنىمۇ ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىمۇ بېقىش ئىقتىدارى بولمىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئەر قاتارىغا قوشقىلى بولسۇن ؟

بىز شۇنى ياخشى بىلىمىزكى ، ئاتا -ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەمنىڭ بېشىدا ھەرقاچان خارلىق ، زەبۇنلۇق ۋە بالا - قازا ئەگىپ يۈرىيدۇ. ئاتا - ئانىسىى رازى قىلمىغان ۋاپاسىزلار قاچان روناق تاپقان ؟

**

بىز ئەمدى ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتنىڭ تېشىنى دوستلۇق تەرەپكە سۈرىمىز. بۇ چاغدا نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ يەڭگىل كېلىپ قالىدىغانلىقىمىزنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

ھازىرقى رېئال مۇناسىۋەتلەر تۇرىدىن شۇنىسى ناھايىتى روشەنكى ، خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك ، ھەقىقىي ئىنسانىي دوستلۇقنىڭ ئورنىنى پۇل ، مەنپەئەت تەمەسىدىن ئىبارەت ساختا دوستلۇق قەسىمى ئىگىلىدى . «يېغا (ياغى) ياندىن قوپۇر ، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەندەك ، نۇرغۇن ياخشى خۇيلۇق ، دۇرۇس ، ئوڭلۇق ، مەرد ، مەردانە يىگىتلەر نامەرد دوستىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. يەنى نۇرغۇن نامەردلەر دوستىنىڭ پوستىغا ئۆردى. يەنى نۇرغۇن گاڭگۇك يىگىتلەر ساتقىنلىقنىڭ تورىدا ھالاك بولدى . بەزى خۇمسىلار دوستلۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ دوستىنىڭ خوتۇنىغا بەدنىيەتلىك قىلدى. بەزىلەر دوستىنى ئالداپ سېتىپ خانىۋەيران قىلىۋەتتى. يەنە بەزى نامەردلەر «پادا باقىقاندا دوست ئىدۇق ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق » دېگەندەك ، ئازراق پۇل تېپىپ ياكى تىرناقتەك ئەمەلنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋېلىپلا بۇرۇنقى نامرات چاغلىرىدىكى ، بالا ۋاقتلىرىدىكى ئۆزىگە يار - يۆلەك بولغان ، نۇرغۇن ئىشلاردا قولداش ، يولداش بولغان دوستىدىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۇلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك تونۇماس بولىۋالدى . ھېكايەتتە كەلتۈرۈلۈپتۇركى ، بىر كىشىنىڭ دوستى چوڭ مەنسەپكە ئولتۇرغانىكەن ، ئۇنىڭ يېقىن بىر دوستى ئۇنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن يوقلاپ بېرىپتۇ.

-سەن كىم بولىسەن ،-دەپتۇ ئەمەلى ئۆسكەن كىشى دوستىنى قەستەن تونۇماسلىققا سېلىپ. يوقلاپ كەلگۈچى كىشى ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە:

-مېنى تونۇمامسەن ؟ مەن سېنىڭ كونا دوستۇڭ بولمەن ، سېنى كور بولۇپ قاپتۇ ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كەلگەنىدىم ،-دەپتۇ.

شۇڭا ، ئادامىس «ئەمەلدار بولغان دوست يوقالغان دوست» دېگەن. ھەقىقىي دوستلۇق ئوتتۇرىسىدا ئورۇن ، مەرتىۋە ، بايلىق ، كەمبەغەللىك پەرقى بولمايدۇ . تەمەگە ، مال - دۇنياغا ، ئەمەل - مەنسەپكە باغلانغان دوستلۇق دوستلۇق ئەمەس ، بەلكى قۇلچىلىقتۇر . دوست دېگەن قان دوستكى ، ھەرگىز نان دوست ئەمەس . كىمكى يەنە بىرىگە تەمە بىلەن دوست بولماقچى بولسا ، ئۇ خۇددى قۇشلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دان چاچقان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. غەرەز ئارىلاشقان دوستلۇق دوستلۇق ئەمەس نامەردلىكتۇر. بىر بۇزرۇكتىن كىشىلەر «نەچچە دوستۇڭ بار ؟ » دەپ سورىغانىكەن ، ئۇ كىشى :«بىلمەيمەن ، ھازىر دۆلىتىم پاراۋان ، نېمىتىم كەڭرىچىلىك ، شۇڭا ماڭا ھەممە كىشى دوستلۇق ئىزھار قىلىشىدۇ ، مەن بىلەن قەلبى بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا لاپ ئۇرىشىدۇ . خۇدا ساقلىسۇن ، ئەگەر ئىززەتنىڭ كۆزىنى مېھنەت قارىغۇ قىلسا ، ئۇ چاغدا ا ئاندىن كىمنىڭ دوست ، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ » دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن . دېمەك ، ئەل خارەزمى دېگەندەك «ئۇرۇش باتۇرنى ، جاھىل دانانى ، يوقسۇزلۇق دوستنى سىنايدۇ .» بۇزرۇكلار شۇڭا :«تۆت گۇرۇھنى مۇنداق تۆت ۋاقىتتا سىناش كېرەك ، يەنى باھادىرلارنىڭ شجائىتىنى جەڭدە ، خىيانەتسىز ، ئىنسابلىق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىم - بېرىمدە ، خوتۇن - پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامراتلاشقان چاغدا ، ھەقىقىي دوستلارنى بالا - قازا كەلگەن ۋاقىتتا سىناش كېرەك» دېگەن.

دوستلىرىڭ دوست بولغىنىدۇر ئېشىڭغا ،
يەتسە مېھنەت بىرى كەلمەس قېشىڭغا.
بولسا كىم مېھنەتتە دوست ، ئۇ جانغا دوست ،
دوست ئەمەس دۆلەتتە دوست ، ئۇ نانغا دوست.

بۇ شېئىر ھېكمەت كىتابلىرىدا يېزىلغان مۇنۇ ھېكمەتنى ئېپادىلىگەن : پادىشاھلارنىڭ بىرى بىر پازىل كىشىدىن :«خالايىقلارنىڭ مالدار كىشىلەرنى دوست تۇتۇشىدا نېمە ھېكمەت بار ؟ » دەپ سورىغانىكەن . ئۇ پازىل

كىشى:«مال ئۇلارنىڭ مەشۇقدۇر ، مەشۇق قەيەرگە بارسا ، ئاشىق شۇ يەرگە كېلىدۇ ، مەشۇق كەتسە ئاشىقمۇ كېتىدۇ »

دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

دېمەك ، دوستىغا بولغان ساداقەتمەنلىك مەردلىك ، ساداقەتسىزلىك نامەردلىكتۇر .

## مەدەنىيلىششىمۇ ، ياتلىششىمۇ (3)

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

مەنىۋى دۇنياسى پۇچەك ، ياشاش ئىقتىدارى تۆۋەن ئادەملەر نامەرت كېلىدۇ.

رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى تولۇق ئىسپاتلىغانكى ، مەرد ئادەمنىڭ قارنى - كۆكسى كەڭ ، ئۆزگە بولغان ئىشەنچى يۇقىرى ، تەبىئىتىدە نومۇس ۋە ۋىجدان بار ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى نومۇس بىلىدىغان ، تەمەخورلۇق ، قۇلچىلىق بىلەن جان بېقىشنى ئۆلۈم دەپ بىلىدىغان ئالىيجاناب خاراكتېر بولىدۇ .نامەردلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم كەمتۈكلۈكى ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن زەئىپ بولىدۇ ، ئۇلاردا نومۇس ، ۋىجدان بولمايدۇ ، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ۋە ھالاللىق بولمايدۇ ، ئۇلارنىڭ كۆزى كىچىك ، دىلى شۇنداق زەھەركى ، ئۇلار ئۆزىدىن ئالدىغا كەتكەن ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن ھەسەت ، كۆرەلمەسلىك ئوتىدا پۇچۇلىنىدۇ.كۆڭلىدە ئۇلارغا ئاداۋەت ساقلايدۇ ، تۆھمەت قىلىپ ، ياخشىلا رنى يىقىتىپ ئۆزىنىڭ مەجرۇھ گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا چىقىشنى ئويلايدۇ .مانا مۇشۇنداق چۈپۈرەندىلەر قانچىلىك كۆپەيسە مىللەتكە كېلىدىغان ئاپەت شۇنچىلىك كۆپىيىدۇ ، تارتىدىغان دەرد - ئەلەم شۇنچىلىك ئاشىدۇ .شۇڭا جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، مىللەتنىڭ بەخت - سائادەت مەنزىلىدىكى پۇتلىكاشاڭ قوتۇرلارنى ئوبدان بايقاش ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ھەرگىز يول قويماسلىقى كېرەك . چۈنكى چاكىنا ، چۈپۈرەندە ، مەرەز ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئۆزگە ئوخشاش يارىماسلار بىلەن ئېتىشمايدۇ ، بەلكى ياخشىلارغا ئورا كولاش ئۇلا رنىڭ ئادىتى ۋە خۇمارى ، ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەنلەرگە پۇت قويۇش ئۇلارنىڭ ياشاش مەنتىقىسى.

كەڭ قورساقلىق ، ياخشىلارنى قوللاش ، ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەردلىكنىڭ مۇھىم نىشانىسى ؛ ھەسەتخورلۇق ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ، ياخشىلارغا ئورا كولاش يارىماس نامەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر.

«ئادەم ياخشىلىقنىڭ بەندىسىدۇر ». ياخشىلىق قىلىش قارىنى - كۆكسى كەڭ ، سېخىي ، مەرد ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق مىزانى ، ئۇ ئاجايىپ ئۇلۇغ پەزىلەتلەرنىڭ كانى ، ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ رەھنىماسى . ياخشىلىقنىڭ چەك - چېگرىسى يوق ، ياخشىلىققا چوڭ - كىچىك دەپ باھا بېرىشنىڭمۇ ئورنى يوق ؛ ياخشىلىقتا باي ، كەمبەغەللىك ئۆلچىمىمۇ يوق .بىر ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش يولدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشمۇ بىر ياخشىلىق ، يولدا ئۇچرىغان بىر زىيانلىق تىكەننى باشقىلارنىڭ پۇتىغا سانچىلمىسۇن ، دەپ سىرتقا ئېلىپ تاشلىۋېتىشمۇ ياخشىلىق ؛ مىڭلاپ ، ئون مىڭلاپ پۇل چىقىرىپ نامرات بىچارىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشمۇ ياخشىلىق ؛ بىرەر كېسەلمەن بوۋاي يىكى موماينىڭ سۇيىنى ئەكىرىپ بېرىش ، ئوتىنىنى يېرىپ بېرىشمۇ ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ . دېمەك ، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە شارائىتىغا قاراپ ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم مەسىلە نىيەتتە. نىيەت دۇرۇس ، ياخشى بولسا گەرچە ياخشىلىق قىلىش قولىدىن كەلمىسىمۇ ئۇنى ياخشى ئادەم دەپ قاراشقا بولىدۇ . ئۇيغۇرلاردا : سەن ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق قىلما ، يامانلىق قىلمىغانلىقىڭ ياخشىلىق قىلغانلىقىڭ ھېسابلىنىدۇ . (ئەلىشىر نەۋائى) دېگەن تەۋسىيەلەر بار. بۇ مۇقەددەس كىتابلاردىكى «باشقىلارغا يامانلىق قىلماسلىقمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ياخشىلىقمۇ كۆپ ، بىراق خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ.

بىرىنچى ، ياخشىلىق قىلىش - مەردلىك ۋە سېخىيلىق. بىراق ئۇنى مىننەت قىلىش ، ياكى ئۇنىڭدىن بەدەل تەلەپ قىلىش نامەردلىك ۋە خەسىسلىك ھېسابلىنىدۇ . ياخشىلىق قىلىپ ئارقىدىن بەدەل تەلەپ قىلىشنى ئۇلۇغلار : چوشقىنىڭ يۇيۇنۇپ بولۇپ ، يەنە چىلىسگە مىلەنگىنىدەك ئىش ، دەپ تەرىپلىگەن . ھازىر جەمئىيىتىمىزدە سېخىيلىقى بىلەن ئەل ئارىسىدا قەدىر - قىممەت تاپقان ئوغلانلىرىمىز خېلى بار .ئۇلار مىڭ بالادا تاپقان ئىقتىسادىنى نامراتلارنى يۆلەشكە ، يېتىم -يېسىرلارنى ئوقۇتۇشقا ، ئىقتىسادىي ئامىل سەۋەبلىك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان مۇنەۋۋەر ، ئۇمىدلىك ئوقۇغۇچىلا رنى ئوقۇتۇشقا ، مەكتەپ سېلىشقا سەرپ قىلىپ ، پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي ئوبرازىنى نامايان قىلدى . بۇ مەرد ئوغلانلار بىلەن خەلققە ياخشىلىق قىلىش

ئۈياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش ئارقىلىق جان بېقىشۋاتقان نامەردلەر ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك زور پەرق بار - ھە!؟ شۇ مەرد ئوغلانلارنى كۆرگەن ، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇش ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى روناق تېپىشىغا دۇئا قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن ، بەلكى:«ئېسىت! شۇ پۇل مەندە بولۇپ قالسىچۇ؟ ئەخمەق ئادەملەر جىق جۇمۇ ، بۇ جاھاندا» دېگەن پۈچۈلىنىشلارنى ئاڭلاپ ، «يا ھەزرەت ما ئادەملەرنىڭ كۆڭلى نېمدېگەن قارا » دەپ قالىدۇ كىشى . بەزىلەر بىر مو پۇلنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ ، ھەتتا بىز جەمئىيەتتە ئون كوي ، يۈز كوي چا غلىق پۇل ئۈچۈن بىر - بىرسىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان نامەردلەرنى خېلى كۆپ ئۇچراتتۇق. پۇل تاپقان ئاشۇ مەرد ئوغلانلار ئۈچۈنمۇ پۇل شۇنداق تاتلىق ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ - تېشىپ كەتكىنى يوق . بىراق كۆز ئالدىدىكى خەلقى ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئىڭراۋاتسا ئۇلارنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمىگەن ، ئۇلارنىڭ يېگەن ئېشى زەھەر ، كىيگەن تونى كېپەن بولغان . ئۇلار تەك يېگەن تەنگە سىڭار دېگەن ئەقىدىنى بىلىدىكەن . يۇرتداشلىرى ، خەلقى ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىدا تۇرسا تاپقان پۇلنى كۆز -كۆز قىلىپ ، ئۇلارغا بوييۇنتاۋلۇق قىلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل دەپ قارايدىكەن.

ھەي خەسىس بىچارە !ئۆزۈڭنىڭغۇ قولىدىن زىياندىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ ، ئۇلارغا ئىچىڭ تارلىق قىلىدىغان ، ئۇنى كۆرەلمەيدىغان سەندىكى قانداق بىر قەلبتۇ ؟...

ساخاۋەت ھەققىدە توختالغاندا ، يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، مەجبۇرىي ، زورلۇق بىلەن قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ھەم قىممىتى بولمايدۇ . تولستوينىڭ بىر سۆزى بار :«ساختا ساخاۋەت ھەممىدىن يامان ، ئاشكارا يامانلىققا قارىغاندا ئادەم ساختا ساخاۋەتتىن كۆپرەك نەپرەتلىنىدۇ ». بەزىدە غەرەز ئارىلاشقان ياخشىلىق ، يوشۇرۇن دۈشمەنلىككە ئوخشايدۇ. بەزىلەر باركى گېزىتكە يېزىلىپ ماختىنىش ئۈچۈن ، تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى خەلققە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن «ساخاۋەتلىك » بولۇۋالىدۇ. ھەي بۇرادەر ، بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە ئوڭ قولۇڭ بەرگەن سەدىقىنى سول قولۇڭغا بىلدۈرمە دېگەن ئەنئەنە بار . قىلغان ياخشى ئىشىڭلارنى ياما ن تەمە بىلەن بىكار قىلغۇلۇق ئەمەس.

جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن يېتىم - يېسىر باللار بۇ ھايات داستىخىنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھېچقانداق مەنىشەتتىن ، مېھرىبانلىقتىن بەھرىمەن بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتا -ئانىلىرى شۇم ئەجەلنىڭ سەۋەبىدىن

بۇ دۇنيادىن كېتىشكەن .بەزىلەرنىڭ ئاتىسى ھالال ، پاك ياشاپ بۇ دۇنيادىن كەتكەن ، ئۇلار خەلق ئۈچۈن ياشاپ ، خەلق ئۈچۈن ئۆلگەن .شۇڭا ئۇلارنىڭ باللىرىغا ھېچقانداق مىراسى قالمىغان .ئۇلار ئۆز بالا - چاقىلىرىنى ساخاۋەتلىك خەلقىمىزگە قالدۇرۇپ كېتىشكەن.ئەجەبا ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاشۇ يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ قويغۇدەكمۇ مېھىر - شەپقەت بولمىسا ، ئاشۇ پىداكارلارنىڭ كۆزى قانداقمۇ يۇمۇلىدۇ .بىزنىڭ ئارىمىزدا مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان خەلقپەرۋەر ، ئىنسانپەرۋەر كىشىلىرىمىز بار ، بىراق ئۇلارمۇ ئادەم.ئۇلار قاباھەت دېڭىزىغا سەكرەپ ، ھالاكەت گىردابىدا ئىگراۋاتقان بىر مەسۇمنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆزىنىڭ جېنىنى پىدا قىلغان بولسا ، ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشتا يوق ، ئەكسىچە ، ئۇنى ئەخمەقلىقتا ئەيىبلىسە ، ئۇنىڭ باللىرى يېتىملىك دەردىدە زارلانسا ، كىشىلەرگە قانداق تەسىر قىلىدۇ ؟ ئۇلار «بولدىلا ، بۇ خەلققە بۇنچىلىك قۇربان بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ » دەپ پىداكار قەلبىگە ئىلاجسىز پەردە تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ كىلىۋېتىس:«جاسارەت بەك قەدىرلىنىدىغان ، قورقۇنچاقلىق قاتتىق ئەيىبلىنىدىغان دۆلەت ئەڭ قەدىرلىكتۇر » دېگەن ئىكەن. چۈنكى «جاسارەتلىك يۈرەك ھەرقانداق مۇسىبەتلەرنىمۇ بىتچىت قىلالايدۇ » (سىرۋانتىس ). بىراق ئاشۇنداق جاسارەتلىك سېخىي ئوغلانلىرىمىزنى قوللايدىغان ، ئۇنىڭغا ياندىشىدىغان ، ئۇنىڭ ئىزىنى باسالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەكتە.

سەن يېتىملارنىڭ قانچىلىك بىچارە ، قانچىلىك ئاجىزلىقىنى بىلەمسەن ؟ يىلتىزسىز دەرەخنىڭ كۆكلەپ مېۋە بەرگىنىنى كۆرگەنمۇ سەن ؟ يېتىم يىغلىسا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ئادەم بولمىسا بولامدۇ؟ يېتىمنىڭ يىغا - زارى ئەرشى ئەلانى تىترىتىدۇ ، دېگەن گەپ بار .شۇڭا يېتىملەرگە رەھىم قىلىپ ھېچ بولمىسا كۆز يېشىنى بولسىمۇ ئېرتىپ قوي ، يۈز - كۆزىدىكى چاڭ - توزانلارنى سۈرتۈپ قوي ، شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ باللىرىڭ يېتىم بولۇپ قالغان چاغدا ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغانلار چىقىدۇ .بۇنىڭدىن شۈبھىلەنمە . «بىر يېتىمنىڭ بوينى قىسىق ، كۆڭلى سۇنۇق كۆرگىنىڭدە ، - دەيدۇشەيخ سەئدى - ئۆز بالاڭنى ئەركىلىتىپ سۆيمە .ئاجىزلارنىڭ قولىدىن تۇتقاننىڭ قولىنى ئەتە ئۆزى ئاجىزلاشقاندا تۇتىدىغانلار چىقىدۇ .كۈچلۈك قولۇڭ بىلەن ئاجىزلارنىڭ بېشىغا ئۇرما ، بىر كۈنلىرى چۈمۈلىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئايىغىغا چۈشۈپ قالىسەن.«

بىزنىڭ خەلقىمىزدە ياخشى ، ئەل سۆيەر ، ئىنسانپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تۈل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللىرىغىلا خەير -

ساخاۋەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ھامى بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ قالماي ، بەلكى يامان دەپ قارالغان ئادەملەرنىڭ بالا - چاقىلىرىغىمۇ خەيرىخاھلىق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى مۇھىم دەپ قارايدۇ . چۈنكى ئاتىسى گۇناھكار بولغان بولسا ، خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ شۇ گۇناھقا شېرىك قىلىش ئىنسانلىق ئەمەس .ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ ، توغرا يولغا باشلاش ، خەلقىنىڭ ئارىسىغا باشلاپ كىرىش كېرەك.

ئادەم ياخشىلىق قىلغان ئىكەن ئاداققىچە قىلىشى كېرەك . مانا بۇ ھەقىقىي مەردلىك بولىدۇ . بەزىلەر باركى بىر دوستى ئەمەلدار ، پۇلدار بولسا ، ئۇ ھايات چېغىدا ئاجايىپ يېقىن بولۇۋالىدۇ ، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈن بارلىقىنى دوستى ئۈچۈن تەسەددۇق قىلىدىغاندەك كۆرسىتىدۇ . بىراق دوستى ئالەمدىن ئۆتسە ، ئەمەلدىن چۈشسە ياكى نامراتلىشىپ قالسا ، دەرھال يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. ئۇنىڭ بالا -چاقىلىرىغا بىرەر ئاياغ ئېلىپ بېرىشكە يارىمايدۇ. مانا بۇ ئۇچىغا چىققان نامەردلىك ۋە شەرمەندىلىك ئەمەسمۇ ؟

ئىككىنچى ، ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش لازىم بولغان ئادەمگە ۋە ئورۇنغا قىلىش كېرەك . زۆرۈرىيەتسىز جايغا قىلىنغان ياخشىلىق ۋە يامانلارغا قىلىنغان ياخشىلىق يامانلىق قىلغانلىق بىلەن باراۋەر . يامانلارغا قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى نېمە ؟ ئەلۋەتتە يامانلىق ۋە يۈز ھەسسە يامانلىق. بۇ ھەقتە تارىختا نۇرغۇن ئىبرەتلىك ھېكايىلەر بولغان سەئدىنىڭ ھېكايەت قىلىشىچە : بىر توپ ئەرەب قاراقچىلىرى تاغ بېشىدا ماكان تۇتۇپ كارۋانلارنىڭ يولىنى توسايتتى . ئەتراپتىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ، سۇلتان لەشكەرلىرىمۇ يېڭىلىپ قالغانىدى . چۈنكى قاراقچىلار تاغ چوققىسىدا قىيىن يوللارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزلىرىگە پاناھ جاي قىلىۋالغانىدى. شۇڭا مەسلىھەت بويىچە بىر ئادەمنى چارلاشقا ئەۋەتىپ ئەپلىك پۇرسەت كۈتمەك بولۇشتى. بىر كۈنى قاراقچىلار خەلقنى بۇلاشقا كېتىپ ئۇۋىسى خالىي قالغان چاغدا ، بىرقانچە ئىش كۆرگەن جەڭ تە جرىبىسىگە ئىگە يىگىتلەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار تاغنىڭ بىر ئۆڭكۈرىگە مۆكۈپ تۇرۇشتى. قاراقچىلار كەچتە ئولجىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار قورال -ياراغلىرىنى يېشىپ تاشلاپ ، ئولجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان دەسلەپكى دۈشمەن ئۇيقۇ بولدى . بىرىنچى جىسەك ۋاقتى ئۆتكەندە باتۇر يىگىتلەر پىستىرمىدىن چاچراپ چىقىشتى - دە ، قاراقچىلارنىڭ قولىنى بىر -بىرلەپ ئارقىسىغا باغلاپ ، بامدات ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى ، پادىشاھ

بۇ قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى . شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئارىسى دا بىر ياش بالا كۆزگە چېلىقىپ قالدى .ئۇنىڭ ياشلىقىنىڭ كۆچىتىنىڭ مېۋىسى ئەمدىلەتىن يېتىلگەن ، جامال گۈلىستانىنىڭ مايسىلىرى يېڭىلا كۆكلىرۈشكە باشلىغانىدى.ۋەزىرلەردىن بىرى شاھ تەختىنىڭ بوسۇغىسىنى ئۆپۈپ ، شاپائەت يۈزىنى يەرگە قويىدى - دە: بۇ بالا تېخى ھايات بېغىدىن بىرەر تال مېۋىنى تېتىپ كۆرمىگەن ۋە ياشلىق باھارىدىن بەھرىمەن بولمىغان . شۇڭا پادىشاھىمىزنىڭ سېخىيلىق ۋە ئالىيجانابلىقىدىن ئۈمىدىم شۇكى ، ئۇنىڭ خۇنىدىن ئۆتۈپ مەن بەندىگە بېرىۋەتسە ئىكەن.

پادىشاھ بۇ سۆزدىن بوينىنى تولغىدى ، بۇ پىكىر ئۇنىڭ يۈكسەك رەيىگە مۇۋاپىق كەلمىگەچ مۇنداق دېدى:

ياخشىلارنىڭ نۇرى يۇقماس زاتى پەسكە ھېچقاچان ،

تەربىيە نائەھلىگە گۈمبەزدىكى ياڭاقسىمان.

ئۇلارنىڭ ناپاك نەسلىنى قىرىپ تاشلاپ ، ئۇرۇق ئەۋلادىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋېتىش ياخشىراق . چۈنكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ چوغىنى قالدۇرۇپ قويۇش ، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇمىنى ساقلاپ قېلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئابىھايات تۆكسىمۇ ئاسماندىن بۇلۇت ،

تال سۆگەتتىن مېۋە يېيەلمەيسەن.

پەسكەشكە ۋاقتىڭنى زايا قىلمىغىن ،

بورا قومۇشىدىن شېكەر ئالالمايسەن.

ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خالار ، خالىماس ماقۇل كۆرگەن بولدى ۋە شاھنىڭ گۈزەل پىكرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ يەنە مۇنداق دېدى: شاھنىڭ ئىلتىپات قىلىپ ئېيتقىنى چىن ھەقىقەت.ئەگەر بۇ بالا ئاشۇ يامان ئادەملەرنىڭ ئۆلپەتچىلىكىدە

ئۆسكەن بولسا ، ئۇلارنىڭ خۇيىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغا ن بولاتتى . ئەمما مەن قۇلىڭىز ئۇمدۋارمەنكى ، ئۇ ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا تەربىيە كۆرسە ، ئاقىللارنىڭ خۇلقىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى كىچىك بالا ، بۇ گۇرۇھنىڭ بولاڭچىلىق ، توپىلاڭچىلىق ئادەتلىرى ئۇنىڭغا ئانچە سىڭگىنى يوق. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:«ھەربىر بوۋاق ئىسلام ئۇغۇلغاندا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئاتا -ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدى قىلىپ چىقىدۇ ، يا خرىستىيان قىلىپ چىقىدۇ ، يا مەجۇسى قىلىپ چىقىدۇ.

يامانغا يار بولغاچ لۇتنىڭ جورىسى ،

بولدى پەيغەمبەرلىك خانىدان ۋەيران.

ئەسھاب كەھفنىڭ ئىتى نەچچە كۈن ،

ياخشىلارغا ئەگەشكەچ بولغانتى ئىنسان «.

ۋەزىر پەيغەمبەر سۆزىنى شىپى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇ كىچىك قاراقچىنىڭ خۇنىدىن ئۆتتى - دە:«بولۇپتۇ ، گەرچە بۇ ئىشنى مەسلىھەت كۆرمىسەممۇ كەچۈرۈم قىلدىم!» دېدى.

شۇنداق قىلىپ ، ۋەزىر بالىنى ئېلىپ قېلىپ ، ئۇنى تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەرگە كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ئۇستاز ، ئەدىبلەرنى تەيىنلەپ ، سۆزلەش ۋە گەپ قايتۇرۇش سەنئىتىنى ۋە شاھقا خىزمەت قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى . ئەمەلدارلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ناھايىتى ماقۇل كۆرۈندى . دېمەكلىكچە ، ئۇ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغانىدى . بىر قېتىم ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇ بالىنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ ، ئاقىللارنىڭ تەربىيىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىنى ، بۇرۇنقى نادانلىقى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. پادىشاھ كۈلۈپ قويىدى - دە ، دېدى:

ئاقىۋەت بۆرە كۈچۈكى بۆرە بولۇر ،

گەرچە ئۇ ئادەم ئىچرە ئۆرە بولۇر.

ئارىدىن بىر - ئىككى يىل ئۆتكەندە ئاشۇ مەھەللىنىڭ بىر توپ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ ، ئۇلپەتچىلىك ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەت تېپىپ ۋەزىرنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھەددى - ھېسابسىز مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتتى ۋە قا راقچىلارنىڭ غارى ئىچىدە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەيرەت

بارمقنى چشلەپ دېدىكى:

ئەسكى تۆمۈردىن ياسالمايدۇ كىشى ئۆتكۈر قىلىچ ،
رەزىل ئادەم تەربىيىدە ، ئەي ھەكىم بولماس ئىنسان.
گەرچە يامغۇر ياخشىلىقتا ھەممىگە ئوخشاش بىراق ،
باغدا لالە ئۆسىدۇ ، شورلۇقتا يانتاق ھەرقاچان.

شورلۇقتا ھېچقاچان سۈنبۇل ئۆسمەيدۇ ،
ئۇرۇقنى ، ئەمگەكنى قىلمىغىن زايا.
يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش ،
ياخشىغا يامانلىق قىلغانلىق گويا.

بۇ ئەقىدە شەرقنىڭ مۇھىم تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن بىرى. ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبە ساۋاقىنىڭ يەكۈنى. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ياخشى ئۇرۇقتىن چاتاق چىقمايدۇ » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىدىنمۇ ، بۇ ھەقىقەتنىڭ سىماسى چاقنايدۇ. چۈنكى ياخشى ئۇرۇقتىن چاتاق چىقمىغانىكەن ، يامان ئۇرۇقتىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئاق كۆڭۈللۈكنىڭمۇ ، مېھرىبانلىقنىڭمۇ چېكى بار . تارىخىمىزدا نۇرغۇن پاجىئەلەر قارىغۇلارچە يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن رېئاللىققا مۇئامىلە قىلغانلىقتىن كېلىپ چىقتى . يەنە نۇرغۇن پاجىئەلەر بىزنىڭ ياخشى ، يارامىلىق ئادەملىرىمىزنى قوغداپ قالالمىغانلىقىمىزدىن يۈز بەردى. (بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي پىكرىمىزنى كېيىنكى مەخسۇس تېمىدا ئوتتۇرىغا قويىمىز.) بەزىلەرنىڭ كۆزقارشى ۋە كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا يامانلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلار بار .بىراق بۇ ئىشقا مۇئامىلە قىلىشتا شۇ ئادەمنىڭ ياخشى يامانلىقىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك . بىر قىسىم ئادەملەر نا دانلىقى ، نامراتلىقى سەۋەبلىك يامان يولغا مېڭىپ قالغان بولسا ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ يامان يولدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالساق ، بۇ ياخشىلىق بولىدۇ . بىراق كىشىلەرگە قەستەن زىيانكەشلىك

قىلدىغان ، خەلققە دۈشمەنلىك ئورۇندا تۇرۇپ ئېغىر زىيانلارنى سالغان ، خاراكتېرى يامان ، ق ەبىھ ، رەزىل ، زەھەرخەندە ، رەھىمسىز ، تەبىئەتسىز مەخلۇقلارنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش مەردلىك ھېسابلانمايدۇلا ئەمەس ، بەلكى ئۇلارغا يانتاياق بولغانلىق ، ئۇلارنى قوللىغانلىق ھېسابلىنىدۇ . ئۇنداق كىشىلەرنىڭ رەزىللىكىنى بىر كۈن چەكلىمىسە خەلققە كەلتۈرىدىغان زىيىنى شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ. ئۇنداقلارغا رەھىمدىللىق قىلىش ئەل ۋەتەنگە زىيانكەشلىك قىلىش بولۇپ ، بىزدىن ئىنتايىن زور بەدەل بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇڭا بەزىدە كەچۈرۈشنى بىلىش مەردلىك ھېسابلانسا ، بەزىدە قەتئىي كەچۈرمەسلىكمۇ مەردلىك ھېسابلىنىدۇ.

تارىختىكى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلاردىن چوڭقۇر ئىبرەت ئېلىش كېرەككۇ ؟ بىز يېقىنقى تارىخىمىزدا ، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى مۇھىم ئىشتا ئەڭ ئېغىر گۇناھ سادىر قىلدۇق.ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئەسىرگىچە بولغان بىر ئەسىر جەرياند ا خەلقىمىز ئىچىدىن نەچچە يۈز مىڭ سەرخىل ئوغلانلىرىمىز ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ .ئۇلار ئەسلىدە شۇ دەۋر ئېتىبارىدىن قارىغاندا مىللەتنىڭ غۇرۇرى ، مىللەتنىڭ ۋىجدانى ، مىللەتنىڭ ۋەكىلى ، مىللەتنىڭ سەركەردىسى ، ئاقىلى ، ئالىمى ، سىياسىئونى ۋە باشلامچىلىرى ئىدى . ھەرگىزمۇ چاكىنا - چۈكىنا ، كېرەكسىز ئادەملەر ئەمەستى . بىراق ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە دەھشەتلىك باستۇرۇلدى .ئۇلار ئەلنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن . بىز ئۇلارنى قوغداپ قالالمىدۇق ، ئۇنداق ئەزىمەتلىرىمىزنى ئاسرىيالمىدۇق . نەتىجىدە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت خەلقنى ئەقلدار ، يىراقنى كۆرەر باشلاردىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن ، نادان خەلقنى خالىغانچە ئۆزىنىڭ ساماسىغا ئۇسسۇل ئوينااتتى. خەلق سەركىسىدىن ئايرىلغان قوي پادىسىغا ئوخشاپ قالدى. بىر مىللەتتىن بۈيۈك ئەقلدار باشلامچىلاردىن قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن . دۇنيا تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق ، ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي ، مەدەنىي ھاياتىغا بۈرۈلۈش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئادەملەر بارماق بىلەن سانىغىدەككۇ ؟ دۇنيادا قانچە ماندىلا بار ، جۇڭگودا ۋە دۇنيادا قانچە ماۋزېدۇڭ ۋە قانچە دېڭشياۋپىڭ بار ؛ لىنكولىندىن قانچىسى ، مۇستاپا كامالدىن نەچچىسى بار . ئارىستوتىلدىن قانچىسى بار ، كۇڭزىدىنچۇ ، ئوغۇزخاندىن قانچىسى بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىنچۇ ؟ دېمەك ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە - بەزىدە بىر ئەسىردە ، بەزىدە 10 ئەسىردە ، ھەتتا بەزىدە 03-02 ئەسىردە بىردىن بۈيۈك شەخسلەر بارلىققا كېلىپ ، دۇنيانىڭ سىياسىي ، مەدەنىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى . ئەگەر ماۋزېدۇڭ بىلەن دېڭشياۋپىڭ

چىقمىغان بولسا ، جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلالايتتى   . شۇڭا جۇڭگو خەلقى بۇ ئۇلۇق داھىيلىرىدىن قانچىلىك پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ.

ئەپسۇسكى بىز ئۆز دەۋرىدە نۇرغۇن ئادەملىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆز قولىمىز بىلەن قەتلى قىلدۇق. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ، لۇتپۇللانى ۋە باشقا نۇرغۇن ئوغلانلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن تۇتۇپ بەردۇق . ساناپ كەلسەك بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ . بىر مىللەتكە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەجرۇھلۇق بولامدۇ؟ ئەسلىدە شۇنداق ئۇلۇق ئادەملىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن قانچىلىك قۇربانلارنى بەرسەك ئەرزىيتتى. بىراق بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئىككىنچى تەرەپتىن ، بىز خەلقنىڭ دۈشمەنلىرىگە يول بەردۇق ۋە كەڭ بازار ئېچىپ بەردۇق   . مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم زىيانداش مەخلۇقلارغا ئۇنىملۇك قارشى تۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇلار ياخشى ، يارامىلىق ئادەملىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ ، بىزگە ئېغىر مۇسىبەتلەر يۈكنى ئارتتى. بىراق ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ قول چوماقچىلىرى بولۇپ ، خەلىنىڭ بېشىدا   داۋاملىق قامچا ئويناتتى   . ئۇنىڭ بىلەن ساتقىن ، ئاسىيلار بارغانسېرى كۆپىيىۋەردى.

بۇنداق ئېغىر زىيانكەشلىكنىڭ تېگىنى ۋە ماھىيىتىنى سۈرۈشتۈرگەندە ، ئىنتايىن ئاددى مەنپەئەت تەمەسى ياكى كىچىككىنە شەخسى ئاداۋەت سەۋەبلىك شۇنچە چوڭ پاجىئەلەرنى تۇغدۇرغان. بەزىلەر ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن ئۆز بۇرادىرىنى ساتقان ۋە ياكى ئۇنىڭغا بىۋاستە قول سالغان   . مەسىلەن : ئابدۇقادىر داموللام مانا شۇنداق ھەسەتخورلۇق ، كۆرەلمەسلىكنىڭ قۇربانى بولغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساتقىنلىقنىڭ قۇربانى بولغان.. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ . كۆپلىگەن قۇربانلار چوڭ سياسي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋامىدا قۇربان بولمىغان ، بۇ ئەلۋەتتە ئۆكۈنۈشكە تېگىشلىك تارىخي ساۋاق.

دېمەك ، خەلقىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولغان مەردلەر بىلەن نامەردلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئاساسلىق رول ئوينىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى كەڭ قورساقلىق ، ياخشىلىق ۋە مەردلىك بىلەن ، ھەسەتخورلۇق ، كۆرەلمەسلىك ۋە زىيانكەشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ، ھەسەتخورلۇق ۋە پىتنە پاسات ھەققىدىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھەسەتخورلۇق ، كۆرەلمەسلىك ، پىتنە -   پاسات مەنئۇيىتى ئىنتايىن زەئىپ يارىماس ئادەملەردە بولىدىغان يام   ان سۈپەتلىك كېسەل بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ تەڭ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا يارايدۇ   . ئىنسانلىغا ئۆزىنىڭ گۆشىنى

ئۆزى يىيىش جايىز ئەمەس. لېكىن ھەسەت ، شۇ ھەسەتكە مۇپتىلا بولغان ئادەمگە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىگە يىگۈزىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى خاراب قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزگىلەرنى مۇ خاراب قىلمىغۇچە توختىمايدۇ . شۇڭا ھەسەتنى «ھەممە سۇپەتلەرنىڭ ناچارراقى ، بارچە خىسلەتلەرنىڭ خارراقىدۇر » دەيدۇ. ھەسەت ھەممەتنىڭ سۇسلۇقىدىن ، خاراكتېرىنىڭ ناچارلىقىدىن بارلىققا كېلىدۇ . ئۇ شەرمەندە نومۇسسىزلىقنىڭ نەتىجىسى . بىلمەك كېرەككى ھەسەتخور باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ھەسەت ئوتىدا كۆيىدۇ ، ھەر سائەتتە مىڭ غەم - غۇسسىنىڭ زەھەرلىك شەربىتىنى ئىچىدۇ . باشقىلار ئىشرەت داستىخىنىنى يەرگە يايسا ، ھەسەتخور كىشى ھەسەت قولىنى بېشىغا ئۇرىدۇ . ھەسەت توغرىسىدا دانالىرىمىز ئاجايىپ قىممەتلىك ، ئىبرەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغانىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھەسەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ھەسەت بىر كېسەلدۇر ، داۋاسى ئۇزاق ،

ئۆزىنى ئۆزى يەپ ، سېزەر ئۇ ئاداق.

تۇپۇك -يىلتىزىڭنى پاساتلىق قىرار ،

بۇ ياخشى ئىزىڭنى پاساتلىق بۇزار.

ئەلشىر نەۋائى مۇنداق دەيدۇ:

«بېخىلنىڭ مېلىنى ئاسراشتىن مېھنىتى قاتتىق ، ھەسەتخورنىڭ خۇي - پەيلىدىن تۇرمۇشى ئاچچىق . دېمەككى ، بىرىنچىسى ئۆز بايلىقىدىن خار ، ئىككىنچىسى ئۆز قىلىقىدىن مۇسىبەتدار«

مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى مۇنداق دەيدۇ:

پىتنىخورلۇق قىلىش ناھەق قان تۆكۈشتىنمۇ يامان.

بىلمىسىز كىشى ھايۋانغا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى پىتنە -پاسات تېرىشتىنلا ئىبارەت.

ئالەم پىتنە - پاساتتىن خاراب بولىدۇ.

مانا بۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ھاياتتىن چىقارغان خۇلاسىسى . دېمەككى ، قايسى ئەلدە ھەسەت ، پىتنە - پاسات كۆپ بولىدىكەن ، ئۇ ئەلدە بەخت - سائادەت ، خاتىرجەملىك ئاز بولىدۇ . شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ :«پىتنە - پاسات قەيەردە باش كۆتۈرسە ، شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ » دېگەن. بۇ خۇسۇستا تارىختىكى مۇنداق بىر مەشھۇر ھېكايىنى مىسال ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر:

ئىسكەندەر زامانىسىدا بىر جانىۋار پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق نەرسە ھالاك بولاتتى. ئىسكەندەر بۇ ئىشقا تەئەججۈپلىنىپ ھەيران بولدى. ھېچبىر تەدبىر بىلەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدى . ئاخىر ئەرستۇ ئۇنىڭغا چارە تەدبىر قىلدى.

ئۇ بۇيرۇتۇپ چوڭ بىر ئەينەك ياساتتى .ئارقىسىغا بىر كىشىنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئەينەكنى ھارۋىغا سالدى . ئەينەكنىڭ ئارقىسىدا بىر كىشى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ، ئۇ جانىۋار تۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ جانىۋار ئادەمنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ، ئەينەككە قاراپ ماڭغانىدى ، ئەينەكتىكى ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ يىقىلدى. جان تەسلىم قىلىپ شۇ زامان ئۆلدى.

ئىسكەندەر بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئەرستۇدىن سورىغاندا ، ئەرستۇ : بۇ جانىۋار نەچچە يىل يەر ئاستىدا ياتقان ئوخشايدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ بەدبۇي نىجاسەتتىن تۆرەلگەندۇر . ھالا يەر يۈزىگە چىققاندا ، ئۇنىڭ كۆزىدە ھەسەت زەھرى بار ئىكەن. مانا بۇ ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەبتۇر. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەينەكنى يېقىنلىتىلغاندا ئۇنىڭ كۆزى ئۆز ئەكسىگە چۈشتى - دە ، شۇ ۋاستە بىلەن (كۆزىدىكى ھەسەت زەھرى ئۆزىگە تەسىر قىلىپ) ھالاك بولدى ، دەپ جاۋاب بەردى.

مىللەتنىڭ ھۆجەيرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىك - مىللەتنى خاراب قىلىۋاتقان ، خەلقنىڭ ئىچىگە نىزا - ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ ، دۈشمەنلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەب بولۇپ روناق تاپتۇرمايۋاتقان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەمەسمۇ ؟

چېقىمچى ، ھەسەتخور ، پىتنە - پاساتچى نامەردلەرگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش ، ئۇلارنىڭ ھايات ۋە مەئىشەت داستىخىنىنى بۇلغاشقا يول قويۇش جەمئىيەتنىڭ بىر ئىللىتى بولماقتا. ئۇلار بۇنداق يوچۇقتىن ئۈنۈملۈك ۋە ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ، خەلققە كەلتۈرىدىغان زىيانكەشلىكلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈۋاتىدۇ . جەمئىيىتىمىزدە يەنىلا ئەرلىك خاراكتېر ئۈستۈنلۈكنى ئالغان ، ئاجايىپ ۋىجدانلىق ، غۇرۇرلۇق ، مەرد ئەزىمەتلەر ناھايىتى كۆپ . بىراق

يامانلارغا بولغان قارشىلىق روھى ئومۇمىيلىققا ئايلانمىغان .شۇڭا بۇ خىل ئىجتىمائىي يوچۇق يامانلار ئۈچۈن شوتا بولۇپ بەرگەن.

ھېكايە قىلىنىشىچە: بىر پادىشاھ بىر ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان .بىچارە ئۈمىدسىز ھالەتتە پادىشاھنى يامان تىل بىلەن تىللاشقا باشلىغان .چۈنكى كىشىلەر ئېيتقاندەك ، كىمكى جېنىدىن ئۈمىد ئۈزسە كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى ئېيتىۋالىدۇ.

پادىشاھ سوراپتۇ :«نېمە دەيدۇ ئۇ ؟ ».ئالىيجاناب ۋەزىرلەردىن بىرى جاۋاب بېرىپ :«ئەي پادىشاھىم ، ئۇ ئېيتىدۇركى ، جەننەت غەزىپىنى يۇتكۇچىلەر ۋە خەلقنىڭ كەمچىللىكلىرىنى كەچۈرگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر » ① قۇرئان كەرىم ، 3 - سۈرە ، 134 - ئايەت.

دەيدۇ.

پادىشاھنىڭ ئۇ ئەسىرگە رەھمى كېلىپ خۇنىدىن ئۆتتى .بۇ ۋاقىتتا بايىقى ئالىيجاناب ۋەزىرگە زىت بولغان ۋە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغان يەنە بىر ۋەزىر :«بىزنىڭ خىلىمىزدىكى كىشىلەرگە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا راست سۆزدىن باشقىنى دېيىش لايىق ئەمەس .بۇ ئەسىر پادىشاھقا دەشنام بېرىپ ، نالايىق سۆزلەرنى قىلدى » دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزدىن بويىنىنى تولغىدى - دە ، دېدى:«ماڭا سېنىڭ راست سۆزۈڭدىن كۆرە ، ئۇنىڭ يالغان سۆزى ماقۇل كەلگەندى ، چۈنكى ئۇنىڭ يالغان سۆزى ياخشىلىق جەھەتتىن ئېيتىلغانىدى ، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ يامانلىق قىلىشقا قارىتىلغان . ھالبۇكى ، ئاقىللار: پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل دېگەن«.

دېمەك ، دۇنيادىكى يامانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يول قويۇشتىن تېخىمۇ ئەۋجگە چىققان. ئەگەر يول بېرىلمىسە ، ئۇلار ئۈچۈن سورۇن بولمىسا ، بۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش مۇمكىن.

ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ، ئالدىدا بىر خىل ، ئارقىدا يەنە بىر خىل بولۇش ، تىلى باشقا ، دىلى باشقا بولۇش نامەرد ساتقىنلىقنىڭ يەنە بىر ئالامىتى.

بۇ خۇسۇسىيەتتىكى ئادەملەرمۇ ئەرلىك سۈپەتكە مۇناسىپ كەلمەيدۇلا ئەمەس ، ئەقەللىسى ئادەم بولۇش سالاھىيىتىمۇ ھازىرلىمىغان بولىدۇ. ھەققىي ئەركەك دېگەن ، لىللا ، گاڭگۇك ، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك ، ئىشەنچكە يارىغۇدەك بولىدۇ. ئامانەتكە ھەرگىزمۇ خىيانەت قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە قەدىمكى ھېكايەتلەردە كىشىلەرگە ئۈلگە بولغۇدەك مۇنداق

بايانلار خاتىرىلەنگەن:

بەھرام ئىلگىرى نۇئمان ئىبنى مەنزەرگە خىزمەتكار ئىدى .ئۇ بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ ، بىر كىيىكنى ئۇچراتتى . ئۇنى جەھد بىلەن قوغلىدى. كۈن چۈش بولدى. ھاۋا ئىسسىق ئىدى.

قەبزى ئىلۇلىق بىر ئەرەبى بار ئىدى ، كىيىك ئاخىرى قېچىپ ، بىتاقەت بولۇپ ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. قەبزى ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ قويىدى. شۇ ھالدا بەھرام يېتىپ كەلدى. تىركەشتىن ئوق چىقىرىپ قەبزىگە ھەملە قىلدى:

- ئەي ئەرەبى ، مېنىڭ ئولجامنى چىقىرىپ بەرگىن!

قەبزى بەھرامغا مۇنداق دېدى:

- ئەي ئاتلىق ، بۇ خۇدانىڭ مەخلۇقىدۇر ، مېنىڭ قېشىمغا پاناھلىق ئىزدەپ كەپتۇ . مېنى ئۆلتۈرسەڭمۇ ، ئۇنى ساڭا تۇتۇپ بەرمەيمەن. چۈنكى ئۇ مەردلىك ئەمەس ، - دېدى. بەھرام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قوپاللىق ئىزھار قىلدى. قەبزى:

- ئەي يىگىت ، بىھۇدە سۆزلەرنى ئىبىتمىغىن. ئوق قولۇڭدا ، تا مېنى ئۆلتۈرمەي ، ئول جانىۋارنى ئالالمايسەن . ئەگەر مېنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرسەڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىم ، قەبىلەم خەلقى سېنى ھەم تىرىك قويمايدۇ . ئۆزۈڭنىڭ جېنىغا كۆيگىن. ئەگەر خالىساڭ بىر دۇلدۇل ، چاپقۇر ئېتىم بار . ساڭا بېرەي ، كەلگەن يولۇڭغا يانغىن ، - دېدى. بەھرامغا قەبزىنىڭ مەردلىكى ۋە ھىممىتى خۇش كەلدى. قەبزىنىڭ مەردلىكىگە ھەيران قېلىپ ئارقىسىغا ياندى.

مانا بۇ شجائەت ، مانا بۇ مەردلىك. ئۇ بىر ھايۋان ئۈچۈن شۇنچىلىك مەردلىك ۋە ھىممەت كۆرسىتىۋاتقان يەردە ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مەردلىك كۆرسىتىشى مۇمكىن ؟ ئارىمىزدا شۇنچىلىك نامەردلەر باركى ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەر ئادەم پاناھلىق تىلەپ كەلسە ، ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا بىرەر ئېغىز سۆزنىمۇ ئامانەت قويغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىدە ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشنى ، گەپ بولسا يۈز تۇرانە دېيىشنى ، ياخشى كۆرىدۇ . ئالدىدا ساختىلارچە «ھە ، ھە»قىلىپ ھجىيىپ ، ئارقىدىن غاجايدىغان ، تىلى شېكەر ، ئىچى زەھەر ئادەملەرنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ :«ھەققىي مەرد ئەركەك ئەل ئارىسىدا يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئۇياتماي يۈرەلەيدۇ» دېگەنىدى .ئەسلىدىن ئالغاندا مانا بۇ بىزنىڭ ئەسلى مىللىي خاراكتېرىمىز . چۈنكى قورسىقىدا كىر يوق ئادەم ، ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار ئادەم ، غۇرۇر ۋە ۋىجدانلىق ئادەم ئاشۇنداق ئوچۇق ئاشكارا ، ئۇياتماي ياشيالايدۇ

چۈنكى ئۇنىڭ قۇرسىقىدا غۇم يوق. ھازىرقى جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئەرلەر سىرلىق بىر پەردە ئىچىگە ئۆزىنى يوشۇرىۋالدى . گەپ - سۆزلىرىگە قارىسا ئاجايىپ مەردانىلارچە سۆزلەيدۇ ، گەپ بىلەن شەھەر ئالىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا ئىنتايىن قورقۇنچاق ۋە رەزىل ؛ بىرەر مۇھىم ئىشنى بىجىرىۋالغۇچە ۋاي تاغام ، دادام ، چوڭ دادام دەۋالغان ، ئىشى پۈتكەندىن كېيىن ئەزەلدىن كۆرمىگەن كىشىدەك تونۇماسلىق قىلىدىغان ؛ سامانلىق تېگىدىن سۇ قويىدىغان ، ئارقىدىن پىچاق ئۇرىدىغان نامەردلەر كۆپىيىپ كەتتى . شۇڭا ئۆتكەندە بىر مۆتىۋەر : ھازىرقى ئادەملەر ئالدىڭدا مەن دېگەن ئۇنداق ياخشى ئادەم ، ئۇنداق ئاق كۆڭۈل ، مۇنداق قورسىقىم كەڭ ، مەن دېگەن ئوغرى قاچانلىق تېغىنى ئۆرۈپ بېرەلەيمەن ، ماڭا قاتتىق ئىشىنىڭ ، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىسە ، كۆڭلۈمدە «يالغان ، يالغان ، ئىشەنمەيمەن ، ئىشەنمەيمەن » دەپ ئۆزۈمگە ئاگاھ بولىدىغان بولۇپ قالدىم ، دەيدۇ . دېمەك ، ئەرلىك سۈسلاشسا ئىشەنچمۇ سۇسلىشىدىغان ئىش ئىكەن. ئۆزئارا ئىشەنچ بولمىسا بىرلىك ، ھەمدەملىك ، بىر نىيەتلىك ، بىر مەقسەتلىك بولمايدۇ ، ئۇنداقتا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

تەمەخورلۇق ۋە قۇلچىلىق بىلەن جان بېقىش - يارىماسلىق ۋە ئەرلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشنىڭ يەنە بىر قورالى. بىزدە بىر مۇقەددەس ئەقىدە بار ، يەنى «تەمە ھارام» دەيدىغان.يەنە بىرى ئادەمنىڭ ئادەمگە قۇلچىلىق قىلىشى گۇناھ دەپ قارىلىدۇ.ئادەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەبىرلەرنىڭ بىرىدە ئادەم ئىككى پۇتلۇق ، ئۆرە ماڭالايدىغان مەخلۇق ، دەپ تەبىر بېرىلگەن . بىراق ھازىر جەمئىيىتىمىزدە باشقىلارغا يادەك ئېگىلىپ ، ھايۋاندەك تۆت پۇتلۇق بولۇپ ياشايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى .بولۇپمۇ ئازراق مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تاپىنىدا ئەرلىك سۈپىتى ، ھەتتا ئادەملىك غۇرۇرىنى ئۇنتۇپ كۈچۈكتەك ئۆملەپ يۈرگەن مەخلۇقلارنى تولا ئۇچرىتىدىغان بولۇپ كەتتۇق. ھەتتا بەزىلەر پەسلىشىپ شۇنچىلىك ھالەتكە يەتكەنكى ، ئۇ تەكەببۇر مەنمەنچىلەرنىڭ ماختاپ قويۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ قالدىغان بولسا ، بۇ دۇنيادا ھېچ كىمنى مەنسىتمەسلىك تەرەپكە ئۆتىدۇ . ھەتتا ئۇلار ئۇ خوجىلىرىدىن بىرەر تەستەك يەپ قالسا ، ياكى بىرەر قېتىم تىللاپ قويغان بو لسا شۇنىڭدىن كېرىلىپ ماختىنىپ كېتىدىكەن . بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولمىش بىر تونۇشۇم بار ئىدى ، ھەر قېتىم ئۇچراشسام ، پوكونى باينىڭ ئۇنداق ئىشىنى قىلىپ بەردىم ، پالانى باينىڭ مۇنداق ئىشىنى قىلىپ بەردىم ، دەپ ماختىناتتى .بىر كۈنى يەنە بىر ئۇچراشقىنىمىزدا ئالدىمنى توسۇپ ، يەنە ماختىنىپ گەپ باشلىدى . «كۆرمەمسەن ، كېچىچە پۇل ساناپ تۆزۈكمۇ ئۇخلىيالماپتىمەن » دەيدۇ . مەن:«بىر

يەردىن بىر خەزىنىگە ئۇچراپ قالغان ئوخشىمامسەن » دېسەم ، «ياق پوكۇنى باينىڭ مانچە مىليون پۇلىنى سانىشىپ بەردىم » دېمەسمۇ ، ئۇنىڭ ئۇچۇن مەن نومۇس قىلىپ كەتتىم . ھەي بۇرادەر ، سەن دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى ئادەم ، نېمىدىن پەخىرلىنىشنى ، نېمىدىن نومۇس قىلىشنى بىلىپ سۆزلىگىن . باشقىلارنىڭ پۇلىنى سانىشىپ بەردىم ، دەپمۇ پەخىرلىنىدىغان ئىشمۇ . سەن بولسا ، مۇنداق ماقالە يازدىم ، مۇنداق كىتاب چىقاردىم ، مۇنداق دەرس ئۆتتۈم د ەپ ماختانساڭ بولىدۇ ، دېدىم.

لۇشۈننىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر خىتابى بار «كالا بولۇپ باش ئىگمەن سەبىي باللارغا ، غەزەپ بىلەن ھومىيمەن قەبىھ زالىملارغا» مانا بۇ مەردلىك بولىدۇ.بىراق تەمەگەرلەرنىڭ يەنە بىر ئىللىتى شۇكى ، ئۆزىنىڭ تەمە ئوبيېكتلىرىغا شۇنداق قۇلچىلىق بىلەن خۇشامەت قىلغان بىلەن ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە بولسا شۇنچىلىك تەكەببۇرانە مۇئامىلە قىلىدۇكى ، باشقىلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمىگەن خەس - خەشەك بىلەن ئوخشاش . ئۇلارنى ئۆزىگە ئاشۇنداق خۇشامەت قىلىسكەن ، دېگەننى تەمە قىلىدۇ.

تەمەخورلارنىڭ پەس تەبىئىتىنى ئۇلۇق شائىر ئەلىشىر نەۋائى بىر ھېكايەتتە ناھايىتى تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى.

»خەلق ئارىسىدا بىر غەيرەتسىز كىشى بار ئىدى ، - دەيدۇ ئەلىشىر نەۋائى ، - خالايىق ئۇنىڭ ئۇلۇمتۇك ۋە غەيرەتسىزلىكىنى كۆرۈپ ، ھەربىرى بىردىن مۇشت ياكى جاپا تەستەكلىرىنى ئۇراتتى . شۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىلەردىن بىر لوقمىدىن نان ئېلىپ يەيتتى . كىشىلەر قوغلىسىمۇ كەتمەيتتى . بەلكى ئۇ باغرى تاش زالىملارنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى . كىشىلەر ئۇنى بۇ جاپالارغا ئۆگىتىۋالغانىدى . ئۇنى خارلىغان بىر كىشى كېلىپ تەپسە بىر چۆرگىلەپ توختايتتى ، ئۇ غەيرەتسىز پەس كىشى بۇنىڭ بەدىلىگە تەپكۈچى كىشىدىن بىر نەرسە ئالاتتى . چۈنكى ئۇنىڭ نەرخى شۇنىڭغا توختىغانىدى.ھەر كىشى ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بەرسە ، نەپسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى . نان بەرگۈچى شۇ ھامان بىر مۇشت سالاتتى - دە ، ئۇ كىشى يەرگە يىقىلاتتى . گەرچە ناننى يەپ قورسىقى تويسىمۇ ، لېكىن مۇشتنى يەپ ھېچ نەرسە يېمىگەندەك يۈرۈۋېرەتتى«...

جەمئىيەتتە مانا مۇشۇنداق ھاقارەت تەستەكلىرىنى ، خورلۇق تېپىكلىرىنى يەپ تۇرۇپمۇ كىچىككىنە ئاشقان - تاشقان لوقمىنىڭ تەگكىنىگە مەمنۇن بولۇپ ، موللا مۇشۇكتەك ياشاۋاتقان ئادەملەر ئازمۇ.قېنى ئۇلاردىكى ئەرلىك تەبىئەت ،

قېنى ئۇلاردىكى ئىنسانىي خىسلەت . ئەسلى ، بۇ دۇنيادا ئادەم بىلەن ئادەم باپباراۋەر . ھېچكىمنى ھېچكىم بېقىپ قويمايدۇ .باشقىلارنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇپ ، باشقىلارنىڭ مىننەتلىك بىر لوقما گۆشىنى يېگەندىن ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەجرىگە تايىنىپ ئېرىشكەن بىر بۇردا نان نېمدېگەن قىممەتلىك ھە!

ئادەم تەمەگە قانچىلىك بېرىلگەنسېرى قەدىر - قىممىتىنى شۇنچىلىك يەرگە ئۇرىدۇ . شۇڭا ئۇلۇغلىرىمىز «تەمەخور ھەرقانچە بەگ بولسىمۇ ، ئۇ قۇلدۇر ، تەمەخور كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر » (يۈسۈپ خاس ھاجىپ ) دېگەن. «ئادەم تەمەخور بولسا ، نەپسىگە قۇل بولىدۇ » (يۈسۈپ خاس ھاجىپ ). «كىمنى تەمەخورلۇق قۇل قىلىۋالغان بولسا ، بۇ قۇللۇقتىن ئۆلۈپ قۇتۇلمىغىچە قۇتۇلمايدۇ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ). «كىمكى بىر تاۋاق ئاش ئۈچۈن قۇل بولىدىكەن ، ئۇنىڭ يۈزىگە قازاننىڭ قارىسىنى سۈرۈش كېرەك » (ئەلىشىر نەۋائى). «ئەگەر سەن تەمەدىن خالى بولالىساڭ شۇنداق ئۇلۇغ ئىش بولىدۇكى ، پۈتۈن ئالەمدىكى كىشىلەر بىر تەرەپ بولسىمۇ ، يالغۇز ئۆزۈڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيسەن » (ئەلىشىر نەۋائى ).يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەمەخورلارنىڭ پەس تەبىئىتىنى يەنە مۇنداق نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ:«ئەگەر تەمەخور تەمە قىلغىنىغا ئېرىشسە ، ئۇ سېنى ئاكام ياكى ئۇكام دەپ ئاتايدۇ ، ئەگەر ئېرىشەلمىسە يۈزىنى ئۆرۈيدۇ ، ھەتتا تۇغۇلۇپ سېنى زادى كۆرۈپ باقمىغاندەك ئۆزىنى يىراقلاشتۇرىدۇ«.

شەيخ سەئدىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرى تەمەخور قۇللارغا ئۇرۇلغان ئەڭ جايىدىكى تەستەكتۇر بولالىدۇ:

»بىر كىشى بىر تەلەپ بىلەن ئەتىگەندە خارەزىمشاھنىڭ ئوردىسىغا باردى . ئۇ شاھ ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنغاندا ، ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال روكۇغا بارغاندەك ئېگىلدى ، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ ، سەجدە قىلغاندەك دۈم بولۇپ يۈزىنى يەرگە سۈردى.

يېنىدىكى ئوغلى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئاتىسىدىن سورىدى:

- ئاتا ، بىر سوئالىم بار جاۋاب بېرەمسىز ؟

ئاتىسى سورا ، دېگەندە ، ئوغلى:

- سىز ھەر دائىم قىبلە ھىجاز تەرەپتە دېمىگەنمىدىڭىز ؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۈگۈن نامازنى پادىشاھقا قاراپ ئوقۇدىڭىز ، - دېدى.

شۆھرەتپەرەس نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە ، ئۇنىڭ ھەر سائەتتە باشقا قىبلىسى بار . ئاچ كۆزلۈك ، تەمە سېنىڭ

ئېتىبارىڭنى چۈشۈرىدۇ . بىر تال ئارپا ئۈچۈن بىر ئىتەك ئۈنچە تۆكسەن . تەمە قىلىشتەك يامان خۇي سېنى ھەممە سورۇندىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ خۇينى تاشلىغىنىڭ ، سېنى ھېچكىم قوغلىۋەتمىسۇن. ئەي نەپس! ئۆزۈڭدە بارىغا قانائەت قىل ، شۇنداق قىلساڭ ، شاھ بىلەن گادايىنى ئوخشاش كۆرىسەن. نېمە دەپ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا بىر نەرسە تىلەپ بارىسەن؟ تەمەنى تاشلاپ ئۆزۈڭ سۇلتان بول . ئەگەر نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرسەڭ قارنىڭنى تاۋاق قىلىپ ، ئۇنىڭ بۇنىڭ ئۆيىنى ئۆزۈڭگە قىبلە قىلىسەن. ئەگەر ھەر نەپەستە نەپسىڭ ساڭا بەر - بەر دەپ ھۆكۈم قىلسا ، سېنى خورلاش ۋە ھاقارەتلەش بىلەن يېزىمۇ يېزا سازايى قىلىدۇ. ئەي ئەقىللىق ئىنسان! قانائەت ئىنسانىنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ، تەمەخور ئادەمنىڭ بېشى بولسا مۇرىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ . بىر كىشى تەمە دەپتىرىنى پۈكلەپ تاشلىۋەتسە ، ھېچكىمگە ‹قۇلىڭىز› ، ‹چاكىرىڭىز› دەپ مەكتۇپ يازمايدۇ«

يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەمەگەرلىكنى ئىنتايىن يامان كۆرگەن . ئۇلار تەمەگەرلىكنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئىككى نۇقتىدىن ئىزدىگەن . بىرى ، يارىماسلىق ، مۇستەقىل ياشاش روھى ب ولماسلىق ؛ يەنە بىرى ، نەپسى يامان بولۇش ، نەپسى ئۈچۈن ھەرقانداق خورلۇق تارتسىمۇ ھەرگىز ھار ئالماسلىق.

ئىنسانىيەت جەمىيىتىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن رەزىل قىلمىشلار ۋە ۋىجدان ، غۇرۇرنى سېتىشلارنىڭ تۈپ نېگىزىنى تەكشۈرگەندە تار شەخسى مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە تەمەگەرلىكتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق . تەمەگەرلىك ۋە تار مەنپەئەتپەرەسلىك نامەرد ئادەملەرنى ، زەئىپ خاراكتېرلىك مەخلۇقلارنى مەنبە قىلىدۇ. ھەققىي ئەركەك بىر نان يېسە تويىدىغان شۇ قورسىقى ئۈچۈن ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئايىغىدا تۆت پۈتلۈق بولۇپ ئۆمىلمەيدۇ.

سەئدىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە: بىر مەرد كىشىگە خوتەن ئەمرى بىر يىپەك تون كىيگۈزدى. ئۇ كىشى بۇ ئىلتىپاتقا نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق خۇرسەن بولغان ۋە خانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

- خوتەن ئەمرىنىڭ بۇ تونى نېمدېگەن ئېسىل ، لېكىن ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ تونى تېخىمۇ ئېسىلدۇر.

دېمەك بۇ يەردە گەپ ناھايىتى چوڭقۇر مەنادا يۇرگۈزۈلگەن.چۈنكى مىننەتلىك ئاش قورساقنى ئاغرىتىدۇ شۇڭا سەئدى بۇ ھېكايىسىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق ھېكمەتلىك تەۋسىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :«ئەگەر ھېچكىمنىڭ مىننىتى ئاستىدا ياشاشنى خالىمساڭ داق يەردە يات ، بىر پارچە پالاس ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيمە .» ئەقىللىق مەرد كىشى چىرايىغا كىبىر سىركىسى سۈرىۋالغان ئادەمنىڭ ھەسلىنى يېمەيدۇ.

بەزىلەر كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇنداق بۇزۇلۇشنى زاماننىڭ تارلىقى ، تىرىكچىلىك بېسىمى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، دەپ چۈشەندۈرىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن ئازغۇن ۋە زەئىپ پىكىر - ھە. ئۇيغۇرلاردا «ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن سەل سېنى ئاقتۇرسىمۇ ، يېمە نامەرد ئېشىنى ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ » دېگەن مەردلىك خىتابى بار . نامەردلىك ھەرگىزمۇ تۇرمۇشنىڭ قىستىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىش ئەمەس . قا راپ باقساق ، تۇرمۇشتا نى - نى كەمبەغەل ، نامرات ئادەملەر بار .بىراق ئۇلار ئۆتنۈۋاتقان تۇرمۇشىغا قانائەت قىلىپ كىچىككىنە نەپسى ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن . چوڭقۇرراق كۆزەتسەك تەمەخورلۇق ۋە نامەردلىكنىڭ كۆپىنچىسى يوغان قورساق ، پۇلدار مەخلۇقلاردىن كۆپ كۆرۈلىۋاتىدۇ. بەزىلەر بىر بالداق يۇقىرى چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەمنىڭ جەسىتىگە دەسسەپ كۆتۈرۈلىۋاتىدۇ . ھەتتا بەزىلەر خوتۇن - قىزلىرىنى دەسمايە سېلىش ھېسابىغا رەزىل مەقسىتىگە يېتىشتىن باش تارتمايىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار ئاچ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانمۇ؟ ياق ! بۇ ئۇلارنىڭ قېنىدىكى ئىپلاسلىقنىڭ نەتىجىسى.

جەمئىيىتىمىزدىكى نامەردلىكلەرنىڭ ئىپادىلىرىنى بىرمۇبىر كۆزىتىدىغان بولساق ، بارلىق قاتلاملاردىن ئۇخشىمىغان دەرىجىدىكى ئىپادىلەرنى تاپالايمىز .بەزىلەر ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن ئىلگىرىكى نا مرات چاغلىرىدا ھەمدەم بولغان ، جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان ، ئېغىرنى كۆتۈرگەن قەدىناس خوتۇنىدىن چېنىپ ، «مەدەنىي » قىزلاردىن بىرنى تېپىۋېلىپ باللىرىنى يېتىم قىلغان .بەزىلەر تەييارتاپلىق ، ھۇرۇنلۇق ۋە يارىماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر ئۆمۈر ئاتا - ئانىسىنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ ئۇلارنى دوك قىلىۋەتكەن . بەزىلەر ئۆكتەملىك ، زومىگەرلىك ، كۆكەمىلىك قىلىپ باشقىلارنى بوزەك قىلىش ھېسابىغا جان بېقىشقا ئادەتلەنگەن.بەزىلەر باشقىلارنىڭ رىزقىغا توپا چېچىش ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنى سەمرىتكەن ؛ يەنە بەزىلەر نومۇس قىلماي تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئەي نامەرد ! نامەردلىك بىلەن ئېرىشكەن قىلدەك ئامتىگگە مەغرۇرلىنىپ ئۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمە ، ئەلگە ئۇنچە غادايما! گۆرەن تومۇرۇڭنى نېمانچە كۆپتۈرسەن ، تۇتۇننىڭ دەردىنى مورا بىلىدۇ ،دەپ سەن شۇ ئىمتىيازغا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارى ، بىلىم قابىلىيىتىڭ ۋە ئەلگە قوشقان تۆھپەڭ بىلەن ئەمەس ، بەلكى قۇۋلۇق ، شۇملۇقلىرىڭ بىلەن ، ئەرلىك ۋە مەردلىكىڭنى ، ۋىجدانىڭنى گۆرۈڭگە قويۇش ، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە ھاقارەت كەلتۈرۈش

ئادىمىيلىك ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈش ھېسابىغا ئېرىشتىك.

ئەگەر بۇلارنى ئىنكار قىلىدىغان بولساق قېنى ئىقتىدارىڭنىڭ مېۋىسىدىن ئەلنى بەھرىمەن قىلىپ باقمامسەن . قېنى بولمىسا مانا مەن ھاياتىمدا ئەل ئۈچۈن مۇنداق ئىش قىلىپ بەردىم ، دەپباقمامسەن ؟!

بەزىلەر ھازىرقى مىللىي ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى ، مەدەنىيەت جەھەتتە كەينىدە قالغانلىقىمىز ، نىزا - ئاداۋەت ، تەپرىقچىلىك ، يۇرتۋازلىق ، ھەسەت ۋە چېقىمچىلىق ۋە باشقا بەختسىزلىكلەرنى تۆۋەن تەبقە خەلقىمىزنىڭ ئۈستىگە يۈكلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۈچىغا چىققان نامەردلىك . «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك ئىش. خەلقىمىزدە گۇناھ يوق ، ئۇلاردا گۇناھ بار دېيىلسە ، ئۇلار تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان ، كۆپىنچىسى ساۋاتسىز ، ئۇلار قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ ، نېمە يەپ ، نېمە ئىچىۋاتىدۇ ، نېمە كىيىۋاتىدۇ ، قانداق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ ، نېمە قالا ۋاتىدۇ ، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىلەر ؟ پرولېتارىياتنىڭ داھىيسى ئىنگلىس مۇنداق دېگەن :«دارۋىن ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بايقىغانغا ئوخشاش ، ماركس ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقىدى. يەنى ئۇ ، كىشىلەر سىياسەت ، دىن ۋاھاكازالار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا قادىر بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولۇشلىرى ھەمدە كىيىنىشلىرى كېرەك . دېمەك ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن توغرىدىن توغرا زۆرۈر بولغان ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھەربىر مەلۇم باسقۇچى شۇنداق بىر نېگىز بولۇپ تۇرىدۇ . دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى ، ھوقۇق قاراشلىرى ، سەنئىتى ۋە ھەتتا كىشىلەرنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇرلىرىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئەنە شۇ نېگىزگە ئاساسلىنىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك ، دېگەن ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلارغىچە ك ەينى - كەينىدىن ئىدېئولوگىيىلىك پەردىلەر ئاستىدا بېسىلىپ ياتقان ئاددىي پاكىتنى كەشپ قىلدى ». ① ف.ئېنگلىس :«ماركس قەبرىستانلىقىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» 2 - توم 254 - بەت.

ئەگەر بىز بۇ قانۇنىيەتنى ھېس قىلغان بولساق خەلقىمىزگە ئۇنچە كۆپ لىگگىرچاقلارنى ئارتماس ئىدۇق . بىراق خەلقىمىز يەنىلا قەھرىمان خەلق. ئۇلار ناھايىتى زور تىرىشچانلىق قىلىپ دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن ئەمىر - پەرمانلارنى ئورۇنلاۋاتىدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇلاردا يۇقىرى تەبىقىلەردىكىدەك ياتلىشىش يوق ، بىزنىڭ ساپ مەدەنىيىتىمىز ، ساپ تىلىمىز ، مىللەتنىڭ كەڭ قورساقلىق ، سېخىيلىق ۋە ھەمكارلىقتىن ئىبارەت مىللىي خاراكتېرىنى مانا شۇ ئاددىي

خەلقلەرنىڭ ئارىسىدىن تاپقىلى بولىدۇ . بىراق ئۇلار شەھەرلىكلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىلەر بەھرىمەن بولغان نۇرغۇن ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. شۇ خەلققە ئەيىب قويۇۋاتقانلار ئىبىغا ئەر -ئايال نەچچە مىڭ يۇەن سەرپ قىلىپ ياشايدۇ ، دېھقانلىرىمىز شۇنداق نەچچە مىڭ كوينى بىر يىل خەجلەيدۇ.

ئەسلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مىللەتنىڭ ئارىسىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ، زى ياللىلار ئەلۋەتتە ھەر جەھەتتىن خەلققە ئىجابىي يېتەكچى بولۇشى كېرەك ئىدى . ئەپسۇسكى ، بىز ئەيىبلەۋاتقان ، بىز تەنقىدلەۋاتقان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئۆزىمىزدە ئىكەن. مىللەتنىڭ ئونئۇچرسال ساپاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «مەدەنىي» قاتلامنىڭ بۇنچە ياتلىششى خەلقنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە زور زىيانلارنى سېلىۋاتقان ئاساسىي ئامىل دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بىز بۇ خۇسۇستا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم ۋە بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى ئىبرەتلىك تەۋسىيەلىرىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىڭلارغا ھاۋالە قىلىمىز.

ئۆزئارا دۇشمەنلىشىشنىڭ ئاپىتى ، ساداقەتنىڭ خاسىيىتى

دۇشمەنلىششنىڭ يامانلىقى

ئەي دوست ، ھوشيار بولغىنكى ،دۇشمەنلىشىش ئىنتايىن يامان ئادەتتۇر. بۇ ئادەت ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇلپەتتۇر ، ئۇنىڭ ئۆزى غەم - ئەندىشە ھەم بالايىئاپەتتۇر . ئەمما ، ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇلسا ، سەممىي سادىقلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ، دۇشمەنلىششنى تاشلاش كىشىنى بەخت - سائادەت كوچىسىغا يەتكۈزىدۇ . دۇشمەنلىشىش ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلسە ، ئۇلارنىڭ ئەسل - ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ ، خانۇ ماننىنى خاراب قىلىدۇ . ئەگەر پادىشاھلار ئارىسىدا يۈز بەرسە ، پۈتكۈل جاھاننى خاراب قىلىدۇ.

جاھان ئەھلىدىن ۋاپا كەلمەيدۇ .ئۇلاردىن دوستانىلىك ناھايىتى يىراق .ئەگەر ياخشى ئويلايدىغان بولساڭ ، جاھان ئەھلى ئارىسىدا تۈگمەيدىغان بىر ھۈنەر بار .ئۇ بولسىمۇ ئۆچلىشىش ، ئاداۋەت بىلەن ئۆزىنى زايا قىلىشتىن ئىبارەت . بىرنەچچە خىل ئادەملەر باركى ، ئۇلار ھەمىشە ئاداۋەت ۋە دۇشمەنلىششنى ياخشى كۆرىدۇ .ئۇلار بىلەن بىرى قاچانكى ھەمكارلاشسا ، ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئازار بەرمەي قالمايدۇ . كىمكى بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىسە ، ئۇنىڭغا دەل

ھۆنەردىشى دۈشمەن بولىدۇ .بىرى بىرەر ئىشتا ماھارەت كۆرسەتسىلا ، يەنە بىرىمۇ شۇ ئىشقا چاڭ سالىدۇ - دە ، ھەر تەرەپتىن لاپ ئۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىدۇ .ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىدۇ .ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى كېچە - كۈندۈز كەم بولمايدۇ .ئەمما ، ئۇنداق ئىشلار كۆپىنچە ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن ، پادىشاھلار يۈزمىڭلىغان چېرىكلەرنى ئىشقا سېلىپ ، ئۆزئارا شاھلىقنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشىپ ، بىر - بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىشىدۇ .ھاكىملار بولسا ، ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىشىپ ، ھاكىمىيىتىنى تالىشىپ ئۆزئارا زىددىيەتلىشىدۇ. لەشكەر بېشى قوماندان ، چېرىك بەگلىرى لەشكىري ئىشلاردىكى ھوقۇق - ئىمتىيازىنى تالىشىپ ، بىر - بىرىگە ئورا كولايدۇ .ئۇلار پادىشاھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ، مەنسىپى قانچە ئۆسكەنسېرى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش شۇنچە كۈچىيىدۇ .بىلىشى ئازراق بولغان ئاددىي خەلقنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش ، ئۆچلىشىش ئوردىدىكىگە ۋە دىۋان - مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكىگە قارىغاندا ئاز كۆرۈلىدۇ . لېكىن شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ۋەيرانچىلىق ۋە سورۇقچۇلۇقى يەنىلا دۈشمەنلىشىش -ئۆچلىشىشتىن كېلىپ چىققان.ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆچلىشىشى بىرنەچچە ئائىلىنى ۋەيران قىلىش بىلەن بىللە شۇ قاتاردا ئۆزىنىمۇ خاراب قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما دۈشمەنلىشىشنى پادىشاھلار ئۆزىگە ئادەت قىلسا ، ئۆز مەرتىۋىسىنى باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن بىلىپ ، ئۇلارنى ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزۈشنى قەستلىسە ، بۇنداق خىيال پۈتكۈل ئالەم خەلقىنى خانىۋەيران قىلىدۇ . بۇ گوياكى بىر توپان بالاسى ، بۇ بەئەينى دەري الارنىڭ تاشقىنى ، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك چايقىلىشىدۇر . بۇنداق مەملىكەتتە ئامانلىق ۋە ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇنداق بالا -قازا تاشقىنىدىن ھېچكىم ئامان قالمايدۇ پۈتكۈل خەلق جەبىر - زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ . ئەگەر ئىككى پادىشاھ دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىسا ، جاھان ئەھلى ئۇ ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ ، ھەممىسى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ .ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماستىن قىلىچ يالىڭاچلاپ ، بىر - بىرىگە ھالاكەت تىغلىرىنى تەڭلەيدۇ. ئاتا بىر پادىشاھقا ، ئوغۇل يەنە بىر پادىشاھقا لەشكەر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بىر - بىرىگە يول قويمايدۇ . ئاداۋەت ۋە قەھرى - غەزەپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى ، ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتىسى ئالدىرايدۇ. ئوغۇلمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ.قېرىنداش قېرىنداشنىڭ بېشىنى كېسىشتىن تەپ تارتمايدۇ. دوستلار دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ. بىر ئۆيدىكى كىشىلەرمۇ بىر - بىرىدىن كېچىشىدۇ. ئۇرۇق تۇغقانلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋالدا يات كىشىلەر قانداق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.ئەگەر بۇنداق شىددەتلىك قارا بوران جاھاننى قاپلايدىدىغان بولسا ، پىتنە

- پاساتنىڭ چاڭ - توزانلىرى خالايىقنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز خۇدىنى بىلمەيدىغان ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان ، ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدىغان بولدى . جاھان ئەھلى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ، بۇلاپ - تالايدىغان ۋە بىر - بىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاندى قىلىدىغان ھادىسىلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەم بىر ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىنىدۇ .گەرچە جەڭ ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، ئاداۋەتمۇ پەقەت ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭ زىيان - زەخمەتلىرى ، بالايىئاپەتلىرى پۈتكۈل خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئاشۇ ئىككى شاھنىڭ دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن سان - ساناقسىز ئاجىز بىچارىلەر ئاياغ ئاستىدا پايخان بولۇپ يانجىلىدۇ ، ھالاك بولىدۇ.ئىككى پادىشاھ بىچارە پۇقرالارنىڭ جېنىغا رەھىم قىلماستىن جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈشۈپ ، ئۆزئارا كۈچ سىنىشىدۇ. نەتىجىدە غەلىبە قىلغان بولىدۇ .بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى ، بۇنداق كۈن ھەر ئىككى تەرەپ يۈق رالىرى ئۈچۈن ئاپەت كۈنى ، ياق بەلكى قىيامەت كۈنىدۇر .بۇنداق پادىشاھلاردىن كۆرە ، بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئىككى نامرات بىچارىنىڭ ھال - كۈنى ياخشىراقتۇر . چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇپ ، بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، بىرى قولىغاننى يەنە بىرىمۇ قوللاپ ، بىرى قارشى تۇرغاننى يەنە بىرىمۇ قارشى چىقىپ ، دوستانە ئۆتىدۇ . شۇڭا ، بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى پادىشاھتىن بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئىككى قەلەندەر ياخشىراق.

دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىقنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا

بىر ھېكايە

شۇنداق بىر مەشھۇر ۋەقە باركى ، چىڭگىزخان بىلەن خارەزمشاھ ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزگەندە ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى ، ئۇنى شەرھلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ۋاقتىكى ، بۇ جەڭدە چىڭگىزخان غەلىبە قىلىپ ، خارەزمشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئېلىپ ، ئۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى . ئاندىن خارەزمشاھنىڭ پۇقرالىرىغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ، ئەلنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى . جەبىر - زۇلۇم دېڭىزى قەھرى - غەزەپ قايناملىرىنى ھاسىل قىلدى . ئاتا ئوغۇلدىن ، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى.ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھېچ يەردە تىنچ -ئامانلىق قالمىدى.

ئەلقىسسە ، شۇ ۋاقىتلاردا شام شەھرىدە بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار بىر -بىرىنى جېنىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى. ئۇلارمۇ بىر كۈنى چىڭگىزخاننىڭ قەتلىئام قىلغۇچى سىپاھلىرىغا ئۇچراپ قالدى . ئۇ سىپاھلارنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان ۋە قاتىللىق خۇمارى تۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ ئىككى دوست ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. جاللاتلار بۇ ئىككىسىنى ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپ كېلىشتى. بۇ ئىككى دوست بىر - بىرىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا راز ى ئىدى .ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىرىنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى ، يەنە بىرى نالە قىلغان ھالدا:

- ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن ، ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۇزۇنراق ياشىۋالسۇن ، -دەپ يالۋۇردى. جاللات بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ يەنە بىرىنىڭ يېنىغا قىلىچ تەڭلەپ كەلگەنىدى ئالدىنقىسى نالە - زار قىلىپ تىلەپ تۇرۇۋالدى:

- خۇدا ھەققى ، ئۇنى بالدۇر ئۆلتۈرمىگىن ، ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگىن .ئۇنىڭ جان ئازابى تارتىپ قىينالغانلىقىنى كۆرۈش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاب ، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

دەل مۇشۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۇخلاۋاتقانىدى ، بۇ ئىككى دوستنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولدى . ئۇھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغاندا ، بىرەيلەن چىڭگىزخانغا: «بۇ ئىككىسىدىن مېھىر - مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق يولىنى ئۈگەن. خالايىققا جەبىر - زۇلۇم قىلىشىڭنى توختات. خارەزمشاھ سەن بىلەن ئۆچەكەشكەن بولسا ، بۇ ئىشتا خالايىقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟! ئىككى پادىشاھ ئۆچ -ئاداۋەت بىلەن جاھاننى بۇزۇپ ، خاراب قىلدىڭلار. بۇ ئىككى دوست بولسا بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ ، ساداقەت - ۋاپادارلىق كۆرسىتىشتى .بۇلاردىن ئىبرەت ئال » دەپ بېشارەت بەردى. چىڭگىزخان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، قەتلىئام قىلىشنى دەرھال توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردى . ئۇ ئىككى دوستنىڭ ساداقىتى ، ۋاپادارلىقىدىن بىر مەملىكەتنىڭ خەلقى بالا - قازادىن نىجادلىققا ئېرىشتى . ئۇلارنىڭ چىن دوستلۇقى باشقا دىندا بولغان بۇ قەتلىئام قىلغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلىپ ، ئالەم خەلقىنىڭ تىنچ -ئامانلىقىغا سەۋەبچى بولدى .ھەرقانداق بىر كىشى دوستلۇق ، ئىتتىپاقلىق يولىنى تۇتۇشنى بىلمىسە ، ئۇلارغا بۇ تەمسىل قىيامەتكىچە يەتكۈدەك دەرس بولالايدۇ.

## مەدەنىيلىششمۇ ، ياتلىششمۇ (4)

يوقىلىشقا يۈز تۇتىۋاتقان مىللىي خاسلىقىمىز

1. تارىختا ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيگەن مىللەت

«ئۇيغۇر » دېگەن شەۋكەتلىك نام بىلەن تونۇلغان خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇلۇغ مىللەتلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ، كۆمۈلمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى .ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى  ماددىي مەدەنىيەت سەھنىسىدە بولسۇن ، جاھان مەدەنىيىتىنىڭ نۇرانە مەشئىلىنى نەچچە مىڭ يىللار جەۋلان قىلدۇرغان     . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيادىلا    ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن شەرق دۇنياسىدا پەخىرلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم.ئۇلار ئاشۇنداق پارلاق مەدەنىيىتى ۋە شۆھرىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ، مىللىي روھى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى روشەن نامايان قىلغان. بۇ جەھەتتە بىز قەدىمكى ئاتا —بوۋىلىرىمىزنى پەخىر بىلەن تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقمىز.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 —ئەسىردە ئۆتكەن ماكدونىيە پادىشاھى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۈيۈك كۈچ — قۇدرەت ۋە ئۇلۇغ سەلتەنەت بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىنىڭ تەسەررۇپى ئاستىغا ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى ۋە تەرەپ —تەرەپكە يارلىق چۈشۈرۈپ ، مەكتۇپ يوللاپ ، باشقا ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى  . بۇ مەكتۇپلار ئىچىدە چىن — تۇران پادىشاھىغا يازغان مەكتۇپى ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئىدى. جانابىي ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا تارىخىي  ۋە رىۋايەتلىك ئامىللارنى بىرلەشتۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ مەكتۇپىنى مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

«مېنى ئىسكەندەر ، دەپ ئاتىشىدۇ ، يەتتە ئىقلىمنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرۇش مېنىڭ سۈپىتىم ۋە خۇسۇسىيىتىمدۇر     . سېنى <خاقانى چىن> دېيىشىدۇ ، تۇران زېمىنى سېنىڭ مەملىكىتىڭ ، تۇرانلار بولسا سېنىڭ لەشكەر ۋە پالۋانلىرىڭدۇر ...»يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختكە چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بولۇپ ، مۇنداق مەسخىرىلىك قۇرلارنى يازغان  . «... بۇگۈن ئىران مەملىكىتى ماڭا تەۋە بولدى ، ھەممە شاھلار پەرمانىمدا بولدى      ...

ساقمۇ ئەگەر بەخت — تەلىيىڭ مەدەت بېرىدىغان بولسا ، ئورنىڭدىن تۇرۇپ ، پەلەك سۇپەت ئاستانەمگە كەلگىن . قانداق پەرمان قىلسام ، سۆزۈمنى ئۇلۇغ دەپ بىلگىن ، بوسۇغامدا باش قويۇپ ئايىغىمنى سۆيگىن . ساڭا ۋە بارلىق تاۋابىئاتىڭغا ئىنئام — ئېھسان قىلىپ ، مۇرەسسە ، مادارا بىلەن لايىقىدا ئىززەت — ھۆرمىتىڭنى قىلىمەن ... ئەگەر ئىتائەت قىلماي ، جاھىللارچە يول تۇتۇپ ، دۈشمەنلىك ۋە گۇناھكارلىقنى ئىختىيار قىلساڭ ، ئۇ ھالدا بېشىڭغا بۇ تەتۈر پەلەكتىن نېمە كۈن كەلسە ، مەندىن ئاغرىنما ، مەندىن مېھرىبانلىق ۋە مۇرەسسە — مادارا كۈزلىمە ، قالغان سۆزلەرنى ئەلچى بايان قىلىدۇ ، شۇنىڭدىن بىلەرسەن ، تامام ۋەسسالام».

يۇقىرىقى تەھدىت ۋە ھاقارەت بىلەن تولغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان خاقانى چىن — تۇران پادىشاھى تەمكىنلىك ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇنۇ مەكتۇپنى ئەلچىلەردىن ئەۋەتىپ بېرىپتۇ:

«ئىسكەندەرنىڭ ئەۋەتكەن بۇ مەك تۇپى زەھەردىن ئاچچىق ، قىلىچتىن ئىتتىك تەلەپپۇزدا يېزىلىپتۇ . ئۇ جانابىي ئەلچىلەرگە بۇ خەتنى يېزىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا يا ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ياكى ئالدىراپ كېتىپ ، سۆز ئىبارىلەرنى ئويلىماي ، دەڭسەپ باقماي يېزىپ قويغان ئوخشايدۇ ، لەشكىرىم كۆپ ، خەلقىم باياشاد ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكىم يوق . ئۆزىگە تەۋە بولمىغان بىر پادىشاھقا مۇنداق تەلەپپۇزدا مەكتۇپ يېزىش ھېچقانداق رەسىم — قائىدىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش . مۇنداق ئەھۋال كىتابلاردىمۇ ئۇچرىمايدۇ . ئىسكەندەر خېتىدە ئۆزىنى <ھېكىم ۋە دانىشمەن> دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ پەخىرلىنىپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا بولغان بولسا ، بۇنداق سۆزلەرنى دېمىگەن بولاتتى ، چۈنكى مۇنداق تەلەپپۇز بىلەن مەكتۇپ يېزىش ئەقىل — ھوشى بار كىشىلەرگە زادى مۇناسىپ ئەمەس. يەنە تېخى <خاقانى چىن ئالدىمغا كەلسۇن> دەپتۇ. ماڭا مۇنداق سۆزنى قىلىشقا بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ پېتىنالمايدۇ. دارامۇ بىر نەچچە ۋاقىت جاھاندارلىق قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا دوستلۇق ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بارئىدى . بىر — بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدۇق . ئۇمۇ ھېچقاچان ماڭا قارشىلىق ۋە دۈشمەنلىشىشنى قوزغايدىغان مۇنداق تەكلىپنى قويۇپ باقمىغان ، ئىسكەندەرنىمۇ ئىككىنچى دارا دەپ بىلىپ ، جاھان مۈلكىنىڭ شاھلىرىدىن بىرى دەپ قارايمەن ، بىراق ئۇ چىن مەملىكىتىنىڭ باشقا بىر جاھان ئىكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ. شۇڭا ، ئالدىراپ — تىنەپلا يېزىپ ئەۋەتكەن بۇ مەكتۇپقا ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەيمەن ؛ ئۇ گەرچە خەتنى ناھايىتى قاتتىق — يىرىك سۆزلەر بىلەن يازغان بولسىمۇ ، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمايمەن . ئەگەر ئۇ دارادەك قائىدە — يوسۇن بىلەن سۆز قىلغان بولسا ، ئەلۋەتتە

سۆزلىرىگە خىرىدارلىق قىلغان بولاتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ مەكتۇپتىكىدەك بولىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مىجەز — خۇلقىنى نورمال تۇتمىسا، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن جەڭگە — جىددىلىدىن باشقا ئىشنى قىلمايمەن. ئۇ قەيەردە جەڭ مەيدانى تۇۋزسە مەنمۇ شۇ يەرگە يۈرۈش قىلىپ تۇتىشىمەن، ئەگەر دىيارىمغا لەشكەر تارتىپ كەلسە، شەھەر دەرۋازىسىنى يېپىپمۇ قويمايمەن، سىپاھلىرىم بىلەن بۇ ئاسمان ئاستىنى چاڭ — توزانغا تولدۇرۇپ، ئىسكەندەر بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىمەن».

ئەلچىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن يۇقىرىقى جاۋابنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر سەلدەك قوشۇنى، دېۋدەك سەركەردىلىرىنى، ئەۋلىيادەك مەسلىھەتچىلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان. تۇران پادىشاھى ئېيتقاندەك ئىسكەندەر تۇران خەلقىنى خاتا مۆلچەرلەپ قالغاندى.

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئېنىق خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىسكەندەر چىن زېمىنىنى ئىشغال قىلالمىغان، تۇران پادىشاھىنىڭ ئالىيجاناب تىرىشچانلىقى، تۇران قوشۇنلىرىنىڭ تەڭداشسىز جەڭگىۋارلىقى ئاستىدا ئىسكەندەر سۇلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، زۇلقەرنەين قوشۇنلىرى تۇران زېمىنىغا يېقىنلاشقاندا، تۇران شاھى ئۇنىڭغا قارشى خىللانغان تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئالدىن يەرەر قىسىم قىلىپ ماڭدۇرغان، ئۇلار زۇلقەرنەيننىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى بىلەن باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئات ئۈستىدە شۇنداق ئۇستىلىق ۋە چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلغانكى، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئۈزسە، كەينىگىمۇ شۇنداق ماھىرلىق بىلەن ئۈزگەن. ئۆزلىرىگە بولسا ھەرگىز ئوق تەگكۈزمىگەن، بۇنداق چەبدەسلىكنى، جاسارەت ۋە ماھارەتنى، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلىۋاتقان روھنى كۆرگەن ئىسكەندەر ھەيرەتتە بارمىقىنى چىشلىگەن ھەمدە زوقمەنلىك ۋە قايىللىق بىلەن «ئىنان خوزخورەند» (بۇلار باشقىلارغا بېقىنماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدىغان خەلق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ) دەپتۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلشۇناسلىق قانۇنىيتى بويىچە تەبىر بېرىشىچە، «خوزخور» بارا — بارا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساش جەريانىدا «ئۇيغۇر»غا ئۆزگەرگەن، دەپ ئىلمىي يەكۈن چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىتىدىكى باتۇرلۇق، زىرەكلىك ۋە ئەخلاقىي — پەزىلىتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە روشەن

هالدا نامايان بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، ئىجادچانلىق روھى، تەرەققىي قىلىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچانلىقى جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل — پاراسەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندى. ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى ۋە ئالىيجاناب قەھرىمانلىق روھى، گۈزەل مەنىۋى قىياپىتى بىلەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ قوللىشىغا، يۇقىرى باھاسىغا ۋە نەزەرىگە سازاۋەر بولغان، بۇ خۇسۇستا مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق بىر ھەدىسنى ئىپتىخار بىلەن مىسال ئالىدۇ: «بىز ‹تۈرك› دېگەن ئىسمنى ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزى قويغان، دېدۇق. چۈنكى، قەشقەرلىك خەلەف ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۇسەيىنىنىڭ ‹ئىبنولفەرقى› دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ‹ئىبنۇئەبى ئەددۇنيا› دېگەن نام بىلەن تونۇلغان جەلجارالىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى موفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: ‹ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن›» مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىقى ھەدىسنى شەرھلەپ: «بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي — سادىدا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سان — ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شۇڭا شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

» قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،

خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،

بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.»① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 — توم، 454 — ، 455 — بەتلەر.

يۇقىرىقى بايانلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماھىيەتلىك مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا تۇتقان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي ، بەلكى يۇقىرىقى ھەدىس ئۆزىدە يوُغۇرغان چوڭقۇر مەزمۇن بى لەن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكنى ئىپادىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق قوللاش ۋە ئۇلۇغلاشنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان يۈكسەك پەزىلىتىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ساپا سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى يۇقىرى تۇرغانلىقىنى لىڭ خاسىيىتىدىن بولغانلىقى روشەن بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەسكى ، ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنى ھۆرمەتلەش ، ئۇيغۇرلارغا سېغىنىش ، ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىش ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقانلىق ھېسابلىنىپلا قالماي ، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ يولىنى تۇتۇش ۋە ئۇيغۇرلاردىن مەدەنىيەت ئۆگىنىش ، تىل ئۆگىنىش ۋاجىپ قاتارىغا ئۆتكەنىدى.

مەھمۇد قەشقەرى بۇ خۇسۇستا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

»ئىشەنچلىك بىر بۇخارالىق ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق باشقا بىر ئالىمنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن پەيغەمبىرىمىزدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېنىق ئاڭلىغاندىم : پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى ، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگىنىدە ‹تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ› دېگەنىكەن.

بۇ ھەدىسكە شۇ ئېيتقۇچى كىشىنىڭ ئۆزى جاۋابكار . بۇ ھەدىس راس بولسا ، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولىدۇ ، راست بولمىغان تەقدىردىمۇ ، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ.»② «تۈركىي تىللار دىۋانى «

ناھايىتى روشەنكى ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار رېئال كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە ئەزىزلىنىپ ، ھۆرمەتلىنىپ قالماي ، بەلكى ئۆزلىرىدىكى يۈكسەك پەزىلەت ۋە ئالىيجاناب مىللىي خاراكتېرى بىلەن دىنىي ئەقىدىلەردىمۇ قەدىرلىك ھەم ھۆرمەتلىك ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا خەلقى ئالدىدىكى شان — شەرىپىنى مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى ، شانۇ شەۋكەتلىك ئورنى ۋە پەزىلەتلىك خەلق بولغانلىقىدىن دەپ چۈشەنگەن . شۇڭا ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىشەنچ بىلەن پەخىرلەنگەن . بىز بۇ يەردە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » دېگەن ئەسىرىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خەلقىنىڭ پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن

تۆۋەندىكى خىتابىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز:

»مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم . تەڭرى ئۇلارنى <تۈرك > دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى ؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى ؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى ؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈر ۋۈپ ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى . تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى . ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىششتىن ياخشىراق يول يوق . كىمكى ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ ، تۈركلەرگە سىغىنىپ كەلسە ، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ ؛ ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پاناھ تاپىدۇ .»① «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 — توم ، 1 — ، 2 — بەت.

يۇقىرىقى خىتابلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى پاكىت تەلەپ قىلمىغۇدەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن.

2.ئۇيغۇرلار يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمي مىللەت ئىدى

بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ » دەيدۇ . ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر لۇشۈن ئەپەندى: «بۇرۇن يول يوق ئىدى ، ئادەملەر ماڭغاندىن كېيىن يول پەيدا بولغان» دەپ كۆرسەتكەن. يۇقىرىقى يول ۋە ئىزلار ئادەتتىكى ئىز ۋە يولنى كۆرسەتمەستىن ، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يولى ، ئىنسانىيەت تارىخى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت يولىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىختا ئىنسانىيەت تارىخى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت ئىزلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، جۇڭگو ، ھىندى ، گرېك ، ئىران ۋە ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى ئاتا بوۋىلىرى ئىنسانىيەتكە كۆزنى چاقنىتىدىغان ئەڭ باي مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى يارىتىپ ، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس پارلاق تۆھپىلىرىنى قوشقانلىقىنى كۆرىمىز.

جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدا سۆز ئاچىدىغان بولساق ، بۇ مەدەنىيەت ھالقىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى تارىخىي پ اكىتلاردىن مەلۇم ، شۇڭا پروفېسسور ك . ئا. بىرونىكۇ «ئۇيغۇرلار ئۆتكەن دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا چوڭ ئورۇن ئىگىلەپ كەلگەن بىر خەلق . ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردا يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شەرق خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ » دېگەن باھالىرىمۇ تارىختىدىكى نۇرغۇن مەدەنىي ئىزلارغا ئاساسەن چىقىرىلغان خۇلاسە ئىدى راست! تارىخ سەھىپىسىگە ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارىغىنىمىزدا ، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان «يىپەك يولى »دىن ئىبارەت خەلقئارا ئالتۇن لىنىيە خەلقئارا سودا مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى ۋە بازىرى بولغانىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل —پاراستىدىن ياشنىغان بۇ مۇقەددەس تۇپراق ئاتا قىلغان قىممەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئارتقان تۆگە كارۋان تۆگىسى بۇ دىياردىن دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرگە بارىدىغان دەسلەپكى يولنى ئاچقانىدى. بۇ يول ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە روناق تېپىپ ، گۈللەپ ياشنىشىدا ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغانىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بۇ خاسىيەتلىك ئەگىشىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىدە ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى . چۈنكى ، ئۇيغۇرلار خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىلا تاۋار سودىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي قۇرۇلۇشىدا ئوينايدىغان غايەت مۇھىم تۈرتكىلىك رولىنى ئەقەللىي ھېس قىلىشقانىدى . 11 — ئەسىرنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ سودىگەرلەر تەبىقىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ۋە سىياسىي ھاياتتا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويغان : ئۇلار «شەرقتىن غەربكە كېزىپ يۈرۈپ ، سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مىڭ تۈرلۈك تاۋار — دۇردۇن ، دۇنيانىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى شۇلاردا بولىدۇ ، جاھان كەزگۈچى سودىگەر بولمىغان بولسا ، قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتىڭ ، سودىگەر جاھان كېزىپ يۈرمىگەن بولسا ئۈنچە — مارجان ، تىزىقلارنى كىم كۆرەلەيتتى ؟«

قەدىمدىن تارتىپ سودا ئىگىلىكىدە قانۇنىيەتلىك ئىككى خىل باغلىنىش مەۋجۇت . بىرى ، ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلارنى سىرتقا چىقىرىش ، يەنە بىرى ، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈش . ئۇيغۇرلار سودا ئىگىلىكىدىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن . چۈنكى ، نوقۇل باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقىلا تايانغاندا ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتەتتى . يەنە بىر

تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدىكى قول سانائەتچىلەرنىڭ ئىلگىرىلەش يولى توسۇلۇپ قالاتتى ، ئىستېمالچىلارمۇ زور دەرىجىدە زىيان تارتاتتى. بۇ خىل ئەھۋال سودا ساھەسىدە ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا كۈچلۈك رىقابەت ئېگىنى شەكىللەندۈرگەن بۇنداق كۈچلۈك رىقابەت ئۇيغۇر ئۇستىلىرى ۋە سودىگەرلىرى تەبىئىي ئەۋزەللىكتىن ، خام ماتېرىيال ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ، قول سانائەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى — توقۇمىچىلىق سانائىتى ، زەرگەرچىلىك سانائىتى ، كىگىز ئىشلەپ چىقىرىش سانائىتى ، گىلەمچىلىك سانائىتى ، قاش تېشى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ، ئىش لەپ چىقىرىش قوراللىرى سانائىتى قاتارلىقلار جەھەتتە ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ ، دۇنيا بازارلىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىگەنىدى . تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتە قىممەتلىك مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان . «تۈركىي تىللار دىۋانى »نى دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى — يېڭى ئىختىرالىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن . مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق بىر توقۇلما مەھسۇلاتنى تىلغا ئالىدۇ : «ياتۇق — ئىككى خىل نەرسىدىن توقۇلغان رەخت . ئۇنىڭ ئۆرۈمى يۇڭ يىپتىن ، ئارقىغى پاختا يىپتىن بولىدۇ ». بۇنداق ئىككى خىل يىپنى ئارىلاشتۇ رۇپ رەخت توقۇشنىڭ قانچىلىك تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسقۇ دەيمەن . يەنە بىر ئۇچۇر : «يالما — يامغۇرلۇق ، پارسلار بۇنى تۈركلەردىن ئېلىپ <يەكمە> دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ . ئەرەبلەر پارسلاردىن ئېلىپ <يەلمۇق> شەكلىدە قوللىنىدۇ . ھېچكىم بۇ سۆزنى تۈركلەر پارسلاردىن ئالغان دېيەلمەيدۇ . چۈنكى ، مەن بۇ سۆزنى ئەڭ يىراق چېگرىدا ياشىغۇچى قارا تۈركلەردىنمۇ ئاڭلىغانىدىم . ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار — يامغۇر كۆپ ياغقاچقا ، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندىمۇ يامغۇر يېپىنچىغا كۆپرەك موھتاج ئىدى ». ئەمدى ئىشلەپچىقىرىش قورالىدىن بىرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى . مەھمۇد قەشقەرى «ئىرغاق »نى تونۇشتۇرىدۇ . ئۇنى مۇزنى مۇزخانىغا تارتىپ ئەكىرىشتە ئىشلىتىدىغان ئىلگەك ، دەپ ئىزاھ بېرىدۇ . يۇقىرىقى ئۇچۇرلارنى كۆرگىنىمىزدە ، بىزنىڭ 21 — ئەسىردە ياشاۋاتقان نۇرغۇن مۇزچىلىرىمىزنىڭ مۇزنى گەمگە ئېلىپ كىرىشتە ياكى مۇز كۆللىرىدىن مۇز تارتىۋاتقاندا ئاشۇنچىلىك بىر ئىلغا ياساپ ئىشلەتمەي ، قولى ۋە ئارغامچىلار بىلەن تارتىپ ناھايىتى مۇشەققەت چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز . يەنە بىر ئۇچۇر تېخىمۇ بىزگە ئۆلگە ۋە ئىلھام بولۇشى مۇمكىن: «ئاقچاق — ئېغىزغا دورا قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىچى كاۋاك ئەسۋاب»، ھازىر بىزنىڭ ئاتا— ئانىلىرىمىز بالىغا دورا ئىچكۈزۈشتە ئاشۇنچىلىك بىر ئەسۋابنىڭ يوقلۇقىدىن ، دورىنىڭ كۆپىنى بالىنىڭ كىيىم — كېچەكلىرىگە ئىچكۈزۈۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ . ئەگەر يۇقىرىقى مۇز تارتىش سايمىنى بىلەن دورا ئىچ كۈزۈش

ئەسۋابى هازىرقى زامان پەن — تېخنىكىسىغا تايىنىپ ياسالسا ، پاتېنت هوقۇقىغا ئېرىششى مۇمكىنغۇ ، دېگەن ئارمانىنى قىلىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۆتمىڭ يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن گۈۋاهلىق بەرگۈچى كىروران ئانا ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساپايىمىزنى ئەسلىتىدىغان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئارقا — ئارقىدىن بايقىلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، مىڭ ئۆيلەردىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سەنئەت نەمۇنىلىرى ، دۇنيادا كەمدىن — كەم ئۇچرايدىغان «مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى» ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ۋە بەدىئى ئىدىئالىنىڭ مەسئۇلى بولغان «ئوغۇزنامە» ، «قۇتادغۇبىلىك» ، «چاھار دىۋان» ، «خەمسە» قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نەمۇنىلەر ، دۇنيا مۇزىكا — سەنئەت تارىخىدىكى مۆجىزە دەپ تونۇلغان «ئون ئىككى مۇقام» ، خەلقىمىزنىڭ ئەقىل — پاراسىتىدىن چاقنىغان مىخ مەتبەئە ، قەغز ئىختىرالىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجاد قىلىشقا ، يېڭىلىق يارىتىشقا ، ئىسلاھ قىلىشقا ، تەرەققىي قىلىشقا ماھىر ، ئەمگەكچان ، باتۇر خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شۇنداق ، ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل بەيگىسى ، ئىختىرا بەيگىسى ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەقىل پاراسىتىگە تايىنىپ ، بىر تەرەپتىن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ، بۇنىڭ خاسىيىتى شۇ بولغانكى ، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپتىكى ئەللەرنىمۇ ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۇيغۇرلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھايات — ماماتلىق بەيگىسىدە غالىپلىق تۇغىنى كۆتۈرگەن ئەجرى بەدىلىگە ھېچبولمىغاندا مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت ئەڭ شەۋكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

3.تارىخىمىزدا مەدەنىيەت جەھەتتە ياتلىشىش ۋە مىللىي خاسلىقنى يوقىتىۋېتىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاچچىق ساۋاقلار

«ئادەمنىڭ روھى چۈشسە ئېتى يۈگۈرەلمەيدۇ » دېگەن بىر ھېكمەت بار . ھەقىقەتنى ئېيتقاندا ، ئىنسانلار دۇنياسى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن روھلار دۇنياسى ، روھلارنىڭ ئۆزئارا كۆرەش قىلىش جەريانى ؛ تارىخ بولسا روھلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۇزلۇكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش جەريانى ؛ جەمئىيەت بولسا روھنى يېگىلىشىدىكى سەھنىسى . مانا شۇنداق قارىمۇقارشى روھىيەت ئالىمى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەۋجۇدىيىتىنىڭ مەنبەسى . ئىنسانلاردا روھ بولمىسا

ئىنسانىيەتمۇ بولمايتتى ، رەڭگارەڭ روھلار جىلۋىسى بولمىغاندا ئىنسان ئۆز كامالىتىنىڭ نۇرانە مەشئىلىنى يورۇتۇشنىڭ سېھرىي كۈچىدىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، روھنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى ، روھنىڭ روھ ئۈستىدىكى ئىسيانى مەڭگۈلۈك مۇقەددەس جەريانى . بۇنداق چەكسىز مۇساپە ئىچىدە سەپەر قىلىۋاتقان ئىنسانلار بېشىدىن ئىنتايىن جەلپكار ، سېھرىي كۈچكە باي بولغان ئىجابىي روھلارنىڭ يېتەكلىشىنىمۇ ، روھنىڭ روھ ئۈستىدىكى دەھشەتلىك ، رەھىمسىز شاللىشىنىمۇ كەچۈرۈشكە مەجبۇر . بۇ ھەرگىزمۇ روھلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى ئەمەس ، بەلكى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى.

تارىخ ئۆزىنىڭ جەلپكار چېھرىنى ناھايىتى نۇرغۇن قېتىم ئۆزگەرتتى . تارىخنىڭ ھەم روھنىڭ ھەر قېتىمقى يېڭىلىنىشى مېھمان كۈتكەندەك ئۇنداق سىلىق — سىپايە بولغىنى يوق ، بەلكى ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن كونىدىن قىيالماسلىق ، غايە بىلەن رېئاللىق ، تەرەققىيات بىلەن مۇتەئەسسىپلىك ، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق ، ھەسرەت بىلەن سۆيۈنۈش ، بەھرىمەنلىك بىلەن مەھرۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك روھىيەت پرۇتىدا ئۈزۈلمە سوزۇلغان كۆرەش ئارقىلىق قايتىدىن تۇغۇلغان . تارىختا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرى ، ئېتقاد سەھىپىسىدىكى سەھنە ئۆزگەرتىشلەر ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئوينالغان تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا تارىخنىڭ ۋە روھنىڭ يېڭىلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن . ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقانىي بايقاشلىرى بىلەن تارىختىكى خاتا بىلىش ۋە خاتا ھۆكۈملەرگە جەڭ ئېلان قىلغان ۋە مۇشۇ يولدا رىيازەت چەككەن ھەم دارغا ئېسىلغان . پىلاتون ، گالىلى ، مەنسۇر ھەللاجى ... ۋە تۈمەنلىگەن كىشىلەر «يەر يەنىلا ئايلانماقتا » ، «ئەنەل ھەق ، مىنەل ھەق » دېگەنگە ئوخشاش ئىسيانلىرى بىلەن دارغا ئېسىلغاندا ، ب ۇ پاجىئەلەرگە شاھىت بولۇپ تۇرغان دەۋرداشلىرى ئۇلارنىڭ چۇقانىنىڭ روھنىڭ ئىسيانى ، ئۇلارنىڭ تراگېدىيىسى روھنىڭ تراگېدىيىسى ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ تېگىرقىماسلىقى ئۈمىد ، ئىشەنچ مۇقەددەسلىكىنىڭ يىمىرىلمەس ئۇچقۇنىنىڭ ئەتىكى جىلۋىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشمىغانىدى . شۇنداق ! ئەركىن ، مۇقەددەس روھقا مەڭگۈ كىشەن سېلىپ بولغىلى بولمايدۇ.قەلب بوستانىدا يېنىۋاتقان مۇقەددەس پىكرىنى ، روھنىڭ يېڭى ئىستەكلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ھاكىم مۇتلەقلىق بىلەن قاپلانغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئەمدى تۇك چىقىرىۋاتقان بۇركۈتنىڭ قانىتىن ى يۇلغانغا باراۋەر ئىش ئىدى . لېكىن ، يۇلۇنغان قانات كېيىن بۇلۇتلار باغرىنى يارالايدىغان تېخىمۇ مۇستەھكەم تۈمۈر قاناتقا

ئايلانغانىدى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىلغار ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىلغار روھىمۇ ، زەئىپ ، چۈشكۈن روھىمۇ ، شۇنىڭدەك ئىلغار ئەنئەنىسىمۇ ، ھەم قالاق ئەنئەنىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شۇنداق ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئاشۇنداق قارىمۇقارشى روھلار كۈرىشى داۋامىدا بەزىدە غالىپ كەلدى ۋە بەزىدە چۈشكۈن ، زەئىپ روھلار غالىپ كېلىپ ، ئىلغار روھ چەتتە قىپقالدى ۋە بەزىدە خارلاندى.

بىز بۈنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىم انلىقى ، جاپادىن قورقمايدىغانلىقى ، ۋەتەنپەرۋەرلىكى ، قۇربان بېرىش روھىغا بايلىقى ، يېڭىلىق يارىتىش ، ئىجاد قىلىش روھىنىڭ يۇقىرىلىقى ، مەرىپەتنى سۆيۈش قىزغىنلىقى ، ھەققانىيەتنى ياقىلاش مەيدانى ، ئەدەپ — ئەخلاق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى قاتارلىق ئىلغار مىللىي خاسلىقلىرى نى ئېغىزىمىز بېسىلماي تىلغا ئېلىپ ماختاپ كەلدۇق. بىراق ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا قانداق چوڭ سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكى ، قانداق پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنىڭ بارلىقى ، ئىستىقبالىنى بەربات قىلىشقا سەۋەب بولغان قانداق ناچار ئىللەتلىرىنىڭ بولغانلىقى ، تارىختىن بىزگە مى راس بولۇپ قالغان قانداق — قانداق ئىللەتلىرىمىزنىڭ يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ، ئۇنى قانداق قىلغاندا تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تېخى تولۇق ، ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە ، تەجرىبە — ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ئۈلگۈرۈپ بولالمىدۇق. بىراق ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرىنىڭ ئە ڭ ئۇقۇمۇشلۇق شاھىتلىرى مىللەتنىڭ روھىدا ساقلانغان چىرىتكۈچى باكتېرىيىگە ئوخشاش يامان ناچار ئىللەتلەرنى يۇرەكلىك پاش قىلغان ، شۇنداقلا ئۇنداق ناچار ، يامان ئىللەتلەرگە قارشى رەھىمسىزلەرچە ئىسيان كۆتۈرۈپ ، مىللەتنىڭ روھىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەجرلەرنى قىلغان ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار مىللەتنى خاراب قىلىدىغان ، ھالاكەتنى تېزلىتىدىغان يامان ئىللەتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارە — تەدبىرلىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلىشقانىدى.

— 7ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخىي تەجرىبە — ساۋاقلارنى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن تارىخىي خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز . «ئورقۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى » ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزلىرىگە قويغان دىئاگنوزنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتى. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاپتورلىرى كۆلتېكىن ، بىلگە خاقان ، تونيۇقۇقلار ئۆز دەۋرىنىڭ مىلودىيىسىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن ، ئۆزلىرىنى ئېتراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان گىگانت ۋەكىللىرى ۋە

ئەزمەتلىرى ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت مۇنبىرىدە ئەڭ شانلىق سەھىپە ئاچقان پارلاق دەۋرى. شۇنداق گۈللەنگەن ، تەرەققىي قىلغان تارىخىي باسقۇچتىمۇ دۆلەت ، خەلقنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرىدىغان زىيانلىق ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈپ ، دۆلەتنى خاراب قىلىش ، ۋەتەننى مۇنقەرز قىلىش خەۋپىنى تۇغدۇرغان.

بۇنداق يامان كېسەلنى داۋالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى دەپ بىلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ باتۇرلار بېگىدەك قورقماس يۈرەك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە باش كۆتۈرگەن ئىللەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ، مەنبەسىنى ، ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ بۇنداق چىرىتكۈچى مەرەز كېسەلنىڭ ئۇنۇملۇك رېتسېپىنىمۇ بايقاپ چىققان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق ئىچىدىكى مەنئۇى بۇزۇلۇشقا ، ئاق — قارىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىغا ، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئاستىن — ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ بارغانلىقىغا ، ئەسلىدىكى پاك روھنىڭ شەخسىيەتچىلىك ، تەمەخورلۇق ، قۇلچىلىق بىلەن پەسكەسلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ . ئۇنىڭ ۋىجدانى ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى بۇنداق نابۇت بولۇپ كېتىشكە يول قويمايدۇ . ئۇنىڭ پاك روھى دەھشەتلىك تىپىرلايدۇ ، ۋىجدان تارىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق جاكا بېرىدۇ — دە ، ھۆكۈمدارلارغا ۋە خەلققە ھەقلىق يوسۇندا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

«ئەي ئالىم ، بۈگۈنكى بۇ زامانىڭغا نەزەر سال ! ھەممە ئىش — ئەمەللەر تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى ، بىلىملىكلەر خارلاندى ، ئەقىللىقلار كېكەچ بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولۇپ قالدى. ئەلدە يارىماس كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى ، ياۋاشلار ئازار يەپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. قاراپ باققىن ، مەي بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ ناماز تاشلىغانلار مەرد ، باتۇر ئاتالدى ، پىتنە — پاسات قىلغۇچىلار ئەركەك سانالدى ، مەي ئىچمەيدىغان ئوغلانلار خەسىس دەپ ئاتالدى . ئەلدە ھالا يوقالدى ، ھەممىدە ھارام ئۈستۈنلۈكنى ئالدى ، ھارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا كىر بېسىپ كەتتى ، ھالالنىڭ نامىلا قالدى ، ئۇنى كۆرگىنى بولمايدۇ ، ھارام بولسا تالاشتا قالدى ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تويمىدى . قاراپ كۆر ! دۇنيانىڭ قىلىقلىرى تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ كەتتى. خەلقتىن ۋاپا كېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاپا

ئۇستۇنلۇكنى ئالدى. ئىشەنچلىك بىرەر ئادەمنىمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. قېرىنداشلار ئارىسىدا يېقىنلىق يىراقلاشتى، ياخشى دوستلارمۇ مېھرىبانلىقتىن كەچتى. كىچىكتە ئەدەپ قالمىدى، ئۇلۇغدا بىلىم سۇسلاشتى. قوپال — نادانلار كۆپىيىپ، سىلىقلار ئازايدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق پەقەت پۇل ئۈچۈنلا بولدى، ھەققەت ئۈچۈن توغرا، ھەق ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟ قېنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى كىشى، قېنى يامانلىقتىن توسقۇچى كىشى؟ سودىگەرلەر ئامانەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنۇتتى، ھۈنەرۋەن — ئۇستىلار نەسىھەتلىرىدىن ۋاز كەچتى. بىلىملىكلەر سۆزلىرىنى توغرا سۆزلىيەلمەيدىغان بولدى. خوتۇنلاردىن ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. توغرىلىق يوقالدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ كەتتى، كىمدە پۇل بولسا شۇنىڭغا باش ئەگدى، مۇسۇلمانلار قارشىلىشىپ بىر — بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشمەكتە، كاپىرلار بولسا ھۇزۇر — ھالاۋەتتە ياشىماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ مال — دۇنياسى تالان — تاراج قىلىندى. ھارامنى ھالالدىن پەرقلەندۈرىدىغان كىشى قېنى؟ كۆر، پىتنە — پاسات شاۋقۇنى قىلچە ئۇخلاتمايدۇ، ئىلمى قۇرئان ئاۋازى قېنى، كۆڭۈل قاتتىقلاشتى، تىل يۇمشىدى، ھەققەتنىڭ ئۆزى يوقاپ كەتتى، پۇرقى قالدى. نەزەر سالغىن، ئاتىغا ئوغۇل دادىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا قۇل بولدى. كەمبەغەل، تۇل — يېتىملارغا شەپقەتچى يوق، جاھان ئاستىن — ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچى قالمىدى. ئوغۇل — قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى. ‹قېرى› دېگەن نام كىشى ئۈچۈن ھاقارەت بولۇپ قالدى. قانۇن — قائىدىلەر پۈتۈنلەي ئاستىن — ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئاق بىلەن قارا ئارىلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى قىيامەت ئالامىتىدۇر، ئالامەت كۆرۈلسە كېلىدىغىنى كېلۇر. قۇدرەتلىك تەڭرىم ئىمانىمىزنى ساقلىسۇن، پىتنە، بالا — يامانلىقلارنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرسۇن».

مانا بۇ فېئودالىزم تۈزۈمى ئاستىدا ياشاۋاتقان بىر گىگانت جەڭچىنىڭ ئىسيانى. بۇ قەتئىي ئىسيان بىلەن يۈسۈپ دارغا ئېسىلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، شاھ ۋە دەۋر ئۇنىڭ ئىسيانىنى قوبۇل تاپتى. ھەققانىيەت ئۈستۈنلۈك قازاندى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شاھتىن قالسىلا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى — ئۇلۇغ خاس ھاجىپلىق شان — شەرىپى بىلەن تارتۇقلاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋردىكى خەتەرلىك مەنىۋى كېسەلنىڭ تۆپ يىلتىزىنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتكەن. بىرى، نادانلىق، ئىككىنچى، قانۇن — تۈزۈمنىڭ توغرا، ھەق بولماسلىقى، ئۈچۈنچى، ئىقتىسادىي

جەھەتتىكى قىينچلىق ۋە موھتاجلىق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى ئۇلۇغ بايقىشى بىلەن قانائەت قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرنى داۋالاشنىڭ ئۇلۇغ مۇتەخەسسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئەۋج قىلىشقا يۈز تۇتقان مەنىۋى ئىللەتلەرنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسىپىنى ھەم كۆرسىتىپ بەرگەن:

بىرىنچى رېتسىپ، بىلىمسىز كىشلە رنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ، بۇ كېسەلنى داۋالىمىسا، ئادەمنىڭ تېزلا روھى ئۆلۈپ كېتىدۇ (1757 — بېيىت.)

بىلىمنىڭ مەنىسىنى بىل، بىلىم نېمە دەيدۇ، بىلىملىك ئەردىن ھامان كېسەل يىراقلىشىدۇ (156 — بېيىت.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆرسىتىپ بەرگەن مەنىۋى كېسەل، ئىنسانىي ئىرپانلىقتىن، ۋىجداندىن، ئىماندىن، ئەقىل — ئىدراكتىن، رېئاللىقنى بىلىش، چۈشىنىش ئىقتىداردىن، ئومۇمەن ياشاش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلاتتى. نادانلىق جاھالىتى قەيەردە بولسا، پالاكەت ۋە ئاپەت قابائىتى شۇ يەردە بىخ سۈرەتتى. بىلىمسىزلىك — ئىقتىدارسىلىق ھۆكۈم سۈرگەن جايدا ئادالەتمۇ، ھەققانىيەتمۇ، بەخت — سائادەتمۇ، ئەقىل — ئىدراكمۇ، گۈزەل ئىستىقبالمۇ ئۆز نىشانىدىن ئېزىقىدۇ. كۆزى ئوچۇق قارىغۇنىڭ ئالدىدا پۈتلىكاشاڭ كۆپ بولىدۇ، ئىرادە مۇقەددەسلىكمۇ، يېڭىلمەس كۈچ — قۇدرەتمۇ، ئېگىلمەس ھەقىقەت تۇ يغۇسىمۇ بىلىم شەربىتىدىن سۇغۇرۇلغان مەنىۋى تۇپراقتا ئاندىن ئۆسۈپ — يېتىلىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. چۈنكى، توغرا بىلىش پاراسەتنىڭ قانىتى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى، مەنىۋى زەئىپلىكنىڭ شىپاسى، ھاياتلىق يىلتىزىنىڭ ئابى ھاياتى بولالايتتى. بىلىپ ياكى بىلمە ي قىلىنغان بارلىق رەزىللىكلەر، ئىنسانىيەتسىزلىكلەر توغرا بىلىشتىن مەھرۇم بولغان كىشلەردىنلا سادىر بولاتتى.

ئىككىنچى رېتسىپ، توغرا، ئادىل، ھەققانىي قانۇن — تۈزۈم ئەلنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ، روھنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئۈنۈملۈك رېتسىپى ئىدى. شۇڭا، يۈسۈپ ئەل ئىچىدىن ناھەقچىلىقنى، زوراۋانلىقنى، تەڭسىزلىكنى يوقات، ھەققانىي قانۇننى خەلققە بەر. قانۇندىن ئۇلار بەھرىمەن بولسۇن، توغرا قانۇن سۇغا ئوخشاش چۆلنى بوستان قىلالايدۇ، ئادالەتسىز قانۇن پۈتۈن خانۇمانىڭنى ۋەيران قىلىشقا يارايدۇ، دەپ يەكۈنلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى شاھ ئۈستىگە تىرەيدۇ ۋە شاھ يالغۇز قانۇن چىقارغۇچى بولۇپ قالماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن قانۇنغا بويسۇنغۇچى بولۇشى كېرەك، شاھ ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، يەنىلا قانۇن شاھتىن ئۈستۈن بولۇشى كېرەك، دەپ

قارايدۇ. ئەلنىڭ بۇزۇلۇشنى ئەلدىن كۆرمە، ئۆزۈڭدىن كۆر، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ۋە قانۇن — تۈزۈمىڭنى توغرىلا، شۇندىلا خەلق توغرا يولغا ماڭىدۇ.

ئۈچىنچى رېتسېپ، خەلق تۇرمۇشتىن خاتىرجەم بولسۇن. ھەرقانداق ياخشى خۇلقلىق، پاك ۋىجدانلىق، دۇرۇس خۇيلۇق، ساغلام روھلۇق كىشىلەرمۇ قولى قىسقىلىق، موھتاجلىق تۈپەيلىدىن ئۆزىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەي شاھ، خەلقىڭنى نامراتلىقتىن، كەمبەغەللىكتىن، ئاچ — يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلدۇر، ئۇلارنى باياشاد ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىل، شۇندىلا دۆلەت روناق تېپىپ، ئەلدە خاتىرجەملىك قارار تاپىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ رېتسېپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا نىسبەتەن ئەڭ شىپالىق كۆرسەتمىلەر ئىدى. بۇ رېتسېپنىڭ شىپالىق رولىنى ئەسەردە ئەمەلىي كۆرسىتىش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن ئىسپاتلىغان.

تارىخ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۆزىنى قايتىدىن ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۆزلىرىگە يېڭىدىن باھا بېرىشكە يۈزلەندى. نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخى مۇساپىدە غاپىللىق، مەجبۇرىيەت ۋە زورلۇق ئاستىدا يول قويۇشقا، قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان نۇرغۇن سەۋەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى. ئۆزى ئۈستىدىكى بۇنداق قايتا ئويلىنىش ۋە روھ ئۈستىدىكى ئىسيان ياۋروپادىكى خەلقلەرنى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەنىدى. بۇ باسقۇچتىكى روھلار كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىن، دەھشەتلىك ۋە رەھىمسىز بولدى. بۇ روھىي كۈرەشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئالدى بىلەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىنسانىي قىممىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ خىل يېڭى چۈشەنچە ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى بىلىش، مەھكۇم بولغان، ئالدانغان، خورلانغان روھىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغانىدى. روھنى ئازاد قىلىش يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك مەقسىتى بولۇپ قالىدۇ.

دەل ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگەندە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ياشاۋاتقان شەرق زۇلمەت ئىسكەنجىسىگە بەنت بولغانىدى. خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك ئىزدىنىشلىرى بەدىلىگە ئېرىشكەن قىسمەن روھىي ئازادلىقى چەكتىن ئاشقان خۇراپاتلىق پاتقىقىدا ئېگىراشقا، قوش زۇلۇم قامچىسى، زورلۇق — زومبۇلۇق كىشەنلىرى، روھىيەتكە قىلىنغان دەھشەتلىك بېسىملار ئاستىدا ھاقارەتلىنىشكە، خارلىنىشقا دۇچ كەلدى. مىللەت ئىچىدە سەلبىي ئېقىم ئۈستۈنلۈك قازاندى. نەتىجىدە نەچچە ئەسىرلىك بېسىم، خورلۇق ۋە بۇلغاشقا ئۇچرىغان ساغلام روھ ئۆزىنىڭ ئورنىنى زەئىپ،

چۈشكۈن ، بېكىرقىغان ، ھالسىزلانغان ، ئازغان بىر پۈچەك روھقا بوشتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى . شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ جۈشقۇن ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ، ئۈمىدۋارلىققا تولغان روھى نادان ، ئالدامچى ، قارا نىيەت ، پۈرسەتپەرەس سوپىلارنىڭ توزىقىدا ماغدۇرسىزلاندى ۋە ئەركىن قانات قېقىش پۈرسىتىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭ ئىپادىلىرى نېمە ؟ مىللەت ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئادىمىيلىك ئورنىنى ، ئادىمىيلىك قىممىتىنى ئۇنتۇپ قالدى ، ئەكسىچە ، ئۆزلىرىنى بۇ دۇنيادىكى بىر گۇناھكار ، ئازغۇن ، ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان مەجروھ مەخلۇق دەپ تونۇپ ، بالدۇرقى قەددىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدىغان بۇ خەلق ھەرقاچان پۈكۈلۈپ ، تۆت قاتلىنىپ ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرەلمەيدىغان ، تىكىلىپ بىرسىگە قارىيالمايدىغان ، يەرگە يۈرەكلىك دەسسىيەلمەيدىغان بىر بىچارە مېجەزنى يېتىلدۈرۈۋالدى . ئەسلىي قانۇنىيەتتىن ياتلاشتۇرۇلدى .ئەسلىي قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندا ، ئىنسان بۇ دۇنيانىڭ خەلىپىسى (ئورۇنباسارى ) ئىدى ، ئادەم دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقلاردىن ۋە بارلىق مەۋجۇدادلاردىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىنغانىدى .يەنە بىر تەرەپتىن ئاللا بارلىق ئىنسانلارنى باراۋەر ياراتقانىدى ، ھەرگىزمۇ بىرىنى يەنە بىرىگە قۇل قىلىپ بېرىشكە ، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قۇللارچە چوقۇنۇشىغا ئەمر قىلىنغان ئەمەس ئىدى . ئەڭ مۇھىم تەرەپ شۇكى ، پۈتۈن ئالەم ۋە زېمىن ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەنىدى ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى ، ئادەمنى بولسا يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن ئەركىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلغانىدى. بىراق ، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئازغۇن يولنى تاللاپ ، ئەسلىي ماھىيەتكە خىلاپلىق قىلدى ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە ئاسىيلىق قىلدى ، ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىل غان مەئىشەتلىرىدىن يۈز ئۆرىدى . نەتىجىدە ئاللانىڭ «بىزنى ئۇنۇتقان قوۋمنى بىزمۇ ئۇنتۇيمىز » دېگەن ھۆكمىگە ئاساسەن ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇلۇغلۇق ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ، بارا — بارا ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىش ھالىتىگە بېرىپ قالغانىدى. پۈتۈن دۇنيامۇ ئۇيغۇرلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويۇشقا سەۋەب بولغان يەنە نۇرغۇن تارىخىي ، ئىجتىمائىي ۋە روھىي سەۋەبلەرمۇ بار. ئۇنى ئومۇملاشتۇرغاندا ، مۇنداق بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچىدىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا بۇ زېمىن ئاپەت ئوچۇقىغا ئايلىنىپ قالغان ، سىياسىي كۈچلەر ، دىنىي

مەزھەپلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پائالىيەت قىلىدىغان جەڭگى — جېدەل بارگاھىغا ئايلىنىپ قالغان ، ئۆزئۆنىغا سوزۇلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى خەلقنىڭ بىلىنى مۇكچەيتكەن ، يىلىكىنى قۇرۇتقان . ئۇلار جان ساقلاش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇيانىدىن بۇيانغا قېچىپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولغان ، تىنچ — خاتىرجەم تۇرمۇش ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن.

ئىككىنچىدىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم ئومۇرتقىسى بولغان سودا كارۋان يولى (يىپەك يولى ) دېڭىز قاتنىشى ئېچىلغاندىن كېيىن ، تەدرىجىي چۆلدەرەپ قالغان ، بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ھاياتىغا زور زىيانلارنى سېلىپلا قالماي ، يەنە ناھايىتى ئۇزۇن زامان دۇنيا بىلەن بولغان قويۇق باردى — كەلدى مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە ، جۈملىدىن ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئۇزۇن مەزگىل بېكىنمە ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

ئۈچىنچىدىن ، مائارىپ ۋەيران بولدى ، ئۇيغۇرلار نەچچە ئەسىر ئىزچىل ھالدا ئىلىم — پەندىن چەتنەشتۈرۈلدى. ئىلىم — پەن بىلەن دىن قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇلۇپ ، پەقەت قىسمەن دىنىي ساۋاتتىن باشقا نەرسىلەرنى ئۆگىنىش گۇناھ دەپ قارالدى. نەتىجىدە پۈتۈن مىللەت مىللەت سۈپىتىدە نادان قالدى . نەتىجىدە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمۇ مۇشۇ زېمىندا ئەسلىي ماھىيىتى بۇرمىلىنىپ ھاقارەتكە ئۇچرىدى . ئادىمىيلىك ماھىيىتىنى يوقىتىش ھېسابىغا تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپلىق قىلىندى . چۈنكى ، بىلىش ، تەرەققىي قىلىش تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ قىممەتلىك شەپقىتى ئىدى.

بۇنداق نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتنى ، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى 18 — ئەسىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان سالاھى ئۆزىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل » داستانىدا ناھايىتى سىمۋوللۇق ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى . ئۇ ئالدامچىلىق ، كاززاپلىق ، پوچىلىق ، نەپسانىيەتچىلىك ، مەنىۋى زەئىپلىك بىلەن تولغان رېئاللىقتىن بىزار بولغان ، ھۆرلۈككە ، پاكلىق بىلەن تولغان دۇنياغا تەشنا بولغان بۇلبۇل ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىدۇ. ئۇنى شۇ دەۋرگە ۋە شۇ دەۋردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چۈشكۈن ، زەئىپ ، ئۆزىدىن مەھرۇم بولغان دۇنياغا قارشى ئىسيانكار قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، تېگىرقىغان ، ئالدانغان ، زەئىپلەشكەن ، قۇللۇق قەپەس نىگە بەنت بولغان ، نەپسىگە ئەسىر بولغان روھنى ئازاد قىلماقچى بولىدۇ .ئەسەردە بۇلبۇل سابانىڭ يول باشلىشى بىلەن رەزىللىك بىلەن

تولغان قاباھەت دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ، ھۆررىيەت دۇنياسىغا سەپەر قىلىپ ، ھۆررىيەت دۇنياسىنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل گۈل دىيارىغا قەدەم قويۇشنى دىيانەتسىز باغۋەن بۇلبۇلنى تۇتۇۋېلىپ قەپەسكە سولايدۇ ، ئۇ بۇلبۇلنى قەپەسكە بىلەن ئۆزىنى «مەرد جاھانى » دەپ ئاتىۋالغان بىر رەھىمسىز ، قەلبسىز ، روھسىز ، ۋىجدانسىز ، ئىنسانىي تەبىئەتتىن مەھرۇم بولغان بىر نائەھلىگە سېتىۋېتىدۇ . بۇلبۇل بۇ خورلۇققا قەتئىي كۆنمەيدۇ ، ئۇ زىنىڭ مۇقەددەس ئەركىنلىك روھىنىڭ قۇللۇق قەپىسىگە بەنت قىلىنىشىدىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىدۇ — دە ، ئۆزىنى قەپەسكە ئۇرۇپ ئۆلۈش ئارقىلىقلا روھىنى ئازاد قىلىدۇ . «مەرد جاھانى » بولسا بۇلبۇلنىڭ ئۆلۈمىگە قىلچە ئېچىنمايدۇ ، ئۇنىڭ مەقسەت — نىشانىنى ، ئۇنىڭ روھىدىكى ئۆلۈغ ۋارلىقنى ھېس قىلمايدۇ . چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇنداق قەلب ، ئۇنداق چۈشەنچە ئۇنداق رەھىمدىللىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەن نەرسە نېمە ئىش قىلسۇن . شۇڭا ، ئۇ «مەرد جاھانى » بۇلبۇلنى سېتىۋالغان پۇلى ئۈچۈن پەرياد چېكىدۇ .نەتىجىدە ئۇ ئەخمەق بۇ ھەسرەتتىن ئۆز بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ ، ئون پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ ئەسەر ماھىيەتتە ئۆز دەۋرىدىكى دەھشەتلىك تراگېدىيىنىڭ بۇلبۇل پاجىئەسى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىدى . بۇلبۇل گۈزەللىككە ، ئەركىنلىككە يۈرەكلىك ئىنتىلگەن ، جاھان زۇلمىتىگە جەڭ ئېلان قىلغان ، ئۆزىنىڭ روھىنى زۇلمەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئىسيانكار ئىدى . ئەپسۇسكى ، شۇ تارىخىي رىئاللىقتا جاھىل ، مۇتتەھەم ، تەرىقچى ، نەپسانىيەتكە ئەسىر بولغان ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنۇتقان ئۇ قارا كۆچلەر ھۆكۈم سوراۋاتقان بۇ زۇلمەت ئوچىقىدا بۇلبۇل ئۈچۈن ياخشى كۈن يوق ئىدى. چۈنكى ، ئۇ دەۋردە بىر تەبىقە تەركى دۇنيالىقنى تەرغىب قىلىپ خەلقنى بىخوتلاشتۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار پۇل ، مەنسەپ ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن باش تارتمايتتى. يامانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ياخشىلارغا كۈن بولمىغانىدى.

شائىر ناھايىتى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنى بايقىغانىدى.تارىختىن بۇيان ياخشىلار ئۇستۇنلۇك قازانسا ، ياخشى ، ئىلغار مەقسەتلەر ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىت تۇغۇلسا ، يامانلارنىڭ يولى تارىيىدۇ ، ئۇلار مەجبۇرىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ پەسكەشلىكىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئەكسىچە ، ئەسكى ، چىرىك ، ياۋۇز كۈچلەرگە كەڭ بازار بولغاندا ، ياخشىلارغا يول توسىلىدۇ ، ياخشىلار كۆپلەپ ئازاب — ئوقۇبەت ، خورلۇق تارتىشقا مەھكۇم بولىدۇ . چۈنكى ، ياخشىلارغا كېلىدىغان ئازاب بەك كۈچلۈك بولىدۇ ، چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىك ، بۇزۇقچىلىق ،

ئىنسانلىقتىن مەھرۇم بولۇۋاتقان جەمئىيەتنى ناھايىتى ئوچۇق ھېس قىلىپ تۇرىدۇ ، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ھىمايىچىلىرى ، ھەقىقەتنى بايقىغۇچىلار بولغاچقا ، ھەقىقانىيەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، دەھشەتلىك ئازاب دېڭىزىدا ئۈزىدۇ. نادان ، ئەقىلسىز ئادەملەرلا بۇنداق ئازابنى ھېس قىلمايدۇ ، شۇڭا ئۇ لاردا قورسىقى ئاچقاننى ھېس قىلىشتىن باشقا ئازاب بولمايدۇ .يەنە بىر تەرەپتىن ، جاھالەت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رېئاللىقتا ياخشىلار ھەرقانچە ھەققانىي بولغان بىلەن رەزىل كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە يالغۇز قالىدۇ — دە ، جاھىل كۈچلەرنىڭ ھاقارىتىگە ، كەمسىتىشىگە ، مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئازاب ئۈستىگە ئازاب بولىدۇ.

ئۆز دەۋرىدىكى نادانلىقنىڭ تراگېدىيىسىنى ، خوجىلارنىڭ ساختا (ئەۋلىيا) لىق ، ساختا تەقۋادارلىق بىلەن خەلقنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ ، خەلقنى ھايات مەئىشەتتىدىن قول ئۈزۈشكە ، زۇلمەت دېڭىزىغا ئۆزلىرىنى بەخشەن دە قىلىشقا ھەدەپ ئىشتىراك قىلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بەزى سەزگۈر ، ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان .مەسىلەن ، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىم تارىخىي رېئاللىنى پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىنى يازغاندى.ئەسەردە ئالداش بىلەن ئالدىنىش ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تراگېدىيىلىك ھەم كومېدىيىلىك ئىجتىمائىي پاجىئە ئىنتايىن ئۆتكۈر ھەجۋى يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.داستاندا يۇسۇپ خوجا ئۆزىنى ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسىتىپ ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ . ئالدانغان نادان خەلق ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نىجاتكارى ھېسابلاپ ، ئۇنىڭ رەزگى تونىنىڭ پېشىنى سۆيۈشتى ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش بىلەن ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش ھېسابىغا ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلەشتى . نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالماق بولۇشتى ، ھەتتا يۇسۇپ خوجىنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشمەك ئۈچۈن ، مەسۇمە قىزلىرىنى نەزىر قىلىپ ، ئۇ ئالدامچىغا تۇتۇشتى.يۇسۇپ خوجا بولسا بۇ نادان ، ئەخمەق ، ھاماقەت خەلق ئېلىپ كەلگەن ئامەتلىرىدىن بەخىرلىنىپ ، ئېسىل كىمخاپ تونلارنى كېيىپ ، ياسداق ئۆيگە پەردە تارتىپ «ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتىمەن » دەپ نەزىر قىلىنغان قىزلار بىلەن ئەيش — ئىشرەت ھوزۇرىنى سۇرىۋەرگەن.

موللا بىلال يۇسۇپ خوجىنىڭ بۇ ساختا چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنى گۇمراھلىقتا سۆرەپ كىرگەن نادانلىقنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن پاجىئەسى نى ھېس قىلدۇرماق بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلققە نادانلىقنىڭ ئادەمگە قانچىلىك ھاقارەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ، قانچىلىك مەھرۇملۇقلارغا دۇچار

قىلدىغانلىقنى ئۇقتۇرماقچى بولغان .قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىۋاتقان خەلققە خوجىلارنىڭ ساختا ماھىيىتىنى تونۇتۇش بىلەن ئۇلارغا سەگەك ، ھوشيار ياشاشنى تەۋسىيە قىلغان.

بۇ دەۋردىكى ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇ بولغانكى ، خوجا — ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ سىھرىي ئەپسۇننى كۆچەپ تەرغىب قىلىۋاتقان ئاشۇ جاھالەتلىك دەۋردە بەزى ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ جىن — شايا تۇن دىيىشغا ئۇسسۇل ئويناپ ، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇشتا مەلۇم رول ئويناپ قالغان.

ئەۋلىياغا جان دىلى بىرلە مۇرد بولسا كىشى ،

ئىككى ئالەمدە ئانىڭ ئورنى گۈلى گۈلزاردۇر.

— نەۋبەتى

جاھان بولدى كوپپارلارغا بىھىش ،

ئاڭا قىلدى ، ئالەمنى راھەت سىرشت.

جاھان ئاخىرەت بىرلە خەندان ئۇرۇر ،

جاھان ئەھلىئوقباغە زىندان ئېرۇر.

كىشىگە يېتىشسە جاھان راھەتى ،

چېكەر ئاخىرەتتە بەسى مېھنەتى.

كىشى چەكسە ئالەم ئارا زارلىغ ،

قىلۇر ئاقىبەتتە تەڭرى دىلدارلىغ.

— تورودوش ئاخۇن غەرىبى

ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئىرادە قىلىنغان بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ مەئىشىتىنى هارام دەپ قاراشقا ئېلىپ
بارغان چىكىدىن ئاشقان ئازغۇن ئىدىئولوگىيە خەلقىمىزنى قانچىلىك زور مەھرۇملۇقلارغا دۇچار قىلمىغان — هە! بۇ
خىل خاتا ئىدىئولوگىيىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان روھ تا هازىرغىچە تېخى ئۇنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلالىغىنى يوق.
شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىنتىلىشچان، ئىجادچان، تىرىشچان،
كۆرەشچان روھ ئۆلگەن. ئۇلار خوجا — ئىشانلارنىڭ پېشىگە يۈزىنى بىر سۈرتۈۋېلىشنى چەكسىز بەخت — سائادەت
هېسابلاشقان. ئۇلار بەختنىڭ، هاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇ نتۇپ كەتكەن. بارا — بارا ئۇيغۇرلارنىڭ مەغرۇر
خاراكتېرىنىڭ ئورنىنى قۇلچىلىق ئىگىلەپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى «ئات ئۈستىدە جەڭگىۋارلىق
كۆرسىتىپ، تىكلىگەن نامىنى ئۇنۇتقان. بۇنىڭدىن ئىككىمىڭ يىللار بۇرۇنلا كىيىملىرىگە دەزمال سېلىپ كىيىدىغان،
ئاياغلىرىغا پىتەك سېلىپ كىيىش مەدەنىيىتىگە كىرگەن، قوللىرىدا پەلەي، ئۇچىلىرىدا ساۋۇت — دوبۇلغا، ئاياغلىرىدا
خۇرۇم ئۆتۈك، ئېسىل تونلارنىڭ ئۈستىدە يەنە كېپىنەك تون كىيىپ يۈرگەن ئەركەكلىرىمىزنىڭ ئەپتىنى ۋەيرانلىق
باسقان. باشلىرىدا مەزھەپلىرىنى ئۇقتۇقتۇرىدىغان ئاق ۋە قارا تەقىي دوپپا ۋە ياكى كۆلا — جەندە، ئۇچىسىدا كېپەنلىك
تون، پۇتلىرى يېرىلىپ تىلىم — تىلىم بولۇپ كەتكەن، يالاڭ ئاياغ، رەڭگىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان تىرىك مۇردىغا
ئايلىنىپ قالغان. ئاياللىرىمىز تېخىمۇ خورلۇق ئۈستىگە خورلۇق تارتقان، ئۇلارنى هە دېگەندە ئۆ زلىرىنى گۇناهكار
هېسابلاشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى جارى قىلىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغان.
كىروران ئانا ياشىغان بۇنىڭدىن تۆتمىڭ يىل بۇرۇن پۇتلىرىغا گۈللۈك ئۆتۈك كىيگەن، ئۇچىسىغا قاتلاق گارمۇن ئىشتان
كىيىپ يۈرىيدىغان، يۈزلىرى گە ئەڭلىك سۈرتۈپ پەدازنى تاشلىمايدىغان ئانىلار، قاراخانىيلار دەۋرىدە باغرىداق
مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئاياللىرىغا باغرىداق مەدەنىيىتىنى ئۆگەتكەن ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇ دەۋرگە
كەلگەندە قارا چۈمپەردىنىڭ ئىچىدە خورلىنىشقا، ئىنسانىي ئەركىدىن پۈتۈنلە ي مەھرۇم بولۇشقا باشلىغان. خان —
پادىشاھلارنىمۇ پىسەنت قىلماي، تىپىپ يىقىتىۋېتىپ، «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما» ①
مۇشۇ ماقالىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق هېكايەت قىلغان: خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ
كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكەنلىكى ئۇچۇن خاقانىيلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرىلىق بىر
ماقال چىقىرىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 — توم، 619 — بەت«.

دېگەندەك تەمسلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئۇيغۇر خوتۇن — قىزلىرى خوجا — ئىشانلارغا نەزىر قىلىپ بېرىدىغان بويۇمغا ئايلىنىپ قالغان.

ئومۇمەن، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىجتىمائىي — تارىخىي ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ئېزىقىشلار، ئۇزۇنغا سوزۇلغان خورلۇق ۋە ئازاب — ئوقۇبەتلەر، تەلىم — تەربىيىدىن مەھرۇم بولۇپ نادان قېلىشلار، دۇنيادىن بىخەۋەر بېكىنمىچىلىككە ئۆزىنى بەنت قىلىشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىلغار مىللىي خاسلىقىنى دەپنە قىلىشقا يۈزلەندۇرگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئاشۇنداق ھالسىزلانغان، تېڭىرقىغان، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغان ھالىتىدە 20 — ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئاران — ئاران كىرگەن.بىراق، بۇ دەۋردە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلغان، دۇنيا بىلەن ئۇچراشقان، شۇڭا ئۇلار يېڭى بىر كۆز، يېڭى بىر ئىدىئولوگىيە بىلەن ئۆزلىرىگە دىئاگنوز قويۇشقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن 20 — ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە روھنىڭ روھ ئۇستىدىكى ئىسيانى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئىزدەش، زەئىپلىك دەستىدىن ئېڭراۋاتقان مەجرۇھ روھنى قۇتۇلدۇرۇش دولقۇنىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، خۇراپاتلىق تورىقىغا بەنت بولغان، قۇللۇق زەنجىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان تاپالمىغان خەلق نىدا قىلماقتا ئىدى.ئەگەر بۇنداق نادانلىق ۋە ئازغۇنلۇق داۋاملىشىۋەرسە، خەلق ھەرگىزمۇ چىقىش يولىنى ۋە ئىستىقبالىنى تاپالمىغان بولاتتى .بۇ خىل ئېغىر تەقدىرنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن، روھى بالدۇرراق ئويغانغان ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنىڭ يۈرىكى ئەلەم زەرداپلىرى بىلەن ئۆرتەندى .ئۇلار ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان، مەنىۋى ئىللەتلەر تورىغا بەنت بولۇپ ئېڭراۋاتقان، جان تالىشىپ تىپىرلاۋاتقان روھنى كېسەلدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتاشتى . شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ئاقارتىش ھەرىكىتى باشلاندى. خەلققە ھەق — ناھەقنى تونۇتۇش، ۋۇجۇدىدىكى يامان، مەرەز كېسەلنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىشتى .بىز بۇ خۇسۇستا پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 20 — ئەسىرنىڭ 21 — يىللىرى يازغان «ئۇيغۇرۇم» دېگەن دىئاگنوز خاراكتېرلىك شېئىرىدىن ئازغىنە مىسال ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز:

جاھالەت سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ خاتا باردۇر،

ئېيتىڭىزچۇ ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرسىدە ساپا باردۇر ؟

..................

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا ،

يوشۇرماي بىرگە ئۇننى قوشۇپ چاققانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم كامدۇر ،

قوۋلۇق — شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىلىم — پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە ، ئۇزەر سۇدا ،

مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق ، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

بوۋىلار شۆھرىتىنى ، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسىمىز ،

قېلىپ غەپلەت — جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز ، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

ھۈنەر بىلەن سانائەتتە يېتىشتۇق ، بولدى ئىش پۈتتى ،

ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا ھېجىر قۇيغانىمىز باردۇر.

..................

قىزىل كۆزلۈك ، كۆرەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق ،

قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك تۆمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

ئەل يۇرتىنىڭ دەردىگە قىلچە دەرمان بولمىدۇق بىزلەر ،

كېلۇر بىر كۈن ، ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.

ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ، ئۆز پاجىئەسىگە سا يە بولۇۋاتقان ئىللەتلەر بۇنىڭدىنمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلمەس .بۇ تىرىشچانلىقلار يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقان مىللىي خاسلىقنى ئويغىتىش ، ئۆزلىرىنى قايتا تونۇتۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇنۇشلارنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

»نازىركوم»نىڭ ھېكايىسى

نازىركوم ئۆزگىچە شوخ ئوينىلىدىغان خەلق ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەملىكىتىمىز ۋە خەلقارا سەھنىلەردە جەۋلان قىلىپ ، ئۇيغۇر ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرماقتا.

>>نازىركوم>>نى <<نازىر>> ۋە <<كوم>>دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئاتالغۇ دەپ تەبىر بەرگىنىمىزدە ، بۇ ئۇسسۇلنىڭ زادى قايسى دەۋردە پەيدا بولغانلىقىنى ۋە نىمە سەۋەپتىن شۇنداق ئاتالغانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توغرا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.

بىز نازىركوم ئۇسسۇلىنى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئادەتلىرىنى ئۇسسۇل شەكلىدە ئەك ياخشى ئىپادىلىگەن ، دەيمىزيۇ ، ئۇنىڭ نامى پارىزچە <<نازىر>> بىلەن <<كوم>>نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن دەپ بىر- بىرىگە زىت پىكىرنى ئوتتۇرغا قويىدىكەنمىز . ئەگەر بۇ ئۇسس‍ۇلنىڭ نامى پارىسچىدىن كەلگەن بولسا ، شەكسىزكى ، بۇ ئۇسسۇلنىڭ تارىخى پارىس تىلى ۋە ئەدىبىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدىنى

تۇرمىشغا قاتتىق تەسىر قىلغان 16-،17- ئەسىرلەرگە تاقىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق تارىخى شارائىتتا نازىركومدەك «ئىپتىدائى ئۇۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن» قەدىمقى ئۇسسۇلنىڭ خەلق ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ ئۇسسۇل نىمە سەۋەپتىن «نازىركوم» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟

تۇرپاندىكى پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى تارىخى ماتىرىياللار بىلەن بىرلەشتۇرگىنىمىزدە، «نازىركوم» دېگەن بۇ نام «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «لەكچىن» دەپ ئاتالغان يېرىدە تىلغا ئېلىنغان، شەرقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋە تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئاستانىسى بولغان، 1933-يىلىنىڭ شىسەي خوجانىياز ھاجى بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن كۆيدۇرۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن لۇكچۇن شەھرىدە (ھازىرقى پىچان ناھىيەسىنىڭ لۇكچۇن بازىرى)، تۇنجى ئەۋلات تۇرپان ۋاڭى ئىمىن غوجا (1696-1778) دەۋرىدە پەيدا بولغان ۋە ئەتراپقا كېڭەيگەن.

نازىركوم ئۇسسۇلىغا يۇشۇرۇنغان ھېكايە مۇنداق:

ئاتا- بوۋىسىدىن تارتىپ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىشقىيەچىلەرگە مايىل «جەۋھەرىسۇلۇك» تەرغىباتى بىلەن شوغۇللىنىپ ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىت توپلىۋالغان ئىمىن سوپى (ئىمىن ۋاڭ) 1720- يىللىرى ئەتراپىدا ئاستانە، قارغوجىدىن تارتىپ پىچاننىڭ چىقتىمغىچە بولغان يەرلىرىگە ھۆكۈمىنى جارى قىلىپ كېلىۋاتقان لۇكچۇن خانى ئەخمەت باقى بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەگ بولغان. بۇ چاغ دەل جەنۇبى شىنجاڭ رايونى جۇڭغار خانلىقىغا تولۇق قارام بولغان، قورچاق ھاكىمىيەت ئىشقىيەچىلەرنىڭ قولىدىن ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن، قۇمۇل رايونى چىڭ سۇلالىسىگە بېيئەت قىلغان؛ تۇرپان رايونى بولسا كىچىك- كىچىك بولۇنمە ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى تالىشىدىغان، ئۇرۇش ئۇزۇلمەيدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل ئىدى.

مانا مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە، تۇرپاندىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدىمۇ جۇڭغار خانلىقىنى ھېمايە قىلىش ياكى چىڭ سۇلالىسىگە بېيئەت قىلىشتەك ئىككى خىل تاللاش يولى بار ئىدى. بۇ چاغدا ئىمىن غوجا

جوڭغارلارغا قارشى تۇرۇپ ، چىك سۇلالىسى لەشكەرلىرى 1720-يىلى يازدا قۇمۇلدىن ئۆتۈپ تۇرپانغا كېلىپ جوڭغارلارنى قارا شەھەرگىچە سۈرۈپ بارغان ، ئۇزاق ئۆتمەي بارىكۆلگە قايتىپ كەتكەن . بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان جوڭغارلار ناھايىتى زور ئاتلىق قوشۇن باشلاپ كېلىپ ، لۈكچۈن شەھىرىنى قورشىۋالغان . ئىمىن خوجا پۇقرالىرىنى تەشكىللەپ دۈشمەنگە قارشى تۇرغان.

40كۈنلۈك قامال جەريانىدا ، ئاچلىق ، ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىكتەك ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، دۈشمەننى چېكىندۇرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي چىك سۇلالىسى لەشكەرلىرى پىچان تەۋەسىگە يەنە كەلگەن. ئىمىن خوجا پۇقرالىرىنى باشلاپ چىك سۇلالىسى لەشكەرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالغان ۋە چىك سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن. جوڭغار خانلىقىغا بۇرۇندىن ئىتائەتلىك كۆچلۈك بولغان ئەزىز خوجا جوڭغار ئاتلىقلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىگە تەۋە ئاھالىنى باشلاپ دەسلەپتە قاراشەھەرگە ، ئاندىن ئۈچقا كۆچكەن. شۇنىڭ بىلەن <<ئۈچ>> دېگەن نامغا <<تۇرپان>> ئاتالغۇسى قوشۇلۇپ <<ئۈچتۇرپان>> دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ تارىخى شارائىتتا ، تارىخ سەھنىسىگە چىققان ئىمىن خوجا ناھايىتى ئەقىللىق ، زېرەك سۆزمەن ، بىلىملىك ھەم تەدبىرلىك كىشى بولغان.

ئۇ قانداق قىلىپ پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ، قانداق قىلىپ خانغا يېقىشنى ، قانداق قىلىپ ئۆز مەقسىدىنى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ياخشى بىلەتتى.

ئەنە شۇ چاغلاردا تۇرپان رايونىغا كەڭ تارقالغان << گوممۇك گوم >> دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كۈي بولۇپ ، ئۇنىڭغا شوخ ئۇسسۇل تەڭكەش قىلىنغان.ئەجداتلىرىمىزنىڭ تا ئۇۋچىلىك دەۋرىدىن تارتىپ ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتكىچە بولغان ئۇزاق تەسىرلىك تۇرمۇش ئۆرۈپ- ئادەتلىرى بۇ كۈيگە ئۇسسۇل شەكلىدە سىڭىپ كەتكەن.بۇ شوخ كۈيگە ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلار ساناقلىقلا بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئۇسسۇلغا ھەممە كىشى قاتتىق قىزىققان ، ھەۋەس قىلغان .بۇ كۈيگە قاملاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلارنىڭمۇ ئەل ئارىسىدا ئابرويى يۇقۇرى بولغان .بۇ ئۇسسۇلنى ئوردا قىزىقچىسى ھەم ئۇسسۇلچىسى ناسىر ئىس ىملىك ئوتتۇر بوي ، چىرايىدىن شوخلۇق توكۇلۇپ تۇرۇدىغان كىشى ھەممىدىن ياخشى ئويناپ ئەلگە تونۇلغان . ئۇ<< گوممۇك گوم>> غا ئۇسسۇلغا چۈشكەندە مەيداندا شۇ ھامان ئالقىش ياڭرىغان ، ھۇششەرىباريكاللا پەلەككە يەتكەن ،

تۇماقلار ئاسمانغ ئېتىلغان، بۇ كىشىنىڭ نامىنى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممىسى بىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شۇ چاغدا تۇرپاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان.دەل مانا مۇشۇ چاغدا ئىمىن خوجا چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەد خوجىنىڭ خەتنە تويىنى قىلىپ، يۇرت ئەھلىگە داستىخان سالغان . ئىمىن خوجىنىڭ بۇ ئوغلى كىچىك چېغىدا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، كېيىن ساقايغان بولسىمۇ، ئالچاڭلاپ ئاران-ئاران ماڭالايدىغان بولغان.ئىمىن خوجا تۇنجى پەرزەنتى بولغاچقىمىكىن، ئۇ ئوغلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن . ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ مېيىپلىكىنى تىلغا ئېلىشقا ۋە مەسخىرە قىلىشقا يول قويمايدىكەن.

نۇرمۇھەممەد خوجىنىڭ خەتنە تويى چوڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، يۇرتتا ئۇزاقتىن بۇيان ئۇرۇ- تالاش بولۇپ، بۇنداق بى رەر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قالتىس قىزىپ كەتكەن .

ئۈسسۇلچىلار بىر- بىرىدىن قېلىشماي ئۇسسۇل ئويناشقان.بىر چاغدا سۇنايچى پەدىنى <<گۇمۇمۇك گۇم>>غا يۆتكىگەن ھامان، ناغرىچىلارمۇ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن رىتىمى تېز بۇ پەدىگە چېلىشقا باشلىغان.مەيداندا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلاردىن << گۇمۇمۇك گۇمغا>> ئوينىيالايدىغانلىرى ئويناپ، ئوينىيالمايدىغانلىرى مەيداندىن چۈشۈپ كەتكەن.بۇ چاغدا تاماشا كۆرۈۋاتقەن خالايىق ئىچىدىن بىرى: << ھە ! ناسىر! ئوينا! قاينا!>> دەپ ۋاقىرىشى بىلەن تەڭ، ناسىر ئۇسسۇلچى مەيدانغا چۈشۈپ ناھايىتى قىزىقارلىق ھەركەتلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىغان.ئۇنىڭ لىكىلداپ ئېتىلۋاتقان قېشى، كۆز ھەركەتلىرى، چاققانلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن ۋېتكىلىپ ھەركەت قىلىۋاتقان پۇت ۋە قوللىرى تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان.

ئەسلىدە ناسىر ئوردىدا ئىمىن خوجىنىڭ ھەر خىل قىلمىشلىرىنى كۆپ كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئىمىن خوجا يوقلاك ئىشلار تۈپەيلى ئۇنىڭغا قاتتىق دەشنەم بەرگەن. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ناسىرنىڭ يادىغا مانا مۇشۇ ئىشلار كېلىشى بىلەن تەڭ، ئاچچىقى تۇتقان . دېيەلمىگەن، دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويناۋاتقان ئۇسسۇلغا سىڭدۈرۈپ، ئىمىن خوجىنىڭ قىلمىشلىرىنى خەلقئالەمگە پۇر قىلماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ << گۇمۇمۇك گۇم .>> غا يېڭىچە شەكىللەرنى كىرگۈزۈپ ئويناشقا

باشلىغان. ئۇ ئۇسسۇلدا خۇددى پالەچ نۇرمۇھەممەد خوجىغا ئوخشاش گاھىدا ئالچاڭلاپ، گاھىدا مايماقلاپ ماڭسا، گاھىدا ئاغزىنى كالچايتىپ، كېكەچلىگەنلىرىنى ناھايىتى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ دوراپ ئويناشقا باشلىغان. تاماشا كۆرىۋاتقانلار ئۇنىڭ بۇ ھەركەتلىرىگە ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشكەن، بارىكاللا سادالىرى پەلەككە يەتكەن، بۆكلەر ئاسمانغا ئېتىلغان. << ئوينا ناسىرگۇم!>> <<قاينا ناسىرگۇم!>> دېگەن ۋارقىراشلار ئەۋجىگە چىققان. ئۇيۇن كۆرىۋاتقان ئىمىن خوجا ناسىر ئۇسسۇلچىنىڭ ھەرخىل ھەجۋى ئۇسسۇل ھەركەتلىرى ئۆزىنى ۋە ئوغلىنى ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان، ئەمما توينى قىزىتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ناسىرنى مەيداندىن چۈشۈرىۋېتىشكە ئامالسىز قالغان . ناسىر تاكى توي ئاخىرلاشقۇچە ئىمىن خوجىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى پۇخادىن چىققۇچە مەسخىرە قىلغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن << گۈمۈك گۈم >> دېگەن پەدىنىڭ خەلق تىلىدىكى ئاتىلىشى ئۆزگىرىشكە باشلىغان ھەمدە << گۈمۈك گۈم .>> دەپ ئەمەس، << ناسىرگۈم >> ( ناسىرچە گۈمۈك گۈم ئۇسسۇلى دېگەن مەنىدە ) دەپ ئاتالغان. ناغرىچى، سۇنايچىلار مۇراسىم، بەزمە- مەشرەپلەردە << قايسىغا چالىمىز؟ >> دەپ سوراپ قالسا، كىشلەر ئىككىلەنمەيلا: << ناسىرگومغا!>> دەپ جاۋاپ بېرىشىدىغان بولغان. بۇ خىل كەيپىيات كۈندىن- كۈنگە ئەۋج ئالغان. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئىمىن خوجا ئۇزاق ئۆتمەيلا ناسىر ئۇسسۇلچىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۇۋەتكەن، لېكىن خەلق ئۆز باغرىدىن كۆكلەپ چىققان مەردانە، قەيسەر يۈرەك ئۇسسۇلچى ناسىرنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان << گۈماك گۈم >> پەدىسىگە ئات قىلىپ، ئۇنى << ناسىرگۈم >> دەپ ئاتىغان. زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن << ناسىرگۈم>> دېگەن نام تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياساپ << نازىركوم>> بولۇپ قالغان ۋە ھازىرقى كۈنىمىزگە يېتىپ كېلەلىگەن.

## مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەڭگۈلۈك ساداسى

قاسىمجان سادىقوف

تۈركشۇناسلىقتا كاتتا بىر ھالقا خاراكتېرلىك يۈكسىلىش يۈز بەردى . موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك سەلتەنەتلىرى دەۋرىدىن قالغان بىباھا تارىخىي - ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ئالبومى (موڭغۇلىيىدىكى تۈرك ئانىتلىرى پروجىسى ئالبومى (Album for the project on Turkish monuments in Mongolia, Ankara, 2001 نەشر قىلىندى . كىتاب تۈرك تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا . كىتابنى تۈركشۇناسلاردىن ئۇ . ف . سېرتقايا ، چ . ئەلىيلماز ، ت . بەتتۇلگا قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان.

مەلۇمكى ، موڭغۇلىيە زېمىنى قەدىمدە بۈيۈك سەلتەنەتلەر مەركىزى ، تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئوچاقلىرىدىن ئىدى . تارىختا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان تۈركلەر سەلتە نتى ئەنە شۇ زېمىندا ئۆز تاكامۇللۇقىغا يەتكەنىدى . مىلادىيە 255 - يىلى تۈركستاننىڭ شەرقى ھازىرقى كورىيە چېگرىلىرىغا ، ئىككىنچى تەرىپى قارا دېڭىزغا قەدەر بولغان چېگرىدا تۇنجى تۈرك خاقانلىقى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ خاقانلىق ئۆز ۋاقتىدا غايەت گۈللەندى. ئاقىۋەت ئىچكى نىزالار ، تابغاچ (تاڭ سۇلالىسى) خاندانلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقلىرى تەسىرىدە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ، ئىككىگە (شەرقىي ۋە غەربىي خاقانلىققا ) بۆلۈنۈپ كەتتى . بۆلۈنگەندىن كېيىن ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى . مىلادىيە 630 - يىلىغا كەلگەندە ، شەرقىي خاقانلىق تابغاچ (تاڭ سۇلالىسى) خانلىقىغا قارام بولدى.

مىلادىيە 682 -يىلى ئەجدادلىرىمىز خەلق قەھرىمانى ئىلتەرىش باشچىلىقىدا ئۆز ئەركىنلىكىنى قايتا تىكلىدى ۋە بۇ زېمىندا يېڭى بىر سەلتەنەت - ئىككىنچى تۈرك خاقانلىقى بەرپا قىلىندى. تارىخ ئىلمىدە بۇ ئىككىنچى سەلتەنەت «كۆك تۈرك خاقانلىقلىرى» نامى بىلەن ئاتالماقتا. ئىككىنچى تۈرك خاقانلىقى مىلادىيە 744 - يىللىرىغا قەدەر ھۆكۈم سۈردى . مىلادىيە 745 -يىلى بىر تەرىپى ئالتاي ، ئىككىنچى تەرىپى بايكۆلدىن تاكى ھازىرقى شىنجاڭغا قەدەر سوزۇلغان رايونلاردا ئۇيغۇر خاقانلىقى نامىنى ئالغان يېڭى بىر تۈركىي تىللىق دۆلەت تەشكىل تاپتى . بۇ خاقانلىق مىلادىيە 840 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلىپ ، ئۇمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. كۆك تۈرك خاقانلىقلىرى دەۋرىدىمۇ ، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىمۇ تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت زور دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىدى . شەھەر قۇرۇلۇشى ، بىناكارلىق ، تۈركىي تىلدىكى مىللىي سەنئەت تاكامۇللاشتى . دۆلەتچىلىك ئاساسلىرى ئەنە شۇ تۇپراقتا راۋاجلاندى . تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆز تارىخىنىڭ ئۆچمەس بىر ئالتۇن سەھىپىسىنى ئاشۇ رايونلاردا ياراتتى. موڭغۇلىيىدىكى ئەڭ كونا ئابىدىلەر ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاشۇ سەلتەنەتلىرى بۈيۈك يۈكسىلىشلەر دەۋرىدىن قالغان.

يېڭىدىن نەشىردىن چىققان ئالبوم تارىخىمىزنىڭ ئاشۇ دەۋرلىرىگە بېغىشلانغان.ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن يادىكارلىقلار ساك -ئىسكىف دەۋرى ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرك خاقانلىقلىرى ھەمدە ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ.

موڭغۇلىيىنىڭ تارىخىي ئوبيېكتلىرىدا بەش يىل مابەينىدە تۈرك - موڭغۇل خەلقئارا ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىسى تەرىپىدىن تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلدى .تەتقىقات جەريانىدا مەۋجۇت يادىكارلىقلار بىر باشتىن ئۆگىنىلىپ ، ئۇلارنى تەمىرلەش (رېمونت قىلىش )ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى . ئىلمىي ئوبيېكتلاردىن پەن ساھەسىگە تېخى مەلۇم بولمىغان كۆپلىگەن ماتېرىياللار تېپىلدى .نەتىجىدە ئىلمىي تۈگۈشلىرى يېشىلمىگەن مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى . كىتاب ئەينى ئېكسپېدىتسىيە ماتېرىياللىرىنى ئۆزىدە جەملىگەنلىكى بىلەنمۇ قەدىرلىكتۇر.

ئالبومدىن ئورۇن ئالغان دەسلەپكى ئابىدە كۆلتېگىن مەجمۇئەسىدۇر.يادىكارلىق ھازىرقى ئارخانگاي ئايمىقىدىكى كاشا - سەيدام ۋادىسىدا ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىتىلغان جايىدا تۇرۇپتۇ. كۆلتېگىن يادىكارلىق مەجمۇئەسى مىلادىيە 732 - يىلى مەشھۇر سەركەردە ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغىسى بىلگە خاقان تەرىپىدىن تىكلەنگەنىدى . مەجمۇئەدىن ھازىرغىچە كاتتا پۈتۈكتاش ۋە زىيارەتگاھ خارابىلىرى قالغان.

پۈتۈكتاش ئۈچ مېتىردىن زىيادىرەك زور مەرمەردىن ئىشلەنگەن بولۇپ ، يېزىقى تاشنىڭ تۆت تەرىپى ۋە قىرلىرىدا . يادىكارلىقنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئانا بۆرىنى ئېمىۋاتقان بوۋاق تەسۋىرى ۋە كۆك تۈرك - ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ئىشلەنگەن. بۇنىڭ رەمزى (سىمۋوللۇق )مەنىسى بار:كۆك تۈرك خاقانلىقلىرىدا سەلتەنەت باشقۇرغان ئاشىنا ئۇرۇقى ئۆز تارىخىنى ئانا بۆرىگە باغلايدۇ.

كۆلتېگىن پۈتۈكى ئىككى تىللىق :ئاساسىي تۈركىي مەتنى كۆك تۈرك خېتىدە ، تاشنىڭ شەرقىي يۈزىدىكى مەتن بولسا خەنزۇچە.تۈركىي مەتىنىنىڭ مۇئەللىپى تارىخشۇناس ۋە ئەدىب يوللىغتېگىن ، خەنزۇچە مەتن مۇئەللىپى بولسا تاڭ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ گېنېرالى جاڭ سانغۇندۇر .

كۆلتېگىن مەقبەرە مەجمۇئەسىدىن يەنە بۇ پۈتۈكتاشتىن تاشقىرى ، ئۇنىڭ سۇنۇپ چۈشكەن پارچىلىرى ، زور تاشپاقا ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئىنسان ۋە قوچقار ھەيكەللىرى ، بالباللار ، بىنا تاملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ، تۈۋرۈك ۋە ئۇنىڭ تەگلىكلىرى ، ساپال پارچىلىرى ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللار تېپىلغان.

بۇ مەجمۇئە يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ .ئۇ سەركەردە كۆلتېگىن ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىدۇر .

ئۇنىڭدا سەركەردە تىرەن پىكىرلىك قىرغىل (ئوتتۇرا ياشلىق شەخس ) سۈپىتىدە ئىشلەنگەن . بېشىدا تۈركىيچە بۆك ، بۆكتە مىللىي نەقىشلەر بىلەن بىرگە هوما قۇش تەسۋىرى بار . هوما قەدىم ئەجدادلىرىمىزدا يۈكسەكلىك ۋە بەخىتۋارلىق رەمزى بولغان.

ئالبومدىن بىلگە خاقان شەرىپىگە تىكلەنگەن مەجمۇئە ماتېرىياللىرىمۇ ئورۇن ئالغان . بۇلار زور پۈتۈكتاش ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تاشپاقا ، پۈتۈكتىن سۇنۇپ چۈشكەن تاش پارچىلىرى ، ئىنسان ۋە قوچقار ھەيكەللىرى ، بالباللار ، تۆشەمەلەر ، بىنا ۋە تۈۋرۈك قالدۇقلىرى ، ساپال پارچىلىرى ...هازىرقى كۈندە پۈتۈكتاش مەخسۇس بىنادا ساقلانماقتا بۇ قەبرە مەجمۇئەسىدە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلدى . قىدىرىش جەريانىدا گۆردىن بەكمۇ قىممەتلىك ئەشيالار تېپىلغان.

بىلگە خاقان مەجمۇئەسى مىلادىيە 735 -يىلى ئۇنىڭ ئوغلى تەڭرى خاقان تەرىپىدىن تىك لەنگەن . قەبرە تاشنىڭ پۈتۈكنى ئەدىب يوللىغتېگىن يازغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ تېكىست تۈزۈلۈشى بىلەن كۆلتېگىن پۈتۈكى ئوتتۇرىسىدا ئۆيغۇنلۇق بار. تاشنىڭ هازىرقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا ، ئۇ كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىغان. تاشتىن ئۇچۇپ چۈشكەن يېزىق پارچىلىرىدىكى تېكىستلەرنى تولۇق تىكلەشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق . لەۋھەنىڭ هۇلىدىن چىقىپ تۇرغان زور تاشپاقا ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن تېپىلغان ھەيكەللەر كۆك تۈركلەر سەنئىتىدە ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بۇلار ئارىسىدا بولۇپمۇ بىلگە خاقان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا قو يۇلغان ھەيكەللەر ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بېشى ئۇچقان ، شۇنداق بولسىمۇ بويىنىدىن تۆۋەنكى قىسمىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ دەۋر سەنئىتىنىڭ مىللىي كىيىم -كېچەكلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇھىم ئېتنوگرافىك مەلۇماتلارنى نامايان قىلالايدۇ .

2001 -يىلى بۇ مەجمۇئەدە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلغان . ئۇ قەبرىدىن كۆپلەپ ساپال پارچىلىرى ، قوي سۆڭەكلىرى ، قومۇشتىن ئىشلەنگەن كىيىك ھەيكەلچىسى ، تاۋاق ، كوزا ۋە باشقا بۇيۇملار ، مېتال ئەشيالار ، قىممەت باها تاشلار ، ئالتۇن تاقىنچاقلار ھەمدە باشقا ئىدىش - ئاياقلار چىققان. يېڭى ئالبومدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رەسىمىنى كۆرەلەيمىز.

ناياپ ئارخېئولوگىيلىك ئابىدىلەردىن يەنە بىرى ئىككىنچى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن كاتتا دۆلەت

ئەربابى ، دانىشمەن ، كۆك تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ۋە تار ىخشۇناس تونيۇقۇق خاتىرىسىگە تىكلەنگەن مەجمۇئەدۇر . بۇ مەجمۇئەدىن ھازىرغىچە بىر - بىرىگە قارىتىپ ئورنىتىلغان ئىككى پۈتۈكتاش ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا باش قىسمى ئۈچۈپ كەتكەن ھەيكەللەر ، بىنا تۈۋرۈكلىرى ۋە نەپىس نەقىشلىك چوڭ - چوڭ تاشلار قالغان. ئابىدىلەر ئارىسىدا تۇنجى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بوغۇت يادىكارلىقى ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ يادىكارلىق ھازىر چەچەرلەگ مۇزىيىدا ساقلانماقتا. بۇ مەجمۇئەدىن زور بىر تاشپاقا ئۈستىگە ئورنىتىلغان پۈتۈكتاش ۋە بىرنەچچە تاش بۆلەكلىرى قالغان . مۇھىمى تاشنىڭ ئۈستى قىسمىغا كۆلتېگىن ئابىدىسىدىكىدەك ئانا بۆرە ۋە ئۇنى ئېمىۋاتقان بوۋاق تەسۋىرى ئىشلەنگەن. پۈتۈكتاش كۆپ ئۇپرىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەتنىنى تولۇق تىكلىگىلى بولمايدۇ ئەسلىدە بۇ ئابىدە ئىككى تىلدا بولغان . ھازىرقى شۇ ھالىتىدىن پەقەت سوغدىچە مەتنى ساقلىنىپ قالغان . ئىككىنچى خىل يېزىقنى ئالىملار بىراھما ھەرپلىرى بىلەن سانسكرىت يېزىقى دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ . لېكىن ، ئەينى ھالىتىدە ئۇلار تەخمىندىكى ئاشۇ نامەلۇم مەتنىنى ئوقۇشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى يوق . بىزنىڭچە تاشنىڭ بۇ يۈزىدىكى مەتنى سانسكرىتچە ئەمەس ، بەلكى كۆك تۈرك تىلىدا ، يەنى تۈركىي تىلدا پۈتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. سەۋەبى بۇ يادىكارلىقنى تۈركىي تىللىق قوۋملەر ئورناتقان ۋە ئۇلارنىڭ بۇ مىراسى تۇنجى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىن قالغان مۇھىم يادنامە سانىلىدۇ.

يادىكارلىقلار ئارىسىدا ھەيكەلنىڭ گەۋدىسىگە پۈتۈلگەن پۈتۈكمۇ بار . دۇندگوۋى ئايمىقىنىڭ چوير چېگر سىدىن تېپىلغان ، تەخمىنەن مىلادىيە 687-692 - يىللارغا مەنسۇپ بۇ ھەيكەلنىڭ ئەنە شۇ گەۋدە قىسمىغا كۆك تۈرك يېزىقىدىكى مەتن پۈتۈلۈپ ، ئاستىغا كىيىك تەسۋىرى ۋە بوي (قوۋم) تۇغرا (تامغا)سى سىزىلغان.

كۆلچچۈر مەجمۇئەسىدىن بولسا زور پۈتۈكتاش ، سەككىز ئادەم ھەيكىلى ، ئارسلان ۋە قوچقار ھەيكەللىرى ، نەقىش ئىشلەنگەن تاشلار ، بالباللار ھەمدە ساپال پارچىلىرى چىققان.

يادىكارلىقلار ئارىسىدىن خەيرتەمىر قايەلىرىدىكى پۈتۈكتاشمۇ ئورۇن ئالغان . مەلۇمكى ، ئورقۇن يادىكارلىقلىرى مەجمۇئەسىگە كىرىدىغان باشقا پۈتۈكلەر ئاساسەن تاشلارغا ئويۇلغان. لېكىن ، خەيرتەمىر پۈتۈكى قايەگە سىياھ بىلەن يېزىلغان يېگانە يادىكارلىقتۇر.

موڭغۇلىيىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ ئابىدىلەرمۇ بەك قىممەتلىك. بۇلار ئاساسەن قەدىمكى

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان قارابالغاسۇن (ئوردۇبالىق ، خانبالىق ) خارابىلىرىدىن تېپىلغان . كەنت خارابىلىرىدىن خان سارىيىنىڭ ۋە تۈرلۈك بىنالارنىڭ قالدۇقلىرى ، مازارلار ، پۈتۈكتاشلار ، ھەيكەللەر ، تۈگمەن تاشلىرى ، تاش ، مېتال ، ساپالدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە باشقا ئەشيالار چىققان. قەدىمي دۆڭلۈكلەردە ئوتتۇرا ئەسىر شەھەر بىناكارلىقىنىڭ نۇرغۇن قالدۇقلىرى يېتىپتۇ . مۇھىمى شۇنىڭدىكى ، بۇلار ئارىسىدا ساك - ئىسكىف دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يادىكارلىقلارمۇ بار.

قارابالغاسۇن پۈتۈكتاشلىرى كۆك تۈرك يېزىقى ئەنئەنىسىنى ساقلىغانلىقى بىلەنمۇ قەدىرلىك . بۇ پۈتۈكلەر مانىيچىلىققا ئەمەل قىلىنغان دەۋرلەردە (تەخمىنەن مىلادىيە 821 - يىلىدىن كېيىن ) يارىتىلغان بولۇشىغا قارىماي ، تارىخي - ئېپىگرافىك مەتنلەر بولۇپ ، تەبىئىتىگە كۆرە كۆلتېگىن ، بىلگە خاقان پۈتۈكلىرىدىكى تارىخ نەۋىسلىك كۆك تۈرك يازما ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان . بۇ گۇرۇھقا كىرگۈچى ئۈچ پۈتۈكتاش مەلۇم . بىرىنچىسى ، قارابالغاسۇن يادىكارلىقى نامىنى ئالغان. بۇ مەڭگۈ تاش كاتتا بىر يادىكارلىقنىڭ بۆلىكىدۇر.تاش سۇنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېزىقلىرىنى تولۇق تىكلەشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق . يادىكارلىقنىڭ ئۈستى قىمىسىغا بىر تەسۋىر ئىشلەنگەن . ئالىملار ئۇنى ئىككى ئەجدىھا تەسۋىرى دەپ تەرىپلىشىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر نەزەر سالغان كىشى ئۇ تەسۋىردە ئەجدىھانى ئەمەس ، بەلكى ئۇلجىسىنى يەۋاتقان شىرنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا بولسا بەش قۇر تۈركىي تىلدىكى مەتن پارچىسى بولۇپ ، مەتن كۆك تۈرك خېتىدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزلەرنى تىكلەش مۇمكىن: بۇ تەڭرىكەن ... تەڭرىدە قۇت بۇلمۇش ئالپ بىلگە... تەڭرى ... ئۇيغۇر قاغان ... (بۇ ئىلاھىي ... تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشكەن ئالپ بىلگە ... تەڭرى ... ئۇيغۇر خاقانى.( ئىككىنچىسى ، قارابالغاسۇن يادىكارلىقىغا 12 سەترلىك كۆك تۈرك يېزىقى مەتنى پۈتۈلۈپ ، تاشنىڭ باشقا يۈزىگە تاغ ئۆچكىسى ۋە بىر قوۋم تامغىسى ئىشلەنگەن.

ئۈچىنچىسى ، قارابالغاسۇن پۈتۈكلىرى ئىچىدىكى بۇ ئۈچىنچىسى كۆپتىن بۇيان ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە. سەۋەبى شۇنىڭدىكى ، بۇ يادىكارلىق ئۈچ تىللىق ، يەنى تۈركىيچە ، سوغدچە ۋە خەنزۇچە. ھازىرقى ھالىتىدە تاش پارچىلىنىپ ، يېزىقى بىرنەچچە بۆلەكلەردە ساقلانغان. تۈركىي مەتن كۆك تۈرك يېزىقىدا. ئەپسۇسكى ، يېزىق پارچە - پۇرات ، ئۇنىڭدىن ئايرىم سۆزلەرنىلا تىكلەش مۇمكىن . بىرىنچى تاشنىڭ 7 - 9 - غىچە سەترلىرىدىكى ئىلگەرى كۈن توغسۇق ... كىرۇ كۈن باتسىق ... (شەرققە كۈن تۇغار ... جەنۇبقا كۈن پاتار) جۈملىلىرى كۆلتېگىن پۈتۈكدىكى ئىلگەرۈ

كۆن توغسقده بوكلى قاغانغا تەگى ...، قوربغارۇ تەمىر قابىغقا تەگى ... (شەرقتە كۆن تۇغاردا بوكلى خاقانغا قەدەر...، غەربتە تۆمۈر قوۋۇققا قەدەر ...) سەترىلىرىنى ئەسكە سال ىدۇ. مەتىننىڭ بۇ تەرىپى ئۇنىڭدا كۆك تۈرك تارىخ نەۋىسلىكىنىڭ ئەنئەنىلىرى ياخشى ساقلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يەنە بىر ئۆرنەككە دىقتىمىزنى قارىتايلى: ئىككىنچى تاشتىكى يېزىقنىڭ تۆتىنچى سەترىدە مىرۇ هەرپ بېرىكمىسى كېلىدۇ. بۇ هەرپلەرنى يېزىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن ك بىلىپ چىقىپ مەر دەپ ئوقۇش مۇمكىن . مانى مەتىنلىرىدە بۇ ئاتالغۇ «ئۇستاز » مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان ئەنە شۇ تەخمىن راست بولسا ، مەزكۇر پۈتۈك تۈرك - مانىي جەمەتلىرىدە پۈتۈلگەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئۆز تەستىقىنى تاپىدۇ.

يادىكارلىقتىكى سوغدچە ۋە خەنزۇچە مەتىنلەر نىسبەتەن ياخشى ساقلانغان. مۇهىم تەرىپى سوغدچە مەتىن يېزىقىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇكەممەللەشكەن شەكلىدە. هەرپلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ، باشقا سوغد يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرىمايدىغان ئايرىم يېڭى بەلگىلىرى بىلەن يېزىقنىڭ بۇ شەكلى ئۇيغۇر يېزىقىغا ناهايىتى يېقىن تۇرىدۇ. بۇ يادىكارلىقتا سوغدخېتىدىن ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە بولغان سىلجىشنى ئەمەس ، ئەكسىچە تۈركىي يېزىقنىڭ سوغدچىغا بولغان تەسىرىنى كۆرۈش مۇمكىن . موڭغۇلىيىدىكى تۈركىي يادىكارلىقلار ئالبومىدا بۇ تاش بۆلەكلىرىدىكى يېزىقلارنىڭ فوتو سۈرىتىمۇ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ كۆك تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىن يەنە بىرى تەزىيەت پۈتۈكىدۇر . پۈتۈك ئىككى تاشنىڭ تۆت تەرىپىدە. ئاستىدىكى تاشپاقىغىمۇ يېزىق پۈتۈلۈپ ، بوي (قوۋم) تامغىسى چۈشۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ باشقا بىر ئابىدىسى مويۇنچور نامى بىلەن ئاتىلىدۇ . ئۇ مىلادىيە 760 - يىلى تىكلەنگەن. يېزىقى ئەللىك بىر سەترىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خاقانى مويۇنچورنىڭ هاياتى ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك تۈركلەر ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى ۋە باشقا تارىخي ۋەقەلەر ئەكس ئەتكەن. يادىكارلىق مەجمۇئەسىدىن پۈتۈكتاش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان تەگلىك ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا يېقىن بىر جايدا قەدىمىي قورغان خارابىسىمۇ قالغان.

ئارخانگاي ئايمىقىدىكى شىۋېئىت ئۇلەئەن دېگەن جايدىن تېپىلغان ئابىدىلەر قەدىمكى تۈرك سەنگتاراشلىقى (تاشچىلىق)نىڭ هازىرغىچە بىز بىلمىگەن ۋە شۇ دەۋردىن هازىرغىچە تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ كۆرمىگەن سىرلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بۇ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار قورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن چىققان ئابىدىلەردىن ئىبارەت. بۇلار ئارىسىدا ئىنسان ۋە ئارسلان ، قوچقار ، قوزا ، توشقان هەيكەللىرىمۇ بار.

توۋ ئايمقىدىكى بوغدخان تېغى ئېتىكىگە1733 -يىلى قۇرۇلغان مەنزىشىر ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدا كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقلىرى دەۋرىدىن قالغان يادىكارلىقلار ساقلانماقتا. ھازىرقى پەيتتە بۇ ئىبادەتخانا قالدۇقلىرى ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا بىنا تۇۋرۇكلىرى ، تۇۋرۇك ھۇللىرى ، ئادەم ھەيكەللىرى ، بالباللار ، ئارسلان ، قو چقار ھەيكەللىرى ، ئۇستى قىسمىغا نەقىشلەر ، يانلىرىغا تاغ ئۆچكىسى ، بوي (قوۋم) تامغىلىرى ئىشلەنگەن تاشپاقا ، تۈگمەن تاشلىرى ۋە باشقا ئەشيالار تېپىلغان.

ئالبومدىن ھېلىغىچە ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا بايان قىلىپ ئۈلگۈرۈلمىگەن ئابىدىلەرمۇ ئورۇن ئالغان . ئۇلار كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر دەۋرلىرىگە مەنسۇپ مازارلاردۇر . مازارلاردىن تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن تاشلار ، ئىنسان ۋە قوچقار ھەيكەللىرى ، بالباللار چىققان.

ئايرىم مازارلاردا قېزىش ئىشلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلغان.قېزىلغان چاغدا ئۇلارنىڭ بىرىدىن ئالتۇن تاۋاق ۋە قوشۇق چىققان. كۆك تۈرك خانلىقلىرى دەۋرىدە يارىتىلغان مەدەنىي ئەنئەنىلەر ، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق ، ھەيكەلتاراشلىق ، سەنئەت ، يېزىق مەدەنىيىتى ساھەسىدە توپلانغان تەجرىبىلەر ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتى . بىراق ، كۆك تۈرك دەۋرىدە تۈركلەردە كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشقا ئەمەل ق ىلىنغان بولسا ، ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە بۇددىزم ، مانىيچىلىق كەڭ يېيىلدى .بۇ تارىخىي جەريان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ، سەنئىتى ، ئەدەبىياتى ، بىناكارلىق ، شەھەر قۇرۇلۇش مەدەنىيىتى قاتارلىقلارغىمۇ تەسىر قىلدى . نەتىجىدە ھەر ئىككى خاقانلىق دەۋرىدە يارىتىلغان ئابىدىلەر ئوتتۇرىسىدا پەرقلىق تەرەپلەرنى كۆرۈش مۇمكىن . ئالبومدىكى رەسىملەرنى كۆرگەن كىشى بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.

كىتاب يەكۈنىدە (بۇ ئورۇندا تارىخىي ئەنئەنىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاش مەقسىتىدە بولسا كېرەك ) بۇ رايونلاردا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھازىرقى سەنئەت نەمۇنىلىرىدىنمۇ ئۆرنەكلەر بېرىلگەن.

ئومۇمەن ، موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى سەلتەنەتلەر دەۋرىدىن قالغان ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىپتىخارى بولغان تارىخىي - ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ئالبومنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تۈركشۇناسلىقنىڭ كاتتا ئۇتۇقى سۈپىتىدە باھالاش مۇمكىن .بۇ ئالبوم تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخى ، قەدىمكى خاقانلىقلار دەۋرى سەنئىتى ، بىناكارلىقى ، ئېپىگرافىيىسى ، ئېتنوگرافىيىسى ، شەھەر قۇرۇلۇش مەدەنىيىتى بويىچە مەنبە بولۇپ قالغۇسى.

») ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» ناملىق گېزىتنىڭ 2002 - يىلى
- 5 ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى.(

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: فەرىدە ئەمىن

مەدەنىيەتنىڭ «تولغىقى» ئېغىرلاشتى

ياپونىيىدىكى «دۇنيا گېزىتى» 23 - يانۋار ئېلان قىلغان ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: يەر شارى كىلىماتىدىكى ئىللىتىشىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىشى20 - ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى سانائەتلىشىش مۇھىتىنىڭ يامانلىشىشى ۋە ئېنېرگىيىنىڭ يېتىشمەسلىكىگە مۇجەسسەملىدى ، ماددىنى ئەلا بىلىش بىلەن ئىلىم - ۋېپەن ھەممىگە قادىر نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلغان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كەمتۈكلۈكىمۇ ۋە كۈنسېرى ئاشكارىلاندى ؛ تەبىئەت بىلەن ئادەمنى بىرلەشتۈرۈش ئۇستىدە ئىزدىنىدىغان شەرق مەدەنىيىتى ھاياتىي كۈچىنى قايتىدىن نامايان قىلىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە ئاساسى بولۇپ قېلىشقا يۈزلەندى . دېمەك ، ئىنسانلار ھازىر شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ ، ئەمما بىز ھازىر سۈبھى ئالدىدىكى تۈن قاراڭغۇسى باسقۇچىغا كىردۇق ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، مۇھىت مەسىلىسىنى يادرو قىلغان يەر شارى كرىزىسى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان يېڭى مەدەنىيەت پەيدا قىلغان «تولغاق» تۇر .

ئەگەر يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئىللىپ كېتىش ئەھۋالى كۈنسېرى ئېغىرلاشسا ئىنسانلار بۇ «گۈزەل سەييارە « دە داۋاملىق ياشىيالمايدۇ ، 20 - ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولغان سانائەتلىشىش مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى ۋە ئېنېرگىيىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن توختاپ قالىدۇ . شۇڭا ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئەللىرى دىكى كىشىلەر ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر - بىرىگە زىت ، مەدەنىيەتنىڭ مەنىسى ئىنسانلارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە تەقسىم قىلىش دېگەنلىكتۇر ، دېيىشىۋاتىدۇ . مۇھىت كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان بۈگۈنكى

كۆندە ئەنئەنىۋى شەرق مەدەنىيىتىدىكى «ئادەم تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتۈشى كېرەك» دەيدىغان ئىدىيە قايتىدىن دىققەت - ئېتىبارغا ئېرىشتى . بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغاندا ، دۇنيا مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرىلىك ئالمىشىشىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت دەۋرىلىك قارىشىنى مە يدانغا كەلتۈردى .

« مەدەنىيەت تارىخى »نىڭ يازغۇچىسى سۈن شەنجېنىڭ نەزەرىيىسىگە قارىغاندا ، يەر شارى مەدەنىيىتىنى شەرق مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتى دەپ بۆلۈشكە بولىدىكەن ھەمدە دەۋرىلىنىش دەۋرى 800يىل بولىدىكەن . ئەيسا دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنقى 400 يىلدا گرېتسىيە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ئىدى ، كېيىنكى 400 يىلدا رىم مەدەنىيىتى گۈللەنگەن . بۇ مەزگىل ---- دېھقانچىلىق ئىلاھى بۇتخانىسى بىلەن رىمنىڭ يۇملاق شەكىللىك تىياتىرخانىسى ۋەكىللىكىدىكى غەرب مەدەنىيىتى ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى گۈللىنىشنى نامايان قىلغانىدى ؛ شۇ چاغلا ردا شەرق مەدەنىيىتى تېخى تەرەققىي قىلمىغان قاراڭغۇ دەۋردە تۇرۇۋاتقان ئىدى .

لېكىن گرېتسىيە بىلەن رىم مەدەنىيىتى مىلادى 395-يىلى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئاخىرلاشتى ، مىلادى 400- يىلىدىن1200- يىلىغىچە بولغان 800 يىلدا شەرق مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسلەپ گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى . بۇ دەۋردە جۇڭگو تاڭ ، شىمالىي سۇڭ ۋە جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى ؛ ياپونىيىمۇ بۇنىڭ تۈرتكىسىدە مىسلىسىز گۈللەندى ، نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. غەرب جەمئىيىتى بولسا بۆلۈنۈپ ، قاراڭغۇ ئوتتۇرا ئەسىرگە قەدەم قويىدى .

مىلادى 1200- يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە بولغان 800 يىلدا غەرب مەدەنىيىتى قايتىدىن گۈللەندى. شەرق مەدەنىيىتى بولسا زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئەدەبىيات - سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىدىن كېيىن ، غەربنىڭ پەن -تېخنىكىسى تېز سۈرەتتە تەرەققىي قىلدى .ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بايقىلىشى ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇستەملىكە تالىشىش ئۇرۇشى كۆچەيگەندىن كېيىن ، غەربنىڭ پەن -تېخنىكىسى ، يەنە بىر بالداق گۈللەندى. يەر شارىلىشىش دەۋرى يېتىپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، غەرب مەدەنى يىتى پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىدى ، بىراق ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى .

غەرب مەدەنىيىتى مىلادىنى ئەلا بىلىش ۋە ئىلىم پەن ھەممىگە قادىر نەزەرىيىسى ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان بولغاچقا ،

ملادى 2000 - يىلدىن 2800 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت غەرب مەدەنىي يىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاش مەزگىلى بولىدۇ. ئەزەلدىن مەنىۋى قىممەت بىلەن ئېتىكا قارىشىنى ئەلا بىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى شەرق مەدەنىيىتى بولسا بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدۇ، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنى تاللاپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىدىغان يۈكسەك مەدەنىيەت دەۋرى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ . سۇن --- مۇنداق دەپ قارىدى : 1975- يىلدىن 2075 - يىلىغىچە بولغان 100 يىل شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش دەۋرى بولىدۇ، شۇنداقلا يېڭى مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر بولىدۇ، بىز ھازىر دەل مۇشۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتىمىز

يېڭى مەدەنىيەت يەر شارى كىلىماتىنى ئىللىتىۋېتىش بەدىلىگە بارلىققا كەلگەن يۈكسەك سانائەتلىشىش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىدۇ . تەبىئەت بىلەن ئادەمنى بىرلەشتۈرۈش ئۇستىدە ئىزدىنىدىغان شەرق مەدەنىيىتىنىڭ قۇدرىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆزگەرتىدۇ ئۆزگە جەلپ قىلىدۇ . سۇن -- مۇنداق دەپ قارىدى . «مەدەنىيەت ھەرىكىتى » دىن كېيىنكى ياپونىيە 40يىللىق دەۋرىي قىلغان تەرەققىيات ۋە چېكىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى ، ياپونىيە 1865- يىلدىن باشلاپ ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ ، دۆلەت ئەڭ نامرات ، ئاجىز دەۋرگە كىردى ، لېكىن 40 يىلدىن كېيىنكى 1905- يىلى ياپونىيە روسىيىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ غەلىبىدىن مەغرۇرلانغان ياپونىيە ئارمىيىسى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى ، ئەمما 40 يىلدىن كېيىنكى 1945- يىلى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي تۈگەشتى . لېكىن 1985- يىلىغا كەلگەندە ياپونىيە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ ، 2- قېتىملىق مۆجىزە ياراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە يەنە چېكىنىش يولىغا ماڭدى. ئىقتىسادتىكى چېكىنىش ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتىدۇ. 2025- يىلىغا بارغاندا ياپونىيە بەلكىم 2- قېتىملىق مەغلۇبىيەتنى كۆتۈۋېلىشى مۇمكىن .

لېكىن ئىنسانلار تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ، بۇ يەردىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەش ، ياپونىيىنىڭ ئەنئەنىسىدىكى باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش ، بارلىق مەۋجۇداتلار بىلەن ئىناق ياشاشنى نىشان قىلغان روھنى قايتا گۈللەندۈرۈش ، غەرب بىلەن شەرقنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە قاتنىششنى ياپونىيىنى قايتا ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان يول دېيىشكە بولىدۇ .

مەنبەسى : ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى

كۆرۈلگىنى:213 قېتىم

ۋاقتى :2008-1-28

مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى كۆلەم مەسىلىسى

داۋۇت ئوبۇلقاسىم

ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ئوغۇز قاغان داستانىدا "قىئات بۇغا يېدى ، ئېيىق يېدى ، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ ، نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى . شۇڭقار فېئاتنى يېدى .ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ ، ئوقيارىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى "دەپ ئۆزىنى بىلگەن ئوغۇز قاغاندەك پۈتۈنلۈك سەزگۈسى ئاساسىدىكى بىلىشتىن گىرىك ئەپسانىلىرىدەك ئالەم ئىرادىسى بويىچە بولغان ئاللا ئىرادىسى ئاساسىدىكى بىلىشكە يۈتكىلىپ ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن كېيىن بارا - بارا ئۇمۇ ئەقلى ئاساستىكى بىلىشكە ئالماشتى. تەپەككۇردىكى ئىلاھىي تۇمان بارا - بارا سۇزۇلۇپ ھېسسىيات تەرىپىدىن تۇتۇقلاشتۇرۇۋېتىلگەن دۇنيا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇغا ئايلاندى .بىراق ، ئەقىل مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتى بولۇپ ، يەنىلائىنساننىڭ قولىغا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدە بولغاچقا ئۇنىڭ نېمىنى راست ، نېمىنى يالغان دەپ ئېتىراپ قىلىشىنىڭ مۇھىملىقى بارا - بارا ئاشكارە بولدى .شۇنىڭ بىلەن ئەقلىي ئاساستىكى بىلىش ماتېرىيالىستىك بىلىش ، تارىخى ماتېرىيالىستىك بىلىش ۋە مېتافىزىكىلىق بىلىش دەيدىغان مەزھەپلەرگە ئاجرىدى . ماتېرىيال ، مېتافىزىك دەيدىغان ئۇقۇملارغا نىسبەتەن ئوخشىمىغان چۈشەنچىدە بولۇش ئوخشاشمىغان قاراشلارنى مەيدانغا چىقاردى.

ئاسىيادا ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بىلىش تېخىمۇ كامالەتكە يەتكەنلىك بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلى پۈتۈنلەي بىرلىككە

كېلىپلا قالماي ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا بىر گەۋدىلەشتى.ياۋروپادا ئەقلى ئاساستىكى بىلىش بىلەن ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بىلىش تىركىشىپ دوگمىلىق خېلى بىر مەزگىل بۇ تىركىشىشكە جاھىللىق بىلەن بۇتناپ باققان بولسىمۇ ، يەنىلا قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرىيىسى ، رىم پاپالىقى تەدرىجىي يىمرىلدى. غايىلەر ، نوپۇزلار ، تۇزۇملەشتۇرۇلگەن دوگمىلار بارا - بارا تۆردىن چۈشۈپ ، ئورنىغا بارا - بارا ئادەملەرنىڭ ئۆزى چىقتى .ئىنسان ئەمدى ئۆزىنى قانداقتۇر تارازىغا سېلىپ ئۇنداقكەن ، مۇنداقكەن دەپ ئۆلچەمدىن يىراقلىقىغا ئۆكۈنۈپ تىرىشىپ يۈرۈشتىن ب ارا - بارا كۆڭلى نېمىنى تارتسا شۇنى ئىجرا قىلىدىغان بىر جاسارەتنى تىكلەشكە تۇتۇندى. ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، ئىسپانىيە ، پورتۇگالىيە ، گېرمانىيە ، نورۋېگىيە دېگەندەك دۆلەتلەر رەسمىي ھالدا يات ۋە ئۆزلۈك ئېگى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقتى . كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پانىي دۇنيا يەنى ماددىي مەئىشەتلەر مۇھىملىششقا باشلىدى.نىجاسەتنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپمۇ كېچە -كۈندۈز تەسۋىي سېرىپ پۈتۈن ئېسى يادى بىلەن جەننەت ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتىدىغان ئەندىزىسى ئۆزگىرىپ ، جەننەتنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئولتۇرسامىمۇ - ئولتۇرمىسامىمۇ ھامان ۋاقتى سائىتىدە ئ ېچىلىدۇ ، ئاڭغىچە ئەتراپىمنى تازلىۋېتەي ، باشقا بىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالسىمۇ بۇ ئىشىمدىن سۆيۈنۈپ قالسۇن ، مېنى مۇشۇنچىلىك خەيرلىككە مايىلراق قىلالمىغان ئېتىكاپىنىڭمۇ جەننەتنىڭ كاپالىتى بولالىشى ناتايىن ، دېگەندەك ھالغا كەلدى. جاھاننىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلا ر كۆپەيدى . تەبىئىكى شۇنىڭ بىلەن سودا - سانائەت گۈللەندى ، پۇل تېپىشقا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىۋىي مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى ۋە بۇ كەيىپ بارا - بارا پەلسەپىۋىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى.

ئىلاھىي كىتاب پادىشاھلىقىقا ئورۇن بوشاتتى . پادىشاھ باشباشتاقلىقىقا ئورۇن بوشاتتى .ئىنسانلار ياشاۋاتقان مۇشۇ ئالەمدىكى كۆللى ئەقىل نەق مۇكەممەللىك بولۇپ جۇلالىنىشقا باشلىدى . ئۇلار ئۇنى يالغۇز تەبىئەتتىنلا ئەمەس جەمئىيەتتىنمۇ ئىزدىدى . "تەبىئەت ، ئىلاھ " ، "ناتۇرالىزم " ، "ئەقلى ھوقۇق " دېگەندەك ئاتالغۇلار ئوتتۇرىغا چىقتى . ئەقىللىك ئاساسىدىكى يېڭى ئۇقۇملار سىستېمىسىنى تىكلەپ ، يېڭى قىممەت ئۆلچەملىرىنى ئۆرە قىلدى . كىشىلەر نەزىرىدىكى كۆللى ئەقىل ئوتتۇرا ئەسىردىن داۋاملىشىۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تولۇق نەتىجىلىرى سۈپىتىدە دېڭىزنىڭ ئورنىغا ھاياتنىڭ مەركىزىگە جايلىششقا باشلىدى . ئىنساندىكى مۇكەممەلسىزلىكنىڭ ئاتالمىش كۆللى ئەقىلدىكى ئىپادىسى بۈيۈك ئەدىپ ھىيۇگۇ تەسۋىرلىگەن "پاجىئەلىك دۇنيا "نىڭ دەل ئۆزى ئىدى 菖.كۆللى ئەقلىنى

قۇتۇپ قىلغان تۇرمۇشىنىڭ خاسىيىتى ۋە ئۇنۇمدارلىقى ئەقلىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تولىمۇ بەك قىرلىق قىلىۋېتىشى بىلەن بولۇۋاتقان ئىنساننىڭ خورلۇق ۋە ئىنسانپەرلىككە ئىشىنىڭ تېخى ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى ، هازىرغىچە بولغان ئۇتتۇقلارنىڭ بۇغدايىنىڭ باهانىسىدە سۇ ئىچكەن قارمۇق )ئالجوقىلىق (تىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېنىق قىلىپ بۇغدايىنى تۇتۇشنىڭ هەل قىلغۇچ پۇرسىتىنىڭ ئەمدى كەلگەنلىكىنى غۇۋا هېس قىلدۇردى. ئەقىل بىرەر هۆكۈمران ياكى تۈزۈلمە غۇلىسىلا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرسىمۇ جەننەتنىڭ تېخىچە يېقىن بولماسلىقى كىشلەرنى قاتتىق ئويغا سالدى . "هۆرلۈك ، تەڭلىك ، كۆيۈم " دەپ تۇرغان بايراقنىڭ ئېگىز لەپىلدەپ تۇرۇشى كۇپايە قىلمىدى. يۇقىرى پالاتا ، تۆۋەن پالاتا قۇرۇلۇپمۇ ، دۆلەت دېمۇكراتىك دۆلەت دەپ ئاتىلىپمۇ ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىغا هەممە ئادەم هاڭ - تاڭ قالدى . بىبىر قىسىملار خۇددىي فرىرىخ گېگىل (1772 - 1829) هەر بىر ئاقكۆڭۈل ئادەم چەكلىمىسىز هالد ا بارغانسېرى ئاللاغا ئايلاندى . ئاللاغا ئايلىنىش ، خۇداغا ئايلىنىش ، ئادەم بولۇش ، تەربىيلىنىش دېگەنلەرنىڭ هەممىسى بىر گەپ ئىدى . ① دەپ ئېيتقاندەك يولغا ماڭدى . تەخمىنەن بىر ئوقۇغۇچىلار داهىيسىنىڭ "هەققانىيەتچى سىرتقى قائىدە - تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ، بىرەر يول نى ئۆزى توغرا دەپ هېسابلىغان هامان ئۇ شەرتسىز ۋە مۇرەسسەسىز هالدا هېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ئۆزىگە ئىلهام بولغان بۇ ئەقلى بۇرۇچنى ئادا قىلىدۇ . ② دېگىنىدەك ئەقىدىنى قولغا ئالدى . ئىنساننى قۇتۇپ قىلىپ هەممىنى قايتىدىن سەرەمجانلاشتۇردى. بۇ ئۇلۇغ بىر ئىنقىلابتىن دېرەك بېرەتتى.قىسمەت ئۇنى فرانسىيىدە رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقاردى . دۆلەتكە بولغان سادىقلىق ۋە ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئۇنىڭ شەخس بەختىنى قانچىلىك كاپالەتلەندۇرۇشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ ...

ناۋادا بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆز جەمئىيىتىدىكى سىياسىي ئەسلىهەلىرىدىن رازى بولالمىسا ئۇلارنىڭ ئۆزى رازى بولىدىغان سىياسىي ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئەسلىهەلەرنى تەسىس قىلىش هوقۇقى بار ... ئىگىلىك هوقۇقنى دۆلەت تېررىتورىيىسى پۇقرانى ئەمەس پۇقرا ئىگىلىك هوقۇق ۋە تېررىتورىيىنى بەلگىلەيدۇ ..." مانا بۇ مۇشۇ ئىنقىلابتىن جۇلالىنىۋاتقان خۇش نا ۋا ئىدى .دۇرۇست ، ئۇلار ئىقتىسادىي باراۋەرلىك ئۈچۈن مال باها چېكى ، بايلاردىن باج ئېلىش ، مەجرۇهلارنى ، كەمبەغەللەرنى دۆلەت يۆلەش ، هەقسىز مائارىپنى يۈرگۈزۈش ، قېچىپ كەتكەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ، سېتىش دېگەندەك ئالاهىدە تەدبىرلەر بىلەن كۈچ لۈك قارشىلىققا

ئۇچراپ تېررورلۇق ھاكىمىيەتنى يۇرگۇزۇپ كەم دېگەندە 300 مىڭ ئادەمنى تۈرمىگە سولدى ، 17مىڭ ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى .لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا بۇ ئىنقىلابنىڭ ياڭراق ساداسى پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى 旧 .كونا تەرتىپنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئەينى دەۋر ھۆكۈمرانلىرى دەسلەپ فرانسىيە ئىنقىلابىغا سەل قارىدى . لېكىن ئىنسانىنى قۇتۇپ قىلىشنىڭ سىياسىيدا رەسمىي ھالدا بىر تۈزۈملىشىشى بولۇپمۇ ھەممىلا مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بولىدۇ دەپ ئېلان قىلىنىشى ئۇلارنى ساراسىمىگە سالدى . چۈنكى ، بۇنداق بىر تارازا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۇرگۇزۇشىنىڭ قانۇنلۇقلىقىنى "پالانى يىلى مۇنداق قان كېچىپ كۆرەش قىلىپ بويسۇندۇرغان... 3000 ~ 2000 يىل ئىلگىرى بىز بۇ يەردە بار ئىدۇق... بۇ بىزگە تەۋە بولغىلى مانچىلىك يىل بولدى... بۇ يەر ئەسلىي مۇنداقكەندۇق ، بىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ مۇنداق قىلدۇق... ئەژدادلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى... خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان" دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىر تىپىنغا ئەرزىمەيدىغان قىلىۋەتكەن ئىدى . شۇنداق قىلىپ فرانسىيە ياۋروپانىڭ ئاپەتگاھى بولۇپ قالدى ۋە 1792 -يىلى ئاۋستىرىيە بىلەن فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. كونا تەرتىپ بىلەن يېڭى تەرتىپنىڭ خەلقئارالىق جېڭى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى .

بەلكىم ناپالئون ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا ئىنقىلابنى قانداق قوغداپ قېلىشنى بىلىدىغان كىشى بولۇشى چوقۇم . ئۇ فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ھەقىقەتەنمۇ ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. بىراق ، 1800 - يىلدىن باشلاپ بۇ تالانتلىق ھەربىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئېقىنىدىن قىرغاققا چىقىۋالدى . ياۋروپانى فرانسىيىگە ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەن فېدىراتسىيە تۈزۈمىدىكى بىر مىللەتلىك زېمىن قىلىش كويىغا چۈمدى. 1804 - يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى ۋە1814- يىلى ئەسلىدىكى پادىشاھ لوئى VI گە ئورۇن بوشاتتى . كونا تەرتىپ غەلىبە قىلدى . بىراق ، ياۋروپانىڭ سىياسىي خەرىتىسى ۋە سىياسىي ئالاھىدىلىكىدە ئالقاچان ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى . شۇڭا بۇ چوڭ ئىش قىلىدىغاندەك ئېلىپ ئاخىر بېچارىلەرچە ئېگىسىگە قايتۇرۇلىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان مەغلۇبىيەت پەقەت ناپالئوننىڭلا تراگېدىيىسى ئىدى .نى - نى قەھرىمانلار ئىزچىل قەھرىمان بولۇپ بولالمىدى . چېركاۋ ، مۇزىكا ، رومانتىكا ئىنسانپەرۋەرلىككە بىر تەسەللىي تەدبىرى بولۇپ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بىر قىسىملار داۋاملىق كۆللى ئەقىل يولىدا ماڭدى . پەقەت ئۇلار قەلبىنىڭ ھەقىقەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەردى . تەبىئىيكى شەخس خاراكتېرىنىڭ تەسىرىدىن خالى چىن ھەقىقەت ئىزدەيدىغان خاھىش بىلەن كۆكرىپىلا ھەقىقەت دېگەن مۇشۇ دەپ

تۈرۈۋالدىغان خاھىش تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇر دى ۋە كېيىنكىسى ھەققەتكە ئىنتىزار كۆپچىلىك ئۈچۈن ئومۇمي كەيپىيات بولۇپ قالدى .شۇندىمۇ باخ بىلەن ئېينىشتىيىن فىزىكا ھەققىتىدىن ، رېيىن گېئومېترىيە ھەققىتىدىن قەلبىنىڭ تەسرىنى تازىلىماق بولدى .گېگېل ئىنسانىيەت تارىخىدىن كىشلىك خاراكتېرنىڭ سىرتىدىكى ھەقىق بي ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىشنى ئويلىدى.فېرباخ ئىنسان تەسرىدىن مۇستەسنا بىر مىتودنى تېپىشقا تۇتۇندى . نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىچە قەتئىيلىك بىلەن تېخىمۇ گۈزەل بىر نېمە ياراتماقچى بولدى. ماركس ھەققىي دېموكراتىيە بولۇش ئۈچۈن ئەركىنلىك ، ھۆرلۈك ، كۆيۈم دېگەن بايراقنى ھۆكۈمەت بىناسىغا چىن مەندە تاقاش ئۈچۈن ھەربىر شەخسنىڭ نەپسى خاتىرجەملىككە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىكەن دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ "پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار" دېگەن چاقىرىقى پرولېتارىيات دېگەن ئاتالغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ مىلادىيە بىرىنچى ئەسرىدىك ى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مورتى پاۋلىنىڭ "خۇدا يەھۇدىيلارنىڭلا ئەمەس ، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى " دەپ ئېيتقان سۆزىنىڭ مەنىسىدە پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتتى."ۋىجدانىم بىلەن دېسەم مەندە يامان نىيەت يوق ، مەن ئۆزۈمنى دۆلەتكە بەردىم ، ھەرۋاقىت ئۇنى ئېسىمدىن چىقارمىدىم... مېنىڭ ئۆرۈش قوزغىشىم تىنچلىق ئۈچۈن ، بىر يىل ، ئىككى يىللىق تىنچلىق ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئۈچۈن ئىدى".ناپالئون ئۆزىنى ئاخىردا مانا مۇشۇنداق چۈشەندۇرگەن بولۇپ ، ئۇ ئادەملەرنى قانداقتۇر بىر غايىدىكىدەك پەرۋىش قىلىپ چىقىش مەڭگۈلۈك تىنچلىقنىڭ يولى دەپ بىلگەن ئىدى .ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى ئەنە شۇ پەرۋىشتىكى زورۇققىنى ئۈچۈن تراگېدىيىلىك ئاخىرلاشتى.بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بۇ قەھرىمانى ئاخىر ئىنقىلابىنىڭ ئاسىيسى سانىلىپ نەزەردىن چۈشتى.

گەرچە 1815 - يىلى كونا تەرتىپ ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھامىيلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدىن بۈيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان "مالىمان" تىنجىمىدى. توسۇغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپلا كەلدى .ياۋروپا يېڭىنجاپ كۆيۈشكە باش لىدى. سىياسىيدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازى بارغانسېرى كىچىكلىدى ، پۇقرالارنىڭ رولى بارغانسېرى كۈچەيدى ، دۆلەت پائالىيىتى ساقچى ۋە تۈرمىلەرنى ئارقا تېرەك قىلىشتىن كېڭەشنى ئارقا تېرەك قىلىشقا يۈزلەندى. دۆلەت چېگرىسى ھەربىي كۈچ تەرىپىدىن قايسىدۇر بىر يىللاردىكى شەرەپلىك ئۇرۇش تەرىپىدىن ئەمەس ، بەلكى پۇقرالارنىڭ خاھىشلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ ، چېگرالارنىڭ قايتىدىن سىزىلىشى يوللۇق بولۇپ قالدى .كونىلىق ، يېڭىلىق ، ھەققانىيلىق ، ساختىلىق ، ئاسىيلىق ، چۈپرەندىلىك يۇغۇرۇلۇپ كەتتى .

بۇنىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە قانلىق ئۇرۇش بولماي قالمايتتى. بەكەرەك تەدبىرچىلەر "چوقۇم مەلۇم بىر ساغلام مىللىي شەخسىيەتچىلىكنى ئويغۇتۇش زۆرۈر، مۇنداق مىللىي شەخسىيەتچىلىك بولمىغىنىدا ئادەملەر ھەرگىز بىر مىللەت بولۇپ يېتىشەلمەيدۇ "دەپ ئىشنى ناپالىئونچە يىغىشتۇرماقچى بولدى ھەم بىر قىسىم جايدىكى مىللىي ئاڭنى ئۇلىك سۇسلىقى بۇ ئىدىيىگە ۋاقىتلىق تەستىق ئۇرغىنى بىلەن ئۇچرىششلاردا ئۆزلىرىدىكى پەرقنى روشەن ھېس قىلغانسېرى يېپىقلىق قازاننىڭ تۇۋاقلىرى ئىلگىرى -كېيىن ئېچىلىشەردى. دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن دۆلەتلەر خەلقنى قانداقتۇر بىر پۇقرا قىلىپ تەربىيىلەشكە كۆچەپ كەلگەن بولسىمۇ، دۆلەت يەنە پۇقرالارنىڭ دۆلىتى بولۇپ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇردى.

مىللەت Nation)) دۆلەتنى يوللۇق قىلغۇچى تۈپ پرىنسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇلالاندى مىللىي تېرىتورىيىنىڭ مىللىي تىل تېرىتورىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى مىللەتكە قارىتا يېتەرلىك ئېتىبارنى ئېلىپ كەلدى . ئاتلارنىڭ دەھشەتلىك كىشنەشلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ ياۋۇزلارچە قان كېچىشلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ نوچى بولساك كەل، بولمىسا ئۇيقۇڭنى ئۇخلا دەپ ھۆركىرەشلىرى بىلەن ئىسسىق قانلاردا سىزىلىدىغان چېگرا مەدەنىي ئىنسانلارنىڭ قولىدا مىللەتنى پرىنسىپ قىلىش بىلەن تەڭلا م ىللەت دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ سوئالغا زىيالىيلارنىڭ مۇپەسسەل جاۋاب بېرىپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى. مىللەت ( Nation ) دېگەن بۇ ئىسىم ئەسلى رومان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، "بىر يەردە تۇغۇلغان بىر ئائىلىلىكتىن يۇقىرى بىر مىللەت ياكى ئەلدىن ئاز بولغان گۇرۇھنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا كىشىلەر رومان مىللىتى ( Nation ) ئەمەس، بەلكى رومان خەلقى (Populns Romanus )دەيتتى. بۇ سۆزلۈك كۆپرەك يات ئەللىكلەرنى ئاتاشقا مۇناسىپ ئىدى. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك ئوتتۇرا ئەسىر ئۇنىۋېرسىتېتلىرى Nation غا بۆلۈنەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئىما ئى دى. ئۆزلۈكسىز مەنە كېڭەيتىش بىلەن بۇ سۆز تۆردەش ئىسىم بولۇپ ھەم يەنە كۆچمە مەنىلەردىمۇ كەلدى. شۇڭا مونتىسكيۇ مۇناخلارنى ساداقەت مىللىتى ( Nation ) دېدى. يۇم ئۆزنىڭ "مىللىي خاراكتېر" دېگەن ئەسرىدە Nation پەقەت شەخسلەر توپلىمى بولۇپ، تىنىمسىز ئۇچرىشش بى لەن ئۇلاردا بەلگىلىك ئورتاقلىق پەيدا بولغان "دەپ كۆرسەتتى. "the Dictionary eb Royal Spanish Academ" نىڭ دەللىلىشچە "دۆلەت"، "مىللەت" ۋە "تىل" قاتارلىق سۆزلۈكلەرنىڭ زامانىۋىي مەنىسى

1884 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن لۇغەتكە كىرگۈزۈلدى.

دېمەك ، مىللەت ئېنىقلىمىسىدىكى بۇنداق مۇجمەللىك ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ئىلمىي نۇقتىنى "چوقۇم ساغلام بىر مىللىي شەخسىيەتچىلىكنى ئويغىتىش زۆرۈر "دەپ قىلدىغان ئاشۇ ناپالىئونچە بيۇروكراتلىق ئۆزىنى ماغدۇرلۇق سېزىدىغان كۈچلۈك دۆلەتلەر ھاكىمىيەتلىرىدە ئۈستۈنلۈكتە بولدى .بۇ سىلسىيىلىكلەر مىللىي ھەقلىرىنىلا ئەمەس ، باشقا مەنپەئەتلىرىنىمۇ بىلىپ - بىلمەي مىللىي ھوقۇقىغا باغلاپ تۇرۇۋالدى .ھەتتا مىللەت ئېنىقلىمىسىدىكى مۇجمەلسىزلىك ، چېچىلاڭغۇلۇققا سىياسىي قارا نىيەتلەرنى شۇڭغۇتۇشتىن ئايانمىدى .نىزالاردىن نېرى بولالمىدى . مىللەتنى چۆرىدىگەن ھەققارىيەت ، ساقتىلىق ، كۆپتۈرمە ، مۇستەبىتلىك ۋە رومانتىكا ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى .دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا مىللەتچىلىكى ھەققانىي غەلىبىگە ئېرىشىپ ، خابسبۇرگ (بۇركۇت قەلئەسى )خاندانلىقى ۋە رومانوۋ سۇلالىسى خارابىسىدە ئاۋىستىرىيە ، ۋېنگىرىيە ، چېخسلاۋاكىيە ، پولشا ، يۇگوسلاۋىيە ۋە رومىنىيە قاتارلىق يېڭى مىللىي دۆلەتلەر قۇرۇلدى . 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گېتلېرنىڭ مىللىي رومانتىكىسى ياۋروپالىقلارغا مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ نېمىلىكىنى غىل - پال تېتىتىپ ئۆتۈپ كەتتى . "بىر مىللەتنىڭ بولغانلىقى بىلەنلا ئۇنىڭغا سىياسىي مۇستەقىللىقنى تۇتقۇزۇپ قويغىلى بولمايدۇ ، پەقەت ئەمەلىي كۈچىلا باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرالىغۇدەك دۆلەت قۇرىدۇ "، "ئەمەلىي كۈچ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ ، نوچى بولساڭ مۇستەقىللىقىڭنى ئال " دەيدىغان دەۋالىرىنىڭ قاباھىتىنى ھېس قىلدى . ئارقا - ئارقىدىن مۇستەملىكىلىرىدىن ۋاز كەچتى .مىللەتچىلىك ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا كۆچتى . مىللەتنى بېكىتىش ، چېگرىلارنى قايتا سىزىش ، ئىگىلىك ھوقۇقى دائىرىسىنى بەلگىلەش جەھەتلەردە ياۋروپالىقلار 200 يىلغا يېقىن تارتقان خاپىلىق ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشتى. نەچچە مىليون ئادەم تىتما - تىتما بولغان ھالدا سايلاردا قالدى .ئاجايىپ گۈزەل تىلەكلەرنى ئۇل قىلغان ھەتتا ماركس دەپ رەسىمنى سەھنىلەرگە ئېسىۋالغانلارمۇ ھەتتەملىك توپەيلى ئۇنى يۈكسەك دېموكراتىيىگە يېتىشنىڭ پەيلاسوپى قىلماي ، ئىنسانلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ باشلامچىسى قىلىۋالدى .ئىنسانلار نەچچە يۈز يىل كۈرەش قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان دېموكراتىيە پرىنسىپلىرىنى نادانلارچە مەسخىرە قىلىشنىڭ ، دەپسەندە قىلىشنىڭ پېشىۋاسى قىلىۋالدى. مۇشۇ زامانلاردا ئەجەپلىنىشكە تېگىشلىك يەر شۇ ئىدىكى ، كۆپىنچە ئادەم ئۆز ئەم ەلىيىتىدەك ئىش قىلىشنى نەزەرىيە جەھەتتىن ياقتۇرمايتتى. ئىدىيىسى دېموكراتىيىگە مايىل بولسىمۇ ، ئەمەلىيىتى بيۇروكرات بولۇپ

قالاتتى.مەسلەن دەيلى ، ستالىندەك مۇتەپپەكۇرنى كىممۇ ۋاستە تاللىمايدىغان قارانىيەت دەپ ئويلايدۇ؟ بۇنداق كاللا بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ زىددىيىتى دەۋرنىڭ ئازابى ئىدى.ئۇنداقتا ئادەم دېگەن زادى قانداق نەرسە؟

- 20 ئەسىرنىڭ يۈزى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي شۋېتسارىيىلىك دوختۇر فروئىد مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىدىن تارتىپ فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ئالىملاردەك ئىنسان تەپەككۇرى نى ئەمەس كېيىنكى ئالىملاردەك ئىنسان ، ئۇقۇم ، ماددا ۋە ھەقىقەت ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى ئەمەس ، دەل ئىنسانىڭ روھىنى تۇتقا قىلىپ ئىش باشلىدى . خۇددىي فروئىد ئۆزىنىڭ "روھ ئانالىزىغا كىرىش " ناملىق كىتابىدا "روھ ئانالىزىنىڭ ئىككى دەستىكى بولۇپ ، پۈتكۈل ئىنسانلار نىڭ چۈشىغا تېگىدۇ ، تەپەككۇر ئاردىتىگىلار ۋە سىلەرنى قوينىغا ئالغان تەلىم - تەربىيە سىلەرنى روھ ئانالىزلىرىنى ئۆگەيلەشكە مەۋقەلەيدۇ ، سىلەر ناھايىتى زور ئىچكى تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن قول ئۈزەلەيسىلەر " دەپ كۆرسەتكىنىدەك يېڭىچە بىر مېتودولوگىيە پەيدا بولدى . ئىرسانلار دىكارىت ، سپىنوزا ، لوك قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنسان ھەققىدە سۆزلەپ كېتىپ بېرىپ ماددىي قانۇنىيەتلەرگە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ، ماركس ، باخ قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىنسان ۋە ئۇقۇم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۆزلەپ كېتىپ بېرىپ ھەقىقەتكە ، سىياسىي كۈرەش شكە ۋە تۈزۈمگە ئاتلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى . فروئىدتىن ئىلگىرىكى بىلىشلەرنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى ، ئوتلۇق قايناملارنى پەيدا قىلالىغانلىقى بىلەن تەبىئىيلىك ۋە راستچىللىقنى پەيدا قىلالمىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى . ئۇلارنىڭ دەۋرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېر ىشتە مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىقتەك تۇرغان بىلەن ئىنساندىن ئىبارەت مۇشۇ مەۋجۇتلۇققا نىسبەتەن يەنىلا تاغدىن -باغدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.ئۇلار مۇنداق زور ئىجتىھات ۋە نەتىجىلەر ئالدىدا تەمكىن بولۇپ ، ئىلمى چەككىلەپ ، ھەممىنىڭ توغرا يېرىنى ئىلىك ئېلىپ ئاخىر تۈپ ئۆ ز ، چاما ئۆز ، جۇغ ئۆز ۋە ئاۋام جان ھوشى دېگەندەك ئاتالغۇلارغا يىغىنچاق ئېيتقاندا يەككە تەن كەچۈرمىشى ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇسىغا مۇراجەت قىلىشقا باشلىدى . ئۇزۇن ۋە كۆلپەتلىك كەچۈرمىشلەر ئاخىر ئىشلارنىڭ ئەمەس ، ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپلىكىگە دىققىتىنى توپلىدى . ئۇنى ئىلمي شەرھلەشنىڭ ، بۇ ھەقتە مۇكەممەل بىر بىلىمگە ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . تەخمىنەن يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە ئىنسانشۇناسلىق ئايرىم بىر ئىلىم سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ كەلدى . ئىنسانلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا ئۇلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشقا ئورۇندى ھەم ئىنسانلارنىڭ پەرقلىقلىقى ، مىللەت

ۋە مەدەنيەت ئۇقۇملرىنى تەكتلدى .كېڭەيتىپرەك ئىنسانلار پائالىيەتلرىنىڭ مەدەنيەت ئەنئەنىسدىكى تۇرلۇك ئالاھدىلىكلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان قىممەت سىستېمىسى بىلەنلا باھالىنىدىغانلىقى ، بارلىق جەمئىيەتلەرگە توغرا كېلىۋېرىدىغان مۇتلەق قىممەت ئۆلچىمىنىڭ يوقلۇقى ، ھەربىر مەدەنيەتنىڭ چوقۇم ئۆز قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدىغانلىقىنى ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز قىممەت سىستېمىسىدا تۇرۇپ باشقا سىستېمىدىكى جەمىيەتكە باھا بېرىش ، ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدىغانلىقى ، بارلىق بىلىش جەريانلىرىدا جۇشنىڭ كۆتۈرۈلۈش دەملىرىدە ۋە ئۆگىنىش مۇساپىلىرىدە مەدەنيەت تامغىسىدىن نېرى بولغىلى بولمايدىغانلىقى ، تۇرلۇك مىللەتلەرنىڭ تە پەككۇر شەكىللىرى ۋە ئەقىل يۈگۈرۈشلىرىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى بايقىدى .

خۇددى 16 -ئەسىردىكى پەن تەرەققىياتى ئىلاھىيەت ئۇقۇملىرىغا تەھلىكە بولىدىغانلىقى تۈپەيلى ئىجتىمائىي بېسىمغا يولۇققىنىغا ئوخشاش ئىنسانشۇناسلىق تۇتقان تېمىلار ئەيىنى دەۋر ھۆكۈمەتلىرىنى ك قانۇنلۇقلىقى ، كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەنپەئىتى ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بىرىپ تاقىشىدىغان بولغاچقا ئۇمۇ ئۇنداق ، مۇنداق توسالغۇلاردىن نېرى بولالمىدى .بىر بولسا ھاكىمىيەتلەر گۇماشتا ياللاپ ئۆزىنىڭ سەپسەتىسىنى بازارغا سالدى ياكى تەدبىرچىلەرنىڭ باھانىلرىنى ئىنسانشۇناسلىق دەرىجىسگە كۆتۈردى ۋە ياكى ئالىملار ئۆز خىزمەتلىرىدە ۋەتەنپەرلىك ھېسسىياتلىرىدىن نېرى بولالمىدى ۋەھاكازا...

شۇنداق قىلىپ بۇ پەن تا بۈگۈنگىچە پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەن نەزىرىيە سىستېمىنى قۇرۇپ بولالمىدى . لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنسانلارنى ك بىر - بىرىنى ئۆزئارا چۈشىنىش ، مىللەتنى سىياسىي بىرلىك ھېسابلىغان 200 يىللىق تارىختىكى ھەقىقەتنى باشقا چۈشەندۈرۈشلەرگە ئىلتىجا قىلمىغان ھالدا مۇستەقىل ، ئېنىق ھېس قىلدۇرغۇدەك بولۇپ قالدى .ئىنسانلار دۇنياسىنى چۈشىنىشكە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتقۇزالىغۇدەك بولۇپ قالدى . مىللەتچىلىك ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى سانىلىپ تېخىمۇ بالاغەتتە كۆرۈلۈشكە باشلىدى .ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچ ۋە جەريانلىرى يورۇتۇلدى. مەدەنيەت ئۇقۇمى شىددەتلىك ھالدا مەنا كېڭەيتتى .بىر كۈنكى مەنا يەنە بىر كۈندىكىگە ئوخشىماي قالدى . يەنە كېلىپ مۇشۇ ئەسى رده يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەر يەنىلا كونىراپ كەتكەن ئاگدىن تەل - تۆكۈس سۇغۇرۇلۇپ كېتەلمىدى .نۇرغۇنلىغان خاتا خاھىشلار سەھنىدىن چۈشمىدى . مەدەنيەت تارىخلىرى ئەمەلىيەتتە

"مۇۋەپپەقىيەت تارىخى" ، "مىراسنىڭ ئاز - كۆپلۈك تارىخى" ، سىياسىي مۇددىئانىڭ دىبدىگى بولۇپ كەلدى .

مەدەنىيىتى يۇقىرى ، مەدەنىيىتى تۆۋەن ئاتالغۇلار داۋاملىشىپ كىشلەر كىيىنىكى ئەۋلادلارغا قانچىلىك مۇلۈك قالدۇرغانلىقى ، ئۇنىڭ قانچىلىك ھەشەمەتلىكلىكى ، ھازىرغا قانچىلىك ماس كېلىدىغانلىقى بىلەن ئۆتمۈشكە باھا بېرىدىغان ، دەۋر ۋە مىللەت شەخسىيەتچىلىكىدىن خالىي بولالمىدى. ساقسىزلىقنىڭ شاھىدى بولغان مايا ئېھراملىرى ، سەددىچىن سېپىلى مايا ۋە جۇڭگو مەدەنىيەتلىرىنىڭ پەخرى بولۇپ كەلدى.بەلكىم خۇدالىق دەۋاسىدا بولغان مىسىر فرئەۋنلىرىنىڭ ئاتقان ئوقى ئاخىر ئىنتىزىشىينىڭ كۆزىدە "خۇدا"غا تەگدى بولغاي شۇڭا ئۇ ھەممە نېمىنى "خۇدا ئۆلدى" دېگەن مۇشۇ جاكاسى بىلەنلا يوق قىلىپ يالغۇز ئادەمنىلا ئېلىپ قالدى. "ھوقۇق ئىرادىسى"نىڭ ھەيۋەتلىك ساراي ، ساگرامىلىرى بىنا قىلىنىشقا باشلىدى .لېكىن جاھان بۇ قېتىم گىتلېردەك دەۋر ئەركەكلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىنسانلارغا ئاجايىپ پاجىئەلەرنى توغ رىلاپ بەردى. سارتېر ھەممىدىن مۇھىمى مەۋقۇداتلىق دەپ مەۋقۇتلۇقىزمغا ئىزچىل دۇردانىلەرنى تىزىغان بولسىمۇ ، بۇ نەزەرىيە يەنىلا ئىنىستىپتوتلاردىن چىقالمىدى.

دۇرۇس ، ماركسىزم ئىجتىمائىي ئاك ئىشلەپچىقىرىش سىياسىي قانۇن پىسخىكىسى بولغان ئاك ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۇستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئىنساننىڭ بەختلىك بولۇشى مۇددىئايىگىنى ئۆز تىلىگىدا توسالغۇسىز ئىپادىلەش ، ئۆز ۋۇجۇدۇگىدىكى قىممەت ئۆلچەملىرى نوپۇزلۇق بولغان مۇھىتتا ياشاش ئەمەس ، بەلكى مۈلۈككە بولغان خوجىدارلىقىگىدا ، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئۇلۇشىگىدە ، دەپ چۈشەندۇرگەن يەنە بىر بۆلەكنىڭ يەنىمۇ باشقىچىرەك يول تېپىشىغا يول ئاچاتتى . بۇ يول ھەقىقەتەنمۇ قان تېمىپ تۇرغان قىلىچ بىلەن چېگرالارنى سىزىپ ، ئۇنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئۆزىنىڭ ئەسكىرى غالىپلىقى بىلەن جاكارلاپ ئەمدىلا توختىغان روسىيىدە ئېچىلدى . گەرچە بۇ يەردە لېنىن مىسالىدا تېخىمۇ ئىنسانپەرۋەر زاتلار چىققان بولسىمۇ ، لېكىن نوپۇزنىڭ مۇشتۇمدىن ۋىجدانغا ئۆتۈشى يەنىلا مەدەنىيەتكە ياتراق ئىدى . ئۇلار نەزەرىيە جەھەتتىن ئادەملەرنى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىقىغا ئاساسەن سىنىپلارغا ئايرىپ ، ئۆز كۈرەشلىرىنى خۇددىي مىللىي رومانتىزمچىلار كەبى سىنىپىي رومانتىزم ئۇستىگە قۇردى. ماھىيەت جەھەتتىن كونا تەرتىپنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى گۇرۇھ ئالمىشىپ ، ئاقسۆڭەكلەر ، پومېشچىكلار دىكتاتۇرىغا ئېلىندى . يوقسۇللار ھوقۇقنى تۇتتى . كونا تەرتىپتىكى زۇلۇم ، بيۇروكراتلىق ، ئادالەتسىزلىك بۇرۇن ئازنىڭ كۆپكە قىلغىنى بولغان بولسا ئەمدى كۆپنىڭ ئازغا قىلغىنى بولۇپ

كېلىۋەردى.قانداشلىق بويىچە ھاكىمىيەت تۇتۇش ئىدىيە بويىچە ھاكىمىيەت تۇتۇشقا ئايلاندى . ئىدىيە قۇشىدىكى تۇرلۇك سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەدى.ئادەم گال نۇقتىسىدىن پەرقسىز بولغاچقا ھەم ھەممىسى شۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا ئۇ پەرۋىش قىلسىلا، ئۆزگەرتسىلا بولىدىغان نەرسە بولۇپ قالدى . بىرىپ بىرىپ ھاكىمىيەتنىڭ مەقسىدىگە ئەمەس قورالىغا ئايلاندى . ئۆزلۈكنىڭ مۇقەددەسلىكى يوقالدى . بۇلار پەقەت ئاۋامنىڭ ئادە تلىرى تۇپەيلى تۆلۈقلىنىپ تۇردى .باراۋەرلىكنى ئىنسانلاردىكى پەرقنى يوقىتىش دەپ بىلدى بولغاي سىنىپ پەرقنى مۇلۇكلەرنى مۇسادىرە قىلىپ تۆگەتكەندىن كېيىن خەلقنى سوۋېت مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشكە چاقىردى . ئىنتېرناتسىيونالىزمنى كۆچەپ تەرغىب قىلدى . ئادەملەر ئۆزلۈكنىڭ چېگرىسىنىڭ زادى قايسى ئىكەنلىكىنى ، ئۆز ئاچچىقىنىڭ زادى قايسى شارائىتتا ھەقلىقلىقىنى بىلەلمەس بولدى .ياۋروپا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئەينى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەركەكلىكى بىلەن قۇرۇلغان مىللىي رېسپوبلىكىلارنىڭ ناملا قالدى . مەكتەپلەر ئۆز ئانا تىلىدا دەرس سۆزلى مەس بولدى . مۇسۇلمانلار ئارمىيدە ئومۇمىيۈزلۈك چوشقا گۆشىگە ئۆگىنىلدى. تۆمەنلەپ -تۆمەنلەپ "ماڭقۇرتلار" شەكىللىنىشكە باشلىدى.بارا - بارا ئادەملەردە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ شەرەپلىكلىكى ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن باشقا كىشىلىك پەزىلەت ۋە ئەخلاقنى تىرەپ تۇرغىدەك كۈچ قالمىدى .ئىقتىسادىي كرىزىس ئەمەس ، تەبىئىي ئاپەت ئەمەس ، پۈتۈن تېررىتورىيىدە ئىنسان كرىزىسى يۈز بەردى . سەگەك كىشىلەر "ئاق پاراخوت "لار بىلەن كىشىلەرنى ئىمانغا چاقىردى .ئازابلانغان بالا "ياق ، يەنىلا بېلىققا ئايلىنىپ قالغىنىم تۈزۈك . مەن ئۇ يەردىن ئۆزۈپ كېتىمەن .يەنىلا بېلىققا ئايلىنىپ قالغىنىم ياخشى!" دېدى .

ئارزۇلىنىڭ ئۆيىدە مەستلەر ئەسەبىيچە كۈلۈشمەكتە ، چىرقىراشماقتا ئىدى . بۇ ۋەھشىي كۈلكە ئاۋازى بالىنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ئايلاندۇرۇپ ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىتاتتى ۋە ئۇنى قىيناپتتى . ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە ، بۇ ئىنسانىيەتچىلىك قېلىپىدىن مانا مۇشۇ كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن مەيۈسلەنمەكتە ئىدى . ئۇ ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىپ ، ھويلىنى بويلاپ ماڭدى.ھويلىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى ، ئۆچۈپ قالغان ئوتنىڭ يېنىدا ، ئۇ ئۆلۈكتەك مەس بولۇپ ياتقان مۇمىن بوۋايغا پۈتلىشىپ كەتتى.بوۋاي توپىغا مىلىنىپ ، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ چېپىپ تاشلانغان مۈڭگۈزى بىلەن بىر يەردە ياتاتتى .يېنىدا بىر ئىت بۇغا بېشىنىڭ پارچىسىنى غاجىلىماقتا ئىدى . مۇشۇنىڭدىن باشقا ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. بالا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى . دەريا بويىغا بىرىپ سۇغا قەدەم تاشلاپ كىردى . تېيىلىپ

يىقىلىپ كېتىشكە قارىماي ، تېيىز سايدا يۇگۈرۈپ ماڭدى ، مۇزدەك سۇدا توڭلاپ تىترەپ كەتتى. سۇ چوڭقۇر ، ئىتتىك ئاقىدىغان يەرگە كەلگەندە يىقىلىپ چۈشتى.ئۇ جىددىي ئېقىم ئىچىدە تىرمىشىپ ، ئېقىپ كەتتى ، ئاستا -ئاستا نەپسى بوغۇلۇپ قېتىپ قالدى .ئۇ دەريادا ئاقاتتى ، ئۇنىڭ يۈزى بىردەم يۇقىرىغا ، بىردەم تۆۋەنگە بولاتتى .ئۇ بىردەم تاشلارغا تاقىشىپ تۇرۇپ قالاتتى ، بىردەم جىددىي ئېقىمدا ئۇقتەك ئاقاتتى                .بالىنىڭ دەريادا بېلىققا ئوخشاش ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھويلىدىن مەسىنىڭ ناخشا ئاۋازى كېلەتتى :

دۇمچەك -دۇمچەك تاغدىن چۈشتۇم ،

دۇمچەك بىر تۆگىگە مىنىپ...

ھەي ، دۇمچەك سودىگەر ئىشىكنى ئاچ ،

بەزمە قىلايلى ئاچچىق شاراپ ئىچىپ...

ئاپتور : "سەن بۇ ناخشىنى ئاڭلىيالمايسەن   .سەن ئۈزۈپ كەتتىڭ ئۇكا ، سەن ئۈزۈۋاتقان چۆچەكنى ئىچىدە ئۈزۈپ كەتتىڭ..." دەپ گېپىنى تۈگەتتى.  (چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ "ئاق پاراخوت" ناملىق كىتاب221 ~ 222 -بەتلەر.)دەپ گېپىنى تۈگەتتى .

راست ، بالىلىق ۋىجدان تۈرەلمە .ئۇ ئىنساننىڭ بارلىق شاخ - شۇمبىللىرىنىڭ ئانىسى بولۇپ ، بىز ھەممىمىز ئاشۇ ۋىجداننىڭ مەھسۇلى ئىدۇق .ئۆزلۈك دۇنيارىمىزنى ئەنە ئاشۇ سارەمجانلاشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى   . ئۇ قاغىدەك سايرىسىمۇ ھەرگىز بۇلبۇلنى ئەكىلىپ باش قىلمايتتۇق. شۇڭا مۇڭگۈزىمىزگە تاياق تەگسە تۇۋاقلىرىمىز سىقىرماي قالماي خاتا ھۆكۈم قىلىپ ئۇنىڭ خاتالىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ بەزىدە بىتىمىزنى بۇزماي خاتالىقنى ئۆتكۈزەتتۇق  .ئۇ يەر بۇ يېرىمىزنى كېسىۋېتىپ ياكى ئۇ يەر بۇ يېرىمىزگە بىر نېمىلەرنى چاپلاپ بىر نەچچە كۈن ئۆگىنىش قىلدۇرسىلا              بولىۋېرىدىغان مەخلۇق ئەمەس ئىدۇق.ناۋادا دۇنيا ياخشى نەرسە بولسا ئۇنىڭدىكى ئۇ چوقۇم بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىدى .بىزنىڭ مۇقەددەسلىكىمىزگە ھېچنەرسە توغرا كەلمەيتتى .سوتسىيالىزم لاگېرى ئاخىر بۇنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى  . ئۆزلۈكنىڭ چېگرىسىنى ئادەت كۈچىدىن سىياسىيا قايتا ھېس قىلدۇردى. دەسلەپ ۋەتەنپەرلىك ماھىيەتتە مىللەتچىلىك بىلەن ئىنسانىي جۇشنى ئۇرغۇتۇشقا باشلىدى     .ئىجتىمائىي ئاچچىق ، ئىجتىمائىي ئۆزلۈكنىڭ چېگرىسىنىڭ ئىلغا قىلىنىشى بىلەن مىللەتچىلىك باش كۆتۈردى. قىسقىغىنە 4 ~ 5يىل ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئۇنى

رەسمي ئېتراپ قىلىپ ، بىرنەچچە مىللىي دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. 19 - ئەسىردىن تارتىپ ئايرىم دۆلەت بولغان 1772 -يىلى ئاندىن غەربىي گېرمانىيە بىلەن پۇتۇنلەشكەن مۇشۇنداق تارىخقا ئىگە شەرقىي گىرمانىيىدە يۇقىرقىدەك ئېلىپ بېرىلغان 45 يىللىق پەرۋىش بىر يىلغا پايلىماي ئۇ يەنە 18 - ئەسىردىكى مىللەتچىلىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە غەربىي گېرمانىيە بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى .ئۇ ئىنسانلارنى باشقىچە تۈركۈملەپ مېڭىشنىڭ ئەمەلىي ساۋىقى بولۇپ ، 300 يىل مابەينىدىكى ئىنسانلار كەچۈرمىشلىرى تەقەززا قىلغان مەدە نىيەت ئىنسانشۇناسلىقنى مۇپەسسەل بىر ئىلىم قىلىپ چىقىشنىڭ ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۇنى ئۆزىگە تەتبىقلىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى .

بىر مىللەتنىڭ ئۆزىدىكى ھاياتى كۈچ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كۆز ئالدىمدىن 1995 -يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھەرگىز كەتمەيدۇ .ئەينى چاغدا مەن ئوپالدىن جىگدە ئېلىپ كىراغا ماشىنا ئىزلەپ قەشقەردە تۇرۇپ قالدىم .ئەمدىلا قەشقەرنىڭ بىر ماشىنىسىنى تېپىۋىدىم ئۇنى قاتناشنىڭ سولىۋالدى .ئەسلىدە قاتناشنىڭ غەربىي كېرەمباغىنىڭ يېنىدىكى ئاشۇ بىر مەيداندا ماشىنا توختاتىم اسلىق بولسا كېرەك .ئەتىسى يەنە قەشقەرنىڭ ئىككى ماشىنىسىنى سولىۋالدى. ماشىنىلار ئىلگىرى كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ توپىلاشقانلىرىدا "ئاتۇشلۇقلارنى بىر تۇتۇۋالسىدى" دەپ قويۇشاتتى. دېگەندەك ئۇچىنچى كۈنى ئاتۇشنىڭ تۆت ماشىنىسىنى تۇتۇۋالدى .ئۇلار بىلەن باھادا كېلىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز بىر ياتاقتا شۇ كۈنى بىللە ياتتۇق. كەچتىكى سۆھبەتتە ماشىنىلارنى قانداق ئاچىقىش مۇزاكىرە قىلىندى. مەن گەپ قىستۇرۇپ قالغان ئۈچ ماشىنا ئىگىلىرىنىمۇ قوشۇۋالساڭلار كۆپىنىڭ گېپى كۆپچە بولمامدۇ؟ دېدىم. ئۇلارنىڭ بىرسى . سىلى يىراقتىن كەپلا ، قەشق ەرلىكنى ھەقاچان بىلمەيلا . ناۋادا ئاشۇ ئۈچىنىمۇ قوشىۋالساق سەل چىڭغا توختىسا ئۇلاردىن بىر ياكى ئىككىسى ئارىمىزدىكى بىتىمنى سېتىپ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى ئاچىقىۋېلىپ بىزنى تېخىمۇ يامان كۈنگە قويىدۇ ، دېدى. شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن قەشقەرنىڭ ھەممىلا يەردە سېسىق نامى با رلىقىغا بولغان تەئەججۈپۈم يادىمغا يەتتى .كېيىن ئامېرىكا خەلقئارا ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى لاۋرېنس ھىلسىن يازغان "قالاقلىق بىر خىل روھىي ھالەت - لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەمەلىيىتى" دېگەن كىتابنى ئوقۇپ كۆلۈپ كەتتىم.

- 1997 يىلى رۇسىيىدە ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەردى. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى ئىچىدە "بۇ يەردىكىلەر75يىل بازاردا پايدىنى چەتكە قاقىدىغان تەربىيىدە بولدى ، شۇڭا ئۇلار كارخانىغا ئۆكتە پوزىتسىيىدە بولدى ، ھەتتا ئاشۇنداق بىر ھاكىمىيەت ئۆرۈلگەن بولسىمۇ كىشىلەر يەنىلا بازارنى ئاسايىشلىق ھېس قىلمىدى . ئىلگىرىكى دۆلەتكە ئىشلىگەن

كاپالەتلىك كۈنلەرنى سېغىندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئۇلار نامراتلىقتىكى باراۋەرلىكنى سېغىندى. مۇنداق روھىي ھالەت دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقان مەدەنىيەتلىرىدە بار ئىدى " دەيدىغان بىر مەدەنىيەت ئاملىمۇ بار ئىدى. ئۇ خۇددىي ئوخشاش دەرسلىك ، ئوخشاش مۇئەللىم ، ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرلۇكچە ئادەم بولغانلارغا ئوخشاش ، خۇددىي 60-يىللارنىڭ بېشىدا ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتىدىغان گانگو بىلەن كۇرىيىنىڭ 90 - يىللاردىكى ئاسمان - زېمىن پەرقى بۇ ھادىسىنى چۈشىنىشتە مەدەنىيەت ئامىلىنى نەزەرگە ئالماي بولمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرماقتا.

خوش ، ئۇنداقتا مەدەنىيەت دېگەن زادى نېمە ؟ سۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئۇ پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز مەدەنىيەت (مەدەنىي +ئىيەت )، مەۋجۇت - مەۋجۇدىيەت ، ئەدەپ - ئەدەبىيات ، شەخس - شەخسىيەت دېگەندەك سۆزلەر قاتارىدا تۈرلەنگەن سۆز بولۇپ ، مەدەنىينىڭ كۆپلۈكلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن كۆپلۈك سۈپىتىدە ئاتالغان ئاتالمىسىدۇر . يەنى "مەدەنىي "نى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى ئامىللارنى ، مىزانلارنى كۆزدە تۇتقاندىكى ئاتالمىسىدۇر . ئۇنىڭ ئىنگلىزچە نامى Culturae بولۇپ ، ئۇنىڭ يەنە1998- يىلى نەشر قىلىنغان "oxford illustrated Dictionary"گە باققاندا ئۆسۈملۈك پەرۋىشلەنمىسى ، روھ پەرۋىشلەنمىسى ، جىسمانىي ۋە مەنىۋى تاۋلانما دېگەندەك مەنالىرىمۇ بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىنگلىزچە نام تەخمىنەن مەلۇم بىر نەرسىنى پەرۋىش قىلغۇچى نەرسە مەنىسىدە ئىلىسە كېرەك. شۇنداقلا يالغۇز سۆز مەنىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئەرەبچە نام مەدەنىيلىك پەلسەپىسىدىن ، ئىنگلىزچە نام پەرۋىشەتتىن بېشارەت بېرىدۇ . مېنىڭچە بولغاندىمۇ بۇ ئىلىم مۇشۇنداق بولۇشى لازىم . ئەمدى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئېنىقلىمىسىغا كەلسەك ، ئىنسانشۇناس R بىنىندىچە مەدەنىيەت بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بولۇپ ، ئۇ تىپىك ماددىدىغا ئىگە بولىدۇ . بۇ ماددا بىر جەمئىيەتنىڭ قىلىق ئەندىزىسى ۋە بارلىق تۈزۈملىرىگە سىڭىپ كەتكىدۇ ، دەپ قارايدۇ "Concise . Encyclopaedia Britannica" )"بىرىتانىيە ئىنسىكلوپېدىيىسى ")مەدەنىيەت تارىخىغا مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان مىللىي تەركىپى بايانى دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ .ناۋادا تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق ، بۇ توغرىدىكى

تۆرلۆكچە ئېيتىشلار ھەققەتەنمۇ تولىلاپ كېتىدۇ ... ئەلۋەتتە ئېنىقلىما بەرگەن كىشىنىڭ كەچۈرمىشىدە ، بىلىم سەۋىيىسىدە ، لۇغەت مەنىسىدە تۇرۇپ ئاشۇ ئېنىقلىمىغا قارىساق بۇ ئېنىقلىما ھەققەتەنمۇ توغرا . ئەمما بۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن. مەدەنىيەتكە ئېنىقلىما بېرىش ھەققەتەن تەس. شۇڭا ، مەن بۇ يەردە باشقىچە بىر ئېنىقلىما بېرەي. بۇ ئېنىقلىمىنىڭ سۆزىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزى تېپىۋالسۇن .

بىر كۈنى ئامېرىكىلىق ، ياپونلۇق ، جۇڭگولۇق ئۈچەيلەن كافىخانىغا كىرىپ كافى ئىچمەكچى بولۇپتۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كافىغا قەنتنى ئۆزى سېلىپ دەملەيدىغان ئادىتى بار ئىكەن . بىراق ، كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا كافىغا قەنتنى ئۆزى سېلىپ تەييار قىلىپلا ئاچىقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىق قىزغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ :

- ئورنىڭىزدا مەن بولسام ، مۇنداق ئاتىكاچىلىق قىلمايتىم ، -دەپتۇ .

ياپونلۇق كافىنى بىر ئوتلاپلا قەنتىي قىلىپ:

-خېنىم ، باشلىقىڭىزنى چاقىرىڭ ، پىكرىم بار ، - دەپتۇ. جۇڭگولۇق بولسا گەپ قىلمايلا ئىچىۋېتىپتۇ. بىز ئوخشاش بىر ئەھۋالدا بۇ ئۈچ كىشىدە نېمىشقا ئۈچ خىل ئىپادە بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلايلى . تېخىمۇ پاكىتلىق دېسەك ، ئېنگلىزلار ئادرېس يازغاندا ئاۋۋال ئىسمىنى ، ئاندىن تۇرۇشلۇق ئورنىنى ، ئاخىردا تۇرۇشلۇق شەھەر ، ئۆلكە ۋە دۆلەتنى يازىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە بىز چوڭدىن كىچىككە قاراپ ئادرېس يازىمىز. بۇنىڭدىن باشقا جۈملە تۈزۈلۈشنى ئېلىپ ئېيتساق ئېنگلىزلار مۇھىمنى ، ئۆزىگە ئەڭ چېتىشلىقنى باشتا تىلغا ئالىدۇ . مۆرتى كەلگەندە جۈملىنىڭ بايان ئىزچىللىقىنى بۇزۇپلا ئېنىقلىما بېرىدۇ ، تولۇقلايدۇ . بۇ باشتىلا مۇكەممەل بولۇشنى قېلىپ قىلىۋېلىپ سۆزلەيدىغان بىزلەردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن ،

C o l u m b u s d i s c o v e r e d A m e r i c a i n 1492

ئەينى تەرجىمىسى: كولومبو ئامېرىكىنى تاپتى. 1492 - يىلى

بىزچە ئېيتىلمىسى: 2941 - يىلى كولومبو ئامېرىكىنى تاپتى.

H e i m m e d i a t e l y o r d e r e d a n i n v e s t i g a t i o n

ئەينى تەرجىمىسى: ئۇ دەرھال بۇيرۇق بەردى. تەكشۈرۈشكە

بىزچە ئېيتىلمىسى: ئۇ تەكشۈرۈشكە دەرھال بۇيرۇق بەردى.

T h e s c h a n g e o b s t a t e i s p h y s i c a o b c h a n g e

ئەينى تەرجىمىسى: ئۆزگىرىش ھالەتتىكى فىزىكىلىق ئۆزگىتىشتۇر .

بىزچە ئېيتىلمىسى: ھالەتتىكى ئۆزگىرىش فىزىكىلىق ئۆزگىرىشتۇر .

تەبىئەتتىكى ھەربىر ئاتالمىلارنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ۋۇجۇدىدىكى ماس ئۇقۇملىرى ئۆزئارا ئوستمۇ - ئۇست چۈشۈپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: "ئاق" خەنزۇچىدە 白 گە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئاقيولنى 白路 دېگىلى بولمايدۇ. قارا 黑 غا توغرا كېلىدۇ، لېكىن قارا باستى دېگەننى 黑庄了 دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، گەرچە ئاق بىلەن قارا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىككى خىل رەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئويغۇرلارنىڭ روھىيىتىدە پەيدا قىلغان تۇيغۇسىدا زور پەرق بولىدۇ. يەنە دېسەك، مەلۇم بىر خىل تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى خېلىلا ئىگىلىگەن ئادەم ئاشۇ تىلدا ئاشۇ تىلنىڭ ئىگىسىدەك سۆزلىيەلمەيدۇ، گېپى ئېنگىلىزچە ياكى خەنزۇچە، جۈملە قۇرۇلمىسى ئويغۇرچە بولۇشتىن خالىي بولالماسلىق مانا بىز كۆندە ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئەھۋال . مانا مۇشۇنداق ئىنسانلارنىڭ قىلىق ئەندىزىلىرى، تەپەككۇرلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ قاش - كۆزى، ئېغىز - بۇرنى، پۇت - قولى ئوخشاش ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان نەرسە مەدەنىيەتتۇر . يولداشلار بۇنى تېخىمۇ روشەن چۈشەنمەكچى بولسا ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان ساراڭلارنى سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرۈپ باقسا بولىدۇ

راست، ئىنسانلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ . چۈنكى، ئۇلاردىكى ئۇقۇملارنىڭ ھېسسىي خاھىشتىكى سەرەمجانلىشىشى ئوخشىمايدۇ .بىرسى بىر نەرسىنى مەلۇم ئورۇنغا جايلاشتۇرغان بولسا، يەنە بىرسى ئۇنى باشقا بىر ئورۇنغا جايلاشتۇرىدۇ . شۇڭا، ئۇقۇم قانچە كۆپ بولغانسېرى روھ توپى بولغان جەمئىيەت شۇنچە مۇرەككەپلىشىدۇ، نىسبىي دېشۋارچىلىق كۆپىيىپ، مەنىۋى ئېھتىياج ئۇلغىيىدۇ . دېمەك، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ماھىيەتتە مىللىي مىجەز دېمەكتۇر . ئەمما، بىز كۆپ ھاللاردا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى دېگەن ئۇنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، كىيىم - كېچەكلىرى، تىلى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، قۇرۇلۇش بىناكارلىقى دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ

كۆزدە تۇتۇلدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ھەتتا كاستيۇم -بورولكا كىيىش ، بىرەر تانسام ، ئۆيىنى كىنولاردىكىدەك ياساش...

دېگەندەك ئۇششاق ئىشلارنىمۇ مەدەنىيەت دېگەنلىكنى ئاڭلايمىز . ئەمەلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس . بىز پەقەت ئۇ

نەرسىلەر ئارقىلىق مەدەنىيەتنى ئىپادە قىلماقچى بولىمىز . ئۇ خۇددى 1 + 2 + 3 = 6 دە 1 ، 2 ياكى 3 نىڭ ھەرگىز 6

ئەمەسلىكىگە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ ، (ئۆرپ ئادەت ) + (كىيىم - كېچەك ) + (ئەدەبىيات سەنئەت ) + ... =

مەدەنىيەت دېگەندەك بىر گەپ .ئەپسۇس ، مەدەنىيەتنى بايان قىلىش ئادىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە نازۇك مەنتىقىلىق

خاتالىقا بولغان پەرۋاسىزلىق بىزنى يۇقىرىقىدەك خاتا تونۇشقا باشلاپ قويغان . بۇنىڭدىن باشقا تىلىمىزدا ئىپتىلىشۋاتقان

مەدەنىيەت دېگەن بۇ سۆزنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى مەدەنىي سۆزنىڭ تۆپى مەدىنە (شەھەر )بولغاچقا شەھىرى ،

شەھەرچە دېگەن مەنالارمۇ بەلكىم مەدەنىيەتنىڭ ئىملادا خاتالىشىپ مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئاتالغۇغا ئۆزگىرىشى بىلەن

يۇقىرىقىدەك نەرسىلەرنى كۆرسەتتى . شۇڭداقلا بۇ خەنزۇچىدە ئۇدۇللانغان سۆزنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تۇغۇچىدا

(ئىستىداتىدا )يوق ئاتالمىلارغا باغلىنىپ تېخىمۇ قالايمىقان مەنا ئالغىلى تۇردى . مەسىلەن ، مەدەنىيەت بىلىملىرى

(文化知识)مانا مۇشۇنىڭ سەمەرىسى ئىدى . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مەدەنىيەتنىڭ خاتاسى مەدەنى يەت

دېگەن بۇ نام ئىنگلىزچىدىكى C i v i l i z a t i o n (文明) بىلەن ئۇستىمۇ - ئۇست

چۈشىدۇ.شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنى ماقالىمىزنى ئوقۇۋاتقىنىدا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى چوقۇم ئاقىلانىلىك بولىدۇ " .ناۋادا

بىز ھەربىر ئادەمنىڭ ئاغزىغا ئەمەس ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىدى غان بولساق شۇنى بايقايمىزكى ،

ھەممە ئادەمدە ئۆزىگە تۇشلۇق "ھايات مەنىسى " بولىدۇ.ئۇلارنىڭ تۇرقى ، قىلىقلىرى ، ئىپادىسى ، پوزىتسىيىسى ،

ئادىتى ، خاراكتېرى ، نىيىتى ، يوسۇنى دېگەندەكلەر ھەممىسى مۇشۇ ھايات مەنىسى "دىن ئۇنىدۇ ، ئۇنىڭدىن بىشارەت

بېرىدۇ. گويا "مەن دېگەن مانا مۇنداق ئادەم " دەۋاتقاندەك بولىدۇ. مەدەنىيەت ئەمەس دېسىمۇ كۆندىلىك تۇرمۇشتا

ئەتراپىمىزدىنلا دەرھال كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان مۇشۇ باياندىكى "ھايات مەنىسى "نىڭ مەجازى ئۆزى . ناۋادا

بىرنەچچىسىدىن سىزقانداق ئادەم ھاياتىڭىز نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟ دەپ سوراپ باقساق ئۇلاردىن ئۆزىدىكى ھەقىقي

ماھىيەتنى دەپ بېرەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز چىقىدۇ. كېيىنكىسى بىلىپ -بىلمەي ئورتاق سېزىم ، ئالقىشلىق نەرسىلەر ،

پەزىلەت ۋەھاكازالار بىلەن گەپدانلىق قىلىدۇ . قانداق ئادەملىكى ، ئەقىللىقلىقى ، ناتىقلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

ئىجتىمائىيەتتە قانداق ئادەملىكنى بىلدۈرۈش مەلۇم بىر مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان چاغدا كۆرۈلىدىغان تۈرلۈك -تۈرلۈك

بولمغۇرلۇقلار ، رەڭۋازلىقلار ، پەسكەشلىكلەرنى ، قاباھەتنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ يېزىپ بولالمايمىز. ئوخشاشلا بۇلارمۇ ھەم ئەمەس دېرىسمۇ مەدەنىيەتنىڭ قانداقلىقىنى  بايان قىلىش ، تەتقىق قىلىش ئەمەلىيەتلىرىنىڭ مەجازى ئۆزىدۇر . شۇڭا ، يۇڭنىڭ "ۋۇجۇت دوختۇرىنىڭ نەزىرىدە بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ھاياتى پەقەت شەخسكە قارىغاندا سەل - پەل مۇرەككەپرەك" دېمىكى ھەم مۇشۇنىڭدىن بىشارەت بولۇشى مۇمكىن① .

مەدەنىيەت تارىخى تەپسىلىي دېمىگەندىمۇ سىياسىي مودا بويىچە يېزىلمايدۇ . ھازىرقى چېگرا ، ھازىرقى ئايرىمچىلىق ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق بۇرۇنقى ئىنسانلارغا تېڭىلمايدۇ . "قاغا بالام ئاپئاق ، كىرپە بالام يۇمشاق " دېگەنچىلىك قىلىدىغان ئۆزىگە بىرخىل باشقىلارغا يەنە بىر خىل پوزىتسىيە قۇر - قۇرلاردىن جۇلا لىنىپ تۇرمايدۇ . خۇددىي 80 - يىللاردا لازا يېيىش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ چېمپىيون بولغان ئادەم 90 - يىللاردا ئاشۇ مېداللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىلىك ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتقاندەك ، "مەشھۇر بىر چولپان مېنىڭ يۈزۈمگە تۈكۈردى" دەپ نەچچە يىل سۆزلەپ يۈرگەن ئامېرىكىلىق ساراڭدەك ئەينى دەۋر ئادەملىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئادەمدەك ياشىغانلىقلىرى بىلەن كارى يوق پالانى ھەيۋەتلىك سېپىلنى ، پۇستانى تۇتامسىزكىتابىنى ، قايسىدۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى ، زەيپانلىقنى ئۇستىان قىلىپ يېزىلمايدۇ . مەيلى نېمە بولسۇن سۆ زلىگۈدەك ، كۆرسەتكۈدەك بىر نېمىسى بولسىلا "مەدەنىيەتلىك " دەيدىغان نامغا ئىگە قىلىنىدىغان مەدداھلىق يوقلىدۇ . "باينىڭ گېپى ئوڭ ، گادايىنىڭ گېپى توڭ " دېگەندەك سۆزلەش پۇرسىتىگە ئىگىلەر ، پەلەكنىڭ چاقى مۇنبەرنىڭ تۆرىنى نىسىپ قىلغانلارنىڭ خاھىشلىرى بويىچە رەسمىيلىشىدىغان چۈشەندۇرۇشلەر كۆرۈلمەيدىغان بولىدۇ. ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا قايسىدۇر بىر مىللەت بولۇش چوڭ ئىش ئەمەس. مەدەنىيەتلىك ، مەدەنىيەتسىز دەپ مېدال تاقاشمۇ تېگىدىن ئېيتقاندا مەنىسىز ، ھەتتا كەسكىن ئېيتقاندا مۇنداق گەپ يوق. ئەمما ، ساغلام بىر ئادەم بولۇش ، ئۇنۇملۇك ھالدا كەلگۈسىگە يۈزلىنىش تاشلاپ كەتكىلى بولمايدىغان نۇقتا. مانا مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدە دۇنيادىكى ئەڭ قالاق يېزىق خەنزۇ يېزىقىنى ماختايدىغان ، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىز خەنزۇلارلا ئۆز يېزىقىمىز ، ئۆز تىلىمىزنى ھازىرغىچە ساقلاپ قالالىدۇق ، دەپ ماختىنىدىغانلارنىڭ ئەخمىقانە ۋە ساقسىز كەيپىدىن يۈلقۇنۇپ بايقىغىنىمىزدا ئېنىقكى ، ئىنسانلار ئەسلىدىن پەرقسىز . ھەممىنىڭ كۆزى بار ، قۇلىقى بار . ھەممىنىڭ پۇت - قولى بار. ھەممىسىدە ئەر - ئايال ، ئاتا - بالا بار ، ھەممىسىنىڭ زۇۋانى ، كاللىسى بار ، ئۆي - پىكىرلىرى بار ۋە شۇنداقلا

ھەممسى تارىخننڭ مەھسۇلى.ئەمما ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق ئوخشاش كۆزلەرنىڭ بىرى يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرسە ، يەنە بىرسى قىزىل رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ .ئاشۇ ئوخشاش قۇلاقنىڭ بىرى پوجاڭزىنى خالىسا ، يەنە بىرى ناغرا سۇنايىنى ئىزدەيدۇ. بۇنى ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدىلا كىتابخانلارغا ئاز -    تولا ھېس قىلدۇرۇپ كەلدۇق     葍.تەبىئىيكى بۇ خىل پەرقنىڭ تېگىدىكى ماھىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بايان قىلىشنىڭ رايونلىرىنى پەيدا قىلىدۇ . مەدەنىيەتشۇناسلىق يۇقىرىقىدەك ساقسىزلىق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ، ھەرقايسى   روھ ئېقىملىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى تونۇپ يېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ خاھىشىدىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ كەلگۈسىگە تېخىمۇ ئىلمىي يۈزلىنىش ئۈچۈندۇر.

ئىلىمدا باياننىڭ سىستېمىلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ ، تۇتقۇنى ئالدى بىلەن ئۇقۇم جەھەتتىن تېخىمۇ ئۇششاق ئۇقۇملارغا ئاجرىتىۋالىمىز . مەسىلەن ، بەدەن  دېسەك ، ئۇنى قول -   پۇت ، ئېغىز -  بۇرۇن ، قۇلاق ، باش ، گەۋدىگە ئاجرىتىۋالىمىز. ھەرگىز بىر قول ، يەنە بىر قول ، بىر پۇت يەنە بىر پۇت ، بىر كۆز يەنە بىر كۆز دەپ ئولتۇرمايمىز. دەرەخ دېسەك ، يوپۇرماق ، شاخ ، غول ، قوۋزاق ، يىلتىز دەپ ئاج   رىتىمىز. ھەرگىز ئوڭ تەرەپتىكى شاخ ، سول تەرەپتىكى شاخ ، ئېگىزدىكى شاخ ، پەستىكى شاخ دەپ ئولتۇرمايمىز   .ناۋادا مۇنداق ئۇقۇم سىستېمىسى ئەپسىز بولۇپ قالسا ، ئۇنداقتا يەنە باشقا ئۇقۇم سىستېمىسى تاللايمىز   . مەسىلەن ، تېرە ، مۇسكۇل ، نېرىپ ، يۇلۇن ، تومۇر ، ئۇستىخان ، قان ، ئىچىرالما دېگەندەك   .ئەمما ، بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسە شۇكى ، ھەربىر يۈرۈش ئۇقۇم سىستېمىسىنىڭ ئۆز دەستىكى بولىدۇ   .مەلۇم يۈرۈش ئۇقۇم سىستېمىسى ئىشلىتىشكە لايىق يەرلەردە شۇ ئۇقۇم سىستېمىسىدىكى ئۇقۇم كەلمەي باشقا سىستېمىدىكى ئۇقۇم كېلىپ بېكىنىۋالسا با   يان مۇقامدىن چىقىدۇ. ئېغىر ياكى نازۇك لوگىكىلىق خاتالىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. مەسىلەن ، ئادەم گۆش ، ئۇستىخان ، ئاجرالما ، كۆز -  قۇلاق ۋە 109 خىل ئېلمېنتتىن  تەركىپ تاپىدۇ دېگەندەك    . بىزگە مەلۇم بولدىكى ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ئادەم تېنىدەك ، دەل - دەرەخلەردەك كۆز بىلەن  كۆرگىلى ، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئېنىق قۇرۇلمىغا ئىگە نەرسىنى ئەمەس ، بەلكى ئىنساننىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ناتونۇش بولغان روھىنى تۇتقا قىلىدىغان بولغاچقا ئۇنى تېخىمۇ ئۇششاق ئۇقۇملارغا ئاجرىتىپ ، ئاجراتقاندىمۇ يۈرۈش ئۇقۇملارغا ئاجرىتىپ سىستېمىلىق بايان قىلىش    ناھايىتى تەس. يولداشلار بەلكىم ھېس قىلدى .ھەممىمىزگە تونۇش بولغان جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بارا -      بارا ئۆڭۈپ كېتىۋاتىدۇ  . نېمىشقا ؟ چۈنكى ، جۇغراپىيىچىلەر بىر ئىلمىي سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەقەللىي ئىلمى بايان قىلىش پرىنسىپىغا

ئەمەل قىلىپ روھقا ئوخشاش بىر قارىسا بىر گەۋدە ، يەنە بىر قارىسا پارچە - پارچە تۇرغان بايان قىلىش رايونلىرىغا ۋاقىت ئۈزىرايدۇ ، ئۈزۈنلۈق قىسقىرايدۇ دەپ مەيدىگە مۇشتلىغان ئېينىشتىيىندەك ، تۈز سىزىق دېگەن چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى شۇ دەپ تۇرۇۋالغان رىيىنغا ئوخشاش ئۆز مۇقامىدا مۇس تەھكەم تۇرالىغۇدەك لوگىكا بىلەن ئايرىماي بىرىنچى يوپۇرماق مۇنداق ، ئىككىنچى يوپۇرماق ئۇنداق دېگەنچىلىك قىلىپ تارىخ ياكى تەبىئىي سەۋەبلەر بۆلۈپ قويغان بۆلەكلەر بويىچە ۋالاقلاپ ، قەشقەر جۇغراپىيىسى ، ئاتۇش جۇغراپىيىسى ... دېگەندەك ناملار بىلەن تۇتامسىز بولۇپ ، ھە دەم ماگىسمۇ قىردىن ئاشالمايدۇ ھالىغا پېتىپ قالدى . سىياسىيونلارنىڭ ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئېھتىياجى بولمىدى دېگەندە ئالىقاچان ئەتۋارسىز پەنگە ئايلاندى . يەر يۈزىنى يېگى چۈشىنىۋاتقان يېقىنقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ تەقەززاسىنى ئۇنۇتقاندا ئۇنىڭ نېم ە ئۈچۈن پەن دەپ ئاتىلىپ بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىۋاتقانلىقى چۈشىنىكسىز بىر پاجىئەگە ئۆزگەردى . جۇغراپىيە ئوقۇغانلارنىڭ خەرىتە سىزالايدىغانلىقى ، يەر ئۆلچىيەلەيدىغانلىقى خۇددىي ئايالارنىڭ ئۇيا - ئەگلىكىدەك رول ئويناپ خۇددىي ئوسما كېتىپ قاش قالىد ۇ ، سۇ كېتىپ تاش قالىدۇ دېگەندەك جۇغراپىيىنىڭ يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتۈلۈۋاتقان جۇغراپىيىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە پەن بولۇش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى يېپىپ بولالمىدى . خەپشۇك ، ناۋادا مەدەنىيەت ھەققىدىكى بىر ئىلىم بىسمىلاسىدىلا مەدە نىيەتنى بايان ئوبيېكتىلىرىگە ئايرىيالمىسا ئۇنداقتا كەلگۈسىدە جۇغراپىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇنىڭ بېشىغا كەلمەسمۇ ؟! شۇڭا ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا قانداق توپنى بىر گەۋدە ھېسابلاپ مەدەنىيەتنىڭ ئوبيېكتى قىلىش ، قانداق قىلغاندا مەدەنىيەت مۇستەقىل مەدەنىيەت بولىدىغانلىقىنى ئېنىق قىلىۋېتىش ، مەدەنىيەتنى تەرەققىيات تىزمىلىرىغا ئايرىش مۇشۇ پەننى تىكلەپ چىقىشنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ھالقىلىق بىر مەسىلە.

مەلۇمكى ، نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىغا ئاساسلانساق ، ئۇۋ 4Kg ، 10Kg ، 20Kg دېگەندەك سانلار بىلەن تۈركۈملىنىپ چىقىدۇ . شەكلىگە ئاساسلانساق يۇمۇلاق ، چاسا ، ئۈچبۇلۇڭ ، رومبا ، كۋادرات ۋەھاكازا بولۇپ تىزىلىدۇ . مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ توپ مەنلىكى بولىدۇ ۋە بۇ مەنلىكتىن قايسىنى تۇتساق ئۇنىڭدىن بىر يۈرۈش تىزىلما پەيدا بولىدۇ. شۇڭا شەيئىلەرنىڭ تىزمىسىنى بېكىتكەندە ئالدى بىلەن شۇ شەيئىنىڭ توپ مەنلىكىنى ئىزدەيمىز . مەسىلەن ، قىسىملارنى ئالساق ، ئۇنىڭ توپ مەنلىكى ھەجمى ، ئېغىرلىقى ، ماسسىسى ، شەكلى ، رەڭگى ، ھالىتى

دېيىلگەن ئىدى . شۇڭا جىسىملارنى مۇشۇ بويىچە تۈرلەش ھەقلىق ئىدى . كېيىن فىزىكا تە تققاتى بىلەن ئېغىرلىق ، ماسسا ، ھەجىم يىغىنچاقلىنىپ ماسسا تۈپ مەنىلىك دېيىلدى . رەڭ ماددىنىڭ ئەمەس يورۇقلۇقنىڭ تەسىرى ھېسابلىنىپ مەنىلىكتىن قالدۇرۇلدى . شەكىل خىمىيىگە تاشلاپ بېرىلدى . شۇنداق قىلىپ فىزىكا جىسىملارنى ماسسىسى ، ھالىتى بويىچە تۈركۈملەپ تەتقىق قىلىدىغان بولدى . مەدەنىيەت تەتققاتىمۇ ئەلۋەتتە پرىنسىپ جەھەتتىن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ .

مەن داۋاملىق ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ دەۋرنى يورۇتۇش مېتودىدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن .تا مۇشۇ كەمگىچە مەدەنىيەتنى مۇپەسسەل بايان قىلىش جەھەتتە ماقالە ژانىرىنىڭ ژانىرلىق سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت روھلىرىنى بىر قېتىم كامالى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا توسالغۇ بولۇپ قالىدىغاندەك بىر خىل سېزىم كاللامدىن كەتمەيدۇ . ئەمما ، مانا مۇشۇ سەرەمجانلاشتۇرۇشنى قىلماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى باشلىغىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، ئېكران ، ئۈيتېك دېسكا قوزغاتقۇچ ، قاتتىق دېسكا ، مەنبە ، باش ئاپپارات تاختىسى ، c p u ، پىرىنتېر بولغان ئەھۋالدا ئۇلارنى جاي - جايىغا قوراشتۇرۇپ ھەرىكەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، بۇ ئامىللاردىن قايسىسىنىڭ كومپيۇتېرنىڭ ئەۋلاد رېتىنى بىكىتىشكە سالاھىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز . بىر ئەۋلادنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېرنىڭ ياخشى - يامانلىق دەرىجىسىنى تۇرغۇزالايمىز . ئاندىن ئۇ كومپيۇتېر ھەققىدە بىلىم بېرەلەيدىغان ئەمەلىيەت بولالايتتى .

ئۆزۈڭدىن بىرى بىزگە ئاددىي ۋە روشەن مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ تىل ، ئۆرپ - ئادەت ، كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، ئۆي جابدۇش جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم ، سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى ۋەھاكازالار مەلۇم بولدى . لېكىن ئۇلار قۇتۇپلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنماي ھەممىسى مەدەنىيەت ياكى نەقتەن (جەۋھەر ، سوبستانسىيە ) قىلىندى . ئوچۇقراق دېگەندە ئۇلار مەدەنىيەتنى زاھىر قىلغۇچى يۈكلەنمىلەر ھېسابىدا ئەمەس بەلكى مەقسەتلەر ھېسابىدا بايان قىلىندى بۇ مەدەنىيەت ئەندىزىلىرنى مۇپەسسەل تۈرغۇزۇپ ماتېرىيال ھازىرلاش ئىشىنى تېخىمۇ يىراق قىلىۋەتتى . مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ جاي - جايىغا سەرەمجانلاشتۇرۇلماسلىقى مىللەتنى بېكىتىشتە كۆرۈلگەندەك تىل ، ئورتاق پسىخىكا ، ئورتاق تېررىتورىيە دېگەنلەرنى تەك ئورۇنغا قويۇپ سۆزلەشكە يوچۇق بېرىپ قويىدى . بۇ نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلدى .

يەنە مىللەتلوگىيە ئالىمى .F گىلبىنا بىلەن .W سىمىت يەنىمۇ ئابستراكىتلىققا چىقىپ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى نەقتەن دېدى ۋە بۇ نەقتەن ئۆز بۆشۈكنى مەركەز قىلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولىدۇ . "بارلىق مەدەنىيەتلەر مەيلى قەدىمي بولسۇ ،ن ياكى يېقىنقى بولسۇن ، بىردەك مەدەنىيەت دۆۋىسىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ مەھسۇلى.مەدەنىيەت دۆۋىسى فۇنكىتسىيە جەھەتتىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى دۆۋىسدۇر" دەپ قارىدى. "بىر مەدەنىيەتتىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت دۆۋىلىرىنى تەھلىل قىلىش بىلەن ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ تارىخىنى قايتا نامايان قىلغىلى بولىدۇ "( 6 - توم ، 602 - بەت) دەپ ھېسابلىدى . بۇددا مەدەنىيىتى ، ئىسلام مەدەنىيىتى ، خرىستىئان مەدەنىيىتى دېگەندەك گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى .ئىدىئولوگىيە بىلەن مەدەنىيەتنىڭ پەرقى قالمىغىلى تۇردى. لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ ناھايىتى ئۆز تۈيۈلدى .

كىشىلەر مەدەنىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ مۇشۇنداق بۆزۈۋېتىلىشىگە قارىماي قەلبنىڭ ئاۋازى بويىچە تىلغا يەنىلا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قاراپ كەلدى .ئۇلۇغ تىل نەزەرىيىچىسى لىبنىز تىكلىگەن پىرسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ۋىلھېم ۋون ھۇمبولدت (1767 - 1835) 1836- يىلى "ئىنسانلار تىلىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى پە رق ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار روھىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى " ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ تىلنىڭ مىللەت تۈرمۇشىدىكى رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇزاكىرە قىلدى . بىر مىللەت ياشايدىغان كېلىمات ، دىن ، ئىجتىمائىي تۈزۈم ، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم ج ەھەتتىن مىللەتتىن نېرى بولسا بولىدىغانلىقىنى ، ئەمما ، تىلنىڭ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ، تىلنىڭ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى نەپەس ئېكەنلىكىنى ، مىللەت پەقەت تىل ۋاستىسىدە ئۇيۇشۇپ مىللەت بولىدىغانلىقىنى ، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ پەقەت تىل ئارقىلىقلا مۇكەممەل ئى زلىنىدىغانلىقىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىشىنئۇنىڭ تىلىدىن باشلاش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. ئېنىق قىلىپ "ئوخشىمىغان تىل ، ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ ھەممىسى ئىنسان روھىنىڭ تۈرلۈكچە شەكلى ئۆزلۈكنىڭ ئوخشىمىغان شەكلىدىكى نەتىجىسى .تىل ئىنسان روھىنىڭ ئىجات قىلىنىش پائالىيىتى ياكى ئىنسان روھىنىڭ ئىستىخىيىسىز تەپچىشى" "تىل پەلسەپىسى"( 426 - بەت)دەپ ھۆكۈم چىقاردى .

مېنىڭچە ئامېرىكا ئۇقۇمچىلىق تىلشۇناسلىقىنىڭ ۋەكىلى ئىدۋىرد ساپىرنىڭ مىللەت ، تىل ، مەدەنىيەت ئۇقۇملىرى تازا ساغلام بولمىسا لېرەك. مەسىلەن ، ئۇنىڭ "مىللەت مۇھىم بولغان ھەم ھېسسىيات جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن

توپلام "دېگەن ئېنىقلىمىسى ئۇنىڭ تىل تەتقىقاتچىسى بولغىنىغا باققاندا قەلبىدىن چىققان ئېنىقلىما ئەمەس بولۇپ ، پۈتۈنلەي ھېسسىي زورۇقۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان يادلانمىدىن باشقا نەرسە ئەمە س. مۇشۇنداق تەنتەكلىكىدىنمىكىن 1921 - يىلى يازغان ئەسىرى "تىل ھەققىدە "دە دەسلەپ تىل يۈزەكى نەرسە ، پەقەت بىر قورال . تىل ، مىللەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ چوقۇم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ناتايىن. "تىل ھەققىدە "( 193 - بەت( دەپ ھومبولت ئالقاچان تەنقىدلەپ ئۆتكەن ئىد  ىيلەردە بولدى. بىراق ، كېيىن ئۇ ئۆزگەردى . ئامېرىكا ئىنسانلار تىلىنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىن غايەت زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقىدى. ھومبولتنىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئوقۇغۇچىسى ۋولزا پۈتۈنلەي ھومبولتنىڭ مەۋقەسىگە قايتىپ كەلدى . بۇ ئۇقۇم ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتىدا تىل مەدەنىيىتى بەلگىلەمدۇ ياكى مەدەنىيەت تىلنى بەلگىلەمدۇ ؟ تىل چۈشىنىش كۈچى (ئۆتكۈرلۈك ) ۋە تەپەككۇرغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ ؟ تىل ئەندىزىسى بىلەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى زادى قانداق مۇناسىۋەتتە ؟" دەيدىغان سوئاللارغا چۆمدى .

ئۇ ھەتتە مەلۇم بىر شەيئىي چەت تىلدىن مەلۇم بولۇپ پەقەت ئانا تىلدا ئاتاش مەجبۇرىيىتى بىلەنلا ئاتىلىپ قالغاندا ئۇنىڭ ئاتىلىشى بۇ شەيئىنىڭ شۇ تىلنىڭ تۇغۇچىدىكى كوردىناتىغا ئۇدۇللاشمىغان چاغدا بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر نۇرغۇن -نۇرغۇن بوشلۇقلار بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. مۇشۇ نوقتىنى يوق ئەمەس دېگەندە مېنىڭچە مەدەنىيەت دېگەن بۇ نام مىللەتنىكى باشقىلارغا داملىغلى بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆككە كۆتۈرگىلى ئەرزىگۈدەك نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتۇپراق قويۇلغان. شۇڭا بۇ نامنىڭ تېگىدىكىسى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ ؟ دېگەن تەپەككۇر ئەمەس ، بەلكى ھېسسىيات . دېمەك ، ئۇنىڭ تەپەككۇرىمىزگە ئېنىقلىق بېرىشىدىن تازا بەك ئۈمىد يوق . شۇنداق بولغاچقا ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ نامنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئازغاشتۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ .

ناۋادا بىر دېھقاندىن سەن ئۇسسۇلنى ياۋروپالىقلاردەك پۈتكىدا ئوينىماي ق ول ، پۇت ھەممە يېرىڭدە ئويناىدىكەنسەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ دەپ سورالسا ، ئۇ بىزئادەتتە ئۇسسۇلنى مۇشۇنداق ئوينايمىز دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ گەپنىڭ تېگىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ئادىتى ئاشۇنداق ، بىزنىڭ مۇنداق دېگەن مەنىنى پەملىسەك ھەددىمىزدىن ئاشقانلىق ب ولمايدۇ .ئەسرىمىزنىڭ بېشىدا بىشارەت قىلىنغان "مەدەنىيەت " ئۇقۇمىمۇ "ئادەت " دېگەن بۇ نامغا يېقىنلىقىنى ئۆزئۆزىدىن ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ . ئويلاش ئادىتى ، چۈشىنىش ئادىتى ، تەپەككۇر ئادىتى ، كۆرۈش ئادىتى ، ئاڭلاش ئادىتى ، سۆزلەش ئادىتى ، تۇرمۇش ئادىتى دېگەندەك ناملار بى لەن "مەدەنىيەت "

كۆرستىپ تۇرغان نەرسىنى تۇلۇقى بىلەن ئاتاش ھېچقانداق قولايسىزلىق بەرمەيدۇ . شۇنىڭدىن قارىغاندا يۇقىرىقى سوئاللارنى ئەمدى سورىساق بولىدۇ. تىل تىل ئادىتىنى بەلگىلەمدۇ ياكى تىل ئادىتى تىلنى بەلگىلەمدۇ؟ تىل ئەندىزىسى بىلەن ئادەت ئەندىزىسى قانداق مۇناسىۋەتتە؟

مەدەنىيەت ، ئادەت دېگەن مۇشۇ ئىككى سۆزنى 30 ئادەمگە يازغۇزساق30خىل خەت يېزىلىدۇ. ھەربىر خەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى جۇلالىنىدۇ . خۇشخەت تەربىيىسى كۆرگەنلەرنىڭ مۇكەممەل خەتتىن ئىبارەت ئورتاق قۇتۇبى بولغانلىقى سەۋەبلىك يازغان خەتلىرىدە ئوخشا شلىق كۆپ بولىدۇ . مۇشۇ ئەھۋالدا خەت خاراكتېرگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ ، خاراكتېر خەتكە تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ دېگەن سوئالغا نېمە دېيىشىمىز مۇمكىن؟بۇنىڭغا نېمە دەيدىغانلىقىمىز ئېنىق. مەقازى جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ نەق يۇقىرىقى سوئالنىڭ جاۋابى. لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇ سوئال مۇشۇنداق ئاددىي بىر تەرەپ قىلىنماي چوڭ -چوڭ ئىنسىكلوپېدىيىلەرنى پەقەت سوئاللارنىلا يېزىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ؟

خاراكتېر روھىي كۈچنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا باقىدۇ . بەزى ئادەملەردە خاراكتېر دەپ بىر نېمە بولمايدۇ . لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنكار قىلىنمايدۇ. ناۋادا مەدەنىيەت ياكى ئادەتكىمۇ مۇشۇنچىلىك سىزىم ئۇدۇللاشقان بولسا ، بەلكىم مۇنداق بولۇپ كەتمەيتتى .بىزگە مەلۇمكى ، گېئومېترىيە بەش ئاكسىيۇما ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ . بىزنىڭ ئۇنى گېئومېترىيە مىتودىدا ئىسپاتلاشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ . لېكىن ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن شۇنداقلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا ئەلەكمۇللا دەيمىز .لېكىن ناۋادا بىز بۇنى بىرسى بىزگە تاڭدىمۇ ياكى ئۇنى ئۆزىمىز پەرەز قىلىۋالدۇقمۇ؟ دەيدىغان سوئالغا تاقىشىپ تۇرۇۋالساق ئېنىقكى ، بۇ جەھەتتە بىز داۋاملىق توپا سورۇپ ئولتۇرغۇنىمىز ئولتۇرغان بولار ئىدى . لېكىن قەدىمكى ئىنسانلار ماھىيىتىدە مەنمەنچىلىك غەلىيانى بولغان بىزلەرگە ئوخشىمىغىنى ئۈچۈنمىكىن گېئومېترىيىنى بۇگۈنكىدەك بىر ئىلىم قىلىپ قالدۇرغانىدى . شۇڭا ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى زادى ئىنساننىڭ نەرىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولما يدىغان ئەقلىنى ئېتراپ قىلغاندەك قىلىشىمىز لازىم.ئۇنى باشتا ئېتراپ قىلىپ تەپەككۇر باشلانغان ھامان ئۇنتۇپ قالماي بەلكى تەپەككۇر جەريانىدا ئىزچىل ئېتراپ قىلىپ كېلىش كېرەك .ئەقلىنىڭ مېخانىزىمىنى تاپالمىغانلىق ئەقلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھلىكە بولمىغاندەك يۈرەكلىك ئېتراپ قىلىشىمىز لازىم .ھەتتا بۇ ئىككىسى پاراللىلقتا شۇ تەرىقىدىكى ، ناۋادا ئەقىل ھەرقايسى مەۋجۇت شەيئىلەر

ئارىسىدىكى "تەبىئىي مۇناسىۋەت "نىڭ كاللىدىكى ئىنكاسى بولىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا مەدەنىيەت ئىنسان ئىچكى دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئەيىپ ئاشۇنداق نەرسىدۇر.

كىشىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك بايقايمىزكى ، تەسىرلەرنىڭ ئەستە تۇتۇلۇشى يەنى ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئاتالمىلىرى بىلەن دېگەندە تەسىرلەرنىڭ ئاڭ ۋە ئاڭلىقتا ئىز قالدۇرۇشى ئىچكى دۇنيا شەيئىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بەلكىم ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئاچلىق سېزىمى ، توقلۇق سېزىمى ، سۈت ، ئەمچەك ، يۆرەكنىڭ ئاۋازى ۋە باشقا تونۇشلۇق ئاۋازلار ، ئەتلەرنىڭ ئۆزئارا تېگىشىش سېزىمى ۋەھاكازالار خاتىرىلىرى بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ بىرنەچچە ئون شەيئىلەر ئارىسىدىن بىرنەچچە قېتىملىق تەجرىبە ئارقىلىق ئۇ ئاخىر يىغىنى ئۆزىگە تىل قىلىپ تاللاپ چىقىدۇ ۋە بۇ تىلنىڭ مەنىسى بارا - بارا كېڭىيىشكە باشلايدۇ .ئۆز سېزىملىرى بىلەن باتىرىلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىغا ئەگىشىپ يىغا مەنىلىرىگە بېقىپ تۈسلىنىدۇ ۋە ئۆزىگە ئەپچىل باشقا "تىللىرىنىڭ " ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ھازىرلىق كۆرۈلىدۇ. لېكىن مەيلى قانداقلا بىر تىل بالىدا كۆرۈلمىسۇن ، ئۇ چوقۇم بالا قەلبىدە ئالىقاچان پەيدا بولۇپ بولغان مەلۇم بىر تەسىرات (شەيئىي )نىڭ تەخمىنىسى بولۇپ ، چوڭلارمۇ ئۆز ئەقىل پاراسىتى بىلەن ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى چۈشىنىپ كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ ئۇ لارغا شارائىتلىقتا تولىمۇ مۇناسىپلىقىنى دەللىلەيدۇ . يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن چوڭلارنىڭ بالا قەلبىدىكى ئوبرازى ئۆلغىيىپ ، چوڭلارغا بولغان ئىشتىياق پەيدا بولىدۇ . چوڭلاردەك بولۇش غايىسى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر مەنبە بولۇپ قالىدۇ .ئۇلارنىڭ ھېسسىي تۇرمۇشى كەيپىيات ، مىتود ، پوزىتسىيە دېگەندەك ئەسلىي مەنىسى بويىچە تەسىرات بولۇپ شەيئىي قاتارىدا خاتىرلىنىدۇ.ئېغىزدىن چىققان تاۋۇشلار تىزمىسىنى پىنھان تەلەپپۇز قىلىدۇ .ئۆزىگە ئۇنى چىقرالايدىغاندەك بىلگەن چاغدا باللارنىڭ تىلى چىقىدۇ . دېمەك ، باللار تىلى چىقىشتىن بۇرۇنلا ئۆز تىلى چىقسىلا دېيەلەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنەلەيدۇ ، ئاددىي قۇملە ئادەتلىرىگە كۆنۈپ بولىدۇ .سۆزلەرنىڭ مۇزىكىلىق پەرقىنى ھېس قىلىپ ھالقىلىق سۆزلەر ۋە جۈملىنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىدىن ھېچ بولمىغاندا كەيپىياتىنى توغرا قىياس قىلالايدۇ. بۇنىڭ جەريانى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى پاراسەت بىلەن بولىدۇ .ئەمدى باشتا ئىسىملار بېيىشقا باشلايدۇ . ئومۇمەن بۇ خىل بېيىش مۇھىمدىن ، ئەڭ كەڭ ئۇچرايدىغاندىن باشلىنىدۇ .بۇ جەرياندا بالا ئۆز كەچۈرمىشى ئارقىلىق نەرسىلەرنى ، سېزىمنى ، ئوينى ، چۈشنى ، ھالەتنى ، كەيپىياتنى ، ھېسسىياتنى يولۇقتۇرىدۇ .ئاتا - ئانىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ، كەيپىياتى مىتودى بويىچە ئۇنى

خاترلەيدۇ. چوڭلارنىڭ تاۋۇش تىزمىسىنى ئۆنىڭغا ئۆدۇللايدۇ .ئوبرازلىق تەپەككۇر ، پاراسەتكە تىلنى ۋاستە قىلغان ئەقلى تەپەككۇر قوشۇلىدۇ .كېيىن ئائىلىنى مەركەز قىلىش ، تەڭتۇشلىرىنى ، مەھەللىنى مەركەز قىلىشقا ، كېيىن مەكتەپنى مەركەز قىلىشقا ، ئاندىن جەمئىيەتنى مەركەز قىلىشقا ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى مەركەز قىلىشقا ئاخىردا پەلسەپىنى مەركەز قىلىشقا ئۆتىدۇ. شەخسنىڭ دۇنياسى مانا مۇشۇنداق يول بىلەن ئۈزلۈكسىز بالاغەتلىك بولىدۇ. تىلنى ۋاستە قىلغ ان ئەقلى تەپەككۇر سەۋەبلىك تىلنىڭ تامغىسى ئۇنىڭغا بېسىلىپلا كېتىدۇ . مەيلى قايسىلا دەۋرگە يەتمىسۇن ، ئىنساننىڭ دۇنياسىنى ئېغىز تىلى ئەمما يېتىلگەن مىللەتلەر تىلى بىلەن تولۇق تۈتقۇزۇپ چىقىش مۇمكىن بولمايدۇ. لېكىن كۆچلۈك پەيلاسوپنىڭ دۇنيانى مۇپەسسەل سەرەمجانلا شتۇرۇشى بىلەن ئىچكى دۇنيانى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىل كۆرەش قىلغان ئېغىز تىلى ئىچكى دۇنيانىڭ كامالىتى ئۈچۈن يېمىرىلمەس ئۇل بولالايدۇ ياكى ئۆزىدىكى قىممەت سىستېمىسىنىڭ سىستېمىسىنى يوقتىسى ئۇقۇملىرىنىڭ ئاينىش ، مەنىلىرىنىڭ چېكىنىشى بىلەن ئەمەس ، بىر نېمىلەر بولۇپ قېلىشى ئارقىلىق ئىچكى دۇنيانىڭ بالاغىتىنى تېپىشقا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ مەلۇم بىر ئىچكى دۇنيا تۇپىقىنىڭ ئۆز ئىچكى دۇنياسىغا ئۇدۇللانغان ئۈزلۈكسىز بىر ئۇدۇللانما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىچكى دۇنيانى مانا ماۋۇ دەپ بىۋاستە قولمىزغا ئالالمايدىغان بىزلەرگە ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ تەجەللىياتتۇر. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەھۋالى زادى قانداق بولغان ؟

ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى بايانىغا تۇتۇنغاندا دارۋىنچە ئويلايمۇ ياكى دىنچە ئويلايمۇ دەپ يالىت - يۇلت خىيال قىلىپ بولسىمۇ ئۆتۈش مېنىڭچە ساغلاملىق .راست ، كىممۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ بەتبەشىرە مايمۇننىڭ ئەۋلادى بولۇپ قېلىشىنى خالايدۇ؟ كىممۇ مۇقەددەس كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ دېڭىزدەك چوڭقۇر ، ئاننىڭ مېھرىدەك تاتلىق ۋەقەلىكلەردىن سۇغۇرۇلۇپ چىققۇسى كېل ىدۇ ؟ ! ئەمما ، رېئاللىق ۋە رېئاللىقا يۈزلىنىش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان ئەقىل خۇددى سوغۇقتا ئىسسىق يوتقاندىن چىققۇسى كەلمەيۋاتقان ئادەمنى دەس تۇرغۇزغۇندەك بىزنىمۇ كەسكىن ھالدا ئەقلى ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، ھەرقانداق ھايۋاندا روھ بولىدۇ .بىز بۇ ھۆكۈمنى قولمىزغا ئالغاندا ئىتنىڭ ، قوينىڭ ، ئاتنىڭ چىراي ، بەدەن ئىپادىلىرىگە زەن سېلىپ باقساق بولىدۇ. تىلشۇناسلار بۇنى قىياپەت تىلى ، ھەممىلا ھايۋاندا بار دەپ ئىپادە قىلىدۇ چۈنكى ، ھېسسىيات ماھىيەتتە تەندىكى فىزىكىلىق ، خىمىيىلىك ئۆزگىرىشنىڭ خۇلاسە شەكلىدە ئىپادە بولۇشىدۇر . شۇڭا بۇ بىر جاننىڭ

ئۆزىدىكى نەرسە يەنە كېلىپ مەزكۇر تەندە ھاسىل بولغان ماددا ئارقىلىق تەستىقلانغان نەرسە شۇڭلاشقا جان ئېگىسىنىڭ ئەقلىدىن يىراق تۇرۇشى چۈشىنىكسىز ئەمەس .ئۇنداقتا ئىنسان قانداق قىلىپ جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئۆزگىچە مەخلۇق بولۇپ قالدى ؟

يەر شارى ئەسلىدە ئورمانلىقى كۆپ بىر پىلانىتا ئىدى.چاقماق چېقىش ، ئىسسىپ كېتىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئورمانلارغا ئوت كەتتى . بۇنىڭ بىلەن دەرەختىن - دەرەخكە قونۇپ يۈرۈيدىغان مايمۇنلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا ئۆزگىرىش بولدى.ئۆرە مېڭىشنى ئۆگەندى ، ئالدى قولى تەرەققىي قىلدى… دېگەندەك يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب بېرىش ئەسلىدە بىزنىڭ ئەندىزىمىز ئىدى .بىراق ، بۇنى توغرا دېگەندىمۇ تەننىڭ ھازىرقى ئادەم تېنىگە تەرەققىي قىلىپ كېلىشىنى ئادەمنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئورنىغا دەسسەتسەك مۇۋاپىق بولامدۇ؟ ئۇند اقتا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن باشقا ھايۋانلارنىڭ بېشىغا كەلمەپتىمۇ؟ ئۇ كۆرگەن كۈننى باشقا ھايۋانلار كۆرمەپتىمۇ؟ ھەممىسى ئوخشاش كۈننى كۆرگەن تۇرۇغلۇق نېمىشقا ھەممىسى ئادەم بولۇپ كەتمەي يالغۇز مايمۇنلا ئادەم بولۇپ قالدۇ؟!

دۇرۇس ، ھەممىلا ھايۋاننىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى قىلىقلىنىشى يەنى ئەسلىي - ئەسلىيدىن ئۆزىدە بار نەرسىسى ئوخشاش.شۇنداق بولغاچقا بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان بالىنىڭ ئەقلى قۇۋۋەت جەھەتتە بۆرە بىلەن ئوخشاش بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.بەلكى ئادەمنى ئەجەپلەندۈرۈۋاتقان نەرسە ئىنساننىڭ ئەقلىدىن ئىبارەت بۇ نەرسىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىدا .ئەقىل توغما بولىدۇ دەيدىغان ئېتىقات خاراكتېرلىك بىلىشنىڭ بىلىپ - بىلمەي رول ئويناۋاتقانلىقىدا.خوش ، ئەقىل دېگەن زادى نېمە ؟ ئۇ قانداق پەيدا بولىدۇ؟ بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولامدۇ قانداق . مېنىڭچە ئەقىل ئىنساننىڭ تاللىشىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ ، ئىنساننىڭ بارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىپ ھۆكۈم چىقىرىش جۈشنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا مۇكەممەل ئەقىل سىستېمىلىرى بولغان فىزىكا ، ماتېماتىكا د ېگەندەك ئىلىملەرنىڭ فىزىكىلىق ھادىسە ۋە ماتېماتىكىلىق شەكىللەر ئۇچرىغاندا خۇددى چىرايلىق گۈللىنى كۆرۈپلا سۆيۈنۈش تۇيغۇسىغا چۆمىدىغاندەك كاللىدا لەپلا قىلىپ تەجەللىي بولمايدىغانلىقى چۈشىنىشلىك ئىش .ئۇنداقتا ئىنسان قانداق قىلىپ مۇشۇندا جۇشقا مۇيەسسەر بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى ؟

تۆپىدىن ئادەم ۋە ھايۋان ئۈچۈن ئېيتقاندا گال مەسىلىسى ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ ، ئۇ دەسلەپ زۇۋانسىز ھالدا

تەبئەت بلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى . بەلكىم ئۇنىڭ ئىككى پۇتلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭغا كەڭ ئىمكانىيەت ئېلىپ كەلدى . بىرقەدەر مول تاۋۇش چىقىرىش قابىلىيىتى ۋە قولنىڭ ئىشارەتكە ئەپچىللىشىشى كېيىنكى ئىمكانىيەتلەرگە قويىنىنى ئاچتى . پەرقلىق ھېسسىياتلارنىڭ پەرقلىق ئىشارەت ۋە ئاۋاز بىلەن نازۇك ماسلىشىشىنىڭ قىستاڭچىلىقتا يولۇقماسلىقى ئاخىرقى ھېسابتا تىلنى پەيدا قىلدى . ئەلۋەتتە مۇنداق مۇرەككەپلىك ئالاھىدە دەۋرنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى بېسىپ كەلگەن بۇ نەتىجە چوقۇم ئىسىم ۋە ئال ، قاچ ، ئۇر دېگەندەك ھەرىكەتنام خاراكتېرىدىكى تۇپ پېئىلدىن باشلىناتتى ئالدى بىلەن تەبئەتتىكى ئوخشاش ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى يولۇقتۇرغاندا پەيدا بولىدىغان سېزىم ۋە ئوخشاش بولىدىغانلىق سەۋەبىدىن بۇنى قۇتۇپ قىلغان ئىنسان ئاۋازمۇ تەخمىنەن ئوخشاش بولدى . بۇ تەبئىي ھالدىلا چۈشىنىش يىپ ئۇچى بولۇپ مەيدانغا كەلدى . سەزگۈنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئاۋاز نۇسخىسىنىڭ مول بولۇشىنى ، قول ھەرىكىتىنىڭ كۆپ خىللىقى تەلەپ قىلدى . بۇ ھەممىلا ھايۋاندا بولىدىغان ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە ھېچبىر ھايۋان يولۇقتۇرمىغان تەلەپلەرنى قويدى . مول سېزىم مۇشۇنداق خاتىرلىنىۋەرگەندە نېمىلا دېگەن بىلەن شەيئىلەر ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايتتى . شۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش پىشانىگە پۈتۈلدى . بۇ پاۋلوۋ تەجرىبىسىدىكى قوڭغىراق جىرىڭلىغاندا شۆلگىيى ئاقىدىغان ئىتتەك شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك غىدىقلاشلارغا باغلاپ ئەسلەيدىغان ھالدىن زور دەرىجىدە ھالقىغان بىر تەرەققىيات ئىدى .

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، شەيئىلەرنىڭ ئۆز خاسلىقىنى ئاندا - مۇندا ئىنكاس قىلغان ھالدا ئىنسان مېڭىسىدە ئەكس ئېتىپ مۇناسىپ زۇۋان بىلەن ماسلىشىشى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرگە كۆزىتىش ئىمكانىيىتى بەردى ۋە بۇ ئىمكانىيەتنىڭ تاساددىپ بولىسمۇ ، ئەمەلدە بولۇپ قېلىشى نەق نەپ بېرىدىغان بولغاچقا ئۇ تەبئىيلا ئەزىزلىنىدىغان نىشانغا ئايلاندى كونا تاش قوراللار بۇنىڭ پو لاتتەك پاكىتى ئەلۋەتتە . بۇ ئەقىلنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن بېسىلغان تۇنجى قەدەم ھېسابلىناتتى . شۇنداق قىلىپ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىك زۇۋانغا ئۇدۇللىنىشى بىلەن ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ئۆزگىرىۋاتقان ماگنىت مەيدانى بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان ئېلېكتىر مەيداننىدەك مۇ ناسىۋەت ئورناتتى . خاتىرە ۋە ئاتاش قابىلىيىتى بىر - بىرىگە تۇرتكە بولغان ھالدا بېيىدى . بۇ خىل بېيىش دەسلەپ ماكان ۋە زامان ، سەۋەب - نەتىجە ، نەقتەن - خۇسۇسىيەت ، ھالەت دېگەندەك چوڭقۇرلاشتى ۋە كېڭىيىپ باردى . جاھاندىكى بارلىق چۈشەنچىسى بولمىغان ھالدا بولدى . پەقەت ئانا ، ئاتا ، بالا مۇناسىۋىتى ئەندىزىسىلا ئۇلارغا غۇۋا ھەمراھ بولدى . يەنى

ئۇلارغا غۇلجىدىكى تاش بىلەن ئەنجان ، قەشقەردىكى تاش ئايرىم شەيئىي ھېسابلىناتتى. بۇلتۇرقى ئوت -چۆپ بىلەن بۇ يىلقى ئوت - چۆپمۇ ئايرىم نەرسە ئىدى. پۈتۈن تاش بىلەن پارچە تاشمۇ ئايرىم نەرسە ئىدى ۋاھاكازا. شۇڭا بۇ چاغدىكى ئادەملەر ئۈچۈن دۇنيا ھازىرقىدىنمۇ نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭ ۋە سىرلىق تۇيۇلاتتى . ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە قويۇلغان تەلەپمۇ ، كۆزىتىشكە تۈرتكە مەھلىلىقىمۇ ھازىرقىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۈچلۈك ئىدى . شۇڭا چوقۇم جەزىم قىلىش كېرەككى ، رىۋايەتى قەدىمكى ئادەملەر مۇشۇنداق بىر زاماننىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىچكى دۇنيا شەيئىلىرىگە ھەرقانداق بىر دەۋردىن باي ئىدى.ئۇلار تاۋۇش ، ئىشارەت ۋە چىراي ئىپادىلىرى بىلەن ئاشۇ مىجىر - مىجىر شەيئىلەرنى توسالغۇسىز ئىپادىلەيتتى. خاتىرە بەلگىلىك موللۇقا ۋە جەريانغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، ئىنسانلار بارا - بارا سۇنىڭ سوۋۇپ مۇز بولىدىغانلىقىنى ، مۇزنىڭ ئېرىپ سۇ بولىدىغانلىقىنى تۇنۇپ يەتتى . يەنى شەيئىلەر ئارىسىدىكى تەسىرگە ، جەريانغا ۋە شەيئىنىڭ ئوخشىمىغان ھالەتلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. شەيئىلەرنىڭ ئادەمنىڭ بوۋاق بالا ، ياش ، قېرى دېگەندەك ھالەتلىرى بولغاندەك بىر قاتار ھالەتلىرى بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى.ئۆزىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەنى ئۆزىگە ئەڭ تۇنۇش بولغان ساھەنىڭ ئەندىزىسى بويىچە رەسمىي ھالدا دۇنيا قاراش تىكلەشكە تۇتۇندى . شەيئىلەرنى دۇنيا قاراش ئاساسىدا جايى - جايىغا تىزدى ۋە ئاشۇ كوردىناتنى كۆرسەتكۈچى نام بىلەن ئاتىدى. بۇ چاغلاردا نام بىلەن ئاتالمىنىڭ ئايرىم -ئايرىم نەرسە ئىكەنلىكىنى كالىلىغا كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ تەبىئىيكى تىلنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بېيىشى ۋە رەتلىنىشىدە بىۋاستە ئىپادىلىنەتتى.

تىل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇشۇ مەزگىللەردە سۆز بىرىكمىسى تەرەققىي قىلىپ تاۋۇش ، ئىشارەت ، دوراش ، چىراي دېگەندەك ۋاستىلارنىڭ ئورتاق ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان ئىپتىدائىي جۈملە ئەندىزىسى خاس تاۋۇشلۇق جۈملە بولۇشقا باشلىدى ۋە دۇنيا قاراش بويىچە شەيئىلەرنىڭ خاس جۈملە تۈزۈلۈشىدەك ئاتىلىپ بولۇشى ھەرقايسى ئاتالمىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خەرىتىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە سىزىپ گەپنى ئېيتىشنىڭ مەنتىقىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. شۇڭا تۇنجى خاس تاۋۇشلۇق جۈملىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى دۇنيا قاراشنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار دەرەخ كۆكلىدى ، ھازىر كۆكلەۋاتىدۇ ، كەلگۈسىدە مېۋە بېرىدۇ دەپ ھېس قىلىشتىن بارا - بارا مۇشۇ مەزمۇننى ئېنىق دېيەلەيدىغان بولدى . يەنى مۇشۇنىڭلىق بىلەن ھاۋانىڭ قانچىلىك سوغۇقلۇقىغا قاراپ نەچچە كۈندىن كېيىن دەريا سۈيى مۇز تۇتىدۇ ، تاشنى چوقۇپ ، ياغاچنى يونۇپ

كېرەكلىك قورال ياسىغىلى بولىدۇ ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بۇ ھۆكۈمنىڭ پايدىسىنى كۆرىدىغان بولدى . قاچىنى يەرگە تاشلىساڭ سۇنىدۇ دېگەن قاچىنى يەرگە تاشلاپ سۇندۇرۇش بىلەن ئەمەس ، بەلكى بىر قاتار تاۋۇش ۋە ئىشارەت بىلەنلا ناھايىتى ئەپچىل ۋاقىتتىلا نەۋرىسىگە دەپ قويالايدىغان بولدى . يولۋاسنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ، ئۇۋ قىلىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى بالىسىنى 360 كۈن سوكۇلدىتىپ ئارقىغا سېلىپ يۈرمەيلا گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا ئوت سۈنئۇيتىپلا دەپ بېرەلەيدىغان بولدى .

ئىپادە قىلىش قابىلىيىتى ۋە خاتىرە ھۆكۈم قىلىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن ، ئەقىلگە تولۇق ئىمكانىيەت بېرىلدى.ئىپتىدائىيلىقتىكى قۇمدەك چېچىلىپ تۇرغان دۇنيا شەيئىلىرى بارا - بارا مېغىز تىزىقىغا ئوخشاش بىر تىزىق ، بىر تىزىق قىلىنىشقا باشلىدى. ھەيرانلىق ، ئەجەپلىنىش ، ۋەھىمە بىلەن تولغان كۆپتۈرۈلگەن دۇنيانىڭ يىلى ئاز - تولا چىقىپ ئىنسانلار ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە قاتتىق - قاتتىق گەپمۇ قىلالايدىغان بولدى . بىلىمنىڭ تۈزىتىش ، قىياس قىلىش ۋە يەنە كۈزىتىشتىن ئىبارەت بىلىش ئەندىزىسى تەبىئىيلا ئىنسان روھىدىن ئۆز نى نامايان قىلىشنى تەلەپ قىلغاچقا بىلىملىك بولغانلىق بىلەن ئېرىشكەن ياخشىلىق ئىنساندا بارا - بارا ئۆزىنى نامايانده قىلىش قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈردى . بۇنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ئىنساننىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ياشىغان مۇھىتى ئۇ ئىگە بولغان بىلىمنىڭ پايدىسىنى كۆرۈشكە ماسلاشقان بولۇشى لازىم ئىدى .ئەلۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر جايدا بىلىمنىڭ پايدىسىنى كۆرۈشى شۇنچىلىك بىلەن ئىزدىنىشكە بولغان تەشنالىقى پەرقلىق بولغانلىقى ئېنىق . شۇڭا جۇغراپىيىۋى شارائىت ۋە ياشاش ئۇسۇلى روھنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى . شۇندىمۇ ھەممىلا ئىپتىدائىي تويلار قانداقلا بولمىسۇن دەسلەپدە ئوخشاش ئىزدەندى . ئۆزىنى نامايان قىلىش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولدى . تۇرلۇك - تۇرلۇك چۈشەندۇرۇشتىكى دۇنيا قاراشنى مەيدانغا كەلتۇردى . ئۇ چاغلاردا ئىدىيە ، ھەرىكەت ، چۈش ، خام خىيال ۋاھاكازا دېگەنلەر پەرقسىز بولۇپ ، ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر پۈتۈنلۈك ئىدى . ئادەمنىڭ روھى قانداق بولسا بۇ دۇنيامۇ شۇنداق ئىدى . بۇ دۇنيا قانداق بولسا ئادەملەرمۇ شۇنداق ئىدى .بىر قاراشنى ئېتىراپ قىلماسلىق شۇ ئادەمنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولاتتى . بىر قوۋمدىكى بىر ئادەمنى باشقىچە دەپ ئويلاش ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى . شۇڭا بىللە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ دۇنيا قارىشى ھېچقانداق تەشۋىقاتسىز ، مۇنازىرىسىز ئىنتايىن تەبىئىي ھالدىلا بىر بولۇپ قالاتتى.بىر قەۋمدىكى ھەرقانددىق بىر ئادەمنىڭ يالغۇز ئۆزىنى بىرلىك قىلىپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداق ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ئۆزىنى نامايان قىلىش ئىرادىسى بىلەن قوۋمنى ئەڭ كىچىك بىرلىك قىلغان ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى نامايانده قىلىش ئىرادىسى بارا - بارا ئاشتى . ئىنسان روھىيىتى ئۆزلۈكسىز ھالدا تەرەققىيي قىلىپ باردى . دەرەخنىڭ باھاردا كۆكلەپ يازدا ۋايىغا يېتىدىغانلىقىغا يۇرەكلىك جەزىم قىلىشتىن بارا - بارا ئۆزى بىۋاستە كۆزۈتۈشكە ، كۆرۈشكە ئىمكانىيىتى يوق ھادىسىلەر توغرىسىدا قىياس ۋە پەرەز قىلىدىغان بولدى . شەيئىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشىنىڭ ئىنىق بولۇشى تېخى ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا ئەلۋەتتە ه بۇنداق كەڭ بوشلۇق ئىلاھلىق ۋە ھېسسىيات بىلەن تولماي قالمايتتى . شۇڭا مۇشۇ دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپۋى ئەسەرلىرى ئېنىقكى ، ئەپسانە ۋە چۆچەك ئىدى . قەدىمكى ئەپسانىلەر ھەرگىز ھازىر بىز چۈشەنگەندەك جانلاندۇرۇش ، ئوخشىتىش ، مۇبالىغە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ توقۇپ چىقىرىلغان نەرسە بولماستىن بەلكى ، دۇنيا قاراشىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. دىل ، تىل ، ئەمەل يۈكسەك دەرىجىدە ئۇستىمۇ ئۇست چۈشكەن ئاشۇ دەۋرلەردىن باشلاپ مۇستەقىل مەدەنىيەت دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ مەدەنىيەت كۆلەملىرى پەيدا بولدى . بەلكىم ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئوچاقلىرى جۇغراپىيىلىك چەكلىمدە بولسا كېرەك . چۈنكى ، ئىنسانلار توپى ئەزەلدىنلا بىر توپ ، بىر توپ بولۇپ قورساق بېقىپ كەلگەن ئىدى . ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئوخشاش ئەمما ، يەم بېرىدىغان تەبىئەت بىر بولغاچقا ئۆزئارا ئۆچمەنلىكنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ھېچبولمىغاندا توپلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنىڭ بەك يېقىن بولۇپ كېتىشىنى چەكلىمەي قالمايتتى . بەلكىم بۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى. لېكىن تىلنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ياشاش سەنئىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ نوپۇسنى ئۇلغايتتى . تەبىئىكى بۇ توپلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتمەي قويمايتتى . مۇشۇنداق قىلىپ دەسلەپكى توپلار مۇشۇ يوسۇندا بىرلەشتى . ئىنسانلار توپى تۇغۇش ۋە تۇغۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىققا كېلىشتىن ئەمدى ئېھتىياق ئاساسىدا بادرلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئەمدىلا ئاز - تولا روھىي تەكشۈۈلۈققا ئېرىشكەن ئىنسان روھىغا يىپ - يېڭى نەرسىلەر زەردە بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى . ئەقىل - پاراسەتنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جاي تەمىنلىگەن ئاساسىي ئوزۇقلۇقنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ تۇرمۇش ئۇسۇلى تاللىدى . نوپۇسنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېمەكلىك سانىنى كېمەيتتى . ئىنسانلار تەرەققىياتنىڭ تۈپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ھاسىل قىلاتتى . ھايۋانلىرى كۆپ جايلاردا ئوۋچىلىق بارا - بارا چارۋىچىلىققا ئۆزگەردى. مېۋە ۋە دانلىق زىرائەتلىرى مول قايلاردا ئوزۇقلۇق تېرىش بارا بارا

تېرىمچىلىققا ئالماشتى .ھەر ئىككىسى قولاي جايلاردا ئارىلاش تۇرمۇش ئۇسۇلى باش كۆتۈردى . ھەر بىر قېتىملىق تېخنىكا يېڭىلاش يېڭى بىر قېتىملىق نوپۇس سىغىمچانلىقىنى ياراتتى ۋە نوپۇس مۇشۇ چەككە يېقىنلاشقانسېرى تۇرمۇش يەنە بۇرۇنقىدەكلا قىيىنلاشتى. ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىققا سورت ياخشىلاش ، تېرىش ۋە مال بېقىش ئۇسۇلىنى ئۇنۇملەشتۈرۈش ، يېمەكلىكلەرنى ئۆزۈن مۇددەت ساقلاش دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن يەنە بىر - بىرىنى قوغلاش ، تاجاۋۇز قىلىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ تاقابىل تۇرۇپ كەلدى . ھەتتا بۇ قەدىمكى ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىپى قىسمى بولۇپ قالدى .ئۆزئارا قوغلاش ، كېلىشىش ، بەلگىلىك دائىرىدە باش قوشۇپ ئورتاق زەربە بېرىش دېگەندەك قاتلاك - قاتلاك كەچۈرمىشتىن كېيىن ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى رەسمىي ھالدا شەكىللەندى ۋە بەلگىلىك قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىق بىلەن ۋاقىتلار قويىندا جەۋلان قىلىپ ئىشەنچ تۇرغۇزدى . مانا مۇشۇنداق تارىخنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قان ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇ ئەينى دەۋر كىشىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان كىملىك ئىدى . ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەلگەن تىل ۋە دىل يېڭى بىر كۆلەمگە ئىگە بولدى . تۇغۇش ۋە تۇغۇلۇش بىلەن يېقىنلىقى بەلگىلىنىدىغان چاغلاردا تەڭپۇڭلۇققا ئىگە بولۇپ كېلىشىم بىلەن تەڭپۇڭلۇقى بەلگىلىنىشتىن تەمتىرەپ قالغان روھىي دۇنيا ۋە ئۆزلىرى ھەققىدىكى تۇنجى مۇكەممەل پەرەزنىڭ رەسمىيلىششى سۈپىتىدە تۇتۇمنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ ئ ەمىن تاپتى .ئۇلار مۇشۇنىڭلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالەمدىكىلا ئەمەس ، ئىنسانلار توپىدىكى ئورنىنى بېكىتتى .ئۆزلىرىنىڭ باشقا شەيئىلەردىنلا ئەمەس ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەملەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى رەسمىي ھېس قىلدى ۋە بۇنىڭغا شەرھ بەردى . يەنە دۇنيا قاراشنىڭ بىر قەدەر مۇككەممەل سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ، ئۆز يوسۇن - قائىدىلىرىنى بەرپا قىلدى . تىل دۇنياۋى كۆلەمدىكى ئۆي ئاساسىدا ئۆز ئۆلىنى قويدى . شەيئىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ سۇبيېكتىپ دۇنياغا بىر قېتىم جايى - جايىغا سەرەمجاھنلاشتۇردى . يېڭى شەيئىلەر جۈملىدىن ئادەملەر جۈم لىلەرنى ئوخشىتىشنىڭ ئەمەس ، پاراسەتنىڭ ستىلاسىدىكى ناملارنى ئىسىم قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئادەت ئۆز مەنىسىدە ئاقسۆڭەكلەر ئەنئەنىسىدە ناھايىتى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. بۇ ئىنسانلارنىڭ مەرىپەت دەۋرىگە كىرگەنلىكى ئىدى .

دېمەك ، تۇتىمنىڭ پەيدا بولۇشى مەدەنىيەت باشلانغانلىقىنىڭ ئىنسانلار تەستىق قىلغان بەلگىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىنسانلار بىلىپ -بىلمەي ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ رەسمىي ئېتراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

تىل بىر ۋاستە شەكلدە ئەمەس بەلكى ، يۈرەك ، ئۆپكە ، جىگەرگە ئوخشاش بەدەن ئەزالىرىدەك ئىنسا ن روھىنىڭ مۇكەممەل تەجەللىيسى بولۇپ مەيدانغا كەلدى .ئۇ چاغدا تىل ئۇزۇن تارىخلار مابەينىدىكى ئەنئەنىسى بويىچە ئەينى دەۋر ۋۇجۇدى بىلەن ئۇستمۇ - ئۇست چۈشەتتى . ھازىرقىدەك بەلگە خاراكتېرىگە ئىگە مىنوس ، پىلوس ، رادىكال دېگەندەك پەقەت بەلگە ھېسابىدىكى سۆزلەملىرى ، خەتلەر ئەمەس ئىدى . ئىلغار بولغاندىن كېيىن دەپ يېقىن يولۇتۇش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى.ھەتتا ئۆز ئارىسىغا كېلىپ قالغان يات مىللەت كىشلىرىگىمۇ ئىسمىنى قايتا - قايتا دەپ بەرگىنىگە قارىماي چوقۇم ئۆزلىرى بىر ئىسىم قويىۋۋالاتتى .روھ تەرەققاتى بىلەن تىل تەرەققىياتىنى ئايرىپ بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .شۇنداق قىلىپ ئادەم تۇغما بار ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىگە ئەمەلىيەتتىكى بىرنەچچە ھەدىسە ۋە ئاقىۋەتلەرنى ناھايىتى تېز كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە ناھايىتى تېز ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىپادىلەش كۈچىنى ياندىتىپ ئۆزىنى تەستىق قىلغۇچى كۈچىنىڭ ئىلھامىدا مۇكەممەل ئادەملىك مۇقامىغا يەتتى.گەرچە دۇنيادىكى كۆپچىلىك ئادەملەر مۇشۇ مۇقامىغا كېلەلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان تەرەققىيات تەشنالىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇلارنى ئوخشىمىغان تەرەققىيات سەۋىيىسىدە قالدۇردى .

ئەلۋەتتە تېرىمچىلىق تۇرمۇشىدىكىلەرگە قارىغاندا ئوت -سۇ قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن تارتىپ مۇلۈكىگىچە ھەممىسى بەك ھەرىكەتچان بولغاچقا ئۇلارنىڭ بالدۇرلا يۇقىرقىدەك قازاندا قاينىمىقى ئېنىق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر نوپۇسقا توغرا كېلىشكە تېگىش لىك يايلاق كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ھايۋانلارنىڭ بولۇپمۇ ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈش بىلەن پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭىيىشى بۇ تۇقۇنۇشلارنى ئەۋجىگە ئېلىپ چىقىپ يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى بۆشۈكى بولۇپ قېلىشىنى بەلگىلىدى .

تۆگە ، ئات ، كالا دېگەن‌دەك ھايۋانلار كۆندۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىشىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يايلاق تالىشىش كۈرىشىنىڭ غەلبىسى قوشۇلۇپ مال بېقىش ، قىشلاق ۋە بارلىق يايلاقلار بويىچە بولۇشقا باشلىدى.تەبىئىيكى بۇ چارۋىچىلىقا كەڭ زېمىن ئېلىپ كەلدى.ئۇرۇشلاردا ئېلىنغان ئەسىرلەرنى تېرىم مەدەنىيىتىدەك بېپلاپ ئەمگەككە سېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا دەسلەپكى ئىجتىمائىي بىرلىك ئاۋۇللار تەشكىللىنىشكە ، تەبىقىلەر روشەنلىشىشكە باشلىدى . بۇ تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەبىئىيكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بولۇپ ئىپادىلەنمەي قالمايتتى . دېمەك ، بىر قەبىلىنىڭ ئىچىدە ئالىلىقاچان تەبىئىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى پەيدا بولدى .شۇنداق قىلىپ قەبىلىنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي توپلاردا بايلىقنىڭ

مەركەزلىششى كېلىپ چىقتى .جانلىقلار تۈرىنىڭ يەر يۈزىگە تارقىلىشى روشەن پەرقلىق بولغاچقا ئەلۋەتتە مەركەزلەشكەن بۇ بايلىقلارنىڭ تۈر جەھەتتىن روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . بۇ ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن دېرەك بەردى .شۇنداقلا يەنە ھەرقايسى كۆچۈش لىنىيلىرىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە يېقىن جايلاشقان بوستانلىقلارغا پۇرسەت ئېلىپ كەلدى .نوپۇسنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن بارا - بارا ئالماشتۇرۇشنى بېقىرىش ئۇلارنىڭ زېمىسگە چۈشتى . بىلىم ئاسماندىن چۈشمەيدۇ .ئۇنىڭ بېيىشى چوقۇمكى ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىششىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ .لېكىن بۇ خىل تەكرارلىنىش پەرقسىز بولۇۋېرىدىغانلا بولسا بۇنى ھەرگىز يۇقىرىدا ئىشلىتىلگەن ئۇچرىشىش دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەش دۇرۇست بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇنداق تەكرارلىنىش ئىككىنچى قېتىم ئىنسان روھىدا ئەرزىگۈدەك نەرسە قالدۇرالمايدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت بىلىمى پەقەت مۇشۇنداق ئۇچرىشىش بىلەنلا بېيىۋاتقان قەدىمكى جەمئىيەتتە چارۋىچىلار كۆرگىنىنىڭ كۆپلۈكى ، ئۇن نەچچە يىلدا بىر بولىدىغان قۇرغاقچىلىق ، ئوخشاش بىر ئورۇندىكى بىر يىلنىڭ يەنە بىر يىلغا ئوخشىماسلىقى ، دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى دېگەندەك تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى سەۋەبلىك دۇنيا ھەققىدە ھەرقانداق قوۋمدىن جىق بىلىمگە ئىگە بولدى. ئۆتكۈر ، ئېغىر - بېسىق ، ئۆز ھېسسىياتىنى قايرىپ قويۇپ زۆرۈرلۈكنى قەتئىي بېجىرىدىغان ئەمەلىيەتچىل خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. بۇ دەل ئىلىم روھى ئىدى.دېمەك ئەقلى قابىلىيەت يېتىلگەندىن كېيىن بۇ قابىلىيەتنىڭ ساغلام جارىي بولۇشىغا كېرەكلىك مۇھىت بولغان مىقەزدەل چارۋىچى قوۋملەردە ھازىرلاندى . ھايۋانلار بىلەن بولىدىغان دائىملىق كۈرەش تەبىئەتنىڭ تۈيۈقسىز ئۆزگىرىشلىرىگە دەللىك يالۋۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن پەيدا بولغان ھۇشيارلىق ، ئوۋ ئوۋلاش زۆرۈرىيىتىدىكى رىقابەت چارۋىچىلارنى تاۋلاپ تەبىئىي ئوغلانلارغا ئايلاندۇردى . ئۇلار تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەگداشسىز ھەربىي ماھارەتكە ئىگە ئىدى . شۇڭا ئۇلار روھىي جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە تۇرسىمۇ ئەمەلىي ئىشلاردا يەنىلا ناھايىتى ئەركىن ۋە تۇرگۇن ئىدى .ئۆزىنى ئىپادىلەش جەھەتتە ھەرگىز تەپ تارتىپ قالمايتتى . ھەرقانداق بىر شەيئىگە مۇستەقىل مەيداندا تۇرۇپ تۇغۇچلۇق م ۋئامىللە قىلالايتتى . مۇنداق خاراكېر ئۇلارنىڭ كونكرېت ياشاش تەدبىرلىرى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى جەھەتتە پۈت - قولى چۈشەكسىزھالدا ئىسلاھات ۋە ئىختىرا قىلىشقا ، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا ياخشى مۇھىت ئاتا قىلدى .يەنە كېلىپ بۇ ماھارەت ئۇلارنىڭ جاھاندا ناھايىتى دادىللىق بىلەن ئۆز بەختىنى ئىزلەشكە كۈچلۈك ئارقا تىرەك ئىدى . ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئاكتىپ

پائالىيەتچانلىققا مۇيەسسەر بولدى .شۇنداق قىلىپ چارۋىچىلار ھەممىنىڭ ئالدىدا ، ھەممىدىن ياخشىراق ياشىدى .
ھايۋانلارنى تىزگىنلەشنىڭ بىر يۈرۈش جابدۇقلىرىنى ئىختىرا قىلدى. توقۇمۇچىلىق ، كىيىم - كېچەك ، ئۈرۈش قوراللىرى ،
قاتناش قوراللىرى جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى .مال چارۋىلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان
بەلگىلەر ئىپتىدائىي ھەرپكە ئايلىنىپ يېزىقنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۆزگىرىشچان تۇرمۇش
ئېھتىياجىنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا مۇنبەت تۇپراق ھازىرلىدى . ئالماشتۇرۇشنىڭ
ئېھتىياجى ۋە قۇلايلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ كۆچۈش لىنىيلىرىنىڭ كېسىشكەن جايلىرى ، مۇھىم ئۆتەڭلەردە ۋە چارۋىچىلىق
رايونلىرىغا يېقىن بوستانلىقلاردا ئالماشتۇرۇشنى يەنە بىر مەقسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كەنتلىرى پەيدا بولۇشقا
باشلىدى. چارۋىچىلار تەبىئەتنىڭ سادىق ۋە كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلىرى بولغاچقا ، ئۇلار ياراتقان بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ
نەتىجىلىرى تەبىئىيلىكتىن زىنھار ئاجراپ كەتمىگەن ئىدى . بۇ مەدەنىيەت مۇشۇنىڭلىق بىلەن كىشىلە رنىڭ كۆزىگە
تاشلانماي قالدى. نوپۇس ئۆزلۈكسىزكۆپىيىۋەرگەچكە قورساق مەسلىسى يەنە قىيىنلاشتى . چارۋىچىلار بۇ مەزگىلدە بۇ
مەسىلىنى ئۆزىنىڭ چەۋەندازلىق ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ قوشنا ئەللەرنى "ئوۋ قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىشتىن
ساقلىنالمىدى. بۇ دەسلەپ ئۆز ئىچىدە ئەۋج ئېلىپ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىگە ئېغىر زەربە بولدى. ئۆزلۈك ئېڭى ۋە
رېئال مەسىلە ئۇلارغا تەڭرىقۇتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى . بۇنى تۆۋەندىكى ئابزاسلاردىن روشەن ھېس قىلىمىز .
ئىنسانلار ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈمران تىكلەشكە باشلىدى . بۇ ئۇلارنىڭ رېئاللىقىنىڭ ئاۋۇللارنىڭ تۈرىنى بۇزۇشقا
قىستاشقا زورلۇق كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرغىنى ئىدى .زامان مۇشۇنداق تەرىقىدە ماڭغاندىن كېيىن قورساق مەسىلىسى
يەنىلا ئۆتكۈر مەسىلە بولۇپ ، رېئال مەۋجۇت بولىۋەرگەچكە بۇ ئىدىيە ئەمدى يات ئەللەرگە قارىتا ئىجرا بولۇشقا
باشلىدى . شۇنداق قىلىپ مۇستەھكەم مىللىي ۋە سىياسىي بىرلىكتىكى توپلار ئۆزئارا جەڭگە - جېدەلگە چۈشتى .
مۇنبەت يايلاقلارنى تالىشىش يات ئەللەرگە قەرەللىك تۆلەمگە ئۇنۇتۇش كۈرىشى باشلاندى . ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلار
ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى . يايلاق مەدەنىيتى ي پتىشتۈرگەن ھۈنەرۋەنلەر بارا - بارا
ئۆتەڭلەرگە ، يېقىن يايلاقلارغانىسبەبتەن غەلۋىسىز ئورۇنلارغا توپلىنىشقا باشلىدى . ئەسلىدىنلا مۇنبەت يايلاقلارنى
تارتقۇزۇپ قويغان خەلقلەر مەخسۇس سۆيۈنچە يەيدىغان سۆدىگەرچىلىك يولىغا ماڭدى . شۇنداق قىلىپ مۇنبەت
يايلاقلارنىڭ گىرۋىكىدىكى يازلىق يايلاۋلارغا كىرىپ كېتىدىغان مۇشۇ بىر بەلۋاغقا يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى

سۇزۇلۇپ چىقتى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنى تاشلاپ سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. لېكىن تىل ، دىل ، قىلىق ، يەنى ئىدىيە ، يوسۇن قائىدە ئۇستىمۇ - ئۇست چۈشىدىغان دەۋرگە دەز كە تتى . كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا يۈز ئېچىشقا باشلىدى .

يايلاقلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان يۈزلەر ، قەبىلىلەر تېرىم رايونلىرىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ مال بېقىشتىن خەقلەرنى ئۆز چەۋەندازلىقىغا تايىنىپ تۆلەم تۆلىتىشكە باشلىدى ۋە بۇ ھال ئەۋج ئېلىپ كەتتى . ئەلۋەتتە ئۇلار چېچىلىپ تۇرغان قوۋملەرنى بەلگىلىك تەشكىل ئاستىغا ئالماي قالمايتتى . شۇنداق قىلىپ يايلاق مەدەنىيىتىدە پەيدا بولغان تۈزۈلمە ۋە مەدەنىيەت بارا - بارا تېرىم رايونلىرىغا كىرىشكە باشلىدى. شۇنداقلا ئۇلاردىكى چوقۇم ئۆزىدىن باشقا قوۋملەر بىلەن توي قىلىش ئادىتى چارۋىچى لارنىڭ تېرىم خەلقلىرىگە تېزلا سىڭىپ كېتىشىگە قولاي بولدى . لېكىن تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىر زېمىننى دەسسەپ تۇرغان ئادەملەرنى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن خۇددى ھازىرقى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلاردەك قىلىپ قويغان ئىدى. مۇشۇنداق مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز چەۋەندازلىقىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى پەيدا قىلدى . ئالدىنقىلار سىڭىپ كەتسە كەيىندىكىلەر بۇ جەرياننىڭ قانچە قېتىملاپ داۋاملاشقانلىقى نامەلۇم . ئەمما ، ئۇلار مەيلى قانداقلا بولمىسۇن يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا بۇ يەردە يېڭى بىر كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە يايلاق مەدەنىيىتىدىكى خاراكتېر گۈزەللىكىگە ھۆكۈمران بولغانلىق بولىدىغان باياشاتلىق ۋە تېرىم مەدەنىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئامىللار قوشۇلۇپ يېپ - يېڭى مەنزىرە پەيدا قىلدى .

ئەزەلدىن تېرىم مەدەنىيىتىدىكى خەلقلەر ئۆزۈن مۇدەتلىك بۆزەك بولۇشلاردىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ چەۋەندازلارغا تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى ، ئۇلارغا كوللېكتىپ بىرلىكتە قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى . ئەمما ، تېرىم مەدەنىيىتىدىكى خەلقلەرنىڭ بېكىنمىلىكي ، بىجىنبوشلۇقى تۈپەيلىدىن چېگرا رايون دىكى شالغۇت خەلقلەر بۇ زۆرۈرلۈكنى ئۇلارغا مەجبۇرىي تاڭدى . ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت سەزگۈسى يوق دېيەرلىك بولغانلىق بىلەن تېرىقتەك چېچىلىپ تۇرغان خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە بۇ ئۇيۇشتۇرۇشنى ھەددىدىن زىيادە كۆلەملەشتۇرۇش ئىرادىسى بىلەن بۇ زېمىنلاردا ھەقىقەت ، سەپسەتە ، ھ يىلە مىكىر ، ئالدامچىلىق ئورگانىك بىرلىشىپ كەتكەن ھادىسىلەر پەيدا بولماي قالمىدى . كىشىلىك ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىدى . مەيلى ھۆكۈمرانلار بولسۇن ياكى ئاۋام خەلقتە بولسۇن ،

ھەممىسدە تۇرلۇك ساقسىزلىقلار كۆرۈلدى . بولۇپمۇ يايلاق مەدەنىيىتىگە خاراكتېرى بەك يىرا ق خەلقلەردە بۇ بەك ئېغىر بولدى ۋە ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە داۋاملاشتى . شۇنداق قىلىپ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى ئىراسى مەدەنىيەتنىڭ تۇتاش يايلاقلارنىڭ گىرۇھەكلىرىدىن تېرىم رايونلىرىدىكى بوستانلىقلارغا سىرغىپ كېلىش بىلەن باشلانغىلى قوپتى . تېرىم رايوندىكى چارۋىچىلار ناھايىتى تېزلا يەرلىككە سىڭىپ يېڭى بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى .ئۇلار ئەمدى يۇمشاق قەدەملەر ، چىرايلىق گەپلەر ، نازۇك ھەرىكەتلەر ، قوۋۇرغىسى يوق نۇتۇقلارغا كۆنۈكۈپ ، كەسكىن ھۆكۈم ، كۈچلۈك قەدەم ، تۈز گەپ ، ئېگىلمەس ئىرادە ، ھازىر جاۋاپ ھەرىكەت ۋە تەبىئەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقمىغان روھىيەت بىلەن ئارسلاندەك تۇرغان چارۋىچىلارنى ياۋايى دەيدىغان بولدى . بۇ ھەرگىز مەدەنىيەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان گەپ ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتالمىش مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئوخشاش مەزگىللەردە دۇنياغا كېلىشى تەقدىرنىڭ بەتلىرىگە پۈتۈلدى .

يايلاقلار شۇندىن بۇيان تىنجىمىدى.ئۆزىنىڭ مول قوينى بىلەن زور كۆلەملەبك مىللەتلەرنى پەيدا قىلغان بۇ بۆشۈك ياشاش تېخنىكىسىنىڭ چەككە يېتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئەڭ يۇقىرى نوپۇس سىغىمچانلىقىدىن ئارتقان نوپ ۇسنى كۆتۈرۈپ بولالماي تىترەشكە باشلىدى . يايلاقلارنىڭ گىرۇھەكلىرىدىكى تېرىمچىلار ئارىسىغا سىزۇلۇپ كەلگەن يېپ - يېڭى روھ مۇشۇ رايونلاردىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن بىر ئابستراكىت مەزمۇن بولۇپ مەيدانغا چىقتى . دېمەك ، چوقۇمكى بىر بۆلەك ئادەم مۇشۇ ئابستراكىت مەزمۇن لارنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى باھالاش ئۈچۈن باش قاتۇرماي ، مۇنازىرلەشمەي قالمىدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشقاچقا ، بۇنىڭغا ئىقتىسادىي شارائىتمۇ ماسلىشىپ بەردى.تەبىئىيكى بۇ دۇنيانى قەھرىمانلار دەۋرىگە ئېلىپ كىردى.ئۇلار خېلى مەزگىللەرگىچە ئۆز كۈچ قۇۋۋىتىگە تايىنىپ ئۆز چۈشەنچىسىدىكى دۇنيانى جاھانغا تاڭدى . خەلق ئاغزىدا قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۈزۈلمەي تۇقۇلۇشقا باشلىدى .

لېكىن تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى تېرىمچىلار رايونلىرىدا يايلاقلاردىكىدەك ت ەبىئىي ۋە مۇستەھكەم ئۆزلۈك ئېڭى پەيدا بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا "ياتلار" بىلەن بىر يەردە ياشىماي ، ۋاقتىنچە يۈزلۈك دۇنيا قاراشقا ئەلەكموللا دېمەي ئامال يوق ئىدى .مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت باھالاش ، مۇنازىرە ، قايىل قىلىش پائالىيەتلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ كەلدى. ئىجتىمائىي تەپەككۇر مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى.ئۆزىنى نامايانده قىلىش چەۋەندازلىق بىلەنلا ئەمەس ،

باھالاش ، مۇنازىرە ، قايىل قىلىش بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولدى. بۇ تەبىقە جەھەتتىن بىر بۆلەك ئادەملەرنى توپلاش مۇمكىنچىلىكى يوق ئادەملەرگە پۇرسەت بېرىپ زور ھاياتى كۈچكە ئىگە بولدى. يېزىقنىڭ ئەھمىيىتى جۇلالىنىشقا باشلىدى ۋە بارا - بارا مۇھىم نەرسىگە ئايلاندى. بۇنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھەممە ئادەم ئۆز كاللىسى بويىچە ئويلىيالايدىغان تەرەپكە قاراپ تارتتى. شۇڭا ھازىر دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ تەبىئەتنى ئەمەس ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئويلاش ئوبيېكتى قىلىپ ئايرىدە بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئادەملەر قانداقتۇر بىر قوۋمنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى شەخس سالاھىيىتىدە بىر بىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى. بۇ تەبىئىكى شەخسىي تۇرمۇش ۋە كەچۈرمىش ئاساسىدىكى پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ خۇلاسىلىنىشىغا مۇنبەت تۇپراق ئىدى. يىللار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئۆتۈۋەردى. قوۋم كۆلىمىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ چەكلىمىسى بۇزۇلۇپ شەخس كۆلىمىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىغا مۇيەسسەر بولغان رايونلاردا مۇنازىرە ۋە تەپەككۇر مۇقامىغا كېلىشكە باشلىدى. شەخس كۆلۈمىدىكى ئۆزلۈك ئېڭى ۋەزنىنى تېپىپ يورۇش پىكىر ئېقىملىرى پەيدا بولدى. يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇللىرى ۋە باشقا نەرسىلەر مول ۋە يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا ئەقلىنىڭ ئەگىللىكىدىن ئۆتتى ۋە بىر بۆلۈك نەرسىلەر يايلاق مەدەنىيىتىگە ئەسلىي ئىچ شىرلىقنى يوقۇتۇپ ئىچى كاۋاك نەرسىگە ئايلىنىشى بىلەن تېرىم مەدەنىيىتىدە باشقىچە بىر نېمە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى ھەم يەنە تۆپكى ھەقىقەتنى تېپىش ئىزتىراپىنىڭ ئاقىۋىتى سۈپىتىدە بىر خۇدالىق دىن ۋە پەلسەپىنىڭ تولغىقى تۇتۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ تېرىم مەدەنىيىتى رەسمىي ھالدا دۇنياغا كەلدى.

بۇ مەزگىللەردە تېرىم رايونلىرىنىڭ چېگرىسى بىر قىسىم يازلىق يايلاقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە تىل روھنىڭ ئۆزى ئەمەس ، بەلكى بىر ۋاستىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ئىنسانىي روھ تىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەس ، بەلكى بىۋاستە پىكىر ۋە ئۇسۇل ئالماشتۇرۇش بىلەن بېيىيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ رايونلاردا مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك قوشۇلۇشىغا ئىمكانىيەت ئېلىپ كەلدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ قەدىمكى پەلسەپە بىلەن ئۇستىخان چىقارغان تىل ۋە تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتىكى پەرق بۇ خىل قوشۇلۇشقا قورغان بولماي قالمىدى ۋە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىككىنچى ئىراسىنىڭ خاراكتېرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. ھەتتا قوۋم مىقياسىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋە يايلاق خاراكتېرىدىكى تۆردىن چۈشمەيدىغان قۇۋۋەت ۋە ھەربىي ماھارەت يۇقىرىقى ئوچاقلاردا پەيدا بولغان نەرسىلەرنى

بولۇپمۇ سۈئەدەك تۈيۈلدىغان نەرسلەرنى ناھايىتى ئۆزۈن مەزگىللەرگىچە پەقەت يىقىن يولاتمدى . ھەتتا يىقىن يولاتمدىلا ئەمەس ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ رەسمىي ھالدا دۇنياۋى بىر كۈچ بولۇپ ئىپادىلىنىشىنى مىلتىق ، زەمبىرەك ئىجاد بولغان 17 ~ 18 - ئەسىرگىچە چەكلەپ تۇردى. تا مۇشۇ مەزەىلگىچە تېرىم مەدەنىيىتى خۇددىي رېياللىقتا ئەھلىي ئىلمىزاتلار چوڭ بولسا مەسلىھەتچى بولالىغانغا ئوخشاش دۇنياغا ھۆكۈمدار سۈپىتىدە بولالمىدى . پەقەت ھۆكۈملەرنى باھالاش ، بۇتناش بىلەن كۈننى كەچ قىلىپ كەلدى . لېكىن ئۇلار ئۆزلۈكسىز ھالدا نۇرغۇن نەرسلەرنى بىلىپ چۈشىنىپكەلدى ۋە بۇ ئاخىر 17 ~ 18 - ئەسىردە ھەربىي كۈچ بولۇپ ئىپادىلەندى.شۇنداقتىمۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتى تارىخلار مابەينىدە يۇقىرىقىدەك شەخسنى مەركەزقىلغان پىكىر ۋە دىنلارنى ئوق قىلغان ئاساستا قايتىدىن تۈتۈشۈپ بىرىكىشكە باشلىدى . مەسىلەن ، بۇددا دىنى ئاساسىدىكى بىرىكىش ، ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى بىرىكىش ، ئىنسانپەرۋەرىزم ئاساسىدىكى بىرىكىش ، پەن روھى ئاساسىدىكى بىرىكىش ، كىشلىك ھوقۇق ئاساسىدىكى بىرىكىش دېگەندەك.لېكىن بۇ خىل بىرىكىشلەرنىڭ سەممىسى تىل ئۆتكىلى تۈپەيلى پۈتۈن بىر مىللەت مىقياسىدىكى بىرىكىش بولۇپ كەتمىكى ناھايىتى تەس بولۇپ ، كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ ئوقلار بويىچە بىر رەتكە تىزىلىپ قالدى ۋە تۈرلۈك تارىخىي شارائىت ھەم كەلمىشلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى تارىخىي كەسىملەردە تۈرلۈكچە ئىپادىلەردە بولدى . ھەتتا بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ھەر قايسى بۆلەكلەردە ئوخشىمىغان ئىپادىلەر كۆرۈلدى .

خوش ، بۇ ئىپادىلەر مەدەنىيەتشۇناسلىقتا قانداق ئورۇندا تۇرىدۇ ؟كىچىك بىر ئائىلنى ئالساق ، بىر ئائىلدە بىر قازاننىڭ تامقىنى يەپ ، بىر ئاتا - ئانىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان باللار تۈرلۈكچە بولىدۇ . لېكىن ناۋادا بىز ئۇلاردىكى ئاشۇ تۈرلۈكچە خۇلۇقلارنى كۆرۈپلا خۇلاسىگە كەلسەك ، ئۇ چاغدا جەزىمكى ، بىر ئويدە چوڭ بولغان باللارمۇ ئەجەپ بىر يېرىگە ئوخشىماي قالىدىكەن دېگەندەك ھەيرانلىقتا پېتىپ قالىمىز. ناۋادا مۇشۇ ھەيرانلىقمىزنى يەنە بىر قەدەم تېخىمۇ چوڭقۇرراق كۆزىتىشكە ئالماشتۇرساق ، ئۇندا قتا چوقۇمكى ، بۇ باللاردىكى ئورتاقلىقنى ، ئاشۇ ئائىلدىكى روھىي كەيپىياتنى ، ھەتتا ئائىلە بار جەمئىيەت ، دەۋر ۋە مىللەتنىكى روھىي كەيپىياتلارنى ھېس قىلالايمىز . بۇ بىر مىللەت ئۈچۈن ئىپتىقاندىمۇ شۇنداق .

بىزگە مەلۇمكى ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساغلامسىزلىق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ، ئىنسانلارنىڭ روھىي ئىھتىنى يەكدىللىق بىلەن ئىگىلەپ ، ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا بەختىيارلىقتا قاراپ ئىلگىرلىتىشنى

مەقسەت قىلغان ئىكەن ، ئۇ ھەرگىز يۇقىرىقىدەك يۈزەكى ئىپادىلەرگە ئېسىلىپ تۇرىۋالسا بولمايدۇ . چۈنكى ، مەدەنىيەتشۇناسلىق بىر پەن ھېسابلىنىدىكەن ئۇ مەدەنىيەت ئېقىنى ھازىردىن ئەمەس ، بەلكى ئۆتمۈشتىن كۆرەلەيدۇ . روھ پەقەت ئۆتمۈشتىلا ئوبيېكتىپ نەرسە ھېسابلىنىدۇ . ناۋادا ئۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك يۈرەكلىك ۋە مەلۇم تارىخىي ، جۇغراپىيىۋى كەسمىدىكى ئىپادىلەرنى ماھىيەت قىلىش يولىغا ماڭسا ، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى توسايدۇ - دە چۈپرەندە ئىلىم بولۇش قىسمىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ . ئۇ چاغدا بۇ پەن بىر مىللەتنىڭ شەھەردىكىسى بىر نېمە دېسە قىردىكىسى بىر نېمە دەپ ئاتاشتىن ، سىياسىيونلارنىڭ غالچىسى بولۇشتىن ، ھېس - تۇيغۇلارنى ئىلمىيلىككە كۆتۈرۈشتىن تەپ تارتمايدۇ . ئەلۋەتتە بۇنداق ئىلىمنى ئىلىم دەپ تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق . ھەقىقىي ئىلىم ئۆزى ئىزدەۋاتقان ماھىيەت نەدە بولسا ، مەيلى ئۇ قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر شۇ يەردىن ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ . جاھان ئۇۋاق ئۆزلۈك ئېڭىغا كىرگەندىن باشلاپ مەدە نىيەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى كۆپىنچە يوسۇن - قائىدىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى بىلەن بولۇشقا باشلىدى . تىل ۋە دىلنىڭ بىرلىكى ناھايىتى مۇستەھكەم بولغاچقا ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە مۇشۇنداق بولدى . ھەتتا ئىزچىل ھادا چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا بولغانلار يېقىنقى دەۋرگىچە سىرتقى تەسىرنى مۇشۇنداق يول بىلەن قوبۇل قىلدى . شۇڭا نۇرغۇن مىللەتلەردە تىلدا زور ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ياشاش ئۇسۇلى ، ئۆرپ - ئادەت ، كىيىم - كېچەك جەھەتتە زور پەرقلىنىپ تۇرىدىغان توپلار شەكىللىنەمەي قالمىدى . ھەتتا بەزى پەرقلەر تىلدىمۇ كۆرۈلدى . ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى ، بۇگۈندە قانداق ئۆزگىرىش بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر تارىخ يەنە تارىخ پېتى تۇرىۋېرىدۇ . بىر پۈتۈن توپنىڭ روھىدا دولقۇنلاپ تۇرغان مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى بۇرۇنقىدەكلا ھەرقانداق خاھىش ۋە يېڭىلىقنى تارازىلاۋېرىدۇ . توغرا ، بىر مەز گىل ھازىرنىلا كۆزدە تۇتىدىغان ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە تىل ، تېررىتورىيە ، ئۆرپ - ئادەت ، پسىخىكا دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىر مەدەنىيەتكە ھۆكۈم قىلىپ كەلگەن ئىدۇق . بۇنىڭدا تارىخنىڭ ئۆزىگە ۋە ئىلمىي چەككىلەشنىڭ ھۆكۈمگە قارىماي نەق قولغا چىقىدىغان ھاسىلاتقىلا قارىلاتتى . شۇنداق بولغاچقا مەلۇم بىر تارىخىي كەسمىدىكى نەرسىلەر مەدەنىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تارازىسىغا چۈشمەيلا ئۇنىڭ بىر ساغلام ياكى بىنورمال دەيدىغان ھۆكۈمنى ئالمايلا شۇ پېتى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلاتتى ، ماھىيەت قىلىناتتى . بۇ خۇددى ئەمدىلا يۇلۇۋالغان سەۋزىنى يېگىلى بولىدۇ ، سەۋزە دېگەن مۇشۇ دەپلا يە قىردۇرماي ، يە يۇدۇرماي يېگۈزۈۋەتكەندەكلا ئىش ئىدى .

شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ئادەملەر تامىقىغا قوشۇپ توپا يەپ يۈردى . ھەرقانچە سەرەمجانلاشتۇرسىمۇ قولاشمايۋاتقان مەدەنىيەت تارىخىدا ئەپلەپ - سەپلەپ بىر ئىشلارنى قىلىپ كەلدى . مەدەنىيەتلىكرەكى ئۆز ئەسلىنى كۆرەلمەي ، مەدەنىيەتسىزرەكى ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلىيەلمەي ئەسلىي يارىتىشقا تېگىشلىك تەرەققىيات تېزلىكىنى يارىتالماي قالدى .نۇرغۇن زېھىن ۋە ۋاقىت ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن سەرىپ بولۇپ كەتتى . بەلكىم بۇ مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر چاقچاق بولسا كېرەك.

ئومۇملاشتۇرغاندا يۇقىرىقىدەك تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىنسانلار توپى ھەقىقەتەنمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇكى ، ئۇلارنى ئوخشىمىغان بايان قىلىش ئوبيېكتلىرىگە ئايرىپ بايان قىلىش تولىمۇ زۆرۈر . ئەمما مۇنداقلىق بىلەن ھازىرقى نامىلار ئاساسىدا تارىختا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان توپ ۋە رايون پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ . مەدەنىيەت تارىخى مەزمۇن بولۇپ ئۇ ئۇزاق زامانلارنىڭ ئوي دۆڭلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن دەريا سۈيىگە ئوخشايدۇ . بىر مىللەتنىڭ نامى ، تىل ، تېررىتورىيىسىنىلا ئەمەس بەلكى ماھىي ەتتە ئۇنىڭ قايسى ئېقىندا تۇرغانلىقىنى ، بۇ ئېقىننىڭ قانداق ۋە قانچىلىك پوتېنسىيالدا ئىكەنلىكىنى كۆرستىش بەلگىسىدۇر . يەنى ئىنسان تارىخىۋىلىقىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىغان دىپلومدۇر . شۇڭا ئىلى دەرياسىنىڭ غۇلجىدىن ئۆتكىنىنى بىر نېمە ، ئالتايدى ن ئۆتكىنىنى يەنە بىر نېمە دەپ ئاتاش قانچىلىك بىئەپ ۋە كۆزى كىچىكلىك بولىدىغان بولسا ، تارىخنىڭ بەتلىرىدىن دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان روھ دەرياسى مەدەنىيەتنى خالىغانچە ئاتاش شۇنچىلىك بىئەپ ۋە كۆزى كىچىكلىك بولىدۇ . يەنە كېلىپ تارىخنىڭ رۇخستىنى ئالماي مەخلۇقاتلارغا ئات قويۇش ئەخلاق سەزگۈسى بار ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس .

يۇقىرىقىلاردىن بىزگە مەلۇم بولىدۇكى ، تىل پەيدا بولغىچىلىك بولغان بايان ئوبيېكتلىرى يەر - جايناملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ ۋە جايدىن چىققان بارلىق نەرسىلەر مەزكۇر مەدەنىيەتنى ھېس قىلدۇرۇشنىڭ ئىشت براكچىلىرى بولىدۇ . بۇلار ھەرقايسى توپلارنىڭ دەسلەپكى بۇلاقلىرىدۇر . بىر تىل بىر مەدەنىيەت توپىنىڭ رەسمىي ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى . شۇڭا مەزكۇر تىلنى ئىشلەتكەن بارلىق ئادەملەر مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتلىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارنى ھەرقانداق باھانە بىلەن ئايرىم قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىر تىل يوقالسا بىر مەدەنىيەت يەنە بىر مەدەنىيەتكە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ .بىر تىل پەيدا بولسا پەيدا بولغاندىن تارتىپ يېڭى بىر مەدەنىيەت شاخچىسى پەيدا بولۇۋاتقىنىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن ھەرگىز ئۇزۇن تارىخلاردىن تارتىپ ئاشۇنداق بىر مەدەنىيەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ . ئەمما

يېڭى تىل پەيدا بولغان - بولمىغانلىقىنىڭ چوقۇم ئىلمىي ئۆلچىمى بولۇش لازىم . خۇددىي 50- يىللىرى غۇلجىدىكى تارانچىلار بىزمۇ بىر مىللەتقۇ دەپ تۇرۇۋالغىنىدەك كۇنلەرنىڭ بىرىدە خوتەنلىكلەر بىز ياغاچنى خارەك دەيمىز ، سكارغا دېگەننى مۇت دەيمىز ، پالانى يېرىمىز قەشقەرلىكلەرگە ئوخشىمايدۇ ، پۈكنى يېرىمىز ھېچ يەردە يوق دەپ بىزمۇ ئايرىم مىللەت دەپ تۇرۇۋالسا ، بوپتىلا مىللەت بولسا بولمامدۇ دەپ قويۇش بىلەنلا "خوتەنلەر مەدەنىيەت تارىخى " ، "قەشقەرلەر مەدەنىيەت تارىخى " دېگەندەك ھەشە مەتلىك كىتابلارنى يازغۇدەك پەخىرلىك مەدەنىيەتلەر پەيدا بولىدىغان ، ئايرىشقا ھاياجان بىلەن ئاۋاز قوشۇپ ئۇلۇغ ئالىملارغا كەلگەندە قىزىرىپ ، تاڭزىپ ، تۈپۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تالىشىدىغان ئىش يوق .ئەلۋەتتە مەدەنىيەت روھ ھەققىدىكى ئىلىم بولغان ئىكەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن لېينىكى ئەھۋالى بىرىكىش تارىخى بولىدۇ . ئەمما بۇ تۈپ تۈز بولمايدۇ . بەزىدە ھەققەت ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن ، بەزىدە زۇرۇرىيەت ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن .بەزىدە ئىنسانلىق ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن ، بەزىدە ساقسىزلىق ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن .بۇنى بايان قىلغۇچى ئوبدان پەم لەپ بايان قىلىدۇ .نېمىنى ئاساس قىلغان بولسا ، شۇنى تەۋسىيە قىلغۇچى ھاكىمىيەت ۋە ئىدىئولوگىيىنىڭ ئۆزى مەزكۇر مەدەنىيەتكە تەۋە نەرسە ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ مەزكۇر مەدەنىيەتتىكى ئىنكاسى مۇشۇ مەدەنىيەتكە تەۋە نەرسە ھېسابلىنىدۇ . بىر مىللەتنىڭ مەيداندا تۇرۇپ مەدەنىيەت تارىخى يازغىنىمىزدا قايسىدۇر ئېقىمنىڭ غوللۇق ئىدىيلىرىنى ئەمەس ، بەلكى مەيلى چوڭ ئالىم بولسۇن ، ياكى ئانچىكىم ئادەم بولسۇن شۇ مىللەتكە تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەر چوقۇم مۇشۇ مىللەتنىڭ ئوغلانلىرى قاتارىدا بايان قىلىنىدۇ . ئۇلار كۆپ ھاللاردا بىۋاستە ئەمەس ب ەلكى ، شۇ مەدەنىيەتتە يېتىلگەن شەخس ۋە يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسىدە ئىپادىلىنىپ قالىدۇ . شۇڭا ھەتتا مەلۇم بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر شۇ مىللەت مەدەنىيتىگە تەۋە نەرسە ھېسابلانمايدۇ . دېمەك ، ئېينىشتېين پەن تارىخىدا بۈيۈك بىر ئالىم سانالسىمۇ بەزى مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇ يوقنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ . كوپېرنىك ناسارالار ئىدىيە تارىخىدا جۇلالىنىپ تۇرسىمۇ بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئۇنىڭ قارىسىلا كۆزگە تاشلانغۇدەك يېرى بولمايدۇ . لىنكولىن ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن ھۆرمىتىمىزنى قوزغاپ تۇرسىمۇ ، ئۇ يەنىلا بىز ئۈچۈن سادىر پالۋاندە ك سۆيۈملۈك بولالمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا پەيدا قىلغان ئۇنۇمى زور پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما ئىككى يۈرەكتىكى ماھىيەتلىك نەرسە ئەمەلىيەتتە پەرقسىز بولىدۇ. ناۋادا سادىر پالۋان ئامېرىكىدا بولغان بولسا لىنكولىندەك ئىش قىلغان بولاتتى . لىنكولىن غۇلجىدا ياشىغان بولسا ، پەقەت سادىر

پالۋانچىلىكلا ئىش قىلالايتتى دېيىشكە بولىدۇ . يەنى بۇ قارا تىل دېگەندە بۇ ئەسلىدە مۇرىسىدە 20 Kgيۈكى بولۇپ ھازىر يەنە 30 Kgنى كۆتۈرگەن ئادەم بىلەن50 Kgلىق يۈكنى كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ كۆتۈرگىنى ئوخشاش دېگەندەك بىر گەپ.

- 1999يىلى

ئىزاھات:

خۇددىي فىزىكىدا ھەرىكەت ئەسلى تۈز سىزىق بويىچە بولماقچى ، سىرتقى كۈچ ئۇنى ئەگرى قىلىپ قويىدۇ دەپ ھەرىكەتنىڭ ئەسلى ئوربىتىسى تۈزسىزىق دېمەكچى بولغانغا ئوخشاش روھ ئانالىزىدا ئادەم ئەسلى ئۆز مەيلىچە ئىش قىلماقچى بۇ جاھاننىڭ رايىغا توغرا كەلمىگەنلىكتىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا چىقىن پەيدا بولۇپ ، قايسىدۇر ئىشنىڭ پىلتىسىدە ئوت ياقىدۇ دېمەكچى بولىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنقىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى كۆرۈشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ . فروئىدنىڭ مەدەنىيەت قارىشىمۇ مۇشۇنداقراق مەۋقەدە. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئوچۇق دەپ قويۇش كېرەككى ، بىزنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن قارىغاندا ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشى ئۇرۇمچىدىن خوتەنگە ماڭغان يولوچى تەبىئىي ھالدىلا توقسۇن ، كورلا ، بۈگۈر...دېگەندەك يەرلەردىن ئۆتىدىغانغا ئوخشاش ئېنىق ئۆتەڭلىرى بار جەريان ئىدى .

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى ، ھاكىمىيەت ئېگى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تۈتىم ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئېگى بىلەن ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ . ھازىر قەدىمكىگە قارىغاندا گەپنىڭ ئۇستىخىنى يوق . ھازىرقى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئېگى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . تۈتىم بولسا ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ ئىرادىسى ئەمەس بەلكى ئۇ ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەينى ھادىسىلەرنى سەممىي ۋە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن شەرھىيلىشى بولۇپ ، ئەمەلىيلىشىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك .مەسىلەن ئېيتايلى ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزم مىللىتى دەپ 70يىل سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ سوتس ىيالىزم مىللىتى پەيدا بولمىدى . چۈنكى ، ئاشۇنداق بىر مىللەت پەيدا قىلىش كىشىلەر قەلبىدىكى تەقەززا ئەمەس بەلكى ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىرادىسى ئىدى. لېكىن ھەرقانداق بىر جايدا قەۋملەر بىر تۈتىم ئاستىغا توپلاندىمۇ بولدى ئۇلار ئاللىقاچان تىل بىرلىكىگە ئېرىشىپ مىللەت بولۇپ بولغان بولۇپ ، تۈتىم بۇنى ئىنسانلارنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىش مەنىسىدە كەلگەن .

مەنبەسى : ماتېريالدىن

كۆرۈلگىنى:216 قېتىم

ۋاقتى :2008-2-10

مەدەنىيلىششمۇ ، ياتلىششمۇ ؟(1)

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

تۇغرىسىنى ئېيتقاندا ، ھەممىمىز كۆز ئالدىمىزىكى رېئاللىقتا بىر سەپتە ، بىر خىل مۇھىتتا ياشاۋاتىمىز . كۆز ئالدىمىزدىكى ھايات مەنزىرىسى نەزىرىمىزدىن يىراق ئەمەس. بىراق بۇ ئەمەلىيەتكە بەزىلەر دىققەت قىلغان ، بەزىلەر تازا دىققەت قىلالمىغان ، بەزىلەر ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئىچىگە تىنىشقان ، بەزىلەر پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆ زىنى يۇمۇشقان . بەزىلەر كۆزنىڭ ئىنكاسىنى جۇرئەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ ، ئەپسۇسكى نۇرغۇنلىرىمىز ئۇچۇن بەزى ۋايىساشلار ئەخمەقلىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ سىر ئەمەسكى ھازىرقى رېئاللىق ، تەرەققىيات ، چېكىنىش ، مەدەنىيلىشىش ۋە ياتلىشىش توغرىسىدا خېلى كۆپ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ ، بۇ توغرا تەۋسىيەلەر بىزگە رېئاكسىيە بېرىۋاتامدۇ قانداق ؟ ئەيتاۋۇر نۇرغۇن ئىشلار تېخىمۇ ئەدەپ كەتكىلى تۇردى. بىر ئۇلۇغ زاتتىن: «تەكەببۇرلۇق نېمە ؟» دەپ سورىسا ، «ھەق سۆزنى تەن ئالماسلىق ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ئۇنداقتا بىزگە مەسلىھەت ، ھەق تەۋسىيەلەرنىڭ تەسىر قىلمايۋاتقانلىقى بىزدىكى بىمەنە تەكەببۇرلۇقمۇ ياكى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكمۇ ؟

مەن يەنە ئەنئەنە ، مەدەنىيلىشىش ، ياتلىشىش ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ قېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن مەقسەت كۆزىمىزدىن ياتلىشىپ مىللىي خاسلىقىمىزنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈۋاتقان بىر قىسىم ئەھۋاللار ، ياخشى ئەنئەنىمىزدىن يىراقلاپ كەتكەن بەزى ئېزىقىشلار ئارقىلىق ئۆزىمىز ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىش ئۈچۈن ئەينەك كۆتۈرۈش . ئۇقمايمەن ، قارىغۇنىڭ شەھىرىدە ئەينەك كۆتۈرۈپ ماڭسا خورلۇققا قالغاندەك ، بەزىلەرنىڭ قاراڭغۇ قەلب ئۆڭكۈرىگە ئەينەك

كۆتۈرۈپ كىرىمەن دەپ ، ناكەسلەرنىڭ قارغىشىغا ئۇچرارمەنمۇ ؟

»ياتلىشىش »نىڭ لۇغەت مەنىسىدىن قارىغاندا ، بىر خىل نەرسىدىن ئىككىنچى خىل نەرسىگە ئۆزگىرىپ كېتىش ، ئەكسىگە قايتىش مەنىسىنى بېرىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن يىراقلىشىش ، ئايرىلىش دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بېرىدۇ . ھازىرقى دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ياتلىشىشى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئىزدىنىشى ئۈچۈن يوچۇق ئېچىشقا تىرىشىۋاتىمىز . ياتلىشىش كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاڭنىڭ ياتلىشىشى ، بۇنى گېگىل :«ئاڭ ئۆزىنىڭ پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزىنى ياتلاشتۇرۇپ ، ئىككىنچى بىر خىل ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ » دەپ قارىغان . ئەمگەكنىڭ ياتلىشىشى توغرىسىدا ماركس ئالدى بىلەن ئەمگەكچىنىڭ ۋە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياتلىشىشى مەسى لىسىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان نەرسە بولماستىن ، بەلكى ئەمگەكچىلەر ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن . يەنە بىر نۇقتىدىن ، ئەمگەك جەريانىنىڭ ياتلىشىشى مەسىلىسىدە ئەمگەك ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ۋە بېسىمغا ئايلىنىپ قالغان. ئەمگەكچىلەر ئەمگەك جەريانىدا خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك ھېس قىلماستىن ، ئەمگەكتىن بىزارلىق ھېس قىلىدىغان روھىي ھالەت. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئادەم ماھىيىتىنىڭ ياتلىشىشى ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياتلىشىشى ، مەدەنىيەتنىڭ ياتل ىشىشى ، ئېتىقادنىڭ ياتلىشىشى ، جىنسىي ياتلىشىش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ياتلىشىشنىڭ بىرقانچە تەرىپى بولىدىكەن . بىرى ، پاكلىنىش ۋە تەرەققىيات خۇسۇسىدىكى يېڭىلىنىش ، يەنە بىرى ، بۇلغىنىش خاراكتېرىدىكى ئۆز- ئۆزىنى دەپنە قىلىش. يېڭىلىنىش ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن بولىدۇ ، بىرى كونا ، قالاق ، قاتمال ، مەنىۋى زەئىپلىك قاتارلىق مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىللەتلەردىن پاكلىنىش بىلەن مىللەتنىڭ شان- شەرىپىگە ، مەۋجۇتلۇقىغا ، تەرەققىياتىغا ، كەلگۈسى ئىستىقبالىغا تۆرتكە بولىدىغان ئىلغار ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى زاماننىڭ تەلپىگە ماس ھالدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ، ئىلغار ئىدىيە ، ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ، پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش . بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بىر خىل يۈزلىنىش ، ئاللىبۇرۇن باشقىلار سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتكەن ئەخلەت- چاۋالارنى قوبۇل قىلىۋېلىپ ئۆزىنى بۇلغاش . بىزدە ھازىر ئىلغار ئەنئەنىلىرىمىزنى

جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاز ، قالاق ، قاتمال ، چۈشكۈن ، خۇراپىي ئەنئەننى جاھىللىق بىلەن ساقلاش كۆپرەك .چەت ئەلنىڭ ئىلغار قىممەتلىك ئىكىنى ، مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئازراق ، ئۇلار ئاللىقاچان چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئەخلەتلىرىنى ، تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈكلىرىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ ، مىللىتىمىز-نىڭ مىللىي روھىنى ، مىللىي ئەنئەنىسىنى بۇلغاش ، مىللىي خاسلىقىمىزنى بارا- بارا دەپنە قىلىش كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ. مەدەنىيلىشىش بىلەن تەرەققىيات تۇرمۇشقا يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ .بىراق ، ئۇ ھەرگىز ئەنئەننى چەتكە قېقىش ئارقىلىق ئىپادىلەنمەيدۇ .بەلكى قالاق ئەنئەنىلەردىن يىرەكلىك ۋاز كېچىش ، ئىلغار ئەنئەنىلەرنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىش تەرەققىي قىلىش ئەمەس ، بەلكى بارا- بارا ئۆزىنى ئۇنتۇرۇش بىلەن باراۋەر. ياخشى ئەنئەنىدىن ۋاز كەچكەن مىللەت چوقۇم يامان تەقدىرنىڭ قولىغا تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مۇكەممەل ، گۈزەل ۋە پارلاق ئەنئەنىگە ئىگە مىللەت . بۇ ئەنئەنە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەت قارىشى ، ئېتىقادى ، ئېستېتىك ئېڭى ، تۇرمۇش ئادىتى ، تارىخىي تەرەققىياتى ، مەدەنىيىتى ، دىنىي ئېتىقادى ئارىسىدا بارا- بارا مۇكەممەللىشىپ ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان ، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم كاتېگورىيىگە ئايلانغان .ئۇيغۇر خەلقى شۇنى چۈشىنەتتىكى ، ئەنئەنىدىن ئايرىلغان مىللەت مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى .ئەنئەنىدىن ئايرىلغان مىللەت قېپىالىڭاچ قۇرۇق گەۋدىگە ئايلانغان تىرىك جەسەتكە ئوخشايتتى.

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىي ىتىدە خەلقىنىڭ ئورتاق بىر ساداسى شۇكى ، ھازىرقى خېلى كۆپلىگەن ياشلاردا غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش خاھىشى بىر خىل ئومۇمىيلىققا ئايلانماقتا. بۇنداق ياتلىشىش يالغۇز ئىدېئولوگىيە جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن ، بەلكى مىللىي ئەنئەنە ، مىللىي ئۆرپ- ئادەت ، مىللىي قىممەت قارىشىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ .ھەتتا بىز شۇنداق ھادىسىلەرنى بايقىدۇقكى ، جىنسىي ئەركىنلىك تەشەببۇسلىرىمۇ بىر قىسىم نادان ياشلىرىمىزنى سېھرى جادۇسىنىڭ تەسىر تورىغا چۈشۈرۈۋېلىشتىن باش تارتمايۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتە ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ تىزگىنىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلاۋاتىدۇ . ھايانىڭ ئورنىنى ھاياسىزلىق ئىگەللىگىلى تۇردى .مەن ئۇيغۇرلاردىكى ياتلىششىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە مۇنداق بىر قانچە تىپىك ئەھۋالنى مىسال قىلىپ بېرەي:

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتىدە توي-  تۆكۈن ، ئۆلۈم-  يېتىم ئىشلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ   . بىراق ھازىر ئەڭ ياخشى ، گۈزەل ۋە ھايا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىلغار ئەنئەنىمىزنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزگە قەتئىي مۇناسىپ كەلمەيدىغان يات بىر ئادەتلەر دەسسىۋالدى.

ئۇيغۇرلاردا بالىلارنىڭ سۈننەت تويى بىر بالىنىڭ يەتتە ياشقا كىرىپ ، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ھاياتىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش باسقۇچىنى تەبرىكلەش ، شۇنداقلا بۇ بالىنىڭ سۈننىتىنى قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەش مۇراسىمى   . بۇ تويدا قازان ئېسىپ يۇرتقا   ئاش بېرىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ بەخت- سائادەتلىك ، يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق ، ھازىر ئاتا- ئانىلارنىڭ قۇرۇق سۆلەتۋازلىقى بىلەن بۇ مەسۇم بالىلارنىڭ بەخت-   ئىقبالى توغرىسىدىكى تىلەكلەر رېستوراندىكى ھاراق-    شاراب ، مەستلىك-  نەسلىك ، قالايمىقان كۈلكە-  چاقچاق ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

بىر قېتىم مەن بىر زۆرۈرىيەت بىلەن مەلۇم بىر رېستورانغا باردىم               . بۇ يەردە بىر بالىنىڭ سۈننەت تويى ئۆتكۈزۈلىۋاتقانىكەن . ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى ، رىياسەتچى بىلەن توي ئىگىسى سەھنىگە چىقىپ تويىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدىغان چاغدا ئۇ ھەر ئىككىسى قولىدا لىق مەي تولدۇرۇلغان رومكىلارنى تۇتۇشۇپ ئاجايىپ دەبدەبە ، ھەيۋەت بىلەن بالىنىڭ بەخت ئىقبالىنى ۋە ئىستىقبالىنى تىلەشتى    . بىر مىللەتكە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياتلىشىش بولامدۇ ؟

بۇرۇنقى قىز- يىگىت تويىدا ئاۋۋال قىزنى يۆتكەپ كېلىپ، ئىككى ياش بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن ، ئەتىسى ئىككى ياشنىڭ بىرىنچى كېچىنى ياخشى ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەنلىك شەرىپىگە ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە توي بېرىلەتتى   . ئەتىسى قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغانلىقى ئۈچۈن سىمۋوللۇق ھالدا يۈز ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئاندىن قىز كىشلەرگە يۈزىنى كۆرسىتەتتى . ئەگەر ئالمادىس قىزدا مەسىلە كۆرۈلۈپ قالغان بولسا ، ئەتىسى قازان ئېسىلمايتتى    . بۇ ئەنئەنە ئىنتايىن قائىدىلىك ، تەرتىپلىك ، ئەھمىيەتلىك ئىدى    . ھازىر بۇنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرسىچە ، قىزنى ئاتا-     ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن يۆتكەپ كېلىپ ، ئاۋۋال كوچا-  كوچىلارنى سازايى قىلدۇرىمىز ، ئاندىن رېستورانغا ئېلىپ بېرىپ ئۇسسۇلغا ، تانسىغا سالىمىز ، ئاندىن تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىمىز. بۇ ھازىر قىزلارنىڭ يۈزى توي قىلىشتىن بۇرۇن ئېچىلىپ بولغانلىقىنىڭ سىمۋولىمۇ ؟ شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر يوشۇرۇن پاجىئەمۇ بار     . ئوغۇلغا توي شادلىقى دەپ

كۆپلەپ هاراق ئىچۈرۈلدۇ ، نەتىجىدە ئۇ بىرى قىزنىڭ ھەققىي پاك ياكى پاك ئەمەسلىكىنى بىلىش ، ھېس قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتىدۇ . يەنە بىرى ، ئەگەر شۇ مەستلىكتە بالا بولۇپ قالسا ، ئۇ بالا چوقۇم مۇكەممەل ئادەم بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ . بۇنى پۈتكۈل جەمئىيەت ناھايىتى چوڭقۇر ئويلىنىشى كېرەككۇ ، دەيمەن.

ئۈچىنچى بىر تىپىك مىسال ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ، تارىخىي ۋە رېئاللىقي قىممەتكە ئىگە بىر بايرىمىمىز بار . ئۇ بولسىمۇ نورۇز بايرىمى . نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان . نورۇز بايرىمىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قىممىتى بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ خېلى ئەھمىيەتلىك ئىدى . بىراق ، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە نورۇز بايرىمىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىزدە ناھايىتىمۇ زەئىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. پەقەت نورۇز كېچىسى تېلېۋىزوردا بېرىلگەن نورۇز بايرىمى سەنئەت كېچىلىكى بىزنىڭ بىردىنبىر تەبرىكلەش پائالىيىتىمىز بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندارى بويىچە 3- ئاينىڭ 21 - كۈنى كۈن بىلەن تۈن تەڭ بولىدۇ. شىنجاڭدا باھار باشلىنىدۇ. يەر- زېمىن تەۋرەيدۇ ، قۇرت- قوڭغۇزلارمۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ ، ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق باشلىنىپ كېتىدۇ . يېڭى بىر يىلدىكى مول- ھوسۇل ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدۇ. بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلەپ يېزا- يېزىلاردا ئاجايىپ مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى يېڭى- يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ، ئەنئەنىسىدىكى ھەرقانداق ئۆرپ- ئادەت ۋە ئەنئەنە ھەرگىزمۇ بىكاردىن- بىكار ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈنلا يارىتىلغان ئەمەس . ئۇ شۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل ھايات تارىخى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن . بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغان ئومۇمىي جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ياشاش ئادەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ . بىزنىڭ گۈزەل ۋە قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىز كېيىنكى تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئۇل . ئۇ ھەم ئۆزىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ، ھەتتا ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . قىممەتلىك نەرسىلەر ھەرگىز كونىرىمايدۇ. ئەنئەنىدىن ئۇنىڭ كونا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق دەپ قارىساق ۋەتىنىمۇ بىز ئۈچۈن كونا ، ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىش كېرەكمۇ ؟ مىللىتىمىزنى كونىتى دەپ ئۇنتۇپ كېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ ؟

ئومۇمەن ، بىزدە ياتلىشىش ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر . بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ

كەتكەنلىكمىزدىن ، ئەنئەنىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىمىزدا پۇتلىكاشاڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى بۇ بىر تەرەپتىن بىزدىكى ئەنئەننى سۆيۈش ، ئەنئەننى قەدىرلەش ئاڭلىقلىقىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ نادانلىقىمىزنى ، گۆزەللىكنى ۋە ھەقىقىي قىممەتنى تونۇمىغانلىقىمىزنى ، ئۆزىمىزنى قەدىرلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن ، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىك ، يادرولۇق رولىنى يوقىتىپ قويغان ، ئەنئەنە تەربىيىسىگە تازا كۆڭۈل بۆلمىگەن .شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى ياشلاردا مىللىي روھ ئاجىزلاشقان ، ئۆزىنى بىلىش ، ئۆزىنى قەدىرلەش يېتەرلىك بولمىغان ، باشقىلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كەمسىتىش خاھىشى باش كۆتۈرگەن. ئۇلارغا نەسىھەت قىلسا ، بۇلار زامان ئۆزگەردى ، دەۋر ئۆزگەردى ، ھازىرقى زامان سىلەرنىڭ دەۋرىڭلارغا ئوخشىمايدۇ ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ .ئۇنداقتا زامان ئۆزگەرسە ، دەۋر ئۆزگەرسە مىللەتمۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار ، قىممەتلىك ئەنئەنىسىدىن ئايىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ ؟ دەۋر تەرەققىي قىلسا ، نادان ، مەدەنىيەتسىز مىللەت ئۈچۈن ئۆزىدىن ياتلىشىش ، ئۆزىدىن ۋاز كېچىش لازىم بولامدۇ ؟ پەقەت روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن كىشىلەرلا ئاشۇنداق ئايىنىش ، ئۆزىنى ئۇنتۇش ، قارىغۇلارچە باشقىلارغا چوقۇنۇشنى تەرەققىياتقا يۈزلىنىش دەپ قارايدۇ . ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ، مىللەتكە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ، ئۆزگە بولغان مۇھەببەت پارلىغان جۇشقۇن روھلۇق ياشلار روھنى يېڭىلاش ، ئۆزىنى ئىزدەش ، ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇش ، ئەنئەننى زامانغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇكى ، ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. نادان ، ھاماقەت ، ئازغۇن كىشىلەرلا ياتلىشىش ، ئايىنىشنى ئەنئەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ چۈشەندۈرىدۇ ، مەنىۋى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكنى ئەركىنلىشىش دەپ چۈشىنىدۇ.

ھەقىقەتمۇ كونىرامدۇ ؟

مەن كىتاب ئوقۇش ھاياتىمدا ئەڭ چوڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەسەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرى .مەن بۇ ئەسەرنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەنىۋى مەكتەپ بولدى ، دەپ قارىسام ناھايىتى مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. چۈنكى ، مەن بۇ كىتاب ئارقىلىق دۇنيا قاراش جەھەتتە بەلگىلىك ئۆزگىرىش ياسىدىم.

ئۆزۈمگە بولغان تونۇشرى ، ئۆزۈمگە قويغان تەلەپنى يېڭىلىدىم ؛ ھاياتنىڭ مەنىسىنى ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى باشقىدىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بىر ئالىم «قۇتادغۇبىلىك»نى ناھايىتى نۇرغۇن كوچىلاردىن تۈزۈلگەن تۈزۈلگەن بىر ياسىداق شەھەرگە ئوخشىتىپ ، «تېخى بىرەر ئادەممۇ بۇ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى سەير قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى » دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەن مەن ھەر قېتىم بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا يېڭى- يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمەن . ئەڭ مۇھىمى مەندە ئاجايىپ بىر ھەيرانلىق ۋە يەنە بىر چۈشىنەلمەسلىك بار.

ھەيرانلىقىم شۇكى ، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بىلىش چوڭقۇرلۇقى ۋە چۈشەنچىنىڭ كەڭلىكى بىلەن بىللە ئۇ ئەسەرنىڭ11-ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەنلىكىگە بولغان ھەيرانلىق . ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ، ھاكىمىيەت مەسىلىلىرى ۋە تۇرمۇشنىڭ كونكرېت ھالقىلىرىغىچە بولغان بارلىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە بولغان چۈشەنچە ئىنتايىن ئىلغار . گەرچە ئالىم 11- ئەسىردىكى فېئودال مۇھىتتا ، دىنىي ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھاكىمىيەت ، قانۇن ھەققىدىكى تەشەببۇسلار ياۋروپادا شۇنىڭدىن بەش ئەسىر كېيىن تەشەببۇس قىلىنغانىدى. ئەسەردە ئالغا سۈرۈلگەن تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەكۈنلەر بۈگۈنمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ، ئومۇمەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەۋجۇتلا بولىدىكەن ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ ھاياتىي قىممىتىگە چەكسىز ئىشەنگەن. ئۇنى «بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭمۇ يول مۇشۇ ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭمۇ يول شۇ » ، «ھەرگىز يولۇڭدىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسەن . بۇ مەندىن ساڭا مىراس قالغان سۆز ، ھەرقانچە ئالتۇن- كۈمۈشمۇ بۇ سۆزلىرىمنىڭ قىممىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ . ئالتۇننى خەجلىسەڭ تۈگەيدۇ، ئەمما مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم ساڭا مەڭگۈ ئەسقاتىدۇ » دېگەن .

ھەيرانلىقىمنى تېخىمۇ ئۇلغايتقان يەنە بىر نەرسە - 11- ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپلا ئەمەس ، بەلكى مەھمۇد قەشقەرى ، ئىماندىن قەشقەرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بۈيۈك تىلشۇناسلار ۋە تارىخچىلار بارلىققا كەلگەن . «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، قاراخانىلار دەۋرىدە تەبىئىي پەنمۇ ئاجايىپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن . مانا شۇنداق ئۇلۇغ ئالىملارنى ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن شۇ چاغدىكى ئىلمىي مۇھىت ، شۇ چاغدىكى مائارىپ كېيىن نەگە كەتكەن بولغىيتتى ؟

شۇنداق ، «قۇتادغۇبىلىك » بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى » ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئىلغار ھالقىسىغا

ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار 21-ئەسىردە ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىغا دائىملىق ئۇستاز بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن بىر ئۆمۈرلۈك تەتقىقات نىشانىم قىلىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى تاللىۋالغانىدىم. ئۇنى جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك مەنالاردىن، ئۇلۇغۋار مەزمۇن ۋە تەۋسىيەلەردىن خەلقىمنى بەھرىمەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئويغىتاي دېگەن بىر نىيەتتە مەن. بۇنداق بولۇشتا يەنە ماڭا تەسىر قىلغان مۇھىم بىر ئىش «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي يەشمىسى نەشر قىلىنىپ، بىزدىن ئەسىرلەپ جۇدا بولۇپ تۇرغان بۇ ئەسەر قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقتى. ئەسلىدە ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە بىردىن تەۋەررۈك قىلىنىپ ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئۆز ۋاقتىدا خەلقىمىز بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ياخشى ھېس قىلالمىدى. يەنە بىر جەھەتتە نەزمىي بولغانلىقى ئۈچۈن بەدىئىي تەربىيىلىنىشى تۆۋەن ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى يېتەرلىك بولمىغان كىشىلەر بۇ ئەسەردىن ئۈنۈملۈك مەنپەئەت ئالالمىدى. گەرچە خېلى كۆپ كىشىلەر كىتابنى قەدىرلەپ ئېلىپ قويغان بولسىمۇ، تاكى ھازىرغىچە ئوقۇپ باقمىغان زىيالىيلار ناھايىتى كۆپ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بېسىلغان كىتاب سانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئاخىر باھاسى چۈشۈرۈلۈپ سېتىلدى. تاكى يېقىنقى يىللارغىچە شۇنداق بولدى.

مەن ساۋاتلىق دەپ قارىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى بىر ئوقۇپ چىقىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. ھازىرغىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بىرەر ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»تەك كۆپ تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمىغان. مەخسۇس مۇشۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تۆت نۆۋەت مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى چاقىرىلدى. بىر نۆۋەت خەلقئارالىق يىغىن چاقىرىلدى. مەخسۇس كىتابلاردىن ئون نەچچە پارچە، ئىلمىي ماقالىدىن نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ پارچە ماقالە يېزىلدى. تېلېۋىزور، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە بۇ ئەسەرلەردىن ئۈزۈندىلەر بېرىلىپ تۇردى. شۇنداق كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقاتنىڭ تەسىرى بىلەن بولسا كېرەك، ئەسەر نەشر قىلىنغان 1984- يىلدىن 1998- يىلىغىچە بولغان ئون تۆت يىلدىن كېيىن بەزى كىشىلەردە «قۇتادغۇبىلىك»كە بولغان قىزغىنلىق قوزغالدى. بۇ ۋاقىتتا كىتابنىڭ باھاسى ئون ھەسسە ئېشىپ يۈز يۈەندىن سېتىلدى.

بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ باھا ۋە چۈشەنچىسى بويىچە كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇنىڭ ئەڭ تىپىكلىرى مۇنۇ مەزمۇندا: «بىز قاچانغىچە بۇ ئىككى كونا چاپاننى («قۇتادغۇبىلىك»

بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى دېمەكچى) كىيىۋېرىمىز» ، «ئىككى كىتابنى تەكىي قىلىپ ياتامدۇق» دېگەندىن ئىبارەت. ھەتتا ماگمۇ «كونا چاپان» لەقىمى سىڭىپ قالغىلى ئاز قالغانىدى. ھەتتا ئۆزىنى ئەڭ كاتتا چاغلايدىغان بەزى شائىرلار ئوچۇق- ئاشكارا پۈتۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئىنكار قىلىشقان. ئۇنىڭدا بىز ئۆچۈن لازىملىق ھېچ نەرسە يوق دەپ قارىغان.

مېنى تېخمۇ ئەپسۇسلاندۇرغان يەنە بىر تىپىك ئەھۋالمۇ بار. بىر كۈنى بىرقانچە كىشىلەر بىلەن بىر سورۇندا سۆھبەتتە بولۇپ قالدۇق. بۇ سورۇندا يۈسۈپ خاس ھاجىپ توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىسى ئەسكى تامدىن مۈشت چىققاندەكلا: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ دېگەن كىم؟ ئۇ نەلىك ئادەم؟» دەپ سوراپ قالدى. بىز ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، «سېنىڭ يۇرتلۇقۇڭ» دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ يەنە ئۇلاپلا «قەيەردە ئىشلەيدىغان ئادەم ئۇ؟» دېمەسمۇ، سورۇندىكىلەر بىر- بىرىمىزگە ئەجەپلىنىپ قاراشتۇق. ئۇ چاقچاق قىلمايۋاتاتتى، راستتىنلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىكەن. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئەپسۇسلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىش ئىگىلىگەن ئىدى.

— ئەي سادىغاڭ كېتەي بۇرادەر، ئىنساپ قىل، سەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىملىكىنى بىلمەي، قانداقمۇ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىڭ بار دەپ قارايسەن؟- دېدىم.

— بىرەر ئادەمنى بىلمىگەنگە نېمە بوپتۇ، سەن بىلمەيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپقۇ؟- دەپ تېرىكتى ئۇ.

— توغرا، بىز بىلمەيدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بىراق بىز ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئالىمىمىزنى بىلمىسەك تولىمۇ نومۇسسىزلىق بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپقىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز؟- دېدىم.

مەن كېيىن بۇ ھەقتە مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىم. مەلۇم بولدىكى 90 پىرسەنت ئوقۇتقۇچى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇپ باقماپتۇ. 100 پىرسەنت ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تېخمۇ يىراق ئىكەن. ھەتتا دەرسلىك مەزمۇنىدا «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇپ كېلىش تەلىپىنى قويماپتۇ. بۇنىڭدا يەنىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ. بىرەر چەت ئەللىك بىرەر ئوقۇغۇچىدىن «سىز قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇپ باققانمۇ؟ دەپ سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك.

بىز تەكىتلەۋاتقان ساپا مائارىپى بويىچە ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىنى نېمىگە

ئاساسەن ئۆلچەيمز ؟ بىز كىتاب ئوقۇمدۇق ، قانداق كىتابلارنى ئوقۇيمز ، پەقەت مۇھەببەت كىتابلىرىلا بىزگە ھەقىقىي ساپا ئاتا قىلالامدۇ ؟ «كونا چاپان»دەپ قاراۋاتقان بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قاچان كىيىپ باقتۇق ؟ ئۇنى كىيىپ باقماي تۇرۇپ ، ئۇنىڭ كونا- يېڭىلىقىنى ، ئۆزىمىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى قانداق ھېس قىلالايمىز ؟ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇن پۈتۈنلەي ھايات ھەقىقىتى ۋە قانۇنىيىتىنىڭ يەكۈنلىنىشى. ھەقىقەتنىڭ كونىرىغىنىنى نەدە ئاڭلىغان ؟ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ غالىپلىقىنىڭ نەمۇنىسى ، ئۇلارچە بولغاندا ، تىلىمىزنى كونىرىدى ، دەپ تاشلىۋېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلامدۇ ؟

ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ناھايىتى نازۇك بىر تاللاش تۇرۇپتۇ.تارىخنىڭ بۇ ئاچىلىدا بىر قەدەمنى خاتا باسساق تارىخ چاقى مەجبۇر يانچىيدۇ .بىلىش كېرەككى ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكى بار : بىرى ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئاجايىپ جۇشقۇن ، قايناق ۋە رەھىمسىز بازار . يەنە بىرى ئەڭ جىددىي ۋە دەھشەتلىك بەيگە مەيدانى . بازارمۇ نابابلىرىنى شاللىۋېتىدۇ .بەيگىمۇ چىدامسىز ، غەيرەتسىز ، قابىلىيەتسىزلىرىنى چاك- توزان ئارىسىدا قالدۇرىدۇ . چۈنكى تارىخ رەھىمسىز ، ئۇ ھەرگىزمۇ كەينىگە قاراپ ساقلاپ تۇرمايدۇ .ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق دەھشەتلىك رىقابەتتە كەڭرى يول ئېچىپ بېرىپ ، بۇ رىقابەت خاسىيىتىدىن كەشىپ قىلىنغان رەڭگارەڭ مۆجىزاتلار بىلەن ئۆزىنى ياساندۇرغان بولسا ، يەنە شۇ رىقابەت «تىغ»لىرىدىن تۆكۈلگەن دەريا- دەريا قانلار بىلەن ئۆزىنى يۇيۇپ پاكلىماقچى بولىدۇ . مەلۇم مەنىدە بۇ تارىخنىڭ گۈن اھى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ شان- شەرىپى ۋە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىشى ھېسابلىنىدۇ.تارىخ شۇنى ئىسپاتلىغانكى ، رىقابەت بەيگىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان خەلق تارىخ سەھنىسىدىن ئۇن- تىنسىزلا غايىب بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ ھايات- ماماتلىق بەيگىدە يېڭىلگەنلەر ، بازاردىن شاللانغانلار ، توغرا يول تاپالمىغانلار بەيگىدىن ، بازاردىن ، يولدىن ئاغرىنىشى ئەخمەقلىق . ئەگەر دانا بولماقنى ئىزدەيدىكەنمىز ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ نابابلىقىمىزدىن ئاغرىنساق بولىدۇ.مەن تۆۋەندە مىللەتنى خاراب قىلىدىغان بىرقانچە ياتلىشىش ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن:

غەيرىي جىنسىي ئۆزگىرىش ئىپادىلىرى

دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار ئەركەك ۋە چىشى ئىككى جىنستىن يارىتىلغان . ئەركەكتە ئەركەككە خاس ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەت ، چىشىدا چىشىغا خاس ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەت ناھايىتى روشەن ئايرىلغان . شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارمۇ ئەر- ئايال ئىككى جىنستىن فىزىئولوگىيىلىك ، ئاناتومىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك جەھەتتە روشەن جىنسىي پەرققە ئىگە قىلىنغان . ئەرلەردە ئەرلىك تەبىئەت ناھايىتى روشەن ، ئاياللاردا ئاياللىق تەبىئەت ئىنتايىن گەۋدىلىك. بۇ بىر خىل ئومۇمىيلىق . مانا مۇشۇ ئومۇمىيلىقلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىش تەقسىماتى جەھەتتە بولسۇن ، كىيىم- كېچەك ، زىبۇزىننەت ۋە يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتتە بولسۇن ، روشەن ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن مىللىي خاسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاسلىقنى ۋە ئەركەكلىك سالاپىتىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك كۆركى بار . ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭمۇ ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى ، ئاياللىق تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ئىنتايىن نازۇك خاسلىقى بار . قەدىمكى ئەسەرلەردىكى بايانلارغا سەپسالىدىغان بولساق ، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئاياللىق خاراكتېرى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي- پەزىلىتى ، ھاياسى ، دىيانىتى ، قەددى- قامىتى ، ھۆسن- جامالى ، زىبۇزىننىتى قاتارلىقلار تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسا ، ئەرلەرنىڭ تاشقى كۆركىگە ئېتىبار قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قاراپ ، كۆپىنچە ئەرلىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەقىل- پاراستى ، غۇرۇر- ۋىجدانى ، باتۇرلۇقى ، قەيسەر ، قەھرىمانلىقى ، ئىلىم- ھۈنەر جەھەتتىكى ئىقتىدارى ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جاسارىتى قاتارلىق تەرەپلەرگە كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن . مەسىلەن ، كۆلتېكىننىڭ ئەرلىك سۈپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :«ئۇ يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا ب ىز چاچا سەنگۈن (سانغۇن ) بىلەن سوقۇشتۇق . دەسلەپتە ئۇ تارقىن چورىنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى ، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى . ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا ياقرانىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى ، ئۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۈچىنچى قېتىم يەگىن سىلىگ بەگنىڭ ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى ، ئۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۇنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىسى يەكمە (يېپىنچا)سىگە يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى. (لېكىن) يۈز- بېشىغا بىر تال ئوقنىمۇ تەگكۈزمىدى...» «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» ، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» 86- بەت. بۇ بىر ئەرنىڭ باتۇرلۇقىنى ، قەھرى مانلىقىنى ، قورقماس جاسارىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئەرلىك خاراكتېر .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داڭلىق ئېپوسلىرىدىن ۋە خەلق ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم نادىر نامايانلىرىدىن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى خەلقىمىزنىڭ ئەرلىك سالاپەت ئېڭى ئاساسىدا ئاجايىپ يۈكسەك ئو رۇنغا قويۇپ

تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ ئوبرازى ھەققىي ئەركەكلىك قىياپەت بىلەن خەلق قەلبىدە مۇنداق ئورۇنغا ئىگە بولغان: «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى . بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز- چىرايى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇ ھۆر- پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى. بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ سۈتىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممىدى . خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى . تىلى چىقىشقا باشلىدى . قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى . ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇننىڭ مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى.» «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 90- بەت.

يۇقىرىقى تەسۋىردىكى ئوغۇزخان ئەگەر ھازىرقى خەلقئارا بەدەن گۈزەللىك ۋە ساغلاملىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ مۇنبەرگە چىقسا ئالتۇن مېدال ئېلىشىدا شۈبھە يوق.

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ تاشقى ئەرلىك سىمۋولى يەنە بىر ئۆلچەم ساقال- بۇرۇت خۇسۇسىدا ئىپادىلىنىدۇ . چۈنكى، ئۇيغۇرلاردا ئەرلەرنىڭ مۇھىم بىر زىننىتى ساقال دەپ قارىلىدۇ . ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئۆز تەبىئىتىگە، ئەرلىك خاراكتېرىگە ياندىشىدىغان ھالدا قويۇق، ساقال- بۇرۇت ئاتا قىلىنغان . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەرلەرنىڭ تاشقى كۆركى توغرىسىدا توختىلىپ: «ئەرلەرنىڭ ساقال- چېچى ئۆز بولسۇن، ئاۋازى ئەرەنچە ۋە ئوچۇق بولسۇن، يۈرۈش- تۇرۇشى مەردانە بولسۇن، ساقال- چاچ كىشىنىڭ ھەيۋىتىنى، ئەرلىك سالاپىتىنى ئاشۇرىدۇ، بۇ ھەيۋەت بىلەن ئەرنىڭ ھۆرمىتى ئاشىدۇ» دېگەن . مۇنداق تەبىئىي ئۆلچەمنىڭ تەكىتلىنىشى ۋە قەدىرلىنىشى ئۇيغۇرئەرلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى يېتىلدۈرگەن تەبىئىي ئۆلچەم ئاساسىدا شەكىللەنگەن . ھەقىقەتەن ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئاتا قىلىنغان قويۇق ساقال- بۇرۇت تەبىئەتنىڭ بىزگە بەرگەن بىر ئەرلىك سالاپىتى ئىدى.

ھازىرقى ئەمەلىي رېئاللىقتا ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتى ۋە ئەرلىك خاراكتېرىنى ئۆلچەيدىغان چۈشەنچىلىرىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردىن كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىرىنچى، جىسمانىي ساپادىكى چېكىنىش ئالامەتلىرى

ئەرلەر ئۈچۈن جىسمانىي ساپا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلاردا «ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە ئىتنىڭ كۈچۈكى بول» دېگەن گەپ بار. ھازىر ئۇيغۇرلاردا بىر تەرەپتىن پاكار ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى . يەنە بىرى مېيىپ ئادەملەرنىڭ سانى ئېشىپ

كەتتى.بەدەن زەئىپلىكىنىڭ يەنە بىر روشەن ئىپادىسى شۇكى ، ھازىر ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ قورسىقى خۇددى توققۇز ئايلىق قورساق كۆتۈرگەن ئانىلارنىڭكىدەك تومپىيىپ چىققان .بەزىلەر چىرايلىق ئەرلىك سالاپەتنى يوقىتىپ ، خۇددى بىر پارچە پور كۆتەككە ئايلىنىپ قالغان . بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپى .ئەك ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى شۇكى ، ئەرلەر ئۆزىدىكى مۇشۇنداق نورمالسىز فىزئولوگىيىلىك ھالەتتىن پەخىرلىنىپ ، ئۇنى باياشادچىلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ ، كىشىلەرگە كۆز- كۆز قىلىدىغان بىر كۇزۇر قىلىۋالغان . بۇ خىل نورمالسىزلىق ئەمەلىيەتتە ئەرلەردىك ى جىسمانىي ئەمگەكتىن قاچىدىغان ، يېمەك- ئىچمەككە دىققەت قىلمايدىغان ، چىنىقىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ، ھۇرۇن ، بىكار تەلەپ كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈنىدىكەن. بىلىش كېرەككى سېمىزلىكمۇ بىر خىل كېسەل ، شۇنداقلا نۇرغۇن خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئانىسى .شۇڭا ، ئۇ خىل بىنورم ال بەدەن قۇرۇلۇشىمىز بىزنىڭ زەئىپلىكىمىزنى ، كېسەللىكىمىزنى ، پالاكەتلىكىمىزنى ، يارىماسلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى ، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ سالاپەتلىك ، ساغلام ، بېجىرىم ئەركەك ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى نورمالسىز ، كېلەڭسىز بەدەن تۇرمۇش ، خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردە پەقەت بىزگە قۇلايسىزلىق كەلتۈرىدۇ ، خالاس.

ئەرلەردىكى غەيرىي جىنسىي ياتلىشىش توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا ، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ساقال- بۇرۇتقا تۇتقان مۇئامىلە- مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىمۇ گەپ قىلىش زۆرۈر .ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەرلىرى بىلەن بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر ب ۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن . ھازىرقى ئۇيغۇر ئەرلىرى ساقال- بۇرۇتنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن خاتا چۈشىنىدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى . بىرى ، ساقال- بۇرۇتنى پەقەت سەھرالىقلارغا ۋە قارىي ، ئىماملارغا خاس ئىش. ئۇ مەدەنىيەت كاتوگورىيىسىگە كىرمەيدۇ ، دەپ چۈشىنىش. يەنە بىرى ، ساقال-بۇرۇت قويۇشنى قېرىغانلىقنى ئاشكارىلاش دەپ قاراپ ، قېرىلىقنى يوشۇرۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى سۈپىتىدە ساقال- بۇرۇتنى پاكىز قىرىپ يۈرۈش .شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قىرانىغا يەتكەن ئەرلىرىمىزمۇ ساقال- بۇرۇتىدىن نومۇس قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندىمۇ قانداق ؟ پېشقەدەم ، يەتمىش- سەكسەن ياشلىق مۆتىۋەرلىرىمىزنىڭ يۈزلىرى مومايلارنىڭ يۈزىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولدى . ئەسلىدىن ئالغاندا ساقال- بۇرۇت ئەرلەرنىڭ قېرىلىقنى يوشۇرۇپ ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلارنى يېپىپ ، ھەيۋىتىنى ئاشۇراتتىغۇ. تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ ئالاھىدىلىكنى قانداقمۇ يوقىتىۋەتكىلى بولسۇن. بۈگۈن قىرىۋەتسە يەنە ئەتىسى چىقىدىغان تۇرسا. مەن خېلى يىللاردىن بېرى بۇرۇت قويىمەن . ئۇنىڭ مېنىڭ

تۇرمۇشۇمغا ، دۇنيا قارىشىمغا ، گۈزەللىكىمگە ، ئەرلىك سالاپىتىمگە قىلچىلىك تەسىر قىلغا نلىقىنى ئۇقمايمەن .

ئەكسىچە مەن بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن . ساقال- بۇرۇت دېگەن بىزگە نىسبەتەن بۇرنىمىزنىڭ قاڭشارلىق ، كۆزىمىزنىڭ قارا ، قاپاقلىرىمىزنىڭ قاتلاق ، چاچلىرىمىزنىڭ قوڭۇر ۋە قارا يارىتىلغانلىقىغا ئوخشاش تەبىئەتنىڭ بىر ئىلتىپاتى .

ئەخمەق نادانلار شۇنى ھېس قىلىشى كېرەككى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاندىن تۇغما تەبىئىتى يەتتە ياشقا توشقاندا سۈننەت قىلىندۇ. ئەمدى كېلىپ ، ساقال-بۇرۇتلىرىمىزنى پۈتۈنلەي قىرىپ سۈننەت قىلىش قايسى مەزھەپتە باركى ؟

ئىككىنچى ، ئەلەرنىڭ زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشى مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسىمۇ ؟

ھازىر بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا بىر خىل غەيرىي جىنسىي ياتلىششقا ئوخششىپ كېتىدىغان بىمەنە «مەدەنىيلىشىش » خاھىشى باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ .بۇنىڭ ئىپادىلىرى شۇكى ، بىز بەزى ئۇيغۇر ئەركەكلەرنىڭ ئارىسىدا بويۇنلىرىدا زەنجىر ، قوللىرىدا ئۈزۈك ، بەزىلەرنىڭ بىلىكىدە بىلەزۈك تاقىغان غەيرىي مەدەنىي ياشلارنى ئۇچرىتىمىز . بۇ خىل ئەھۋالغا نىسبەتەن ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت.بىرى زامان تەرەققىي قىلدى ، پۇل بولسا زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغاننىڭ نېمە يامىنى ، ئۇمۇ بىر خىل مەدەنىيەت ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىسى ، دەپ قاراش . يەنە بىرى «ئۇچامدا ئىشتان يوق ، ئېتىم مارجان بۇۋى » دەپ ئەرلىك خۇسۇسىيەت ، ئەرلىك قەددى- قامەت ، ئەرلىك ئالاھىدىلىكنى يوقىتىش نېمىدېگەن قىلىقسىزلىق ، ئاياللار ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز قىلغانلىققۇ بۇ ، دەپ تەنقىدلەش .

مېنىڭچە ئىككىنچى خىل پىكىردىكى كىشىلەرنى مۇتەئە سسىپلىك قىلدى ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساسىمۇ ، مىللىي ئەنئەنە ئاساسىمۇ بار . مۇقەددەس كىتابلاردا «ئەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا ، ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە لەنەت » دېيىلگەن. بۇ ئەر ئەر بولسۇن ، ئەرلىك ئالاھىدىلىكنى ساقلىسۇن ، ئايال ئايال بولسۇن ، ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلىسۇن دېگەن تەلەپ ئىدى. ئەگەر بۇنى مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزەردىن قارايدىغان بولسا ، تەرەققىيات ، مەدەنىيەت ھەرگىزمۇ ئەرلىك خۇسۇسىيەتتىن ، ئەرلىك سالاھىيەتتىن مەھرۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەگەر پۇل بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنى ئەرلىك خۇسۇسىيەتتىن ، ئەرلىك سۈپەتتىن قول ئۈزدۈرۈپ ، ئالتۇن- جابدۇقلار بىلەن ئۆزىنى بېزەشكە مەجبۇر قىلىدىغان بولسا ، بۇ زادى قانداق پىسخىك تەقەززالىقنىڭ كۈچىدۇ ؟ مەن زىبۇزىننەت بىلەن ئۆزىنى پەردازلىۋالغان «ئەركەك »لەرنىڭ پىسخىكىسى ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئې نگىلەپ باقتىم .

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئازراق پۇل تاپقان ، چەللىدە ئات چېپىۋاتقان نادان ، ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بايچاقلار

ئىكەن.ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇلدارلىقىنى ۋىۋىسكا بىلەن ياكى پۇللىرىنى مەيدىسىگە چاپلاپ ياكى ئېسىپ نامايىش قىلىشنى ئەپسىز كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ، زىبۇزىننەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆز- كۆز قىلىدىكەن . يەنىمۇ مۇھىم تەرەپ شۇكى ، بۇ خىل ئادەتنى مەدەنىيلىك نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە تېخىمۇ ئاساسىمىز يوق. چۈنكى ، پۇل ھېچقاچان مەدەنىيەتلىك ئىنساننىڭ بەلگىسى بولغان ئەمەس . پۇل پەقەت مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ۋاستە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ، كلاسسىكلىرىمىز پۇل- بايلىقلا بولۇپ بىلمى ، مەدەنىيەت ساپاسى يوق كىشىلەرنى «بىر خۇرجۇن ئالتۇن ئارتىلغان ئېشەك » دەپ سۈپەتلىگەن .زىبۇزىننەتلەرنىڭ مەنسۇبىتىدىن قارىغاندىمۇ ئالتۇن ، زىبۇزىننەتلەر ئاياللارنىڭ نازۇك بەدەنلىرىگە ، ئۇلارنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇشقا ، ئۇلارنىڭ ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق ئىدى. ئەرلەرنىڭ يوغلۇق بەدەنلىرى ، ئاردەك قوللىرى ، تارشىدەك بىلەكلىرىگە نازۇك ھالقا ، ئۈزۈك ، زەنجىر ، بىلەزۈكلەرنى تاقاشقا قانداقمۇ مۇناسىپ كەلسۇن ؟

قەدىمدىن تارتىپ ھاز ىرغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە ئۇيغۇر ئەرلىرى ئەرلىك سالاپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىرمۇنچە ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن .ئىشلەپچىقىرىش زۆرۈرىيىتى بىلەن بېلىگە پوتا باغلاش ، پىچاق ئېسىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەرلەرگە خاس ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن .بىز ھازىر بارلىق ئۇيغۇر ئەرلىرى بېلىگە پوتا باغلىسا ، پىچاق ئاسسا بولاتتى دېمەكچى ئەمەسمىز ، بىراق بېلىگە پوتا ، پىچاق ئېسىشنىڭ ئورنىنى بويىنغا زەنجىر ، قولغا ئۈزۈك سېلىش ئىگىلىگەن .بىز بۇ نەرسىلەر بىلەن تۇرمۇشتىكى قايسى بىر ئىشنى ئەرلەرچە بېجىرىش ئۈچۈن پايدىلىنارمىز. پەقەت ھاياتىمىزنى خەتەر ئىچىگە قويۇشنىڭ بىر كۈلكىسى بولۇش رولىنى ئوينار . ئۇيغۇرلارنىڭ بەلۋېغى بىلەن پىچىقى تۇرمۇش ئېھتىياجى ، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەرقاچان زۆرۈر لازىمەتلىكلەر ئىدى . ھەتتا بەلۋاغ سىمۋوللۇق ھالدا ئەرلەرنىڭ ئىرادىسىگە ، ئىشە نچىسىگە ، جۈرئىتىگە ، باتۇرلۇقىغا ئىشارە قىلىناتتى . ئالتۇن- جابدۇقلار ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ نېمىسىگە سىمۋول قىلىنار ؟

ئەي ، ئۆزىنى ئەركەك دەپ سانايدىغان ئۇيغۇر ئوغۇللىرى ، خەلقىنىڭ سادا سىغا قۇلاق سېلىڭلار ! بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت چەت ئەل ئەمەس . بىز مۇشۇ جەمئىيەتتە ي اشاۋاتقان ئىكەنمىز ئۆز خەلقىمىزنىڭ يوللۇق قائىدە- يوسۇنلىرىغا ، تۇرمۇش مىزانىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز ، ئۆز ئەھۋالىمىز بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىپ كۆرۈپ ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئەرلىك ئۆلچەم تارازىسىغا سېلىپ تۇرىشىمىز لازىم . قەلبىمىز قۇرۇق ، ساۋاتسىز ، مەدەنىيەتسىز تۇرۇپ ،

تېره- گۆشلىرىمىزنى بېزەشۋالغانلىقىمىز بىزنىڭ قەدىر- قىممىتىمىزنى ، مەدەنىيلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ . بۇنى ئاتا- بوۋىلىرىمىز «بوياقلىق ھەيكەل» دەپ ئاتىغان.

بىر پەيلاسوپتىن ئادەم بىلەن ھايۋاننى پەرقلەندۈرىدىغان شەكلەن پەرق توغرىسىدا سورىغاندا مۇنداق جاۋا ب بەرگەن ئىكەن: بىرى ، ھايۋاننىڭ يېمىكىنىڭ نامخالىسى بولمايدۇ ، نېمە ئالدىغا كەلسە يەۋېرىدۇ. ئادەم بولسا ئۆزىگە مۇناسىپ نەرسىلەرنى يەيدۇ  . ئىككىنچى ، ھايۋانلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ۋەتىنى بولمايدۇ ، قەيەردە ياشاشقا توغرا كەلسە ياشاۋېرىدۇ ، ئىنسانلارنىڭ بولسا ئۆز ۋە تىنى بولىدۇ ، يۇرتى بولىدۇ ، ئۇلار ۋەتىنى ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ ، ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆلىدۇ .ئۈچىنچى ، ھايۋانلارنىڭ ئەركەك چىشىسىنى بىر قارىماققا پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ ، بىراق ئادەمنىڭ ئەر- ئاياللىق پەرقى ناھايىتى روشەن زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ.

دېمەكچى ، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى   جىنسىي پەرق جەمئىيەتتىكى مۇھىم قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى ، ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى     .گەرچە تاشقى ئىپادە جەھەتتىكى غەيرىي ئۆزگىرىش ماھىيەتلىك پەرقنى ئۆزگەرتىۋېتەلمىسىمۇ ، لېكىن مۇئەييەن نۇقتىدا غەيرىي جىنسىي ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . شەكلەن ئۆزگىرىش با را- بارا مەزمۇن جەھەتتىكى ئۆزگىرىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل بولۇپ قالىدۇ   . مەلۇم مەنىدە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىش مەزمۇننىڭمۇ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئەمەسمۇ ؟

## ئۇيغۇرلاردا سەرراپلىق

بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار

ئۇيغۇر سودىسى ئىچىدە ئاساسى سالماقنى ئىگەللەيدىغان سەرراپلىقتىن ئىبارەت ______ئالتۇن-كۈمۈش ، لەئىلى-جاۋاھىر ، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خىل كەسىپ بار     . بۇ كەسىپ كۆرۈنۈشتە ، ئالتۇن-  كۈمۈش سېتىپ پايدا كۆرىدىغان تىجارەتتەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمىلىيەتتە بىر پۈتۈن      ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ، شۇنداقلا مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كېپىللىك قىلىدىغان يۇقۇرى ئىقتىسادى قىممەتكە ئىگە بىر خىل كەسىپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر سەرراپلىقنىڭ ئالاھىدىلىگى:ئازاتلىققىچە سەرراپلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۇقۇرى ئىناۋەتلىك بىر خىل كەسپ بولۇپ ، ئۇ ئەينى دەۋردە دۆلەت مالىيە كۈچىگە خېلى تەسىر كۆرسەتكەن .

سەرراپلارنىڭ تىجارەت ئۇسۇلى :ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە ئالتۇن سارىيى ، سەرراپ بازىرى دېگەن مەخسۇس بازار ، سارايلار بولىدۇ . چوڭ سەرراپلار ساراي- ھوجرىلاردا مەخسۇس دۇكان ئاچىدۇ ، ئۇ شىشاق تىجارەت قىلغۇچى سەرراپلار (بۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ سەرراپلارنىڭ سېتىۋالغۇچى ، بازارنى كۈزىتىش خادىملىرى ) ھازىرقى پاي چېكى بازىرىغا ئوخشاش ئالتۇن-كۈمۈش ، يامبۇ ، ئالتۇن ئاسقۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باھا تالاشتۇرۇپ ساتىدۇ.ئۇلار يەنە چەت ئەل پۇلىنىڭ ئىناۋىتى(قىممىتى )نى ساقلايدۇ .

شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن باشلاپ 1949- يىلىغىچە چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلىمۇ كۈمۈش قىممىتىگە سۇندۇرۇلغان . مەسىلەن : ، بىر سەر تەڭگە 400 داچەن ھېسابلىنىپ ، 400 داچەنگە تەڭ بىر سەرلىك قەغەز پۇل چىقىرىلغان . ھۆكۈمەت قەغەز پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى ساق لاش ئۈچۈن سەرراپلارغا مۇھتاج بوپ كەلگەن .مۇبادا ، كۈمۈش باھاسى ئۆسسە ، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ ھۆكۈمەت زىيانغا ئۇچرىغان . شۇڭا سەرراپلار ئۆتمۈشتە دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ مۇھىم يۆلەنچۈكى بولغان .

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مال باھاسى سەرراپ بازىرىدىكى ئالتۇن- كۈمۈش باھاسىنى ئاساس قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق پۇل پاخاللىقى ۋە مال باھاسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشىدەك ئىقتىسادىي مۇقىمسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينىغان.

مەنبەسى : مىراس

كۆرۈلگىنى:44قېتىم

ۋاقتى :2008-1-5

ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان .ئەنە شۇ تارىخىي تۆھپىلىرىنىڭ يارقىن نەمۇنىسى ـــ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن ئىبارەت . ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان چوڭ ھەجىمدىكى بۈيۈك بەدىئىي قامۇسى .

ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر ، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى ي قىسىملىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ يارقىن ، ئەڭ كۈچلۈك ۋە خاراكتېرلىك مىللىي خۇسۇسىيەتنى ، مىللىي ئېستېتىك پسىخىلوگىيىسىنى نامايەن قىلدى .

ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەنگۈشتەرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا ، ئىجتىمائىي ھاياتىغا ، پسىخىلوگىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ ، ئىجتىمائىي ھاياتنى بېيىتىدىغان ، مىللىي غۇرۇرىنى ، ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىدىغان ، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئۇزۇق بولۇپ كەلمەكتە .

ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇك ى ، ئۇنى قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر كۈيلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا راۋاج تاپقان بىر يۈرۈش ناخشا - مۇزىكىلار : شۇنداقلا قەدىمكى كۆسەن( كۇچا ) ، سولى (قەشقەر ) ، ئۇدۇن (خوتەن ) ، قۇجۇ ( تۇرپان ) ، ئۈۋرغول ( قۇمۇل ) ، نەغمە -كۈيلىرى ۋە دولان نلخشا - مۇزىكىرىنىڭ ئۆز -ئارا گىرەلىشىدىن ھاسىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ . . .

مۇقام ئاتالغۇسى ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەنبەسىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ، مەلۇم سىستېمىغا سېلىنغان مۇزىكا مۇجەسسەمىنى بىلدۈرىدىغان خاس نام .ئون ئىككى مۇقامنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈش رامىلىرى ئەل فارابى ، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا ، ئەلىشىر نەۋائى ، قىدىرخان يەركەندى ، مەلىكە ئامانىسا ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازلىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، كۆپلىگەن مۇقامچىلارنىڭ قېزىشى ، توپلىشى ۋە رەتلىشى بىلەن ھازىرقى ھالەتتە قېلىپلاشتۇرۇلغان .شۇڭا دۇنيا سەنئەت تارىخىي ئىشلەپچىقىرىش كۆرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى مۇھاببەت ۋە نەپرەتنى ، راھەت ۋە جاپاسىنى ، خوشاللىق ۋە جاپاسىنى ،ئارزۇ ۋە ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە سەنئىتى ئاساسىدا شەكىللىنىپ ، بۈگۈنكىدەك كامالەتكە

يىتىش جەريانىنى تۆۋەندىكى 5 باسقۇچ ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن .

1- باسقۇچ : يەنى ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 -ئەسىردىن تاكى قاراخانىيلار دەۋرىگىچە بولغان يۇرۇشلەشكەن ئەلنەغمىچىلىك دەۋرى .

بۇ دەۋردە تەڭرىتاغ ، پامىر ، كوئېنلۇن ، قارا قۇرۇم ، ئالتۇنتاغ باغرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتى گۈللەپ - ياشناشقا باشلىغان ؛ كۆسەن (كۇچار ) ، سولى ( قەشقەر ) ، دولان ( يەكەن دەرياسى ۋادىسى ) ، ئۇدۇن ( خوتەن ) ، كروران ( لوپنۇر ) ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلنەغمىچىلىك تەرەققىياتى تارىختا شۆھرەتكە ئىگە بولغان .ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتى شۇ چاغلاردا غەربىي دىيار دائىرىلىرىدە نام چىقىرىپلا قالماي ، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن . يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا خوتەننىڭ << ئۇدۇن نەغمىسى >> خەن ئوردىسىغا مەلۇم بولغان . مىلادىدىن ئىلگىرىكى << باھادۇر >>كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان ، لى يەننەن بۇ چوڭ كۈيدىن پايدىلىنىپ 28 نەغمە ئىشلىگەن .

مىلادى 568 -يىلى تۈرك قاغ انى مۇغانخاننىڭ قىزى ئاسنا مەلىكە ياتلىق بولغان شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىمپىراتورى يۈي ۋېنۋاڭ كۆسەنلىك مەشھۇر كۈيشۇناس سۇجۇپىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپلىگەن مۇزىكا -ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان . شۇنىڭ بىلەن سۇجۇپنىڭ << ئون ئىككى ئىمپىراتسىيلىك كۈي قانۇنى >> سۈيى تاڭ مۇزىكىسىنىڭ ئۇلى بولۇپ قالغان . ھەتتا ياپونىيىلىك ئالىم لىن چيەنەن ئەپەندى ئېيتقاندەك ، سۇجۇپنىڭ << ئون ئىككى ئىمپىراتسىيلىك كۈي قانۇنى >> جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىلا ياپونىيە مۇزىكىلىرىغا تەدرىجى تەسىر كۆرسەتكەن . سۇجۇپ بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەلگەن كۇچارلىق مۇزىكانت بەي مىندا ( ئارقاي ھاندا ) مۇ ئاتاقلىق كۈيشۇناس بولۇپ ، ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىتىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . ئەينى زاماندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن ۋاڭ يەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆچۈر بېرىشىچە ، ئىدىقۇت ئوردىلىرىدا مەخسۇس ئوردا مۇزىكىلىرى بولغان. كېيىنچە ، بۇ ئوردا مۇزىكىلىرى خەلق مەشرەپ مۇقاملىرىغا ئۆزگىرىپ ، دەسلەپكى ئىدىقۇت مۇقاملىرى ۋە قۇمۇل

مۇقاملىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان . شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش ماۋزېدۇڭ سۈي - تاڭ مۇزىكا تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ : <<سۈي سۇلالىسىنىڭ توققۇز نەغمىسىنىڭ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئون نەغمىسىنىڭ تولىسى غەربىي دىيار نەغمىلىرى >> ئىدى ، دېگەن ( ماۋزېدۇڭ : << مۇزىكا خادىملىرى بىلەن سۆھبەت ( << ،

دېمەك ، ئاشۇ دەۋرلەردە گۈللەنگەن ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىكى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى بولغان .

2- باسقۇچ: ___ قاراخانىيلار دەۋرى.

بۇ مەزگىل ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ،ھەربىي جەھەتلەردە زور تەرەققىي قىلغان بىر دەۋرى بولۇش بىلەن بىللە ، مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ دەۋردە خېلى بۇرۇنلا داڭقى چىققان ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىكى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن راۋاجلىنىپ ، يېڭىچە ئىسلام روھى سىڭدۈرۈلگەن بىر قېتىملىق زور ئىسلاھاتقا دۇچ كەلدى . بۇ تارىخىي ئۆچرىشىشنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكىمۇقەررەر نەتىجىلىرى بۈيۈك ئالىم ۋە مۇزىكىشۇناس ئەبۇ نەسر ئەل فارابىنىڭ << كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر >> ، << كىتابۇل مۇسىقۇل سەغىر >>قاتارلىق نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىدە كاپالەت تاپتى . ئىبنى سىنا ( 1037 - 980 )مۇ فارابى مۇزىكا تەلىماتلىرى ئاساسىدا ئون ئىككى تېمپېراتسىيە ( ئون ئىككى پەردە ) ھەققىدە توختالدى . شۇنىڭ بىلەن پەرقلىق ئاۋازلار ( لاد ) قاتارلىق ئون ئىككى پەردە ( مۇقام ) گە ئايرىش ، غەربىي دىيارنىڭ ئەينى زاماندىكى ئون ئىككى تېمپېرتسىيىلىك نەغمە - كۈيلىرىنى ئون ئىككى مۇقام بويىچە بۆلەككە ئايرىپ ، ئۇنى پەرقلىق ناملار بىلەن ئاتاش روياپقا چىقتى . نەتىجىدە ئۇيغۇرلار سېستىمىلاشقان نەغمە - كۈيلىرىنىڭ نامىنى ئەرەبچە << مۇقام >> ئىبارىسى بىلەن ئاتىدى . تېخى نەغمە -كۈيلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن پارسلار ، ھىندىلار ۋە ئەرەبلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۈلگىسىدە فارابى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىقلارنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىلىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئەسەرلىرىنى تۈزۈشكە كىرىشتى .

بۇ دەۋردە يەنى فارابى ، ئىبنى سىنا مۇزىكا نەزىرىيىلىرى ئاساسىدا ، مۇھەممەت ئىبنى مۇسا ئەل خارازەمى ، ئەررازى ، مۇھەممەت بىن مەشئۇد ئەش شىرازى ( 1310 - 1236 ) ، سەيىددىن ئابدۇلمۆمىن ئەل ئورماۋى ( ۋاپاتى 1294 -يىل ) قاتارلىق ئالىملارمۇ مۇزىكا ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان .

بۇ دەۋردە قاراخانىيلار زامانىسدىكى شەرقىي قىسىم رايوننىڭ بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي قىسىم رايوننىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى قوشۇلۇپ ، ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىككە كېلىپ ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئەسلىدە بىر تۇتاش ئاتاپ كېلىۋاتقان كۆسەن مۇزىكىسى ، ئىدىقۇت مۇزىكىسى ، ئىۋرغول مۇزىكىسى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن نەغمە كۈي نامىلىرىنىڭ ئورنىغا << مۇقام >>ئاتالغۇسىنى قوللىنىش تەگرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئومۇملاشتى ، شۇنداقلا << ئون ئىككى مۇقام >> تەركىبىدىكى بەزى مۇقاملارنىڭ ناملىرى ئەرەب - پارس تىللىرى بىلەن ئاتالدى . ئەمما يەرلىك مۇقاملار ، مەسىلەن ، دەۋر دولان مۇقامى ۋە قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ئۇيغۇرچە ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى .

قىسقىسى . بۇ دەۋر قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەت خاسىيىتى بىلەن جانلانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەرەققىياتىنىڭ 2- باسقۇچ _____ سىنكرىتلىشىش باسقۇچىنى گەۋدىلەندۇردى .

3 - باسقۇچ : _____ تۆمۈرىيلەر دەۋرى ( ئەلىشىر نەۋائى ___ 1441-1501 - دەۋرى . )

فارابى ، ئىبنى سىنا ياشىغان ئىسلام روھى سىڭدۈرۈلگەن مۇقام ھادىسىسى ئۇلۇغبەگ زامانىسى( 1394-1449 ) دىن كېيىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتىرىلدى . بولۇپمۇ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھىراتقا يۆتكىلىپ ، ھەر قايسى جايلاردىكى داڭلىق سەنئەتكارلار نەۋائى ئەتراپىغا توپلاندى .

نەۋائى بۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ، ئىجادىيىتى ۋە تالانتىنى ئىنسانىنىڭ بەخت -سائادىتىگە ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىغا بېغىشلىدى . بولۇپمۇ ئۇ مۇزىكا ساھەسىدە ئۇستازى ئابدۇراخمان جامى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ، ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق مۇزىكا ئۇستازلىرىنى ، ئىقتىدارلىق سازەندىلەرنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى . ئۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى ھەققىدە << مەھبۇبۇل قۇلۇپ >> ، << مەجالىسۇن نەفايىس >> ، << خەمساتۇل مۇتەھەييىرىن >> ، << ھالەتى پەھلىۋان مۇھەممەت >> ، قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن بىللە ، بەزى مۇقاملارنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى ۋە مۇقامنىڭ بەزى تېكىستلىرىنى يېگىلىدى . بۇ دەۋردە يەنە نەۋائى بىلەن بىللە خوجا يۈسۈپ بۇرھانى( نەۋائىنىڭ مۇزىكا ئۇستازى ) ، بىنايى ، مۇھەممەتئىلى ، غىربىي ، مەۋلانە شەيخى ، پەھلىۋان مۇھەممەت ، خوجا ئابدۇللا قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكشۇناسلار ھەممە نەۋائىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھەسەن بارلىبانچى ، مىرزا بايرام ، غىياسىدىن قاتارلىق مۇقامچىلار يېتىشىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن فارابى دەۋردە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر

ئون ئككى مۇقامى يەنمۇ راۋاج تېپىپ ، كىلاسسىك خۇسۇسيەتكە ئىگە بولدى .

بۇ دەۋردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ،<<فارابى تېپى>> ياكى <<نەۋائى تېپى>> دەپ خاراكتېرلەنگەن مۇقام تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىقى باسقۇچلىرىدا مۇقاملارنىڭ نامى مۆجىزى ئاتاپ ئۆتكەندەك << راك >> ، << ئوششاق >> ، << ئۆزھال >> ، << چۆل ئىراق >> ، << ئەجەم >> ، << ناۋا >> ، <<< ۋىسال >> ، << چاھار زەرپ >> ، << چارىگاھ >> ، << دوگاھ >> ، << پەنجىگاھ >> ، << مۇشاۋرەك >> ، << بەيادەك >> ، << سىگاھ >> ، << بايات >> ، << ئىشرەت ئەنگىز >> دىن ئىبارەت ئون ئالتە مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ناملار ھازىرقىدەك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ، چوڭ نەغمە ، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن ، ھەر بىر قىسمى بىر قانچىلىغان نەغمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا مەنىسىدە ئەمەس ، بەلكى ئېشىپ كەتسە بىر نەچچە مەرغۇلى بولغان بىر يەككە نەغمە مەنىسىدە تىلغا ئېلىنغان .

- 4 باسقۇچ : ____ يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى باسقۇچى .

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرى چوڭ گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى . بۇ باسقۇچ خۇددى ئۇچبۇلۇڭنىڭ چوققىسىدەك ، مۇقام تارىخىنىڭ يېڭى تەرەققىيات سەلتەنىتى بولۇپ قالدى .

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بۇ تەرەققىيات تېپىغا يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان( 1570 - 1510 )ئوردىسىدىكى قىدىرخان ( 1571 - ؟ ) بىلەن مەلىكە ئاماننىسا ( 1568 - 1534 ) ۋەكىللىك قىلىدۇ . قىدىرخان ۋە مەلىكە ئاماننىسا رىياسەتچىلىكىدىكى بۇ قېتىملىق مۇقام ئىسلاھاتى غايەت زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك تۆت جەھەتنى مۇھىم نۇقتا قىلدى :

بىرىنچى ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى باسقۇچلاردا شەكىللەنگەن بارلىق ئەجەم ، ھەرقايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبە ۋە مۇزىكىلىك قۇرۇلما جەھەتلەردىن پەرقلىق بولغان مۇقاملىرىنى بىر گەۋدە ئىچىدە<<ئون ئىككى مۇقام >> دەپ سىنكرېتلاشتۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى .يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەر مۇقاملىرىنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مىللىي خاسلىقى گەۋدىلەندۈردى .

ئىككىنچى ، ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ دەسلەپكى بىخى بولغان كۆسەن ، سولى ، ئۇدۇن ، ئىدىقۇت ، ئۇرغۇل چوڭ نەغملىرىنىڭ مۇزىكا ، ناخشا ، ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبلىك خۇسۇسيىتىگە ۋارىسلىق

قىلىپ ، مۇقام نامى بىلەن يورۇتۇلۇپ تۇرغان بىر قاتار ناخشىلىق ۋە ئۇسسۇللۇق مۇزىكا گۇرۇپپىلىرى ئۆز پەدىلىرى بويىچە چوڭ نەغمە ، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت چوڭ ئۈچ قىسىملىق قىلىپ يۇرۇشلەشتۈرۈلدى . بۇ ، مۇقام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ، ئەڭ تۆپلۈك كېڭەيتىش ۋە رەتلىنىش باسقۇچى بولۇپ ، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام غەزىنىسى بېيىدى ۋە سىستېمىغا ئىگە بولدى .

ئۈچىنچى ، يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى مۇقامغا تېكىست رەتلەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى . بولۇپمۇ مۇقامنىڭ كلاسسىكلىق خۇسۇسىيىتىنى شەرت قىلغان ھالدا ئەلىشىر نەۋائىنى مەركەز قىلغان كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن ، جۈملىدىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلق كلاسسىك لىرىكىلىرىدىكى قىسمەت تەپەككۇر دۇردانىلىرىدىن ھەمدە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تېكىست تاللاندى .

تۆتىنچى ، بۇ دەۋردە قولغا كەلگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي ئۇتۇقلىرى ئىچىدە ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق كۈي ئېھتىياجىغا ماس ھالدا چالغۇ تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئاشۇ دەۋرلەردە ئەل فارابى ئىجادىيىتى دەپ خاراكتېرلەنگەن قالۇن ، قىدىرخان ئىجادىيىتىگە خاس ھەشتتار قاتارلىق يېڭى چالغۇلار قوبۇز ، غېجەك ، ساتار ، تەمبۇر ، راۋاب ، چاڭ ، داپ ، ناغرا ، سۇناي ، نەي ، بالمان قاتارلىق ئەنئەنىۋى چالغۇلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا ئوركېستىرىنى ھاسىل قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇلارمۇ مۇقام مېلودىيىسىگە خاس ھالدا قېلىپلاشتى .

يۇقارقىلار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور تەرەققىيات بولۇش بىلەن بىللە ، مۇقام چۈشەنچىسىدىكى يېڭى تارىخىي كونكرېت ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئون ئىككى مۇقام گەرچە بەش ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپە ئىچىدە داۋاملىق راۋاجلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاساسىي گەۋدىسى جەھەتتە يەنىلا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىكى تەرتىپكە سېلىنغان نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان .

5 - باسقۇچ : ______ مۇقامنىڭ يېڭى باھارى باشلانغان قىرىق يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مەزگىل ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان دەۋر بۆلگۈچ مەزگىل بولدى .

مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى مىسلىسىز قەدەملەر بىل ەن ئىلگىرلىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ پىسخىك خاسلىقىنىڭ مۇزىكىلىق جەۋھىرى بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ، توپلاش ، رەتلەش ۋە تولۇقلاش خىزمىتىدە خوشاللىنارلىق چوڭ ئۇتۇقلار قولغا كەلدى .

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تولۇقى بىلەن دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرىپ ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى يوقلىش خەتىرىدىن ساقلاپ قالغان مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكا ۋەكىللىكىدىكى داڭلىق مۇقامچىلار ئورۇندىغان ئون ئىككى مۇقام 50 - يىللارنىڭ بېشىدىلا سىمغا ( پلاستىنكا ) كۆچۈرۈۋېلىندى . بۇ ، خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان غايەت زور تارىخىي تۆھپە. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى . مۇقامنىڭ لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا << ئون ئىككى مۇقام >>تۇنجى قېتىم نوتىغا ئېلىنىپ ، كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

مۇقامنى سەھنىلەشتۈرۈش ، تەشۋىق قىلىش ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا يۈزلەندۈرۈش خىزمىتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى . پۈتۈن دۇنيا مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر بۇ ۋاقتى ئۇزاق ، تۈزۈلمىسى گۈزەل ، تەركىبى باي ، قىممىتى يۇقىرى ، چوڭ ھەجىملىك مۇقام غەزىنىسىگە يېڭى قىزىقىش نەزىرىنى سالدى .

1991 - يىلى ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، توپلاش ، قايتىدىن تولۇق يۈرۈشى بويىچە رەتلەپ چىقىش ، لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقى ، سەھنىلەشتۈرۈلگەن << چەببىيات >> مۇقامىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن << 4 - نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ئاۋازى مۇزىكا كۆرىكى >> دە ئالقىشلىنىپ ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنلىكى ، ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندون شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن <<تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى>> دا ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ياڭراق ساداسى بۈيۈك برىتانىيە ئارىلىنى قاپلىغانلىقى ، شۇ نداقلا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ساداسىنىڭ تەڭرى تاغلىرى ۋادىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ گېرمانىيە ، شۋېتسارىيە ، بېلگىيە ، گوللاندىيە ، قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستان ، ئىران ، پاكىستان ، ياپونىيە ، مالايسىيا ، سىنگاپور ۋە شىياڭگاڭ قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى ؛ << ئون ئىككى مۇقام >> نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مۇقام يۇرتى يەركەنتتە مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىسانىڭ ھەيۋەتلىك مەرمەر ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ ، تۈركۈم - تۈركۈم ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلغانلىقى ؛ رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە << مۇقام ئانسامبىلى>> ۋە <<ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى >>نىڭ قۇرۇلغانلىقى قايتا گۈللىنىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان يېپەك يولىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام

ساداسىنىڭ مەڭگۈ ياڭرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ، ئەلۋەتتە !

ئۇيغۇرلاردا توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق

بۇھەرىيەم شېرىپ خۇشتار

ھۈنەر- سەنئەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى يىپەك يولىدىكى سودا ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان . ئۇلار بۇ مۇنبەت زېمىندا سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ ، تاۋار-دۇردۇن ، كىمخاب ، شايى-ئەتلەس ، بەقەسەم ، ماتا-چەكمەنلەرنى توقۇپ ، يىپەك يولى سودىسىنى جانلاندۇرغان .

بۇنىڭدىن 70-80 يىللار ئىلگىرى ، ياركەنت ، خوتەن ، قەشقەر ئۇستىلىرى توقۇغان تەتىللا ، كىمخاب ، ئاق كالاۋتۇن ، سېرىق كالاۋتۇنلۇق زەرباپ رەختلەر چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنغان ، كېيىنكى ۋاقىتتا تەربىيىلىمەسلىك نەتىجىسىدە بۇ كەسىپ ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ ، ئەينى ۋاقىتنىڭ كىمخاب ، تەتىللالىرى ھازىرغىچە ساقلانماقتا . ئۇيغۇرلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن ، ياركەنت ، قەشقەر قاتارلىق رايونلار يىپەكچىلىكنىڭ ئانا يۇرتلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان يىپەكتىن سېرىق ، ئات باغرى ، قىزىل ئالا ، سېرىق ئالا ، ئالاقاغا ، قارا قاتارلىق كۆپ خىللىق ئەتلەس ؛ تۈمۈررەڭ ، يېشىل ، يېشىل ئالاقاغا ، مۇجەت قاتارلىق 20 نەچچە خىل بەقەسەم ؛ ئاق ، سېرىق ، ئەترەڭ ، قارا ، پوررەڭ شايى ؛ قوش يىپلىق چەكمەن شايى قاتارلىق رەختلەر ؛ يىپەك گىلەم ، جايناماز ، مېھراب ياپقۇ ، بەلباغ ، ئاياللار ياغلىقى ، چۇمپەردە ، پەرىجە ، ھەتتا ئەگلەك شايىلارنى توقۇغان .

پاختىدىن ھەر خىل كاتەكچە ، ھەيرانى ، ئانار گۈلى ، ئالما گۈلى ، يۇلغۇن چېچىكى ، توز قۇيرۇقى ، يېشىل ، نىل رەڭ تولىما ، شاتاۋا ، ئاق قىرغاق سىماۋى تېرىكە ، قوش يىپلىق رەڭمۇرەڭ تېرىكە قاتارلىق 70-80 خىل گۈللۈك رەخت ، كۆپ خىللىق ماتا-چەكمەن (ماتا-چەكمەن ئاق توقۇلۇپ بويىلىدۇ) ، ھەر خىل گۈللۈك پالاس ، گۈللۈك تاغار ، گۈللۈك خۇرجۇن ، گۈللۈك ئىشتانباغ قاتارلىق 100 نەچچە خىل پاختا توقۇلمىلارنى توقۇيدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە تولانغان يىپتىن تۈتىلىق توقۇپ ، قىزىل، قارا كۆك ياكى نىل رەڭ بىلەن بويىغان چەكمەنلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئۇيغۇرلار يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن . ئۇلار ساپ تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن ۋە تۈۋىت

ئاربلاشتۇرۇلغان تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن (قىزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا ، يۇڭ چەكمەننىڭ تۈرى كۆپ )تىۋىت رومال ، يۇڭ پالاس ، كاشا ، ئات- ئۇلاغلار ياپقۇسى قاتارلىق كۆپ خىل توقۇلمىلار ۋە يۇڭ تاغار ، يۇڭ خۇرجۇن قاتارلىق ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇغان .

ئۇيغۇرلار بوياقچىلىققا ماھىر ، ئۇلار قىزىل ، نىل ، قارا ، قارا كۆك ، زەيتۇنە ، چەيزە رەڭ ، شاپتۇل چېچىكى ، ئانار گۈلى ، خورما رەڭ ، توپا رەڭ ، ئەت رەڭ ، توق سېرىق ، تۇخۇم سېرىقى ، پوررەڭ ، كاۋا چېچىكى قاتارلىق كۆپ خىل رەڭ ئىشلىتىدۇ ۋە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈرىنى كۆپەيتىدۇ ، رەڭلەرنى تەڭشەيدۇ .

تەڭشەلگەن رەڭلەردە يىپەك ، پاختا ، يۇڭ رەختلەرنى بويايدۇ ، مەشۇت بويايدۇ . ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرى قىزىل رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ .بولۇپمۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرى قىزىل چەكمەن كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ھېسابلايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ نىل بويىقى دۇنياغا مەشھۇر .

ئۇيغۇر بوياقچىلىقى مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە ،ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخۇمەك ، زاك ، زەمچە ، ئانار پوستى ، يۇلغۇن چېچىكى ، ئۆرۈك قوۋزىقى ، ياڭاق پوستى ، تۆمۈر دېتى ، داشقال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ . بۇ خىل بوياق ئەسىرلەر بويى ئۆڭمەيدۇ . ئۇيغۇرلار توقۇغان "كونا رەڭلىك گىلەم "نىڭ خەلقئارا بازاردا ئەتىۋارلىق بولۇشى ئۇنىڭ رەڭ-بوياقلىرىنىڭ ئۆڭمەس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

مەنبەسى : مىراس

كۆرۈلگىنى:35قېتىم

ۋاقتى :2008-1-5

---

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى

نەبىجان مەمەت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا ، مول ئەدەبىي مىراسلارغا ۋە سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە . جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ، باي ۋە شانلىق مىراسلارغا ئىگە.ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىنى

ۋاراقلىغىنىمىزدا ، بۇ ساھەدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز ، بولۇپمۇ بۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۇرگەن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر .ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ پېشۋاسى ، بۈيۈك ئەدىب ئەبۇ نەسىر فارابىي پەلسەپە ، ئەدەبىيات ، تىبابەت ، تىلشۇناسلىق ، ماتېماتىكا ، فىزىكا قاتارلىق پەنلەر بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى بولۇپلا قالماي ، يەنە ماھىر مۇزىكانت ، مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ۋە مۇزىكا تارىخچىسى ئىدى .تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە ، فارابىي مۇزىكا چالغاندا ئاڭلىغۇچىلار ئاۋۋال ھاياجانلىنىپتۇ ، ئارقىدىن يىغلاپ كېتەتتى ، ئەڭ ئاخىردا ئۆزلىرىمۇ سەزمەستىنلا ئۇخلاپ قالاتتى. فارابىي بولسا ھەممەيلەننى ئۇخلىتىپ قويۇپ ، سورۇندىن كېتىپ قالاتتى. بۇنىڭدىن فارابىينىڭ مۇزىكا ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل سازىنىڭ نازۇك تارلىرىنى چېكەلىگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. فارابىي نۇرغۇن ئېسىل مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغان،چالغۇ ئەسۋابلار ئىچىدە قالۇننى فارابىي كەشىپ قالغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.فارابىي مۇزىكا تارىخى ۋە نەزەرىيىسى ھەققىدە «رىسالە مۇغەننىيۇن » (مۇزىكانتلار قوللانمىسى ) ناملىق كىتابنى يازغان . ئۆز كىتابىدا :«مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۆڭلىرى ئىنسان روھىغا مەنئۇى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئاملدۇر . ئۇنىڭغا شېئىر قوشۇلسا ، مۇزىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ» دېگەنىدى.فارابىينىڭ بۇ سۆزىدىن مۇزىكا بىلەن شېئىرنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ماھىر مۇزىكانتلاردىن بولغانىدى - 13 .ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلى ئالمالىقتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ ئىبنى ئەبۇ بەكر سەككاكىي «مىفتاھىل - ئۇلۇم » (ئىلىملەرنىڭ ئاچقۇچى ) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەسىدە زور شۆھرەت قازانغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى مول مېھنەت مېۋىلىرى ، ئون ئىككى مۇقامغا قوشقان تۆھپىلىرى ۋە تەڭداشسىز ئورۇنداش ماھارىتى بىلەن مۇزىكا ساھە سىدە داڭ چىقارغانىدى . ئاتاقلىق شائىر مەۋلانا ئۇبەيدۇللاھ لۇتفىي (1366 - 1465 )ئۆزىنىڭ نادىر شېئىرىي مىراسلىرى بىلەن شېئىرىيەتتە «مالىكۇل -كەلام» (تىل پادىشاھى )دەپ شۆھرەت قازانغان بولسا ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن «مۇزىكا ئۇستازى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىي (1441 - 1501 )ئۆزىنىڭ شېئىرى تالانتى ۋە ئىنتايىن مول ئەدەبىي مىراسلىرى بىلەن «شېئىرىي مەملىكەتنىڭ

پادىشاھى» دەپ تەرىپلەنگەن بولسا ، مۇزىكا جەھەتتىكى نادىر ئىجادىيەت مىراسلىرى ۋە ئاجايىپ ئورۇنداش ماھارىتى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان. رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە ، «ناۋا» مۇقامىنى ئەلىشىر نەۋائىي ئىجاد قىلغانىكەن . ئۇ ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇلارغا:«سازەندىلەر شادلىق يەتكۈزگۈچى ، غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر ...» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. ئەلىشىر نەۋائىي يەنە:«سازەندىنىڭ مجەزى مۇلايىم ، ئۆزى ئەقىللىق بولسام ، تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ باغرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ ، بولۇپمۇ ھەم ئوقۇپ ، ھەم چالىدىغان ناخشىچى ۋە سازەندە كۆڭۈل مەملىكتىگە قوزغىلاڭ سالىدۇ » دېگەنىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزدىن قىدىرخان ياركەندي ، سۇلتان سەئىدخان ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ، مىرزاھەيدەر ئايازىي ، مەلىكە ئامانىساخان نەفسىي ، بابا رەھىم مەشرەب ، نەۋبەتىي ، موللا ئىسمەتۇللاھ ئىبنى نېئمەتۇللاھ مۇئجىزىي ، موللا سابىرئاخۇن ناقىس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماھىر ئۇستازلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى زور بولغان . ئۇلار ئۆزلىرى مۇزىكا ئىجا قىلغان ، ئورۇندىغاندىن سىرت ، مۇزىكا ھەققىدە مۇھىم يازما مەنبەلەرنى مىراس قالدۇرغان. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بۈيۈك يادىكارلىقى ئون ئىككى مۇقامنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئۇيغۇر شائىر - ئەدىبلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولغان .ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نادىر شېئرىيەت مىراسلىرى بىلەن مۇقام تېكىستلىرىنى بېيىتىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزلىرىمۇ ئاجايىپ نادىر مۇقام نەغمىلىرىنى ، پەشرۇلىرىنى ، سەنەملىرىنى ، داستانلىر نىي ۋە مەشرەبلىرىنى ئىجاد قىلىپ ياكى ئورۇنداپ ، ،مۇقام شەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . ئۇلار مۇقام ھەققدە ، مۇزىكا ۋە ، مۇزىكانتلار ھەققدە ئاجايىپ پاساھەتلىك ئوتلۇق مىسرالارنى ، چوڭقۇر مۇھەببەت ، يۇقىرى ئىشتىياق ۋە زوق - ھاياجانغا تولغان بېيىتلەرنى ، شۇنداقلا يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ۋە نەزەرىيىۋى مەلۇمايلارنى يېزىپ قالدۇرغان . كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇزىكا ھەققدە يېزىپ قالدۇرغان يازما مەلۇماتلىرى بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىنى ، خەلقىمىزنىڭ ، جۈملىدىن كلاسسىكلىرىمىزنىڭ مۇزىكىغا بولغ ان چوڭقۇر مېھر - مۇھەببىتىنى ، مۇقام سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈپ ۋاراقلايدىغان بولساق ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ گويا بىر جۈپ قوشكېزەكتەك تەڭ تەرەققىي قىلىپ ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ، بىر - بىرىنى قەدىرلەپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىمىزدىمۇ

ئەدەبىيات بىلەن مۇزىكا قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلىشى ، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشى ، بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشى ، بىر - بىرىدىن ئەقلىي كۈچ ، بەدىئىي ماھارەت ، مەنىۋى زوق ئېلىشى ئىنتايىن مۇھىم . ئەدىبلەر مۇزىكىنى چۈشىنىشى ، ئېسىل مۇزىكا ئەسەرلىرىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا بەھرىمەن بولۇپ ، ئۇلاردىن ئۆزىچە مەنىۋى ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىشى ، مۇزىكانتلارمۇ شائىر - ئەدىبلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن زوق - ئىلھام ئېلىشى ۋە بۇنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك .كومپوزىتورلار ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا مۇنەۋۋەر تېكىستلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى ، ھەرگىزمۇ خام - خاتىلا ، يېرىم ياتا تېكىستلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، خەلقىمىز ياخشى كۆرىدىغان سەرخىل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ .بىز كلاسسىك مىراسلىرىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇر قازايلى ، كلاسسىكلىرىمىزدىن ئۆگىنەيلى ، ھەممىمىز تەڭ كۈچ چىقىرىپ ، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرەيلى

ئاپتور خوتەن يېڭى قاشتېشى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئوسما ، يىلىم قويۇش ئادىتى

مۇنەۋۋەر ئابدۇراخمان

.1ئوسما قويۇش ئادىتى

ئوسما- -كرېست گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان ، ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ ، دىيارىمىزدا قەدىمدىن ئۆستۈرۈپ كەلگەن ھەم خانىم - قىزلىرىمىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قاشلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كەلگەن.

ئەزەلدىن گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ، خانىم - قىزلىرىمىز ئۆز ئەتراپىدا ئۆسىدىغان تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ، ھەرخىل گىرىم بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ، ئوسما قويۇشقىمۇ ناھايىتى ئامراق. مەسىلەن ھازىرمۇ ئانىلىرىمىز ۋە قىز -چوكانلىرىمىز يازدا ھويلا باغلاردىن مەخسۇس

ئازراق جاي ئاجرتىپ ئوسما تېرىيدۇ. ئوسما قۇلاق بولغاندا ، ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ سىقىپ سۈيىنى قاشلىرىغا قويۇشۇۋالىدۇ. ئوسما ئىچكەن قاش ئەسلىدىكى قاشتىن قارا ، ئۇزۇن ، چىرايلىق بولۇپ ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. ئوسمىنى سىقىپ ، سۈيىنى ئۆچكە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ، قېشىنىڭ ئارىلى قىنىمۇ قىلىۋالىدۇ . بۇ تاش ئوسما دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنى تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئانىلىرىمىزنىڭ قارىشىچە ، ئوسما قاشنىڭ ئوزۇقى بولۇپ ، ئوسما قويۇۋەرسە قاش قارىيىپ قويۇقلىشىدۇ .ئانىلىرىمىزنىڭ ئوسمىنى قاچانلاردىن باشلاپ ئۇنى گىرىم بۇيۇملىرى سۈپىتىد ە ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق ، لېكىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى ئوسما قويغان خوتۇن - قىزلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىن قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ئوسما قويۇش ۋە گىرىم بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

قىزىل ، قۇمتۇرا مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدىكى مۇزىكا ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ، ھۆر - پەرىلەرنىڭ بەزىلىرى قېلىن قاشلىق ئەتكەن بولسا ، بەزىلىرى ناھايىتى ئىنچىكە قاشلىق ئېتىشكەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن . يەنە دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان ياغاچ ھەيكەل - قورچاقلار ئارىسىدىمۇ قاشلىق ئېتىپ ، يۈزىگە گىرىم قىلىۋالغان قىياپەتتىكى ئوبرازلارمۇ بار .تاڭ دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر جاڭفۇنىڭ كوچا ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان « سۇنغان تاللار » ناملىق شېئىرىدىكى « ياپيېشىل قاشلىرىدىن چەكسىز باھار تۇغۇلغاي » دېگەن مىسراغا قارىغاندا ، تاڭ دەۋرىدىكى (618-- 907) ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ئوسما قويۇش ئادىتى بولغانلىقى مەلۇم.

خانىم-قىزلىرىمىز بىر خىل ئۆسۈملۈكتىنلا ئەمەس ، بىر نەچچە خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچىكىنى ، بەزى مېۋىلەرنىڭ مېغىزى ۋە باشقىلارنى ھەرخىل مايلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ، پەرداز بۇيۇملىرى ياسىغانلىقى « تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق قەيت قىلىنغا ن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئېتىنىك تۈس ئالغان ھەم كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقىنى ئوسما بولۇپ ، ئۇ ، ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك . ئۇ 4 - ئاي مەزگىلىدە تېرىلىدۇ. 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ ، سېرىق رەڭلىك چېچەكلەيدۇ ، ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق بولۇپ ، سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ . ئوسما 5 سانتىمېتىر ئۆسكەندىن باشلاپ ، ئۇزۇن ئىلىنىپ ، كىچىك چىنىلەرگە سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، نۆكچە پىلتا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنچىكە ياغاچ ئۇچىغا پاختا يۆگەپ پەلتۈگۈچ ياساپ ، ئوسما سۈيىگە چىلاپ قاشقا

بىر نەچچە قېتىم يېقىلىدۇ .بىر ئاز شامالدىغاندىن كېيىن يېنىك سىلاپ يۇيىدۇ .چىنىدە كۆچمە بولغان قىسمى ئۈزۈنغىچە كەتمەيدۇ.ئۇنى قاشقا سۈرگەندە ، قاش ئۆزۈن ، پارقىراق بولىدۇ ، قاشنىڭ تومۇ ، قويۇق ئۆسۈشكە پايدىسى بولىدۇ .كۆز پەسلىدە ئوسمىنى ئۈزۈۋېلىپ ، ئۆچكە مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆيدۈرسە قىش پەسلىدىمۇ ياز كۈنلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىشلەتكىلى بولىدۇ .ئانىلىرىمىز نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئوسمىنى ئىشلىتىش داۋامىدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ، ئوسمىنى ئۆچكە مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، قومۇشقا قاچىلاپ قۇرۇتۇپ ، قاتتىق ئوسما ياكى قەلەم ئوسما ياساپ چىققان ① ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئوسمىنىڭ تەبئىيتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق قەيت قىلىنغان :ئوسما ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ، خۇسۇسىيتى بەدەننى پارقىرىتىدۇ ۋە ئارتۇق خىلتلارنى تارقىتىدۇ.ئوسمىنىڭ خۇزابىنى سۇ ۋە تۇز بىلەن باشقا چاپسا چاچنى قارايتىدۇ ، يەل ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تۇتتۇننى پۇرسا ياكى ئېزىپ چاپسا ، زۇكام ئۇچۇن مەنپەئەت قىلىدۇ. چاچلارنى چىڭىتىدۇ ، يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىنى ياكى قاينىتىلغان سۈيىنى مۇۋاپىق ھالدا ئىچە قەي قىلدۇرىدۇ ، ئوسمىنىڭ خۇزابى چاچنى قارايتىشقا باشقا خۇزابلارغا نىسبەتەن ياخشى ، ئۇرۇقنى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە تارتسا كۆزگە سۇيۇقلۇق چۈشۈشنى توسىدۇ ۋە چۈشكەن سۇيۇقلۇقلارنى تارقىتىدۇ .بۇنىڭدىن باشقا يەنە جىگەردىكى ھارارەتنى تارقىتىش ، قاننى سوۋۇتۇش ، زەھەرنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .باللارنىڭ دۈلۈنۈپ كېتىشلىرى قىزىتمىلىق كېسەللىكىدىكى ئەسۋە ، قان قۇسۇشنى داۋالاشقا ھەم ئېغىز ئىچى ۋە تىلغا چىققان جاراھەتلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

②ئوسما قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە .ھازىر گەرچە گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ساندا زور ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇيغۇر ئاياللىرى بولۇپمۇ يېزا - قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان قىز - چوكانلىرى ئوسمىدىن ئىبارەت بەدەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق تەبئىي گىرىم بۇيۇمىنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئۆستۈرمەكتە ۋە ئىشلەتمەكتە.

ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوسما ئىشلىتىش ئاساسىدا ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرخىل ئوسما قەلەمچىلىرى ، ئوسما چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ، ئو سما كىرېمى لاكى قاتارلىقلار كەڭ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ ، ھەمدە باشقا مىللەت قىز - چوكانلىرىغىمۇ ئۆزلىشىۋاتىدۇ.

.2يىلىم چېپىش ئادىتى

يىلىم چېپىش ئادىتى - سۇمبۇل چاچلىرىنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۇرۇش قەدىمكى ساھىبجامال ئانىلىرىمىز ئۆز گۈزەللىكىنى يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىز ناھايىتى بورۇنلا جىگدە يىلىمىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىدە قايتا - قايتا سىناق قىلىپ، چاچنىڭ چۇۋۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.

مەنبەسى : مىراس ژورنىلى

كۆرۈلگىنى:75قېتىم

ۋاقتى :2008-1-2

ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرلىرى

تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

)شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن(

تائاملارغا خاندۇر ئۇيغۇر تائاملىرى ،

بىزگە شەرەپ-شاندۇر ئۇيغۇر تائاملىرى.

خاسىيەت ھەم شىپائىي بار ھەربىرىنىڭ ،

بىزگە ھۆسن-خالدۇر ئۇيغۇر تائاملىرى.

- مۇھەممەتجان راشىدىن

ئوزۇقلىنىش- ھاياتلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى ، شۇڭا ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزدىن «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس » دېگەن ھېكمەت مىراس قالغان .ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ، ئۆزلىرىنىڭ ياشىغان تەبىئىي شەرت-شارائىتى ، مىزاجى ، ئوزۇقلىنىش ئادىتى ، ئېتىقاد ئادەتلىرىگە ماس كېلىدىغان ، ئىنتايىن كۆپ تائام تۈرلىرىنى ، شۇنداقلا ئىلمىي ئوزۇقلىنىش توغرىسىدىكى قىممەتلىك رىسالىلەرنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ ، ئۆزىگە خاس تائام مەدەنىيىتى ، تاماق ئېتىش ھۈنەر- سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن . ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە مىراس بولۇپ ، خەلقىمىزگە كۈندە ئۈچ ۋاق ھەمراھ بولۇپ ، ئۇلارغا كۈچ- قۇۋۋەت ، ئەقىل- پاراسەت ، ساغلاملىق ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان ، جانغا ھۇزۇر ، تىلغا لەززەت بېغىشلىغۇچى ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنىڭ تۈرلىرى ھەققەتەن كۆپ . ئۇيغۇر تائاملىرى تەمى ، پۇرىقى ، ئېتىلىشى ئۆزگىچە بولۇش ، كۆرۈنۈشى ، شەكلى ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاش ، مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولۇش ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق.

خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان قەدىمكى تۈرلۈك تارىخىي كىتابلاردىمۇ ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىممەتلىك بايانلار خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم . ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى »دا قەدىمكى ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئائىت 80 نەچچە ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغان . بۇلارنى يېمەك-ئىچمەك مەنبەسى ، يېمەك-ئىچمەك تۈرلىرى دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1يېمەك-ئىچمەك مەنبەسىدە ئاساسەن: تارىغ (بۇغداي ) ئارپا ، تۈتۈرقان (گۈرۈچ ) تۆگى (تېرىق ) ، قوناق ، سۇ ياغ ، قاغۇن (قوغۇن ) ، ياغ ، ئەت (گۆش ) سۈت ، يۇند (ئات ) ، ئۇد (كالا ) ، قوي ، ئۆچكە (ئۆچكە ) ، تاقاغۇ (توخۇ ) ، ئۆردەك ، قاز (غاز ) ، بالىق (بېلىق ) ، يۇمۇرتغا (تۇخۇم ) ، بال (ھەسەل ) ، سارمۇ ساق (سامساق ) ، ئوغلى (ئاق سەۋزە ) ، مورچ (قارا مۇچ ) ، سېۋت (يۇمغاقسۇت ) ، سوغۇن (پىياز ) ، تۇرما (تۇرۇپ ) ، چاغمۇر (چامغۇر ) ، تارماز (تەرخەمەك )

بۇتۇگە (پىدىگەن) ، ياغ ، گۆش ، كۆكتات قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان.

(2يېمەك-ئىچمەك تۈرلىرىدىن ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر تىلغا ئېلىنغان : (1) كۆمەچ ، نان تۈرلىرىدىن ئەتمەك (نان ) ، چوقمىن (هورنان ) ، قاتما (قاتلىما ) ، توقاچ ، كۆزمەن (كۆمەچ ) ، پۆسكەچ (كاكچا ) ، پۆشكەل (پوشكال ) ، قۇيما (قۇيماق )... قاتارلىقلار ؛ (2 ) سۈيۈق-سەلەك ، قاينىتىلغان تائاملاردىن ئۈگرە ، قېيما ئۈگرە ، سارماچۇق (قۇشقاچ تىلى ئاش ) ، لەتۇ (بىر خىل سۈيۈق تاماق ) ، تۇتماچ (چۆپ ) قاتارلىقلار ؛ (3) گۆش تۈرىدىكى تائاملاردىن سۆگلۈنچۈ (كاۋاپ ) ، مۈن (شورپا ) ، قازى (قېزا ) ، سوغۇت (هېسىپ ) قاتارلىقلار ؛ (4) ئىچىملىك تۈرلىرىدىن ئايران (قېتىق ) ، سۇزمە ، بۇخسۇم (بوزا ) قېمىز قاتارلىقلار.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1279 ~ 1368)دە ، ئوردىدا ساراي داستىخ انچى ، ئوزۇقشۇناس ۋە ئوردا تېۋىپى بولۇپ ئىشلىگەن مەشهۇر ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى قۇسقۇي تەرىپىدىن يېزىلغان «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»دا بۇنىڭدىن 600 ~ 700 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلىگەن تائاملىرى ، ئەت-گۆشلەر ، كۆكتاتلار ، خۇرۇچلار ۋە پەرهىزلەر بايان قىلىنغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ، ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتى ھەققىدە خېلى نوپۇزلۇق رىسالە ۋە قامۇسلارنى نەشر قىلدۇردى ۋە ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇردى . مەسىلەن : توختى باقى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984-يىلى نەشرى ) «ئۇيغۇر تاماقلىرى » ناملىق كىتابقا 300 خىلغا يېقىن ئۇيغۇر تائاملىرى كىرگۈزۈلگەن . ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تائاملىرى » ناملىق كىتابتا 640 نەچچە خىل تائام ۋە ئۇنىڭ خۇرۇچلىرى تونۇشتۇرۇلغان . ياش تەتقىقاتچى ۋەلى كېرەم كۆكئالىپ تەرى پىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تائاملىرى قامۇسى» (شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007-يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتابقا نۇرغۇن تائاملار كىرگۈزۈلگەن .ئاپتور كىتابىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە توختىلىپ ، «بۈگۈنكى كۈندە بىز ۋارىسلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرى 1000 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ ، سان ، سۈپەت جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ دەپ ئېيتساق ئارتۇق كەتمەيدۇ » دەپ يازغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى مەجمۇئەسى» دېگەن سەرلەۋھەدە بىر يۈرۈش 23 پارچە كىتاب تۈزدى ، ئۇنىڭ ھازىر 12 كىتابى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى .يۇقىرىدىكى بىرقاتار كىتابلارغا ئاساسلىنىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائاملىرىنى ۋە كېيىن باشقا

مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن تائاملىرىنى ، مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

.1نان تۈرىدىكى تائاملار

نان تۈرىدىكى تائاملار دېگەندە ، شەكلى قۇياش ، ئاينى ئەسلىتىدىغان ، پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغان ، ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدىغان ، ساقلاپ يېيىشكە ماس كېلىدىغان ، توي ، نەزىر ، مېھماندارچىلىقتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان تائاملار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.نان تۈرىدىكى تائاملارنىڭ پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشاشمىغاچقا ، ئۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلىمىز:

(1قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغانلىرى كۆمەچ : بۇ ناندىن بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان تائام بولۇشى مۇمكىن . مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى »دا ئۇنى «كۆزمەن » دەپ ئاتىغاندىن باشقا ، «كۆمەچ » دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.بۇ خىل تائام ھازىر كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلاردا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ھېلى ھەم مەۋجۇد.ئۇ كۆمەچ گۆشنان ، قوقاس پېتىر كۆمىچى ، قوقاس كۆمىچى ، قېيملىق كۆمەچ ، كۆمىمە قاتنان قاتارلىق 20 خىلدىن ئاشىدۇ.

(2تونۇردا پىشۇرۇلىدىغانلىرى نان (ئەتمەك ، ئەپمەك ): ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تامىقى بولۇپ ، قومۇلنىڭ قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3200 يىلنىڭ ئالدىدىكى نان تېپىلغان .ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپاننىڭ ئاستانە قەدىمي قەبرىستانلىقىدىنمۇ قەدىمكى نان تېپىلغان .ئۇيغۇرلاردا ناننىڭ تارىخى ھەققەتەن ئۇزۇن ، تۈرى كۆپ شۇنداقلا نانغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەرمۇ مول بولغاچقا ، مۇكەممەل نان مەدەنىيىتى يارىتىلغان دېيىشكە تامامەن بولىدۇناننىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى-ئۆي نېنى ، توقاچ ، سەپەر توقچى ، توي نېنى ، كاكچانان ، پېتىر نان ، گىردە ، بىجاق نېنى (كۆچا نېنى )، دامان نان ، ھەمەك نان ، شېكەر نان ، ياغلىق توقاچ ، شىرمان نان ، سىيادان توقچى ، كۆنجۈت توقچى ، سۈتلۈك توقاچ ، گۆشنان ، قاتلىما ، جىگىردەكلىك نان ، جىرىس نان ، زاغرا نان ، جىگىردەكلىك زاغرا ، سۈتلۈك زاغرا ، سۆك نان ، جۆۋەندە نان (قوشۇقلۇق نان )، مۇنارنان ، قىيملىق قاتلىما ، تاغ نېنى ، چاپتى ، گۆجۈك توقچى ، لوپنۇر توقچى ، بازار نېنى قاتارلىق 40 خىلدىن ئاشىدۇ.

(3قازاندا پۇشۇرۇلىدىغانلىرى قاتلىما ، قوتۇرماچ (قاتۇرما )، پىياز قاتلىمىسى ، پىششىق خېمىر قاتلىمىسى ، قاتلا نغان قوتۇرماچ ، تۇخۇم قوتۇرمىچى ، پوشكال (بۇ تائاممۇ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە )، قات-قات پوشكال ، تاتلىق

پوشكال ، تۇخۇم پوشكلى قاتارلقلار.

(4تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغانلىرى  تاۋا چوڭ نېنى ، شېكەر توقاچ ، ماي توقاچ ، گۆش قىيمىلىق قاتلىما توقاچ ، مېغىز قىيمىلىق توقاچ ، تاۋا توقچى ، چۈرۈك قاتلىما توقاچ ، قىيمىلىق تاۋا نېنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

.2قاينىتىلغان ۋە سۈيۈق-سەلەك تائاملار

چۆپ: بۇ تائامنىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇپ ، تەخمىنەن  2300 يىللىق تارىخقا ئىگە . مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇنىڭ «تۇتماچ» (تۇتماچ ئاچ)دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك ، ئادەملەرگە پايدىلىق تائام ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق لەتىپىچىسى ، قوشاقچى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇزىكانتى سەلەي چاققان  (1790 ~ 1850)مۇ «چۆپ بولسا » ناملىق قوشىقىدا بۇ تائام توغرىسىدا مۇنداق قوشاق قوشقان:

ئاتۇش قىزلىرى ئوتقاش ،
ئاشنىڭ يىلىكى چۆپ ئاش ،
قول باغلىشىپ تۇردۇ ،
چۆپ ئاش ئالدىدا كۆپ ئاش.

بەشكېرەم ئۇنى بولسا ،
ئاۋاتنىڭ تۇزى بولسا.
زەپ ئوخشايدۇ چۆپ دېگەن ،
ئاتۇشنىڭ قىزى بولسا.

چۆپنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى: نارىن چۆپ ، ئاتۇش چۆپى ، قايماق چۆپ ، قىزا نارىن ، ياغلىما چۆپ ، ئۆكۈز تىلى چۆپى دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئوماچ ، ئاتىلا ، ياما ، يوبدان ، سىقماق ، شوۋىگۈرۈچ ، ماشخوردا ، ئاق ئاش ، نەۋرۇز ئېشى ، خان ئېشى ، كۆكۋاش ئېشى ، سۆك ئېشى قاتارلىقلارمۇ سۈيۈق تا  ماقلارغا كىرىدۇ . سۈيۈقئاش چوڭ بىر تۈر بولۇپ ،

ئۇنىڭ يەنە ئۈگرە ، قورۇما ئۈگرە ، خولوپئاش ، كەسمە ، قۇشقاچ تىلى كەسمە ، ئۇزۇپ ئاش ، كۆك پۇرچاق ئۈگرىسى ، ماش ئۈگرىسى ، مەنچىزە سۇيۇقئاش ، بىمار ئىشى ، هاردۇق ئىشى ، كۆجە ئاش ، يېرتىپ ئاش ، توي ئىشى ، غورا ئۈگرىسى ، قىتىق سۇيۇقئاش ، كۇچا سۇيۇقئىشى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق تۈرى بار.

.3گۆش (ئەت) تائاملىرى

گۆش تائاملىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ، تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1شورپىلار ئاق شورپا ، قورۇما شورپا ، چەينەك شورپىسى ، قىيما شورپىسى ، باچكا شورپىس ى ، توخۇ شورپىسى ، تۇخۇم شورپىسى ، بېلىق شورپىسى ، تاۋۇز شورپىسى قاتارلىقلار.

(2كاۋاپ (سۆگلۈنچۈ ياكى قاقلىما ئەت ) كاۋاپنىڭ تارىخمۇ ناهايىتى ئۇزۇن ، چەرچەن ناهىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 2800 يىل بۇرۇنقى يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپ تېپىلغان.كاۋاپ زىق كاۋاپ ، تونۇر كاۋاپ ، شىرى كاۋاپ ، تاۋا كاۋاپ ، قىيما كاۋاپ ، قورۇما كاۋاپ ، پوستۇمبا كاۋاپ ، سوقما كاۋاپ ، بۆرەك كاۋىپى ، جىگەر كاۋىپى ، ئۆچەي كاۋىپى ، قېرىن كاۋىپى ، تال كاۋىپى ، قوۋۇرغا كاۋاپ ، بەل كاۋاپ ، مۇنار كاۋاپ ، كۆممە كاۋاپ ، دۇمبە جىگەر كاۋاپ ، بېلىق كاۋىپى ، جاڭگال كاۋىپى ، توشقان گۆش كاۋىپى ، باچكا كاۋىپى ، ئۆردەك كاۋىپى ، غاز كاۋىپى قاتارلىق 25 خىلدىن ئاشىدۇ.

(3قېزا .

(4دۇملىمە دۇملىمە توخۇ ، دۇملەنگەن چۆجە ، دۇملىمە گۆش ، دۇملىمە بېلىق ، دۇملىمە تال ، دۇملىمە جىگەر ، دۇملىمە پاچاق قاتارلىقلار.

(5كاللا پاقالچاق ، ئۆپكە.

.4قىيملىق تائاملار

بۇ خىل تائاملارنى تۆۋەندىكى ئالتە خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1مانتىلار بولاق مانتا ، پېتىر مانتا ، كاۋا مانتىسى ، چاۋا مانتىسى ، شېكەر مانتا ، كۇدە مانتىسى ، جاڭدۇ مانتىسى ، ياغ مانتىسى ، قىزىلچا مانتىسى ، ئاش مانتا ، رەڭلىك مانتا ، يېسىۋىلەك مانتىسى...

(2چۆچۈرىلەر چۆچۈرە ، قورۇما چۆچۈرە ، كۆك چۆچۈرىسى ، تۇخۇم چۆچۈرىسى ، قايماق چۆچۈرىسى ، مېغىز

چۆچۈرسى ، قىزىل بىداچ چۆچۈرسى ، ياپۇز چۆچۈرسى ، لويلا چۆچۈرسى ، پىننە چۆچۈرسى...

(3سامسىلار سامسا ، گۆش گىردە ، پەرمۇدە ، قاتلىما سامسا ، ياغ سامسا ، تۇخۇم سامسىسى ، كۆك سامسىسى ، شېكەر سامسىسى ، كاۋا سامسىسى ، قىزىل بىداچ سامسىسى ، شوخلا سامسىسى...

(4پۆرىلەر گۆش پۆرىسى ، كۆك پۆرىسى ، تۇخۇم پۆرىسى ، ياۋا كۆدە پۆرىسى...

(5تۈگرە (جۇۋاۋا ياكى جىن چۆچۈرسى ) تۈگرە ، شورپىلىق تۈگرە ، قۇرۇق كۆك تۈگرىسى ، بېدە تۈگ‌رىسى ، پالەك تۈگرىسى ، يېسىۋىلەك تۈگرىسى ، ئۈندۈرمە تۈگرىسى ، تۇرۇپ تۈگرىسى...

(6باشقىلار موندەك ، تۇرمەل ، پەرەمىش (خوشاك)، سامبۇسا ، تەپمەك...

5.قورۇما تائاملار

بۇ خىل تائاملارنى ئېتىدىغان ماتېرىيالنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1ئۈن تەركىبلىك قورۇما تائاملار ئۆي مەشىنى ، كاتتا لەڭمەن (گۈيرۇ)، غۇنچە گۆش لەڭمەن ، كۈدەك لەڭمەن ، تاسما لەڭمەن ، غېرىچ لەڭمەن ، قوۋۇرغا لەڭمەن ، بوتقا لەڭمەن ، كېسىپ لەڭمەن ، قوناق لەڭمەن ، باچكا لەڭمەن ، چامغۇر لەڭمەن ، تۇخۇم- كۆدە لەڭمەن ، ياغ لەڭمەن ، گۈرۈچ ئۇنى مەشىنى ، يەركەن مەشىنى (توخۇرمىيەن )؛ قۇرغاق قورۇما چۆپ ، ئۈزمە چۆپ قورۇمىسى (سومىيەن)، قەلەمچە چۆپ قورۇمىسى ، دىڭدىك قورۇمىسى ، قورداق ، نان قورداق ، قىيما قورداق ، ياپما (پېتىر ياپما ، بولاق ياپما ، قاتلىما ياپمىلار)، قولداما ، قارا بۇغداي قولدامىسى ، قورۇما چۆپ ، شوخلا چۆپ ، كۆك چۆپ (سەي چۆپ)، توخۇ نارىن ، شۇڭگۇتماق ، زاڭ (جوتاڭ)، گۈرۈچ چۆپ قورۇمىسى (سومفىن...(

(2گۈرۈچلۈك قورۇما تائاملار پولۇ : بۇ ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ سۇلتانى-شاھى بولۇپ ، تارىخى ئۇزۇن ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە : گۆشلۈك پولۇ ، ماش گۈرۈچ پولۇ ، ق ىزا پولۇ ، تاتلىق پولۇ ، توخۇم پولۇسى ، بېھى پولۇسى ، قىيملىق پولۇ ، توخۇ پولۇسى ، توي پولۇسى (قارا ئاش)، سۆك پولۇسى ، ئاق ئاش ، بەقەسەم پولۇ ، شادى پولۇ ، يارما پولۇ ، بۇغداي پولۇسى بولۇپ ، 25 خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تۈرگە شويلا ، بەتتە ، گاڭفەن ، قورۇما گاڭفەن ، ماش گۈرۈچ ئاش ، سىڭدۈرمە ، ھېسىپ قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ.

6.تاتلىق يېمەكلىكلەر

تاتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1سۇيۇقراق كەلگەن تاتلىق يېمەكلىكلەر  ھالۋا   : قەنت ھالۋىسى ، ئۇجمە ھالۋىسى ،    قوغۇن ھالۋىسى ، شىرنە ھالۋىسى ، تاۋۇز ھالۋىسى ، بۇلماق ، رىشالە (نىشالا)، ئېرىس قاتارلىقلار.

(2قاتۇرۇپ پىشۇرۇلغان تاتلىق يېمەكلىكلەر (تاتلىق تۇرۇملار )  تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان تاڭ سۇلالىسى دەۋرى(618 ~ 907 )گە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان پېچىنە-پىرەنىكلەرگە قاراپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل تائاملاردىن پايدىلىنىش تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ    . ئۇيغۇر پېچىنە- تورتلىرىنىڭ تۈرى  30 نەچچىدىن ئاشىدۇ ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە   :بال پىرەنىك ، ئاق پىرەنىك ، ئېرىس پىرەنىك ، ياغلىق پىرەنىك ، ياڭاقلىق پىرونىك ، ماشىنا پىرەنىك ، باللار پېچىنىسى ، قايماق پېچىنە ، قەۋەتلىك بال تورت ، ياڭاق تورت ، ئاق-      قارا تورت ، تۇخۇم تورت ، شاكىلات تورت ، كۈنجۈت تورت ، قوناق ئۇنى تورتى ، ئالما تورت ، يۆگىمە تورت ، باققالى ، تۇچ ، بولكا...

.7قورۇملار

ھازىر ئۇيغۇر رېستورانلىرى ، تېز تاماقخان     بلار ۋە ئائىلىلەردە ئېتىلىۋاتقان ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم قورۇملىرىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ ، ئۇيغۇر قورۇملىرى تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن قورۇملارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى- ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆش ۋە تۇخۇم قورۇملىرى ، شىپالىق قورۇملار ، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ،   بېلىق گۆشى تۈرلىرى قورۇملىرى ، ھۆل-   قۇرۇق مېۋىلەر ، گۆشسىز قورۇملار ، سوغۇق سەيلەر ، ھايۋانات ئىچكى ئەزالىرى قورۇملىرى دېگەن تۈرلەر بويىچە 200 خىلدىن ئاشىدۇ.

.8باشقىلار

ساڭزا ، قايماقلىق ھورنان ، ھور قاتلىما   (يوتازا )، سېرىقئاش ، قورۇما كاۋاپلىق سېرىق ئاش ، قېي  نقچە ، بوغۇرساق ، راڭپىزا ، ئەشمە قۇيماق  (ماخار )، بېلىق تالقىنى ، ئۇجۇل تالقىنى  (لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېكەنىنىڭ توزغىقىدىن تەييارلانغان ئالاھىدە تامىقى )، ئۇجۇل قاتۇرمىسى ، ئۇجۇل ھالۋىسى...

ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرى ھەققەتەن كۆپ بولۇپ ، ئۇنى ئايرىم بىر دۇنيا دېيىشكە بولى     دۇ. بىر پارچە قىسقا ماقالە ئارقىلىق ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ، مەن بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم    . تۈرلەرگە بۆلۈشتە ئىلمىي بولمىغان ، تولۇق بولمىغان ئەھۋاللار بولۇشى

مۇمكىن ، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇچانلىق بىلەن پايدىلىنىشىنى ۋە قىممەتلىك پىكىر-  تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار


.1مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- ، 2- ، 3-توملار ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981- ، 1982- ، 1984-يىللار نەشرى.

.2قۇسقۇي: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى ، 2006-يىل نەشرى.

.3ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993-يىل نەشرى.

.4توختى باقى: «ئۇيغۇر تاماقلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984-يىل نەشرى.

.5ۋەلى كېرەم كۆكئالىپ: «ئۇيغۇر تائاملىرى قامۇسى» ، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى ، 2007-يىل نەشرى.

.6يۇنۇس ھەمدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇن تائاملىرى» ، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى ، 2007-يىل نەشرى.

.7يۇنۇس ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر قورۇملىرى» ، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى ، 2006-يىل نەشرى.

.8ئەھمەتجان ئىسمائىل: «مىزاج ۋە يېمەك-ئىچمەك» ، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى ،2000-يىل نەشرى.

.9يۇنۇس ھەمدۇللا: «سۇيۇقئاشلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2007-يىل نەشرى.

.10يۇنۇس ھەمدۇللا: «لەگمەن ، نېرىنلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2007-يىل نەشرى.

.11رازىيە تۇرسۇن: «پىچىنە-پىرەنىك ، تورتلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2007-يىل نەشرى.

.12غوجا ئەخمەت يۇنۇس : ««تۈركىي تىللار دىۋانى ›دىكى باياناتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ 11-ئەسىردىكى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلى 2005-يىللىق 4-سان.

.13داۋۇت تۇرەخمەتوۋ توپلىغان  «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» ، ئالمۇتا ، 1984-يىل نەشرى.


تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

ئاۋاتلىقلاردا مەدەنىيەت

دولان مەشرىپى

.§1مۇزىكا ۋە تېكست

ئاۋاتتىكى دولانلىقلار ئارىسىدا تارقالغان مۇزىكىلىق ئەسەر «باياۋا ن» دەپ ئاتىلىدۇ ، ئۇ مۇقام بىلەن ئوخشاش خاراكتېردە بولغاچقا ، دولان مۇقامى دېيىلىدۇ.

باياۋان -دولان مەشرىپىدىكى ئاساسىي كۈي ، ئۇ باش باياۋان ، بوم باياۋان ، سىم باياۋان ، باياۋان ، موغال باياۋان ، ساموك باياۋان ، جۇلا باياۋان ، چۆل باياۋان ، دولامەت باياۋان قاتارلىق توققۇز مۇقامدىن تەركىب تاپقان.

پېشقەدەم سەنئەتكار مەمتاۋلا نىياز رەتلىگەن «دولان مۇزىكىلىق مۇقامى » ، «بەشئېرىق بوستان مۇقامى » قاتارلىقلار قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغان دولان مۇقامى ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىدا ئەڭ ق ەدىمىي ، قويۇق ھەم مۇكەممەل يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ، يۇرۇشلەشكەن چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان خەلق سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسىدۇر ھەمدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام »نىڭ ئاساسىدۇر. ئۇ ئۇزاق مۇددەت تارقىلىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ راۋاجلىنىپ كەلدى .ئۇنىڭ تېكىستلىرىدە دولانلىقلارنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.باش باياۋاندا مۇنداق بىر كۇبلېت تېكىست بار:

دالا دەشتىدە ئەرۋاھ ،

بولارنىڭ ھالىنى كۆردۈم.

يېتىپتۇ داك سۆڭەك بولۇپ ،

ئۇنىڭ مازارىنى كۆردۈم.

بۇنىڭدىن قەدىمكى دولانلىقلاردا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتنى چۆلدە قويىدىغان ئادەت بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇلا، چۆل-باياۋان مۇقاملىرىنىڭ سوزۇلىدىغان يېرى دەسلەپتە «ۋوي ... ۋوي»، «ئاھ جېنىم»، «ئايارەي» دېگەندەكلەر بىلەن چۈشەتتى. كېيىن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا «ئاللا»، «ئاللىيەي ئاللا»غا ئۆزگەرگەن. «ئاللىيەي ئاللا» مۇقامدا كەم بولسا بولمايدىغان قىستۇرۇلما سۆز بولۇپ قالغان.

ئاق ئالمىنىڭ شاخىدەك، ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان ؟

ئاللىيەي ئاللا.

ئېچمىدىكى دەردىمنى سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان ؟

ئاللىيەي ئاللا.

دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىباھا خەزىنىسىدۇر، ھەربىر مۇقامىنىڭ تېكىستى مۇقىم بولمايدۇ، مەشرەپ سورۇنى ۋە كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . ھەربىر بۆلەكنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇنى بولىدۇ، ئالدىنقى بۆلەكنىڭ مەزمۇنى كېيىنكى بۆلەكنىڭ مەزمۇنىغا بېقىنما يدۇ، بۇ ئالاھىدىلىك مۇقام تېكىستلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھەربىر مۇقام مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل قوشاقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، بىر مەشرەپتە قوشاقچىلار 10 ~ 20 كۇپلېت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ جىق قوشاق توقۇپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قوشاق ئۈزلۈكسىز موللىشىپ بارىدۇ. دائىم ئېيتىلىپ تۇرىدىغان «سەپەر ناخشىسى» بۇنىڭ بىر مىسالى:

ئاقىنا كۆينەك كىيىپسىز ،

قىپقىزىل جىيەك تۇتۇپ.

ئاشناڭىز قېنى خېنىم ،

ئولتۇرىسىز ئىگەك تۇتۇپ.

يېپەك-تاۋاردا كۆينەك كىيىپ ،

گۈل قىسىپتۇ تالادا.

ئاشنا تۇتقان خېنىملار ،

ئەمدى قاپتۇ بالادا.

ھاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ ،

ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.

ئىشتاننى قىسقا كىيىپ

كۆينەكىگىز سۈرۈلۈپ قاپتۇ.

باغقا قوغۇن تېرىسام ،

چۈشكەن سويمىسى ئوڭدا.

ئويۇننى تولا ئويناپ ،

ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

ئەجەب ئوبدان بالىكەنسىز ،

چېچەك مونچاققا ئوخشايسىز.

قولىڭىزغا سۇ بېرەي دېسەم ،

قىمارۋاز-بەڭگىگە ئوخشايسىز.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ قىزىرىپ تۇرغان بىلەن ،

كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ ھېجىيىپ تۇرغان بىلەن.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ ، باشقا قىسسا بىر قۇچاق ،

كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

ئاۋاتتىكى دولانلىقلار تەخمىنەن 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆچۈپ كەلگەن . ئۇلار ئەمگەك جەريانىدا ، سەپەر ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى ، خۇشاللىقىنى ، قايغۇ- ھەسرەتلىرىنى ، يېتىمسىرەشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ، قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتقان ، شۇنىڭ بىلەن پەيدىنپەي دولان مۇقامى ۋە ئۇنىڭ تېكستلىرى مەيدانغا كەلگەن . بۇ تېكستلەر ئەمەلىيەتتە ئاۋات ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان ناخشا- قوشاقلاردىن ئىبارەت . ئوخشاشمىغان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن قوشاقلار ئاۋاتنىڭ تارىخىنى ۋە ئاۋاتلىقلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھاۋا① بىلەن ئادەم② قېنى ، ئەيسا③ بىلەن مۇسا④ قېنى ؟
ئىككى ئالەم سەردارى غوجام رەسۇلللا ⑤ قېنى.

گۆرنىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇق ، قايدىن چۈشەر يورۇقچىلىق ؟
بىچارە بولۇپ ياتقۇلۇق ، بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق.

①ھاۋا ئانام ، ② ئادەم ئاتام ، ③ ئەيسا پەيغەمبەر ، ④ مۇسا پەيغەمبەر ، ⑤ مەھەممەت پەيغەمبەر .
ئەل مېنى يامان دەيدۇ ، بىلمەيمەن يامانلىقنى ،
كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ ، تىلەيمەن ئامانلىقنى.

نادامەت ئەيلىگەن بىلەن ، ئۆلۈپ كەتكەن تىرىلمەيدۇ ،
ئاھ ئۇرۇپ پەريادىلەر چەكسەڭ ، قەبرىدىن سادا كەلمەيدۇ.

جاننىغۇ بەردى خۇدا ، بىر كۈن ئامانەت ئالدۇ ،

مىلىك مۇشەققەتلەر بىلەن سالغان ئىمارەت قالدۇ.

غەزەلنى تولا ئېيتسام ، ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ ،

مېنى باققان ئانام بولسا ، دەردى بار بالام دەيدۇ.

ئۆلۈمگە ھېلىلەر قىلغان ، لوقمان ھېكىم قالدىمۇ ؟

خۇدادىن ئۆمۈر تىلەپ ، ئىستىگەن جان قالدىمۇ ؟

مەن باغنىڭغا كىرمەيمەن ، ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن ،

ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە ، نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

خۇدايائۇل خۇداۋەندە ئەجەپ ئادەم بىنا قىلدىڭ ،

يارالغان ئادىمزاتنى ئۆلۈمگە ئاشنا قىلدىڭ.

ئاتادەك مېھرىبان قايدا ، ئانادەك مېھرىبان قايدا ،

بېشىمغا كۈنلەر چۈشكەندە ، ئانادەك مېھرىبان قايدا.

بۇ راۋاب قانداق راۋاب ، قوي تارىسى سالغان راۋاب ،

ياخشى مېھمان كەپتۇ دەپ ، توي بىلىپ چالغان راۋاب.

بىر قويۇم ئىككىنى تۇغدى ، بېرىپ كۆرۈڭ قوزىسىنى ،

كىم يامانلىق ئەيلىسە ، خۇدا بېرۇر جازاسىنى.

ئانامدۇر پاتىمە-زۆھرە① ، ئاتام شۇل شاھى مەرداندۇر② ،

خۇدا يولىدا جان بەرگەن ، يۈسۈپ③ بىلەن زىلەيخادۇر.④

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ داپنى سوقالمايدۇ كىشى ،

چەككىلى تاماكا يوق ، ئوينىغىلى نەدە كىشى.

①مەھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىزلىرى ، ②ھەزرىتى ئەلى ③يۈسۈپ پەيغەمبەر ، ④يۈسۈپ پەيغەمبەرنىڭ ئايالى.

چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەيمۇ ، لېۋىڭنى غۇنچىدىن دەيمۇ ؟

ئىشىكتىن يەلپۈنۈپ چىقساڭ ، يېڭى باغنىڭ گۈلى دەيمۇ ؟

قاشىڭ بىلەن قارايسەن ، زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن ،

مەن ساڭا نېمە قىلغان ، ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم ، سەندىن نېمە پەرۋايىم ،

شول باشىم ئامان بولسا ، ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

ئاتىنىڭ ئاتلىقى باردۇر ، ناۋاتنىڭ تاتلىقى باردۇر ،

سەن ئۆزەڭنى داڭلايسەن ، سەندىن باشقا يار باردۇر.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە ، مەن ئۆزەم خىيالەتتە ،

مەندىن باشقا يار تۇتساڭ ، ئەرزىم بار قىيامەتتە.

جاھاندا نېمىلەر ياخشى ، ئاتا بىلەن ئانا ياخشى ،

ۋاپاسىز قېرىنداشتىن ، ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

مەن باردىم كېچە بىلەن ، ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن ،

قولۇم باغلىنىپ قاپتۇ ، يارىمنىڭ چېچى بىلەن.

كېۋەزلىككە كىرىپ باقسام ، كېۋەزلەر غوزا باغلاپتۇ ،

مېنىڭ دولاندىكى يارىم ، بېلىگە پوتا باغلاپتۇ.

ئىشىك ئالدى كۆل بولسا ، قاپاق تېرەڭ ئۆسمەمدۇ ،

كۆڭۈلدىكى يار بولسا ، كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تەخمىنەن 28 خىل قوشاق تارقالغان ، ئۇلار ھەممىشە دولان مەشرىپىدە ئېيتىلىدۇ.

چاي تۇتۇش قوشىقى

چايى دەيدۇ ، چايى دەيدۇ ،

چاينىڭ قايماقى بار.

قەستىمىزغۇ چايدا ئەمەس ،

ئويناپ كۆڭۈل ئاچماقى بار.

ئاي چىنىدە كەلگەن چاي ،

ئاپپاق جۇۋان ئەتكەن چاي.

تۇتتۇم قوبۇل ئېتەلا ،

كۆيدۈرۈۋالماي ئىچەلا.

ئەجەپ ئىكەن چايلارى ،

شېرىن سۆزلۈك لەۋلەرى.

شۇنچە خەق ئاراسىدا.

قالدى ئىپار تەملەرى

پوتا بىيىت-قوشاقلىرى

ئى يارى خېنىم ، سىلىگە ئوخشىماس ،

ئىشقى بىر گادايىڭ ماڭا ئوخشىماس.

سۆزلىسەم سۆزلىرىم تامام بولماس ،

ئىككىمىز پوتا ئوينىساق ھېچ يامان بولماس.

※ ※

ئاق تىكەن ، ئاپپاق تىكەن ،

چۆرىسىدە گۈل بار ئىكەن.

گۈلنى ئۈزۈپ كۈپكە سالدىم ،

كۈپتە هاراق بار ئىكەن.

ئوك قولۇمغا هاراق ئالدىم ،

سول قولۇمغا شام چىراغ.

شام چىراغتا كۆرۈشكەندىن ،

مەشرەپتە كۆرۈشكەن ياخشىراق.

※ ※

كۆككىناك كەپتەر ئەمەس ،

كۈندە-كۈندە كەلگىلى.

كۈندە كەلسەممۇ كېلەرمەن ،

ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى ،

چۈشتى پىيالە-چىنىگە.

قارىمايسىز ئەجەپمۇ ،

مەن يېتىم بىچارىگە.

دولان مەشرىپىدىكى مىرۋازلىق قوشاقلىرى

شىرىق-شىرىق ئىككى كام قىرىق ،

ئادىمەتچىلىك ، زىياپەتچىلىك.

تەك دىمەتچىلىك ، خوشىندارچىلىق ،

ئەل-ئاغىنىدارچىلىق ، مەھەللىدارچىلىق.

كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ ،

تاش بىلەن قۇمنى ساناپ.

يارنى كەتتى دەپ ئاڭلاپ ،

قالدۇق يۈرەكنى تاتىلاپ.

ئۈژمە ، يېڭىئېرىقتىن كەتتى ،

ئايكۆل ، سايئېرىقتىن كەتتى.

توخۇلا ، سەكپاچىدىن كەتتى ،

بالداڭ ، قارىمۇقچىدىن كەتتى.

قۇمباش ، بەشئېرىقتىن كەتتى ،

ئاۋات غورۇچۆلدىن كەتتى.

قۇملۇق چىغانچۆلدىن كەتتى ،

شاقۇر پىچاق سۇندىدىن كەتتى.

ئاقسۇ ساق-ساق مارالدىن كەتتى ،

مارالبېشى ئاقساقمارالدىن كەتتى.

قاراتال يېڭى مەھەللىدىن كەتتى ،

غورۇچۆل ئارا مەھەللىدىن كەتتى.

ئات ئېگىرى بىلەن كەتتى ،

كالا جۇپى بىلەن كەتتى ،

مال قوتىنى بىلەن كەتتى ،

توخۇ كاتنكى بىلەن كەتتى.

ئوي مەھەللىدىن كەتتى ، دۆك مەھەللىدىن كەتتى ،

نەغمىچىلەرنىڭ غەيرىتى ئېشىپ كەتتى.

ئۇسسۇلچىلار ھېرىپ كەتتى ،

پۇت-قوللىرى تېلىپ كەتتى.

يۈرەكلىرى سېلىپ كەتتى ،

ئەتراپىغا قاراپ كەتتى.

ئوينىغانلار ئويناپ كەتتى ،

ئوينىمىغانلار نەگە كەتتى ؟

دولان مۇقامىدا چېلىنىدىغان ئاساسلىق چالغۇ دولان راۋابىدۇر ، ئۇ چېلىشقا ئەپلىك بولۇپ ، چۆل- باياۋان ، ئوتلاق- دالاغا خاس كۈيگە باي .ئۇنىڭغا قالۇن ، داپ قاتارلىقلار تەڭكەش قىلىنسا ، دولان مۇقامىنىڭ دولانغا خاس ئۆزگىچە كۈيىنى ھاسىل قىلىپ ، سەنئەتنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ.

.§2ئۇسسۇل

ئاۋاتتىكى ئۇيغۇر خەلقى دولان مەشرەپ ئۇسسۇلى (دولان سەنىمى )غا مەستانە ، ئۇسسۇلدا ئاساسەن ئوۋچىلىق جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى جۇشقۇن- مەردانە بولۇپ ، رىتىمى كۈچلۈك ، ئۇنىڭدا يايلاقتا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيا ئاتىدىغان ، ۋۇجۇدىدىن جۇشقۇنلۇق ، جەسۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي ئالاھىدىلىك ساقلاپ قېلىنغان.

ئۇسسۇل چكتمه ، سەنەم ، هوزۇر (سەلقە ) ، سىرلمە قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈندۇ . چكتمە باشلىنىش بۆلىكى بولۇپ ، ئۇنىڭدا هەرىكەت ئاستا بولىدۇ ، ئۇسسۇل ئوينغۇچى قولىنى ئوك ، سولغا تاشلايدۇ ۋە ئوڭغا يېرىم سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ . سەنەمگە كۆچكەندە رىتىم تېزلىشىپ ، هەرىكەت ئىتتىكلەيدۇ . هوزۇرغا كۆچكەندە ، ئۇسسۇل قىزغىن كەيپىياتقا چۆمىدۇ ، كىشىلەر جۈپ-جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ. ئاخىرىدا سىرلمە باسقۇچىغا كەلگەندە ، جۈپ بولۇپ ئويناش ئاخىرلىشىپ ، يالغۇز-يالغۇز بولۇپ ساماغا چۈشۈپ پىرقىراپ ئوينايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئۇۋچىلىق ۋە ياۋايى هايۋانلارنى كۆندۈرۈشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن هالەتنى ئىپادىلەيدۇ.

.§3ئويۇن

.1پوتا ئويۇنى

دولان مەشرىپى خېلى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ ، شۇڭا ئارىلىقتا پوتا ئويۇنى بولىدۇ ، بۇ چاغدا نەغمىچىلەر ئارام ئېلىشۋالىدۇ . بەزىدە پوتا ئويۇنى بىلەن مەشرەپ تەك ئوينىلىدۇ . يىگىت بېشى بەلۋاغىنى ئېشىپ پوتا قىلىپ مەيدانغا چۈشۈپ ، ئويۇننىڭ قائىدە-تەرتىپلىرىنى جاكارلايدۇ ۋە قوشاق ئېيتىدۇ ، ئاندىن پوتىنى مەلۇم بىر كىشىگە تەككۈزۈپ ئۇنى مەيدانغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى مەيدانغا چۈشۈپ يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ- دە ، پوتىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ قويىدۇ ، ئاندىن ئىككەيلەن تەڭلا ئوڭغا ئۈچ قېتىم ، سولغا ئۈچ قېتىم چۆگىلەيدۇ . ئەگەر تەكلىپ قىلىنغۇچى ۋاقتىدا مەيدانغا چۈشمىسە ، ياكى ئايلانغان چاغدا قارشى تەرەپنى ئالداپ قويسا ، قارشى تەرەپ ئۇنى پوتا بىلەن ئۇرىدۇ .تەكلىپ قىلىنغۇچى قوشاق ئېيتقاندىن كېيىن پوتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن باشقا كىشىنى مەيدانغا تەكلىپ قىلىدۇ . پوتا ئويۇنى كىشىلەرنى ناخشا- قوشاققا ماھىر ، ساداقەتمەن بولۇشقا ئۈندەيدۇ ، پوتا قوشاقلىرى مەزمۇن جەھەتتە مۇھەببەت قوشاقلىرى ، دوستلۇق قوشاقلىرى ، يۇرتنى مەدھىيىلەش قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ساغلام بولمىغان قوشاقلارنى ئېيتقۇچىلار پوتا بىلەن دۇمباللىنىدۇ . پوتا ئويۇنىدا يەنە قارشى تەرەپنىڭ ئەقىل- پاراستىنى سىناش ، كۆپچىلىكنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ سورۇننى قىز ىتىش يۈزىسىدىن قوشاقتىن باشقا بەزى قاپىيداش جۈملىلەرمۇ ئېيتىلىدۇ ، بۇ ئەھۋال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئويناپ كەلدى.نۇرغۇن قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى دولانلىقلار يۇرتىنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چۆلمۇ چۆللەرنى كېزىپ ،

كەلدىم سېنى كۆرگىلى.

باغرىڭ زەپ قاتتىق ئىكەن ،

تاس قالدى ئۆلتۈرگىلى.

بۇنىڭدىن دولانلىقلار يۇرتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قاقاس جۇغراپىيىلىك ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە ،

توپ ئوينىغان قارا كۆز.

قوش تېرەكنىڭ تۈۋىدە ،

قوش ھەيدىگەن قارا كۆز.

ھارۋىكېزنىڭ تېگىدىن ،

مەيە ئۆتەمدۇ قارا كۆز.

ئىككىمىز كۆرۈشمىسەك ،

ھەپتە ئۆتەمدۇ قارا كۆز.

بۇ قوشاقتىن دولانلىقلار يۇرتىنىڭ ئاۋاتلىششقا باشلىغانلىقىنى ، دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2.جازا

بۇنىڭدا يىگىت بېشى مەشرەپ ئەھلىنىڭ پىكرىگە بىنائەن ، مەشرەپ قائىدىسىگە بويسۇنمىغان كىشىلەرنى جازالايدۇ.

» (1جۇۋازغا قېتىش»: بۇنىڭدا «گۇناھكار» ئىچ كىيىمى بىلەن يالاڭباش يۈكۈندۈرۈلىدۇ. جۇۋاز ھەيدىگۈچى قولىغا بىر چىنە سوغاق سۇ ئېلىپ ، بىر مۇشتۇمى بىلەن «گۇناھكار »نىڭ بېشىنى بېسىپ تۇرۇپ ، ئۇنى چۆگىلەتكەچ بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىدۇ ، ناخشا تۈگىگەندە ئاندىن توختايدۇ . جۇۋاز تارتقۇچى «گۇناھكار » قارشىلىق كۆرسەتسە ، ئۇ قولىقىدىن تارتىپ چۆگىلىتىلىدۇ.

» (2سامسا يېقىش»: بۇ ئېغىرراق جازا ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ناۋاي بولغۇچى «گۇناھكار»نىڭ دۈمبىسىگە سۇ قۇيۇپ ، ئىككى مۇشتۇمى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى قىسىپ بېسىپ «خېمىر يۇغۇرىدۇ ». ئاندىن ئالقىنىنىڭ قىرى بىلەن «گۇناھكار »نىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ، «پىياز توغراپ » ، «قىيما قىلىدۇ ». ئارقىدىن «سامسا تۈگۈپ » ، ئۇلارنى ئالقىنى بىلەن «گۇناھكار»نىڭ دۈمبىسى ۋە ئىككى چېكىسىگە «ياقىدۇ .«

» (3سۇرىتىنى تارتىش»: «گۇناھكار»نىڭ ئىشتىنىدىن باشقا كىيىمى سالدۇرۇلىدۇ ، ئاندىن ئۇ مەيدىسىنى تامغا چاپلاپ ، قولىنى كەينىگە قىلىپ تۇرغۇزۇلىدۇ . «فوتو سۇرەتچى » بىر قاپاق سوغۇق سۇنى «گۇناھكار »نىڭ ئەتراپىدىكى تامغا چاچىدۇ ، ئۇ سۇنى تامنىڭ سۇ تەگمىگەن قۇرۇق قىسمىدا ئادەمنىڭ شەكلى پەيدا بولغانغا قەدەر چاچىدۇ.

3.باشقا ئويۇنلار

(1غوجا ئالدىرغاققا ئۇسسۇل ئويناش: ئويۇنچى بەلبېغىنىڭ بىر ئۇچىغا ناسۋال قاپىقى ، بىر ئۇچىغا كرۇشكا چېگىپ ، ھاسا تايانغان ھالدا مەيداندا چۈشىدۇ . ناس چېكىپ ، چاي ئوتلىغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئېيتىپ كۈلكىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

غوجا ئالدىرغاق-ئا ، غوجا ئالدىرىغاق ،

كەينىڭگە باقماي ، ئالدىڭغا باق.

ئەللىك-ئاتمىش قوي ئېلىپ يەكەن دەرياسىدا باق ،

قېرىغاندا قىز ئېلىپ كىندىكىڭگە ياق.

غوجا ئالدىرغاق-ئا ، غوجا ئالدىرىغاق ،

ئالدىڭغا ماڭماي كەينىڭگە باق.

قېرىغاندا قىز ئېلىپ ، تاشلاپ قېچىپ باق.

ئەللىك-ئاتمىش قوي ئېلىپ جاڭگالدا باق .

ئويۇنچى بۇ قوشاقنى تەكرارلاپ ، كۈلكىلىك ئۇسسۇل ئويناپ ، سورۇندىكى ئۇگدەپ ئولتۇرغان خامۇش ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ ، مەشرەپ كەيپىياتىنى قىزىتىپ ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ.

(2بوۋاي بىلەن شاپىدىخان :بىرى بوۋايچە ، بىرى مومايچە ياسانغان ئىككى ئەر مەيدانغا چۈشۈپ ، بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ . بىردەمدىن كېيىن بىر ھىيلىگەر بەگزادە چىقىپ ، ئاجىز بوۋايىنى بوزەك ئېتىپ ، ئۇنىڭ مومىيى شاپىدىخاننى تۇتۇپ كېلىپ بىر چەتتە ئولتۇرۇۋالىدۇ . بوۋاي بىردەم ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن مومايىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ قېلىپ ئۇيان-بۇيان ئىزدەپ ئاخىر ئۇنى تېپىۋالىدۇ ۋە يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بەگزادىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. يىگىت بېشى بەگزادىنى جازالايدۇ.

(3ئۇزۇن-قىسقا موللا: بىر ئەر ئۇزۇن چاپان كېيىپ ، گويا ئۆزىدىن ئېگىز بىر موللا بەدىنىگە جۆر بولغاندەك ھالەتتە مەيدانغا چۈشىدۇ . سازەندىلەر ناخشا باشلايدۇ . ھاسسا تاياقلىق يالغان موللا مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ ، تۈرۈپ ئېگىزلەپ ، تۈرۈپ پەسلەپ ، تۈرۈپ ئوڭغا ، تۈرۈپ سولغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ ، ئاخىردا يەردە دومىلاپ سورۇندىكىلەرنى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك قاتتىق كۈلدۈرۈۋېتىدۇ.

(4ئاققۇ ئويۇنى:بىر ئەر كىشى ئاققۇچە ياسىنىپ مەيدانغا چۈشىدۇ ، قاناتلىرىنى كېرىپ ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ يەيدىغان بىر نېمە ئىزدەۋاتقاندەك ھەرىكەتنى قىلى دۇ ، بۇلارغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنمايدۇ . بىردەم ئۇششاق باللارنى چوقىلىغاندەك قىلىپ قورقىتىدۇ ، بىردەم بەللىرىنى سوزۇپ ، سەت- غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ، تۇمىقىنى قىڭغىر كىيىپ ، تەرىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ تۇماق ، بەلباغلىرىنى مەيدانغا سۆرەپ چىقىپ ئويۇن ئەھلى نى كۈلدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، نىقابىنى ئېلىۋېتىپ ئەسلى ھالىتىنى ئاشكارىلاپ مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ.

(5 تۆگە ئۇسسۇلى:ئىككى كىشى تۆگىچە ياسىنىپ ، بىر كىشى تۆگىگە مىنىپ مەيدانغا چۈشىدۇ ۋە يىپنىڭ چېلىنغان داپ ئاۋازىغا ئەگىشىپ قاملاشمىغان ئۇسسۇل ئويناىدۇ ، «بويۇم دەرەخ شاخىچە بار ، كۆڭلۈم دائىم سۇغا تەشنا ، بارورمەن دەشت- چۆلنى كېزىپ ، بىر ئۆزەم يالغۇز- تەنها ، بوۋ ... بوۋ ...» دەپ ۋارقىراپ ، تۆگە ھەر تەرەپتىن سۇ ئىزدەۋاتقان ، تۆگىچى تۆگىنى قامچىلىغان ، تۆگە تۆگىچىنى يەرگە ئېتىۋەتكەن ، يەنە ئۇنى پۇراپ‌پۇراپ ، ئۇنىڭغا بولغان يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرگەن ، ئاندىن تۆگىچى تۆگىگە يۆكىنى ئارتىپ سەپىرىنى داۋام قىلغان ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ . ئاخىرىدا ئويۇنچىلار نىقابلىرىنى ئېلىپ ئۆز قىياپىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن مەيداندىن چىقىدۇ.

غورۇچۆل يېزىسىنىڭ بەشئېرىق كەنتىدىكى سەمەت سوپى (1925-يىلى تۇغۇلغان ) مەدەنىيەت نازارىتى ، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدىكى دولان مۇقامىنى توپلاش ، رەتلەش ، لېنتىغا ئېلىش پائالىيىتىگە كۆپ قېتىم قاتناشتى ، 1983-يىلى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان «چېگرا يېزىغا مۇھەببەت » نامدىكى دولان مۇقامىنى ئورۇنداشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى يۇرت ئىچىدە كەڭ ئالقىشقا ئىگە.

II باب ئەدەبىيات-سەنئەت

.1§خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

.1چۆچەك

توپلانغان خەلق چۆچەكلىرىدىن شەخسلەرگە ئائىت رىۋايەت ، يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەت ، خىيالىي چۆچەك ، ھايۋاناتقا ئائىت چۆچەك ، جىن-ئالۋاستىلارغا ئائىت چۆچەك ، تۇرمۇشقا ئائىت چۆچەك ، مۇھەببەت-نىكاھقا ئائىت چۆچەك ، ماقال-تەمسىل قاتارلىق 25 خىلى بار.

خورازنى ئۇستاز تۇتقان باي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن . بىراق ئۇ بۇ مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ قويسىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

باينىڭ بىر كالىسى ۋە بىر ئېشىكى بار ئىكەن . بىر كۈنى ئۇ كالىسىنى قوشقا قېتىپ ، كەچكىچە يەر ھەيدەپ گۈگۈمدا

قايتىپ كەپتۇ ۋە كالىنى ئېغىلغا سولاپتۇ. ئېشەك كالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

-ھەي ئاداش! ئەجەب بوشاپ كېتىپسەنغۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

-قاق سەھەردە قوشقا قېتىۋدى ، تۇرۇپ ۋارقىراپ ، تۇرۇپ قامچىلاپ ئارام بەرمىدى ، ئۇن جېنىمنىڭ بىرىنى قويىدى . پۇتۇن بەدىنىم ئاغرىيدۇ ، پۇتلىرىمدا جان يوق ، بوشاپ كەتمەي قانداق قىلاي ، -دەپتۇ كالا.

-بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بار ، - دەپتۇ ئېشەك ، -ھازىردىن باشلاپ يېمەي-ئىچمەي يېتىۋال ، باي كۆرۈپ «كالام ئاغرىپ قاپتۇ» دەپ قوشقا قاتمايدۇ.

ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ماراپ تۇرغان باي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ .ئەتىسى ئېغىلغا كىرىپ قارىسا ، كالا ئوتمۇ يېمەي ، سۇمۇ ئىچمەي ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئېغىر- ئېغىر پۇشۇلداپ ياتقىدەك . باينىڭ كالا بىلەن كارى بولماپتۇ. ئۇ ئېشەكنى يېتىلەپ چىقىپ قوشقا قېتىپتۇ .ئېشەكنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا ساپاننى سۆرەپ ماڭالمىسا ئۇرۇۋېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قاپتۇ.ئاخشىمى ئېشەكنى قوشتىن چىقىرىپ ئېغىلغا سولاپتۇ . كالا ئېشەكنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ، ئىچ ئاغرىتىپ سوراپتۇ:

-ئاداش ، ئەجەپ غەمكىن بولۇپ كېتىپسەنغۇ ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە ؟

-راست دەيسەن ئاداش ، - دەپتۇ ئېشەك ، - ئىككىمىز بىر ئېغىلدا تۇرۇپ كەلگەنىدۇق ، مانا ئەمدى ئۆلىدىغان خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ قالدىم ، قانداقمۇ غەمكىن بولماي. تۈنۈگۈن باي قاسساپقا: «كالام ئاغرىپ قالدى ، ئەتە ئۇنى سويۇپ گۆشىنى سېتىشىپ بېرىڭ » دېدى. ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم ، بۇنىڭ قايغۇسىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن كالا ئېشەكتىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ چارىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئېشەك : «تىرىك قالاي دېسەڭ ، ھازىردىن باشلاپ ئوتنى تويغۇچە يەپ ، سۇنى قانغۇچە ئىچىپ ، تامغا ئۈسسۈپ تازا مۆرە ، بۇ ھالىتىڭنى كۆرگەن باي:كالام ساقىيىپتۇ دەپ ، قاسساپنى چاقىرمايدۇ» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ كالا ئوتنى تويغۇچە يەپتۇ ، سۇنى قانغۇچە ئىچىپتۇ ، مۆرەپ- تېپچەكلەپ ، تامغا ئۈسسۈپ ساقايغان ھالەتكە كىرىپتۇ .ئەتىسى باي قوتانغا كىرىپ كالىنىڭ ئويناقشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ- دە ، يېتىلەپ چىقىپ قوشقا قېتىپتۇ. باي گۇگۇم مەلدە كالىنى ئېغىلغا سولىغاندىن كېيىن ، ھويلىدا ئولتۇرۇپ ، ئېشەك بىلەن كالىنىڭ قىلىشقان

گەپلىرىنى ئويلاپ ، ماۋۇ ھايۋانلارنىڭ قۇۋلۇقىنى كۆرمەمدىغان ، دەپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىپتۇ . شۇ چاغدا باينىڭ خوتۇنمۇ يېنىدا ئىكەن ، ئۇ ئېرىنىڭ كۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، بۇنىڭدا جەزمەن بىر ئىش بار ، بولمىسا ئۆزىچە كۈلۈپ كېتەمدۇ دەپ ، سوراپتۇ:

-نېمىشقا كۈلدىلا ؟

-ھېچ ئىشقا.

-زادى نېمە ئىش بولدى ؟

-باي ئېيتسام ئۆلۈپ كېتىمەن دەپ ، راست گەپنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي ، خوتۇنىغا بۇنى سورىماڭلا دەپ يالۋۇرۇپتۇ. خوتۇنى تېخىمۇ كۈچەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە باينىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ، ساقىلىنى يۇلۇپ ، يۈز- كۆزىنى تاتىلاپ ، كىيىمىنى يىرتىپ ، ئۇيان تارتىپ ، بۇيان سۆرەپ قىيناپ كېتىپتۇ . خوتۇنىدىن قۇتۇلۇشالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن باي سەۋەبىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن ، خوتۇنى ئاندىن قويۇۋېتىپتۇ. باي ئويلىغانسىرى ئىچچىقى كېلىپ ، تام تۈۋىدە داڭقېتىپ ئولتۇرۇپلا قاپتۇ . شۇ چاغدا خوراز بىر توپ مېكيانىنى باشلاپ ، ئۇيانىنى چوقلاپ ، بۇيانىنى چوقلاپ كېلىپ قاپتۇ. ئىت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

-ھەي خوراز ، كىشلەر «توخۇنىڭ ئەقلى بولسا يوق يەيتتىمۇ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. بىزنى باي بېقىپ كەلدى. ھالا بۈگۈن خوتۇنىنىڭ بالاغا قويۇشى بىلەن ئۆلىدىغان بولدى ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىمىز ، سەن بۇنىڭدىن قايغۇرماقتا يوق قوقۇقلاپ ئويناپ يۈرسىنا ، سېنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟

-باي دېگەن ئەر كىشى تۇرۇپ ، بىر خوتۇنىنى باشقۇرالماي ، مەخپىيەتلىكنى دەپقويۇپ ئۆلسە ئۆلۈۋەرسۇن ، -دەپتۇ خوراز كۈلۈپ ، - مەن بىر ئۆمۈر 8 - 9 مېكيانىنى كەينىمگە سېلىپ يۈردۈم ، تاپقان دان ئاز بولسا ئۆزەم يەيمەن ، جىقراق بولسا مېكيانلارغا بۆلۈپ بېرىمەن ، گەپ ئاڭلىمىسا قوڭىغا نەچچىنى تېپىمەن ، شۇڭا ھېچقايسىسى گېپىمگە كىرمەي قالمايدۇ. ئەگەر مەن باينىڭ ئورنىدا بولۇپ قالىدىغان بولسام ، قولۇمغا كالتەكتىن بىرنى ئېلىپ : سەنزە ماڭا چېقىلىشقا پېتىنىۋاتامسىنا ؟ ياقامغا ئېسىلىشقا پېتىنىۋاتامسىنا ؟ دېمىگەن گەپنى دېگۈزۈشكە پېتىنىۋاتامسىنا ؟ ئالدىمدا نوچىلىق قىلىشقا پېتىنىۋاتامسىنا ؟ دەپ ئۇرۇپ جېنىنى ئېلىپ ئالقىنىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتىم. دەپ باقە ، شۇنداق قىلسا ئۇ خوتۇن يۇۋاشلاپ كەتمەي قالارمۇ ؟

باي خورازنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، كۆڭلىدە : ھە ، ئىش دېگەن مۇنداق ئىكەن- دە ، ئەمدى مەن خورازنى ئۇستاز تۇتسام بولغۇدەك دېگەن ئويغا كەپتۇ . ئۈچ كۈندىن كېيىن خوتۇنى «كۆلۈشنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرىسەن !» دەپ بايغا يەنە ئېسىلىپتۇ. باي بىر تال كالتەكنى ئاپتۇ-دە ، «مانا دەپ بېرەي » دەپ خوتۇننى تازا ساپتۇ ، خوتۇنى ئاغرىققا چىدىماي : «ۋاي جېنىم غوجام ، سىلىگە ئىككىنچى چېقىلمايمەن ، نېمە دېسىلە شۇنى قىلىمەن ، خاتا قىپتىمەن ، گۇناھىمدىن كەچسىلە غوجام» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باينىڭ خوتۇنى يۇۋاشلاپ كېتىپتۇ ، باينىڭ سىرىدىن چىقمايدىغان ، جېدەل قىلمايدىغان بوپتۇ.

ئۈۋال

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن ، پۇقرالار ئۇنىڭ ئادىللىقىدىن بەكمۇ رازى ئىكەن . پادىشاھ پۇقرالار بىلەن ھەمىشە ئالاقىلىشىپ تۇرىدىكەن ، ھەر ھەپتىدە ۋەزىر- ۋۇزرالارنى باشلاپ كوچا- رەستىلەرنى ئايلىنىپ چىقىدىكەن . كوچىغا چىققاندا پۇقرالارغا داقا-دۇمباق چېلىپ خەۋەر بېرىدىكەن . شۇ كۈنى ئۈۋالچىلىق تارتقان كىشىلەر پادىشاھقا ئەرز-دادىنى ئېيتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ شەھەردە پادىشاھتىن نارازى بولغان بىرمۇ ئادەم ، سورالمىغان بىرمۇ دېلو يوق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بۇ شەھەردىكى ئىككى ئادەم يىراق بىر شەھەرگە بېرىپ ئوقەت قىلىش مەسلىھەتىگە كەپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرى ناھايىتى پۇلدار بولۇپ ، نۇرغۇن مال-بىسات تەييارلاپتۇ ؛ يەنە بىرىنىڭ ئانچە جىق پۇلى بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا ماللىرىنى تەقلەپ ، پۇلدار كىشى بىلەن بىللە يولغا چېقىپتۇ . ئۇلار مېڭىپ-مېڭىپ ، بىر كۈنى بىر قاقاس چۆلگە يېتىپ كەپتۇ ، شۇ چاغدا پۇلى ئاز سودىگەردە : «بۇ ئادىمزات يوق يەر ئىكەن ، ئاخشاملىققا ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم ، مال-دۇنياسى ماڭا قالامدۇ» دېگەن يامان نىيەت تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ پۇلدار سودىگەرنى شۇ يەردە قونۇشقا قايىل قىلىپ ، يۈك- تاقلارنى چۈشۈرۈپ ، ئاتلارغا بوغۇز بېرىپتۇ . بىرلىكتە غىزالانغاندىن كېيىن دالىدا ئۇخلىماقچى بولۇشۇپتۇ . پۇلدار سودىگەر ئەمدى يېتىپ تۇرۇشىغا پۇلى ئاز سودىگەر توساتتىن ئۇنىڭ ئۇ ستىگە مىنىۋېلىپ ، خەنجىرىنى كۆكسىگە تەڭلەپتۇ. پۇلدار سودىگەر قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ «نېمە قىلماقچىسەن ؟ » دەپتۇ.

-ماڭا مېلىڭ كېرەك ، سېنى ئۆلتۈرۈپ مېلىڭنى ئالىمەن.

-مېنى ئۆلتۈرمە ، جېنىمنى ئامان قوي ، ماللىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن.

-ياق ، ئەمدى ئۆلتۈرگىنىم ئۆلتۈرگەن ، چۈنكى سەن غەرىزىمنى بىلىپ قالدىڭ.

پۈلى ئاز سودىگەر خەنجىرىنى پۇلدار سودىگەرنىڭ كانىيىغا تەڭلەپتۇ. پۇلدار سودىگەر :

-توختاپ تۇر ، ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈر ، بىراق بىر ئىغىز ۋەسىيىتىم بار ، شۇنى يەتكۈزۈپ قوي ، خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى ، بالىمىزغا نىمە دەپ ئات قويۇشنى مەسلىھەتلىشۋالالمىغاندۇق . قايتىپ بارغاندىن كىيىن خوتۇنۇمغا دەپ قويغىن ، بالىنىڭ ئىتىنى «ئۇۋال» قويسۇن ،- دەپتۇ.

ئاچكۆز قاتىل پۇلدار سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتكەندىن كىيىن ماللىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ .

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى سودىگەرنىڭ قايتىپ كىلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى كۈتۈۋىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشىپتۇ. يىقىنلاپ كەلگەندە قارىسا ، پۇلى ئاز سودىگەر كىلىۋىتىپتۇ ، پۇلدار سودىگەر كۆرۈنمەپتۇ . ئۇنىڭ خوتۇنى ئىرىنىڭ دىرىكىنى سوراپتىكەن ، پۇلى ئاز سودى گەر : ئىككىمىز ئاچا يولدا ئايرىلىشقان ، شۇنىڭدىن كىيىن ئۇنى كۆرمىدىم ، بىراق ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ ماڭا : «قايتىپ بارغاندىن كىيىن خوتۇنۇمغا دەپ قوي ، بالىنىڭ ئىتىنى ‹ئۇۋال› قويسۇن دىگەندى» دەپتۇ.

پۇلدار سودىگەرنىڭ خوتۇنى يىغلاپ- يىغلاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ، ئىرىنىڭ ۋە سيتىگە بىنائەن بالىسىغا «ئۇۋال» دەپ ئات قويۇپتۇ. بالا ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇپ ، 4-5 ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ ، ئانىسى بەك ئەركە باققاچقا كەپسىز چوڭ بوپتۇ بىر كۈنى ئانا خىمىر يۇغۇرۇپ ئولتۇرسا ، بالىسى كەپسىزلىك قىلىپ خىمىرغا توپا چىچىۋىتىپتۇ. ئانىسى گەپ ئاڭلىتالماي ئاچچىقىدا: ئۇۋال ، بولدى دەيمەن ئۇۋال ، ۋاي ئۇۋال ... دەپ توۋلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ئۇ ئايال تۇرۇشلۇق كوچىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقانىكەن ، بىراۋنىڭ «ئۇۋال بولدى » دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىلىپ ، ئۇ ئايالنى چاقىرتىپ چىقىپ سوراپتۇ:

-نىمە ئۇۋالچىلىقىڭىز بار ئىدى ؟

-ھىچقانداق ئۇۋالچىلىقىم يوق.

-ئەمىسە نىمە ئۈچۈن ئۇۋال بولدى دەپ توۋلايسىز ؟

-ئوغلۇمنىڭ ئىتى «ئۇۋال» ئىدى. شۇنى چاقىرغان.

-قانداقلارچە بۇ ئاتنى قويغانتىڭىز ؟

ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قويغانتىم.

پادىشاھ سوراپ پۈتۈن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن: ۋەسىيەتنى يەتكۈزگەن ئادەمنىڭ ئۆزى بالىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ، بولمىسا بىكاردىن بىكار بۇ گەپنى قالدۇرامدۇ ؟ بۇنىڭدا جەزمەن بىر سىر بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە نەدىمۇ بۇنداق غەلىتە ئاتنى قويىدىغان ئىش بولسۇن ؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئويلا-ئويلا: ھېلىقى سودىگەر ئۆلۈش ئالدىدا بالىسىغا ئات قويۇش ۋەسىيتى ئارقىلىق ماڭا ئۇۋالچىلىقنى ئۇچرىغانلىقىنى يەتكۈزمەكچى بولغان گەپ ، بۇ ئىشنى ئېنىقلىمىسام ، ئادىل دېگەنگە قانداقمۇ مۇناسىپ كېلەي ، دېگەن يەرگە كەپتۇ-دە ، سودىگەرنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

-سەن بىلەن بىللە ماڭغان ھېلىقى سودىگەر قېنى ؟

-ئۇ باشقا يول بىلەن كەتكەن.

-ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتىمۇ ؟

-بىلمەيتتى.

-ئەمىسە نېمىشقا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ ، ساڭا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىدۇ ؟

سودىگەر جاۋاب بېرەلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ . پادىشاھ ئۇنى باغلىتىپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ سوراق قىپتۇ . سودىگەر قاتىللىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ . پادىشاھ قاتىلنى قاتتىق جازاغا تارتىپتۇ ، بۇلىغان مال- دۇنيانى ھېلىقى ئايالغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

يەر نامىغا دائىر رىۋايەت

بۇرۇندا سادەتبەگ ئاتلىق بىر دولانلىق كىشى ئۆتكەنىكەن ، ئۇ مۇقامخۇمار كىشى ئىكەن . بىر كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە غىجەك چېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ، يېقىن ئەتراپتا تۇرغان سانىخان ئاتلىق بىر قىزچاق غىجەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر دۆڭلۈككە چىقىپ ، غىجەككە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر خىزمەتكار سادەتبەگكە: «ھەي بەگ ، سانىخان غىجەكلىرىگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ» دەپتۇ.

سادەتبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، غىجەكنى توغراقتا ئېسىپ قويۇپ ، يەنە بىر دۆڭلۈككە چىقىپ قارىسا ، سانىخان راستلا ئۇسسۇل ئويناۋاتقىدەك . بۇ ئىش يۇرتقا تارىلىپتۇ . كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر سادەتبەگ غىجەكنى ئېسىپ قويغان يەرنى «غىجەكئاستى » دەپ ، ئۇسسۇل كۆرىمەن د ەپ چىققان دۆڭنى «قالىغاچدۆڭ » دەپ ، سانىخان ئۇسسۇل

ئوينىغان دۆڭنى «ساندۆك» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. بۇ ناملار ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق .

دولانلىقلارنىڭ ئۆتۈكى

بۇرۇنقى زاماندا ، دولان بېگى باشقا بىر قەبىلىنىڭ دولانلىقلار يۇرتىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ- دە ، دەرھال ئۇستا چاقىرتىپ پۈتۈن بىر پارچە كالا تېرىسىدە بىر پاي ئۆتۈك تىكتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنى يىراققا ئاپىرىپ دۈشمەن بېسىپ ئۆتىدىغان يولغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى دۈشمەن دولانلىقلار يۇرتىغا ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ ، ئۇلار يولدا ئاجايىپ يوغان بىر پاي ئۆتۈكنى كۆرۈپتۇ.

ئۇلاردىن بىرى سوراپتۇ:

-بۇ نېمە ؟

-دولانلىقنىڭ ئۆتۈكى.

دۈشمەن ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ- دە ، دولانلىقنىڭ بىر پاي ئۆتۈكى شۇنچە چوڭ تۇرسا ، بىزنىڭ مىڭ ئادىمىمىز ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىگە تەڭ كېلەلمىگۈدەك ، دەپ ئويلاپ ، قورقۇپ چېكىنىپتۇ. ئارىدىن 15 يىل ئۆتكەندە يەنە جاسۇس ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلەپ ، دولانلىقلارنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ، دولانلىقلارنىڭ ئەقىل-پاراستىگە قايىل بوپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىللارغىچە دولانلىقلارنىڭ يۇرتىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە بولماپتۇ .

تەكلىماكان ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمكى زاماندا ئاۋات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى سۈيى مول ، دەرەخلىرى غول بوستانلىق ئىكەن . ئۇ يەردە نۇرغۇن شەھەر-بازار ۋە يېزا- قىشلاقلار بار ئىكەن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قېتىق شەھىرى ھەممىدىن ئاۋات ئىكەن . بىر كۈنى توساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ 10 كۈن داۋام قىلىپ ، پۈتكۈل شەھەرنى قۇم بىلەن كۆمۈۋېتىپتۇ ، ئادەم ۋە مال-چارۋىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بوپتۇ. ھايات قالغانلار يۇرتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي ، ئايكۆل ، بەشئېرىق تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ يەر قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن تەكتىماكان دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ ، كېيىنچە تاۋۇشتىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن تەكلىماكان دېيىلىدىغان بوپتۇ .

«ئوتتۇز كېمە» ھەققىدىكى رىۋايەت

بۇرۇنقى زاماندا يەكەن دەرياسى بويىدىكى دولانلىقلارنىڭ بىر شەھىرىنى دۈشمەن ئىشغال قىلىۋېلىپ ، دولانلىقلارنى

پاجىئەلىك دەپسەندە قىپتۇ . ئاكا-ئۇكا قۇربان بىلەن سۇبىخان ياشلارنى تەشكىللەپ ، 30 كىمە ياساپ ، دەريا بويىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ . ئۇلار كېچىسى چۇقان- سۈرەن بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ ، تاڭ ئاتقاندا كىمىلەرنى يەنە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ، شۇنداق قىلىپ بۇ يەردىكى دۈشمەننى يوقىتىپتۇ ، دۈشمەن ئىككىنچىلەپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ ، خەلق ئازاب- ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپتۇ . شۇ غەلىبىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ يەر «ئوتتۇز كىمە » دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

.2قوشاقلار

توپلانغان ئاۋات قوشاقلىرى يەتتە خىل ، بۇلار: ئەمگەك قوشاقلىرى ، سىياسىي قوشاقلار ، قائىدە-يوسۇن قوشاقلىرى ، مۇھەببەت قوشاقلىرى ، تۇرمۇش قوشاقلىرى ، تارىخىي قوشاقلار ، باللار قوشاقلىرى ، دولان مۇقامىنىڭ ناخشا تېكستى

ئوما قوشىقى

ئوما ئورسەن كۆندە ،

تالمامدۇ بىلەكلەرىڭ.

مەن يادىڭغا يەتكەندە ،

كۆيمەمدۇ يۈرەكلەرىڭ.

ئوما ئوردۇق ئېتىزدا ،

ئالتىنچى ئايدا تومۇزدا.

راست گېپىڭنى ئېيت يارىم ،

بۇغدايلىقتا ئېگىزدا.

بۇ چاغلار ئەجەپ چاغلا ،

يارىم بەلنى چىلك باغلا.

مەن ئورۇپ سالاي ئۈنچە ،

سەن ئارقامدىن باغ باغلا.

راۋاب چالىمەن غەمدە

ئۆستەڭ بويىدا نەمدە ،

راۋاب چالىمەن غەمدە.

سورىماڭلار ھالىمنى ،

مەن دەردى تولا بەندە.

بۈگۈن بازارغا ئوخشايدۇ ،

يىتىم زارى قاخشايدۇ.

ھالىدىن خەۋەر ئالسام ،

ئاتاسى يوققا ئوخشايدۇ.

زالىملار زاماندا

ئالىمنى سويۇپ يەيدۇ ،

تەخسىگە قويۇپ يەيدۇ.

بەگ-بوجاڭدا ئىنساپ يوق ،

خەلقنى شۈلۈپ يەيدۇ.

قوغۇن تىرىدىم توڭدا ،

چۈشكەن سويمسى ئوڭدا.

زالىملار زاماندا ،

ئىشتان قالمدى قوڭدا.

ئۈرۈق سالدۇق بىر دانە.

ئۈنۈپ چىقتى مىڭ دانە ،

زالىملارنىڭ زۇلمدا ،

پۇقرا بولدى ۋەيرانە.

باللار قوشقى

ئاق تېرەك ، ئاپپاق تېرەك ،

بىزدىن سىزگە كىم كېرەك.

ئۆزى ئەقىللىق ئۇستا ،

قولى چېۋەر ھەر ئىشتا ،

سىزدىن بىزگە شۇ لېرەك.

ئاق تاش ، كۆك تاش ،

دەريا بويىدا سۈزۈك تاش.

قەلەم بىلەن مەن ئاداش ،

ئويناىدىغان باللار بارمۇ ؟

ئەللەي ناخشىسى

ئەللەي بالام قوڭى پوق ،

ئېرتاي دېسەم لاتا يوق.

لاتا دېگەن ئۆگزىدە ،

چىقاي دېسەم شوتا يوق.

شوتا دېگەن تېرەكتە ،

كېسەي دېسەم پالتا يوق.

پالتا دېگەن تۆمۈرچىدە ،

ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.

پۇلچى ئاكام ئۆلۈپتۇ ،

شورلۇق يەرگە كۆمۈپتۇ.

يىغلىغىلى ئادەم يوق ،

ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

بەگ بىلەن كەمبەغەل

بەگلىرىم بەگلىك قىلادۇ ،

دوغىسى ئالۋان بىلەن.

ئاخۇنۇم پەتىۋا پىچادۇر ،

راستى يوق يالغان بىلەن.

كەتمەن چاپماي بەگلىرىم ،

تولدۇرۇپتۇ سېڭنى.

ئارپا ئۇندا كۆمەش ،

كەمبەغەلنىڭ يېگىنى.

بەگ-غوجام منەر تايغا ،

سۇنى ياقىلار بايغا.

كەمبەغەللەر سۇ دېسە ،

بېشىنى تىقار لايغا.

گومىنداڭغا يۆلەنگەن ،

بەگ-غوجاملار ئۆتمۇشتە.

ساندۇقنى تولدۇرغان ،

ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتە.

رامىزان قوشىقى

رامزان ، رامزان ،

بۇ يىل كەلدى يەنە رامزان.

كىم ئۆلۈپ ، كىم قالىدۇ ئاللا بىلەر ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامزان.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىدا قاتار-قاتار قوينىڭ ئىزى ،

بىر قاپاق ياغ ئەپچىقىڭ باينىڭ قىزى ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامزان.

ئاق توخۇ ئاپپاق توخۇ قونغاقتىدۇر ،

بىزگە ساقلىغان توخۇملىرى قاپاقتىدۇر.

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

رامىزان ئېيتىپ كەلدىم ئوي مەھەللىدىن ،

بىزگىمۇ قويغانمىدۇ لەغمەنلىدىن ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

مەسچىتنىڭ توغراقنىڭ ئۈچى قىزىل ، تۆۋى قارا ،

خۇدايىم بىر بالا بەرسۇن مەڭزى قىزىل ، قاشى قارا ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

تۆڭلۈكىڭىزنىڭ بېشىدا ئاي كۆردۇم ،

ھەممە كىشىدىن سىزنى باي كۆردۇم.

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

قارلىقنامە

ھەققى ئاللا ھۆرمىتىدىن ياغدى ئاسماندىن قار ،

قىلدىكى قار ئۆزىنى ھەم بۇ يەر يۈزىگە ئاشكارا.

قىلغىلى چۆللەرنى بوستان ، قادىر ئىگەم ياغدۇردى قار ،

قاردا قارلىق تاشلىماق ، بۇ قەدىمدىن باربار.

يوقتار غەم-قايغۇنى ، قارلىق تاشلاش ئويۇنى ،

كۆچىدۇ ئەل-مەھەللىدىن ، ئىناقسىزلىق قويۇنى.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق ، دوستلۇق ئويۇننى باشلىدۇق ،

ئەل جامائەت جەم بولۇپ ، كۆڭلىمىزنى خوشلىدۇق.

ئاپىرىشقا بۇ نامىنى زىرەك ۋەكىلنى سايلىدۇق ،

نامە بىرلە ئۇشبۇ ئاددىي شەرتىمىزنى تاشلىدۇق.

بارسا ۋەكىل خانىڭىزگە ، ھۇشيار بولۇپ تۇرغايسىز ،

بوسۇغ ئاتلاپ يانغىنىدا ، ئۇنى پەملەپ تۇتقايسىز.

گەر تۇتالماي قالسىڭىز ، ئورۇنلايسىز بۇ شەرتنى ،

ئويناپمىز نەغمە بىلەن ، ئەل-جامائەت مەشرەپنى.

گەر تۇتسىڭىز ۋەكىلنى ، قارا سۈرتۈپ يۈزىگە ،

مىندۇرۇپ ئېشەككە تەتۈر ، كۆرستىك ئەل كۆزىگە.

تاپسىز ئامەت تازا ، شەرتنى بىز قىلىمىز ئادا ،

بىزگە مېھمان سىز بولارسىز ، ياڭرىتىپ نەغمە-ناۋا.

شەرتىمىز ئۇ ھەممە يەر مول ھوسۇل مەمۇرچىلىق ،

قوي قوتاندا ، ئۇن تاغاردا ، پۇل ساندۇقتا لىقمۇلىق.

مەشرىپىگە يەل-يېمىش ، توخۇ ، تۇخۇم ، كاۋاپمۇ بار ،

چاي ، ھەسەل ، پەتنۇستا نان ، لېگەندە گۆش تۇرسۇن قاتار.

ئالما ، ئانار ، تاۋۇز ، قوغۇن ، ئەنجۈر بىلەن نەشپۈتمۇ ھەم ،

كىشمىش ، ئۈزۈم ، پىستە ، بادام ھەر قايسىدىن توققۇز تاغار.

نەغمىچى لازىم دېسە ، مەمتاۋلا راۋاب ، ئاۋۇت مۇسا تەييار.

قالۇن ، غىجەك ، تەمبۇر ، ساتار ، سۇناي ، راۋاب ، داپ ، دۇتتار ،

سورۇننى شوخ قىزىتقىلى مەھەممەتنىياز مىرشۇۋاز كېرەك ،

ساقىي بولۇپ مەي تۇتقىلى سورۇن ئارا مىراب كېرەك.

دەستۇرخانلار مول سېلىنسۇن ، نازۇ-نېمەت رېتى بىلەن تىزىلسۇن ،

جانغا راھەت مۇسەللەس پىيالىگە تولدۇرۇلسۇن.

بۇ جاھاندا ئىش تولا ، قار ياغدىغان قىش تولا ،

بۇ قارلىقنى كۆرۈپلا ، ئاغرىپ قالسىلا سەت بولا.

قارلىق بىزنىڭ كۆڭلىمىز ، ئەل-مەھەللىگە رىشتىمىز ،

قارلىق بىلەن باشلانسۇن ، خۇشاللىقتا قىشىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بولدى تامام ، قارلىقنامە مەزمۇنلىرى ،

ئېغىر كەلمەس ئۆزلىرىگە ، مېھماندوستلۇق بۇ شەرتلىرى.

مەشرەپ قوشىقى

يىگىت:

خېنىم-خېنىم جانان خېنىم ،

بىيىت ئېيتاي ئاڭلا خېنىم.

ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ خېنىم ،

ئاشىقىڭمەن خۇما خېنىم

قىز:

يىگىت-يىگىت جانان يىگىت ،

بېيىت ئېيتاي ئاڭلا يىگىت.

مەنمۇ كۆيەي خۇما يىگىت ،

خەلقى ئالەم گۇۋاھ يىگىت.

يىگىت:

دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم ،

بېلىق بولۇپ ئويناي خېنىم.

چىراغ بولۇپ يانساڭ خېنىم ،

پىلىك بولۇپ كۆيەي خېنىم .

قىز:

جانغا جانان داۋا يىگىت ،

ئېسىۋالدىم تۇمار يىگىت.

تاغقا چىقسام دۇلدۇل يىگىت ،

باغقا كىرسەم بۇلبۇل يىگىت.

يىگىت:

چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم.

قوزاڭ بولۇپ ئويناي خېنىم ،

دەردىم تولا بىلگىن خېنىم.

خوش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم.

قىز:

قىسىۋالسام بىر گۈل يىگىت ،

سۆزى شېكەر قوبۇل ، يىگىت.

مەلۇم بولسۇن ھالىم يىگىت ،

مانا چىنە تەزىم يىگىت.

يېڭى قوشاقلار

باغقا گۈللەر تېرىساق ،

ئۈنۈپ چىقتى بەش قۇلاق.

بۇ دۇنيادا بارمىدۇ ،

پارتىيىدەك نۇر چىراق.

دولقۇنلار ياساپ تارىم ،

باغلارغا ئاقار دائىم.

پارتىيە ئېلىپ كەلگەن ،

ئۆمرىمىز باھار دائىم.

تاتلىق ئىكەن ، بال ئىكەن ،

يېڭى باغنىڭ ئۈزۈمى.

كۆڭلىمىزگە بەك ياقتى ،

سوتسىيالىزم تۈزۈمى.

ياشنىتىدۇ مايسىنى ،

ئىللىق قۇياش نۇرلىرى.

دېھقان رازى ئېچىلغاچ ،

بېيىشنىڭ كەڭ يوللىرى.

يۇرتىمىزنىڭ ئەزەلدىن ،

ئاۋات دېگەن نامى بار.

گۈل-گۈلستان قوينىدا ،

ھەر خىل بايلىق كانى بار.

ھەممە مىللەت ئىناق بىز ،

قەھرىمىز تىغ دۈشمەنگە.

يولاتمايمىز قۇزغۇننى ،

ئانا ۋەتەن گۈلشەنگە.

3. ماقال-تەمسىللەر

ئاۋات خەلقى يومۇرلۇق خەلق ، ئۇلارنىڭ ماقال-تەمسىللىرى بىر قەدەر كۆپ. بۇ يەردە بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئىناق ئائىلە نۇرلىنىپ تۇرار ،

ئىناقسىز ئائىلە تىنىمسىز بولار.

دۆلەت خەلققە تايىنىپ روناق تاپار ،

تۆمۈرچى ئوتقا تايىنىپ كەتمەن سوقار.

نىيىتى ياخشىنىڭ قولى كەڭ ،

ئەل سۆيگەننىڭ يولى كەڭ.

ئۆز يۇرت -ئۆز ئانا ،

ئۆزگە يۇرت - ئۆگەي ئانا.

قۇم دۆۋىلەنسە تاغ بولۇر ،

مىللەت ئۆم بولسا باغ (بولۇر).

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار ،

ئادەم قېرىسا ئۆز يۇرتىنى (تاپار).

مىڭ دوست كۆپلۈك قىلماس ،

بىر دۈشمەن ئازلىق (قىلماس).

دۈشمەن ئالدىڭدا ماختار ،

دوست كەينىڭدە (ماختار).

موللامنىڭ دېگىنىنى قىل ،

قىلغىنىنى قىلما.

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى ،

يامان تۇغقان ئۆلگەندە (ياخشى).

ئۈمىد ياشارتىدۇ ،

غەم-قايغۇ قېرىتىدۇ.

كۆڭۈل قويماي ئىش قىلغىلى بولماس ،

كۆڭۈلدىكى داغنى يۇيغىلى (بولماس).

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس ،

يىگىت سۆزىدىن (قايتماس).

توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر ،

يىگىتنى نومۇس (ئۆلتۈرەر).

پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال ،

ئاغرىمىسا ئۆزگىگە (سال).

هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا ،

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە.

ھەسەتخورنىڭ كۆڭلى قارا ،

جادۇگەرنىڭ يۈزى (قارا).

مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس ،

كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس.

بىرەي دىسە ئىچى ئاغرىيدۇ.

يەي دىسە چىشى (ئاغرىيدۇ).

ئۈسسۈل تىزدە ياخشى ،

گەپ يىزدە (ياخشى).

كەنجى كىۋەز غوزىلىماس ،

ئۈزۈن گەپنىڭ مەززىسى بولماس.

كۆسەينى ئۈزۈن قىل ،

گەپنى قىسقا (قىل).

قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا ،

گۇمانخورنىڭ ئۆمرى (قىسقا).

ئات ئۆلسە ئىگرى قالىدۇ ،

ئادەم ئۆلسە نامى (قالىدۇ).

يەر ناچار ئەمەس ، ئادەم ناچار.

تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس ،

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس.

ئۆز يۇرت - ئالتۇن بۆشۈك.

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

تىز پۈكۈپ ياشىغۇچە ، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى.

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ.

بۆرىگە رەھىم قىلغىنىڭ ، قويغا رەھىمسىزلىك قىلغىنىڭ.

ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر.

قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق.

پىچاق ئىتتىك بولسىمۇ غىلىپىنى كەسمەيدۇ.

دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەك تۆگمەنگە بېرىپتۇ.

بىلىمسىز ئادەم مېۋىسىز دەرەخ.

بىلىم توپلاش ئالتۇن توپلىغاندىن ئەلا.

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.

قورققان ئاۋال مۇشت كۆتۈرەر.

ئادىل بولسىلا، بىر ساپاق ئۈزۈمنى قىرىق ئادەمگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

يالغانچىنىڭ راست گېپىمۇ يالغان.

باغلاقلىق ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ.

ئىت پوق يېمىسە بېشى ئاغرىيدۇ.

قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس.

ئاسماندىكى قاغىنىڭ كۆزى يەردىكى پوقتا.

بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك ، ئانىسى يەر.

.§2ئەدەبىي ئىجادىيەت

.1شېئىر ئىجادىيىتى

-1949يىلىدىن كېيىن ، ئاۋات ناھىيىسىدە يېڭى شېئىر ئىجادىيىتى كۈنسايىن گۈللەندى . يېڭى شېئىرلاردا خەلق قوشاقلىرىنىڭ جەۋھىرى قوبۇل قىلىندى ھەم رۇبائىي قاتارلىق كونا شېئىر شەكىللىرى ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم يەرلىك شائىرلار مەيدانغا كەلدى.

تۇرسۇن تاھىر :ئاۋاتنىڭ ئايباغ يېزىسىدىن ، ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، 120 نەچچە پارچە شېئىر ، 50 رۇبائىي ئېلان قىلغان . ئۇنىڭ «يېزا ناخشىسى » ، «ۋەتەن مۇھەببىتى » ، «گۈزەل ئاقسۇ ئەتراپى » ، «ئاۋات ناخشىسى » قاتارلىق شېئىرلىرىنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ ، يەنە ئۇ «قېرىنداشلىق مۇھەببىتى» قاتارلىق ھىكايىلەرنىمۇ يازغان.

ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا: ئاۋاتنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدىن ، بىر قەدەر داڭلىق شېئىرلىرىدىن «بارلىقىم ۋەتەنگە مەنسۇپ » ، «ئاسمان» ، «ئاي» ، «يۇلتۇز» ، «بۇلۇت» ، «تاڭ سەھەر » ، «يۇرتۇم ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق 60 نەچچە پارچە شېئىرى بار.

زاھىر ئابدۇراخمان:ئاۋاتنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىن ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ،ئۇ لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا ماھىر بولۇپ ، «ئىزدىنىش» ، «مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس» ، «دولان راۋابى» ، «ھايات» ، «ئانا» ، «ئارزۇ» ، «سۆيگۈنۈم بوستانلىق» قاتارلىق 200 نەچچە پارچە لىرىك شېئىر يازغان.1992-يىلى «روھىي سەپەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان.

تۇنىياز مەتنىياز : ئاۋات بازىرىدىن . 1962-يىلدىن بۇيان جەمئىي 300 نەچچە پارچە شېئىر ئېلان قىلغان ، ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە شېئىرلىرىدىن «تاغ ناخشىسى » ، «دولان قىزىغا » ، «دولان ناخشىسى » ، «ئايرىلىش تەسىراتلىرى » ، «مۇخەممەس » قاتارلىقلار بار.

ھەبىبۇللا روزى : 1962-يىلدىن بۇيان 500 نەچچە پارچە شېئىر ئېلان قىلغان ، سەنئەت ئۆمىكىگە «ئىشچان قىز » قاتارلىق 33 ناخشا تېكستى يېزىپ بەرگەن. 1984-يىلى ۋاپات بولدى.

تۇنىياز مەتنىياز بىلەن ئابدۇرېھىم سىدىقلار ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى لۇغىتى »گە كىرگۈزۈلگەن ، ئۇلارنىڭ «ئۇمىد بوستانى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە خېلى تەسىرى بار.

-1982يىلى 1-ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۇيغۇرچە «ئاۋات ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (شاپىگراف باسمىسى) چىقاردى ، ئۇنىڭغا بىر مەخسۇس مۇھەررىر قويۇلدى . بۇ ژورنال 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەرەلسىز 10 سان (ھەر سانى 150 نۇسخا ) چىقىرىلدى . ھېكايە ، ئوبزور ، ئەدەبىي خەۋەردىن 32 پارچە ، ھەرخىل شەكىلدىكى شېئىر ، ئەسەردىن 215 پارچە ئېلان قىلىندى.

.2تىياتىر ئىجادىيىتى

-1957 يىلى ئوسمان مۆمىن كۆپ پەردىلىك ئوپېرا - «ئۇزىتىش »نى ئىجاد قىلدى ، بۇ ئوپېرا ئاۋات سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ بىر مەزگىل زىلزىلە پەيدا قىلدى.

-1963يىلى ئاۋات ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن سىدىق مۇسا ، ئايشەم سېلىم ، تۇرغۇن قېيۇم ، مەمەتنىياز ئەمەت قاتارلىقلار تارىخىي ھۆججەت- «شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى كۈرەش خاتىرىسى»گە ئاساسەن ئىجاد قىلغان سەھنە ئەسىرى ئاۋاتتا ئوينىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

-1963يىلى ئاۋات ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۇنىياز مەتنىياز بىلەن ئىمىنجان ئىكرام ئىجاد قىلغان «باغۇەن قىز » ناملىق ھېكايىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن سەھنە ئەسىرى ئاۋات سەھنىسىدە ئوينالدى.

-1976يىلى ئايباغ يېزىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىدىكى ئىلياس باۋۇدۇن ، ئابدۇقادىر دانى ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى » ناملىق پوۋېستىنى تىياتىرلاشتۇرۇپ سەھنىگە چىقاردى.

-1978يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئىجرا قىلغان (ۋاپات بولدى ) «موللا زەيدىن » ناملىق ئەسىرىنى سەھنىلەشتۈردى ، بۇ سەھنە ئەسىرى ئاۋات ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 100 نەچچە مەيدان ئوينالدى.

-1981يىلى تۇنىياز مەتنىياز زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى » ناملىق ھېكايىسىنى سەھنىلەشتۈردى ، ئاۋات ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئويىندى.

3.ئەدەبىي تەرجىمە

-1962 يىلدىن كېيىن ، ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرى راۋاجلاندى. ئابلەت تاجى ، زاھىر ئابدۇراخمان ، ئۇبۇلقاسىم ئابدۇللا ، زۇبىيە ئابدۇراخمان قاتارلىق ياش ، ئوتتۇرا ياشلىق ئاپتورلارنىڭ قىسمەن ئەسەرلىرى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

پېشقەدەم تەرجىمان چۇ بەيچىڭ «موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشى» رومانىنى ، ئەيسا مۇسا «شۇ ماۋ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى » رومانىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. مامۇت داۋۇتنىڭ نۇرغۇن تەرجىمىلىرى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»دە ئېلان قىلىندى.

4.گۈزەل سەنئەت ، فوتو سۈرەتچىلىك

-1950 يىلدىن كېيىن يۈسۈپ ياقۇپ دېكراتسىيە ۋە رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللاندى . ئەمەت نىياز ، روزى نىياز (ۋاپات بولدى)لار ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ۋېۋىسكا يېزىش ، تامغا ئويۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

-1955يىلى ئەمەتنىياز ، ئابدۇرۇسۇل روزى قاتارلىقلار خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

-1957يىلى ئىسرايىل ئىبراھىم خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللاندى ھەم دۇتار ، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسىدى.

-1958يىلدىن باشلاپ ئابدۇرېھىم روزى نەققاشچىلىق قىلدى.

-1962يىلى ئىمىر زاكىر ھەجۋىي رەسىم ئىجادىيىتىنى باشلىدى.

-1966يىلى ئىلياس باۋۇدۇن 1000 پارچىدىن ئارتۇق ھەجۋىي رەسىم سىزدى ، نۇرغۇن «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» يازدى ھەم خەتتاتلىقنى ئومۇملاشتۇردى.

-1973يىلى ئەتىيازدا جىن بو مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ فوتو سۈرەتچىلىك قىلدى.

-1980يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختىنىياز مەتنىياز ،جاك خۇك ، مۇختار ئابدۇراخمان ، ئىمىنجان سامساقلار خەتتاتلىق ، فوتو سۈرەتچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى.

.§3دراما ، ناخشا-ئۇسسۇل

.1دراما

—1940يىلى ئاۋات خەلقى ئىئانە توپلاپ ۋە خالىسانە ئىشلەپ خەلق كۇلۇبىنى سالدى . ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى باشقۇرۇشىدىكى سانايى نەفىسە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان «شاڭخەي كېچىسى » ناملىق درامىنى تەييارلاپ كۇلۇبتا ئوينىدى . مىنگونىڭ 1941-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان «تامچە قاندىن ئېچىلار ر مىليونچە گۈللەر » ناملىق دراما ئاۋات خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشتى . 1943 ~ 1945—يىللىغىچە يۇقىرىقى تېما ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «جۇدۇندىن كېيىنكى ئاپتاپ» (ل. مۇتەللىپ) ، «چىن مۇدەن» (ل. مۇتەللىپ) ، زۇلمەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمنى پاش قىلىدىغان «ئۆگەي ئانا» (ئابلا روزى) ، يېگىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان«سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» (ل. مۇتەللىپ) ، «يالغان تېۋىپ» (ئاپتورى نامەلۇم) ، فېئوداللىققا قارشى تۇرۇپ ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى تېما قىلغان «رابىيە—سەئىدىن » (ئەھمەد زىيائى ) ناملىق دراملا ر ئوينالدى . بۇ دراملاردا غوپۇر ئوليارۇف ، قۇربان ئىمىن ، نەزەر كېرىم ، ئوسمانقالى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار باش رول ئالدى ، سەھنە كىيىملىرى ، سەھنە جابدۇقلىرى كەمچىل ئىدى . 1946- يىلدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ خىلمۇ خىل توسقۇنلۇقى بىلەن دراما ئويناش مۇمكىن بولمىدى .ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى ئاۋاتقا كېلىپ «غېرىپ-سەنەم » ، «تاھىر—زۆھرە » قاتارلىق چوڭ تىپتىكى دراملارنى ئوينىدى . يېڭى جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ئىجارە ھەقق نى كېمەيتىش-زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ، يەر ئىسلاھاتى ، يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ، ساۋات چىقىرىش مەزمۇندىكى كىچىك دراما ۋە نومۇرلارنى ئوينىدى.

-1958يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ 1984-يىللىغىچە ناھىيە تەۋەسىدە «يېتىملار كۆز يېشى » (ئاپتورى : مەھەممەت تاتلىق ، ئاۋاتلىق) ، «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» (ئاپتورى: زۇنۇن قادىر) ، «ئۆگەي ئانا» (ئاپتورى:ئابلا روزى) ، «تامغىنى تارتىۋېلىش » (ئاپتورى نامەلۇم ) ، «باي بىلەن مالاي » (ئاپتورى نامەلۇم ) ، «ئارشىن مال ئالال » (ئاپتورى

نامەلۇم )، «ئالتۇنگول » (ئاپتورى نامەلۇم )، «جىرايەت » (ئاپتورى نامەلۇم )، «مەسلىھەت چىيى » (ئاپتورى: مەمتىلى زۇنۇن )، «ھالاكەت » ، «رەسمىي توي كۈندە » (ئاپتورى : شۈكۈر يالقۇن ) قاتارلىق درامىلارنى ئوينىدى . يەنە ناھىيە ئىچىدىكى ئاپتورلاردىن ئوسمان مۆمىننىڭ «كىم ئەيىبلىك » ، ئىبزىز تاھىرنىڭ «موللا زەيدىن » ، «ساۋات چىقىرىشنىڭ قىممىتى » ، ئابباس ساۋۇرنىڭ «ئىمتىھان » ، مەھەممەت تاتلىقنىڭ «ئانا بىلەن بالا » ، ئابدۇرېھىم روزىنىڭ «قىممەتلىك نەي » ، جۇمە نۇرنىڭ «كۈرەش قىلمىۋاتقان تەيۇەن خەلقى » ، مامۇت راشىدىننىڭ «باخشى مات بولدى » قاتارلىق درامىلىرىنى ئوينىدى.

-1963~1959يىللىغىچە ئاۋات ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار مەدھىيىلەنگەن «جاۋ يىمەن » ، «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار » دېگەن درامىلارنى ئوينىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن غورۇچۇل گۇڭشې ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى م ەدەنىيەت-سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتى «قىزىل چىراغ » ، «شاجياباڭ» قاتارلىق جىڭجۈي تىياتىرلىرىنى ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكى ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەن ، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى ئاۋاتقا كېلىپ ئويۇن قويۇپ تۇردى.

.2 ناخشا

ئاۋات ناھىيىسىنى ئەڭ دەسلەپتە دولانلىقلار ئاچقان ، دولان مۇقامى ئاساسىدا تارقىلىپ كەلگەن سىستېمىلىق ناخشىدىن 113ى بار ، ئۇلار دولان مۇقامىنىڭ تەرتىپى ۋە تۈرى بويىچە تۆۋەندىكىچە ئايرىلىدۇ:

.1باش باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 40 مىسرا ؛

.2بوم باياۋان ، بىر مۇقام ، يەتتە ئاھاڭ 44 مىسرا ؛

.3سىم باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 44 مىسرا ؛

.4باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 48 مىسرا ؛

.5موغال باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 56 مىسرا ؛

.6ساموك باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 56 مىسرا ؛

.7جۇلا ، بىر مۇقام ، يەتتە ئاھاڭ 60 مىسرا ؛

.8چۆل باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 44 مىسرا ؛

.9دولامەت ، (1-بۆلەك ) ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 40 مىسرا ؛

.10دولامەت ، (2-بۆلەك ) ، بىر مۇقام ، 33 ئاھاڭ 412 مىسرا ؛

.11دولان ساداسى ، بىر مۇقام ، يەتتە ئاھاڭ 68 مىسرا ؛

.12بەشئېرىق يېزا مۇقامى ، بىر مۇقام ، 15 ئاھاڭ 252 مىسرا.

يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى ناخشىلارنى بۈگۈنگە قەدەر ئېيتىپ كەلگەنلەردىن مەمتاۋلا راۋاب ، ئاۋۇت مۇسا ، ئىمىر ھەمزە قۇربان ، ئىمىر ئەمەت ، سەمەت سوپى ، داۋۇت نىياز ، ئىمامنىياز راۋاب ، قۇربانىياز ئېلى ، ئەخمەت ساۋۇت قاتارلىقلار بار. 1979 ~ 1981-يىلىغىچە ئۇلارنىڭ ناخشىسى لېنتىغا ئېلىندى ، ھازىر مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

-1980يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا- ئۇسسۇل كۆرىكىدە ئېيتىلغان ناخشا - «گۈزەل ياشلىقىم » (تېكستى ئاباس ساۋۇرنىڭ ، مۇزىكىسى ئاۋۇت راخماننىڭ ، گۈزەلنۇر ئورۇندىغان ) 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ؛ «ۋەتەن» (مۇزىكىسىنى ئىشلىگۈچى ھەم ئورۇندىغۇچى ئاۋۇت راخمان ، ئىدرىس ئىبراھىم ) 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ؛ ئىككى كىشىلىك ناخشا- ئۇسسۇل - «ئاشپەزگە مەدھىيە » (تېكستى ئاباس ساۋۇرنىڭ ، ئورۇندىغۇچى ئېزىز ئابلىز ، ئىدرىس ئىبراھىم ) 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

-1984يىلى ئاپتو نوم رايون ئۆتكۈزگەن «تەڭرىتاغدا باھار » ناخشا-ئۇسسۇل كۆرىكىدە ئاۋات سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى گۈزەلنۇر ئېيتقان «مىراجىخان» ، «گۈزەل ئەخلاق» دېگەن ناخشىلار 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

.3ئۇسسۇل

ناھىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭدىن كىچىككىچە ھەممىسى دېگۈدەك ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ ، ئاساسەن دولان ئۇسسۇلىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللاردىن چىكتىمە ، سەنەم ، ھوزۇر (نەكەس ) ، سىرىلمە ، غاز ئۇسسۇلى ، ئاخماق ئۇسسۇلى ، بوۋاي بىلەن شاپىدىخان ئۇسۇلى ، تۆگە ئۇسسۇلى ، ئۇزۇن- قىسقا موللا ئۇسسۇلى ، شادىيە ئۇسسۇلى ، غوجا ئالدىرىغاق ئۇ سسۇلى ، كېپىنەك ئۇسسۇلى ، مايمۇن ئۇسسۇلى ، جەرەن ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار .

دولان ئۇسسۇلى مۇقام رىتىمىغا ئەگىشىپ چىكتىمە ، سەنەم ، ھوزۇر ، سىرىلمە دېگەن ئۇسسۇللارغا ئايرىلىدۇ ، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىللىرى بار . چىكتىمىنىڭ 13 شەكلى ، سەنەمنىڭ 19 شەكلى ، ھوزۇرنىڭ

33 شەكلى ، سىرىلمىنىڭ 26 شەكلى بار.

-1980يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل كۆرىكىدە ئاۋات ناھىيسىنىڭ كوللېكتىپ ئۇسسۇلى- «دولان مەشرىپى»

1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

.4مۇزىكا

ناھىيدە خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن راۋاب (قەشقەر راۋابى ، ئۆزبېك راۋابى ، دولان راۋابىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ) ، دۇتار ، تەمبۇر ، داپ ، چاڭ ، ناغرا ، ساتار ، ساپايى ، قالۇن ، تاش قاتارلىقلار بار . غورۇچۆل يېزىسىنىڭ قەدىمىئايماق كەنتىدىكى سازەندىلەر جەمەتىدىن كېلىپ چىققان مەمتاۋلا ئاخۇن 1926- يىلى «شەيتان باياۋان » مۇقامىنى ئىجاد قىلغان ، ئۇ دولان راۋابىغا ئۇستا بولۇپ ، «بەشئېرىق سەنمى »گە باشى ئىدى ، يەنە راۋاب ياسايتتى ، خەلق ئارىسىدا داڭقى بار ئىدى . 1940-يىلى تۇردى خەلىپە (سودىگەر ، 1945-يىلى ئوغلى مەۋلانجان تۇردى بىلەن بىللە ئاقسۇ تۇرمىسىدە گومىنداڭ ئارمىيسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ) ئاۋات ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئىسكرىپكا ، ماندالىن ، گىتار ، گارمون قاتارلىق چەت ئەل چالغۇلىرىنى تەقدىم قىلدى ، بۇ ئاۋات خەلقىنىڭ چەت ئەل چالغۇلىرى بىلەن تۇنجى ئۇچرىششى ئىدى.

-1956يىلدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ غەمخورلۇقىدا ئاۋات ناھىيلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشقا ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى بىر تۈركۈم ياش- ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئۆگەندى. 80-يىللاردا پېشقەدەم خەلق سازەندىلىرى نۇرغۇن شاگىرت تەربىيلىدى ، داڭلىق خەلق سازەندىلىرى 123 كە يەتتى.

-1980يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا- ئۇسسۇل كۆرىكىدە مەمتاۋلا نىياز ئورۇندىغان دولان مەشرىپى مۇزىكىسى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، «تارىم مەنزىرىسى » ، «دولان مەشرىپى - باش باياۋان » مۇزىكىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

.§4ئاممىۋى ئويۇنلار

1.مەشرەپ

بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئۆي ، هويلا ، خامان ، سەينا ياكى باغلاردا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ.

هېيت-ئايەم مەشرىپى: كاتتا يىغىلىش ۋە هېيت-ئايەم كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

توي-تۆكۈن مەشرىپى: يىگىت توي قىلغاندا ۋە قايتا توي قىلغاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى مەشرەپ.

قاتارىي مەشرەپ: ئەل-ئاغىنىلەر يۇرتداشلار ئارا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مەشرەپ.

قارلىق مەشرىپى: قارلىق تاشلىغاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

ئۈزۈم مەشرىپى: باش باهاردا ئوغلاق تارتىش ، گۈلەگگۈچ ئۇچۇشقا ئوخشاش ئويۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

يەنە ناماقۇللۇق مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەرمۇ بار.

2.بارات كېچىسى

هىجرىيە 8-ئايدا هەممە ئائىلە دالاغا يىغىلىپ ، گۈلخان يېقىپ ، ئايدىڭدا بىركېچە تەنتەنە قىلىشىدۇ ، بەزىلەر هىكايە ئېيتسا ، بەزىلەر ناخشا ئېيتىدۇ ، بەزىلەر كىتاب ئوقۇپ تارىخنى ئەسلىشىدۇ ، بەزىلە ر جەم بولۇپ غىزالىنىدۇ ، باللار تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايدۇ.

3.سېهىرگەرلىك

ئاممىۋى سورۇنلاردا كىچىك تىپتىكى سېهىرگەرلىك ئويۇنلىرى ئوينىلىپ تۇرىدۇ ، لېكىن مەخسۇس سېهىرگەرلىك قىلىدىغانلار بەك ئاز .يېڭىئېرىق يېزىسىدىكى پىشقەدەم دېهقان بارات ئاشۇق نامراتچىلىق ئىچدە چوڭ بولغان ، ئۇ «قوڭغۇراق سوقۇشتۇرۇش » ، «قاپاقنىڭ سىيىشى » ، «قوناق چىقىرىش » (قوناقنى كۆزىگە تىقىپ ، ئاغزىدىن ياكى قۇلىقىدىن چىقىرىش ، ياكى ئاغزىغا سېلىپ قولتۇقىدىن چىقىرىش )، تانا بىلەن پۇتنى باغلاش قاتارلىق سېهىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى تۈزگەن.

4.قارلىق تاشلاش

هەر يىلى تۇنجى قار ياغقاندا ئەل-ئاغىنىلەر ئارا ، يۇرتداشلار ئارا قارلىق تاشلاش ئويۇنى بولىدۇ.قارلىقتا ياخشى تىلەك-نۇسرەت سۆزلىرىدىن باشقا ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى قويۇلىدۇ . قارلىق ئېلىپ بارغۇچى قارلىقنى يەتكۈزگەن

هامان قاچدۇ ، ئەگەر قارلىق ئالغ ۋچى ئۇنى تۇتۇۋالسا ، يۇزىگە قارا سۇركەپ ، ئېشەككە تەتۈر مىندۇرۇپ «سازايى قىلدۇ» ، تۇتۇۋالالمىسا قارلىقتىكى تەلەپ بويىچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

دولان مەشرىپى

§1.مۇزىكا ۋە تېكىست

ئاۋاتتىكى دولانلىقلار ئارىسدا تارقالغان مۇزىكىلىق ئەسەر «باياۋان » دەپ ئاتىلىدۇ ، ئۇ مۇقام بىلەن ئوخشاش خاراكتېردە بولغاچقا ، دولان مۇقامى دېيىلىدۇ.

باياۋان -دولان مەشرىپىدىكى ئاساسي كۈي ، ئۇ باش باياۋان ، بوم باياۋان ، سىم باياۋان ، باياۋان ، موغال باياۋان ، ساموك باياۋان ، جۇلا باياۋان ، چۆل باياۋان ، دولامەت باياۋان قاتارلىق توققۇز مۇقامدىن تەركىب تاپقان.

پېشقەدەم سەنئەتكار مەمتاۋلا نىياز رەتلىگەن «دولان مۇزىكىلىق مۇقامى » ، «بەشئېرىق بوستان مۇقامى » قاتارلىقلار قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغان دولان مۇقامى ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىدا ئەڭ قەدىمىي ، قويۇق هەم مۇكەممەل يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ، يۇرۇشلەشكەن چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان خەلق سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسىدۇر ھەمدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام »نىڭ ئاساسىدۇر . ئۇ ئۇزاق مۇددەت تارقىلىش داۋامىدا ئۇزلۇكسىز بېيىپ راۋاجلىنىپ كەلدى . ئۇنىڭ تېكىستلىرىدە دولانلىقلارنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخي دەۋرلەردىكى تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.باش باياۋاندا مۇنداق بىر كۇبلېت تېكىست بار:

دالا دەشتىدە ئەرۋاھ ،

بولارنىڭ ھالىنى كۆردۇم.

يېتىپتۇ داك سۆڭەك بولۇپ ،

ئۇنىڭ مازارىنى كۆردۇم.

بۇنىڭدىن قەدىمكى دولانلىقلاردا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتنى چۆلدە قويىدىغان ئادەت بولغانلىقنى كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ. جۇلا ، چۆل-باياۋان مۇقاملىرىنىڭ سوزۇلىدىغان يېرى دەسلەپتە «ۋوي ... ۋوي» ، «ئاھ جېنىم» ، «ئايارەي» دېگەندەكلەر بىلەن چۈشەتتى. كېيىن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا «ئاللا» ، «ئاللىيەي ئاللا»غا ئۆزگەرگەن. «ئاللىيەي ئاللا» مۇقامدا كەم بولسا بولمايدىغان قىستۇرۇلما سۆز بولۇپ قالغان.

ئاق ئالمىنىڭ شاخىدەك ، ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان ؟

ئاللىيەي ئاللا.

ئىچىمدىكى دەردىمنى سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان ؟

ئاللىيەي ئاللا.

دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىباھا خەزىنىسىدۇر ، ھەربىر مۇقامنىڭ تېكىستى مۇقىم بولمايدۇ ، مەشرەپ سورۇنى ۋە كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . ھەربىر بۆلەكنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇنى بولىدۇ ، ئالدىنقى بۆلەكنىڭ مەزمۇنى كېيىنكى بۆلەكنىڭ مەزمۇنىغا بېقىنما يىدۇ ، بۇ ئالاھىدىلىك مۇقام تېكىستلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . ھەربىر مۇقام مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل قوشاقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ، بىر مەشرەپتە قوشاقچىلار 10 ~ 20 كۇپلېت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ جىق قوشاق توقۇپ چىقىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن قوشاق ئۆزلۈكسىز موللىشىپ بارىدۇ. دائىم ئېيتىلىپ تۇرىدىغان «سەپەر ناخشىسى» بۇنىڭ بىر مىسالى:

ئاققىنا كۆينەك كىيىپسىز ،

قىپقىزىل جىيەك تۇتۇپ.

ئاشناڭىز قېنى خېنىم ،

ئولتۇرسىز ئېگەك تۇتۇپ.

يىپەك-تاۋاردا كۆينەك كېيىپ ،

گۈل قىسىپتۇ تالادا.

ئاشنا تۇتقان خېنىملار ،

ئەمدى قاپىۇ بالادا.

ھاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ ،

ئالەم چۈرگىلەي دەيدۇ.

ئىشتاننى قىسقا كىيىپ

كۆينەكىڭىز سۇرۇلۇپ قاپتۇ.

باغقا قوغۇن تېرىسام ،

چۈشكەن سويمىسى ئوڭدا.

ئويۇننى تولا ئويناپ ،

ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

ئەجەب ئوبدان بالىكەنسىز ،

چېچەك مونچاققا ئوخشايسىز.

قولىڭىزغا سۇ بېرەي دېسەم ،

قىمارۋاز-بەڭگىگە ئوخشايسىز.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ قىزىرىپ تۇرغان بىلەن ،

كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ ھېجىيىپ تۇرغان بىلەن.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ ، باشقا قىسسا بىر قۇچاق ،

كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

ئاۋاتتىكى دولانلىقلار تەخمىنەن 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆچۈپ كەلگەن . ئۇلار ئەمگەك جەريانىدا ، سەپەر ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى ، خۇشاللىقىنى ، قايغۇ- ھەسرەتلىرىنى ، يېتىمسىرەشلىرىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن ،

قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتقان ، شۇنىڭ بىلەن پەيدىنپەي دولان مۇقامى ۋە ئۇنىڭ تېكستلىرى مەيدانغا كەلگەن .

بۇ تېكستلەر ئەمەلىيەتتە ئاۋات ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان ناخشا-   قوشاقلاردىن ئىبارەت . ئوخشاشمىغان دەۋردە

مەيدانغا كەلگەن قوشاقلار ئاۋاتنىڭ تارىخىنى ۋە ئاۋاتلىقلارنىڭ ئۆرپ-   ئادىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ

بېرىدۇ.

ھاۋا① بىلەن ئادەم② قېنى ، ئەيسا③ بىلەن مۇسا④ قېنى ؟

ئىككى ئالەم سەردارى غوجام رۇسۇللا ⑤ قېنى.

گۆرنىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇق ، قايدىن چۇشەر يورۇقچىلىق ؟

بىچارە بولۇپ ياتقۇلۇق ، بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق.

①ھاۋا ئانام ، ② ئادەم ئاتام ، ③ ئەيسا پەيغەمبەر ، ④ مۇسا پەيغەمبەر ، ⑤ مەھەممەت پەيغەمبەر .

ئەل مېنى يامان دەيدۇ ، بىلمەيمەن يامانلىقنى ،

كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ ، تىلەيمەن ئامانلىقنى.

نادامەت ئەيلىگەن بىلەن ، ئۆلۈپ كەتكەن تىرىلمەيدۇ ،

ئاھ ئۇرۇپ پەريادىلەر چەكسەڭ ، قەبرىدىن سادا كەلمەيدۇ.

جانىنغۇ بەردى خۇدا ، بىر كۈن ئامانەت ئالىدۇ ،

ملك مۇشەققەتلەر بىلەن سالغان ئىمارەت قالىدۇ.

غەزەلنى تولا ئېيتسام ، ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ ،

مېنى باققان ئانام بولسا ، دەردى بار بالام دەيدۇ.

ئۆلۈمگە ھېلىلەر قىلغان ، لوقمان ھېكىم قالدىمۇ؟

خۇدادىن ئۆمۈر تىلەپ ، ئىستىگەن جان قالدىمۇ؟

مەن باغىڭغا كىرمەيمەن ، ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن ،

ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە ، نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

خۇدايائۇل خۇداۋەندە ئەجەپ ئادەم بىنا قىلدىڭ ،

يارالغان ئادىمىزاتنى ئۆلۈمگە ئاشنا قىلدىڭ.

ئاتادەك مېھرىبان قايدا ، ئانادەك مېھرىبان قايدا ،

بېشىمغا كۈنلەر چۈشكەندە ، ئانادەك مېھرىبان قايدا.

بۇ راۋاب قانداق راۋاب ، قوي تارىسى سالغان راۋاب ،

ياخشى مېھمان كەپتۇ دەپ ، توي بىلىپ چالغان راۋاب.

بىر قويۇم ئىككىنى تۇغدى ، بېرىپ كۆرۈك قوزاسىنى ،

كىم يامانلىق ئەيلىسە ، خۇدا بىرۇر جازاسىنى.

ئانامدۇر پاتىمە-زۆھرە①، ئاتام شۇل شاھى مەرداندۇر② ،

خۇدا يولدا جان بەرگەن ، يۈسۈپ③ بىلەن زىلەيخادۇر.④

كەلمگەن يەرگە كېلىپ داپنى سوقالمايدۇ كىشى ،

چەككىلى تاماكا يوق ، ئوينىغىلى نەدە كىشى.

①مەھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىزلىرى ، ② ھەزرىتى ئەلى ③ يۇسۇپ پەيغەمبەر ، ④ يۇسۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئايالى.

چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەيمۇ ، لېۋىڭنى غۇنچىدىن دەيمۇ ؟

ئىشكتىن يەلپۈنۈپ چىقساڭ ، يېڭى باغنىڭ گۈلى دەيمۇ ؟

قاشىڭ بىلەن قارايسەن ، زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن ،

مەن ساڭا نېمە قىلغان ، ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم ، سەندىن نېمە پەرۋايىم ،

شول باشىم ئامان بولسا ، ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

ئاتنىڭ ئاتلىقى باردۇر ، ناۋاتنىڭ تاتلىقى باردۇر ،

سەن ئۆزەڭنى داڭلايسەن ، سەندىن باشقا يار باردۇر.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە ، مەن ئۆزەم خىيالەتتە ،

مەندىن باشقا يار تۇتساڭ ، ئەرزىم بار قىيامەتتە.

جاھاندا نېمىلەر ياخشى ، ئاتا بىلەن ئانا ياخشى ،

ۋاپاسىز قېرىنداشتىن ، ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

مەن باردىم كېچە بىلەن ، ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن ،

قولۇم باغلىنىپ قاپتۇ ، يارىمنىڭ چېچى بىلەن.

كېۋەزلىككە كىرىپ باقسام ، كېۋەزلەر غوزا باغلاپتۇ ،

مېنىڭ دولاندىكى يارىم ، بېلىگە پوتا باغلاپتۇ.

ئىشىك ئالدى كۆل بولسا ، قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ ،

كۆڭۈلدىكى يار بولسا ، كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تەخمىنەن 28 خىل قوشاق تارقالغان ، ئۇلار ھەممىشە دولان مەشرىپىدە ئېيتىلىدۇ.

چاي تۇتۇش قوشىقى

چايى دەيدۇ ، چايى دەيدۇ ،

چاينىڭ قايماقى بار.

قەستىمىزغۇ چايدا ئەمەس ،

ئويناپ كۆلۈش ئاچماقى بار.

ئاي چىندە كەلگەن چاي ،

ئاپپاق جۇۋان ئەتكەن چاي.

تۇتتۇم قوبۇل ئېتەلا ،

كۆيدۈرۈۋالماي ئىچەلا.

ئەجەپ ئىكەن چايلارى ،

شېرىن سۆزلۈك لەۋلەرى.

شۇنچە خەق ئاراسىدا.

قالدى ئىپار تەملەرى

پوتا بېيىت-قوشاقلىرى

ئى يارى خېنىم ، سىلىگە ئوخشىماس ،

ئىشقى بىر گادايىڭ ماڭا ئوخشىماس.

سۆزلىسەم سۆزلىرىم تامام بولماس ،

ئىككىمىز پوتا ئوينىساق ھېچ يامان بولماس.

※ ※

ئاق تىكەن ، ئاپپاق تىكەن ،

چۆرىسىدە گۈل بار ئىكەن.

گۈلنى ئۈزۈپ كۆپكە سالدىم ،

كۆپتە ھاراق بار ئىكەن.

ئوڭ قولۇمغا هاراق ئالدىم ،

سول قولۇمغا شام چىراغ.

شام چىراغتا كۆرۈشكەندىن ،

مەشرەپتە كۆرۈشكەن ياخشىراق.

※ ※

كۆككىناڭ كەپتەر ئەمەس ،

كۈندە-كۈندە كەلگىلى.

كۈندە كەلسەممۇ كېلەرمەن ،

ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى ،

چۈشتى پىيالە-چىنىگە.

قارىمايسىز ئەجەپمۇ ،

مەن يېتىم بىچارىگە.

دولان مەشرىپىدىكى مىرۋازلىق قوشاقلىرى

شىرىق-شىرىق ئىككى كام قىرىق ،

ئادىمەتچىلىك ، زىياپەتچىلىك.

تەڭ دىمەتچىلىك ، خوشىندارچىلىق ،

ئەل-ئاغىنىدارچىلىق ، مەھەللىدارچىلىق.

كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ ،

تاش بىلەن قۇمنى ساناپ.

يارنى كەتتى دەپ ئاڭلاپ ،

قالدۇق يۈرەكنى تاتىلاپ.

ئۈژمە ، يىڭنىئېرىقتىن كەتتى ،

ئايكۆل ، سايئېرىقتىن كەتتى.

توخۇلا ، سەكپاچىدىن كەتتى ،

بالداك ، قارىمۇقچىدىن كەتتى.

قۇمباش ، بەشئېرىقتىن كەتتى ،

ئاۋات غورۇچۆلدىن كەتتى.

قۇملۇق چىغانچۆلدىن كەتتى ،

شاقۇر پىچاق سۇندىدىن كەتتى.

ئاقسۇ ساق-ساق مارالدىن كەتتى ،

مارالبېشى ئاقساقمارالدىن كەتتى.

قاراتال يېڭى مەھەللىدىن كەتتى ،

غورۇچۆل ئارا مەھەللىدىن كەتتى.

ئات ئىگىرى بىلەن كەتتى ،

كالا جۈپى بىلەن كەتتى ،

مال قوتىنى بىلەن كەتتى ،

توخۇ كاتىكى بىلەن كەتتى.

ئۆي مەھەللىدىن كەتتى ، دۆك مەھەللىدىن كەتتى ،

نەغمىچىلەرنىڭ غەيرىتى يېشىپ كەتتى.

ئۇسسۇلچىلار ھېرىپ كەتتى ،

پۇت-قوللىرى تېلىپ كەتتى.

يۈرەكلىرى سېلىپ كەتتى ،

ئەتراپىغا قاراپ كەتتى.

ئويىنىغانلار ئويناپ كەتتى ،

ئويىنىمىغانلار نەگە كەتتى ؟

دولان مۇقامىدا چېلىنىدىغان ئاساسلىق چالغۇ دولان راۋابىدۇر ، ئۇ چېلىشقا ئەپلىك بولۇپ ، چۆل-باياۋان ، ئوتلاق-دالاغا خاس كۈيگە باي .ئۇنىڭغا قالۇن ، داپ قاتارلىقلار تەڭكەش قىلىنسا ، دولان مۇقامىنىڭ دولانغا خاس ئۆزگىچە كۈيىنى ھاسىل قىلىپ ، سەنئەتنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ.

.2§ئۇسسۇل

ئاۋاتتىكى ئۇيغۇر خەلقى دولان مەشرەپ ئۇسسۇلى (دولان سەنىمى )غا مەستانە ، ئۇسسۇلدا ئاساسەن ئوۋچىلىق جەريانى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى جۇشقۇن- مەردانە بولۇپ ، رىتىمى كۈچلۈك ، ئۇنىڭدا يايلاقتا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيا ئاتىدىغان ، ۋۇجۇدىدىن جۇشقۇنلۇق ، جەسۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بەدىئىي ئالاھىدىلىك ساقلاپ قېلىنغان.

ئۇسسۇل چىكىتمە ، سەنەم ، ھوزۇر (سەلىقە ) ، سېرىلمە قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ . چىكىتمە باشلىنىش بۆلىكى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەرىكەت ئاستا بولىدۇ ، ئۇسسۇل ئويىنىغۇچى قولىنى ئوڭ ، سولغا تاشلايدۇ ۋە ئوڭغا يېرىم سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ. سەنەمگە كۆچكەندە رىتىم تېزلىشىپ ، ھەرىكەت ئېتىنكلەيدۇ . ھوزۇرغا كۆچكەندە ، ئۇسسۇل قىزغىن

كەپياتقا چۆمدۇ ، كىشىلەر جۈپ-جۈپ بولۇپ ئويناپدۇ. ئاخىرىدا سىرىلمە باسقۇچىغا كەلگەندە ، جۈپ بولۇپ ئويناش ئاخىرلىشىپ ، يالغۇز-يالغۇز بولۇپ ساماغا چۈشۈپ پىرقىراپ ئويناپدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئوۋچىلىق ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ.

§3.ئويۇن

1.پوتا ئويۇنى

دولان مەشرىپى خېلى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ ، شۇڭا ئارىلىقتا پوتا ئويۇنى بولىدۇ ، بۇ چاغدا نەغمىچىلەر ئارام ئېلىۋالى دۇ. بەزىدە پوتا ئويۇنى بىلەن مەشرەپ تەك ئوينىلىدۇ . يىگىت بېشى بەلۋاغنى ئېشىپ پوتا قىلىپ مەيدانغا چۈشۈپ ، ئويۇننىڭ قائىدە-تەرتىپلىرىنى جاكارلايدۇ ۋە قوشاق ئېيتىدۇ ، ئاندىن پوتىنى مەلۇم بىر كىشىگە تەككۈزۈپ ئۇنى مەيدانغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى مەيدانغا چۈشۈپ يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ- دە ، پوتىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ قويىدۇ ، ئاندىن ئىككەيلەن تەڭلا ئوڭغا ئۈچ قېتىم ، سولغا ئۈچ قېتىم چۆگىلەيدۇ . ئەگەر تەكلىپ قىلىنغۇچى ۋاقتىدا مەيدانغا چۈشمىسە ، ياكى ئايلانغان چاغدا قارشى تەرەپنى ئالداپ قويسا ، قارشى تەر ەپ ئۇنى پوتا بىلەن ئۇرىدۇ .تەكلىپ قىلىنغۇچى قوشاق ئېيتقاندىن كېيىن پوتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن باشقا كىشىنى مەيدانغا تەكلىپ قىلىدۇ . پوتا ئويۇنى كىشىلەرنى ناخشا- قوشاققا ماھىر ، ساداقەتمەن بولۇشقا ئۈندەيدۇ ، پوتا قوشاقلىرى مەزمۇن جەھەت تە مۇھەببەت قوشاقلىرى ، دوستلۇق قوشاقلىرى ، يۇرتنى مەدھىيلەش قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ساغلام بولمىغان قوشاقلارنى ئېيتقۇچىلار پوتا بىلەن دۇمبالىنىدۇ . پوتا ئويۇنىدا يەنە قارشى تەرەپنىڭ ئەقىل- پاراستىنى سىناش ، كۆپچىلىكنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ سور ۇننى قىزىتىش يۈزىسىدىن قوشاقتىن باشقا بەزى قاپيىداش جۈمىلىلەرمۇ ئېيتىلىدۇ ، بۇ ئەھۋال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئويناپ كەلدى.نۇرغۇن قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى دولانلىقلار يۇرتىنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چۆلمۇ چۆللەرنى كېزىپ ،

كەلدىم سېنى كۆرگىلى.

باغرىڭ زەپ قاتتىق ئىكەن ،

تاش قالدى ئۆلتۈرگىلى.

بۇنىڭدىن دولانلىقلار يۇرتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قاقاس جۇغراپىيىلىك ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە ،

توپ ئوينىغان قارا كۆز.

قوش تېرەكنىڭ تۈۋىدە ،

قوش ھەيدىگەن قارا كۆز.

ھارۋىڭىزنىڭ تېگىدىن ،

مەپە ئۆتەمدۇ قارا كۆز.

ئىككىمىز كۆرۈشمىسەك ،

ھەپتە ئۆتەمدۇ قارا كۆز.

بۇ قوشاقتىن دولانلىقلار يۇرتىنىڭ ئاۋاتلىششقا باشلىغانلىقىنى ، دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2.جازا

بۇنىڭدا يىگىت بېشى مەشرەپ ئەھلىنىڭ پىكرىگە بىنائەن ، مەشرەپ قائىدىسىگە بويسۇنمىغان كىشىلەرنى جازالايدۇ.

« (1جۇۋۋازغا قېتىش»: بۇنىڭدا «گۇناھكار» ئىچ كىيىمى بىلەن يالاڭباش يۈكۈندۈرۈلىدۇ. جۇۋاز ھەيدىگۈچى قولىغا بىر

چىنە سوغاق سۇ ئېلىپ ، بىر مۇشتۇمى بىلەن «گۇناھكار »نىڭ بېشىنى بېسىپ تۇرۇپ ، ئۇنى چۆگىلەتكەچ بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىدۇ ، ناخشا تۈگىگەندە ئاندىن توختايدۇ . جۇۋاز تارتقۇچى «گۇناھكار » قارشىلىق كۆرسەتسە ، ئۇ قولىقىدىن تارتىپ چۆگىلىتىلىدۇ.

» (2سامسا يېقىش»: بۇ ئېغىرراق جازا ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ناۋاي بولغۇچى «گۇناھكار »نىڭ دۈمبىسىگە سۇ قۇيۇپ ، ئىككى مۇشتۇمى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى قىسىپ بېسىپ «خېمىر يۇغۇرىدۇ ».ئاندىن ئالقىنىنىڭ قىرى بىلەن «گۇناھكار »نىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ، «پىياز توغراپ » ، «قىيما قىلىدۇ ». ئارقىدىن «سامسا تۈگۈپ » ، ئۇلارنى ئالقىنى بىلەن «گۇناھكار »نىڭ دۈمبىسى ۋە ئىككى چېكىسىگە «ياقىدۇ .«

» (3سۇرىتىنى تارتىش»: «گۇناھكار»نىڭ ئىشتىنىدىن باشقا كىيىمى سالدۇرۇلىدۇ ، ئاندىن ئۇ مەيدىسىنى تامغا چاپلاپ ، قولىنى كەينىگە قىلىپ تۇرغۇزۇلىدۇ . «فوتو سۇرەتچى » بىر قاپاق سوغۇق سۇنى «گۇناھكار »نىڭ ئەتراپىدىكى تامغا چاچىدۇ ، ئۇ سۇنى تامنىڭ سۇ تەگمىگەن قۇرۇق قىسمىدا ئادەمنىڭ شەكلى پەيدا بولغانغا قەدەر چاچىدۇ.

3.باشقا ئويۇنلار

(1غوجا ئالدىرغاقتا ئۇسسۇل ئويناش:ئويۇنچى بەلبېغىنىڭ بىر ئۇچىغا ناسۋال قاپىقى ، بىر ئۇچىغا كرۇشكا چېگىپ ، ھاسا تايانغان ھالدا مەيداندا چۈشىدۇ . ناس چېكىپ ، چاي ئوتلىغ اندىن كېيىن تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئېيتىپ كۈلكىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

غوجا ئالدىرغاق-ئا ، غوجا ئالدىرىغاق ،

كەينىڭگە باقماي ، ئالدىڭغا باق.

ئەللىك-ئاتمىش قوي ئېلىپ يەكەن دەرياسىدا باق ،

قېرىغاندا قىز ئېلىپ كىندىكىڭگە ياق.

غوجا ئالدىرغاق-ئا ، غوجا ئالدىرىغاق ،

ئالدىڭغا ماڭماي كەينىڭگە باق.

قېرىغاندا قىز ئېلىپ ، تاشلاپ قېچىپ باق.

ئەللىك-ئاتمىش قوي ئېلىپ جاڭگالدا باق .

ئويۇنچى بۇ قوشاقنى تەكرارلاپ ، كۈلكىلىك ئۇسسۇل ئويناپ ، سورۇندىكى ئۆگدەپ ئولتۇرغان خامۇش ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ ، مەشرەپ كەيپىياتىنى قىزىتىپ ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ.

(2بوۋاي بىلەن شاپىدىخان :بىرى بوۋايچە ، بىرى مومايچە ياسانغان ئىككى ئەر مەيدانغا چۈشۈپ ، بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ . بىردەمدىن كېيىن بىر ھىيلىگەر بەگزادە چىقىپ ، ئاجىز بوۋاينى بوزەك ئېتىپ ، ئۇ نىڭ مومىيى شاپىدىخاننى تۇتۇپ كېلىپ بىر چەتتە ئولتۇرۇۋالىدۇ . بوۋاي بىردەم ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن مومايىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ قېلىپ ئۇيان-بۇيان ئىزدەپ ئاخىر ئۇنى تېپىۋالىدۇ ۋە يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بەگزادىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. يىگىت بېشى بەگزادىنى جازالايدۇ.

(3ئۈزۈن-قىسقا موللا: بىر ئەر ئۈزۈن چاپان كېيىپ ، گويا ئۆزىدىن ئېگىز بىر موللا بەدىنىگە جۆر بولغاندەك ھالەتتە مەيدانغا چۈشىدۇ . سازەندىلەر ناخشا باشلايدۇ . ھاسىسا تاياقلىق يالغان موللا مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ ، تۇرۇپ ئېگىزلەپ ، تۇرۇپ پەسلەپ ، تۇرۇپ ئوڭغا ، تۇرۇپ سولغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ ، ئاخىردا يەردە دوملاپ سورۇندىكىلەرنى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۇدەك قاتتىق كۈلدۈرۈۋېتىدۇ.

(4ئاققۇ ئويۇنى:بىر ئەر كىشى ئاققۇچە ياسىنىپ مەيدانغا چۈشىدۇ ، قاناتلىرىنى كېرىپ ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ يەيدىغان بىر نېمە ئىزدەۋاتقاندەك ھە رىكەتنى قىلىدۇ ، بۇلارغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنمايدۇ . بىردەم ئۇششاق باللارنى چوقىلىغاندەك قىلىپ قورقىتىدۇ ، بىردەم بەللىرىنى سوزۇپ ، سەت- غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ، تۇمىقىنى قىڭغىر كىيىپ ، تەرىنى تۇرۇپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ تۇماق ، بەلباغلىرىنى مەيدانغا سۆرەپ چىقىپ ئويۇن ئەھلىنى كۈلدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، نىقابىنى ئېلىۋېتىپ ئەسلى ھالىتىنى ئاشكارىلاپ مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ.

(5 تۆگە ئۇسسۇلى:ئىككى كىشى تۆگىچە ياسىنىپ ، بىر كىشى تۆگىگە مىنىپ مەيدانغا چۈشىدۇ ۋە يېنىك چېلىنغان داپ ئاۋازىغا ئەگىشىپ قاملاشمىغان ئۇسسۇل ئوينايد ۇ ، «بويۇم دەرەخ شاخچە بار ، كۆڭلۈم دائىم سۇغا تەشنا ، بارورمەن دەشت- چۆلنى كېزىپ ، بىر ئۆزەم يالغۇز- تەنها ، بوۋ ... بوۋ ...» دەپ ۋارقىراپ ، تۆگە ھەر تەرەپتىن سۇ

ئىزدەۋاتقان ، تۆگىچى تۆگنى قامچىلىغان ، تۆگە تۆگىچىنى يەرگە ئېتىۋەتكەن ، يەنە ئۇنى پۇراپپۇراپ ، ئۇنىڭغا بولغان يېقىنچىلىقنى بىلدۈرگەن ، ئاندىن تۆگىچى تۆگىگە يۈكنى ئارتىپ سەپىرىنى داۋام قىلغان ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ . ئاخىرىدا ئويۇنچىلار نىقابلىرىنى ئېلىپ ئۆز قىياپىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن مەيداندىن چىقىدۇ.

غورۇچۆل يېزىسىنىڭ بەشئېرىق كەنتىدىكى سەمەت سوپى (1925-يىلى تۇغۇلغان ) مەدەنىيەت نازارىتى ، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ ئويۇشتۇرۇشىدىكى دولان مۇقامىنى توپلاش ، رەتلەش ، لېنتىغا ئېلىش پائالىيىتىگە كۆپ قېتىم قاتناشتى ، 1983-يىلى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان «چېگرا يېزىغا مۇھەببەت » نامىدىكى دولان مۇقامىنى ئورۇنداشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى يۇرت ئىچىدە كەڭ ئالقىشقا ئېگە.

II باب ئەدەبىيات-سەنئەت

§1.خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

1.چۆچەك

توپلانغان خەلق چۆچەكلىرىدىن شەخسلەرگە ئائىت رىۋايەت ، يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەت ، خىيالىي چۆچەك ، ھايۋاناتقا ئائىت چۆچەك ، جىن-ئالۋاستىلارغا ئائىت چۆچەك ، تۇرمۇشقا ئائىت چۆچەك ، مۇھەببەت-نىكاھقا ئائىت چۆچەك ، ماقال-تەمسىل قاتارلىق 25 خىلى بار.

خورازنى ئۇستاز تۇتقان باي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن .بىراق ئۇ بۇ مەخپىيەتنى ئاشكار بىلاپ قويسىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

باينىڭ بىر كالىسى ۋە بىر ئېشىكى بار ئىكەن .بىر كۈنى ئۇ كالىسىنى قوشقا قېتىپ ، كەچكىچە يەر ھەيدەپ گۇگۇمدا قايتىپ كەپتۇ ۋە كالىنى ئېغىلغا سولاپتۇ. ئېشەك كالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

-ھەي ئاداش! ئەجەب بوشاپ كېتىپسەنغۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

-قاق سەھەردە قوشقا قېتىۋىدى ، تۇرۇپ ۋارقىراپ ، تۇرۇپ قامچىلاپ ئارام بەرمىدى ، ئون جېنىمنىڭ بىرىنى قويدى .

پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىيدۇ ، پۇتلىرىمدا جان يوق ، بوشاپ كەتمەي قانداق قىلاي ، -دەپتۇ كالا.

-بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بار ، - دەپتۇ ئېشەك ، -ھازىردىن باشلاپ يېمەي-ئىچمەي يېتىۋال ، باي كۆرۈپ «كالام ئاغرىپ قاپتۇ» دەپ قوشقا قاتمايدۇ.

ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ماراپ تۇرغان باي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ .ئەتىسى ئېغىلغا كىرىپ قارىسا ، كالا ئوتمۇ يېمەي ، سۇمۇ ئىچمەي ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئىڭغىر- ئىڭغىر يۇشۇلداپ ياتقىدەك . باينىڭ كالا بىلە ن كارى بولماپتۇ . ئۇ ئېشەكنى يېتىلەپ چىقىپ قوشقا قېتىپتۇ .ئېشەكنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا ساپاننى سۆرەپ ماڭالمىسا ئۇرۇۋېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قاپتۇ.ئاخشىمى ئېشەكنى قوشتىن چىقىرىپ ئېغىلغا سولاپتۇ . كالا ئېشەكنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ، ئىچ ئاغرىتىپ سوراپتۇ:

-ئاداش ، بۈگۈن غەمكىن بولۇپ كېتىپسەنغۇ ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە ؟

-راست دەيسەن ئاداش ، - دەپتۇ ئېشەك ، - ئىككىمىز بىر ئېغىلدا تۇرۇپ كەلگەندۇق ، مانا ئەمدى ئۆلىدىغان خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ قالدىم ، قانداقمۇ غەمكىن بولماي. تۈنۈگۈن باي قاسساپقا: «كالام ئاغرىپ قالدى ، ئەتە ئۇنى سويۇپ گۆشنى سېتىشىپ بېرىڭ» دېدى.ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم ، بۇنىڭ قايغۇسىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن كالا ئېشەكتىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ چارىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئېشەك : «تىرىك قالاي دېسەڭ ، ھازىردىن باشلاپ ئوتنى تويغۇچە يەپ ، سۇنى قانغۇچە ئىچىپ ، تامغا ئۈسسۈپ تازا مۆرە ، بۇ ھالىتىڭنى كۆرگەن باي: كالام ساقىيىپتۇ دەپ ، قاسساپنى چاقىرمايدۇ» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ كالا ئوتنى تويغۇچە يەپتۇ ، سۇنى قانغۇچە ئىچىپتۇ ، مۆرەپ- تىپچەكلەپ ، تامغا ئۈسسۈپ ساقايغان ھالەتكە كىرىپتۇ .ئەتىسى باي قوتانغا كىرىپ كالىنىڭ ئويناقشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ- دە ، يېتىلەپ چىقىپ قوشقا قېتىپتۇ. باي گۈگۈم مەلدە كالىنى ئېغىلغا سولىغاندىن كېيىن ، هويلىدا ئولتۇرۇپ ، ئېشەك بىلەن كالىنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئويلاپ ، ماۋۇ ھايۋانلارنىڭ قۇۋلۇقىنى كۆرمەمدىغ ان ، دەپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىپتۇ . شۇ چاغدا باينىڭ خوتۇنمۇ يېنىدا ئىكەن ، ئۇ ئېرىنىڭ كۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، بۇنىڭدا جەزمەن بىر ئىش بار ، بولمىسا ئۆزىچە كۈلۈپ كېتەمدۇ دەپ ، سوراپتۇ:

-نېمشقا كۈلدىلا؟

-ھېچ ئىشقا.

-زادى نېمە ئىش بولدى؟

-باي ئېيتسام ئۆلۈپ كېتىمەن دەپ، راست گەپنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي، خوتۇنغا بۇنى سورىماڭلا دەپ يالۋۇرۇپتۇ. خوتۇنى تېخمۇ كۈچەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە باينىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ساقىلىنى يۇلۇپ، يۈز-كۆزىنى تاتىلاپ، كىيىمنى يىرتىپ، ئۇيان تارتىپ، بۇيان سۆرەپ قىيناپ كېتىپتۇ. خوتۇنىدىن قۇتۇلىشالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن باي سەۋەبنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، خوتۇنى ئاندىن قويۇۋېتىپتۇ. باي ئۆيلىغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ، تام تۈۋىدە داڭقېتىپ ئولتۇرۇپلا قاپتۇ. شۇ چاغدا خوراز بىر توپ مىكياننى باشلاپ، ئۇياننى چوقۇلاپ، بۇياننى چوقۇلاپ كېلىپ قاپتۇ. ئىت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

-ھەي خوراز، كىشىلەر «توخۇنىڭ ئەقلى بولسا پوق يەيتتىمۇ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. بىزنى باي بېقىپ كەلدى. ھالا بۈگۈن خوتۇنىنىڭ بالاغا قويۇشى بىلەن ئۆلىدىغان بولدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىمىز، سەن بۇنىڭدىن قايغۇرماقتا يوق قوقۇقلاپ ئويناپ يۈرسىنا، سېنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

-باي دېگەن ئەر كىشى تۇرۇپ، بىر خوتۇننى باشقۇرولماي، مەخپىيەتلىكنى دەپ قويۇپ ئۆلسە ئۆلۈۋەرسۇن، دەپتۇ خوراز كۈلۈپ، - مەن بىر ئۆمۈر 8 - 9 مىكياننى كەينىمگە سېلىپ يۈردۈم، تاپقان دان ئاز بولسا ئۆزەم يەيمەن، جىقراق بولسا مىكيانلارغا بۆلۈپ بېرىمەن، گەپ ئاڭلىمسا قوڭغا نەچچىنى تېپىمەن، شۇڭا ھېچقايسىسى گېپىمگە كىرمەي قالمايدۇ. ئەگەر مەن باينىڭ ئورنىدا بولۇپ قالىدىغان بولسام، قولۇمغا كالتەكتىن بىرنى ئېلىپ: سەنزە ماڭا چېقىلىشقا پېتىنىۋاتامسەنا؟ ياقامغا ئېسىلىشقا پېتىنىۋاتامسەنا؟ دېمىگەن گەپنى دېگۈزۈشكە پېتىنىۋاتامسەنا؟ ئالدىمدا نوچىلىق قىلىشقا پېتىنىۋاتامسەنا؟ دەپ ئۇرۇپ جېنىنى ئېلىپ ئالقىنىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتىم. دەپ باقە، شۇنداق قىلسا ئۇ خوتۇن يۇۋاشلاپ كەتمەي قالارمۇ؟

باي خورازنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: ھە، ئىش دېگەن مۇنداق ئىكەن- دە، ئەمدى مەن خورازنى ئۇستاز تۇتسام بولغۇدەك دېگەن ئويغا كەپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن خوتۇنى «كۈلۈشنىڭ سەۋەبنى دەپ بېرىسەن!» دەپ بايغا يەنە ئېسىلىپتۇ. باي بىر تال كالتەكنى ئاپتۇ-دە، «مانا دەپ بېرەي» دەپ خوتۇنىرى تازا ساپتۇ، خوتۇنى ئاغرىققا چىدىماي:

«ۋاي جېنىم غوجام ، سىلىگە ئىككىنچى چېقىلمايمەن ، نېمە دېسىلە شۇنى قىلىمەن ، خاتا قىپتىمەن ، گۇناھىمدىن كەچسىلە غوجام» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باينىڭ خوتۇنى يۇۋاشلاپ كېتىپتۇ ، باينىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان ، جېدەل قىلمايدىغان بوپتۇ.

ئۇۋال

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن ، پۇقرالار ئۇنىڭ ئادىللىقىدىن بەكمۇ رازى ئىكەن . پادىشاھ پۇقرالار بىلەن ھەمىشە ئالاقىلىشىپ تۇرىدىكەن ، ھەر ھەپتىدە ۋەزىر- ۋۇزرالارنى باشلاپ كوچا- رەستىلەرنى ئايلىنىپ چىقىدىكەن . كوچىغا چىققاندا پۇقرالارغا داقا-دۇمباق چېلىپ خەۋەر بېرىدىكەن . شۇ كۈنى ئۇۋالچىلىق تارتقان كىشىلەر پادىشاھقا ئەرز-دادىنى ئېيتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ شەھەردە پادىشاھتىن نارازى بولغان بىرمۇ ئادەم ، سورالمىغان بىرمۇ دېلو يوق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بۇ شەھەردىكى ئىككى ئادەم يىراق بىر شەھەرگە بېرىپ ئوقەت قىلىش مەسلىھەتىگە كەپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرى ناھايىتى پۇلدار بولۇپ ، نۇرغۇن مال-بىسات تەييارلاپتۇ ؛ يەنە بىرىنىڭ ئانچە جىق پۇلى بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا ماللىرىنى تەقلەپ ، پۇلدار كىشى بىلەن بىللە يولغا چېقىپتۇ . ئۇلار مېڭىپ-مېڭىپ ، بىر كۈنى بىر قا قاس چۆلگە يېتىپ كەپتۇ ، شۇ چاغدا پۇلى ئاز سودىگەردە : «بۇ ئادىمزات يوق يەر ئىكەن ، ئاخشاملىققا ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم ، مال-دۇنياسى ماڭا قالامدۇ» دېگەن يامان نىيەت تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ پۇلدار سودىگەرنى شۇ يەردە قونۇشقا قايىل قىلىپ ، يۈك- تاقلارنى چۈشۈرۈپ ، ئاتلارغا بوغۇز بېرىپتۇ . بىرلىكتە غىزالانغاندىن كېيىن دالىدا ئۇخلىماقچى بولۇشۇپتۇ . پۇلدار سودىگەر ئەمدى يېتىپ تۇرۇشىغا پۇلى ئاز سودىگەر توساتتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ، خەنجىرىنى كۆكسىگە تەڭلەپتۇ. پۇلدار سودىگەر قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ «نېمە قىلماقچىسەن ؟» دەپتۇ.

-ماڭا مېلىڭ كېرەك ، سېنى ئۆلتۈرۈپ مېلىڭنى ئالىمەن.

-مېنى ئۆلتۈرمە ، جېنىمنى ئامان قوي ، ماللىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن.

-ياق ، ئەمدى ئۆلتۈرگىنىم ئۆلتۈرگەن ، چۈنكى سەن غەرىزىمنى بىلىپ قالدىڭ.

پۇلى ئاز سودىگەر خەنجىرىنى پۇلدار سودىگەرنىڭ كانىيىغا تەڭلەپتۇ. پۇلدار سودىگەر :

-توختاپ تۇر ، ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈر ، بىراق بىر ئېغىز ۋەسىيىتىم بار ، شۇنى يەتكۈزۈپ قوي ، خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى ،

بالمىزغا نېمە دەپ ئات قويۇشنى مەسلىھەتلىشىۋالالمىغاندۇق .قايتىپ بارغاندىن كېيىن خوتۇنۇمغا دەپ قويغىن ، بالىنىڭ ئېتىنى «ئۇۋال» قويسۇن ،- دەپتۇ.

ئاچكۆز قاتىل پۇلدار سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن ماللىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ .

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئايلار ئۆتۈپتۇ.كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى سودىگەرنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشىپتۇ. يېقىنلاپ كەلگەندە قارىسا ، پۇلى ئاز سودىگەر كېلىۋېتىپتۇ ، پۇلدار سودىگەر كۆرۈنمەپتۇ .ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ دېرىكىنى سوراپتىكەن ، پۇلى ئاز سودىگەر : ئىككىمىز ئاچا يولدا ئايرىلىشقان ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدىم ، بىراق ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ ماڭا : «قايتىپ بارغاندىن كېيىن خوتۇنۇمغا دەپ قوي ، بالىنىڭ ئېتىنى ‹ئۇۋال› قويسۇن دېگەنىدى» دەپتۇ.

پۇلدار سودىگەرنىڭ خوتۇنى يىغلاپ- يىغلاپ ئۆيگە قايتىپتۇ ، ئېرىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن بالىسىغا «ئۇۋال» دەپ ئات قويۇپتۇ. بالا ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇپ ، 4-5 ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ ، ئانىسى بەك ئەركە باققاچقا كەپسىز چوڭ بوپتۇ بىر كۈنى ئانا خېمىر يۇغۇرۇپ ئولتۇرسا ، بالىسى كەپسىزلىك قىلىپ خېمىرغا توپا چېچىۋېتىپتۇ. ئانىسى گەپ ئاڭلىتالماي ئاچچىقىدا: ئۇۋال ، بولدى دەيمەن ئۇۋال ، ۋاي ئۇۋال ... دەپ توۋلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ئۇ ئايال تۇرۇشلۇق كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن ، بىراۋنىڭ «ئۇۋال بولدى » دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ ، ئۇ ئايالنى چاقىرتىپ چىقىپ سوراپتۇ:

-نېمە ئۇۋالچىلىقىڭىز بار ئىدى ؟

-ھېچقانداق ئۇۋالچىلىقىم يوق.

-ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇۋال بولدى دەپ توۋلايسىز ؟

-ئوغلۇمنىڭ ئېتى «ئۇۋال» ئىدى. شۇنى چاقىرغان.

-قانداقلارچە بۇ ئاتنى قويغانتىڭىز ؟

ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قويغانتىم.

پادىشاھ سوراپ پۈتۈن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن: ۋەسىيەتنى يەتكۈزگەن ئادەمنىڭ ئۆزى بالىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ، بولمىسا بىكاردىن بىكار بۇ گەپنى قالدۇرامدۇ ؟ بۇنىڭدا جەزمەن بىر سىر بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە نەدىمۇ بۇنداق

غەلتە ئاتنى قويدىغان ئىش بولسۇن ؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئويلا-ئويلا: ھېلىقى سودىگەر ئۆلۈش ئالدىدا بالىسىغا ئات قويۇش ۋەسىيتى ئارقىلىق ماڭا ئۇۋۇالچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى يەتكۈزمەكچى بولغان گەپ ، بۇ ئىشنى ئېنىقلىماي بولمايدۇ، دېگەندە قانداقمۇ مۇناسىپ كېلەي ، دېگەن يەرگە كەپتۇ-دە ، سودىگەرنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

-سەن بىلەن بىللە ماڭغان ھېلىقى سودىگەر قېنى ؟

-ئۇ باشقا يول بىلەن كەتكەن.

-ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلدىغانلىقىنى بىلەتتىمۇ ؟

-بىلمەيتتى.

-ئەمسە نېمىشقا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ ، ساڭا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدۇ ؟

سودىگەر جاۋاب بېرەلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ .پادىشاھ ئۇنى باغلىتىپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ سوراق قىپتۇ . سودىگەر قاتىللىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ .پادىشاھ قاتىلنى قاتتىق جازاغا تارتىپتۇ ، بۇلىغان مال- دۇنيانى ھېلىقى ئاي‌الغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

يەر نامىغا دائىر رىۋايەت

بۇرۇندا سادەتبەگ ئاتلىق بىر دولانلىق كىشى ئۆتكەنىكەن ، ئۇ مۇقامخۇمار كىشى ئىكەن . بىر كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە غىجەك چېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ، يېقىن ئەتراپتا تۇرغان سانىخان ئاتلىق بىر قىزچاق غىجەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر دۆڭلۈككە چىقىپ ، غىجەككە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر خىزمەتكار سادەتبەگكە: «ھەي بەگ ، سانىخان غىجەكلىرىگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ» دەپتۇ.

سادەتبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، غىجىكنى توغراقتا ئېسىپ قويۇپ ، يەنە بىر دۆڭلۈككە چىقىپ قارىسا ، سانىخان راستلا ئۇسسۇل ئويناۋاتقىدەك . بۇ ئىش يۇرتقا تارىلىپتۇ .كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر سادەتبەگ غىجىكنى ئېسىپ قويغان يەرنى «غىجەكئاستى » دەپ ، ئۇسسۇل كۆرمەن دەپ چىققان دۆڭنى «قالىغاچدۆك » دەپ ، سانىخان ئۇسسۇل ئوينىغان دۆڭنى «ساندۆك» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. بۇ ناملار ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق .

دولانلىقلارنىڭ ئۆتۈكى

بۇرۇنقى زاماندا ، دولان بېگى باشقا بىر قەبىلىنىڭ دولانلىقلار يۇرتىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ-

ده ، دەرهال ئۇستا چاقىرتىپ پۇتۇن بىر پارچە كالا تېرىسىدە بىر پاي ئۆتۈك تىكتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنى يى راققا ئاپىرىپ دۈشمەن بېسىپ ئۆتىدىغان يولغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى دۈشمەن دولانلىقلار يۇرتىغا ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ ، ئۇلار يولدا ئاجايىپ يوغان بىر پاي ئۆتۈكنى كۆرۈپتۇ.

ئۇلاردىن بىرى سوراپتۇ:

-بۇ نېمە ؟

-دولانلىقنىڭ ئۆتۈكى.

دۈشمەن ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ- دە ، دولانلىقنىڭ بىر پاي ئۆتۈكى شۇنچە چوڭ تۇرسا ، بىزنىڭ مىڭ ئادىمىمىز ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىگە تەڭ كېلەلمىگۇدەك ، دەپ ئويلاپ ، قورقۇپ چېكىنىپتۇ. ئاردىن 15 يىل ئۆتكەندە يەنە جاسۇس ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلەپ ، دولانلىقلارنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ، دولانلىقلارنىڭ ئەقىل-پاراستىگە قايىل بوپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىللارغىچە دولانلىقلارنىڭ يۇرتىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە بولماپتۇ .

تەكلىماكان ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمكى زاماندا ئاۋات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى سۈيى مول ، دەرەخلىرى غول بوستانلىق ئىكەن . ئۇ يەردە نۇرغۇن شە ھەر-بازار ۋە يېزا- قىشلاقلار بار ئىكەن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قېتىق شەھىرى ھەممىدىن ئاۋات ئىكەن . بىر كۈنى توساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ 10 كۈن داۋام قىلىپ ، پۈتكۈل شەھەرنى قۇم بىلەن كۆمۈۋېتىپتۇ ، ئادەم ۋە مال-چارۋىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بوپتۇ. ھايات قالغانلار يۇرتنى قايتا گۈللەندۈرۈش يولدا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي ، ئايكۆل ، بەشئېرىق تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ يەر قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن تەكتىماكان دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ ، كېيىنچە تاۋۇشتىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن تەكلىماكان دېيىلىدىغان بوپتۇ .

»ئوتتۇز كېمە« ھەققىدىكى رىۋايەت

بۇرۇنقى زاماندا يەكەن دەرياسى بويىدىكى دولانلىقلارنىڭ بىر شەھرىنى دۈشمەن ئىشغال قىلىۋېلىپ ، دولانلىقلارنى پاجىئەلىك دەپسەندە قىپتۇ . ئاكا-ئۇكا قۇربان بىلەن سۇبخان ياشلارنى تەشكىللەپ ، 30 كېمە ياساپ ، دەريا بويىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ . ئۇلار كېچىسى چۆقان- سۈرەن بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ ، تاڭ ئاتقاندا كېمىلەرنى يەنە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ، شۇنداق قىلىپ بۇ يەردىكى دۈشمەننى يوقىتىپتۇ ، دۈشمەن ئىككىنچىلەپ كېلىشكە جۈرئەت

قىلالماپتۇ ، خەلق ئازاب-  ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپتۇ  . شۇ غەلىبىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ يەر   «ئوتتۇز كېمە  » دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

.2قوشاقلار

 توپلانغان ئاۋات قوشاقلىرى يەتتە خىل ، بۇلار: ئەمگەك قوشاقلىرى ، سىياسىي قوشاقلار ، قائىدە-يوسۇن قوشاقلىرى ، مۇھەببەت قوشاقلىرى ، تۇرمۇش قوشاقلىرى ، تارىخىي قوشاقلار ، بالىلار قوشاقلىرى ، دولان مۇقامىنىڭ ناخشا تېكىستى.

 ئوما قوشىقى

ئوما ئورسەن كۆندە ،

تالمادۇ بىلەكلەرىڭ.

مەن يادىڭغا يەتكەندە ،

كۆيمەمدۇ يۈرەكلەرىڭ.

ئوما ئوردۇق ئېتىزدا ،

ئالتىنچى ئايدا تومۇزدا.

راست گېپىڭنى ئېيت يارىم ،

بۇغدايلىقتا ئېگىزدا.

بۇ چاغلار ئەجەپ چاغلا ،

يارىم بەلىنى چىڭ باغلا.

مەن ئورۇپ سالاي ئۈنچە ،

سەن ئارقامدىن باغ باغلا.

راۋاب چالىمەن غەمدە

ئۆستەڭ بويىدا نەمدە ،

راۋاب چالىمەن غەمدە.

سورىماڭلار ھالىمنى ،

مەن دەردى تولا بەندە.

بۆگۈن بازارغا ئوخشايدۇ ،

يېتىم زارى قاخشايدۇ.

ھالىدىن خەۋەر ئالسام ،

ئاتاسى يوققا ئوخشايدۇ.

زالىملار زاماندا

ئالىمنى سويۇپ يەيدۇ ،

تەخسىگە قويۇپ يەيدۇ.

بەگ-بوجاڭدا ئىنساپ يوق ،

خەلقنى شۈلۈپ يەيدۇ.

قوغۇن تېرىدىم توڭدا ،

چۈشكەن سويىمسى ئوڭدا.

زالىملار زاماندا ،

ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

ئۆرۈق سالدۇق بىر دانە.

ئۇنۇپ چىقتى مىڭ دانە ،

زالىملارنىڭ زۇلمىدا ،

پۇقرا بولدى ۋەيرانە.

باللار قوشىقى

ئاق تېرەك ، ئاپپاق تېرەك ،

بىزدىن سىزگە كىم كېرەك.

ئۆزى ئەقىللىق ئۇستا ،

قولى چېۋەر ھەر ئىشتا ،

سىزدىن بىزگە شۇ كېرەك.

ئاق تاش ، كۆك تاش ،

دەريا بويىدا سۈزۈك تاش.

قەلەم بىلەن مەن ئاداش ،

ئوينايدىغان باللار بارمۇ ؟

ئەللەي ناخشىسى

ئەللەي بالام قوڭى پوق ،

ئېرتاي دېسەم لاتا يوق.

لاتا دېگەن ئۆگزىدە ،

چىقاي دېسەم شوتا يوق.

شوتا دېگەن تېرەكتە ،

كېسەي دېسەم پالتا يوق.

پالتا دېگەن تۆمۈرچىدە ،

ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.

پۇلچى ئاكام ئۆلۈپتۇ ،

شورلۇق يەرگە كۆمۈپتۇ.

يىغلىغىلى ئادەم يوق ،

ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

بەگ بىلەن كەمبەغەل

بەگلىرىم بەگلىك قىلادۇ ،

دوغىسى ئالۋان بىلەن.

ئاخۇنۇم پەتىۋا پىچادۇر ،

راستى يوق يالغان بىلەن.

كەتمەن چاپماي بەگلىرىم ،

تولدۇرۇپتۇ سېڭنى.

ئارپا ئۇندا كۆمەش ،

كەمبەغەلنىڭ يېگىنى.

بەگ-غوجام مىنەر تايغا ،

سۈنى ياقىلار بايغا.

كەمبەغەللەر سۇ دېسە ،

بېشىنى تىقار لايغا.

گومىنداڭغا يۆلەنگەن ،

بەگ-غوجاملار ئۆتمۈشتە.

ساندۇقنى تولدۇرغان ،

ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتە.

رامىزان قوشىقى

رامىزان ، رامىزان ،

بۇ يىل كەلدى يەنە رامىزان.

كىم ئۆلۈپ ، كىم قالدۇ ئاللا بىلەر ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىدا قاتار-قاتار قويىنىڭ ئىزى ،

بىر قاپاق ياغ ئەپچىقىڭ باينىڭ قىزى ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

ئاق توخۇ ئاپپاق توخۇ قونغاقتىدۇر ،

بىزگە ساقلىغان توخۇملىرى قاپاقتىدۇر.

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

رامىزان ئېيتىپ كەلدىم ئۆي مەھەللىدىن ،

بىزگىمۇ قويغانمىدۇ لەغمەنلىدىن ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

مەسچىتنىڭ توغراقىنىڭ ئۇچى قىزىل ، تۇۋى قارا ،

خۇدايىم بىر بالا بەرسۇن مەڭزى قىزىل ، قاشى قارا ،

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

تۈگۈلۈكگىزنىڭ بېشىدا ئاي كۆردۈم ،

ھەممە كىشىدىن سىزنى باي كۆردۈم.

قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

قارلىقنامە

ھەققى ئاللا ھۆرمىتىدىن ياغدى ئاسماندىن قار ،

قىلدىكى قار ئۆزنى ھەم بۇ يەر يۈزىگە ئاشكارا.

قىلغىلى چۆللەرنى بوستان ، قادىر ئىگەم ياغدۇردى قار ،

قاردا قارلىق تاشلىماق ، بۇ قەدىمدىن باربار.

يوقتار غەم-قايغۇنى ، قارلىق تاشلاش ئويۇنى ،

كۆچىدۇ ئەل-مەھەللىدىن ، ئىناقسىزلىق قويۇنى.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق ، دوستلۇق ئويۇننى باشلىدۇق ،

ئەل جامائەت جەم بولۇپ ، كۆڭلىمىزنى خوشلىدۇق.

ئاپىرىشقا بۇ نامىنى زىرەك ۋەكىلنى سايلىدۇق ،

نامە بىرلە ئۇشبۇ ئاددىي شەرتىمىزنى تاشلىدۇق.

ئىلوسا ۋەكىل خانىڭىزگە ، ھۇشيار بولۇپ تۇرغايسىز ،

بوسۇغ ئاتلاپ يانغىندا ، ئۇنى پەملەپ تۇتقايسىز.

گەر تۇتالماي قالسىڭىز ، ئورۇنلايسىز بۇ شەرتنى ،

ئويناىمىز نەغمە بىلەن ، ئەل-جامائەت مەشرەپنى.

گەر تۇتسىڭىز ۋەكىلنى ، قارا سۈرتۈپ يۈزىگە ،

مىندۈرۈپ ئېشەككە تەتۈر ، كۆرسىتىڭ ئەل كۆزىگە.

تاپسىز ئامەت تازا ، شەرتنى بىز قىلىمىز ئادا ،

بىزگە مېھمان سىز بولارسىز ، ياڭرىتىپ نەغمە-ناۋا.

شەرتىمىز ئۇ ھەممە يەر مول ھوسۇل مەمۇرچىلىق ،

قوي قوتاندا ، ئۇن تاغاردا ، پۇل ساندۇقتا لىقمۇلىق.

مەشرىپىگە يەل-يېمىش ، توخۇ ، تۇخۇم ، كاۋاپمۇ بار ،

چاي ، ھەسەل ، پەتنۇستا نان ، لېگەندە گۆش تۇرسۇن قاتار.

ئالما ، ئانار ، تاۋۇز ، قوغۇن ، ئەنجۈر بىلەن نەشپۈتمۇ ھەم ،

كىشمىش ، ئۈزۈم ، پىستە ، بادام ھەر قايسىدىن توققۇز تاغار.

نەغمىچى لازىم دېسە ، مەمتاۋۇلا راۋاب ، ئاۋۇت مۇسا تەييار.

قالۇن ، غىجەك ، تەمبۇر ، ساتار ، سۇناي ، راۋاب ، داپ ، دۇتتار ،

سورۇننى شوخ قىزىتقىلى مەھەممەتنىياز مىرشۇۋاز كېرەك ،

ساقىي بولۇپ مەي تۇتقىلى سورۇن ئارا مىراب كېرەك.

دەستۇرخانلار مول سېلىنسۇن ، نازۇ-نېمەت رەتى بىلەن تىزىلسۇن ،

جانغا راھەت مۇسەللەس پىيالىگە تولدۇرۇلسۇن.

بۇ جاھاندا ئىش تولا ، قار ياغىدىغان قىش تولا ،

بۇ قارلىقنى كۆرۈپلا ، ئاغرىپ قالسىلا سەت بولا.

قارلىق بىزنىڭ كۆڭلىمىز ، ئەل-مەھەللىگە رىشتىمىز ،

قارلىق بىلەن باشلانسۇن ، خۇشاللىقتا قىشىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بولدى تامام ، قارلىقنامە مەزمۇنلىرى ،

ئېغىر كەلمەس ئۆزلىرىگە ، مېھماندوستلۇق بۇ شەرتلىرى.

مەشرەپ قوشىقى

يىگىت:

خېنىم-خېنىم جانان خېنىم ،

بىيىت ئېيتاي ئاڭلا خېنىم.

ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ خېنىم ،

ئاشىقىڭمەن خۇما خېنىم

قىز:

يىگىت-يىگىت جانان يىگىت ،

بىيىت ئېيتاي ئاڭلا يىگىت.

مەنمۇ كۆيەي خۇما يىگىت ،

خەلقى ئالەم گۇۋاھ يىگىت.

يىگىت:

دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم ،

بېلىق بولۇپ ئويناي خېنىم.

چىراغ بولۇپ يانساڭ خېنىم ،

پىلىك بولۇپ كۆيەي خېنىم .

قىز:

جانغا جانان داۋا يىگىت ،

ئېسىۋالدىم تۇمار يىگىت.

تاغقا چىقسام دۈلدۈل يىگىت ،

باغقا كىرسەم بۇلبۇل يىگىت.

يىگىت:

چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم.

قوزاڭ بولۇپ ئويناي خېنىم ،

دەردىم تولا بىلگىن خېنىم.

خوش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم.

قىز:

قىسىۋالسام بىر گۈل يىگىت ،

سۆزى شېكەر قوبۇل ، يىگىت.

مەلۇم بولسۇن ھالىم يىگىت ،

مانا چىنە تەزىم يىگىت.

يېڭى قوشاقلار

باغقا گۈللەر تېرىساق ،

ئۈنۈپ چىقتى بەش قۇلاق.

بۇ دۇنيادا بارمدۇ ،

پارتىيىدەك نۇر چىراق.

دولقۇنلار ياساپ تارىم ،

باغلارغا ئاقار دائىم.

پارتىيە ئېلىپ كەلگەن ،

ئۆمرىمىز باھار دائىم.

تاتلىق ئىكەن ، بال ئىكەن ،

يېڭى باغنىڭ ئۈزۈمى.

كۆڭلىمىزگە بەك ياقتى ،

سوتسىيالىزم تۈزۈمى.

ياشنىتىدۇ مايسىنى ،

ئىللىق قۇياش نۇرلىرى.

دېھقان رازى ئېچىلغاچ ،

بېيىشنىڭ كەڭ يوللىرى.

يۇرتىمىزنىڭ ئەزەلدىن ،

ئاۋات دېگەن نامى بار.

گۈل-گۈلستان قوينىدا ،

ھەر خىل بايلىق كانى بار.

ھەممە مىللەت ئىناق بىز ،

قەھرىمىز تىغ دۈشمەنگە.

يولاتمايمىز قۇزغۇننى ،

ئانا ۋەتەن گۈلشەنگە.

3. ماقال-تەمسىللەر

ئاۋات خەلقى يومۇرلۇق خەلق ، ئۇلارنىڭ ماقال-تەمسىللىرى بىر قەدەر كۆپ. بۇ يەردە بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئىناق ئائىلە نۇرلىنىپ تۇرار ،

ئىناقسىز ئائىلە تىنىمسىز بولار.

دۆلەت خەلققە تايىنىپ روناق تاپار ،

تۆمۈرچى ئوتقا تايىنىپ كەتمەن سوقار.

نىيىتى ياخشىنىڭ قولى كەڭ ،

ئەل سۆيگەننىڭ يولى كەڭ.

ئۆز يۇرت - ئۆز ئانا ،

ئۆزگە يۇرت - ئۆگەي ئانا.

قۇم دۆۋدلەنسە تاغ بولۇر ،

مىللەت ئۆم بولسا باغ (بولۇر)

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار ،

ئادەم قېرىسا ئۆز يۇرتنى (تاپار).

مىڭ دوست كۆپلۈك قىلماس ،

بىر دۈشمەن ئازلىق (قىلماس).

دۈشمەن ئالدىڭدا ماختار ،

دوست كەينىڭدە (ماختار).

موللامنىڭ دېگىنىنى قىل ،

قىلغىنىنى قىلما.

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى ،

يامان تۇغقان ئۆلگەندە (ياخشى).

ئۈمىد ياشارتىدۇ ،

غەم-قايغۇ قېرىتىدۇ.

كۆكۈل قويماي ئىش قىلغىلى بولماس ،

كۆكۈلدىكى داغنى يۇيغىلى (بولماس).

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس ،

يىگىت سۆزىدىن (قايتماس).

توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر ،

يىگىتنى نومۇس (ئۆلتۈرەر).

پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال ،

ئاغرىمىسا ئۆزگىگە (سال)

ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا ،

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە.

ھەسەتخورنىڭ كۆڭلى قارا ،

جادۇگەرنىڭ يۈزى (قارا)

مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس ،

كۆكۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس.

بېرەي دېسە ئىچى ئاغرىيدۇ.

يەي دېسە چىشى (ئاغرىيدۇ).

ئۇسسۇل تۇزدە ياخشى ،

گەپ يۈزدە (ياخشى).

كەنجى كېۋەز غوزىلىماس ،

ئۇزۇن گەپنىڭ مەززىسى بولماس.

كۆسەينى ئۇزۇن قىل ،

گەپنى قىسقا (قىل).

قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا ،

گۇمانخورنىڭ ئۆمرى (قىسقا)

ئات ئۆلسە ئىگرى قالىدۇ ،

ئادەم ئۆلسە نامى (قالىدۇ)

يەر ناچار ئەمەس ، ئادەم ناچار.

تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس ،

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس.

ئۆز يۇرت - ئالتۇن بۆشۈك.

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلقى تۆت.

تىز پۈكۈپ ياشىغۇچە ، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى.

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ.

بۆرىگە رەھىم قىلغىنىڭ ، قويغا رەھىمسىزلىك قىلغىنىڭ.

ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر.

قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق.

پىچاق ئىتتىك بولسىمۇ غىلىپىنى كەسمەيدۇ.

دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەك تۈگمەنگە بېرىپتۇ.

بىلىمسىز ئادەم مېۋىسىز دەرەخ.

بىلىم توپلاش ئالتۇن توپلىغاندىن ئەلا.

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە.

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.

قورققان ئاۋال مۇشت كۆتۈرەر.

ئادىل بولسىلا ، بىر ساپاق ئۇزۇمنى قىرىق ئادەمگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

يالغانچىنىڭ راست گېپىمۇ يالغان.

باغلاقلىق ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ.

ئىت پوق يېمىسە بېشى ئاغرىيدۇ.

قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس.

ئاسماندىكى قاغىنىڭ كۆزى يەردىكى پوقتا.

بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك ، ئانىسى يەر.

.§2ئەدەبىي ئىجادىيەت

.1شېئىر ئىجادىيىتى

-1949يىلىدىن كېيىن ، ئاۋا ت ناھىيىسىدە يېڭى شېئىر ئىجادىيىتى كۈنسايىن گۈللەندى . يېڭى شېئىرلاردا خەلق قوشاقلىرىنىڭ جەۋھىرى قوبۇل قىلىندى ھەم رۇبائىي قاتارلىق كونا شېئىر شەكىللىرى ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم يەرلىك شائىرلار مەيدانغا كەلدى.

تۇرسۇن تاھىر : ئاۋاتنىڭ ئايباغ يېزىسىدىن ، ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، 120 نەچچە پارچە شېئىر ، 50 رۇبائىي ئېلان قىلغان . ئۇنىڭ «يېزا ناخشىسى » ، «ۋەتەن مۇھەببىتى » ، «گۈزەل ئاقسۇ ئەتراپى » ، «ئاۋات ناخشىسى » قاتارلىق شېئىرلىرىنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئو قۇيدۇ ، يەنە ئۇ «قېرىنداشلىق مۇھەببىتى » قاتارلىق ھېكايىلەرنىمۇ يازغان.

ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا: ئاۋاتنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدىن ، بىر قەدەر داڭلىق شېئىرلىرىدىن «بارلىقىم ۋەتەنگە مەنسۇپ » ، «ئاسمان » ، «ئاي » ، «يۇلتۇز » ، «بۇلۇت » ، «تاڭ سەھەر » ، «يۇرتۇم ھەققىدە مۇخەممەس » قاتارلىق 60 نەچچە پارچە شېئىرى بار.

زاھىر ئابدۇراخمان:ئاۋاتنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىن ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۇ لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا ماھىر بولۇپ ، «ئىزدىنىش » ، «مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس » ، «دولان راۋابى » ، «ھايات » ، «ئانا » ، «ئارزۇ » ، «سۆيگۈنۈم بوستانلىق » قاتارلىق 200 نەچچە پارچە لىرىك شېئىر يازغان.1992-يىلى «روھىي سەپەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان.

تۈنىياز مەتنىياز : ئاۋات بازىرىدىن . 1962-يىلىدىن بۇيان جەمئىي 300 نەچچە پارچە شېئىر ئېلان قىلغان ، ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە شېئىرلىرىدىن «تاغ ناخشىسى » ، «دولان قىزىغا » ، «دولان ناخشىسى » ، «ئايرىلىش تەسراتلىرى » ، «مۇخەممەس » قاتارلىقلار بار.

ھەببۇللا روزى : 1962-يىلىدىن بۇيان 500 نەچچە پارچە شېئىر ئېلان قىلغان ، سەنئەت ئۆمىكىگە «ئىشچان قىز »

قاتارلىق 33 ناخشا تېكستى يېزىپ بەرگەن. 1984-يىلى ۋاپات بولدى.

تۇنىياز مەتنىياز بىلەن ئابدۇرېھىم سىدىقلار ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى لۇغىتى »گە كىرگۈزۈلگەن ،

ئۇلارنىڭ «ئۈمىد بوستانى »ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە خېلى تەسىرى

بار.

-1982يىلى 1-ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۇيغۇرچە «ئاۋات ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (شاپىگراف باسمىسى)

چىقاردى ، ئۇنىڭغا بىر مەخسۇس مۇھەررىر قويۇلدى . بۇ ژورنال 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەرەلسىز 10 سان (ھەر

سانى 150 نۇسخا ) چىقىرىلدى . ھېكايە ، ئوبزور ، ئەدەبىي خەۋەردىن 32 پارچ ە ، ھەرخىل شەكىلدىكى شېئىر ،

ئەسەردىن 215 پارچە ئېلان قىلىندى.

.2تىياتىر ئىجادىيىتى

-1957 يىلى ئوسمان مۆمىن كۆپ پەردىلىك ئوپېرا - «ئۈزىتىش»نى ئىجاد قىلدى ، بۇ ئوپېرا ئاۋات سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ

بىر مەزگىل زىلزىلە پەيدا قىلدى.

-1963يىلى ئاۋات ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن سىدىق مۇسا ، ئايشەم سېلىم ، تۇرغۇن قېيۇم ، مەمەتنىياز ئەمەت

قاتارلىقلار تارىخىي ھۆججەت- «شىنجاڭ تۇرمىسىدىكى كۆرەش خاتىرىسى»گە ئاساسەن ئىجاد قىلغان سەھنە ئەسىرى

ئاۋاتتا ئوينىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

-1963يىلى ئاۋات ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۇنىياز مەتنىياز بىلەن ئىمىنجان ئىكرام ئىجاد قىلغان

«باغۋەن قىز » ناملىق ھېكايىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن سەھنە ئەسىرى ئاۋات سەھنىسىدە ئوينالدى.

-1976يىلى ئايباغ يېزىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىدىكى ئىلياس باۋۇدۇن ، ئابدۇقادىر دانى ، ئوبۇلقاسىم

قاتارلىقلار قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» ناملىق پوۋېستىنى تىياتىرلاشتۇرۇپ سەھنىگە چىقاردى.

-1978يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئېزىز تاھىرنىڭ (ۋاپات بولدى ) «موللا زەيدىن » ناملىق ئەسىرىنى

سەھنىلەشتۈردى ، بۇ سەھنە ئەسىرى ئاۋات ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 100 نەچچە مەيدان ئوينالدى.

-1981يىلى تۇنىياز مەتنىياز زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى » ناملىق ھېكايىسىنى سەھنىلەشتۈردى ، ئاۋات

ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئوينىدى.

.3ئەدەبىي تەرجىمە

-1962 يىلدىن كېيىن ، ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرى راۋاجلاندى. ئابلەت تاجى ، زاھىر ئابدۇراخمان ، ئۇبۇلقاسىم ئابدۇللا ، زۇبىيە ئابدۇراخمان قاتارلىق ياش ، ئوتتۇرا ياشلىق ئاپتورلارنىڭ قىسمەن ئەسەرلىرى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

پېشقەدەم تەرجىمان چۇ بەيچېڭ «موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشى» رومانىنى ، ئەيسا مۇسا «شۇ ماۋ ۋە ئۇنىڭ باللىرى » رومانىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. مامۇت داۋۇتنىڭ نۇرغۇن تەرجىملىرى «ئەدەبىي تەرجىملەر»دە ئېلان قىلىندى.

.4گۈزەل سەنئەت ، فوتو سۈرەتچىلىك

-1950 يىلىدىن كېيىن يۇسۇپ ياقۇپ دېكراتسىيە ۋە رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللاندى . ئەمەت نىياز ، روزى نىياز (ۋاپات بولدى)لار ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ۋېۋىسكا يېزىش ، تامغا ئويۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

-1955يىلى ئەمەتنىياز ، ئابدۇرۇسۇل روزى قاتارلىقلار خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

-1957يىلى ئىسرايىل ئىبراھىم خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللاندى ھەم دۇتار ، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسىدى.

-1958يىلىدىن باشلاپ ئابدۇرېھىم روزى نەققاشچىلىق قىلدى.

-1962يىلى ئىمىر زاكىر ھەجۋىي رەسىم ئىجادىيىتىنى باشلىدى.

-1966يىلى ئىلياس باۋۇدۇن 1000 پارچىدىن ئارتۇق ھەجۋىي رەسىم سىزدى ، نۇرغۇن «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» يازدى ھەم خەتتاتلىقى ئومۇملاشتۇردى.

-1973يىلى ئەتىيازدا جىن بو مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ فوتو سۈرەتچىلىك قىلدى.

-1980يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختىنىياز مەتنىياز ، جاڭ خۇڭ ، مۇختار ئابدۇراخمان ، ئىمىنجان سامساقلار خەتتاتلىق ، فوتو سۈرەتچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى.

.3§دراما ، ناخشا-ئۇسسۇل

.1دراما

—1940يىلى ئاۋات خەلقى ئەئانە توپلاپ ۋە خالىسانە ئىشلەپ خەلق كۇلۇبىنى سالدى . ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى باشقۇرۇشىدىكى سانايى نەفىسە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان «شاڭخەي كېچىسى » ناملىق درامىنى تەييارلاپ كۇلۇبتا ئوينىدى . مىنگونىڭ 1941-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان «تامچە قاندىن ئېچىلار مىليونچە گۈللەر » ناملىق دراما ئاۋات خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشتى . 1943 ~ 1945—يىللىغىچە يۇقىرىقى تېما ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «جۇدۇندىن كېيىنكى ئاپتاپ» (ل. مۇتەللىپ) ، «چىن مۇدەن» (ل. مۇتەللىپ) ، زۇلمەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمنى پاش قىلىدىغان «ئۆگەي ئانا» (ئابلا روزى)، يېگىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان«سامساق ئاكاك قايىنايدۇ» (ل. مۇتەللىپ) ، «يالغان تېۋىپ» (ئاپتورى نامەلۇم) ، فېئوداللىققا قارشى تۇرۇپ ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تېما قىلغان «رابىيە—سەئىدىن » (ئەھمەد زىيائى ) ناملىق درامىلار ئوينالدى . بۇ درامىلاردا غوپۇر ئۇليارۇف ، قۇربان ئىمىن ، نەزەر كېرىم ، ئوسمانقالى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار باش رول ئالدى ، سەھن ە كىيىملىرى ، سەھنە جابدۇقلىرى كەمچىل ئىدى . 1946- يىلدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ خىلمۇ خىل توسقۇنلۇقى بىلەن دراما ئويناش مۇمكىن بولمىدى .ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى ئاۋاتقا كېلىپ «غېرىپ-سەنەم » ، «تاھىر—زۆھرە » قاتارلىق چوڭ تىپتىكى درامىلارنى ئوينىدى .يېڭى جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش- زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ، يەر ئىسلاھاتى ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ، ساۋات چىقىرىش مەزمۇنىدىكى كىچىك دراما ۋە نومۇرلارنى ئوينىدى.

-1958يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ 1984-يىلىغىچە ناھىيە تەۋەسىدە «يېتىملار كۆز يېشى » (ئاپتورى : مەھەممەت تاتلىق ، ئاۋاتلىق) ، «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» (ئاپتورى: زۇنۇن قادىر) ، «ئۆگەي ئانا» (ئاپتورى:ئابلا روزى) ، «تامغىنى تارتىۋېلىش » (ئاپتورى نامەلۇم ) ، «باي بىلەن مالاي » (ئاپتورى نامەلۇم ) ، «ئارشىن مال ئالال » (ئاپتورى نامەلۇم) ، «ئالتۇنگۈل » (ئاپتورى نامەلۇم ) ، «جىنايەت » (ئاپتورى نامەلۇم ) ، «مەسلىھەت چىيى » (ئاپتورى: مەمتېلى زۇنۇن ) ، «ھالاكەت » ، «رەسمىي توي كۈندە » (ئاپتورى : شۆكۈر يالقۇن ) قاتارلىق درامىلارنى ئوينىدى . يەنە ناھىيە ئىچىدىكى ئاپتورلاردىن ئوسمان مۆمىنىنىڭ «كىم ئەيىبلىك » ، ئېزىز تاھىرنىڭ «موللا زەيدىن » ، «ساۋات چىقىرىشنىڭ

قىممىتى » ، ئابباس ساۋۇرنىڭ «ئىمتىھان » ، مەھەممەت تاتلىقنىڭ «ئانا بىلەن بالا » ، ئابدۇرېھىم روزىنىڭ «قىممەتلىك نەي» ، جۇمە نۇرنىڭ «كۇرەش قىلىۋاتقان تەيۋە ن خەلقى » ، مامۇت راشىدىنىنىڭ «باخشى مات بولدى » قاتارلىق درامىلىرىنى ئوينىدى.

-1963~1959يىللىغىچە ئاۋات ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار مەدھىيىلەنگەن «جاۋ يىمەن » ، «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار » دېگەن درامىلارنى ئوينىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمكى بىلەن غورۇچۆل گۇڭشې ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى مەدەنىيەت- سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتى «قىزىل چىراغ » ، «شاجىاباڭ» قاتارلىق جىڭجۇي تىياتىرلىرىنى ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمكى ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەن ، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى ئاۋاتقا كېلىپ ئويۇن قويۇپ تۇردى.

.2ناخشا

ئاۋات ناھىيىسىنى ئەڭ دەسلەپتە دولانلىقلار ئاچقان ، دولان مۇقامى ئاساسدا تارقىلىپ كەلگەن سىستېمىلىق ناخشىدىن 113ى بار ، ئۇلار دولان مۇقامىنىڭ تەرتىپى ۋە تۈرى بويىچە تۆۋەندىكىچە ئايرىلىدۇ :

.1باش باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 40 مىسرا ؛

.2بوم باياۋان ، بىر مۇقام ، يەتتە ئاھاڭ 44 مىسرا ؛

.3سىم باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 44 مىسرا ؛

.4باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 48 مىسرا ؛

.5موغال باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 56 مىسرا ؛

.6ساموك باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 56 مىسرا ؛

.7جۇلا ، بىر مۇقام ، يەتتە ئاھاڭ 60 مىسرا ؛

.8چۆل باياۋان ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 44 مىسرا ؛

.9دولامەت ، (1-بۆلەك ) ، بىر مۇقام ، ئالتە ئاھاڭ 40 مىسرا ؛

.10دولامەت ، (2-بۆلەك ) ، بىر مۇقام ، 33 ئاھاڭ 412 مىسرا ؛

.11دولان ساداسى ، بىر مۇقام ، يەتتە ئاھاڭ 68 مىسرا ؛

.12بەشئېرىق يېزا مۇقامى ، بىر مۇقام ،15 ئاھاڭ 252 مىسرا.

يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى ناخشىلارنى بۈگۈنگە قەدەر ئېيتىپ كەلگەنلەردىن مەمتاۋلا راۋاب ، ئاۋۇت مۇسا ، ئىمىر ھەمزە قۇربان ، ئىمىر ئەمەت ، سەمەت سوپى ، داۋۇت نىياز، ئىمامنىياز راۋاب ، قۇربانىنىياز ئېلى ، ئەخمەت ساۋۇت قاتارلىقلار بار. 1979 ~ 1981يىلىغىچە ئۇلارنىڭ ناخشىسى لېنتىغا ئېلىندى ، ھازىر مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

-1980يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا- ئۇسسۇل كۆرىكىدە ئېيتىلغان ناخشا - «گۈزەل ياشلىقىم » (تېكستى ئا بباس ساۋۇرنىڭ ، مۇزىكىسى ئاۋۇت راخماننىڭ ، گۈزەلنۇر ئورۇندىغان )1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ؛ «ۋەتەن» (مۇزىكىسىنى ئىشلىگۈچى ھەم ئورۇندىغۇچى ئاۋۇت راخمان ، ئىدرىس ئىبراھىم )2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ؛ ئىككى كىشىلىك ناخشا- ئۇسسۇل - «ئاشپەزگە مەدھىيە » (تېكستى ئاBباس ساۋۇرنىڭ ، ئورۇندىغۇچى ئېزىز ئابلىز ، ئىدرىس ئىبراھىم )3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

-1984يىلى ئاپتونوم رايون ئۆتكۈزگەن «تەڭرىتاغدا باھار » ناخشا-ئۇسسۇل كۆرىكىدە ئاۋات سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى گۈزەلنۇر ئېيتقان «مىراجىخان» ، «گۈزەل ئەخلاق» دېگەن ناخشىلار 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

.3ئۇسسۇل

ناھىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭدىن كىچىكىگىچە ھەممىسى دېگۈدەك ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ ، ئاساسەن دولان ئۇسسۇلىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللاردىن چىكىتمە ، سەنەم ، ھوزۇر (نەكەس)، سىرىلمە ، غاز ئۇسسۇلى ، ئاخماق ئۇسسۇلى ، بوۋاي بىلەن ش اپىدىخان ئۇسۇلى ، تۆگە ئۇسسۇلى ، ئۇزۇن- قىسقا موللا ئۇسسۇلى ، شادىيە ئۇسسۇلى ، غوجا ئالدىرىغاق ئۇسسۇلى ، كېپىنەك ئۇسسۇلى ، مايمۇن ئۇسسۇلى ، جەرەن ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار . دولان ئۇسسۇلى مۇقام رىتىمىغا ئەگىشىپ چىكىتمە ، سەنەم ، ھوزۇر ، سىرىلمە دېگەن ئۇسسۇللارغا ئايرىلى دۇ ، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىللىرى بار . چىكىتمىنىڭ 13 شەكلى ، سەنەمنىڭ 19 شەكلى ، ھوزۇرنىڭ 33 شەكلى ، سىرىلمىنىڭ 26 شەكلى بار.

-1980يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل كۆرىكىدە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۇسسۇلى- «دولان مەشرىپى» 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

.4مۇزىكا

ناھىيىدە خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن راۋاب (قەشقەر راۋابى ، ئۆزبېك راۋابى ، دولان راۋابىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل )، دۇتار ، تەمبۇر ، داپ ، چاڭ ، ناغرا ، ساتار ، ساپايى ، قالۇن ، تاش قاتارلىقلار بار . غورۇچۆل يېزىسىنىڭ قەدىمىئايماق كەنتىدىكى سازەندىلەر جەمەتىدىن كېلىپ چىققان مەمتاۋلا ئاخۇن 1926- يىلى «شەيتان باياۋان » مۇقامىنى ئىجاد قىلغان ، ئۇ دولان راۋابىغا ئۇستا بولۇپ ، «بەشئېرىق سەنىمى »گە باشى ئىدى ، يەنە راۋاب ياسايتتى ، خەلق ئارىسىدا داڭقى بار ئىدى . 1940-يىلى تۇردى خەلىپە (سودىگەر ، 1945-يىلى ئوغلى مەۋلانجان تۇردى بىلەن بىللە ئاقسۇ تۈرمىسىدە گومىنداڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ) ئاۋات ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئىسكرىپكا ، ماندالىن ، گىتار ، گارمون قاتارلىق چەت ئەل چالغۇلىرىنى تەقدىم قىلدى ، بۇ ئاۋات خەلقىنىڭ چەت ئەل چالغۇلىرى بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىشى ئىدى.

-1956يىلىدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ غەمخورلۇقىدا ئاۋات ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشقا ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى بىر تۈركۈم ياش- ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئۆگەندى. 80-يىللاردا پېشقەدەم خەلق سازەندىلىرى نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىدى ، داڭلىق خەلق سازەندىلىرى 123 كە يەتتى.

-1980يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا- ئۇسسۇل كۆرىكىدە مەمتاۋلا نىياز ئورۇندىغان دولان مەشرىپى مۇزىكىسى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، «تارىم مەنزىرىسى » ، «دولان مەشرىپى - باش باياۋان » مۇزىكىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

.§4ئاممۋى ئويۇنلار

.1مەشرەپ

بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئۆي ، ھويلا ، خامان ، سەينا ياكى باغلاردا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ.

ھېيت-ئايەم مەشرىپى: كاتتا يىغىلىش ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

توي-تۆكۈن مەشرىپى: يېڭى توي قىلغاندا ۋە قايتا توي قىلغاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى مەشرەپ.

قاتارىي مەشرەپ: ئەل-ئاغىنىلەر ياكى يۇرتداشلار ئارا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مەشرەپ.

قارلىق مەشرىپى: قارلىق تاشلىغاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

ئۈزۈم مەشرىپى: باش باھاردا ئوغلاق تارتىش ، گۈلەڭگۈچ ئۇچۇشقا ئوخشاش ئويۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ.

يەنە ناماقۇللۇق مەشرىپى ، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەرمۇ بار.

.2بارات كېچىسى

ھجرىيە 8-ئايدا ھەممە ئائىلە دالاغا يىغىلىپ ، گۈلخان يېقىپ ، ئايدىڭدا بىركېچە تەنتەنە قىلىشىدۇ ، بەزىلەر ھكايە ئېيتسا ، بەزىلەر ناخشا ئېيتىدۇ ، بەزىلەر كىتاب ئوقۇپ تارىخنى ئەسلىشىدۇ ، بەزىلەر جەم بولۇپ غىزالىنىدۇ ، باللار تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايدۇ.

.3سېھىرگەرلىك

ئاممىۋى سورۇنلاردا كىچىك تىپتىكى سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى ئوينىلىپ تۇرىدۇ ، لېكىن مەخسۇس سېھىرگەرلىك قىلىدىغانلار بەك ئاز .يېڭىئېرىق يېزىسىدىكى پېشقەدەم دېھقان بارات ئاشۇق نامراتچىلىق ئىچىدە چوڭ بولغان ، ئۇ «قوڭغۇراق سوقۇشتۇرۇش » ، «قاپاقنىڭ سىيىشى » ، «قوناق چىقىرىش » (قوناقنى كۆزىگە تىقىپ ، ئاغزىدىن ياكى قۇلىقىدىن چىقىرىش ، ياكى ئاغزىغا سېلىپ قولتۇ قىدىن چىقىرىش )، تانا بىلەن پۇتنى باغلاش قاتارلىق سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى تۈزگەن.

.4قارلىق تاشلاش

ھەر يىلى تۇنجى قار ياغقاندا ئەل-ئاغىينىلەر ئارا ، يۇرتداشلار ئارا قارلىق تاشلاش ئويۇنى بولىدۇ.قارلىقتا ياخشى تىلەك-نۇسرەت سۆزلىرىدىن باشقا ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى قويۇلىدۇ .قارلىق ئېلىپ بارغۇچى قارلىقنى يەتكۈزگەن ھامان قاچىدۇ ، ئەگەر قارلىق ئالغۇچى ئۇنى تۇتۇۋالسا ، يۈزىگە قارا سۈركەپ ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ «سازايى قىلىدۇ» ، تۇتۇۋالالمىسا قارلىقتىكى تەلەپ بويىچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

مەنبەسى : شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

كۆرۈلگىنى:92قېتىم

ۋاقتى :2008-2-20

ئاقسۇ ئايكۆلدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى

ئاقسۇ—تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بىر قەدىمىي جاي . ئالاھازەل قىياس بۇنىڭدىن 7000-6000 يىللار ئىلگىرى ئۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كىرگەن . بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ئاقسۇ بوستانلىقىدا ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە شەھەر - قەسەبىلەرنى بەرپا قىلىپ ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان . تارىخي قەي تىلەر ۋە ئارخېلوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ھازىر بۇنى داۋاملىق ئىسپاتلىماقتا. ئايكۆل قەدىمكى مەدەنىيەت رايونى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەپسۇس ، ئۇ تېخى ئاۋۋالقى ھالىتى بويىچە بىتەتقىق تۇرماقتا. بۇ ماقالە ئەنە شۇ سەۋەب تۈپەيلى يېزىلدى.

ئايكۆل ۋە «ئايكۆل» كەلىمىسىنىڭ تەگ تەۋەلىكى

بۆگۈنكى ئاقسۇ شەھىرىدىن ئاقسۇ - قەشقەر تاشيولى (تۆمۈريولى)نى بويلاپ كۆن ئولتۇرۇش تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن 60 چاقىرىم يول يۈرسەك ئايكۆل دېگەن يەرگە كېلىمىز . ئايكۆل — ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 97°93 ′ 08-°01 ′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 04°22 ′ 14-°11 ′ ئارىلىقىدا. ئايكۆل بازىرى شەرقتە ئاقسۇ كونا دەرياسى، غەربتە كەلپىن ناھىيىسى، جەنۇبتا ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسى، شىمالدا ھىنگان تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 94 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئەڭ كەڭ يېرى 32 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئايكۆل — مىلادىيە 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن كىتابىدا: «‹ئۈچ›قا يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى» ① م.قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى 3 - توم، 186 - بەت.

دەپ قەيت قىلىنغان تارىخى ئۇزۇن بىرقەدىمىي يۇرت . مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان «ئۈچ» بۆگۈنكى ئۈچتۇرپان، «ئايكۆل» بولسا بۆگۈنكى ئايكۆلدۇر . بۇ يەرنىڭ مۇشۇنداق دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا نېمىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش تېخى ھازىرغا قەدەر ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان ۋە تېخىچە ئاق تۇرىۋاتقان بىر تەتقىقات تېمىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «ئاي» ۋە «كۆل» دېگەن ئىككى ئۇيغۇرچە ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان خاس بىر ئىسىم ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم . ئايكۆل — ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق مەشھۇر بىر قەدىمىي بازار، ئۇ يەردە ئاتاغلىق ئايكۆل مەۋلانەم مازىرى بار . بۇ مازار — ئايكۆل بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقى تەرىپىگە بىر كىلومېتىر يەردە بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 08°80 ′10 ″، شىمالىي كەڭلىك 04°45 ′5 ″ قا جايلاشقان . ئۇ مىلادىيە 14 - ئەسىردىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىمى خاجە ئەبۇھەفز كەبىرىنىڭ ئوغلى، كۈچادىكى مەۋلانا ئەرشىددىن خۇجىنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى مەۋلانا جالالىددىن كىتىكىنىڭ قەبرىگاھىدۇر. «تارىخى رەشىدىي»، «چىڭگىزنامە» ۋە «ئايكۆل مەۋلانا تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخىي ۋەسىقىلەردە موڭغۇل نەسلىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئايكۆلدە جالالىددىن ھەزرەتكە مۇلاقات بولۇپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىغا دائىر ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئايكۆلدە مۇسۇلمان

بولۇشى پۇتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولۇپ ، ئۇ يۇقىرىقى كىتابلاردىن ئېلىنىپ تا ھازىرغىچە يېزىلغان شىنجاڭ تارىخى ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ، ئىسلام تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە » .ئايكۆل » نامىنىڭ تەگ تەۋەلىكى ھەققىدە كىشلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار :نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە ، بىر زامانلاردا مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇپ ، رامىزان ئاخىرلاشقاندا ، ئاسماندا ئاي كۆرۈنمەپتۇ.قائىدە بويىچە ، ئاسماندا كۆرۈنگەن ئايغا قاراپ ، ھېيت نامىزى ئۆتەيدىغان ۋاقىتقا ھۆكۈم قىلىدىكەن . بىر ھۆكۈما ئاي كۆرۈنمىدى ، قانداق قىلىمىز ؟ دەپ ئۆزىدىن سورالغان بىر سوئالغا : كۆلگە بېقىڭلار ، كۆلدە كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ جاۋاب بەرگەن. دېگەندەك قارىسا ئاي كۆلدە كۆرۈنگەن.شۇنىڭ بىلەن ھېيت نامىزى ئۆتەلگەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەرنىڭ ئېتى «ئايكۆر» دېيىلىدىغان بولغان.كېيىنچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئايكۆر» سۆزى «ئايكۆل»گە ئۆزگەرگەن.بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى بار :ئۇنىڭدا قەيت قىلىنىشىچە ، قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان روزى ھېيتى بولىدىغان كۈندە يېڭى ئاينىڭ كۆرۈنۈشىنى كۈتۈپ قاپتۇ.كىشلەر رامىزاننىڭ 36 -كېچىسىدە ئاندىن كونا بازار مەۋلانەم مەسچىتى يېنىدىكى كۆلدىن يېڭى چىققان ئاينىڭ شولىسىنى كۆرۈپتۇ .شۇنىڭ بىلەن قان قىلىپ كېچىكىپ كۆرۈنگەن ئاينىڭ خاسىيتى بىلەن روزا ھېيت نامىزىنى ئۆتەپتۇ .كېيىن كىشلەر بۇ غەلىتە ھادىسىنى خاتىرىلەش ئۈ چۈن بۇ يەرنى «ئايكۆل » دەپ ئاتاپتۇ ① «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى » 26 - بەت ، خەنزۇچە . «ئاقسۇ شەھرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 166 - بەت ، خەنزۇچە.

.بۇ رىۋايەت قانچىلىك چىنلىققا ئىگە بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، بىز گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ يەرگە «ئايكۆل »نىڭ قانداق قىلىپ نام بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە بىزنى مەلۇم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ . دېمىسىمۇ ، «ئايكۆل» ئۆز ئىسمىدىن مەلۇم بولغاندەك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەلىمىگە ئېلىنىشتىن بۇرۇنلا تۈرك يۇرتىدىكى مەشھۇر كۆللەرنىڭ بىرى ئىدى . مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »نىڭ كول (KθL) بۆلۈكىدە ئايكۆلنى «اى كول» شەكلىدە يازىدۇ ۋە بارىسغاندىكى ئىسسىق كۆل ، قەشقەر تاغلىرىدىكى كورۇك كۆل ، قوچقار باشى يېنىدىكى سىزىك كۆل ، كۇچا بىلەن كۆكۈت ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى يۈلتۇز كۆل ، ئىككى ئوگۈز چېگرىسىدىكى تەرىك كۆل قاتارلىق تۈرك شەھەرلىرىدىكى كۆللەر قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ ھەم «بۇ كۆللەردىن ھەربىرىنىڭ ئەتراپى قىرىق ياكى ئوتتۇز پەرسەخ

كېلدۇ .تۈرك شەھەرلىرىدە بۇنداق كۆللەر كۆپ .مەن پەقەت ئىسلام شەھەرلىرىدىكى كۆللەرنىڭ چوڭلىرىنىلا كۆرسەتتىم» دەيدۇ ② مەھمۇد قەشقەرى:«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 -يىلى 1 -ئاي 1 - نەشرى ، 3 - توم ، 186 - بەت.

.ئايكۆلنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ، ھىجرىيە 747 (مىلادىيە 1347 ) -يىلى شەرقىي چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ھەزرەتى مەۋلانا جالالىددىن كىتىكىنىڭ دالالىتىدە ئايكۆلدە ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان. «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» قاتارلىق يېقىندىن بېرى يېزىلغان بەزى كىتابلاردا ئاقسۇلۇقلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىنى ئەنە شۇ چاغدىن باشلايدۇ . بۇ بىر چوڭ خاتالىق . ئەمەلىيەتتە ئايكۆل (ئاقسۇ) خەلقى قاراخانىيلار دۆلىتى ۋاقتىدىلا ئىسلامىيەتكە مۇشەررەپ بولغانىدى . موڭغۇل ئىستېلاسى مەزگىلىدە ۋە سەئىدىيە خانىدانلىقى زامانلىرىدا ئايكۆل ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بوپقالدى ۋە نۇرغۇنلىغان ھەربىي ، سىياسىي ، دىنىي ۋەقەلەرنىڭ سەھنىسىگە ئايلاندى. مىلادىيە 17 -ئەسىردە ھىندىستاندىكى سوپىزم ئىلاھىيەتشۇناسى ۋە دىنىي داھىي ھەزرىتى مۇجەددىد ئالف سانى ئىمام رەببانى شەيخ ئەخمەد فەرۇخى سىرھىندى (مىلادىيە 4261- 4651)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئايكۆلگە تارقىلىپ ئايرىم بىر سىستېمىنى شەكىللەندۈردى . شىنجاڭدىكى تۈڭگانلارنىڭ خۇپىيە سۇلۇكى رىۋايەتلىرىدە «ئايكۆل سىستېمىسى» ئەلى ئاخۇن (تولۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇب ئەلفىل ئوسۇرى ۋەلىيۇل ئىشان مۇھەممەد ئەلى ئاخۇن شەيخ رەخمەتۇ للا ئەلەيھى )ئىسىملىك دىن تارقاتقۇچىنىڭ ھىندىستاندىن ئايكۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ، مەدرىسە سالدۇرۇپ ، كەڭ كۆلەمدە دىن تارقىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن دېيىلىدۇ ① ھاجى نۇرھاجى :«شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1995 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى ، 472 بەت ، ئۇيغۇرچە.

- 19 .ئەسىردە ، يەنى ھىجرىيە 1222 (مىلادىيە 1807 ) -يىلى شۇ دەۋردىكى رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ، ئاتاغلىق شائىر ، تارىخچى ، تىلشۇناس موللا شاكىر (ۋاپاتى مىلادىيە 1868 -يىلى) ئايكۆلدە موللا تاھىر كارۇك لەقەملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى . قەيتلەرگە كۆرە ، ئۇنىڭ دادىسى موللا تاھىر كارۇك ، بوۋىسى شاربان مۇنشى (كاتىپ)، چوڭ بوۋىسى مىرزا مۇزەففەرلەر ھاللىق ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئىدى. موللا شاكىر ھىجرىيە 1283 (مىلادىيە 1866 ) -يىلى چىڭ سۇلالىسى ۋە مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھىجرىيە

1281 (ملادىيە 1864) -يىلدىكى راشىددىن خوجا باشچىلىق قىلغان كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاتىغان مەشھۇر ئېپىك داستان «زەفەرنامە»نى 61 يېشىدا يېزىپ چىقتى. شائىر ۋە شائىرنىڭ بۇ ئۆلمەس ئەسىرى 19 -ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك ناماياندىسى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئۇنىڭ يۇرتى بولغان ئايكۆل خەلقى ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. ئايكۆل چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئونسۇغا تەۋە ئىدى. 1902 - يىلى بۇ يەردە ئونسۇغا قاراشلىق 19 كەنت تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 2 (1913) - يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىگە قارام بولۇپ، بۇ يەردە ئايكۆل، ياڭئېرىق (بۇگۇنكى ئاۋات ناھىيىسىدە)، قوش قۇدۇق قاتارلىق بەش يېزا قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 33 (1944) - يىلى بىر بازار، ئۈچ يېزا، 13 باۋ، 120 جيا قۇرۇلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن باۋجيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بەش يېزا 20 مەمۇرىي كەنت قارام بولغان . 1953 - يىلى ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي رايونلارنى تەڭشىگەندە ئۇنى ناھىيىگە قاراشلىق 7 - رايون قىلىپ ئۆزگەرتكەن ھەم غالىبىيەت، پايناپ، سايئېرىق، خاڭگۇك ۋە ساجىگزا قاتارلىق 5 يېزا ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردە ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇلغان. 1958 -يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش يولغا قويۇلغاندا ئاۋۋالقى بۇ 7 - رايون 6 - رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە ھۆكۈمەت - كوپىراتىپ بىرلەشكەن ئايكۆل غالىبىيەت خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا 5 باشقۇرۇش رايونى، 20 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى قارام بولغان. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئايكۆل خەلق كوممىسىنىڭ چاچى دادۈيى ئايكۆلدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئاقسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق «شەرق قىزاردى» ناملىق چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار مەيدانى بولۇپ قۇرۇلغان. 1969 - يىلى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى «ئىنقىلابى كومىتېت»قا ئۆزگەرتىلگەن. 1971 -يىلى ئۇنىڭ «كوممۇنا» دېگەن نامى «جىنچاۋ خەلق كوممۇنىسى» (ئالتۇن كۆۋرۈك دېگەن مەنىدە)غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى ئايكۆل يېزىسى ئايكۆل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بولۇپ قۇرۇلغان . «تارىخى رەشىدىي»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار ئۇنىڭدا ئۇچرايدىغان «ئايكۆل»نى 拜古尔 شەكلىدە مۇقىملاشتۇرغان ھەم ئۇنىڭغا «ئۇ جاينىڭ ھازىرقى خەرىتىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا ئېھتىمال ئاقسۇنىڭ يېنىدىكى ئويكول (Oikul) بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئىزاھات بەرگەن ھەمدە ئۇنى 愕依库尔 دېگەن خەت شەكلى بىلەن تۇراقلاشتۇرغان. ئارخلوگ خۇاڭ ۋېنبى «تارىم ۋادىسىدا ئارخلوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا «ئايكۆل»نى 阿音柯尔 شەكلىدە يازىدۇ. بۇ ئالدىنقى تەرجىمىسىگە قارىغاندا كۆپ توغرا بولۇپ، «ئايكۆل» تەلەپپۇزىنى خەنزۇچىدا توغرا ئىپادىلەشكە

ئۇرۇنغان تىرىشچانلىق بولسىمۇ، 1989 -يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن خەنزۇچە يېزىلىدىغان 阿音柯 دېگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ساقلىغان ھالدا 阿依库勒 گە ئۆزگەرتىلدى ۋە مەنىسى خەنزۇچە «月亮湖» دەپ بېكىتىلدى. بۇ يېزا 1998 -يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بازار قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھازىر ئايكۆل بازىرى دەپ ئاتالماقتا.

»ئون بەش ئوتاق»قا «خاڭگۇك»نىڭ نام بولۇپ قېلىشى

ئايكۆل بازىرىنىڭ تەخمىنەن غەربىي تەرىپىدىن 35 چاقىرىم يىراقلىقتا بۇگۈنكى كۈندە «خاڭگۇك» دېيىلىدىغان بىر قەدىمىي يۇرت بار. بۇ يۇرتقا «خاڭگۇك» دېگەن ئىسىم قويۇلۇشىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئەلمىساقتىن بېرى قوللىنىپ كېلىنگەن نامى ئون بەش ئوتاق ئىدى. بەزى يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «خاڭگۇك» دېگەن بۇ نام ئون بەش ئوتاققا 1933 -يىلى (مىنگونىڭ 22 -يىلى)دىن باشلاپ قويۇلۇشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا «خاڭگۇك» دېگەن بۇ ئىسىمنى توپتوغرا 80 ياشقا كىردى دېيىشكە بولىدۇ. خاڭگۇك — كونا خاڭگۇك ۋە يېڭى خاڭگۇك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كونا خاڭگۇك (جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېردىئان 80°00 ′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 04°94 ′نىڭ ئارىلىقىدا) بۈگۈنكى كۈندە ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق ئايكۆل بازىرىنىڭ بىر تەبىئىي كەنتى، يېڭى خاڭگۇك (جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقى مېردىئان 97°15 ′، شىمالىي پاراللېل 04°44 ′) بولسا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 -دېۋىزىيىسىگە قاراشلىق ساجىڭزا مىللىي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى نامى. ئەسلىدە بۇ يەردە كونا، يېڭى خاڭگۇك دەپ ئايرىلماي، بىردەك «خاڭگۇك» دەپلا ئاتىلاتتى. كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپ كى مەزگىللەردە ھازىر كونا خاڭگۇك دېيىلىدىغان يەردە خاڭگۇك يېزىسى خاڭگۇك كەنتى تەسىس قىلىنغان. 1956 -يىلى يېزىلىق 1 -ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇلغان. 1958 -يىلى خەلق كوممۇنىسى مەزگىلىدە خاڭگۇك 1 -دادۈي دەپ ئاتالغان. 1970 -يىلى ئايكۆل يېزىسىنىڭ 20 -دادۈي قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978 -يىلى خاڭگۇك 1 -دادۈي دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 -يىلى قايتىدىن خاڭگۇك كەنتى بولۇپ قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە

«خاڭگۇك » دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە . ھازىر يېڭى خاڭگۇك دېيىلىدىغان ساجىڭزا مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان 1958 - يىلدىن بۇرۇن ئاقسۇ ناھىيىسى ئايكۆل يېزىسىنىڭ 1 - ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى ئىدى . 1958 - يىلى قىشتا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم «ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پىلانى ئىچىگە كىرىپ قالغان جايلارنى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلى ق مەيدانلىرىغا قوشۇۋېتىش توغرىسىدا قارار » ماقۇللىدى . شۇنىڭ بىلەن 1959 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 -كۈنى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئايكۆل يېزىسىغا قاراشلىق بۇ جاي يېزا ئىگىلىك1 - دىۋىزىيىگە قوشۇۋېتىلىپ غالىبىيەت 1 - باش مەيدان شۆبە مەيدان دەپ ئاتالدى . 1975 يىلى بىكىتۈەن ئەمەلدىن قالغاندا ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئۆزگەرتىلىپ بەزىدە يېڭى خاڭگۇك شۆبە مەيدان دەپمۇ ئاتالدى . 1982 - يىلى يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئۆزگەرتىلدى . 1997 - يىلى يېزا ئىگىلىك 1 تۈەن (مەيدان)گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ1 -تۈەن ساجىڭزا مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئاتالدى ، ھازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتالماقتا . بۇ يەردە يېڭى خاڭگۇك (97°75 ′، 44°44 ′)، بەشئېرىق (97°95 ′، 04°64 ′)، سايئېرىق (97°95 ′، 04°64 ′)، سامساق (97°85 ′، 04°54 ′)، يېڭىئېرىق (97°75 ′، 04°44 ′) دېگەن تەبىئىي كەنتلەر بار. مەن كەمىنە قەلەم ئىگىسى مۇشۇ يۇرتنىڭ سامساق دېگەن كەنتىدە چوڭ بولغانمەن». خاڭگۇك» دېگەن نام 1966 - يىلى نەشر قىلىنغان «ش ئۇ ئا ر خەرىتىلىرى توپلىمى» (يېڭى يېزىقچە)دا ، «Huang hong» ، 1981 -يىلى نەشر قىلىنغان «ش ئۇ ئا ر يەرناملىرى توپلىمى »دا (Huang hong) «黄宫» شەكلىدە قەيت قىلىندۇ . «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلار تەزكىرىسى » (1988 - يىلى ) ، «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى » (1991 - يىلى ) ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى «يېزا ئىگىلىك 1 - دېۋىزىيە تەزكىرىسى » (1994 - يىلى )، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە «1 - تۈەن تەزكىرىسى » (2001 - يىلى ) قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك « 黄宫» دەپ قوبۇل قىلىنغان.«خاڭگۇك» نامىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى خۇددى مەن كەمىنە قەلەم ئىگىسى كىچىك يۈسۈپ 30 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرت ئاقساقاللىرىغا سوئال قويۇپ ئۇنىڭ مەنىسىنى سورىغاندەك سورىشىدۇ . بەزىلەر خاڭگۇكدا مەتقۇربان ، مەتتوختى ، مەتسىدىق دەپ ئىسىم قويىدىغان كىشىلەر جىق . خوتەندە «ھاڭگۇي » دەيدىغان بىر جاي بار . ئېھتىمال خاڭگۇكلۇقلار خوتەننىڭ ئەنە شۇ ھاڭگۇي دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر بولۇشى مۇمكىن . ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇ

يەرنى ئۆزلىرىنىڭ خوتەندىكى يۇرتىغا ئوخشىتىپ «ھاڭگۈي» دەپ ئاتىغان بولسا ، كېيىنچە تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىش بولۇپ «ھاڭگۈي» سۆزى «خاڭگۇڭ»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېسە ، يەنە بەزىلەر «خاڭگۇڭ» دېگەن بۇ نام مانجۇلار زامانىسىدا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كۆپىنچە يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېچىلغان بوز يەرلەرگە نام بولۇپ كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان «ئەرگۇڭ» ، «سەنگۇڭ» ، «تۇگۇڭ» دېگەندەك يەرلەر بار. شېڭ سىسەي دەۋرىدە بۇ يەر ناملىرىنىڭ ئاخىرىدىكى « 宫 » خېتى« 工 » غا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ، دەيدۇ.«خاڭگۇڭ» نامىنىڭ تەگ تەۋەلىكى ھەققىدە يېقىنقى مەزگىللەردە يېزىلغان بەزى كىتابلاردا مۇنداق بايانلار بار :«رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئامبال خۇاڭ دارىن خەلق ئىشچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ ، ئۆستەڭ چاپقۇزغان ، ئۆستەڭ (خۇاڭگۇڭ ئۆستىڭى( 黄工梁 )(دەپ ئاتالغان ، كېيىنچە ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يەرنى خۇاڭگۇڭ كەنتى (黄工村 (دەپ ئاتىغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە بۇ يەر‹ 黄宫 › دەپ يېزىلىدىغان بولغان» ① «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 29 - 30 - بەتلەر ، خەنزۇچە.

يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە ، 1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى ) ئاقسۇنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى خۇاڭ مىنفۇ بۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ ، سۇ باشلاپ بوز يەر ئاچقان . كېيىنكىلەر خۇاڭ ئەمەلدارنىڭ بۇ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەپ بۇ يەرنى «خۇاڭگۇڭ (黄工 ) «دەپ ئاتىغان ، كېيىنچە 黄宫 بولۇپ قالغان ② «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى» 303 - بەت ، خەنزۇچە.

.تارىخىي قەيتلەرگە قارىغاندا ، بۇ يەردە گېپى بولۇۋاتقان خۇاڭ مىنفۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى خۇاڭ خۇچىڭ(1901-1999 ) بولۇپ ، ئۇ 1939 يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ، كېيىن شېڭ سىسەي تەرىپىدىن ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى بولغان ① يۇقىرىقى كىتاب 434 - بەت.

.بەزىلەر بۇ يەرنىڭ «خاڭگۇڭ» دېگەن ئېتى ئىلگىرى 荒工 دەپ يېزىلاتتى ، بۇ چىڭ سۇلالىسى زامانىسدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، دەپ قارايدۇ ② «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 189 - بەت ، خەنزۇچە.

.شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - دېۋىزىيە «1 - تۇەن تەزكىرىسى »دىكى قەيتلەرگە

قارىغاندا ، رىۋايەت قىلىنىشىچە ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ، يەنى مىلادىيە 1883 - يىلى خۇاڭ (黄) فامىلىلىك بىر ئامبال بىز گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ يەرگە ئادەم باشلاپ كېلىپ ، ئېرىق چېپىپ ، سۇ باشلىغانىكەن.بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۇنى ) «黄公» خۇاڭ ھەزرەت ) دەپ ئاتاشقانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نام بۇ جايغا نام بولۇپ قالغانىكەن. كېيىنچە بارا - بارا ئۇنىڭدىكى «公» خېتى «宫» غا ئۆزگىرىپ ھازىرقى 黄宫بولۇپ تۇراقلاشقانىكەن ③ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە «1 - تۇەن تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1996 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى ، 29 - بەت ، خەنزۇچە.

«蒀.ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى » بىلەن «1 - تۇەن تەزكىرىسى »دە قەيت قىلىنغان «خۇاڭ دارىن » بىلەن «خۇاڭ ھەزرەت»نىڭ بۇ جايغا سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئوتتۇرىسىدا گەرچە57 يىل (يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق )ۋاقىت پەرقى بولسىمۇ ، ئېرىق چېپىپ چۆلگە سۇ باشلىغانلىقى بىر پاكىت سۈپىتىدە ئويلىنىشىمىز ئۈچۈن ئالدىمىزغا قويۇلماقتا. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەيلى نېمە دېيىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز گېپىنى قىلىۋاتقان «خاڭگۇڭ»غا ئىتىنىڭ نام بولۇپ سىڭىپ كىرگەن . «خۇاڭ (黄) «توغرىسىدا ئوبدانراق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىسا ، بۇ جاينىڭ ھەقىقىي نامى تارىخ ئالدىدا توغرا نامايان بولمايدۇ.

تارىختىكى «ئوتلۇق» ھادىسىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ئالدىنقى ماۋزۇدا بۈگۈنكى كۈندە «خاڭگۇڭ» دەپ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان يۇرتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە «ئونبەش ئوتاق » دېيىلىدىغانلىقىنى ، كېيىن ئۇنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «خاڭگۇڭ »غا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. ھازىر ئۇ يۇرتقا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە «توققۇز ئوتاق» دېگەن بىر مەھەللە بار. ئۇ سايئېرىق بىلەن ئونبەش ئوتاقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېقىن (جىلغا )نىڭ غەربى ، «تاشتا »نىڭ شەرقى ، ئاق تىكەننىڭ جەنۇبى ، «ھاسا»نىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي چېگرىسى «ئەشمە»دۇر. «توققۇز ئوتاق» — بىر تەبىئىي لەنت ، ئۇنىڭ ئايكۆل بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر ، ئاھالىسى «ھاسا» كەنتىنىڭ 5 - ئەترىتىگە تەۋە بولۇپ ، 1998 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا ، نوپۇسى 494. «ئەشمە »نىڭ جەنۇبىدا «بەش

ئوتاق » ، «تۆۋەنكى سەككىز ئوتاق » ، «يۇقىرىقى سە ككىز ئوتاق » دېگەن يەرلەر بار . بەش ئوتاق — ئىلگىرى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ياگئېرىق يېزىسىغا تەۋە 9 - كەنت بولۇپ ، ھازىر ئاۋات ئايۋاغ يېزىسى (بۇرۇنقى ئايكۆل يېزىسى)نىڭ 14 - كەنت 1 - ئەترىتى يەنى تۆۋەنكى ئىلەك دۆچۈن ئېرىقىنىڭ بويىدا. سەككىز ئوتاق — ئىلگىرى ئاۋات نا ھىيىسىنىڭ تام توغراق يېزىسدا بولۇپ ، 1 - دادۇي تۆۋەنكى «سەككىز ئوتاق» ، 7 -دادۇي يۇقىرىقى «سەككىز ئوتاق» دېيىلەتتى. ھازىر بۇ جاي ئاۋات ناھيىسىنىڭ دولان يېزىسىغا قارايدۇ. ئىلگىرى يۇقىرىقى - تۆۋەنكى دەپ ئايرىلمايتتى. «دادۇي» دېگەن گەپ پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاشۇنداق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇرۇنقى «دادۇي» ھازىر كەنت ، بۇرۇنقى «شودۇي» ھازىر ئەترەت ، دېيىلىدۇ. يۇرتىمىزدىكى «ئوتاق » نامى بىلەن ئاتالغان جايلار يالغۇز ئايكۆلدىكى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . مەلۇم بولۇشىچە ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۇمەنتال يېزىسىدا «ئون ئوتاق » ، مارالۋېشى ناھىيىسىدە «قالماق ئوتاق » دېگەن يۇرتلا بار .بۇ ناملارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇشى بىزگە ئۇزاق تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەسلىتىدۇ .

»ئوتاق »نىڭ ئەسلىي تاۋۇشى «ئوتاغ » بولۇپ ، ھۇنچىدە «ئوتوۋ(otow) » ، تۈركىيچىدە «ئوتاغ (otag) «دېيىلەتتى ، ئۇنىڭ مەنىسى «قونالغۇ » دېگەنلىك ئىدى . مانا مۇشۇنداق ئوخشاشلىق تۈپەيلىدىن «ھۇن تىلى »نى بەزى ئالىملار «موڭغۇل تىلى » دېسە ، كۆپچىلىك ئالىملار «تۈركىي تىلى » دېيىشىدۇ ① ئىمىن تۇرسۇن :«تارىمدىن تامچە » 148 - ، 149 - بەتلەر ، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

تارىخ قەيتلەرگە كۆرە ، «ئوتاق » (ئوتا غ ) سۆزى ھۇنلاردا ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، بىر «ئوتاغ » (ئوتاۋ ) ئون ئۆيلۈكنى كۆرسىتەتتى . ھۇن تارىخىغا ئائىت كىتابلاردا يېزىلىشىچە ، مىلادىيە 2 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان زامانلاردا ھۇنلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى كەڭ يايلاقتا يىراقتىن قارىغاندا ، ياپيېشىل ئوتلاقلار ئىچىدە گويا غازنىڭ ئاپئاق تۇخۇمىدەك كۆرۈنىدىغان مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن ئوتاغ (ئوتاۋ )لار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . كۆك تۈركلەر دەۋرىدىمۇ ئەھۋال ھۇنلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا داۋاملاشتى . مەلۇم بولۇشىچە ، قاراخانىيلار دەۋرىدە «ئوتاغ » بىر چېدىرنى كۆرسىتەتتى. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » كىتابىدا :«ئوتاغقا ئۆپكەلەپ سۆگە سۆزلەمەدۈك » (ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ ، قوشۇنغا گەپ قىلمىدى ) ، يەنى ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ ئەسكەرلەرگە گەپ قىلمىدى ، دېگەن ماقالنى تىلغا ئالىدۇ ② م.قەشقەرى:«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 -توم ، 288 -بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

.مەھمۇد قەشقەرى بۇ يەردە «ئوتاغ»نى «چېدىر» دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا «ئوتاغ» بار يەردە ئەسكەر بار. يەنى «ئوتاغ» — ئەسكەر تۇرىدىغان جاي .تەتقىقاتچىلار قاراخانىيلار تارىخىنىڭ ئانا مەنبەسى بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دىكى يۇقىرىقى قەيتلەر، شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك»دىكى «ئەگەر ساڭا ھايىل ياكى ئون ئوتاغ باشلىقلىقى تېگىپ قاسا، مال دۇنيا تارقىتىپ، قىلىچ، ئوقيانى قولۇڭغا ئال» ③ يۇسۇپ خاس ھاجىپ:«قۇتادغۇبىلىك» 4139 - بېيىت، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

دېگەن قەيتلەرگە ئاساسەن، قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئەڭ كىچىك ئەسكىرىي قىسىم «ئوتاغ»، ئۇنىڭ باشلىقى «ئوتاغ باشى» دەپ ئاتىلاتتى. «ئوتاغ»دىن كېيىن «ھايىل» دېگەن بىر ئەسكىرىي بىرلىك بولۇپ، كوماندىرى «ھايىل باشى» دېيىلەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا «ئون ئوتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم كېلەتتى. بىر «ئوتاغ»دا سەككىزدىن ئونغىچە ئەسكەر بولاتتى. ئوتاغلار توپلىنىپ، ھايىل ۋە ئون ئوتاغلارنى، ھايىل ۋە ئون ئوتاغلار بىرلىشىپ ئارمىيىنى تەشكىل قىلاتتى، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىدۇ ④ رىشات گەنج :«قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلات»، 1990 - يىلى ئۈرۈمچى نەشرى. 414 - ، 421 - بەتلەر، ئۇيغۇرچە، ئەزىزوۋ قاسىم:«ئۇرۇش ۋە قوماندان»، 1993 - يىلى ئۈرۈمچى نەشرى، 96 - 99 - بەتلەر، ئۇيغۇرچە.

.ئەمما بىز بۈگۈنكى كۈندە «ئون ئوتاغ»دىن باشقا يەنە «بەش ئوتاغ»، «سەككىز ئوتاغ»، «توققۇز ئوتاغ» ۋە «ئونبەش ئوتاغ»لار ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇۋاتىمىز .قاراخانىيلارنىڭ ئەسكىرىي بىرلىك تۈزۈمى بويىچە بىر «ئوتاغ»دا سەككىزدىن ئونغىچە ئەسكەر بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇنداقتا بىز ھازىر بايقاۋاتقان بەش، سەككىز، توققۇز ۋە ئونبەش ئوتاقلاردا 50، 80، 90، 100 ۋە 150دىن ئەسكەر تۇرغان بولىدۇ. تارىخىي قەيتلەرگە كۆرە، «ئوتاق» ئاتالغۇسى موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە «غ» تاۋۇشىنىڭ «ق»غا ئالمىشىشى بىلەن «ئوتاق» دېيىلىدىغان بولغان. مەلۇم بولۇشىچە، چىڭگىزخان مىلادىيە 1206 - يىلى ئۆز قەبىلىلىرىنى ئون مىڭ، مىڭ، يۈز تۈتۈن بويىچە تەرەپ - تەرەپكە تارقىتىۋەتتى، ئۇلار پاسىللارنى ئاساس قىلغانىدى .15 - ئەسىردىن كېيىن «ئولۇس» تەدرىجى ھالدا ئون مىڭ تۈتۈننىڭ ئورنىنى، «ئوتاق» بولسا مىڭ تۈتۈننىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . ئويرات موڭغۇللىرىدا 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئاندىن «ئوتاق» دېگەن بۇ ئىجتىمائىي تە شكىلات مەيدانغا كەلدى . ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ئۇلۇس، ئوتاق ۋە ئايماق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ھەم ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي

تەشكىلات ، ھەم ھەربىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئىدى » .ئوتاق » كەلىمىسى روسىيىلىك ۋىلادىمىروف (B. Я. Bладнмнрцов)نىڭ قارىشىچە ، سوغدى تىلى بولۇپ ، مەنىسى دۆلەت ، ئەل دېگەنلىك.1992 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى » دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە ، «ئوتاق » — دۆلەت ، زېمىن دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ ، كېيىنچە بۇ ئىسىم ھەر خىل شەكىللەر بىلەن تۈركچە ، موڭغۇلچە ، ت وڭگۇسچە يەرلىك شېۋىلەردە «ئورۇن» ، «مەيدان » ، «سورۇن » ، «جاي » ، «رايون » ، «دىيار » ، «مەھەللە » دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولغان . ھازىرقى زاماندىكى بەزى موڭغۇللارنىڭ يەرلىك تىلىدا «ئوتاق » — يېڭىدىن ئېچىلغان ھەربىي كەنتنى كۆرسىتىدۇ . روسىيىلىك موڭغۇلشۇناس كوستوكوۋنىڭ «قالماقلارنىڭ تارىخى ۋە ستاتىستىكىلىق ماتېرىيالى» دېگەن ئەسىرى بىلەن نېبورسىنىنىڭ «خوشۇت ئۇلۇسىدىكى قالماقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىن ئومۇمىي بايان » دېگەن ئەسىرىدىكى قەيتلەرگە كۆرە ، «مەلۇم بىر جايدا زېمىن تۇتۇپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋى چىلىق قىلىدىغان بىر جەمەتكە تەۋە ئايىل(Ayil) لار گۇرۇھى» (ئويراتلار) ياكى ۋولگا بويىدا ئولتۇراقلاشقان ئويراتلارنىڭ «يات قوۋملاردىن ئايرىلىپ تۇرۇپ ، بىر ئۇرۇق - قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى <ئوتاق > دېيىلىدۇ » ① «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى » خەنزۇچە 266 - بەت ، بۇ ھەقتە ۋ .يا .ۋىلادىمىروفنىڭ «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم تارىخى » 155 - بەت. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قارالسۇن.

.بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، «ئوتاق »دىن ئىبارەت بۇ بىر ئىجتى مائىي تەشكىلات ئويراتلارنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. ئوتاق —ئويراتلارنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي بىرلىكى بولۇپ ، ئۇلار بەلگىلىك بىر تەۋەلىك ئىچىدە كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلاتتى ھەمدە چارۋا باقىدىغان يەرلىرى ئوخشاشمىغان «ئايىل »لاردىن تەشكىللىنەتتى . «ئايىل » (ھايىل )قانداشلىقنى ئاساس قىلغان بولماستىن ، بەلكى چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرىنى بىرلىك قىلغان يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ بىرلىششىدىن شەكىللىنەتتى . شۇڭا ، «ئوتاق » —چوقۇم كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەر ت قىلاتتى . «پاسىل » — «ئوتاق »نى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر شەرتى بولۇپ ، «ئوتاق »لىشىپ ، كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلمايدىغان بىرمۇ موڭغۇل بولمايتتى . ئۇرۇش مەزگىلىدە ، ھەربىر «ئوتاق » بەلگىلىمىگە ئاساسەن 1000 ئەسكەر

چىقىراتتى. شۇڭا ، بەزىدە «قوشۇن» (خوشقۇ) دەپمۇ ئاتىلاتتى ۋە «قوشۇن» بىلەن «ئوتاق» دائىم ئارىلىشىپ كېتەتتى. يىغىنچاقلىغاندا ، «ئوتاق» —ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار بىرلىشىپ كەتكەن تەشكىلات ئىدى . بەزى تارىخىي مەنبەلەردە «ئوتاق» بىلەن بىللە «ئەنگە» ، «ئايماق» ، «ئايل» ۋە «قوتان» ئاتالغۇلىرى تەڭ ئۇچرايدۇ. «ئەنگە» موڭغۇلچە بولۇپ «تارمىقى » ، «بىر قىسمى » ، «قوشۇن » دېگەن مەنىلەرگە ئىگە . «ئوتاق » بىلەن «ئەنگە »نىڭ خاراكتېرى ئاساسەن ئوخشاش ، پەرقى «ئوتاق» خانغا تەۋە ، «ئەنگە» ۋەلىئەھدلەرنىڭ قول ئاستىدا بولىدۇ. مەسىلەن ، جۇڭغارلارنى ئالساق ، «ئوتاق »چىلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى ئىلى ۋادىسى ئەتراپى بولسا ، «ئەنگە »لەرنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى «ئوتاق »چىلاردىن ئېشىپ قالغان قالدۇق جايلار ئىدى . «ئايماق » بىلەن «ئوتاق »نىڭ پەرقى شۇكى ، «ئايماق » بىرلىككە كەلگەن يېقىن قوۋملەردىن تەشكىللىنىدۇ . «ئوتاق » بولسا ئوخشاشمىغان قان تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللىنىدۇ . بىر «ئوتاق » بىرقانچە «ئايماق »دىن شەكىللىنىدۇ ، ھەتتا بەزىدە بىرلا «ئايماق »دىن تەشكىللىنىشىمۇ مۇمكىن . قىسقىسى ، «ئايل » ياكى «قوتان »دىن «ئايماق » شەكىللىنىدۇ ، «ئايماق »دىن «ئوتاق » دىن «ئۇلۇس » تەشكىللىنىدۇ ، «ئۇلۇس » —ئەل ياكى دۆلەت دېمەكتۇر» .تارىخى رەشىدىي »نىڭ «قەشقەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى » دېگەن بۆلىكىدە «قارا ئوتاغ » دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنىدۇ .ئۇنىڭدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ مىرزائابابەكرىنى يېڭىپ قەشقەرنى فەتھى قىلغان ۋەقەلىرى سۆزلىنىپ كېلىپ :«بەزى قارا ئوتاغلاردىن كەلگەن ئەمىرلەر ئالات (قورال - ياراغ) ۋە گۈللۈك ھېجىر لوڭقىلارنى تەقدىم قىلغاندىن باشقا يەنە كېپەك ئالتۇن - ئەنجان مەن تەقدىم قىلدى .ئۇ چاغدا بىر ئەنجان مەنى 64 چارەك ئېغىرلىقتا بولۇپ ، بىر چارىكى 400 مىسقال كېلەتتى » دېيىلگەن ① مىرزا ھەيدەر كۆرەگان :«تارىخى رەشىدىي » 2 - توم 249 - بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى ، خەنزۇچە.

.بۇنىڭدىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە «ئوتاغ » ھادىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، «ئوتاغ »نىڭ ھەربىي بىرلىك بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەربىي قوماندانلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. مىلادىيە 1640 - يىلى تۈزۈلگەن «موڭغۇل ئويىرات قانۇنى »غا كۆرە ، جۇڭغار خانلىقى ئۇلۇس ، ئوتاق ، ئايماق ۋە ئايل قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. بەزى تارىخچىلار ھۇن ، تۈرك دەۋرلىرىدىكى «ئوتاغ»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن جۇڭغارلار دەۋرىدىكى «ئوتاق»نى خاتا ئىستېمال قىلىپ «ئۆتۈك» شەكلىدە تىلغا ئالىدۇ ② ئەنۋەر بايتۇر:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى » ئۇيغۇرچە

نەشرى 1231 - بەت.

.بەزى يەر نامىلىرى تەتقىقاتچىلىرى «ئۆتەك» شەكلىدە قوبۇل قىلىدۇ ③ قۇربانجان ئابلىمىت نوروزى :«يەر نامىلىرى

ئىلمى» ئۇيغۇرچە نەشرى 215 - بەت.

.يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ، مەسىلەن ، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى »دە «ئوتاق» توپتوغرا

خاتا ھالدا «ئورتاق» شەكلىدە ئۇچرايدۇ ④ يۇقىرىقى كىتاب 472 - بەت.

» .ئايىل » كەلىمىسىگە كەلسەك ، تارىخىي مەنبەلەرگە ق ارىغاندا ، ئۇنىڭ ئەسلىي شەكلى «ھايىل » بولۇپ ، ئۇ بىزگە

ئۆزىنىڭ ھۇن ، تۈرك دەۋرىرىدىكى قەدىمىيلىكى بىلەن قاراخانىيلار تارىخىنىڭ ئانا مەنبەلىرىدىن بولغان

«قۇتادغۇبىلىك » ئارقىلىق مەلۇم . يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، «ھايىل » كەلىمىسى «قۇتادغۇبىلىك »تە

«ئوتاغ »نىڭ كەينىدە ، «ئون ئوتاغ »نىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنىدۇ .بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق

قىلغۇچىلار ئۇنى «ئوتاغ »دىن كېيىنكى بىر ھەربىي بىرلىك بولۇپ ، كوماندىرى «ھايىل باشى » دېيىلەتتى ،

قاراخانىيلاردىكى ھايىل بېشىنىڭ قول ئاستىدا قىرىق - ئەللىك كىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ ⑤

رىشات گەنج:«قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى». 416 - 418 - بەتلەر. ئۇيغۇرچە نەشرى ، ئەزىزوۋ قاسىم:«ئۇرۇش ۋە

قوماندان» ، 97 - بەت ، ئۇيغۇرچە.

.بۇ سۆز كېيىنچە ئويراتلار بىلەن قىرغىزلار «ئايىل » شەكلىدە ، قازاقلارغا «ئاۋۇل » شەكلىدە ، بۈگۈنكى كۈندىكى

ئۇيغۇرلارغا «ئائىلە» شەكلىدە ئۆزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن.

»ئەشمە» ۋە ئۇنىڭ تارىخى

رىسالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئايكۆلدىكى «توققۇز ئوتاق »نىڭ شەرقىدە «ئەشمە» بار ، دېدۇق . «ئەشمە» — مۇشۇ

جايدا تەبىئىي شەكىللەنگەن ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبق ا قاراپ سوزۇلغان بىر ئۇلۇغ كۆلنىڭ نامى . ئۇ

قەدىمدىن تارتىپ جانلىق تىلدا «ئەشمە » دېيىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى يازما مەنبەلەردىن «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر

نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى »دە:«ئەشمە كۆلى — ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازىرى بىلەن ئاۋات ناھىيىسى يېڭىئېرىق

يېزىسىنىڭ تۈتىشىدىغان جايىدا ، ئۇيغۇرچە ئەشمە دېيىلىدۇ    . مەنىسى بۇلاق كۆل دېگەنلىك   . ئۇ ئايكۆل كۆلى ،

سايئېرىق كۆلى ۋە خاڭگۈك كۆلى قاتارلىق بىرقانچە كۆللەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ئىلگىرى خاڭگۈك كۆللا

بار ئىدى.كېيىن يېزا ئىگىلىك بىرىنچى دېۋىزىيە غالىبىيەت ئۆستىڭىنىڭ چېپىلىشى ۋە 1 - ، 2 - تۈەن (مەيدان)نىڭ بوز

يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشى بىلەن يەر ئاستىدا يىغىلىپ قالغان سۇلار قوشۇلۇپ ھازىرقى چوڭ كۆلگە ئايلانغان »

① «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 2000 - يىل نەشرى 364 - بەت ، خەنزۇچە.

دېيىلسە ، «ئاقسۇ شەھرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى    »دە:«ئەشمە كۆلى — ئايكۆل بازىرىنىڭ غەربىي

جەنۇبىدا بولۇپ ، ئايكۆل كۆلى ، سايئېرىق كۆلى ، خاڭگۈك كۆلى ۋە يېزا ئىگىلىك 1 - دېۋىزىيە 1 - ،2 -تۈەن (مەيدان)

كۆلى قاتارلىق كۆللەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇنىڭ سۈيى ئاچچىق بۇلاقتىن كېلىدۇ. ‹ئەشمە› ئۇيغۇرچە بولۇپ مەنىسى يەر

ئاستىدىن چىقىپ يىغىلىپ قالغان سۇ دېگەنلىك     » دېيىلىدۇ ② «ئاقسۇ شەھرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك

تەزكىرىسى» 2001 - يىل نەشرى 282 - بەت ، خەنزۇچە.

.شۇ جۈملىدىن «ئايكۆل »نى بۇگۈنكى ئايكۆل مەۋلانەم مەسچىتى يېنىدىكى ئاي كۆرۈنگەن كۆل دېگەن مەنىدە

چۈشەنگەندىن كۆرە ، ئاۋاتنىڭ يېڭىئېرىق دېگەن يېرىگىچە بولغان يەرلەردە تەبىئىي شەكىللەنگەن كەڭ دېڭىز دېگەن

مەنىدە چۈشەنگەن تۈزۈك   .دەرۋەقە ، ئۇ ئاقسۇ شەھرى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ، تاغ

ئالدىدىكى كەلكۈن چۆكمە تۈزلەڭلىكى بىلەن ئاقسۇ دەريا دېلتىسى ئارىلىقىدىكى ساسلىقتا ئاراللىرىنى قۇم دۆۋىلىرى

ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭ - كىچىك 12 كۆلنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر تەبىئىي چوڭ دېڭىزدۇر . ئۇ خەرىتىدە

بەئەينى ھىلال ئايغىلا ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا قەدىمكى زاماندا ياشىغان ھەيۋەتلىك تۈركلەر كۆز يەتكۈسىز ئېگىز -ئېگىز

تاغ چوققىلىرىنى ئېتىزلىقنىڭ «قىر »لىرىغا ئوخشاتقىنىغا ئوخشاش ، بۇ كۆللەرنىمۇ شەكىل تۈزۈلۈشىنىڭ ھىلال ئايغا

ئوخشىغانلىقىغا قاراپ «ئايكۆل» دەپ ئاتىغان. «ئەشمە» بولسا ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى باشقىچە ئاتىلىشى ياكى

سۈپەتلىنىشىدۇر »  .ئەشمە »نىڭ كۆلمى ھەققىدە يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار ھەر

خىل. بەزى ماتېرىياللاردا «ئەشمە »نىڭ ئومۇمىي كۆلمى 1333 گېكتاردىن ئارتۇق دېيىلسە ③ «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ

يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 364 - بەت.

، بەزى ماتېرىياللاردا ئومۇمىي كۆلمى 14 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ، دېيىلگەن ④ «ئاقسۇ شەھرىنىڭ يەر ناملىرى

خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 282 - بەت.

.يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئومۇمىي كۆلىمى 05.11 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ، دېيىلگەن ⑤ «دېھقانچىلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلارغا بۆلۈنۈشى» ، 1987 يىلى 1 - ئاي نەشرى 221 - بەت ، خەنزۇچە.

.بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ سۇ كۆلىمى 171 مىڭ مو بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ساجىگزا رايونىغا تەۋە بولغىنى 54 مىڭ 800 مو كېلىدۇ ، دېيىلگەن ⑥ «دېھقانچىلىق 1 - دىۋىزىيىدىكى تۆەن (مەيدان ) ۋە تۆ ەن (مەيدان )لارنىڭ ئۇنىۋېرسال دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بۆلۈنۈشى» 1985 - يىلى 10 - ئاي نەشرى ، 121 - بەت ، خەنزۇچە.

.بەزى ماتېرىياللاردا ، ئاقسۇ شەھرىگە قاراشلىق كۆلىمى 41 مىڭ 200 مو كېلىدۇ ⑦ «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى » 1991 - يىلى 11 - ئاي نەشرى 106 - بەت ، خەرزۇچە .

دېيىلسە ، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا دېھقانچىلىق 1 - دىۋىزىيىگە قاراشلىق بولغىنى 30 مىڭ مو كېلىدۇ ① «دېھقانچىلىق 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلارغا بۆلۈنۈشى » 1987 - يىلى 1 - ئاي نەشرى 221 - بەت ، خەنزۇچە.

، دېيىلگەن» .ئەشمە »نىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن كىچىك ئارال ۋە قومۇشلۇقلار بار . بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە سۇنىڭ ئورنىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولمايدۇ . سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر مول ، ياشايدىغان سۇ قۇشلىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپ . سۇ تەركىبىدە ئازراق تۇز ماددىسى بولغاچقا ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قۇلايلىق . بېلىق «ئەشمە »نىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتىدۇر . «ئەشمە »نىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى - تۆت مېتىر كېلىدۇ ، سايئېرىقنىڭ كونا پەيشەنبە بازىرىنى ياگئېرىقنىڭ يەكشەنبە بازىرىسىغا «ئەشمە»نى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان بىر هارۋا يولى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. «ئەشمە»دە يەنە ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى«خەنگۈك قەدىمىي شەھىرى» بىلەن بىللە «تۆگە قوتان قەدىمىي شەھىرى» دەپ تىلغا ئالغان قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت رايونىدىن تارىخچى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي » دې免 گەن كىتابىدا «ئاربات » دەپ تىلغا ئالغان بۇگۈنكى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىغا بارى دىغان ئۇلاغلىق ۋە پىيادە يولۇچىلار ئۆچۈن سېلىنغان بىر قەدىمىي ياغاچ كۆۋرۈك بار . ئۇنى يەرلىك خەلقلەر «سېسىق كۆۋرۈكى » دەپ ئاتايدۇ.بۇ كۆۋرۈك كونا خاڭگۈك ئەشمىسى بىلەن يېڭى خاڭگۈك ئەشمىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر ، كەڭلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر كېلىدىغان بىر تەبىئىي قانالغا سېلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ سۈيىدە قىش - ياز مۇز

قاتمايدۇ» .ئەشمە»نىڭ سۈيى تۇزلۇق ، شۇ مەنىدىن ئۇنى بەزىلەر تۇز كۆل دەپمۇ ئاتايدۇ ، ئۇنى تۇز كۆل دېيىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ يەردىن كۆك تۇز چىقىدۇ. نامەلۇم بىر مۇئەللىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 372 (مىلادىيە 994) - يىلى يېزىلىپ ، ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى گۈزگاندا قۇرۇلغان پارگۇن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇھارىس مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدكە تەقدىم قىلىنغان «ھودۇدۇلئالەم » (ئالەمنىڭ چېكى ) دېگەن كىتابنىڭ «دېڭىز - ئوكيانلار ۋە دېڭىز قولتۇقلىرىنىڭ ئورنى » دېگەن بابىدا :«ئوننىچى تۇزلۇق كۆل - تۇز كۆك - كۆك تۇز (Tauz-kuk) قارلۇقلار چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 10 يول ، كەڭلىكى توققۇز يول كېلىدۇ ، تۇز چىقىدۇ ، قارلۇقلارنىڭ يەتتە قەبىلىسى ئاش تۈزنى مۇشۇ كۆلدىن ئالىدۇ » دېيىلگەن ھەمدە بۇ تۇز كۆلنىڭ توشقان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. «ھودۇدۇل ئالەم »دە قەيت قىلىنغان بۇ تۇز كۆلنى بەزىلەر ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدە دېسە ، بەزىلەر ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى تىكەس دەرياسى بىلەن كىگەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا دەيدۇ ، بەزىلەر قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا ، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە ، بۇ تۇز كۆل مۇشۇ رىسالىمىزدە گېپى بولىۋاتقان «ئەشمە»نىڭ ئۆزىدۇر. يەنە شۇ كىتابنىڭ 15 - باب 13 - ، 15 - پاراگرافلىرىدا بىنجۇل (بۇگۇنكى ئاقسۇ) بىلەن ئۇش قارلۇقلارنىڭ دائىرىسىدە ، دېيىلگەن. جاك چىشياك ۋە جۇ شجۇەن ئەپەندىلەر «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ 9 - ئەسىردىن 13 -ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە جايلىشىشى ۋە يۆتكىلىشى » ناملىق ئەسىردە يۇقىرىقى مەنبەلەرگە ئاساسەن ، «توشقان دەرياسى» ۋە ئۇش بىلەن بۈگۈنكى ئاقسۇ ئەتراپلىرىدىمۇ قارلۇقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ ② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى 1984 - يىلى 4 - سان ، ئۇيغۇرچە ، 127 - ۋە 140 - بەتلەر.

. مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12 ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان ئاتاغلىق جۇغراپىيە ئالىمى ، تېۋىپ ، زوئولوگ ۋە تارىخچى ئوتتۇرا ئاسىيالىق شەرەف ئەل زامان تاھىر مەرۋەزى (0211-6401) ئۆزىنىڭ «تەبىئەتۇل ھايۋان » (ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى ) دېگەن كىتابىنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى بابىدا تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى ، ئۆرپ - ئادىتى ، دىنىي ئېتىقادى ، پەرقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ:«تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان ئەڭ يىراق يەر ئۈچ بىلەن قەشقەر يايلاقلىرى ئارىلىقى ئىكەن... قارلۇقلار توققۇز قەبىلە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈچى چىگىللەردۇر» دەپ يازغان ① «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلى 1984 -يىلى 3 - سان ، خەنزۇچە ، 44 - ۋە 45 - بەتلەر.

.مەرۋەزى خۇراساننىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر ، مەدەنىيەتلىك ، باي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋى شاھ جاھاندا تۇغۇلغان ، 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 12 -ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سالجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن سۇلتان مەھمۇد (1093-1092)، سۇلتان رۇكنىددىن بەركىيارۇق (1104-1093)، سۇلتان مەھمۇد تاپار (1105-1118) ۋە سۇلتان مۇئىززىددىن سەنجەر (1157-1118)لەر زامانىسىدا خارەزمدە ئوردا تېۋىپى بولغان .ئۇنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەڭ شەرقىنى چېگرىسىنىڭ ئۇچتۇرپان ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قەيتلىرى بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە» .ھودۇدۇل ئالەم»دە يەنە بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك بولغان بىر خەۋەر بار. ئۇنىڭدا «ئون بىرىنچى تۇز كۆل بولسا ئايسكۆك (Ayskuk) كۆلى بولۇپ ، چىگىللار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئارىسىدا... بارخۇن شەھرى مۇشۇ كۆل بويىغا جايلاشقان » دېيىلگەن. ئەپسۇس ، بۇ خەۋەردىكى ئايسكۆك دېگەن كۆل نامى بىلەن «بارخۇن » دېگەن شەھەر نامىنىڭ تەلەپپۇزىدا گۇمان باردەك قىلىنىدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم » ئەڭ دەسلەپ پارس تىلىدا يېزىلغان . 1892 -يىلى روسىيىلىك شەرقشۇناس تومانسكىغا ئۇنىڭ گۇليايگانى دېگەن بىر پىرسىيىلىك دوستى بۇ كىتابنىڭ بۇخارادىكى بىر كىتابپۇرۇشتىن سېتىۋالغان پارس تىلىدا يېزىلغان بىر قولىيازما نۇسخىسىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن ، بۇ كىتابنى پارسچىدىن روسچىغا تۇمانسكى ئۆزى تەرجىمە قىلغان ، 1932 -يىلى مىنورسكى روسچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان .كېيىن ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا ۋاڭ جىژلەي تەرجىمە قىلغان . 2001 -يىلى ئابلەت نۇردۇن خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان . بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى . مېنىڭچە ، «ھودۇدۇل ئالەم »نىڭ مۇئەللىپى تىلغا ئالغان بۇ ئىككى جاي ئەسلىدە «ئايكۆل » ۋە «بارخان » بولغان بولسا ، كېيىنچە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ھەم تەرجىمىدىن تەرجىمىگە كۆچۈش جەريانىدا بۇ ئىسىملار ئۆزگىرىپ ھازىرقىدەك مەنىسىنى ئۇققىلى بولمايدىغان يەر جاي نامىغا ئۆزگىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . «ھودۇدۇل ئالەم »دە قەيت قىلىنغان ۋە تامامەن «ئايكۆل » بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئايسكۆك دېگەن كۆلنى ۋاڭ جىژلەي ئەپەندى شۇ سۆزنىڭ «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى » دېگەن كىتابىدىكى قەيتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئىسسىقكۆل دەپ بېكىتىدۇ . ۋاڭ جىژلەينىڭ شۇ سۆزنىڭ كىتابىدىن ئېلىپ بايان قىلىشىچە ، ئىسسىقكۆل لىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىم ، جەنۇب - شىمال كەڭلىكى 120 چاقىرىم ، تار جايلىرى 80 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ . ئەمما ، «ھودۇدۇل ئالەم »دىكىسى ئۇنداق چوڭ

ئەمەس ، بەلكى ئۇزۇنلۇقى 30 يول ، كەڭلكى 20 يول. «ئايسكۆك» دېگەن كۆلنىڭ «ئۇزۇنلۇقى 30 يول ، كەڭلكى 20 يول» ئىكەنلكى توغرىسىدىكى بايان «ئاقسۇ شەھرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «ئەڭ ئۇزۇن يېرى 20 كىلومېتىر ، ئەڭ كەڭ يېرى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ » دېيىلگەن هازىرقى ئايكۆلدىكى «ئەشمە»نىڭ چوڭلۇقىغا يېقىن تۇردۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەشمە»نىڭ ئايكۆل قىسمى يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدا «كۆك ئەشمە» دېيىلىدۇ. پارس تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قائىدىسى بويىچە «ئەشمە كۆك» دېيىلىدۇ. «ئەش (Ays) «پارسچىدە «اش» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن «هودۇدۇل ئالەم»دە قەيت قىلىنغان ئايسكۆك دېگەن كۆل چوقۇمكى خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا«كۆك ئەشمە» (ئەشمە كۆك) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى «ئەشمە»نىڭ نەق ئۆزىدۇر . ئەمدى «هودۇدۇل ئالەم»دە قەيت قىلىنغان «بارخۇن» دېگەن شەھەرگە كەلسەك ، ئۇ تامامەن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ا»نىڭ «ۇ»غا ئۆزگىرىپ كېتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئۇقۇشماسلىق بولۇپ ، «بارخان»نىڭ بۇزۇپ قىلىنغان ئىستېمالىدۇر. مەلۇمكى ، «بارخان» — ئاقسۇنىڭ قەدىمكى «قوۋم » دېگەن تۈركچە نامىنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى . ئۇ بەزىدە «بارمان » ، بەزىدە «باخۋان » ، يەنە بەزىدە «پالۋان » دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » كىتابىدا بېرىلگەن دائىرىلىك خەرىتىسىدىكى «بارمان» دېگەن يەر نامى كۇچا بىلەن ئۈچنىڭ شىمالىي جەنۇب ئارىلىقىغا توغرا كەلگەن بىز بۈنىڭغا ئاساسەن «بارمان» (ئىلگىرىكى بارخان )نىڭ هازىرقى كۇچا بىلەن ئۈچتۇرپان ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . مەھمۇد قەشقەرى:«يۈگۈ — ‹بارمان› شەھەرچىسىگە يېقىندىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇ شەھەرنى ئافراسىيابنىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرغان. قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى <بارماك> بولۇپ ، شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان» دەيدۇ ①

م.قەشقەرى:«دىۋان لۇغاتىت تۈرك» 3 - توم 503 - ۋە 504 - بەتلەرگە قارالسۇن.

12 - .ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئەرەب جۇغراپىيۇنى ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئەل ئىدرىسى هجرىيە 548 (مىلادىيە 1154 ) -يىلى يونان جوغراپىيۇنى پىتولمى ۋە ئەرەب جۇغراپىيۇنى مەسئۇدىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ، شۇنداقلا پالېرمولۇق نوئمانلارنىڭ پادىشاھى لومىر II نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جۇملىدىن جۇڭگوغىچە كېلىپ ، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان ئۆلچەپ سىزغۇچىلارنىڭ توپلىغان 1 - قول ماتېرىياللىغا ئاساسەن يازغان «كىتاب نوجات ئەل مۇشاق فى قراق ئەل ئافاق » (ساياھەتچىلەرنىڭ كۆڭۈل شادلىقى) دېگەن دۇنيا جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى تەزكىرە كىتابىدا «قۇچا» ، «باخۋان» ، «پالۋان» ياكى «بارمان» نامىنى

ئالغان ئاقسۇ ھەققدە توختىلىدۇ .ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار بار « :يەكەن شەھرىنىڭ 16 كۈنلۈك چېتىدىكى غەربىي شىمالدا بولغان ‹بارمان› ياكى ‹باخۋان› بولسا توققۇز ئۇيغۇر (ئوغۇز) شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ يەردە توققۇز ئۇيغۇر (ئوغۇز) خاقانى ئائىلىسىدىن بىرسى ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭ ساقچى قىسىملىرى، كۈچلۈك سېپىل قورغىنى بار. ئۇ شەھەرنىڭ بازارلىرىدا تۆمۈردىن ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ياسىلىدۇ. باشقا سانائەتمۇ بۇ يەردە كۆپ. شەھەرنىڭ چۆرىسىدە تۈركلەرنىڭ ئېكىنزارلىقلىرى، يايلاقلىرى، دەريالىرى بار. تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنى چىنغا ئەۋەتىدۇ، تىبەتكىمۇ چىقىرىدۇ، شەھەرلىرى بەك ئاۋات . بۇ شەھەردە ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىغا بەك كەڭرى يول قويۇلغان، ئىمارەتلىرى بەك كۆپ.» [2] «شىنجاڭ گېزىتى» 1948 - يىلى 24 -، 25 -، 26 نويابىر سانلىرى. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1985 - يىللىق 1 - سان 47 -، 48 - بەت، ئۇيغۇرچە.

تاتار ئالىمى ئەخمەد زەكى ۋەلىدى توغان «قەدىمكى كۈچالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ھودۇدۇل ئالەم» ۋە ئەرەب جۇغراپىيۇنى ئەبۇل قاسىم ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خۇردادبېھ (تەخمىنەن 219-028) نىڭ مىلادىيە 848-448 - يىللىرى يازغان «كىتابەل مەسالىك ۋەل مەمالىك» (يوللار ۋە ئەللەر تەزكىرىسى) دېگەن كىتابىدىن مەلۇمات ئېلىپ، ئاقسۇ - كۈچا يولىدا تۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆپلۈكى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھىندى راھىبلىرى بىلەن سوغدىلىق سودىگەرلەردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يەرلىك تۈركلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە «بىر زاماندا بۇ يەرلەرنى ساياھەت قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۈچادىكى تۈركلەر تىلىدىن مىساللار كەلتۈرىدۇ . ئاقسۇ، يەنى بارمان توغرىسىدا بۇ شەھەرنىڭ كاشغەردەك بەك قەدىمىي تۈرك شەھىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، بارمان — ئافراسىيابنىڭ ئوغلى. پىرداۋسى بولسا ئۇنىڭ ئىنىسى . قەدىمكى ئاقسۇ شەھرىنىڭ ‹بارمان› ئاتىلىشى ئافراسىياب ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن بىۋاستە چېتىشلىق يېرى بار» دەيدۇ [3] يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

.زامانىمىزنىڭ ئىران قان سىستېمىسىدىكى فرانسىيىلىك شەرقشۇناسى ۋە ئاتاغلىق تارىخ ئالىمى ئەلى مەزاھىرى (1991-4191) ئۆزىنىڭ 1983 يىلى نەشر قىلىنغان «يىپەك يولى: جۇڭگو پارس مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى» دېگەن كىتابىدا ئىران سەيياھى ئەسەدۇللا، شۋېتسىيىلىك ئارخىئ لوگ سېۋېن ھېدىنىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئەفراسىياپنىڭ قەشقەر بىلەن ئۇچتۇرپان ئارىلىقى، شۇنداقلا كۈچا توڭگۇز بېشى قەدىمكى شەھىرى ئۇدۇلىدىكى ئەفراسىياپ شەھىرى

① دېيلدىغان يەر بىلەن بۇگۇنكى كۇندە يانتاق شەھرى دېيلدىغان يەرنى ئۆزىگە قارارگاھ قىلغانلىقىنى يازىدۇ
ئەلى مەزاھىرى :«يىپەك يولى : جۇڭگو - پارىس مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى »، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1993 -
يىلى نەشرى 334 - بەت ، خەنزۇچە.

.يۇقىرىقى قەيتلەرگە كۆرە ، ئاقسۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ، رىۋايەتتىكى ئافراسىياب زامانلىرىغىچە بارىدۇ . بۇنىڭغا ئاساسەن بىز «ئايكۆل » ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بولغان «ئەشمە »نىڭ مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ناھايىتى گۈللەنگەن مەدەنىيەت رايونى بولۇپ ، تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققان زامانلاردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئېكىنزارلىقى ۋە يايلىقىغا ئايلانغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز . ئايكۆلدە ھازىر «كۆل » ۋە «تېكىن » ناملىق يۇرتلار بار . بۇ بىزگە ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى «كۆل تېكىن»نى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئۇرخۇن ۋادىلىرىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىگە كۆچكەن شەرقىي شىمال تۈركلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈش دولقۇنىدا مۇشۇ زېمىندا تۇرۇپ ماكانلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئايكۆل ۋە «ئەشمە » بويلىرىدا بۇددا دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «چوقتا » ، «تاشتا » ، ئەرەب تىلى ئىستېلاسى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «ھاسا » ۋە «پايناپ » نامدىكى يۇرتلار بار . بۇنىڭدىن بىزنىڭ «ئايكۆل » ۋە «ئەشمە » ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك رايوننىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەمىز تەس ئەمەس . ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئارخىئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئەسەرلىرىدە گەرچە «ئەشمە»نى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ ، «ئەشمە » بويلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى توپلىرىنى تەكشۈرگەندە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىم كى زاماندا بىز «ئەشمە » دەۋاتقان مۇشۇ كۆل بويىدىكى «تۆگە قوتان» قەدىمكى شەھەر خارابىسى يېنىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ «تارىم ۋادىسىدىكى ئارخىئولوگلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا:«شور قۇدۇقنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئاق توپىدىن قاڭداپ ياسالغان بولۇپ ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئاقسۇ دېگەن سۆز سۈيى ئاق دېگەنلىك. شۇڭا ، شور قۇدۇق قىزىل دەرياسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايى .گەرچە بىز ئاقسۇ دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايىنىڭ ئورنىنى تاپالمىغان بولساقمۇ ، ئەمما ئېقىپ ئۆتكەن يەرلىرىدىن كۆزەتكىنىمىزدىن قارىغاندا ، ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان جايى چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ② خۇاڭ ۋېنبى:«تارىم ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» ، پەن نەشرىياتى 1958 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى 62 - بەت ، خەنزۇچە.

دېمىسىمۇ رىسالىمىزدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ھازىرقى «ئەشمە » تۈنجى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئورنى بولۇپ ، <يايدى > تەرەپكە سۇ بارىدىغان ئېقىن ئىزلىرىنىڭ بەزىسى ئويمانلىق جىلغا سۈپىتىدە ، بەزى جايلىرى كەڭ لايلاتما سۈپىتىدە ھازىرمۇ روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. دەريا ئىزلىرىنىڭ تۇپراقلىرى قۇم ۋە قىزىل سۇ لايلىرى بىلەن تولغان بولۇپ ، زەي سۇلىرى چىقىپ تۇرىدۇ . <يايدى >—كەلپىن ناھىيىسىدىكى چىلان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شورلۇق ، ئۇ قەدىمدە تۈنجى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۈيى بېسىپ ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە سۇ ئاستىدا تۇرۇپ قېلىپ لاي -لاتقىلار بىلەن تىنىپ كەتكەچكە ، ئەڭ بۇرۇن بوستانلىققا ئايلانغان . شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇ جاينى سۇ يايغان جاي دېگەن مەنىدە <يايدى > دەپ ئاتىغان . بۇ تارىم بوستانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەڭ بۇرۇن گۈللەنگەن ئورۇن بولۇپ ، قەدىمكى يىپەك يولى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئورنىنى بويلاپ دەل مۇشۇ جايلاردىن ئۆتەتتى . <يايدى> دېگەن جايدا يەنە <تەڭ> دەيدىغان بىر جايمۇ بار . بۇرۇنقى قاتناش يولىنىڭ ئاقسۇ تەرەپتىكى مەلۇم ئۆتىكى مارالۋېشىنىڭ چاۋاغ ئۆتىكى بىلەن شۇ جايدا تەڭ بولغاچقا ، ئۆتەڭنىڭ نامىنى <تەڭ> دەپ ئاتىغان. بۇ جايلار قەدىمكى دەۋرلەردە دەريا سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان ، دەريا بويلاپ سېلىنغان قاتناش يوللىرىدا كارۋانلار مېڭىپ تۇرغان ، كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە ، كىشىلەرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان بىر جاي بولسىمۇ ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ شەرق تەرەپكە كۆچۈپ ، ھازىرقى يېڭىئېرىق يېزىسىنىڭ سۆگەتئېرىق بىلەن ئاقىدىغان بولۇپ قالغان مەزگىللىرىدىن باشلاپ قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان .

ھازىر <يايدى > دېگەن جاي شورلۇققا ئايلىنىپ ، قەدىمكى توغراقلارنىڭ كۆتەكلىرىمۇ شور ئاستىغا كۆمۈلۈپ ، چىرىمدانغا ئايلىنىپ كەتكەن . بىلىش مۇمكىنكى ، ئۇ جايلارنىڭ قاقاسلىشىپ كېتىشىگە ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر بولغان. سۇ قۇرۇلۇش ئېنژېنىرلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ھازىرقى <ئەشمە> دېيىلگەن تۈنجى ئورنىنى باشلاپ ، ئىككىنچى ئورۇنغا كۆچكەن ۋاقتى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەر بولۇپ ، ئىككى مىڭ يىلچە ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ » ① مۇھەممەد ئوسمان :«ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ». بۇ ھەقتە «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1 - توپلام 54 - ، 56 - بەتلەر ، ئۇيغۇرچە.

ئۇنداقتا «ئەشمە»قانداق قىلىپ بۇ تاشلاندۇق دەرياغا خاس ئىسىم بوپقالىدۇ؟ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، «ئەشمە» كەلىمىسى «ئەش» بىلەن بىر تۇغقاندۇر. 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »دە ، «ئەش» دېگەن ئىسىمغا «بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن چۈشىدىغان ھەمراھى » دەپ تەبىر بېرىلسە ، «ئەش» دېگەن

ئىسمىدىن ياسالغان «ئەشمە » دېگەن سۈپەت سۆزنگە «ئېشىپ ياسالغان ، ئېشىپ تو رلانغان ، پىششىق » دەپ ئىزاھات بېرىلگەن ② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى بېيجىڭ نەشرى 1 - توم 275 - 276 - بەتلەر.

.دەرۋەقە ، يېگى تۆرەلمە —بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا بالىياتقۇ ئىچىدە بىر شىلىمسىمان قان ئىچىدە تۇرىدۇ، بۇ نەرسە بوۋاقتا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ۋە «ئەش» دېيىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «ئەش» كەلىمىسى «ئاقىلغا ئۆز ئەقلى ئەشلىككە يارار » (320 - بېيت ) شەكلىدە قەيت قىلىنىدۇ .يۇسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن سەھىپىلىرىدە ئادەمنىڭ ساپاسى ئۈستىدە توختىلىپ ، «ئەش»نىڭ ياخشى بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا «ئانا ئالسا يوشۇرۇنچە ئوغرى سۇ ، ئوغۇل تۇغسا ئەلگە بولۇر ئاپەت ئۇ» (5768 -بېيت ) دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگىنى «بالا ياخشى ئاتا - ئانىدىن تۆرەلسۇن ، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدا ئوبدان قۇۋۋەتلىنىپ ئوزۇقلانسۇن ، ھارام قوشۇلۇپ قالمىسۇن » دېگىنى. «ئەش» تۆرەلمىنى تويۇندۇرىدىغان مەنبە بولغاچقا ، ئۇنىڭ ساپ ، تازا ، ھالال ، ياخشى بولۇش - بولماسلىقى تۆرەلمىنىڭ ياخشى -يامان خۇيلۇق بولۇشىغا ، ساغلام ، بېجىرىم ياكى تۇغما نۇقسانلىق بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ . بالا «ئەش»سىز دۇنياغا كۆز ئاچمايدۇ ، شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك »دە ئۇچرايدىغان «ئەش» كەلىمىسگە كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن 67 - نومۇرلۇق ھاشىيدە «يولداش ، ھەمراھ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا ئەشمە چاچ ، ئەشمە يىپ ، ئەشمە قۇيماق دېگەن سۆزلەر بار .بۇ ئېشىپ ياسالغان سۈنئىي چاچنى ، ئېشىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يىپنى ۋە خېمىردىن ئېشىپ ياغدا پىشۇرۇلغان ساگزا - قۇيماقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يەنە لەغمەن ئەشمەك ، يىپ ئەشمەك ، تانا ئەشمەك ، ئارغامچا ئەشمەك دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بار . بۇ يەردىكى «ئەشمەك » — سۈپەت بولۇپ ، ئايلاندۇرماق ، بۇرىماق ، پىششىقلىماق ، ئىگىرمەك مەنىلىرىدە كېلىدۇ . تىلىمىزدا يەنە «يىپ ئەشتۈرمەك » ۋە «يىپ ئەشتۈرۈلدى » دېگەن سۆزلەر بار ، ئۇنىڭ ئالدىنقىسى «ئەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى ، كېيىنكىسى بولسا «ئەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. گېئولوگىيە ئىلمىدە دانچىلار دىئامېترى 0.1-0.11mm، يەنى ئادەتتىكى قۇم بىلەن سېغىز ئارىلىقىدا بولىدىغان ، مىنېرال تەركىبى ئادەتتىكى قۇم بىلەن ئوخشاش بولغان بىر خىل قۇم «ئەشمىقۇم » دېيىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زاماندىكى چۆكۈندىلەر تەركىبىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ . دانچىلار دىئامېترى 0.1-0.10 mmبولغان ئەشمە قۇملارنىڭ ئۆزئارا يېپىشىپ چىڭىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان

ئۈۋاق چۆكۈندى جىنس «ئەشمقۇم تاش» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ مىنېرال تەركىبى قۇم تاش بىلەن ئوخشاش ، بىراق تەركىبىدە تۇراقلىق مىنېراللار سەل كۆپرەك بولىدۇ - 1981يىلى ئېلمىزدە نەشر قىلىنغان «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت »دە «ئەش» (اش )گە:«قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقنىڭ ئومۇمىي نامى ، پاتلىماق ، يىپ پاتلىماق ، يىپىشقاق ، شىلىمشىق ، يىپىشتۇرماق ، سۇۋىماق ، چاپلىماق ، شىرنىلىك سۇ ، شىرنىلىك سۇيۇقلۇق ، سېرىق سۇ ، سىرغىتما » دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئۇنىڭدىكى قەيتلەرگە كۆرە ، پارسچىدا «اش» شەكلىدە كەلگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇرچىدىكى«ئەش»دىن پەرقلىق ھالدا بىرىنچىدىن ئاش - تاماق مەنىسىدە ، يەنە ئىسسىق سۇ ، قايناقسۇ ، كۆكتات شورپىسى ، سۇيۇق ئۇماچ دېگەن مەنىلەردە كۆپرەك كەلسە ، ئىككىنچىدىن كۆلدە جامىكان باغلاپ كەتكەن لەشكە ئوخشاش شىلىمشىق بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ ① «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت» ، سودا نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى 29 - ، 30 - بەتلەر.

بۈگۈنكى جەنۇبىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا «ئەشمەكار » دېگەن سۆز بار . بۇ سۆز ئۇيغۇرچىدىكى «ئەشمە » بىلەن پارسچىدىكى «كار »دىن تۈزۈلگەن . ئۇنىڭ مەنىسى — غوزىدىن يىپەك سۈزگۈچى دېگەنلىك. شۇنىڭغا ئاساسەن يىپەكچى كاسىپلار «ئەشمەكار» دېيىلىدۇ. قەشقەر ، يەكەنلەردە «ئەشمەكار كوچىسى» ، «ئەشمەكار مەھەللىسى » دېگەن جايلار بار . ناۋادا مۇشۇ كۈنلەردە غوزىدىن يىپەك سۈزگۈچى «ئەشمەكار »لارنى كۆرمەن دېگۈچىلەر قەشقەردىكى ئا پاق خوجا ساياھەت رايونىغا بارسا ئۇنى كۆرەلەيدۇ 菖.بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدە «قۇدۇق ئەشمە» ، «ئەشمە» ۋە «ئەشمە ئېقىن » دېگەن يەرلەر بار . «قۇدۇق ئەشمە» ئاللىقاچان چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن . «ئەشمە » بولسا ھازىر بىر يېزا ، بۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى كېسىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە كۆل ، كۆلچەكلەر بار ، زەيلىك ۋە توغراقلىقلار كۆپ . يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىمۇ «ئەشمە » دېيىلىدۇ . كەنتنى دادۇي دەيدىغان زامانلاردا ئۇ يېزىنىڭ 2 - دادۇيى «يۇقىرى ئەشمە » ، 3 - دادۇيى «تۆۋەن ئەشمە » دەپ ئاتالغانىدى. تىلشۇناس مۆمىن ئابدۇللا تۈزگەن «تۈركچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت»دە «ئەش(es) «گە «جۈپ ، جورا ، دوست ، ھەمراھ ، رەپىقە» ، «ئەشمە(esme) «گە «قۇدۇق» ، «ئەشلىك » (eslik)گە ، «جۈپ ، جورا ، ھەمراھ» ، «ئەشسىز(essiz) «گە ، «جورىسىز ، يالغۇز ، يېگانە» دەپ تەبىر بېرىلگەن ② مۆمىن ئابدۇللا:«تۈركچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى 272 - ۋە 273 - بەتلەر.

. خۇلاسە كالام ، «ئەشمە» ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئىزى بولۇپ ، دەريا بۇرۇنقى بۇ ئورنىدىن شەرققە قاراپ يۆتكەلگەندىن كېيىن ، تاشلىنىپ قالغان ھەم دەريانىڭ ھەمراھى دېگەن مەنىدە «ئەشمە» دەپ ئاتالغان. شۇڭا ، ئۇ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ھەمراھى ھەم چۆلدىكى قۇدۇق ، شۇنداقلا يېپيېشىل ، شىرنىلىك لەشسىمان كۆل بولۇپ ، ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە پەۋقۇلئاددە ئېكولوگىيىلىك سۇ رايونىنىڭ نامىدۇر .

»ياخشى ئادەتنى ساقلاڭ ، يامان ئادەتنى تاشلاڭ «

نىياز ئولمايىت

ھازىر ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدە مەلۇم جەھەتتە ماددىي نەرسىلەرگە ئېرىشتۇق.بۇنىڭلىق بىلەن ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەخلاق- پەزىلىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزسەك بولمايدۇ .چۈنكى ئۆرپ- ئادەت ، ئەخلاق- پەزىلەت مىللەتنىڭ خاسلىقىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بىر ئامىل.دېمەك ، ھازىرقى تەرەققىيات ئېقىمىدا ئۇزۇپ كېتىۋاتقان ئەزىمەتلەر بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەك .كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزگە سەل قاراشقا ، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بولسىمۇ مىللىتىمىزگە خاس بولغان ئۆرپ- ئادەت ، ئەخلاق- پەزىلىتىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ .ئۇنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ، راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

1. ئۆزئارا ئۇچراشقاندا

1) سالاملىشىش - سالاملاشقاندا ئوڭ قولنى يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ تۇرۇپ ئۇنلۇك ئاۋادا سالام بېرىش كېرەك.

2) قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ، قولنىڭ ئۇچىدىلا ئەمەس ، بەلكى قولنىڭ ئالقىنىنى قارشى تەرەپنىڭ ئالقىنىغا تەگكۈزۈش كېرەك.

3) كۆرۈشكەندە قارشى تەرەپنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىۋالماي قولنى قارشى تەرەپنىڭ قولى بىلەن يەڭگىل قىسىلغاندىن كېيىن قولنى دەرھال قويۇۋېتىڭ ، بولمىسا قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويىسىز.

4) قارشى تەرەپ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ ، يەنى كۆزلەر ئۆزئارا ئۇچرىشى كېرەك ئەگەر قارشى تەرەپتە بىرقانچە ئادەم بولسا ئۇلار بىلەن تېز- تېز كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئامانلىشىش.ئامانلىشىش ۋاقتى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتمىسۇن ، قارشى تەرەپنىڭ مۇھىم ئىشى بولۇپ قالسا ئوڭايسىزلىنىپ قالىدۇ.

6) كۆرۈشكەندە قىزغىن ، ئوچۇق چىراي بولۇڭ ، قارشى تەرەپ سىزدىن چوڭ ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولسا قارشى تەرەپكە بېقىپ تۆۋەن ئاۋازدا ئېنىق سۆزلەڭ.

2. يول يۈرگەندە

1) يول يۈرگەندە ئېھتىيات بىلەن يۈرۈڭ ، بولۇپمۇ ئادەم كۆپ رەستىلەردە يول يۈرگەندە مۇرە بىلەن ئادەم سوقۇۋېلىش ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن باشقىلارنىڭ پۇتىنى دەسسىۋېلىشتىن ساقلىنىڭ . بۇنىڭدا ئورۇنسىز خاپىچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتارلىشىپ ماڭغان بولسا ۋە ياكى بىر جايدا پاراڭلىشىپ تۇرغان بولسا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتمەڭ ، ئۇنىڭدا ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

2) ئۆزىڭىزدىن چوڭ ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملەر بىلەن بىللە يول يۈرگەندە سەل ئارقىسىدىن مېڭىڭ ، ھەرگىز ئالدىغا ئۆتۈۋالماڭ ، ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

3) يول ئۈستىدە ئۇزاق ۋاقىت سۆزلىشىپ تۇرۇۋالماڭ ، ئەگەر مۇھىم سۆزىڭىز بولسا خالىيراق بىر جايدا سۆزلىشىڭ.

4) يول يۈرگەندە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرمەڭ ، بۇرنىڭىزنى تاشلىماڭ ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى قالايمىقان تاشلىماڭ ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاش-كېسەكلەر...نى بىر چەتكە تاشلىۋېتىڭ ، بۇ ئۆزىڭىزگە ھەم ئۆزگىلەرگە ياخشى.

3. سۆھبەتلىشىش ئەدەبلىرى

1) ئۇرۇق- تۇغقان ، دوست- يارەنلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغاندا مىجەزىڭىز تۇراقلىق ، ياخشى نىيەتتە بولۇپ ، ئۇششۇقلۇق ، كۆكەملىك قىلماڭ. كىيملىرىڭىز رەتلىك ، خۇشبۇي بولسۇن ، بەد پۇراقلاردىن ساقلىنىڭ ، سۆزلىگەندە

شالۋىقكىز چاچراپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ.

2) بىلمىلىك ، جامائەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇڭ ، ئۇنى ئادەت قىلىۋېلىڭ . ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە سەممىي بولۇپ شۇ ئادەمگە ئۇدۇل ئولتۇرۇپ سۆزلىشىڭ . ئەدەبسىز سۆزلەردىن ئېھتىيات قىلىڭ. چوڭلارغا چوڭچە ، كىچىكلەرگە كىچىكچە ھۆرمەت ، ئىززەتتە بولۇڭ . ئۇلار بىلەن سۆھبەتتە بولغاندا ئوچۇق چىراي ، قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ ، ھۆرمەت پوزىتسىيىدە بولۇڭ ، ھەرگىز قوپاللىق قىلماڭ ، بىلىملىك ئادەملەرنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىڭ ، ئۇلارنىڭ سىزگە زىيىنى يوق.

4. كېسەل يوقلاشتىكى ئەدەپلەر

1) كېسەلخانىغا كىرگەندە كېسەلنىڭ ھالىنى بەك سوراپ كەتمەڭ ، كېسەلنىڭ ئالدىدا چىرايىڭىز ئوچۇق ، قىزغىن بولۇڭ ، قىزىق ، يېڭى گەپلەرنى قىلىڭ . كېسەل بىزار بولىدىغان گەپ- سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ . كېسەلخانىغا كىرىشتە رەتلىك ، پاكىز بولۇپ ، كىرىڭ ، بىراق يۈز- چىرايىغا پات- پات قارىماڭ . كۆندۈزدىكى ، كېچىدىكى ئەھۋالىنى بەك زېغىرلاپ سوراپ كەتمەڭ .

2) كېسەلدىن ، كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ ؟ دەپ سوراڭ ، ئەگەر كېسەل كۆڭلىنى ئىزھار قىلسا زىيان قىلمايدىغان يېمەكلىكلەرنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈڭ . بىراق كېسەل يوقلىغاندا ئۇزاق ئولتۇرۇۋالماڭ ، ئەگەر كېسەل كىشى ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا ، ئاندىن ئۇزاقراق ئولتۇرۇڭ.

5. ساھىبخانىنىڭ مېھمان ئالدىدىكى ئەدەپلىرى

مېھماننى چوڭ كۆرۈش (باي ، نامرات ياكى ئەمەلدار ، پۇقرا ۋە ياكى چوڭ-كىچىك بولسۇن ئوخشاشلا چوڭ كۆرۈش) كېرەك .داستىخاننى تېز تەييارلاپ مېھماننى ساقلىتىپ قويماڭ ، تائام قويۇلغاندىن كېيىن بېقىشقا ئىجازەت قىلىڭ ، ناۋادا مېھمان ناتونۇش بولسا ئۆزىڭىز ئاۋۋال تائامغا قول ئۇزارتىڭ ھەم قولىڭىزنى مېھماندىن كېيىن تائامدىن تارتىڭ ، لېكىن تائامنى مېھماندىن كۆپ يەۋالماڭ.

مېھمانلار ئۆز بۇرادەرلىرىڭىز بولسا ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭ ، لېكىن تائامغا ئالدىراپ قول ئۇزاتماڭ ، مېھماننى تاماققا ھەددىدىن ئارتۇق زورلىماڭ ، پەقەت 2 - 3 قېتىم تەكلىپ قىلىڭ . بىراق «داستىخىنىمىز ئاددىي ، تائاملىرىمىز ئوخشىمىغان بولسىمۇ ...» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەي ، «تائام مەززىلىك بولدى ، تارتىنماي ئېلىشقايسىلەر »

دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش.تائام ۋاقتىدا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلماسلىق ، مۇناسىۋەتسىز سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش .

6. مېھماننىڭ ساھىبخان ئالدىدىكى ئەدەپلىرى

1) مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان ، دوست -بۇرادەرلەرنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ، ساھىبخان قايسى جاينى كۆرسەتسە شۇ جايدا ئولتۇرۇش .مېھماندارچىلىقا بېرىشتىن بۇرۇن ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىپ بېرىش . ھەرگىز ئاچ قورساق بولۇپ بارماسلىق .

2) تاماقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېمەسلىك ، ھەر خىل نازۇ- نېمەتلەردىن ھەربىردىن ئاز- ئازدىن تېتىپ ، ئۇ يېمەكلىكلەرنىڭ مەززىلىك ، يېيىشلىك بولغانلىقىنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق.

3) تائام يېگەندە شالاپ- شۇلۇپ ئاۋاز چىقارماسلىق ھەم ئۇيان- بۇيانغا قاراشتىن ساقلىنىش ، ساھىبخانغا بۇيرۇق قىلماسلىق.داستىخاننى يىغقاندىن كېيىن ساھىبخاننىڭ ، داستىخاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق.دۇئادىن كېيىن كۆپ سۆزلىمەسلىك ، ئەگەر مۇھىم ئىشىڭىز بولسا كېتىشكە ئىجازەت سوراش ، ساھىبخاننىڭ ئىجازىتىسىز كېتىپ قالماسلىق ، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

7. يېمەك- ئىچمەك ئەدەپلىرى

1) مېھمانغا بارغاندا تائام داستىخانغا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزدىن چوڭلار تائامغا قول ئۇزاتمىغىچە سىز قول ئۇزاتماسلىق.ئەگەر سىز باشقىلاردىن چوڭ بولسىڭىز ، ئالدىدا قول ئۇزارتىش ، باشقىلارنى تەقەززا قىلماسلىق.

2) تائامنى تېز يېمەسلىك ، تائام يېگەندە ئۆز ئالدىڭىزدىكىنى يەش ، مېۋە- چېۋىلەرنى خالىغانچە ئالسىڭىز بو لىدۇ. ناننى ئىككى قولىڭىزدا سۇندۇرۇش.

3) تائام بەك ئىسسىق بولسا پۈلىمەسلىك ، تائام يېگەندە ئاغزىڭىزنى بەك يوغان ئېچىۋالماسلىق ، بۇ بىر خىل ئاچكۆزلۈكنىڭ ئىپادىسى ، تاماق يۇقى قولىڭىزنى سىلكىمەسلىك ، تاماقتىن كېيىن ئاغزىڭىزنى يوغان ئېچىپ چىشىڭىزنى كولىماسلىق .

ئاتا ئانىنى قاقشاتماسلىق توغرىسىدا

ئۆيغۇرلار ئاتا - ئانىسنى ھۆرمەتلەيدىغان ، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى دۇنيادا ھەممىدىن مۇقەددەس بىلىدىغان خەلق . چۈنكى بالىلاردا ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەقلىرى كۆپتۇر . پەرزەنتلەر تەرىپىدىن ئاتا ئانىلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويىدىغان ياكى ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق سۆز ھەرىكەتلەرنىڭ سادىر بولۇشى ئاتا ئانىلارنى قاقشاتقانلىقتۇر. ئاتا -ئانىسنى قاقشاتقانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

ئاتا -ئانىغا بويسۇنۇش پەرزدۇر

ئۇلىمالار مۇنداق دىدى: «ئاتا-ئانىلارغا بويسۇنۇش پەرزدۇر. ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر .شەرئەت ئىستىمالى بويىچە ئېيتقاندا ، پەرزدۇر . بۇنىڭغا ئاساسەن ، ئاتا ئانىلار ئېھتىياج ياكى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بال بلىرىنى نەپلى (ئىختىيارى ) ياكى پەرز كۇپايە بولغان ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشكە زورلىغان ھالدىمۇ ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش لازىم«.

ئۇلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئاتا ئانىلارنى قاقشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر .كىشى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتىپ ، ئاللاھقا شۇنچە سادىق بولسىمۇ ، ئاتىسىنى ياكى ئانىسىنى قاقشاتقان ئىكەن ، ئۇ ، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ . يەنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ . چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دېگەن.

ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش كەچۈرۈلمەس گۇناھتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا پۈتۈن چوڭ گۇناھلارنىڭ جازاسىدىن خالىغىنىنى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ ، پەقەت ئاتا ئانىسنى قاخشاتقاننىڭ جازاسىنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ، مۇشۇ دۇنيادىلا ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ.» (بەيھەقىي رىۋايىتى(

ئولمالار ئاتا -ئاننى قاخشتىشنىڭ گۇناھى ھەققدە توختىلىپ مۇنداق دىدى: «ئاتا ئانىسىنى قاخشاتقاننىڭ گۇناھى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر . دۇنيادا ئەڭ كەچۈرۈلمەس ، ئېغىر گۇناھ شېرىك بولسا ، شېرىكتىن كېيىنلا ئاتا ئانىسىنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى كېلىدۇ . شۇڭلاشقا ئۇچۇن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ : «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ( يەنى شېرىك كەلتۈرمەستىن )ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى«

ئاتا -ئانىسىنى قاقشاتقانلار ئۇنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرىدۇ

ئولمالارنىڭ ئېيتىشىچە ، ھەرقانداق ئېغىر گۇناھلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، زۇلۇم (يەنى ھەقسىزلىق )نىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈلگىنى يوق.ئاتا ئاننى قاقشىتىش ئۇلارغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىتەۋراتتا ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن : «ئى مۇسا ! ئاتا ئاناڭنى ھۆرمەتلىگىن .كىمكى ئاتا ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىكەن ، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ . ئۇنىڭغا ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان پەرزەنت ئاتا قىلىنىدۇ ، كىمكى ئاتا ئانىسىنى قاخشىتىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۆمرى ق سقىرىدۇ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى قاخشىتىدىغان شەقى بالا ئاتا قىلىنىدۇ.» (تەۋرات(

بۇ ماۋزۇدىكى ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولىشىدىن مەقسەت ، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولىشى دىمەكتۇر . مەسىلەن : ئۆمرىگە بەرىكەت بېرىلگەن كىشىلەر ، گەرچە ئاز ئۆمۈر كۆرسىمۇ ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەر ھاسىل قى لالمىغان ياخشىلىقلارغا ۋە دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە دۇنيادىن ئارمنى قالمايدۇ ، ئەمما ئۆمرىگە بەرىكەت بېرىلمىگەن كىشىلەر ، گەرچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ ، ئۇلار بۇئۆمرىگە لايىق دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىغا ۋە ئارمانلىرىغا ئېرىشەلمەستىن ، بەلكى ھەسرەتتە كېتىدۇ . ئۆمرى قىسقا بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئۆمرى بەرىكەتسىز بولىدۇ دېگەنلىكتۇر .

مەنبەسى : ماتىريالدىن

كۆرۈلگىنى:55قېتىم

ۋاقتى :2008-2-9

ياپونىيلىكلەرنىڭ قامىلىسى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى

مەريەم ساقىم

شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە كافېدراسىدىن

بۈگۈنكى دۇنيادا پەن -تېخنىكا مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ، ئەقىلنى لال قىلغۇدەك مۆجىزىلەر يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تىلىكى بولغان بەختلىك ياشاش پەقەت پەن - تېخنىكىنىڭ قۇدرىتى بىلەنلا كاپالەتلىنىپ كەتمىسە كېرەك .ئىنسانلار ھاياتلىق مۇساپىسىدە تەبىئەتتىن ئۆز ئەجرىگە لايىق مەنىۋى ئوزۇقلارغا ئېرىشىپ كەلگەن. بىراق ، ھازىرقى پەن -تېخنىكا تەرەققىياتى ئىنسانلارغا تەبىئەت ئاتا قىلغان ئاشۇ مەنىۋى ئوزۇقنى ئاتا

قىلالىشى مۇمكىنمۇ ؟ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ بەخت چۈشەنچىسىنى ساق  لىق ، سۆيگۈ ، بايلىقتىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇنغا يىغىنچاقلاپ كەلگەن . ھەرقانداق ئىنسان دۇنياغا تۆرەلگەن ئىكەن بەختلىك ياشاشقا ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ، ھەتتا خىيالىي ئارزۇلاردىمۇ بولىدۇ   .ئەنە شۇ خىيالىي ئارزۇلار ئىچىدە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاققا تاللانغان ئىسمىنىڭ شۇ بالىغا بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىشىگە ئىشىنىشتەك ئەنئەنە -ئۇدۇملار بار. ئادەم دۇنياغا تۆرىلىش بىلەنلا ئىسىم قويۇلىدۇ  . ئادەم تۇغۇلۇپ روېخەتكە ئېلىنغاندىن باشلاپ ، مەكتەپكە كىرىش ، خىزمەتكە چىقىش ، توي قىلىش ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ، ئو   لتۇراق زېمىن ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ، شەخسنىڭ ئىززەت - ئابرويى ، گراژدانلىق مەجبۇرىيىتى ، ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىقلار شۇ ئادەمنىڭ ئائىلە نەسەبى ، ئىسىم - فامىلىسى ئارقىلىق قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ      .مەن تۆۋەندە ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئىسىم -  فامىلە تاللاشتىكى ئۇقىدە ، كۆز قاراشلىرى ۋە فامىلە قوللىنىش ئەھۋالىنى  ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى فامىلە قوللىنىش ئۇستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن ئاز -  تولا پايدىلىنىش قىممىتى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ، دېگەن ئۈمىدتە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن .

ياپونىيىلىكلەردە بالىلارغا ئىسىم ۋە فامى  لە تاللاشتا تاللانغان ئىسمىنىڭ شۇ بالىغا بەخت -      سائادەت ئېلىپ كېلىشتەك ئىلاھىي قۇدرىتىگە ئىشىنىش  ۋە ئىسىم بىلەن بالىنىڭ بەخت -      سائادىتىنى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە باغلاپ چۈشىنىشتەك ئەقىدىچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ      . ئۇلار ئىسىم - فامىلە تاللاشتا  تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئورگانىزمنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ماددىلارنىڭ بىر بىرىنى ئاپىرىدە قىلىش ۋە يەكلەشتەك ئىككى ئاساسىي قانۇنىيەتنى ئىزاھلايدىغان مەنپى  (-)لىك  ، مۇسپى  (+)لىق نەزەرىيىسىگە ، تەبىئەتتىكى زىددىيەت ۋە بىرلىكنىڭ ئاساسى بولغان بە ش ئاناسىر (ئوت ، ھاۋا ، تۇپراق ، ياغاچ ، مېتال  )نىڭ ئۆزئارا زىددىيىتى ۋە بىرلىك گارمونىيىسى پرىنسىپلىرىغا ھەمدە   12 بۇرچلۇق يۇلتۇزلار تۇركۈمى يەنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ، پەسىل ئۆزگىرىشى قاتارلىق تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىگە ئاساسلىنىدۇ   . ھەرقانداق ئىسىم - فامىلە ئېغىزدىن چىققان تاۋۇشلارغا ئاساسلانغان بىر نەچچە ھەرپتىن تۈزۈلىدۇ      . ياپونىيىلىكلەر ئاشۇ ئىسىم ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھەرپلەر تاۋۇش بولۇپ ئېغىزدىن چىققاندا تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان بىر سېھرىي كۈچنى ، ئىلاھىي ھېكمەتنى ئىپادە قىلىدۇ ، دەپ قارايدۇ ۋە بۇنى كوتوتاما ( 言 灵 ) دەپ ئاتايدۇ. يېزىقتا ئىگە ھەر قانداق مىللەتنىڭ

ئېلىببەسىدىكى ھەرپلەر (ياكى سۆزلەر )ھاياتىي كۈچكە ۋە تارىخىيلىققا ئىگە ، شۇڭا فامىلىگە ماس ئىسىم تاللاشتا ،

قۇراشتۇرۇلغۇسى سۆز ۋە ھەرپلەرنىڭ بىر بىرىگە ماسلىششى ۋە جىپسىلىششى تولىمۇ مۇھى م دەپ قارىلىدۇ .

ياپونىيلىكلەرنى يېزىقى ئەڭ دەسلەپتە 50 ھەرپتىن تۈزۈلگەن ، بۇنىڭ ئىچىدىكى A,I, U, E, O دىن ئىبارەت بەش

سوزۇق تاۋۇش ھەرپلەرنىڭ يادروسى دەپ قارىلىدۇ.قالغان ھەرپلەر بەش سوزۇق تاۋۇشقا ماسلاشقان ھالەتتە10 قۇرغا

تىزىلىپ 50 ھەرپنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسلەن:

"ئا"قۇرى"A I U E O: كا"قۇرى"KA KI KU KE KO: سا" قۇرى"SA SHI SU SE SO: تا"قۇرى TA CHI TSU :

" TE TOنا" قۇرى" NA NI NU NE NO: خا" قۇرى" HA HI HU HE HO: ما" قۇرى MA MI MU ME MO :

"يا" قۇرى" YA (I) YU (E) YO: را" قۇرى" RA RI RU RE RO: ۋا" قۇرى WA (I) (U) (E) O: ھازىر YA ۋە

WAقۇرىدىكى بەزى ھەرپلەر A قۇرىدىدىكى ھەرپلەر بىلەن تەكرار بولغاچقا 05 ھەرپ بولمىسىمۇ دەسلەپكى ئۇقۇم

بويىچە 05 ھەرپ دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان . ھەرپلەر تىزىلمىسىدىكى 01 قۇرنىڭ ھەر بىرى تەبىئەت

دۇنياسىنىڭ تۆۋرۈكى بولمىش بەش ئاناسىرنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە تۈرلىنىدۇ A, YA , WA .قۇرلىرىدىكى ھەرپلەر

بەش ئاناسىرنىڭ مەركىزى بولمىش تۇپراققا ؛ KA قۇرىدىكى ھەرپلەر باھار خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قارالغاچقا دەرەخ

)ياغاچ(كە ؛ TA, NA, RA قۇرلىرىدىكى ھەرپلەر ئوتتەك ياز تەپتىنى نامايەن قىلىدۇ دەپ قارالغاچقا ا ئوتقا ؛ SA

قۇرىدىكى ھەرپلەر كۈزدىكى مول ھوسۇللۇق كەيپىياتنى بىلدۈرىدۇ ، دەپ قارالغاچقا ئالتۇنغا ؛ HA, MA قۇرلىرىدىكى

ھەرپلەر "تاما- تاما كۆل بولۇر" ، "تامچىدىن دېڭىز"دېگەن تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن سۇغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ. بەش

ئاناسىرنىڭ بىر بىرىنى ئاپىرىدە قىلىش ۋە يەكلەش قانۇنىيىتىدە دەرەخ ئوتنى ، ئوت تۇپراقنى ، تۇپراق ئالتۇننى ، ئالتۇن

سۇنى ئاپىرىدە قىلىدۇ ، شۇڭا فامىلىنىڭ باش ھەرپى بىلەن ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بىر بىرىنى ئاپىرىدە قىلىدىغان

ئاناسىرغا مەنسۇپ بولغاچقا بۇ خىل تاللانغان ئىسىم ياخشىلىق ۋە بەخت -تەلەيدىن بېشارەت بېرىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ.

مەسىلەن ) 田 中 幸 雄:تاناكا يۇكىئو) دىكى تاناكا(田 中)فامىلە ، يۇكىئو(幸 雄)ئىسىم. فامىلىنىڭ باش

ھەرپى "تا" ئوتقا مەنسۇپ ، ئىسمىنىڭ باش ھەرپى "يۇ" تۇپراققا مەنسۇپ ، ئوت تۇپراقنى ئاپىرىدە قىلغاچقا ، مۇنداق

ئىسىم - فامىلە ئىنسانغا بەخت - سائادەت ، ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ.

توم سىزىق ئاپىردە قىلىش ، ئىنچىكە سىزىق يەكلەشنى بىلدۈردۇ . ياپونىيىلىكلەر يەنە ئىسىم - فامىلىلەردىكى خەتلەرنىڭ سىزىق سانى ۋە ئۈنىڭدىكى باش ھەرپ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ، مەسىلەن : فامىلىنىڭ باش ھەرپى تەڭرى (ئاسمان )گە ، ئىسمىنىڭ باش ھەرپى زېمىن (يەر)گە مەنسۇپ دەپ قارىغاچقا ، فامىلە بىلەن ئىسىم ئاسمان - زېمىن بىرلىكىنىڭ تەقسىملىنىشى بويىچە تاللىنىشى كېرەك ، دەپ قارايدۇ . ياپونىيىلىكلەر يەنە ئىسىم - فامىلىلەر خەت سىزىق سانىنىڭ جۈپ - تاقلىقى مەنپى (-) ۋە مۇسبى (+)لىك نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىلسا ، بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ ، دەپ قارىشىدۇ . قەدىمكى زاماندا كائىناتتىكى ھادىسىلەر تەرتىپسىز ، قانۇنىيەتسىز ھالەتتە بولغانمىش ، شۇڭا كېيىنكى كىشىلەر كائىناتتا لەيلەپ يۈرىدىغان يېنىك نەرسىلەرنى ئاسمانغا ، ئېغىر چۆكۈندە نەرسىلەرنى يەرگە ئوخشاتقانمىش ، مانا مۇشۇ قاراشلاردىن ئاسماننى مۇسبى (+)، يەرنى مەنپى (-)دەپ ئايرىش شەكىللەنگەنكەن . ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئىلمىدا مۇسبى - مەنپى ئېنېرگىيىلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرلىنىشىدىن ئالەم بىنا بولغان دەپ قارىلىدۇ .

ياپونىيىلىكلەردە فامىلىنىڭ خەت سىزىق سانى تاق سان بولسا مۇسبى ، ئىسمىنىڭ خەت سىزىق سانى جۈپ سان بولسا مەنپى بولغان بولىدۇ . مۇشۇنداق قۇراشتۇرۇلغان فامىلە -ئىسىم قۇتنىڭ نىشانى دەپ قارىلىدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە فامىلىنىڭ خەت سىزىق سانى جۈپ سان بولسا مەنپى ، ئىسمىنىڭ خەت سىزىق سانى تاق سان بولسا مۇسبى بولۇپ ، بۇمۇ قۇتنىڭ نىشانى دەپ قارىلىدۇ . يۇقىرىقىلاردىن باشقا ياپونىيىلىكلەر تۇغۇلغان بالىنىڭ يۇلتۇزىغا قاراپ ، يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ خاراكتېرى بويىچە فامىلىگە ماس كېلىدىغان ئىسىم تاللىنىدۇ . يۇقىرىقىلاردىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچىگە چوقۇنۇش ۋە ئۆز ئىسىم - فامىلىلىرىنى ئۇنىڭغا باغلاش ئارقىلىق سېھرلىك تەبىئەتتىن بەخت - سائادەت تىلەش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى قىياس قىلىش تەس بولمىسا كېرەك . ياپونىيىدە ئومۇميۈزلۈك فامىلە قوللىنىش مېيجى (明治) يېڭىلىقا كۆچۈش دەۋرىدىن يەنى 1870 - يىللاردىن كېيىن ئومۇملاشقان . بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئېدو (江户)دەۋرىدە فامىلە شەمشىرى ئېسىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان . بۇ پەقەت يۇقىرى قاتلامدىكى ھەربىيلەر ، ئاقسۆڭەكلەر ۋە دۆلەتكە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر بىلەنلا چەكلەنگەن . ياپونىيىلىكلەر رەسمى فامىلە قوللىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ نەسىل - نەسەب ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ھەر خىل شەكىللەردە ئىپادىلەپ كەلگەن.قاتناشنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى تۈپەيلىدىن مۇقىم بىر جايدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ياپونىيىلىكلەر ئۆزلىرىنى

تۇرۇشلۇق مەھەللە ، يېزا ، كوچا ناملىرى ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ كەلگەن . ئۇنىڭدىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئۆزلىرى شۇغۇللانغان كەسىپ نامىنى ئىسىم فامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۆز قەۋمىنى پەرقلەندۇرۇشكە ئۆتكەن مەسىلەن: تۆمۈرچى ، ساتراچ ، گەزلىمچى ... دېگەندەك .

ياپونىيدە 6 - 7 - ئەسىرلەردە ياپونىيە تارىخىدىكى مەشھۇر فۇجىۋارا (藤原氏) جەمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا فامىلە قوللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. بىراق بۇ فامىلە شۇ جەمەت كىشىلىرى ۋە شۇ جەمەتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بىر يۈرۈم كىشىلەر بىلەنلا چەكلەنگەن . مەسىلەن: كيوتو شەھرىدە ئولتۇراقلاشقان فۇجىۋارا جەمەتىدىكىلەر ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان كوچا ناملىرى بويىچە 1 - كوچىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى ئىچجو (一条) ، 2 - كوچىدىكىلەرنىڭ نىجو (二条) ، 3 - كوچىدىكىلەرنىڭ سانجو (三条) بولغان.

فۇجىۋارا جەمەتىنىڭ كيوتودىكى دەرياغا يېقىن يەردە ئولتۇراقلاشقان ئەزالىرى كوندو (近藤) دېگەن فامىلىنى قوللانغان.

فۇجىۋارا جەمەتى فامىلە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز جەمەتىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاپ ، ئۆز يىلتىزى ۋە نەسەبىنى ئۇنتۇماسلىقنى مەقسەت قىلغان.

ياپونىيدە ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، پۇقرالار كۆپىنچە يەر (ئېتىز) ، دالا ۋە ئۆسۈملۈك ناملىرىغا ئوخشاش قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ناملارنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: تاناكا (田中) ، كۇرانو (藏野) ، ئۇئې گاكى (上柿) ، ئۇمې مۇرا (梅村) قاتارلىقلار. بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ شاخلاپ كۆپىيىشى ھەمدە ئوخشاش فامىلىلەر بەك كۆپىيىپ كەتكەچكە ، فامىلە كېيىنكە شۇغۇللانغان كەسىپ نامىنى قوشۇش ئارقىلىق بىر بىرىنى پەرقلەندۇرۇش ئەھۋالى مەيدانغا كەلگەن . مەسىلەن : شال تېرىپ گۈرۈچچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىدىغان ناكامۇرا جەمەتى (中村) ئۆزلىرىنى باشقا ناكامۇرا (中村) جەمەتىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ناكامۇرا (中村) نىڭ كېيىنكە لۇمىيا (米屋) گۈرۈچچى) دېگەن كەسىپ نامىنى قوشقان.

葛ياپونىيدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان فامىلىلەرنىڭ بىرى سۇزۇكى (玲木) بولۇپ ، بۇ جەمەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بوۋىلىرىنىڭ بىرى ۋاكا ياما ۋىلايىتىدىكى بىر مەشھۇر قەدىمىي بۇتخانىنىڭ قوڭغۇراقچىسى بولغاچقا ، "قوڭغۇراقچى"مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۇزۇكى (玲木) دېگەن بۇ نام كېيىنكىلەرگە فامىلە بولۇپ قالغانىكەن .

ياپونىيەدە بۇتخانا ، ئىبادەتخانىلار بەكمۇ كۆپ بولغاچقا ، بۇ خىلدىكى فامىلمۇ كۆپىيىۋەرگەن.

ياپونىيەدە ئەڭ ھەيران قالارلىق بىر ئىش شۇكى ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پەقەت بىرلا جەمەتنى ڭ يەنى پادىشاھ جەمەتىنىڭ فامىلىسى يوق ئىكەن .ياپونىيە خەلقى ناۋادا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسەئىسىم - شەرىپىنىڭ كەينىگە پادىشاھ ئالىيلىرى ، خانىش ئالىيلىرى ، مەلىكە ئالىيلىرى ، شاھزادە ئالىيلىرى دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتىشىدۇ . مەسىلەن: ھازىرقى پادىشاھنىڭ ئىسمى ئاكىختو ( 明 仁) بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندا چوقۇم تېنىنو ئاكىختو(پادىشاھ ئاكىختو ئالىيلىرى )دەپ ئاتايدۇ. خانىش ، شاھزادە ۋە مەلىكىلەرمۇ ئوخشىمىغان سۈپەت سۆزلىرى بىلەن ھۆرمەتلىنىپ تىلغا ئېلىنىدۇ. پادىشاھ شوۋانىڭمۇ ئۈچ ئىنىسى بولۇپ ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئۆي ئايرىپ چىققاندىن كېيىن ، ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا پادىشاھ جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان چىچىبۇنو ميا(秩 父 宫) ، مىكاسانو ميا(三 立 宫) ، تاكاماتسۇنو ميا ( 高 松 宫 ) دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن.

تەھرىرلىگۈچى : ئابلىز ئورخۇن

ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ لايىھىلىنىشى توغرىسىدا

ئابلىمىت ياقۇپ

)شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن(

ئاپپاق خوجا مازىرى تارىخى ئۇزۇن ، پۈتۈن مەملىكەتكە ھەتتا دۇنياغا داڭلىق كاتتا مازار . ئۇ ئالتۇن دەرۋازا ، ياسىداق مەسچىت ، خانىقا ، جامە ، تىلاۋەتخانا ، ئېتىكاپخانا ، مەدرىس ، قەبرىستانلىق ، چوڭ كۆل ، شەربەت كۆل ، تاشقى سەيلىگاھ قاتارلىق يانداشما قۇرۇلۇشلار بىلەن قوشۇلۇپ ئاجايىپ سەيلىگاھنى شەكىللەندۈرگەن . ئۇ ياسىلىشىنىڭ نەپىسلىكى ، ھەيۋەتلىكلىكى ، پۇختىلىقى بىلەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە .

ئاپپاق خوجا مازىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن يازما ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ ، مەسىلەن : 17- ئەسىردە ئۆتكەن مىرزاشاھ مەھمۇد جۇراس 1676- يىلى يازغان «تاۋارىخ » ، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى » ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »نىڭ 1-تومى ، «ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر » ، «ئۇيغۇر مازارلىرى » قاتارلىق كىتابلاردا تۈرلۈك نۇقتىلاردىن تونۇشتۇرۇلغان ھەم سۈرىتى قىستۇرۇلغان .

-1957يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ، 1988-يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن . 2005- يىلى گوۋۇيۈەن يەنە يېپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش ، مۇھاپىزەت قىلىش يىرىك پىلانىنىڭ 11-بەش يىللىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزدى . 21 ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قۇتقۇزۇش ، مۇھاپىزەت قىلىش پىلانى 2006-يىل 8-ئاينىڭ 2-كۈنى تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھىرىدە قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ 21 ئورۇن ئىچىدە ئاپپاق خوجا مازىرىمۇ بار .

ھازىرقى ئاپپاق خوجا مازىرىنى كىم لايىھىلىگەن ؟ ھازىر غىچە مەن كۆرگەن ماتېرىياللارنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات يوق ، سەيلىگاھ تاختىسىغا يېزىلغان ، سەيلى - ساياھەت يېتەكچىسى سۆزلىگەن چۈشەندۈرۈشلەردىمۇ بۇ سوئالغا جاۋاب يوق ، ھەتتا سەيلىگاھ مەسئۇلىمۇ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدى . مەن كىچىك ۋاقتىمدا چوڭلارنىڭ چوڭ داداڭلار ئاپپاق خوجا مازىرىنى ياسىغان دېگىنىنى كۆپ ئاڭلىغان ، لېكىن قاچان ياسالغانلىقىنى سورىۋالماپتىكەنمەن .

چوڭ دادام ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ يولچىلار كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن داڭلىق ئارخىتېكتور ئابدۇرېھىم ئامان ئىدى ، ئۇ 1863- يىلى تۇغۇلۇپ ، 1946- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . مەن بىرنەۋرە ئاكام ئابدۇقېييۇم مۇھەممەت بىلەن بوۋامنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 130 يىللىقىنى خاتىرىلەپ «ئابدۇرېھىم ئامانىنىڭ قىسقىچە

تەرجىمىھالى »نى يېزىپ باستۇرۇپ ئۇرۇق- تۇغقانلارغا تارقىتىپ بەردۇق . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شۇ تەرجىمىھال ئاساسىدا «شىنجاڭ

گېزىتى » نىڭ مۇھەررىرى تۇردى قادىر نازىرى بىلەن ئىككىمىز ماقالە يېزىپ «شىنجاڭ گېزىتى »دە ئېلان قىلدۇق ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بۇ ماقالىنى گېزىتتىن كۆچۈرۈپ ئاڭلاتتى. لېكىن بۇ ماقالىدىمۇ ئاپپاق خوجا مازىرىنى لايىھىلىگەن ئادەم ، مازارنىڭ ياسالغان ۋاقتى ئېنىق بايان قىلىنمىغان . مەن مۇشۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن 1998-يىل 11-ئايدا بوۋامنىڭ بىردىنبىر ھايات شاگىرتى ئۆمەر قادىر (1901-2000)نى زىيارەت قىلدىم ، ئۇ ياشىنىپ قالغان ، كېسەلچان بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئەس - ھۇشى جايىدا ، گەپلىرى راۋان ئىكەن. ئۇ چوڭ دادام لايىھىلىگەن ، سالغان ئىمارەتلەرنى بىربىرلەپ پاكىتلىق ساناپ كېلىپ ئاپپاق خوجا مازىرىنىمۇ تىلغا ئالدى ، بۇنى ئاڭلاپ مەن بۇ مازارنىڭ قاچان ياسالغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولدۇم، ئۇ ئاپپاق خوجا مازىرى بىلەن خانىقانى سېلىشقا ئۆزىنىڭمۇ قاتناشقانلىقىنى ، شۇ چاغدا 25 ياشتا ئىكەنلىكىنى ، ئىككى ئىمارەتنىڭ ئىككى يىلدا پۈتكەنلىكىنى ئېيتتى . دېمەك بۇ قۇرۇلۇشنى ئاتۇشلۇق ئابدۇرېھىم ئامان 1926-يىلى سالغان .

ئاپپاق خوجا مازىرىنى ئابدۇرېھىم ئاماننىڭ ياسىشى نەچچىنچى قېتىملىقى ؟ گوۋۇيۈەننىڭ قۇتقۇزۇش ، ئاسراش پىلانىدا ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىنا قىلىنغانلىقىلا قەيت قىلىنغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پوستدوكتۇرى راھىلە داۋۇت خانىمنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001- يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر مازارلىرى »دېگەن كىتابىدا ئىشەنچلىك يازما ماتېرىياللار ئاساسىدا بەر گەن مەلۇماتىغا قارىغاندا ھەزرەت قەبرىستانلىقى 1640-يىلى بىنا بولغان ، 1650-يىلى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ (ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى ) مۇشۇ قەبرىستانلىققا قويۇلغان ، ئاپپاق خوجا 1678-يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن دادىسىنىڭ تۇپرىقى ئورنىغا گۈمبەز ياساتقان ؛ ئاپپاق خوجا 1697-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئەشۇ گۈمبەزگە دەپنە قىلىنغان ، ئوغلى يەھيا 1698- يىلى كېڭەيتىپ ياساتقان ، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مازار «ئاپپاق خوجا مازىرى» دەپ ئاتالغان ؛ 1795- يىلى چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭ پەرمان چۈشۈرۈپ ئوردا خەزىنىسىدىن پۇل چىقىرىپ كېڭەيتىپ ياساتقان ؛ سۇ دەيشاڭ (دىلشات خېنىم)ئاتلىق مانجۇ ئايال ئېرى تۇردى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن 1811- يىلى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ

تۆت چاسا قىلىپ ياساتقان ؛ تارىخىي مەنبەلەردىن بەدەۋلەت زامانىدا 1874-يىلى 5-قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغانلىقى مەلۇم ؛ 1902-يىلى 8-ئايدا قەشقەر رايونىدا يۈز بەرگەن 8. 4 بال يەر تەۋرەشتە چاك كېتىپ خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايتا ياساشقا توغرا كەلگەندە جامائەت لايىھىلەش ۋە ياساشقا ئابدۇرېھىم ئامانىنى تاللىغان . جەمئىيەتتە ئاپپاق خوجا مازىرىنى 6 -قېتىم قايتا ياساش قۇرۇلۇشىنى ئات ۋشلۇق ئابدۇرېھىم ئامان ئۈستىگە ئالغان دېگەن گەپنىڭ تارقىلىپ يۈرىشى ئاساسسىز ئەمەس .

6-قېتىم قايتا ياساشقا نېمە ئۈچۈن ئابدۇرېھىم ئامان تاللانغان ؟ مېنىڭچە بىرىنچىدىن ، بۇ چاغدا ئۇ 63 ياشقا كىرگەن بولۇپ ، نۇرغۇن قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ ، ھۈنەر-كەسپتە ، بولۇپمۇ گۈمبەزچىلىكتە كامالەتكە يەتكەن . مۇسابايېۋ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى ۋە تەكلىپ قىلىشى بىلەن 1896- 1897- يىللىرى بىناكار مەشۇق ھاجى بىلەن بىرلىكتە ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدىكى ھەبىپ ئەجەم مازىرى (كۆك گۈمبەز ) نى لايىھىلەش ، ياساش ۋە بېزەش قۇرۇلۇشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ، بۇ مازار ياغاچ ، سېمونت ، پولات چىۋىق ئىشلىتىلمەي ، خىش ، لاي ، گەج ، قۇم بىلەن قوپۇرۇلغىنىغا قارىماي ، 1902-يىلدىكى 8. 4 بال يەر تەۋرەشتە ھېچنېمە بولمىغان ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۆمەر قادىرنىڭ دەپ بېرىشىچە ، يەر تەۋرەشتىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدە مۆيدىنجان مەسچىتى ، قازانچى مەدرىس ، خانلىق مەدرىس ، ئۆتەك بازىرى مەسچىتى ، مۇختەربايىنىڭ ياسداق مېھمانخانىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ، ئاتۇشتا ئوڭئېرىقلىق ئىمىنھاجى باي ، ئابلاھاجى ، تاقۇتلۇق سوپۇرگە باي ، ئىكساقلىق باھاۋۇدۇن باي ، ئىمىن تېۋىپ ، ھېبىبۇللارېھىم ھاجى ، يولچىلىق نەمەتھاجىم ، ھۆسۈنباي ، ئابدۇرېھىم ئاخۇن (ئابدۇرېھىم ئامان )، بەيساقلىق قادىر ھاجىملارنىڭ ياسداق مېھمانخانىلىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلىگەن ، سالغان ۋە زىننەتلىگەن . 1907—1909- يىلغىچە ئاكا-ئۇكا مۇسابايېۋلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن غۇلج ىغا بېرىپ ، غۇلجا ئازاد كوچا 322- قورۇغا چۈشكەن تېرە زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلىگەن ۋە ئۈستىدە تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلغان . ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشى جامائەت ئارىسىدىكى داڭقىنى تېخىمۇ چىقارغان ؛ ئۈچىنچىدىن ، زور بىر تۈركۈن ئارخېتوكتورلا رنى يېتىشتۈرۈپ ، كۈچلۈك ، ئىنتىزامچان ، ماھىر قۇرۇلۇشچىلارنى ئۇيۇشتۇرغان . ئاپپاق خوجا

مازىرنى ياسىغاندا يۇرتىدىن بەكرى تامچى ، بەكرى قادىر تامچى ، چوڭ تامچى ، روزى تامچى ، زەيدىن تامچى ، زۇنۇن تامچى ، كىچىك تامچى ، مەيدىن تامچى ، ھاجى تامچى ، ئوسمان پىلانچى ، ئۆمەر ىلمچى ، ئىسرائىل تامچى ، ئىسمائىل تامچى ، ياقۇپ تامچى (ئابدۇرېھىم ئاماننىڭ ئوغلى )، ياقۇپ تامچى قاتارلىق ئۇستىلارنى باشلاپ بارغان ، ھەتتا سىڭلىسى ھەۋىخاننىمۇ ئۇستىلارغا تاماق ئېتىپ بېرىشكە قاتناشتۇرغان ، نەتىجىدە ئۇلار مازار بىلەن خانىقانى بىر يىل ئىچىدىلا پۈتكۈزگەن ؛ قادىر ھاجىمنىڭ مېھمانخانىسىنى تامچىلار قوشۇنىدىن 19 ئۇستىنى باشلاپ بېرىپ سالغان . يىغىپ ئېيتقاندا ئابدۇرېھىم ئاماننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئاپپاق خوجا مازىرىنى سېلىشقا تاللىنىشىغا ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر -سەنئىتى ، يۇقىرى ئابرويى ، كۈچلۈك كەسپىي قوشۇنى ئاساس بولغان بولسا كېرەك .

راھىلە داۋۇت «ئۇيغۇر مازارلىرى » دېگەن كىتابىنىڭ 10-بېتىدىكى «ھەيبەت ئەجەم مازىرى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ، ئۇسلۇبى ، نەقىش ، ئويما بېزەكلىرى ، بولۇپمۇ مۇنارى بىلەن سىرتقى تېمىدىكى گۈللۈك خىش تىزما نەقىش ۋە كاھىزلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرىدىن قېلىشمايدۇ » دەپ ئىككى مازارنى دەل جايىدا ئوخشاتقان .شۇنداق ، ئابدۇرېھىم ئامان قاتتىق يەر تەۋرەشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بۇ مازارنىڭ ئەندىزىسىدىن تولۇق پايدىلانغان . راھىلە داۋۇت مۇنداق يازىدۇ : «مازار تۆت چاسا شەكىلدە ، خىش قۇرۇلمىلىق ، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ سېلىنغان ، جەنۇب تەرىپىگە پەشتاقلىق ئىشىك ئېچىلغان ، تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان ، غەربىي شىمال بۇرجىكىگە سىرتىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ، قالغان ئۈچ بۇرجىكىگە ئىچىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ياسالغا ن. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 26 .5 مېتىر ، دىئامېتىرى 17 مېتىر بولۇپ ، تۆت چوڭ ئەگمە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان ، چوڭ ئەگمە تۈۋرۈك ئارىلىقىغا تۆت كىچىك ئەگمە چىقىرىلغان ، جەمئىي سەككىز ئەگمە ئارقىلىق يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان ، تۆت تەرىپىگە 2-قەۋەتتىن سىرتقا قارىتىپ دېرىزە قويۇلغان ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ياغاچ پەنجىرىلەر ئورنىتىلغان . مازارنىڭ سىرتى كۆك ، يېشىل ، توق سېرىق ۋە ئاق نەقىشلىق كاھىش بىلەن بېزەلگەن ، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان. مازار ئىچى كەڭ ، ئازادە بولۇپ ، ئوتتۇرا سەددىكى ئېگىز سۇپىغا چوڭ- كىچىك قەبرىلەر رەت- رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، ئۇلار ئىچىدە مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ قەبرىسى چوڭ ، باشقىلارنىڭ قەبرىسى كىچىك بولۇپ 57 (قۇتقۇزۇش ، مۇھاپىزەت قىلىش پىلانىدا 72 دېيىلگەن) قەبرە ياسالغان. قەبرىلەر رەڭلىك كاھىش بىلەن بېزەلگەن . . .

مازار ئىچىدىكى تار ، ئۇزۇن كارىدور ۋە چوڭ كىچىك ئەگمىلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ مازار ھەيۋەتلىك ، سۈرلۈك تۈسكە كىرگەن ».ئاپپاق خوجا مازىرى بىناكارلىق جەھەتتىكى گۈزەللىكى ، پۇختىلىقى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ .

2005-يىل 8-ئايدا ئاتۇشقا تۇغقان يوقلاپ بارغاندا ۋاقىت چىقىرىپ قەشقەرگە بېرىپ شەھەرنىڭ بەش كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ھەزرەت كەنتىگە چىقىپ چوڭ دادامنىڭ ئەشۇ بىناكارلىق ئەسىرىنى يەنە بىر قېتىم تاۋاپ قىلدىم ، تاملىرىنى سىيلىدىم ، سۆيدۈم ، سەيلى - ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ سۆيۈندۈم .چوڭ گۈمبەزنىڭ نەچچە قېتىملىق يەر تەۋرەش ئاپىتى ۋە ھۆل- يېغىن ، كۈن نۇرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ ، مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ دادامنىڭ قەيسەر ، ئاپپاق ساقاللىق سىماسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

ھۆججەت - ۋەسىقىلەر

(تۇرپان ۋەسىقىلىرى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەجىبە ئەمىن

بۇ ۋەسىقىلەرنى تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزىسىدىن ئىبراھىم رەھمىتۇللا ۋە ئابلەت ئىسمايىل قاتارلىقلار ساقلاپ كەلگەن

بۇ ۋەسقىلەر چاغاتاي يېزىقىدا خەتتى تەئلىق شەكلىدە يېزىلغان.ۋەسقىلەر ئاساسەن ياخشى ساقلانغان بولۇپ ، يەر - زېمىن سېتىۋېلىش - سېتىش ، ئىجارە بېرىش - ئېلىش ، قەرز قايتۇرۇش - تاپشۇرۇپ ئېلىش ، مىراس بۆلۈشۈش ، بالا بېقىۋېلىش ، خەت -ئالاقە قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەسقىلەر ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. نەشرگە تەييارلاشتا نومۇر قويۇلدى.

-1)ھۆججەت(

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك سەككىز . مىنگونىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى يىلى ئىككىنچى ئاي . مەنكى لاگفۇ گۇڭشاگدىكى مۇھەممەت باقى ھاجىنىڭ ئو غلى سېتى ئاخۇندۇرمەن . ئىقرار قىلدىمكى ، ئىنىم سەيدۇل ئاخۇندىن سېتىۋالغان گۇڭشاك تۆۋەن كارىزدىكى مەزكۇر ئىككى ئېغىز ئۆيىنى كۆن چىقىش تەرەپكە ئۇدۇل ئارلىقلىرى ۋە ئارقىدىكى قوتان بىلەن قوشۇپ ۋە يەنە ئاتا مىراس ئۆزۈمگە تەۋە بولغان بىر كۇرىلىك قۇرۇق يېرىمنى قوشۇپزېمىنلىق قىلىپ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ياقۇپ ئاكامغا ئاتمىش تۈمەن سەر پۇلغا ساتتىم . مەزكۇر پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم . ھەققىم قالمىدى. مەزكۇر ئۆيلەرنىڭ چېگرىسى : شەرق تەرىپى ، بىر قىسمى مۇشتەرىنىڭ جايى ۋە بىر قىسمى مەنكى زېمىن ساتقۇچى سېتى ئاخۇننىڭ جايى ، پاسىلى تام. شىمال تەرىپى ، مەنكى سېتى ئاخۇننىڭ يېڭى سوقمامغا تۇتاش . غەرب تەرىپى ، كونا تىلمىغا تۇتاش. جەنۇب تەرىپى ، يول. قۇرۇق يەرنىڭ چېگرىسى : شەرق تەرىپى ، مەزكۇر قوتاننىڭ تېمىغا تۇتاش. شىمال تەرىپى ، تىلمىغا تۇتاش . غەرب تەرىپى ، كونا تىلمىغا تۇتاش . جەنۇب تەرىپى ، يول. ئۆيلەرگە ئارلىقنىڭ تۆرە تېمىدىن ئىشىك ئېچىپ ماڭىدۇ . بۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئۆي ۋە يەرلەر توغرىسىدا ئۇرۇق - تۇغقان ، ئەۋلادلىرىمدىن بىرەرى چىقىپ دەۋا - دەستۇر قىلسا ئىناۋەتسىز بولۇپ ، قايتۇرۇلىدۇ ، دەپ شەرىئەت مۇھرىنى باستۇرۇپ بەردىم . بۇ ھەققىي ئەھۋالدىن خەۋەردارلار:ئابدۇللا ھاجىم ، راھىل ئاخۇن ، بارات ئاخۇن ، ھاسان باي ، بارات ئاخۇن ، ھەمدۇل ياقاك ، ئابدۇقاھار ئاخۇنلاردۇر.

2-ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش .مىنگونىڭ ئوتتۇز بەشىنچى يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى ، بىزلەركى گۇڭشاك چاڭشۆي .سېتى ئاخۇننىڭ ۋارىسلىرى غغ ئاياللىرى زىرىخان ۋە نىيازخان ، ئوغۇللىرى سەيفۇل ئاخۇن ، سەيدۇل ئاخۇن ، ئابدۇرەھمان ئاخۇن ، ئابدۇللاھ ئاخۇنلار ، كىچىك ئوغۇللار ئابدۇلھىلىم ئاخۇن ، ئابدۇلغەفۇر ئاخۇن ،

ياسن ئاخۇنلارغا مەن ئابدۇرەھمان ئاخۇن ئىگە بولۇپ ، (قىزلار رازىخان ، زىبىرخان ، ئانارخان ، سەئىدخانلاردۇرمىز ) ، بىز ھەممىمىز دەرقەمتە تۇرۇپ ، توختىتخانغا بەرگەن تەقسىم خېتىمىز شۇكى ، ئاتىمىزدىن قالغان يەر ، سۇ ، ھويلا - ئىمارەت ، ئات - هارۋا ۋە ئۆي ، ئەشياكازالارنى تەقسىملەپ ئېلىش ئۈچۈن ھافىز ھاجى ئاخۇنۇم باشلىق بىرنەچچە ياخشىلارنى چاقىرىپ كەلگەن ئىدۇق. بۇ ياخشىلىرىمىزنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى ، ئاتىمىزنىڭ ئون تۆت دادەن بۇغداي قەرزى بار ئىكەن. ئات - هارۋا ۋە بىرمۇنچە ئۆي -بىساتلاردىن چىقىرىپ مەزكۇر قەرزنى ئادا قىلدۇق يەنە ئۈچ تۈمەن يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز يۈەنلىك ئۆي بىساتى ئېشى پ قالغانىدى . بۇ نەرسىلەردىن ئوغۇل - قىزلارغا تەقسىملىنىپ ھەرقايسىمىز ئۆز نەسىۋىلىرىمىزنى ئالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەر - سۇدىن مەلۇم بولغىنى: تۆۋەنكى كارىزدا يىگىرمە بەش كۈن كۈزلۈك نۆۋەت ۋە ئون ئالتە كۈن يازلىق نۆۋەتلىك بىر پۈتۈن كارىز. بىر يۈرۈش ھويلا ۋە بىرمۇنچە دەرەخ. بەش يۈز ئون ئۈچ مو يەر. يۇقىرى كارىزدا يىگىرمە تۆت كۈن نۆۋەتتە ئون بىر يېرىم كۈن كۈزلۈك سۇ ۋە قالغىنى يازلىق سۇ. ئۇنىڭغا تەۋە بىر يۈز يىگىرمە مو يەر. بىر يۈرۈش ھويلا - ئىمارەتلەر. مەزكۇر نەرسىلەرنى ۋارىسلارغا تەقسىم قىلغاندا توختىتخانغا تەيىنلەنگەن نەسىۋە شۇكى ، يۇقىرى كارىزدا بىر يېرىم كۈنلۈك كۈزلۈك سۇ ۋە بىر كۈنلۈك يازلىق سۇ ، ئون ئالتە مو يەر ۋە ئۆي .ئۇنىڭدىن باشقا توختىتخاننىڭ چاتقال كۆنچى كارىز ئانا تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاز يەر سۇيى ئاتىمىز ھايات ۋاقتىدا سېتىلىپ بۇ ئۆيدە خەجلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، شۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ، يۇقىرى كارىزدىن چاڭشۇي يېرىم كۈنلۈك سۇ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يەر بىلەن توختىتخاننى رازى قىلدۇق . توختىتخانغا تەقسىملەنگەن يەرنىڭ چېگرىسى: شەرق تەرىپى ، كىچىك قىزلارغا تەقسىملەنگەن يەر فاسلى ئارىلىق ، شىمال تەرىپى ، توغرا ئارىلىق . غەرب تەرىپى ، باھائۇددىن ھاجىنىڭ كارىزى ، فاسلى يول. جەنۇب تەرىپى ، ئەبرار ئاخۇنۇمنىڭ يېرى ، فاسلى يول . ۋە يەنە يېرىم كۈنلۈك جاڭشۇي سۇغا چىقىرىپ بەرگەن يەرنىڭ چېگرىسى : شەرق تەرىپى ، كىچىك قىزلارنىڭ يېرى ، فاسلى ئارىلىق. شىمال تەرىپى ، قۇم دۆڭ . غەرب تەرىپى ، توختى ھاجىمنىڭ يېرى ، فاسلى قىر . جەنۇب تەرىپى ، توغرا يول . توختىتخانغا يەنە يۇقىرىقى كارىزدىكى ھويلىدىن بىر ئېغىز سامانلىق ئۆي ۋە بىر چوڭ قوتان ، كۈن چىقىشقا ماڭىدىغان يولى بىلەن قوشۇپ ئۆي ئورنى تەقسىملەپ بەردۇق. مەخپىي قالمىغايكى ، يۇقىرىقى كارىزدا تەقسىم قىلىنماي قالغان بىر كۈن كۈزلۈك ۋە يېرىم كۈن يازلىق قۇدۇق سۇيى ئوغۇل - قىزلارغا تەقسىملەنگەندى . ئوغۇللارنىڭ ھەربىرىگە ئىككى يېرىم سائەتتىن كۈزلۈك سۇ ، قىزلارغا بىر سائەت ئون بەش مىنۇتتىن كۈزلۈك سۇ ، يازلىق تاپشۇرۇپ ئالدۇق . بۇ يەر -

سۇلارنىڭ ھەرقايسى يەر - سۇغا ئىگە بولغۇچى ۋارىسلار نەسۇىمىزگە چۇشلۇق ئىشلىتىمىز . بۇندىن كېيىن بۇ توغرىدا

بىر - بىرىمىزگە دەۋا قىلىشمايمىز دەپ خەت قىلىپ ، شەرىئەت مۆھرىنى باستۇردۇق . گۇۋاھلار : ئەسئەدۇللاھ ھاجى

داموللام ، ئابدۇقەييۇم ئاخۇنۇم ، ئابدۇللا ھاجىم ، ھەمدۇل بۇجاڭلاردۇر.

-3ھۆججەت

مىنگونىڭ يىگرمە توققۇزىنچى يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگرمىنچى كۈنى. مەنكى مەمەت باقى ھاجىمنىڭ ئوغلى سېتى

ئاخۇندۇرمەن.ئىقرار قىلدىمكى مېھرىنىگۇزخان ۋە ئايشەمخاندىن ئالغان بىر يېرىم قىزلىق ئۆي زېمىنىمنى ياقۇپ ئاخۇن

ئاكامغا بىر يۈز ئون ئىككى يېرىم دوللارغا ساتتىم. مەزكۇر پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھېچقانداق ھەققىم قالمىدى.

بۇ توغرىدا مەن ياكى مېنىڭ ئەۋلادلىرىمدىن بىرەرسى چىقىپ دەۋا قىلسا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە قايتۇرۇلسۇن ، دەپ

خەت قىلىپ قولۇمنى بېسىپ بەردىم . مەنكى سېتى ئاخۇن . قۇربان ئاخۇن ، ئىبراھىم ئاخۇن ، ھەمدۇللا ئاخۇنلار

شاھىددۇر.

-4ھۆججەت

مەنكى ھۆججەت بەرگۈچى مۇتىۋەللى مۇھەممەد رەھىم ئاخۇندۇرمەن . شۇ توغرىدىن ھۆججەت بېرىمەنكى ، سەلىم

بەگنىڭ سەمەت يار ئاخۇننىڭ زېمىسىدىكى32- يىللىق ئىجارە ھەققى قالمىدى ، دەپ قولۇمنى بېسىپ بەردىم.

-5ھۆججەت

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك يەتتە. مىنگونىڭ يىگرمە يەتتىنچى يىلى ئون بىرىنچى ئاي ، مەنكى لاڭفۇ گۇڭشاڭدىكى

مەمەت باقى ھاجىنىڭ ئوغلى سەيدۇل ئاخۇندۇرمەن . ئىقرار قىلدىمكى تۆۋەنكى كارىزدىكى ھويلىدىن ماڭا تەگكەن

ئىككى ئېغىز ئۆي ، يېرىم ئارلىقنى ئارقىدىكى قوتان بىلەن قوشۇپ زېمىنلىق قىلىپ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئاغام سېتى

ئاخۇنغا ئاتمىش تۆمەن سەرگە ساتتىم . مەزكۇر پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم . ھەققىم قالمىدى . مەزكۇر زېمىننىڭ

چېگرىسى: شەرق تەرىپى :بىر قىسمى ياقۇپ ئاكامنىڭ جايى ، بىر قىسمى مۇشتەرىنىڭ جايى فاسىلى تام . شىمال

تەرىپى: مۇشتەرىنىڭ سوقمىسى ، غەرب تە رىپى ، سوقما . جەنۇب تەرىپى ، يول ، بىر قىسمى قىزلارنىڭ ئۆيى . بۇندىن

ئېتىبارەن بۇ سېتىلغان زېمىن توغرىسىدا مەن ياكى مېنىڭ ئەۋلادلىرىمدىن بىرەرى چىقىپ دەۋا - دەستۇر قىلسا

ئىناۋەتسىزدۇر ، دەپ خەت قىلىپ شەرىئەت مۆھرىنى باستۇرۇپ بەردىم. گۇۋاھچىلار: ئابدۇللا ھاجىم ، ياقۇپ ئاكام ،

راھىل ئاخۇن ، بارات ئاخۇن ، ھاسان باي ، ھەمدۇل ياقاك ، مۇھەببەت قاھارلاردۇر .

مەنبەسى : بۇلاق ژورنىلى

كۆرۈلگىنى:61قېتىم

ۋاقتى :2008-1-14

---

ناۋايلىق ھەققىدە

مامۇت غازى

)ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن(

ناۋايلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يېمەكلىك كەسپى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ، تارىخى ئۇزۇن ، جاپالىق كەسپلەرنىڭ بىرى. نان تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان پىشۇرۇپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك. شەھەر-بازارلاردىكى بارلىق كىشىلەر ئەتىگەنلىكى ناننىڭ بالدۇرراق چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا :

ئەجەپ داڭلايسىز ئەنجاننى ،

باقالمايسىز بىر جاننى .

ناۋايخانىغا تەلمۈرۈپ ،

ئالالمايسىز بىر ناننى .

جگدە سالماك بۆكۈمگە ،

ماڭا يگلى نان لازىم .

نان بولمسا بولمايدۇ ،

ھەممە كشگە جان لازىم .

ناۋاي ئۇستام توۋلايدۇ ،

گردە پشتى داماندا .

پۇلى بارلار ئەپ يەيدۇ ،

پۇلى يوقلار ئارماندا .

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار بار . كشلەر نان توغرىسدا يەنە «نان دېمەك جان دېمەكتۇر ، نان دېمەك ئىمان دېمەكتۇر» دېگەن تەربپلەرنى قلىشدۇ .

مەن ئۆمردە ناۋايلىق بلەن 18 شاگرت يېتشتۈرۈپ چققان ، ئۆمرىنڭ يېرىمدىن كۆپرەكنى ئەنجان ، تاشكەنت ، سەمەرقەنت ، قەشقەرلەردە ناۋايلىق بلەن ئۆتكۈزگەن مەشھۇر ناۋاينڭ ئوغلى ، شۇڭا ناۋايلىق توغرىسدا بلىدىغانلىرىمنى كۆپچلىكنڭ پايدىلىنىشغا سۇندۇم .

1. ناۋايخانا

مەيلى شەھەردە ياكى يېزا بازارلىرىدا بولسۇن ، مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى ھازىر بولسۇن ، نان يېقىش سايمانلىرى سەپلەنگەن ،ئۇن تاسقاش ، خېمىر يۇغۇرۇش ، پىياز چاناش ، نان يېقشقا ئوخشاش بىر قاتار مەشغۇلاتلار ئارقىلىق خېرىدارلارنى ھەرخىل نان بلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇن ناۋايخانا دەپ ئاتىلىدۇ. ناۋايلار ئادەتتە كېچىچە ئىشلەپ ، تاڭ ئاتقىچە ئىككى-ئۈچ تونۇر نان يېقىپ ، ناۋايخانا ئالدىدىكى ئاق داستىخان سېلىنغان تاختاينى ئىسسىق نان بلەن تولدۇرۇپ ، چايخانا ، شورپىخانا ، ئاشخانا قاتارلىق نان بولمىسا تىجارىتى توختاپ قالىدىغان ئورۇنلارنى ئۆز قەرەلىدە نان

بلەن تەمنلەيدۇ.ناۋايلىق ھۈنرىنى بىلمەيدىغان ، ئەمما ئۇن نانغا بىر نان قوشۇپ بېرىش ئادىتى بويىچە ناۋايخاندىن

نان ئېلىپ كېلىپ ساتىدىغان ئورۇن ناۋايخانا دەپ ئاتالمايدۇ ، بۇنداق ئورۇندا نان ساتقۇچىمۇ ناۋاي دېيىلمەي نانپۇرۇچ

دېيىلىدۇ .

2. ناۋايلىق سايمانلىرى

(1خامپا ھازىر ناۋايخانىلاردا بۇ سايمان ئىشلىتىلمەيدۇ ، ئەمما ئىلگىرى ناۋايخانىنىڭ پايدا- زىيىنىغا مۇناسىۋەتلىك

مۇھىم سايمان ئىدى.ناۋايخانىنىڭ تېمىغا يۆلەپ بىر مېتىر ئېگىزلىكتە كالتە تام قوپۇرۇلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مېتىر

كەڭلىكتە ، بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا چاپسا قىلىپ تۇتاشتۇرۇلغان تاختا قويۇلىدۇ ، بىر تەرىپى ئوچۇق قويۇلۇپ ،

قالغان ئۈچ تەرىپىگە تام قوپۇرۇلىدۇ ، ئۈستى يېپىپ سىپىلىدۇ . ئىككى چوڭ ئەلگەكنىڭ قاسقىنىدىن ئۈچ تۆشۈك

تېشىپ ئىنچىكە تانا بىلەن باغلاپ ئېسىلىدۇ . بىر نىمكار ھېلىقى ئوچۇق تەرەپتە ئۆرە تۇرۇپ ، بىر قولىدا بىردىن

ئەلگەكنى تۇتۇپ ئۇن تاسقايدۇ.تاسقىغاندا داپنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش گۈپۈلدىگەن ئاۋاز چىقىدۇ .ئۇن تاسقاشقا ئۇستا

نىمكار قولىنىڭ ئاۋازىنى ناخشا ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ:

ئۇن تاسقايمەن ئەلگەكتە ،

پۈتۈن كۆچۈم جەينەكتە .

كۆيگەنىمنىڭ تەگكۈسى بلو ،

ئانىسى ئۇنىماي تەڭلىكتە .

ئۇن تاسقىسام ئاڭلايسىز ،

مېنىڭ ئېيتقان ناخشامنى .

ئۇنتۇپ قالماڭ ئامرىغىم ،

بىللە بولغان ئاخشامنى .

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار بىلەن ناخشا ئېيتقاچ ئۇن تاسقايتتى . ئەلگەك قېلىن بولسا ، كېپەكى كۆپ چىقىدۇ ؛

ئەلگەك شالاڭ بولسا ، كېپەكى ئا ز چىقىدۇ.شۇڭا ناۋايلار ئەلگەكنىڭ قېلىن ياكى شالاڭلىقىنى تەڭشەشكە ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىدۇ .

(2 تەگنە خېمىر يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان. ئۇجمە ، سۆگەت ياغاچلىرىدىن چېپىپ سىلىقلىنىپ ياسىلىدۇ .

(3پەشخۇن ۋە پەشخۇن ئۈستىدىكى سايمانلار بۇ خېمىرغا ئىشلەپ ھە رخىل نان تەييارلايدىغان جابدۇق بولۇپ ، كەڭلىكى بىر مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە بولغان قېلىن شالدىن ياسىلىدۇ . يۈزى سىلىق بولىدۇ ، ئۇچ تەرىپىگە زەي تارتىپ گىرۋەك چىقىرىلىدۇ. پەشخۇندا يەنە خېمىر كېسىدىغان خامتىراچ ، خېمىر تارتىدىغان چوك داستىخان ، خېمىر كۆرپىسى ، يەڭلىك ، توكچا (چەككۈچ) قاتارلىق سايمانلار بولىدۇ .

(4 تونۇر ۋە تونۇر بېشى سايمانلىرى تونۇر جايلاردا يېقىلىدىغان ناننىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە ، تۈرىگە قاراپ پەرقلىق ياسىلىدۇ . مەن ئەقلىمنى بىلسەم ، دادام ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 36——37-يىللىرى قەشقەر ش ەھرىنىڭ قۇمدەرۋازا ئەتراپىدىكى تاش بازىرىدا ناۋايلىق قىلغاندا ، نەم قۇمنى قولى بىلەن ئۇرۇپ چىڭداپ گۈمبەزگە ئوخشاش قىلىپ ياساپ ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە شور توپىدا ئەتكەن كوملاچ لايىنى چاپلاپ ، قۇرىغاندا قۇمنى ئېلىۋېتىپ چۆرىسىگە سۇپا باغلاپ تونۇر ياسايتتى . 40-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېغىز توپىدا تونۇر ياساش بارلىققا كەلدى . تونۇرنىڭ ئوتقا چىدامىلىق بولۇشى ، يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، سېغىز ياكى شور ئارىسىغا چۇپۇر ئېلىناتتى. ھازىر تاش كوزا (ئىدىش)، پولات- تۆمۈردىن ياسالغان ، چاق ئورنىتىلغان ھەرىكەتچان تونۇرلار بارلىققا كەلدى. تونۇر بېشىدا ئىسنى ئۈستىگە چىقىرىدىغان يوغان كاناي ، ئوت ياقىدىغان چوقام ، نانتاختا ، گەزنە ، نانكەل ، نان قومۇرىدىغان زىق ، نان قويىدىغان تەۋەك ، كۆسۈي قاتارلىق سايمانلار بولىدۇ .

.3نانغا كىرەكلىك خۇرۇچلار ، نان يېقىش جەريانى

ناننىڭ تۈرىگە قاراپ كىرەكلىك خۇرۇچلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ، ئادەتتىكى نانلارغا ئۇن ، سۇ ، تۇز ، پىياز ، كۇنجۇت ، سىيادان بولسىلا كۇپايە. سۈت نان ، ماي نان ، شېكەر نان ۋە توغاچ نانلار ئۈچۈن يەنە سۈت ، تۇخۇم ، چۈچۈتىلگەن ياغ ، شېكەر بولمىسا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ مىقدارى ياقماقچى بولغان ناننىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ تەڭشىلىدۇ .

خېمىر تەگنىدە يۇغۇرۇلۇپ بولدۇرۇلغاندىن كېيىن ، پەشخۇنغا ئېلىنىپ بوش- چىڭلىقى تەكشۈرۈلىدۇ ، بوش بولسا ، ئۇن سېپىلىپ يەنە ئىشلىنىدۇ ۋە كېسىپ جىگلىنىدۇ ، ئاندىن پىلتە قىلىنىپ ، بىر نانلىقتىن ئۈزۈپ چوڭ- كىچىكلىكى تەڭشىلىدۇ. نىمكارلار ئۈزۈلگەن خېمىرنى زۇۋۇلا تاۋلاپ ئىككىدىن جۈپلەپ قويىدۇ ، يەنە بىر ئۇستا زۇۋۇلنى ئېچىپ

يۇزىگە چەككۈچ چېكىپ تونۇر بېشىدىكى ناۋايىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدۇ. ناۋاي ئېچىلغان زۇۋۇلنى يەنىمۇ چوڭايتىپ يۇزىگە چانالغان پىياز ۋە كۈنجۈت ، سىيادانلارنى سېپىپ گەزنە بىلەن تونۇرغا ياقى دۇ. چوڭ نانلار ئۇدۇللۇق يېقىپ ئۇدۇللۇق قومۇرۇلىدۇ .

گىردىنىڭ يېقىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ ، ئۇنىڭ خېمىرى چىڭ يۇغۇرىلىدۇ .        ئىلگىرى گىردە خېمىرى سوقا بىلەن چىڭىتىلاتتى. تونۇر قىزىتىلغاندىن كېيىن داپخۇن ھىم ئېتىلىپ ، تونۇرغا تۇز سېپىلىدۇ. نانكەل بىلەن يەلپۈپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن ، ئىككى ناۋاي ئۇستام بىر قولىغا تۆت گىردىنى ئېلىپ ، بىر قولىدا تونۇرنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇپ ، نۆۋەت بىلەن تونۇرغا بېشىنى تىقىپ ناھايىتى تېزلىكتە ياقىدۇ ، بۇ ناۋايلىق كەسپىدە نان باغلاش دېيىلىدۇنان يېقىپ بولۇنغاندىن كېيىن نان يۇزىگە ئىلمان سۇ ئۇرۇلۇپ تونۇرنىڭ ئاغزى ئون مىنۇت ئەتراپىدا يېپىپ قويۇلىدۇ ، بۇ نان خۇيلاش دېيىلىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىدۇ ، بۇ خۇينى ئېچىش دېيىلىدۇ . داپخۇنمۇ ئېچىلىپ نانكەل بىلەن ئوت يەلپۈنۈپ نان قىزارتىلىدۇ ، نان پىشقاندىن كېيىن زىج بىلەن قومۇرۇلۇپ تەۋەك ئۈ  ستىگە قويۇلىدۇ. نان باغلاش ئەڭ ئۇستا ناۋايغا نىسىپ بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن نىمكار قوبۇل قىلغاندا ، ئالدى بىلەن نان باغلاشنى بىلەمسەن دەپ سورىلىدۇ. شاگىرت نان باغلاشنى بىلگەندە ئاندىن دۇكان ئايرىپ چىقالايدۇ .

ئىلگىرى قەشقەر شەھىرىدىكى ناۋايخانىلاردا ئاساسەن گىردە ، ئاقنان ، گىرۋەكلىك ئاقنان ، چوڭ نان ، شىرمان نان ، ھەرخىل توقاچ ، خۇيلىما نان ، قاتلىما ، گۆشنانلار يېقىلاتتى. يەنە ئابرويلۇق كىشىلەر ئارىسىدا توي-مەرىكىلەرگە ئاتاپ ياقتۇرىدىغان ، «توققۇز نان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل نان بار ئىدى ، ئۇنىڭ خېمىرىغا قوي يېغى ، تۇخۇم قويۇپ چىڭ يۇغىرىلاتتى ، يۇزى چوڭ ئېچىلىپ ، چوڭ گىرۋەك چىقىرىلىپ ، يۇزىگە نانچىگدە شەربىتىگە ئارلاشتۇرۇلغان كۈنجۈت ، سىيادان  ، پىياز سۈرتۈلۈپ ئايرىم تونۇرغا يېقىلاتتى. بۇ خىل نان كۆركەم بولۇپ خۇنتوقاچ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تارىختىن قېلىپ قالغان ئەنئەنە ئىدى . قەشقەرنىڭ يېزا بازارلىرىدا باردى- كەلدى ئىشلىرىغا يەتتىدىن تىزىپ ئېلىپ بارىدىغان ، چوڭ ئېچىپ يېقىلىدىغان پەرداز نان بار .

نانىنىڭ تۈرلىرى جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ ، يەنى ھەممە يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئاتالغان نان تۈرلىرى بار ، بۇنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

ئەنئەنۋى هارۋىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ رولى

توختى داۋۇت

)خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن(

هارۋا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قاتناش قورالى .شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ ، يۇرت-يۇرتلارنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن بولغاچقا ، هارۋا ئەينى ۋاقىتتا مەيلى تۇرلۇك ئەشيالارنى يۆتكەشتە بولسۇن ، مەيلى كىشلەرنىڭ ئۆزئارا تۇغقان يوقلاش ئىشلىرىدا بولسۇن ناهايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

ئەنئەنۋى هارۋا تۇزۇلۇشى جەھەتتە تۆۋەندىكى سۈرەتتە كۆرستىلگەندەك ياغاچتىن ياسىلىدىغان ، چاق ، ئو ق ۋە شوتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان ، ئات-ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان بىر خىل ئەنئەنۋى قاتناش قورالى ۋە ئىشلەپچىقىرش قورالى.ئۇ ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە.

ماتېرىياللاردا خاتىرلىنىشىچە ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ناهايىتى زور قوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدا ئىستىلا قىلغان ئەللەردىن قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلارنى ئۆز دۆلىتى ماكېدونىيىگە ئېلىپ كېتىشتە بېشى قاتقان.بۇ چاغدا مۇلازىملار ئىچىدىن ئابرۇيلۇق بىر مۇنەججىم كىشى شاهقا مەسلىھەت بېرىپ ،

ياغاچتىن مۇشۇنداق بىر نەرسىنى ياسايلى ، جانىسىزلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە باسايلى ، جانلىقلارغا ئۇنى سۆرىتىپ ئېلىپ كېتەيلى دەپ مەسلىھەت بەرگەن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۇ كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ، هارۋا ياساشقا پەرمان قىلغان.①

«ئوغۇزنامە» داستانىدا هارۋا توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار: «ئوغۇز خاقان كۆك تۇكلۇك ، كۆك يايلىق ئەركەك بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جۇرجىت خاقانىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى ، جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى ، ئۇرۇشتا جۇرجىت خاقانىنى يەڭدى ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كەستى ، جۇرجىتنىڭ خەلقىنى ئۆزىگە قاراتتى . ئۇرۇشتىن كېيىن ئولجا ئېلىنغان بايلىقلارنى ئېلىپ كېتىشكە ئات- ئۇلاغ ، ئۇي-قېچىرلار ئازلىق قىلدى . ئوغۇزخاقاننىڭ قوشۇنىدا ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىللىگ ئىدى . بۇ كىشى بىر ئېگىز هارۋا ياسىدى . هارۋا ئۈستىگە ئولجىلارنى باستى ، ئۇنىڭ ئالدىغا جانلىق ئولجىلارنى قاتتى ۋە سۆرىتىپ ئېلىپ ماڭدى . هارۋا ماڭغاندا قانغا- قانغا دەپ ئاۋاز چىقاردى. ئوغۇز خاقان كۈلدى ۋە هارۋا ياسىغان كىشىگە قاراپ ئۇنىڭغا قانغا دەپ ئات قويدى.②»

ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ، كۇچا ، باي قاتارلىق جايلاردا ئات قوشۇلغان هارۋىنىڭ قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىياتاش رەسىملىرى بار.

هارۋا بېشى ئادەتتە بىر قەدەر قاتتىق دەپ قارالغان ھەم ياخشى قۇرۇتۇلغان توغراق ، ئاكاتسىيە ، قارىياغاچ ، سۆگەت ، ئۈجمە ۋە جىگدە ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ . ئالدى بىلەن هارۋىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قاراپ چوڭ- كىچىكلىكى ۋە ئۇزۇن- قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان هارۋا بېشى ياساپ چىقىلىدۇ . هارۋا بېشىنىڭ ئىچكى قىسمى مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلۇپ ، ئويۇلغان باشنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە كەڭلىكى بەش سانتىمېتىردىن 10 سانتىمېتىرغىچە ، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا چەمبەر شەكىللىك چويۈن قازان ئورنىتىلىدۇ . باشنىڭ مەركىزى قىسمىدىن ئايلاندۇرۇپ چوڭقۇرلۇقى تۆت سانتىمېتىردىن ئالتە سانتىمېتىرغىچە ، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىردىن تۆت سانتىمېتىرغىچە ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە سانتىمېتىردىن 10 سانتىمېتىرغىچە تۆشۈك تېشىلىپ ، بۇ جايغا 80 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا چاسلانغان 18 تال شادا قېقىلىدۇ . هۆل سۆگەت بادرىسىنى قوقاس ئوتقا كۆمۈپ ئېگىپ يېرىم چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈپ ياسالغان ئىككى تال تۇغام هارۋا بېشىدىكى 18 تال شادىغا ئۇدۇل قىلىپ قېقىلىپ بىرپۈتۈن چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، هارۋا چاقى ياسىلىدۇ . ئىككى تۇغامنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان قىسمىنى ئوخشاش

ئۈزۈنلۈقتىكى ئىككى تال شادا ، چۈلۈك ئىككى تەرىپىدىن مەھكەم قىسىپ تۇرىدۇ ، بۇ ئادەتتە قىسماق دەپ ئاتىلىدۇ .
قىسماق يەنە هارۋا چاقىنىڭ كالاك كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر هارۋا بېشىنىڭ يېرىلىپ
كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، باشىنىڭ ئىككى تەرىپى تۆمۈر چەمبەر بىلەن چەمبەرلىنىدۇ.
هارۋا ئوقى ئادەتتە ياخشى قۇرۇتۇلغان سۆگەت ياغىچىدىن مۇۋاپىق چوڭلۇقتا تەخمىنەن ئىككى يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا
ياسىلىدۇ .ئوقنىڭ ئىككى ئۇچى هارۋا بېشىنىڭ ئۆزۈن- قىسقىلىقى ۋە چوڭ- كىچىكلىكىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ
كىچىكلىتىلگەندىن كېيىن ، ئىچ- تاش قازىنىغا ئۇدۇل قىلىپ ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىردىن 10 سانتىمېتىرغىچە ،
كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئويۇپ چىقىلىدۇ ، ئويۇپ چىقىلغان بۇ جايغا ئوخشاش ئۇزۇنلۇق
ۋە كەڭلىكتە ھەر بىر ئوق بېشىنىڭ ئىچكى-تاشقى قىسمىغا بەش تالدىن ئالتە تالغىچە چويۈن زىخچە ئورنىتىلىدۇ ، بۇ
هازىرقى زامان ئاپتوموبىللىرىنىڭ چاقىدىكى شارىكىنىڭ رولىنى ئويناپ ، بىرىنچىدىن ، هارۋا بېشى بىلەن ئوقنىڭ ئۆزئارا
سۈركىلىپ زەخىملىنىشى ۋە هارۋا ئوقىنىڭ ئاسان سۇنۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا ، ئىككىنچىدىن ، چاقنىڭ تېز
ئايلىنىشىغا ياردەم بېرىپ ، ئات-ئۇلاغلارنىڭ كۈچىنىڭ خوراپ كەتمەسلىكىگە ياردىمى بولىدۇ.
هارۋا شوتىسى ئادەتتە ياخشى قۇرۇتۇلغان سۆگەت ياغىچىدىن ئىككى يېرىم مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا ، بىر
يېرىم مېتىر كەڭلىكتە ياسىلىدۇ. ئۇ جىڭتو ، ياۋەن ، چوقا ، لەڭگاگزا ، چېتىق ، ئاستى تاختاي ، بالداق ، چوتكا ، جاۋەن
قۇلاق ، قۇشقۇن قۇلاق ۋە سۆك (تىرەك ) قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ ، ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ رولى
ئوخشاش بولمايدۇ. شوتىنىڭ ئاستىنىڭ ھەر بىر تەرىپىگە ئىككى تالدىن 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئورنىتىلغان تۆت تال
ياغاچ چوتكا ئوقنىڭ ئىككى تەرىپىدىن مەھكەم قىسىپ چاق ئارقىلىق ئوقنى ، ئوق ئارقىلىق شوتىنى بىر
گەۋدىلەشتۈرۈپ ، مۇكەممەل هارۋىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شوتىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورنىتىلغان جاۋەن قۇلاق ئات-ئۇلاغ
بىلەن هارۋىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىسا ، قۇشقۇن قۇلاق ئات-ئۇلاغنىڭ سۆڭگىچىدىكى قۇشقۇن ئارقىلىق
هارۋا داۋاندىن چۈشكەندە هارۋىنى تورمۇزلاش رولىنى ئوينايدۇ . شوتىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتىلغان 40 سانتىمېتىر
ئېگىزلىكتىكى لەڭگاگزا يۈك ۋە ئادەملەرنىڭ هارۋىدىن چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا ، شوتىنىڭ ياۋەن قىسمىنىڭ
يېنىغا ئورنىتىلغان بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوقا هارۋا داۋانغا چىققاندا ۋە چۈشكەندە ئادەم ۋە يۈكلەرنىڭ سىيرىلىپ
چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ، ئۇنىڭغا يەنە قامچا ۋە نان- توقاچ خالتىلىرىنى ئېسىپ قويۇشقا بولىدۇ . هارۋىنىڭ

ئاستىغا ئورنىتىلغان ئۈچ بۇلۇك شەكىللىك سۇك (تىرەك) ھارۋا مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئات- ئۇلاغنى ھارۋىدىن چىقارغاندىن كېيىن ھارۋىنى تىرەپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ . ھارۋىدا يەنە يۇپۇك قاپاق دەپ ئاتىلىدىغان ماي قاپىقى بولۇپ، قاپاقتىكى ماي ئوقنىڭ باش قىسمىدىكى قازاننى مايلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ھارۋا چاقى غىچىلدىمايدۇ ھەمدە تېز ۋە سىلىق ئايلىنىدۇ . ھارۋىدا يەنە پاختا يىپ ياكى يۇڭدىن توقۇلغان ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئىككى مېتىر كەڭلىكتە ئوقۇرپالاز بولىدۇ. بۇ سەپەر جەريانىدا ھارۋا مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىككى ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىپ، ئات-ئۇلاغلارغا ئوت-سامان، بوغۇز بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ ماقالىدە تونۇشتۇرۇلغان ئەنئەنىۋى ياغاچ ھارۋىنى سۆرەيدىغان ئۇلاغنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئات ھارۋىسى، كالا ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ . ئىشلىتىلىش رولىغا ئاساسەن يەنە كۆتەك ھارۋا، يارىيار ھارۋا، كىچىك ھارۋا، چىگىن ھارۋا، موللاقچى ھارۋا قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1.كۆتەك ھارۋا بۇ ھارۋا يىراققا سەپەر قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۈچتىن بەشكىچە ئات قوشۇلىدۇ . بۇ خىل ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ تۇغام يەنى تاپان قىسمىغا كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى يالپاق تۆمۈر ۋە قالپاقلىق تۆمۈر مىخ قېقىلىدۇ.شۇنداق قىلغاندا ھارۋا شېغىل،تاشلىق ناچار يوللاردا ماڭغان تەقدىردىمۇ چاقى ئاسانلىقچە ئۇپراپ كەتمەيدۇ. شوتىغا قوشۇلغان ئىچ ئاتنىڭ يوگەن، بوغا (جىگبو)، دۇمبىلىك (ئېگەر) قاتارلىق جابدۇقلىرى قىزىل ۋە يېشىل رەڭدە بويالغان يوڭ پۆپۈكلەر ئارقىلىق چىرايلىق بېزىلىدۇ . بۇنداق ھارۋىلارغا يېرىم توننا يۈك بېسىشقا ياكى يولۇچى توشۇشقا بولىدۇ .

2.يارىيار ھارۋا بۇ ھارۋىغا يالغۇز ئات قوشۇلىدۇ، ئاتنىڭ يۈگەن، بوغا، دۇمبىلىك قاتارلىق جابدۇقلىرى چىرايلىق قىلىپ بېزىلىدۇ. بۇ ئوتتۇراھال ھارۋا بولۇپ، بۇ خىل ھارۋىغا 200 ~300 كىلوگرام يۈك بېسىشقا ياكى يولۇچى توشۇشقا بولىدۇ.

3.كىچىك ھارۋا بۇ خىل ھارۋىغا ئېشەك ياكى ئۆكۈز قوشۇلىدۇ، ھارۋىغا قوشۇلغان ئۆكۈزنىڭ بويىنىغا قاتتىقراق دەرەخ يىلتىزى ياكى ئەگرى شاختىن > شەكلىدە ياسالغان لەڭگۈك سېلىنىدۇ. بۇ خىل ھارۋىغا 200 كىلوگرام يۈك بېسىشقا ۋە ئېتىز-ئېرىق، ئۆي ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ . ئىلگىرى بەزى جايلاردىكى كىشىلەر سەپەرگە چىققاندا كىچىك ھارۋىنىڭ ئىككى يان تەرىپى ۋە ئۈستى تەرىپىگە ياغاچتىن جازا ئورنىتىپ ئۈستىنى كىگىز ياكى پالاس بىلەن يېپىپ مەپە

ئورندا ئىشلەتكەن ، بۇنداق بولغاندا ھەم كۈچلۈك قۇياش نۇرىدىن ساقلانغىلى ھەم بوران‌چاپقۇن ۋە قاريامغۇرلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

.4چىگىن بۇنىڭ شەكلى ھارۋا شوتىسى ياكى چانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ ، ياسىلىشى ئاددىي ، چاقسىز ، كالىغا سۆرىتىلىدۇ ، ئىشلىتىشكە قۇلايلىق ، ئۇنى ياساشقا كۆپ ماتېرىيال كەتمەيدۇ ، ئېدىرلىق ، توقايلىق ۋە چاتقاللىقلاردا ، ئەگرى-بۈگرى چىغىر يوللاردا ئوتۇن-سامان ، شاخ-شۇمبا توشۇشقا ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ . چىگىننى كۆپىنچە ھارۋا ياساشقا ياكى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان نامرات دېھقانلار ئىشلىتىدۇ.

.5موللاقچى ھارۋا بۇ ھارۋىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي ، چاقى ۋە ئوقى ئادەتتىكى يارىيار ھارۋىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ، ئوخشىمايدىغان يېرى شوتىسىنىڭ ئۈستىگە تاختايدىن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر ، ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۈستى ۋە كەينى تەرىپى ئوچۇق ساندۇق ياسالغان . موللاقچى ھارۋا ئېتىزغا توپا ، قىغ توشۇشقا ۋە يەر تۈزلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.ساندۇققا توپا ياكى قىغ ئۇسسۇلغاندىن كېيىن ئېتىزغا ئاپىرىپ ساندۇقنىڭ ئىلغۇچىنى بوشىتىپ باش تەرىپىنى ئازراق كۆتۈرسىلا توپا ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلىدۇ. بۇ جەھەتتە موللاقچى ھارۋىنىڭ رولى ئەخلەت توشۇيدىغان موللاقچى ئاپتوموبىلنىڭ رولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز سەپەرگە ، كىراغا ياكى يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ۋە ئوتتۇراھال ھارۋىلارنىڭ ئىككى يان ۋە ئۈستى تەرەپلىرىگە ياغاچتىن جازا ئورنىتىپ ، بورا ياكى كىگىز- پالاس بىلەن يېپىپ ، سوغۇقتىن ، ئاپتاپتىن ، قار-يامغۇردىن ۋە بوران- چاپقۇندىن ساقلىنىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانغان . يەنە ھارۋىغا قوشۇلغان ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇرىگە قاراپ ، ھارۋا جابدۇقلىرىنى ۋە ئات- ئۇلاغلارنى جابدۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . مەسىلەن : ئات- ئېشەكلەرنىڭ بوينىغا سىلىش ئۈچۈن جاۋەننىڭ ئالدىغا ئىچى يۇمشاق ، تېشى قاتتىق قىلىپ ياسالغان جىگبو(بويۇنچاق )ئىشلەتكەن ؛ ھارۋىغا قوشۇلغان كالىنىڭ بوينىغا سىلىش ئۈچۈن دەرەخ يىلتىزى ياكى دەرەخنىڭ ئەگرى شېخىدىن ياسالغان «<» شەكىللىك لەڭگۈك ئىشلەتكەن ؛ شوتىغا قوشۇلغان ئىچ ئاتنىڭ يۈگەن ، جىگبو ، ئېگەر ۋە لەنداۋ قاتارلىق جابدۇقلىرىنى ھەرخىل رەڭلەردە بويالغان يۈك پۆپۈكلەر بىلەن چىرايلىق قىلىپ بېزىگەن ؛ ئىچ ئاتنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كىچىكرەك ياڭاقچىلىك كېلىدىغان ، ئىچىگە قوناقچىلىك تۆمۈر شارىك سېلىنغان ، قېلىنراق سېرىق مىستىن ياسالغان بىر جۈپ چۇلدۇرۇك ئاۋازلىق قوڭغۇراق ئاسقان ؛ ئاتنىڭ كاناي قىسمىغا نېپىزرەك تۆمۈردىن

ئاستى ئوچۇق قېلىپ ياسالغان ، زەنجىر ئارقىلىق تۆمۈر تىل بېكىتىلگەن ، غاز تۇخۇمى چوڭلۇقتا بىر دانە كىلدىرىك ئاۋازلىق قوڭغۇراق ئاسقان ؛ ئاتنىڭ سۆڭگىچىگە يەنى لەندانىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئالمىچىلىك كېلىدىغان ، ئىچىگە دادۇرچىلىك تۆمۈر شارىك سېلىنغان ، قېلىنراق سېرىق مىستىن ياسالغان غورۇ- غورۇڭ ئاۋازلىق قوڭغۇراق (گودوڭ ) ئاسقان (قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى قوڭغۇراق ئاستىدىكى يېرىقچىدىن چىقىدۇ)؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئۇزۇن سەپەرگە قاتنايدىغان چوڭ هارۋا شوتىسىنىڭ ئاستىغا يالپاق تۆمۈردىن ئاستى ئوچۇق قېلىپ ياسالغان ، زەنجىر ئارقىلىق تۆمۈردىن تىل بېكىتىلگەن ، كىچىكرەك چېلەكچىلىك كېلىدىغان بوم ئاۋازلىق بىر دانە قوڭغۇراق ئاسقان(بۇ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ). هارۋا جابدۇقلىرىغا ئىشلىتىلگەن بۇ قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى ئاتنىڭ قەدەم رېتىمىگە ماسلىشىپ مۇڭلۇق هەم يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇلار هارۋا كارۋانلىرىنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە ، سەپەرداشلارغا ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ ، ئۇلارنىڭ سەپەر جەريانىدىكى زېرىكىشلىك يول ئازابىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىشتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى نامايان قىلغان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى چوڭ ۋە ئوتتۇراھال هارۋىلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئەمەلدارلار ۋە باي- تۆرىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ ، ئۇلار هارۋىلىرىنى مەدىكار هارۋىكەشلەرگە هەيدىتىپ كىراكەشلىك قىلغان . ئازادلىقتىن كېيىن يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە بۇ خىل هارۋىلار ئومۇميۈزلۈك كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى . 1960-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يېزىلاردا ئۈچتىن بەشكىچە ئات قوشۇلىدىغان تۆمۈر ئوقلۇق ، تۆمۈر قاسقانلىق ، رېزىنكە چاقلىق پىگلو هارۋىلار ئىشلىتىلدى .هازىر يېزىلاردا ئاپتوموبىل ۋە تراكتور سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان دېھقانلار يەنىلا تۆمۈر ئوقلۇق ، تۆمۈر قاسقانلىق ، رېزىنكە چاقلىق ، يالغۇز ئات ياكى يالغۇز ئېشەك قوشۇلىدىغان كىچىك هارۋىلارنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980-يىلى 11-ئاي ، بېيجىڭ 1-نەشرى ، 55~56-بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

ئەنئەنلىرىمىز سۆسلىشىپ قالمىسۇن

بەگزادە

يېقىندا بىر سۈننەت توي مەرىكىسىگە قاتناشتىم . مەن ئولتۇرغان شىرەدىكى مېھمانلار بىر- بىرى بىلەن ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيدىغانلار ئىكەن . سۈننەت توي بولغاچقا ، باللارمۇ خېلى كۆپ ئىدى ، تاماق تارتىلغاندىن كېيىن ، يېنىمىزدا ئولتۇرغان بىرەيلەننىڭ بالىسى كېلىپ تاماق يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ، سورۇندا ئولتۇرغان بىرەيلەن ھېلىقى بالىغا ئامراقلىق قىلىپ : «بالام ، ماۋۇ قورۇما بەك ئوخشاپتۇ ، كېلە ، ساڭا ئازراق ئېلىپ بېرەي » دەپ ، ئۇنىڭ تەخسىسىگە ئازراق قورۇما سېلىپ بەردى.تاماق بىرەر قۇر يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ھېلىقى مېھمان بىزگە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، مۇشۇنداق توي مەرىكىلىرىنىڭ بىرىدە ، بىزگە ئوخشاش ناتونۇشلار بىللە ئولتۇرغان بىر شىرەدە بىرەيلەن يېنىدىكى بىرىنىڭ بالىسىغا ئامراقلىق قىلىپ: «بالام ، ماۋۇنى يەمسەن» دەپ شىرەدىكى يېمەكلىكتىن بىرنى بالىغا تەڭلىگەن ئىكەن . بالىنىڭ دادىسى شۇ يەردىلا تېرىكىپ : «كىم سېنىڭ بالاڭكەن ، بالاڭنى تېپىپ بالام-دە» دەپ ۋارقىراپ- جارقىراپ كېتىپتۇ . سورۇندىكىلەر ئارىغا چۈشۈپ ھېلىقى تەتۈر ئاداشقا ھاي بېرىپتۇ ھەمدە «تۇۋا ، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ؟» دەپ ياقىسىنى چىشلەپ قاپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ بىزمۇ ھەيران قالدۇق . بىزدە ئوتتۇرىدا ئۇرۇق- تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ ، لېكىن قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلەش ، ئىززەتلەش يۈزىسىدىن ، بالىسى دېمەتلىك باللارنى قىزىم ، ئوغلۇم دەپ ئاتايدىغان ، ئاتا-ئانىسى دېمەتلىك چوڭلارنى دادا ، ئانا دەپ ئاتايدىغان ، ئاكا- ئاچىسى دېمەتلىكلەرنى ئاكا ، ئاچا دەپ ئاتايدىغان ، ئۇكىسى- سىڭلىسى دېمەتلىكلەرنى ئۇكام ، سىڭلىم دەپ ئاتايدىغان ... ئادەت بار . بۇ خىل ئاتاش ھەرقانداق ئادەمگە يېقىنلىق

تۆيغۇسى ئاتا قىلىپ ، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقىنى قىسقارتىدۇ ، ياتسىراشنى ئازايتىپ ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بىر- بىرىنىڭ ئىسمى- شەرىپىنى بىلمەيدىغان ناتونۇشلارنىڭ بىر- بىرىنى ئەنە شۇنداق ئاتىشى ئەلۋەتتە «هەي ئادەم» ، «هەي بالا» دېگەنگە قارىغاندا قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

براۋنىڭ ئۆزىدىن چوڭ بىرەيلەننى «دادا» دەپ قويۇشى ياكى بىرەر چوڭ ئادەمنىڭ بالىسى دېمەتلىك بىرەر بالىنى «بالام» دەپ قويۇشى بىلەن ئىككىسىنىڭ دادا- بالىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

هازىر ئائىلە ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەربىيىسىدە ئەنئەنە تەربىيىسىگە دېگەندەك ئەهمىيەت بېرىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ، بەزى ئەدەپ- ئەخلاق ئەنئەنىلىرىمىز سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ .يۇقىرىقى ئىشنى بۇنىڭ تىپىك مىسال دېيىشكە بولىدۇ .مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.شۇڭا هەممەيلەن ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىش ، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ۋە پەرزەنتلەرگە يەتكۈزۈش ، ئۇلارغا ئۆگىتىشنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى ، ئەنئەنىنىڭ مىللەتنىڭ مە ۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇهىم رولىنى تونۇپ يېتىپ ، ئېسىل مىللىي ئەنئەنىدىن چەتنەپ كېتىشنىڭ ۋە ئۇنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالايلى .

"يەتتە ئاتىسىنى بىلمىگەن ـقۇل "

سەلىمە كامال

" شىنجاڭ گېزىتى"ئىدارىسىدىن

" بىزدە يەتتە ئاتىسىنى بىلمىگەن - قۇل "دېگەن ھېكمەت بار . بۇ ھېكمەتنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى "يەتتە ئەجدادىنى بىلمىگەن -ئۇي.»بۇ ھېكمەتنىڭ ئۆزىدىنلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ "نەسەبىنى ، تېگى - تەكتىنى ، جەمەت يىلتىزىنى بىلىش بىر ئادەمنىڭ ، بىر ئۇرۇق - جەمەتنىڭ ، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى تونۇش ىدا ئەھمىيەتلىك بەلگە . شۇڭا فامىلە قوللىنىش زۆرۈر«دەپ قارىغانلىقىمغا يەنە ئىسپات ھاجەتسىز .زامانداشلىرىم بەلكىم فامىلە مەسىلىسىنى بۇ ھېكمەتتىن باشلاپ قاتتىق تەلەپۇزدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمدىن بىئاراملىق ھېس قىلىشى ياكى "ئاشۇرۇۋەتكەنلىك «دەپ قارىشى مۇمكىن . بىراق ، مەن زامانداشلىرىمنىڭ سەمىگە شۇنى سالماقچىمەنكى ، بىز يېزىق مەسىلىسىدە كۆپ قېتىم زىيان تارتتۇق ، فامىلە بىر مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى ئىدى . ئاتىلىرىمىزنىڭ بىپەرۋالىقىدىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇر- پالۋانلىرىمىزنىڭ نامىنى ، يەر - جاي نا ملىرىنى ، ئۇرۇق - جەمەت لەقەملىرىنى ئۇلۇغلاپ ئىشلەتكەن فامىلىلىرىنى تاشلىۋەتتۇق . بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى ، خەلقىمىز پۈتۈنلەي فامىلىلىسىزمۇ قالمىدى .ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلىرىمىز جەمەت فامىلىسىنى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ لەلدى.چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىمىز شۇ دۆلەتلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىزچىل فامىلە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.نەتىجىدە بىز ھازىر دۇنيادىكى فامىلىسىز قالغان ناھايىتى ئاز ساندىكى مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ قالدۇق. فامىلىسىزلىك بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇبارەك ناملا ئەمەس ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى ، باتۇرلۇقلىرى ، تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇردى . ئوقۇش ، تۇغقان يوقلاش ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەللەرگە چىققانلىرىمىز "فامىلىڭىز "دېگەن كاتەكچىگە دادىمىزنىڭ نامىنى ، "ئىسمىڭىز «دېگەن كاتەكچىگە يەنە ئۆز ئىسمىمىز بىلەن دا دىمىزنىڭ ئىسمىنى تەكرار يېزىپ ئۆز ئۆزىمىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىۋالدۇق ، نۇرغۇن ئۇقۇشماسلىقلارنى پەيدا قىلدۇق .بۇنىڭغا ئىزاھ بېرىشكە ، ئاخىرىدا يەنىلا فامىلىسىز مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىزاغا قالدۇق . ئەمما ، ئەمەل قىلالمىغان بولساقمۇ "يەتتە ئاتىسىنى بىلمىگەن قۇل "دېگەن ھېكمەتنى خۇداغا شۈكرى ، 21 - ئەسىرگىچە ئۇنتۇماي يادلاپ كەلدۇق .

بىز كۆپ بولسا دادىمىز ۋە بوۋىمىزنىڭ نامىنى بىلگەندىن باشقا ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيمىز ، ئۇلارنىڭ مىجەز -

خۇلقى ، خاراكتېرى ، ياشاش ئۇ سۇلى ، ماكان - زامانلىرى ۋە يىلتىزى ، نەسلى - نەسەبى ھەققىدە ھېچنىمە بىلمەيمىز . شۇڭا بىزگە قاملىسىزلىكنىڭ نەقەدەر ئاچچىق ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي مۇمكىن ئەمەس . زادى يەتتە ئاتىمىزنى تاپالامدۇق ؟ مېنىڭچە بۇنىڭ ھېچقانچە تەس يېرى يوق .بوۋىمىزدىن ئۆزىمىزگىچە ئۈچ ئەۋلاد ، ئۇنىڭغا بالىمىزنى ئۇلىساق تۆت ئەۋلاد بولىدۇ ئەمەسمۇ .

مەن دادام قۇلۇقۇمغا قۇيۇپ قالدۇرغان "يەتتە ئاتىسىنى بىلمىگەن - قۇل "دېگەن بۇ ھېكمەتنى ئۆمرۈم بويى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. بالىلىرىمغا ، دوستلىرىمغا ئېيتتىم ، مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈردۈم. ھەر قېتىم مۇشۇ ھېكمەت يادىمغا يەتكەندە ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىدۇ . ئائىلىمىز قاملە ئىشلەتكىلى ئۆزۈن بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئومۇمي مىللەتنىڭ قاملىسىزلىكى كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ. خەيرىيەت ، ئاخىرى بىزدە بۇ خاسىيەتلىك ئىش ئۈچۈن تەتقىقاتلار ، ئى زدىنىشلەر باشلاندى . قاملە تارىخىمىز ، ئۇنىڭدىن نە تەرىقىدە ۋاز كەچكەنلىكىمىز ، تارتقان زىيانلىرىمىز ھەققىدە "شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى « ، "شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى « ، "شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى « ، "مىراس "ژۇرنىلى قاتارلىق ژۇرناللاردا يېتەرلىكپاكى تلار سۆزلەنگەن قىممەتلىك ماقالىلەر بېسىلدى . بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشى كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈردى . مەنمۇ ئاشۇ ئاپتورلارغا ئاۋاز قوشۇپ ، ئۆز جەمەتىمنىڭ قاملە قوللىنىش تارىخى ، سەۋ ەبى ، قاملىنىڭ جەمەتىمىز تارىخىدا ئوينىغان رولى ھەققىدە سۆزلەش ئارقىلىق قاملە قوللىنىشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكى ۋە تەخىرسىزلىكى ھەققىدە ئۆچۈر بەرمەكچىمەن .

مەكتەپ يېشىغا توشقان چېغىمدا دادام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ مەكتەپكە تىزىملىتىشقا ئاپاردى - :قىزىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ؟-سەلىمە-ئۆزىڭىزنىڭچۇ ؟-ئابدۇلھەق-قاملەڭلار ؟-كامال چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ، ياۋروپاچە كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقىغان تۇرغۇن ئەپەندى مېنىڭ ئىسىم - قاملەمنى :سەلىمە . ئا . كامال ، دەپ يازدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەن "سەلىمە . ئا. كامال"بولدۇم. ئەينى چاغدا كامال دېگەن كىم ؟ مەن نېمىشقا سەلىمە ئابدۇلھەق بولماي ، سەلىمە . ئا . كامال بولىمەن ، دېگەندەك ئىشلارنى ئويلىمىغانىكەنمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى چاغلاردا ئىسىم - قاملەمنى تولۇق بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دادامنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بولغان "ئا"نى تاشلىۋەتكىنىمگە بەكمۇ ئېچىنىمەن . ھازىر ئويلىسام بۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر باشباشتاقلىق بولغانىكەن .

تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلىرىم بولسا كېرەك . دادام جىگەر رەڭ مۇقاۋىلىق بىر كونا

دەپتەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ھەدە - سىڭىللىرىمنى يىغدى - :سىلەرگە جەمەتىمىزنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇمات

بېرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى .بۇ دەپتەرنىڭ بىرىنچى بېتىدە دادام ئابدۇۋەلى كامال ھەزرەتلىرى بۇخارادا يەتتە يىل

ئىلىم تەھسىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندە يېزىپ قويغان "يەتتە ئاتىسىنى بىلمىگەن - قۇل "دېگەن بىر جۈملە سۆز بار .

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئائىلە ئۇرۇق - جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىپ قالدۇرۇپ ، ئەۋلادلارغا ئۆز يىلتىزىنى بىلدۈرۈشنى شۇ

تەرىقىدە جىددىي مەسىلە دەپ قارىغان.جەمەت نەسەبنامىمىز ئابدۇكېرىم بەگ بوۋىمىزدىن باشلىنىدۇ.ئابدۇكېرىم بەگ

بوۋىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىدا ئوردا مەسلىھەتچىسى بولغان.ئابدۇكېرىم بەگنىڭ ئوغلى ئىليار موللا تۇردىنىڭ نامى

ھېلىھەم خەلقنىڭ قەلبىدىن ئۆچكىنى يوق .ئۇ چاپتۇرغان بىر ئۆستەڭ ھازىرمۇ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ گۆكرەتمە يېزىسى

ھېزىبۇەكتام مەھەللىسىدە ھېلىمۇ "ئىليانىڭ ئېرىقى "دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.ئىليار موللا تۇردى قورغاس مازاردا دىنىي

مەكتەپ ئاچقان.ئىليار موللا تۇردىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ، ئىسمائىلنىڭ ئوغلى ئىسراپىل ،

ئىسراپىلنىڭ ئوغلى كامالدىن ھاجى ، كامالدىن ھاجىنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇلئەزىز ، ئابدۇۋ ەلى ، ئابدۇمۇتائالىلاردۇر .

"كامال"دېگەن فامىلە مۇشۇ ئۈچ ئوغۇلدىن باشلاپ رەسمى مۇقىم فامىلە قىلىنغان . دادام بىزنىڭ:نېمە ئۈچۈن چوڭ

بوۋىلىرىمىز ئوردا مەسلىھەتچىسى ئابدۇكېرىم بەگنىڭ ياكى ئۆز زامانىسىدا ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ ، ئەلگە ياخشى ئىش

قىلىپ بەرگەن ئىليار موللا تۇردىنىڭ نامىنى فامىلە قىلىپ تاللىمايدۇ؟دېگەن سۇئالىمىزغا مۇنداق دەپ جاۋاپ

بەرگەنىدى:20-ياشلىق كامالدىن ھاجى بوۋىمىز 1860 -يىللاردا سادىر قوزغىلىڭىنىڭ سەركىلىرىدىن بىرى بولۇپ ،

لەخمە كولاشنى پىلانلاشقا قاتناشقان ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ لەخمە كولىغان كىشى بول ۇپ ، كامالەك (كامالەك -

ئىككى يايلىق ، ئوقيا شەكىللىك قورال بولۇپ ، ئىككى يايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھايۋانات تېرىسىدىن تىكىلگەن پىششىق

خالتا ئورنىتىلىدىكەن.خالتىغا تاش قاچىلىنىپ ، ياي قاتتىق تارتىپ قويىۋېتىلگەندە كۈچ بىلەن ئېتىلىپ چىققان تاش

دۈشمەننىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتەلەيدىكەن )ئېتىشقىمۇ ناھايىتى ماھىر كىشى ئىكەن.كامالدىن بوۋىمىز كېيىن ئىچكى -

تاشقى قورا سالدۇرغان ، ئىچكىرىكى قورۇدا مومىمىز قىزلارنى ئوقۇتقان ، تاشقىرىقى قورۇدا ئۆزى ئوغۇللارنى

ئوقۇتقانىكەن .

كامالدىن بوۋىمىزنىڭ سادىر قوزغىلىڭىدىكى باتۇرلۇقى ، ئەل ئارىسىدىكى شۆھرىتى ، مەرىپەتپەرۋەرلىكى تۈپەيلىدىن شۇ

كىشىنىڭ نامى تۇراقلىق فامىلە قىلىنغان . نەسەبنامىگە يېزىلغان ئەك دەسلەپكى بوۋىمىز ئابدۇكېرىم بەگدىن ھېسابلىنغاندا سىلەر 9 -ئەۋلاد ، نامى جەمەتىمىزگە فامىلە قىلىنغان كامالدىن بوۋاڭلاردىن ھېسابلىنغاندا 4 - ئەۋلاد بولىسىلەر ، دېگەنىدى. ھازىر دادامنىڭ نەۋرىسى شۆھرەت كامال ، ئۇنىڭ ئوغلى سۇبات كامال دۇنياغا كەلدى . ئائىلە نەسەبنامىمىز 11 - ئەۋلادقا ، فامىلە تارىخىمىز 6 - ئەۋلادقا ئۇلاشتى. كامالدىن بوۋىمىزنىڭ ئوغۇللىرى ، نەۋرە - چەۋرە ، پەي نەۋرىلىرى ...بولۇپ ، ھازىر بۇ يىلتىز ئەتراپىغا 300دىن ئارتۇق كىشى ئۇيۇشتى . 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى ، 60 - يىللارنىڭ بېشىدا ئىلى دەرياسى بويىدا چوڭ - كىچىك بوۋىلىرىم ئابدۇۋەلى كامالى موللا ھەزرەت بىلەن ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلىپە ھەزرەت ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ناھايىتى چوڭ باغلىرى يانمۇ يان ئىدى . ئابدۇۋەلى كامالى موللا ھەزرەت بۇخارادىن قايتىپ كېلىپ تاكى 1928 -يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر غۇلجا شەھەر ئىچى تېرەك مازاردىكى قورۇسىدا مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقان. ئايالى بۇبى ئايشە قىزلارنى ئوقۇتقانىكەن. ئىككى بوۋىنىڭ باللىرى ، نەۋرە - چەۋرىلىرى بولغان بارلىق ئائىلىلەر بىر يەرگە جەم بولساق ، باغلاردا ، دەريا ساھىللىرىدا ئوينىساق ، چوڭلارغا ئەگىشىپ باراۋەتكە چىقساق ، ھەتتا سوقۇشۇپ تالاشساقمۇ خۇددى بىر ئاتىنىڭ باللىرىدەك ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر خىل يېقىنلىق ، ئىللىق مېھرى مۇھەببەت بىزنى باغلاپ تۇردۇ.

ئېسىمنى تاپقىنىمدىن بۇيانقى ئىشلارنى ئەسلىسەم ، مەيلى جەمەتىمىزنىڭ بېشىغا بالايى ئاپەت ياغقان "مەدەنىيەت ئىنقىلابى«دا بولسۇن ، مەيلى تىنچلىق مەزگىللىرىدىكى كۈنلەر بولسۇن كامال جەمەتى قولنى قولغا تۇتۇپ قايغۇ ۋە خۇشاللىقلارنى بىرگە تارتتى .

يىللار ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلىپە ھەزرەتلىرىگەئوخشاش ئېسىل ئاتىلارنى ، يۈرەك - باغرى ئىلى دەرياسىدىنمۇ كەڭ بۇبى ئايشە ، زۆھرە ئابىستايغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى ئانىلىرىمىزنى قارا يەرگە ئۇزاتتى. ياش ئاتا - ئانىلار چوڭلارنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى بېسىپ ، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە ، جەمەتىمىزنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە ئايانماي بەدەل تۆلىدى . ئەۋلاد تەربىيىسىنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويدى . نېمىشقىدۇر ، غۇلجىدا "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى "قۇرۇلغاندا بوۋىمىز ئابدۇمۇتائالى كامالى ھەزرەت دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن باشقا ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر جەمەتىمىزدىن ئەمەلدار چىقمىدى . بىراق ، 50 - يىللاردىن باشلاپ دىنىي ساھەدە ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن لۇتپۇللا .غ.كامال قارى ھاجىم ؛ ئىنگلىز ، ئەرەپ ، تۈرك ، خەنزۇ تىللىرىنى پۇختا

ئىگىلىگەن تىل بىلىمدانى ئىسھاق . ئى . كامال ، مەركىزىي ئىسلام ئىن ستىتۇتىدا سىستېمىلىق تەربىيە ئالغان ئابدۇراخمان .م. كامال قاتارلىقلار جەمەتىمىزنىڭ بايراقدارلىرى بولۇپ يېتىشتى . 60 - ۋە 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ جەمەتىمىزنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تۈركۈملەپ ئوقىدى . جەمەتىمىز ئىچىدە جەمەتىمىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بەرمىدى . ئەكسىچە جەمەتىمىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسى "كامال "دېگەن بۇ تەۋەرۈك فامىلىنىڭ شان - شۆھرىتىنى قوغداپ كەلدى .1990- يىلى قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، روسىيە ، قىرغىزىستانلارغا ساياھەتكە چىقتىم. كامالدىن بوۋىمىزنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز كامالنىڭ ئوغلى ئابدۇقەييۇم. ئا. كامال 50 - يىللاردا ئائىلىسنى ئالمۇتىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ يەردە يەنە دادامنىڭ سىڭلىسى زەينەپ .ئا . كامال ، ئىنىسى باقى . ئا . كامال ھەمدە قىرغىزىستاندىكى ئىنىسى مەسئۇت . ئا . كامال ۋە ئۇلارنىڭ بالا- چاقىلىرى بار ئىدى. كىچىك ئاپام زەينەپنىڭ ئۆيىگە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن تۇغقانلارنىڭ بىرىنىمۇ تونۇمايتتىم. ھەتتا كىچىك ئاپام زەينەپنىمۇ ئاتا- ئانام سۆرەتلەپ بەرگەنىدى . چۈنكى ، ئۇلار قازاقىستانغا كۆچكەندە مەن تېخى كىچىك ئىدىم. تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە ئاپپاق چاچلىق موماي - بوۋايلار ، ياش ، ئوتتۇرا ياش ئەر - ئاياللار ، قىز -يىگىت ، ئۆسمۈرلەر كۆپ ئىدى. ھەممىسى ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا ماڭا ئاشۇ يېقىملىق ، پەخىرلىك "كامال"نامى ئۇلارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ، بىللە يادلىناتتى . مەن شۇ چاغدا چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغ ان مۇنچىۋالا جىق قېرىنداشلىرىم ، جىگەرلىرىمنىڭ بارلىقىدىن سۆيۈندۈم. بىر خىل خاتىرجەملىك ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ماڭا ئىشەنچ ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. شۇ چاغدا مەن دۇنيادىكى كامالLARنىڭ ھەممىسى بىر ئاتىنىڭ باللىرى دېگەن ئەقىدىنى تىكلەپ بولغانىدىم قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى سابىق ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچىسى ئابلەت كامال لېنىنگرادتا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقانىكەن . شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە باغرىمغا باستىم ، ئۇنىڭ كامالLAR جەمەتىگە كەلتۈرگەن شان - شەرىپىگە ئورتاقلاشتىم. جانابى كامالدىن بوۋىمىزنىڭ چەۋرىلىرىدىن بولغان ئابلەت .ق.كامال ھازىر ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسورى . مۇھەببەت .ئا .كامال 1988 -يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ ، ھازىر ئىسپانىيە مۇرسىيە(MURCIA)ئۇنىۋېرستېتىدا بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانى بىلەن ئىتالىيە ، ئىسپانىيە ئالىملىرى بىلەن بىرگە مالىكولا بىئولوگىيىسى ۋە ھاشارەتلەرنىڭ DNA ۋەHROMOSOM لىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئىشلىمەكتە .

يەنە چەۋرىلەردىن مەغپىرەت   .ئا . كامال مەركىزىي مىللەتلەر   ئىنىستىتۇتىدا ئۇيغۇر تىلى كەسپى بويىچە ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن ، ياپونىيە ، تۈركىيەلەردە بىلىم ئاشۇرۇپ تۈركىي تىللار كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ھازىر ئەنقەرە غازى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىمەكتە .پەي نەۋرىلەردىن قىيۇم .ئا .كامال بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تاللاپ ئەۋەتىشى بىلەن  ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسترونومىيەبىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەنمەكتە  . ئومۇمەن كامال جەمەتىدىكى چەۋرە ، پەي نەۋرىلەرنىڭ  80پىرسەنتى ئالىي مەلۇماتلىق .19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كامالدىن بوۋىمىز قەھرىمانلىقتا ، باتۇرلۇقتا نام چىقارغانىدى  .بۈگۈنكى دەۋردە ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن نۇرلاندۇرماقتا   .

ئەگەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز جەمەت نەسەبنامىسى تۇرغۇزمىغان ، جەمەتىمىزگە تۇراقلىق فامىلە تەقدىم قىلمىغان بولسا ، ھەممىمىز ئۆز ئاتىمىزنىڭ نامىنىلا فامىلە دەپ تونۇپ ، تار دائىرىدىكى جەمەتچىلىكتە ، ئۇرۇق -  تۇغقانلار ئارا ياتلىششقا قاراپ يۈزلىنىپ ، كىچىك - كىچىك توپلارغا ئايرىلىپ كەتكەن بولاتتۇق. بىزگە يەنە ئاتىمىزنى تونۇتقان ، بىر ئەۋلادنىڭ ئىزىنى يەنە بىرى بېسىپ ، ئۆزلىرى تىكلىگەن جەمەت ئابىدىسىگەئۆز  ۋلدۇرمەي تاش تىزىشنى ، ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەشنى ئۆگەتكەن ، بىزنى چىرىماس يىلتىزغا توپلىغان ئاتىلىرىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق ئانا زېمىنىنىڭ توپىسىغا سىڭىپ كەتكەن جىسمى مەڭگۈ قۇرۇمىغاي  !

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى 10 دۆلەت

شېرىن قۇربان

يېقىندا ئامېرىكىدا «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى بىر سانىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ10مەدەنىيلىك دۆلەت ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىسىناملىق يېڭى ماتېرىيال ئېلان قىلىنغان. 10 دۆلەت ئىچىگە كىرگەن دۆلەتلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى مۇنداق:

1. ئىتالىيە، قەدىمكى رىم ھازىرقى «غەرب جەمئىيىتى»نى بەرپا قىلغان. بۇ قەدىمكى غەرب دۇنياسىنىڭ قانۇن، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رىم ئىمپېرىيىسى يوقالغاندىن كېيىن، ياۋروپا1000يىللىق جالاھەت دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيە يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ياۋروپاغا يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئېلىپ كەلدى. بىر مەدەنىيلىكنى بەرپا قىلىشنىڭ ئۆزى زىيادە ئۇلۇغلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئىتالىيە تېخى1000يىلدىن كېيىن ياۋروپانى يەنە بىر قېتىم قۇتقۇزغان. بۇ قالتىس ۋە كارامەت ئىش، ئەلۋەتتە!

2. ئەنگلىيە. ئەنگلىيە 19-ئەسىردىكى ئۇلۇغ سانائەت دۆلىتى ۋە دېڭىز - ئوكيان دۆلىتى، ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى شۇكى، ئۇ «ھازىرقى زامان دۇنياسى»نى ياراتقان. ئەنگلىيە ھازىرقى زامان غەرب كاپىتالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كاپىتالىزم ۋە پارلامېنت دېموكراتىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىنتايىن مۇھىم سەردارلىق رولىنى ئوينىغان. ئەڭ گۈللەنگەن چاغلاردا، بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سەلتەنەت دائىرىسى يەر شارىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا، دۇنيا ئ اھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يەتكەن. بەزى چاغلاردا تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن.

3. ئامېرىكا، مەيلى قايسى نۇقتا ياكى تەرەپتىن ئېيتمايلى، ئامېرىكا دۇنيا تارىخىدا ئەڭ باي، ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە تەسىر كۈچى ئەڭ زور دۆلەت بولۇپ، بۇ جەھەتتە ھازىرچە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. لېكىن ئامېرىكىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولمىغاچقا، ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالالمايۋاتىدۇ. ئامېرىكا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى زەپەر مارشى ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئامېرىكا زىيان ئەمەس، بەلكى توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلىغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

سوغۇق ئۇرۇش مۇناسىۋىتى ئاياغلاشقان ، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ، ئامېرىكا دۇنيادا بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى .

4. جۇڭگو. جۇڭگو تارىختا كۈچلۈك دۆلەت ئىدى ، ئۇ كەلگۈسىدىمۇ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ قالغۇسى ، ئۇ ھەتتا كېلەچەكتە ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىپ ، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قېلىش مۇمكىن . جۇڭگو ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ، دۇنيادا مىللىي مەدەنىيلىكى ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ، ئۇ يەنە جاھاندا يېزىق تارىخى ئەڭ ئۇزۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرى .ئۇنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى ۋە مىللىي تىياتىرى تەڭداشسىز ئۆزگىچىلىككە ئىگە .

5. گرېتسىيە. گرېتسىيە (يۇنان دەپمۇ ئاتىلىدۇ )غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى دەپ سۈپەتلىنىدۇ .ئۇ يەنە ھازىرقى زامان دېموكراتىيە سىياسىي ، غەرب پەلسەپىسى ، دۇنيا ئولىمپىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى ، غەرب ئەدەبىياتى ، غەرب سىياسىيشۇناسلىقى ۋە تراگېدىيە كومېدىيەنىڭ تۇپراق ئانىسى .گرېتسىيىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ۋە رەڭدار . گرېك مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇل تەسىرگە ئىگە. دۇنيادا مەدەنىيلىكتە گرېكلار بىلەن بىرىنچىلىكنى تالىشىدىغانلار يوق .

6. مىسىر . مىسىر دۇنيادا ئۆزگىچە تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە . نىل دەريا ساھىلى مەدەنىيەت قاتلىمىدا مىسىرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى كۆزلەرنى چاقنىتىدۇ . مۇشۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك ، گرېك مەشھۇر تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 384-425- يىللار)مىسىرنى «مىسىر نېل دەرياسىنىڭ بىزگە تارتۇق قىلغان سوۋغىتى» دېگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى3200يىللار پادىشاھ نارمېر بىرلىككە كەلگەن مىسىر شاھلىقىنى قۇرغان.ئۇنىڭ سەلتەنىتى 3000 يىلدەك داۋام قىلغان . مىلادىيەدىن ئىلگىرى 343- يىللارغا كەلگەندە ، نارمېر شاھلىقىنىڭ 13- پادىشاھى پارسلارغا يەم بولۇپ كەتكەن .پارسلار مىسىرنى ئالغاندىن كېيىن بىر قانال (ئەڭ دەسلەپكى سۇۋەيش قانىلى)ياساپ چىقىپ ، قىزىل دېڭىز بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى تۇتاشتۇرغان .كېيىنكى چاغلاردا مىسىر يەنە گرېك ، رىم ۋە ۋىزانتىيىتىيە قاتارلىقلارغا ئەل بولۇپ كەلگەن . 7- ئەسىرگە كەلگەندە ، مۇسۇلمان ئەرەبلەر مىسىرغا كىرىپ ، ئىسلام دىنى بىلەن ئەرەب تىلىنى ئومۇميۈزلۈك تارقاتقان .مىسىرنىڭ كالىندارچىلىقى ، قايتا تىرىلىش ۋە قىيامەت سوراقلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرى ، مىسىر ئەل ئېھراملىرى ، سان - ساناقسىز موميا ۋە تارىخىي يازمىلىرى ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە .

7. ئىراق ، جاھانغا مەشھۇر ئېفرات دەرياسى بىلەن تىگىر دەرياسى ئىراق دائىرىسىدىن ئۆتىدۇ . قەدىمكى گرېكلار بۇ يەرلەرنى «مېسوپوتامىيە » دەپ ئاتايتتى . ئۇنىڭ مەنىسى «ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جايلار » دېگەندىن ئىبارەت . بۇ رايوندا ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ، يەنى سومېر مەدەنىيىتى ، ئاككاد مەدەنىيىتى ، بابىلون مەدەنىيىتى ۋە ئاسسۇرىيە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن . بۇ قەدىمكى مەدەنىيلىك ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ، تەسۋىرىي يېزىقلىرى ، «مورا قانۇنى »دەك قانۇنلىرى ، تەبىئىي پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، پەلسەپە ۋە ئاسترونومىلىرى ئاجايىپ نۇرانە ۋە پارقىراقتۇر . مۇشۇ تۇپەيلى ، مەزكۇر رايون «مەدەنىيەت بۆشۈكى » دەپ ئاتىلىدۇ . ئالەمدىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئالەمدىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى دەپ ئاتىلىدىغان »بابىلوندىكى مۇئەللەق باغچە « مۇ ئىراق زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن . ئىسلام باغداد خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋروپانى ھەيرەتتە قالدۇرغان . گرېك مەدەنىيىتىمۇ بىر ھېساپتا مۇشۇ يەردە بايقۇۋېلىنغان ۋە قايتىدىن ئەسلى يۇرتى - ياۋروپاغا كىرگەن ، مۇشۇ نۇقتىدا ياۋروپالىقلار ئىراق ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەللەرگە مىڭلاپ تەشەككۇر - ھەشقاللا دېيىشى كېرەك !

8. ھىندىستان . بۇنىڭدىن9000يىل مۇقەددەم ھىندى زېمىنىدا ئىنسانلار پەيدا بولۇپ ئولتۇراقلاشقان . ئۇلار بارا بارا ھىندى دەريا ساھىلى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان . بۇ مەدەنىيەت كۆپرەك گانگ دەريا ساھىلى مەدەنىيىتى نامى بىلەن ئاتىلىدۇ . ھىندىلار گانگ دەرياسىنى «ئىلاھ دەريا »ۋە «ئانا ھىندىستان » دەپ تەرىبىيلەيدۇ . ھىندىستان تارىختا مۇھىم سودا مەركىزى بولۇپ قالغان . ھىندى ئىمپېرىيىسى بىر مەھەل ھازىرقى جەنۇبىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ خوجايىنى بولۇپ دەۋر سۈرگەن . ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ، ھىندىستان ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان . ھىندى دىنى ، جاينا دىنى ، بۇددا دىنى ، دىنبا دىنى ۋە سىك دىنى قاتارلىق دىنلار ھىندىستاندا پەيدا بولغان ۋە جاھانغا تارالغان.شۇڭا كىشىلەر ھىندىنى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار يۇرتى دەپ تەسۋىرلەيدۇ . ھىندى خەلقىنىڭ جاھانشۇمۇل «ۋېدا » پوئېزىسى ، «ماخابخاراتا » ۋە «رامايانا »قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ، «پەنجنامە » باللار ھېكايەتلىرى ، «كەلىلە ۋە دەمنە » ھېكايەت توپلاملىرى تېخىمۇ جەلبكارلىققا ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە . دۇنيادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان ئەرەب رەقەملىرىنىڭ ئەسلى ساھىبى ئەرەبلەر بولماستىن ، بەلكى ھىندىلاردۇر .

9. ئىران . ئىران قەدىمدە پارسلار (ياۋروپالىقلار پېرسىيە دەپ ئاتايدۇ ) دەپ ئاتىلاتتى . ئۇ 4000 -5000يىللىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيلىك دۆلەت بولۇپ ، دۇنيا خەرىتىسى ۋە تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن . ئىراننىڭ

قەدىمكى پىرسىيە ئىمپېرىيىسى ، پارفىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ساسانىيە ئېمپىرىيىسى دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر بولۇپ ، --- ئىز ۋە مەدەنىيەت قالدۇرغان. ئىران زازو ئاستېر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى)، مانى دىنىنىڭ بارلىققا كەلگەن زېمىنى ، ئىسلام دۇنياسىدا ، ئۇ ئىسلام شىئە مەزھىپىنىڭ سەركەردىسى ۋە مەركىزى . ئىران دۇنيادا »شېئىرىيەت دۆلىتى « دەپ داڭق چىقارغان. مەشھۇر «ئاۋېستا» داستانى ، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسى ، ئۆمەر ھەييامنىڭ پەلسەپىۋى رۇبائىيلىرى ، جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋىي شەرىف» ۋە «شەمس تەبرىزى»پوئېزىلىرى ، نىزامى گەنجەۋىنىڭ «موھزانول ئەسرار » (سىرلار خەزىنىسى )ناملىق خەمسە سى ، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان » ۋە «بوستان» خەزىنىسى ، ھافىز شېرازىنىڭ لىرىك غەزەللىرى ، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «ھەفت ئەۋرەڭ » (يەتتە يۇلتۇز )خەمسەسى دۆلەت ، رايون ، مىللەت ۋە ئېتىقاد چېگرىسىدىن ھالقىغان بىباھا بايلىقتۇر .

10. چاد دۆلىتى. چاد دۆلىتى قازاقستان ۋە موڭغۇلىيىدىن قالسا ئۈچىنچى ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئافرىقا قىتئەسىنىڭ يۇقىرى ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان . دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا ، كۆپ كىشىلەر چاد دۆلىتىنىڭ ئەھ ۋالىنى بىلمەيدۇ ھەم بىلىشنىمۇ بەك خالاپ كەتمەيدۇ . چۈنكى ئۇ نامرات - تە! لېكىن بەزىدە ئىش كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدەكمۇ بولۇپ چىقمايدۇ . 2002 - يىلى ، مەيكىر بورۇنېت دېگەن ئالىمنىڭ بايقىشىچە ، بۇنىڭدىن 7 مىليون يىللار ئىلگىرى چاد دۆلىتىنىڭ تۇپرىقىدا ئىنسانلار ئەجدادى ياشىغانىكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە قەيەردە پەيدا بولغانلىقى بىر سىر سۈپىتىدە قالغانىدى . ئالىملار كىنىيە بىلەن ئېفوپىيىنى ئىنسانىيەت ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان جايلار دەپ قاراپ كەلگەنىدى . ئەمدىلىكتە بولسا كىنىيە بىلەن ئېفوپىيە تۆرنىڭ ئورنىنى چاد دۆلىتىگە بوشىتىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن چاد دۆلىتى قىزىق لىنىيىگە ئايلىنىپ قالدى . كىشىلەر ئەمدى چاد دۆلىتىنىڭ گېپىنى بەكرەك قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مانا بۇ ئادەملەرنىڭ لوگىكىسى !

يۇقىرىدىكى 10 دۆلەتنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ، يەنە كېلىپ ئىزچىللىقا ئىگە . يەنە بىر جەھەتتە ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرى تارقىلىشچانلىقا ۋە تەسىرچانلىقا ئىگە . مەدەنىيەت ئاساسى ياخشى بولغاچقا ، بۇ دۆلەتلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيا سەھنىسىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئادەتتە دۇنيا مەدەنىيىتى تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىغا بۆلۈنىدۇ . يۇقىرىدىكى 10 دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئىتالىيە ، ئەنگلىيە ، ئامېرىكا ۋە گرېتسىيىنىڭ مەدەنىيىتى گرېك - ياۋروپا ئامېرىكا مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ؛ جۇڭگو

مەدەنىيتى جۇڭگو مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ؛ ھىندىستان مەدەنىيت ى ھىندى مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ؛ مىسىر مەدەنىيتى ، ئىراق مەدەنىيتى ، ئىران مەدەنىيتى ۋە چاد مەدەنىيتى ئەرەب -پارس مەدەنىيتى سىستېمىسى (پارس - ئەرەب مەدەنىيەت سىستېمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) گە كىرىدۇ . كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، مەدەنىيەتلىك 10 دۆلەت بىلەن دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى ئۆز ئارا زىت ئەمەس ، بەلكى تازا كىرىشىپ كېتىدۇ .

ئىلى خەلق ناخشىسى- «ۋاڭخولو «

مەسئۇت خالىت

(شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىن )

ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق مېلودىيىسى ، قويۇق يەرلىك پۇرىقى ، مەردانە كەيپىياتى ، ئاۋاز دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، ئەگىتمىلىرىنىڭ مۇرەككەپ ۋە نازۇكلۇقى بىلەن مەشھۇر . بەزىلىرى مەلۇم بىر تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە ئەل ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە . ئۇلار ئىچىدە «ۋاڭخولو » ناخشىسى ئەڭ قەدىمىيلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈم نتى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە 1764—1766 يىللىرىچە «ۋاڭخولو » ناخشىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان كۈرە قەلئەسىنى سالدۇرغان. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەر شىنجاڭنىڭ مەركىزى قىلىنغان ھەمدە ي‍ىلى جاڭجۈنى مۇشۇ يەردە تۇرغان.

ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردە «ۋاڭخولو ئالۋىنى »، «ۋاڭخولو ناخشىسى » توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن : «كۇرە قەلئەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا يېقىن سېلىنغاچقا ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەريا سۈيى بارا- بارا قەلئەگە يېقىنلاپ كەلگەن .كۇرەگە يېقىن دەريا بويلىرى شېغىللىق توپا بولغاچقا ، دەريا سۈيى يار تۈۋىنى كولاپ قەلئەگە تەھدىت سېلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ ئەتىياز پەسلىدە كەلكۈن كەلگەندە قەلئەنى سۇ بېسىپ كېتىش خەۋپى كۆچەيگەن ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قەلئەنى كەلكۈندىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر يىلى ئىلىنىڭ شەھەر ، يېزا-قىشلاقلىرىغا ئالۋان سېلىپ يۇقىرالارنىڭ ئات- ھارۋا ، شاخ-شۇمبا ، ئوت-سامانلىرىنى ۋە نۇرغۇن ئەمگەكچى خەلقنى دەريا ئېقىنىدا ھەقسىز ئىشلىتىپ توسما ياسىغان . نەتىجىدە ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئالۋان — «ۋاڭخولو ئالۋىنى » بارلىققا كەلگەن . بۇ ئالۋان 1820-يىلدىن 1864-يىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغىچە 44 يىل داۋاملاشقان. مۇشۇنداق قان-ياشقا تولغان ئېغىر ئالۋان دەستىدىن ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق دەرد-ھالىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن «ۋاڭخولو» ناخشىسىنى ئىجاد قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن «ۋاڭخولو ئالۋىنى » ھەمدە «ۋاڭخولو » ناخشىسىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى توغرىسىدا دەسلەپكى مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. لېكىن

نۇرغۇن تارىخىي مەنبەلەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىپ خەلق بىلىدىغان بىر ۋەقەگە ئايلانغان ، ھەتتا بۇ ئالۋان تۈپەيلىدىن ئەينى زاماندا بارلىققا كېلىپ خەلق ئاغزىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ناخشىدىكى«ۋاڭخولو» دېگەن سۆزنىڭ زادى نېمە مەنىنى بىلدۈرۈدىغانلىقى ئا تاكى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا قەدەر ھېچقانداق تەبىر بېرىلمەي كەلدى.كىشىلەر بۇ سۆزنى ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئىلىدىكى كۇرەنى كەلكۈندىن ساقلاش ئۈچۈن خەلققە سېلىنغان ئالۋان دەپلا چۈشىنىپ كەلدى . نەتىجىدە «ۋاڭخولو » سۆزىنىڭ كونكرېت مەنىسى ھېچكىممۇ بىلمەيدىغان يۈز يىللىق تېپىشماققا ئايلاندى.ئاتاقلىق شائىر ، مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ 20- ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا «ۋاڭخولو » دېگەن سۆزنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن غۇلجىغا باردى ھەمدە خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربانىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېزىلارنى ئارىلاپ نۇرغۇن پېشقەدەم دېھقان ، يۇرت مۆ تىۋەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ، ئۇلاردىن «ۋاڭخولو » دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرۈدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. لېكىن بۇ سۇئالغا ھېچكىممۇ جاۋاب بېرەلمىدى . بەزى يېزىلاردا «بۇ سۆزنى سەندىن ئاڭلاۋاتىمىزوي» دەپ تارانچىسىغا چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بەرگەنلەرمۇ بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ سۆز يەنىلا

سىر پېتى قېلىۋەردى. ئەينى چاغدا بۇ ۋەقە ھېسام قۇربان تەرىپىدىن كۈلكىلىك لەتىپە قىلىپمۇ توقۇلغانىدى .

-20ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى نەشر قىلىنغان بەزى ماتېرىياللاردا «ۋاڭخولو» دېگەن بۇ سۆز تارىخىي خەنزۇ تىلىدىكى «往回流)ۋاڭخۇيلىيۇ« ، »往后流)ۋاڭخۇلىيۇ» دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن ، بۇ «دەريانى قاچۇرۇش ، دەريانى كەينىگە ئاقۇزۇش » دېگەن مەنىدە ، چۈنكى ئەينى زاماندا كۈرەدىكى چىك سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى قەلئەنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، دەريانى قاچۇرۇپ ئېقىنىنى جەنۇبقا باشلىماقچى بولغان ، دەپ ئىزاھلانغان . بىراق بۇنى ئەقىلگە مۇۋاپىق يەكۈن دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى بىرىنچىدىن خەنزۇ تىلىنىڭ سۆز ئادىتىدە «كەينىگە ئاقۇزۇش — « 倒流 ، 逆流دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.ئىككىنچىدىن ئەينى زاماندىكى ئەمگەك كۈچى ۋە سۇ ئىنشائاتى تېخنىكىسىدىن قارىغاندىمۇ ، تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن شۇ دەۋردىكى ئىلى دەرياسىدەك ئەزىم دەريانى كەينىگە ئاقۇزۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ، دەريا ئېقىنىنى جەنۇبقا سۈردى دېگەندىمۇ ، 往回流ياكى 往后流 دېسە توغرا بولمايدۇ ، يەنە كېلىپ بۇ خىل ئىزاھنىڭ تارىخىي مەنبەسىمۇ يوق. قىسقىسى ، «ۋاڭخولو» دېگەن سۆز «دەريانى كەينىگە ئاقۇزۇش ، دەريانى قاچۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، دېيىش كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان قاراشتۇر.

»ۋاڭخولو» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ تېپىلىشىغا تاسادىپىي بىر ۋەقە سەۋەب بولدى . بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە خېلى نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق تېپىپ چىقىلدى .

-2002يىل 11-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىنى ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ھەممە پەنلەرنىڭ دەرسلىكى يېڭى دەرسلىك ئۆلچىمى بويىچە قايتا تۈزۈلۈشكە باشلىدى . بىز بىرنەچچەيلەن ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا دەرسلىكىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولدۇق. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇزىكا دەرسلىكى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوللانمىسىدا يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ، مۇزىكىلىق ئەسەرنىڭ كۈي شەكلى ، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ، مېلودىيە ئالاھىدىلىكى بويىچە تەپسىلىي تەھلىل قىلىش ، ئاپتور ۋە كومپوزىتورلارنىڭ ھاياتى ، ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ، ھەر بىر مۇزىكىلىق ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىندى.

ئىلى خەلق ناخشىسى «ۋاڭخولو» 8-يىللىقلارنىڭ 2-مەۋسۇمدە ئۆتۈلىدىغان ئۇيغۇرچە دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەنىدى .

يېڭى دەرسلىك ئۆلچىمىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوقۇتقۇچىلار قوللانمىسىغا بۇ ناخشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى كىرگۈزۈشكە توغرا كەلدى . لېكىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىزاھلىغان بىرەرمۇ ماتېرىيال يوق ئىدى . «دەريانى كەينىگە ئاققۇزۇش » ، «دەريانى قاچۇرۇش » دېگەندەك قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى كىشىنى قايىل قىلالمىغاچقا ، ئۇلارنى ئوقۇتقۇچىلار قوللانمىسىغا كىرگۈزۈشكە بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ، «ۋاڭخولو» دېگەن سۆزنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش قاتمال ھالەتتە باشلاندى.

2004-يىل 2-ئاينىڭ ئاخىرى مۇھىم بىر ئىش بىلەن غۇلجىغا باردىم. ئىشىم تۈگىگەندىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ئاغىنەم پولات بورھانىنىڭكىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم . بۇ ئاغىنەم تارىخقا قىزىقىدىغان ، تارىخىي كىتابلارنىمۇ كۆپ ئوقۇيدىغان ھەمدە تارىخ جەھەتتە مۇئەييەن سەۋىيىگە ئىگە ئادەم ئىدى . پاراڭ ئارىسىدا «ۋاڭخولو » ھەققىدە گەپ بولۇپ قالدى . ئۇ «ۋاڭخولو »نىڭ «دەريانى كەينىگە ئاققۇزۇش » ، «دەريانى قاچۇرۇش » دېگەن مەنىدىكى سۆز ئەمەس ، بەلكى ئەينى زاماندا كۇرە قەلئەسىنىڭ جەنۇبىغا ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا سېلىنغان ، ئىلى دەرياسىغا نەزەر سېلىپ ، دەريانى تاماشا قىلىدىغان «望河楼» دېگەن بىر كاتتا راۋاقنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خېلى يىللار ئىلگىرى خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ، موڭغۇلچە ، مانجۇچە خەتلىرى بار بىر قەدىمىي كىتابتىن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. پولاتنىڭ ئېيتىشىچە كىتابقا ۋاڭخېلۇ راۋىقىنىڭ سىزما رەسىمىمۇ بېرىلگەنىكەن ، قارىماققا ئۇ راۋاق يەنئەندىكى باۋتاشەن تېغىغا جايلاشقان باۋتا مۇنارىغا تولىمۇ ئوخشايدىكەن . بۇنىڭغا خېلى يىللار بولغاچقا پولات بۇ كىتاپنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ . ئەمما مۇشۇنىڭدىنلا بۇ مەزمۇننىڭ «ۋاڭخولو » توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى قاراشلاردىن ئىلمىي ھەم قايىل قىلارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 18-ئەسىردە چيەنلۇڭ خانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ، موڭغۇلچە ، مانجۇچە ، زاڭزۇچە 5 خىل يېزىقتا ئۈچ توملۇق لۇغەت تۈزۈلگەن ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ لۇغەت مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغانىدى . ئېھتىمال پولات «ۋاڭخېلۇ » ئاتالغۇسى ۋە رەسىمىنى شۇ لۇغەتتىن كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم . لېكىن پولات ئۇلارنى باشقا بىر كىتابتىن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى . پولات بۇ كىتاپنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا ھەمدە ئۆزەمنىڭمۇ ۋاقتى قىس بولغاچقا بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتتىم .

ئاردىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ 9-ئايمۇ كەلدى . ئەمدى «ۋاڭخولو » ناخشىسى كىرگۈزۈلگەن دەرسلىكنىڭ ئوقۇتقۇچىلار

قوللانمىسنى تۈزۈپ نەش رگە يوللىماي بولمايتتى . شۇڭا مەن «ۋاڭخولو » ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، ئەينى زاماندا كۈرە قەلئەسىنىڭ جەنۇبى ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا «ۋاڭخېلۇ» راۋىقىنىڭ بولغان-بولمىغانلىقى ، بۇ راۋاقنىڭ تىللاردا داستان بولغان «ۋاڭخولو ئالۋىنى » بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېنىقلايدىغان ئىلمىي ، تارىخىي يازما پاكىتلارنى تېپىش ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ غۇلجىغا باردىم.

پولات بورھان ۋە غۇلجا شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ سابىق مەسئۇلى ئىسھاق باستى ئاكا ئىزدىنىشىمگە يېقىندىن ياردەم بەردى . پولات ئىككىمىز ئىسھاق ئاكىنىڭ باش چىلىقى بىلەن غۇلجا شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ، ئىلى ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى ھەمدە غۇلجىدىكى بەزى پېشقەدەملەرنى زىيارەت قىلدۇق . ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى ماتېرىيال بۆلۈمىدىكى قەدىمىي ، تارىخىي كىتابلار ۋە ماتېرىياللار دىققىتىمىزنى بەكمۇ جەلب قىلدى . بىز خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ، موڭغۇلچە ، زاڭزۇچە ، مانجۇچە يېزىقلاردا تۈزۈلگەن ) «西域同文志» غەربىي يۇرت ھەر خىل يېزىقلار تەزكىرىسى ) دېگەن لۇغەتنى تەپسىلىي كۆرۈشكە باشلىدۇق . بۇ لۇغەت فۇ خېڭ دېگەن كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1771- يىلى تۈزۈلگەن بولۇپ ، 18 جىلدتىن تەركىب تاپقان . ئۇنىڭغا شىنجاڭ ، چىڭخەي ، شىزاڭ رايونلىرىنىڭ يەر ناملىرى ۋە ھۆكۈمدارلار ئىسىملىكى يۇقىرىدىكى 5 خىل يېزىقتا سېلىشتۇرما قىلىپ كىرگۈزۈلگەن . بىز لۇغەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈۋاتقاندا ، بىزگە ياردەملىشىۋاتقان ياڭ بىڭشىن دېگەن بىرەيلەن «ئاتالغۇ تېپىلدى » دەپ بىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. ئەسلىدە «望河楼» دېگەن بۇ ئاتالغۇ لى روبىڭ ، لەي خۇڭبولار تۈزگەن«لىن زېشۈ ئىلىدا » دېگەن كىتابتىن تېپىلغانىكەن .كىتابقا لىن زېشۈنىڭ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىنكى كۈندىلىك خاتىرىلىرى كىرگۈزۈلۈپتۇ. لىن زېشۈ 1843- يىل 1- ئاينىڭ 12- كۈنى يازغان خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن :

-1»ئاينىڭ 12-كۈنى ، ھاۋا ئوچۇق ، ئەتىگەندە يىن شەن بىلەن زى چى كەلدى . ئۇلارنى تاماققا تۇتۇپ قېلىپ بىللە تاماق يېدۇق.تاماقتىن كېيىن بەشەيلەن قەلئەنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىدىن چىقىپ ئىلى دەرياسىنى تاماشا قىلدۇق ، دەريا قەلئەگە يېرىم چاقىرىممۇ كەلمەيدىكەن ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى نارات تاغلىرىدىن باشلانغان بۇ ئېقىن تېكەس دەرياسىغا قوشۇلۇپ غەربكە ئېقىپ كېلىدىكەن. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى دەريادا مۇزلار ئېرىشقا باشلىغانىدى ، دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ياز ۋە كۈز كۈنلىرى دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە دەري ا سۈيى بىر جاڭدىن ئېگىز ئۆرلەپ ئاقىدىكەن ، ئىلگىرى دەريا ياقىسىدىكى سۇ مۇئەككىلى بۇتخانىسىدا ۋاڭخېلۇ راۋىقى بار ئىكەن ،

داۋگۇاڭ 13-يىلى (1833-يىلى ) بۇتخانا بىلەن راۋاقنى كەلكۈن ئېلىپ كېتىپتۇ ، كېيىنچە سۇ مۇئەككىلى بۇتخانىسى دەريانىڭ شىمالىدىن يۆز جاڭدىن ئوشۇقراق يىراقلىقتا قايتىدىن سېلىنىپتۇ . شۇ كۈنى ئاشۇ بۇتخانىغا كىرىپ ئايلىنىپ چىقتۇق.» بۇ خاتىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇق . ھەرھالدا بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە تۇشلۇق ئىش بولغانىدى . ئەينى زاماندا كۇرە قەلئەسىنىڭ جەنۇبىدا ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا «ۋاڭخېلۇ راۋىقى »نىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا يازما تارىخىي پاكىت تاپتۇق . ئەمما بىر ئىسپات بەكلا ئازلىق قىلاتتى . «ۋاڭخولو » توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپرەك ئىسپات تېپىش ، تىللاردا داستان بولغان «ۋاڭخولو ئالۋىنى »نىڭ راستىنلا شۇ راۋاقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئەينى زاماندىكى رىئال ۋەقەلەردىن توغرا بىشارەت بېرەلەيدىغان ئىشەنچلىك دەلىل- ئىسپاتلاردىن يەنە بىرقانچىنى تېپىش زۆرۈر ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇمنى ئىككەيلەنگە دېدىم . ئۇلار پىكرىمنى قۇۋۋەتلىدى ھەمدە مېنى «لىن زېشۇ ئىلىدا » دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى بو لغان ، ئىلى ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق مەسئۇلى ، خېلى يىللار ئىلگىرى پېنسىيىگە چىققان لەي خۇڭبو ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولدى .

لەي خۇڭبو ئەپەندى بىزنى ئۆيىدە قارشى ئالدى . ئۇ بىزنىڭ مەقسىدىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ ئاخىرقى يىللىرى خىيانەت قىلدى دېگەن گۇمان بىلەن جازالىنىپ ، 1796-يىل 8-ئايدا (جياچىڭ 1-يىلى ) ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان تەيۋەننىڭ ۋالىيسى ياڭ تىڭلىننىڭ شېئىرلار توپلىمىدىن «登望河楼» ۋاڭخېلۇ راۋىقىغا چىقىش دېگەن شېئىرىنى تېپىپ كۆرسەتتى . شېئىردا بۇ مۇساپىر مەھبۇسنىڭ ۋاڭخېلۇ راۋىقىغا چىقىپ ئىلى دەرياسىغا نەزەر سالغاچ ، يۇرتىنى ياد ئەتكەنلىكى ۋە دەردلىك كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىگەنلىكى يېزىلغانىدى .

بۇنىڭدىن باشقا ئەينى زاماندا ئىلى مانجۇ كۇرەسىنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى گې بېگئې تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «伊江汇览» دېگەن كىتابتىمۇ ، ئىلى جاڭجۈنى ئىلتۇنىڭ 1775-يىلى ئىلى دەرياسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن «سۇ مۇئەككىلى بۇتخانىسى » بىلەن «ۋاڭخېلۇ راۋىقى »نى سالدۇرغانلىقى ، راۋاق دەرياغا يېقىن بولۇپ بۇتخانىنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكى ، راۋاقتا تۇرۇپ ئىلى دەرياسىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىغانلىقى ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەت بۇ يەر ئىلىنىڭ داڭلىق جايىغا ئايلانغانلىقى خاتىرىلەنگەن .

يۇقىرىدىكى تارىخىي مەنبەلەر 1833-يىلدىن ئىلگىرى كۇرە قەلئەسىنىڭ جۇنۇبىدا ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا

ئىلى دەرياسىنى  تاماشا قىلىدىغان 望河楼 ۋاڭخېلۇ راۋىقىنىڭ بولغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى.

ئەمدى «ۋاڭخولو ئالۋىنى»توغرىسىدىكى مەنبەلەرنى تېپىش ، ئالۋاننىڭ قاچان باشلانغانلىقى ، قاچان ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېنىقلاش زۆرۈر بولۇۋاتاتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارمۇ تېپىلدى .

مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئەينى زاماندا فىئوداللىق مائارىپ تۈزۈمىگە قارشى چىققانلىقى تۈپەيلىدىن 1812- يىلى خۇنەندىن كۇرەگە سۈرگۈن قىلىنغان تارىخ-جۇغراپىيە ئالىمى شۇ سۇڭ 1821- يېزىپ پۈتتۈرگەن «غەربىي يۇرت دەريا-ئېقىنلار تەزكىرىسى »نى تەستە تېپىپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم . بۇ كىتاب نېپىزغىنا 5 جىلدتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، گەنسۇدىكى جيايۈگۈەننىڭ غەربى ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ سۇ سىستېمىسى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھەم خەرىتىلەرمۇ بېرىلگەن. 1- جىلدنىڭ باش تەرىپىدە «كۇرە قىلئەسىنىڭ جەنۇبىدىن يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا قەلئەنى قوغداش ئۈچۈن دەريا توسمىسى ياسالغان » ، «سۇ مۇئەككىلى بۇتخانىسى جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ سىرتىغا جايلاشقان » دېگەن جۈملىلەر ئۇچرىدى. 4- جىلدنىڭ 26 -بېتىدىكى كۇرە ھەققىدە يېزىلغان بىر ئابزاس مەزمۇن مۇھىم بىر ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى:

»قەلئە جەنۇب تەرەپتىن دەرياغا 2-3 چاقىرىم كېلىدۇ ، دەريا سۈيى يىلبويى قىرغاققا تېشىپ تۇرىدۇ . سۇنى توسۇش ئۈچۈن سۆگەت شېخىدىن توقۇلۇپ ئىچىگە تاش سېلىنغان سېۋەتلەر ئىشلىتىلدى . 1807- يىلى ئىلى جاڭجۈنى سۇڭ جۈن دەريا نازارەتچىسى لى خېڭتېغا سۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ توسما ياساشنى بۇيرۇدى. لى خېڭتي قەلئەدىن يېرىم چاقىرىمچە يىراقلىقتا ئۇزۇنلۇقى    180 نەچچە مېتىر ، تېگىنىڭ كەڭلىكى     21 مېتىر ، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى    12 مېتىر كېلىدىغان توسما ياسىدى . يەرلىك كىشىلەر كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان بۇ توسمىنى   «لى بېگىم توسمىسى » دەپ ئاتىدى . ئون يىل مابەينىدە دەريا سۈيى توسمىنىڭ تۈۋىنى   ى كولاپ كەتتى . قەلئەنىڭ شەرقىدىن ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان جايدا خۇمدام دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار ، مۇشۇ جايدىن قىرغاققا بۆسۈپ چىققان دەريا سۈيى قولتۇق ھاسىل قىلىپ قەلئەنىڭ جەنۇبىغا يۈزلەندى . 1817- يىلى لى بېگىم توسمىسى پۈتۈنلەي سۇ ئاستىدا قالدى . دەريادا كۆك كاھىشتىن سېلىنىپ ، سالاسۇنلىرى قىزىل سىرلانغان ئېگىز راۋاق دولقۇنلارغا باش ئېگىپ تۇرىدۇ        . ئاشلىق توشۇيدىغان كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرى ئۇنىڭ ئاستىدا گاھ كۆرۈنۈپ ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدۇ«.

يۇقرىدىكى مەزمۇندىن «كۆك كاھىشتىن سىلىنىپ ، سالاسۇنلىرى قىزىل سىرلانغان ئېگىز راۋاق»نىڭ ۋاڭخېلۇ راۋىقى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس .بۇ بايان بىزگە يەنە ئىلى دېھقانلىرىغا دەھشەتلىك زۇلۇم سالغان مۇدھىش «ۋاڭخولو ئالۋىنى »نىڭ 1807-يىلدىن بۇرۇن باشلانغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ «伊江汇览» .دېگەن كىتابتا راۋاق دەرياغا يېقىن بولۇپ ، بۇتخانىنىڭ ئالدىغا سېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. دېمەك ، دەريا سۈيى دەسلەپ ۋاڭخېلۇ راۋىقى بىلەن سۇ مۇئەككىلى بۇتخانىسىغا تەھدىت سالغان ھەمدە يىلسېرى شىمالغا يۆتكىلىپ ، كۆرە قەلئەسىگە يېقىنلاشقا باشلىغان .چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى يۇرتلارغا ئادەم ، ئات- ئۇلاق ، ئوزۇق-تۈلۈك ، پاخال-سامان ئالۋان سېلىپ تاشقىندىن مۇداپىئەلەنمەكچى بولغان. لېكىن شىمال تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان شىددەتلىك دەريا سۈيى توسمىنى بۇزۇپ قەلئە تەرەپكە يۆتكىلىشۋەرگەن. 1817-يىلى توسما سۇ ئاستىدا قالغاندا راۋاقمۇ سۇغا غەرق بولغان. دەريا سۈيى داۋاملىق شىمالغا يۆتكەلگەن .بىچارە خەلق يىللار مابەينىدە تاشقىن بۇزۇپ كېلىۋاتقان توسمىنى ياساش بىلەن ئۆمرى ئۆتكەن .بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ تارتمىغان جاپاسى قالمىغان . ھەتتا «توختى » ، «تۇردى » ، «تۇرسۇن »ئىسىملىك كىشىلەر تاشقىننى توختىتىش ئۈچۈن دەرياغا تاشلىنىپ ، دەھشەتلىك ئالۋان ۋە خۇراپاتلىقنىڭ قۇربانى بولغان .ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق دەرد- ھالىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ مەزگىلدە «ۋاڭخولو» ناخشىسىنى ئىجاد قىلغان :

ياز بولسا قىلار غەمكىن ،

ۋاڭخولونىڭ ئالۋىنى.

بۇ ھاشارغا باش بولغان ،

زالىملارنىڭ يامىنى.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا ،

»توختى » ئاتلىقنى تاشلايدۇ.

بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشار ،

خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا ،

چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.

ئەقىلسىز نادان بەگلەر ،

هاشار بىلەن توسماقچى.

ئىلى تارىخىدا دەھشەتلىك ئالۋان- ياساقنىڭ سىموۋولى سۈپىتىدە نامى قالغان ۋاڭخېلۇ راۋىقى 1833- يىلى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئۇنىڭ ئاخىرقى 16 يىللىق ئۆمرى تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا دولقۇنى ئارىسىدا ئۆتكەن.بۇ راۋاق ياسالغاندىن تارتىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنگە قەدەر 58 يىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان .گەرچە راۋاقنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ۋاڭخولو ئالۋىنى يەنىلا داۋاملاشقان. ئالۋان يەنىلا «ۋاڭخولو ئالۋىنى» دەپ ئاتالغان. «1859- يىلى كۈزدە قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقى ، تاغدىن كەلكۈن كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن كۈرە قەلئەسىنىڭ سىرتىدىكى قەلئەنى قوغدايدىغان 护城 دامبىسىنى بۇزۇۋەتكەن .»① بۇ چاغدا «كۈرە قەلئەسىنىڭ غەربىي قوۋۇقىنىڭ سىرتى غا جايلاشقان چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرىنىمۇ سۇ بېسىپ كەتكەن .»② ئارقىدىنلا ئۇلىشىپ كەلگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى 1864- يىلى پارتلىغان .شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى قاتتىق قاقشاتقان ۋاڭخولو ئالۋىنى ئاخىرلاشقان. دېمەك ، ۋاڭ خولو ئالۋ ىنىنى 1807- يىلى ياسالغان «لى بېگىم توسمىسى »دىن 1864- يىلىغا قەدەر 57 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان دېيىشكە بولىدۇ. ئىلى خەلق ناخشىسى «ۋاڭخولو»نى شۇ زامانلاردا ئىجاد قىلىنغان دەپ پەرەز قىلساق ، بۇ ناخشىنىڭ دىيارىمىزدا ياڭراۋاتقىنىغا 200 يىللار بولغان بولىدۇ.ئىزاھ:

» ①شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»(42)،326-بەت

» ②ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»(9)، 109-بەت تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

مەنبەسى : شنجاڭ تەزكرىچىلىكى

كۆرۈلگىنى:99قېتىم

ۋاقتى :2008-2-20

---

ئالدىنقىسى :شنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى

»ئىلاج ئەل - ئەمراز» رىسالىسىدىن

يۈسۈفى

مۇئەللىپ ھەققىدە: يۈسۈف ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف ئەت - تېۋىپ ئەل خەرەۋى 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خۇراساننىڭ خاف شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن ئالىمى بولۇپ، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى مۇكەممەل بىلەتتى. ماھىر ۋراچ، لۇغەتشۇناس ۋە تارىخچى سۈپىتىدە نام قازانغان ئىدى.

يۈسۈف ئىبنى مۇھەممەدنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ئاتىسى ھىراتنىڭ مەشھۇر ۋراچى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالسا، ئۇ تېبابەت سىرلىرىنى ئۆز ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن دەپ خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن. ھىرات ئەدەبىي مۇھىتىنىڭ تەسىرى بولسا ئۇنى شېئىرىيەتكە يېتەكلىگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرىي ئەسەرلىرى XVI

ئەسرنىڭ 1 -يىللىرىدىن باشلاپ يۇسۇفى تەخەللۇسى بىلەن تارقىلىشقا باشلىغان .

ئۇنىڭ مېدىتسىناغا دائىر 14 پارچە شېئىرى ۋە نەسرى ، ئېتىكاغا ئائىت ئىككى پارچە ئەسرى ، مەكتۇپ يېزىش سەنئىتىگە دائىر بىر ئەسرى (سابىق ) سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيادىكى باشقا كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا.

يۇسۇفىگە كۆپرەك شۆھرەت كەلتۈرگىنى ئۇنىڭ رۇبائىي ژانىرىدا يېزىلغان «ئىلاج ئەل - ئەمراز » («كېسەللىكلەر داۋاسى ») ئەسىرىدۇر . 1509 - 1510 -يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر تېز ئارىدا ھىراتنىڭ نامدار ، فازىللىرى نىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە ئۇلار رۇبائىيلاردىكى مۇرەككەپ دورىلارغا شەرھ (چۈشەندۈرۈش ) يېزىشنى يۇسۇفىگە ئىلتىماس قىلىدۇ . يۇسۇفى بۇ شەرھىنى 1512 -يىلى يېزىپ تۈگىتىدۇ ۋە ئۇنى «جامىئەل فاۋايىد » («فاۋايىدلەر مەجمۇئەسى ») دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن 291 رۇبائىينىڭ ھەربىرى بىر كېسەللىككە بېغىشلانغان بولۇپ ، ئۇلاردا يۇسۇفىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە تېبابەتتىكى يېڭىلىقلار جەملەنگەن . بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا كەڭ شۆھرەت تاپقان . ئۇنىڭ يۇسۇفى ھايات ۋاقتىدا (1535 - يىلى ) بۇخارادا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى C 1098 - رەقىمى بىلەن لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا . مەزكۇر ئەسەر 1870 - يىلدىن تا 1908 - يىلغىچە ھىندىستاندا «تېبىي يۇسۇفى » نامى بىلەن 11 - قېتىم نەشر قىلىنغان . ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۇنىڭ 30 دىن ئارتۇق قوليازما نۇسخىسى ۋە خېلى كۆپ باسما نۇسخىلىرى ساقلانماقتا .

- 1869يىلدىكى ھىندىستانلىق ئابدۇلئەلىم نەسرۇللاخان ئەھمەدى ئەل - خشاگىي يۇسۇفىنىڭ رۇبائىيلىرىغا يەنە شەرھ يازىدۇ ۋە ئۇنى «ئەل - مۇئالەجات ئەل - مۇئارره بابىن نۇسەخىل مۇجەررەبا » («سىنالغان رېتسېپلار بىلەن ئاياغلاشقان داۋالاشلار ») دەپ ئاتايدۇ.

بۇ شەرھمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ ، «شەرھى رۇبائىياتى» <تېببي يۇسۇفى> («تېۋىپ يۇسۇفى رۇبائىيلىرىنىڭ شەرھى») دېگەن نامدا لىتوگرافىك ئۇسۇلدا ھىندىستاننىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىدە كۆپلەپ نەشر قىلىنغان.

تۇرلۇك سەۋەبتىن بولىدىغان باش ئاغرىقى

ئەي باش ئاغرىقدىن چەككۈچى ئەلەم ،

ھەربكەت قىلمىغىن ، دەم ئالغىن ھەردەم.

تاجىگۈل ، بىنەپشە ، بۇغداي گېپىگىن ،

قايىنتىپ سۈيىگە پۇتنى سال بىردەم.

قاندىن بولغان باش ئاغرىقى

بېشىڭ ئاغرىغاندا ، سەۋەب بولۇپ قان ،

سەرارۋي تومۇردىن ئاچقۇز دەل شۇئان.

گولاپ ، قەنت ، لىموندىن شەربەت قىلىپ ئىچ ،

يېسىمۇق ، ماش بولسۇن تامىقىڭ ھەرئان.

سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى

بېشىڭ سەپرا بىلەن ئاغرىسا جېدەل ،

يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن سۈركىگىن سەندەل.

نارەنج شەربىتىدىن ئىچكىن ، تامىقىڭ

ئارپا سۈيى ، ماش ، ئۆگرە بولسۇن مەھەل.

بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى

ھەركىمدە باش ئاغرىق قوزغىسا بەلغەم ،

فەرفيون ، سۈركىسۇن ، قوست يىغىدىن ھەم.

بەديياناقايناتمىسى ۋە ھەسەل شەربەت ،

غىزاسى كەپتەرنىڭ گۆشىدۇر ھەردەم.

سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقى

سەۋدادىن ئېزىلىپ ئاغرىسا بېشىڭ ،

رېۋپېچەك  شەربىتى بولسۇن يولدىشىڭ.

بادام ۋە بابونە  يېغىدىن سۈركە ،

نوقۇت ، ئۈگرە بولسۇن غىزايۇ - ئېشىڭ.

ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى

قۇياشنىڭ تەپتىدە يۈرگەچ نائىلاج ،

باش ئاغرىق يۈز بېرىپ ، ئۆزگەر سە مىزاج ،

ئىسمىلاق شەربىتى ، گۈلخەيرى سۈيىن ،

بىرگە قوش ۋە سۈركە ، شۇ ياخشى ئىلاج.

سوغۇقتىن يۈز بەرگەن باش ئاغرىقى

ساڭا تەسىر قىلسا سوۋۇغان ھاۋا ،

باش ئاغرىق يۈز بەرسە بولساڭ بىناۋا ،

مۈرمەكى ،ئەنبەرو  لادەنو  مۇشكىن.

زەيتۇندە  ئېيۋېتسپ سۈركە ، شۇ داۋا.

باش ئاغرىقدىكى ياخشى بەلگە

كىشىدە باش ئاغرىق يۈز بەرسە ئەگەر.

بېشىغا يۈز تۇمەن غەم - دەرد ياغدۇرار.

بۇرۇندىن كەلسە قان يا يىرىڭ ، دېمەك

باش ئاغرىق ، بىل ، ئۇندىن يۈزنى ئۆرەر.

شەقىقە (باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش )

ئەي سەن شەقىقدىن چەككۈچە ئازاب ،

داۋانىڭ يۈزىدىن كۆتەرگىل نىقاپ.

زەفران ، ئەپيۈننى يىلىم بىلەن ئەز ،

گولاپتا خېمىر قىل ، سۈركىگىن شۇتاپ ،

قاندىن يۈز بەرگەن سەرسام سەرسام - مېڭە ئاغرىقى.

دوستلاردىن ھەركىمدە يۈز بەرسە سەرسام ،

ئۇنابى شەربىتى ئەڭ ياخشى تائام.

ئارپا ۋە ماش يېگۈز ، قاينىتىپ پۇرات ،

يۇمغاقسۇت ، ئالما ، سەندەل ، گۈلاپ مۇدام.

سەپرا ۋە سەۋدادىن بولغان سەرسام

سەرسامنىڭ سەۋەبى بولسا سەپدايىڭ ،
ۋە ياكى قوزغىسا ئۇنى سەۋدايىڭ ،
ئالخۇرى ئېۋىتىپ ئىچسۇن ، بىنەپشە
سۈيىگە سالغايسەن قول ۋە ئاياغىڭ.

بەلغەمدىن يۈز بەرگەن سەرسام

سەرسامىڭ يۈز بېرىپ قالسا بەلغەمدىن ،
جامىڭ تولۇپ تاشسا دەرد ئىلە غەمدىن.
بەلغەمنى يوقىتىش تەدبىرىنى قىل ،
شۇندىلا قۇتۇلغايسەن ئوشبۇ ئەلەمدىن.

سەرسامدىكى يامان بەلگە

ھەر كىمكى سەرسامدىن تارتىپ كۆپ زىيان ،
بىخۇلۇق يىبىردە ياتقىنى زامان.
سۈيدۈكى ئوخشىسا مىسالى سۈغا ،
دېمەك ، ئۇ ئۆلۈمدىن بولدۇ نىشان.

سەرسامدىكى ياخشى بەلگە

كېسەل كۆرپىنى كۆتۈرۈپ سەرسام
كەلگەندە ئالجىپ ، سۆزلەرسەن مۇدام.
مەقئەد تومۇرلىرىڭ ئىششىسا ئەگەر
تۈزىلىپ كېتەرسەن بىراقلا تامام.

نسيان (ئۇنۇتقاقلىق)

ئىقبالىڭ يولىغا توساق بوپ نىسيان ،
ھالىڭ ئۇندىن بولسا دائىم پەرىشان.
دەفئىگە كۇپايە ھەركۈن بىر مىسقال ،
ماددە تۇل ھايات  دىن يېگىنىڭ زامان.

ئۇيقۇسىزلىق

ئۇخلاشقا قويمىسا كۈچىيىپ سەپرا ،
سۈرگى ئىچسەڭ بولار مۇناسىپ داۋا.
شۇندىن سوڭ ، ئارپا ۋە كۆكنار سۈيىنى ،
باشتىن قويۇش ئۈچۈن قىلغىن موھەييا.

ئۈيقۇسىزلىقتىكى يامان بەلگە

ئۇخلىيالماي بىمار چەككەندە ناۋا ،
داۋاغا قول ئۇرماق مۇمكىنمۇ ئەمما.
قۇرۇق يۆتەل بولسا ھەمراھى ئۇنىڭ ،
تەگمە ، پەقەت ئەجەل بولىدۇ داۋا.

ساراڭلىق

ساراڭلىق غارىبغا غۇلسا ئىنسان ،
سەۋدا سۇرگىسىنى بەرسۇنلەر شۇئان.
غەمنى ھايدىغۇچى ، خۇرسەن قىلغۇچى
دورىدىن ئىچكۈزۈپ ئەيلىسۇن شارمان.

يەنە ساراڭلىق ھەققىدە

ئەقىل قاچار بولسا ، ھەرتەندىن يىراق ،
ساراڭلىق تەسرى يۈز بىرەر شۇچاق.
گۆزەللەر ئۆزىگە تىكسۇن كۆزىنى ،
چاڭ ، نەي ئۈنىگە سالسۇن ئۇ قۇلاق.

يەنە شۇ ھەقتە

سەۋدا خىلىتى ئېشىپ ، لىق تولسا بەدەن ،

ساراڭلىق يۈز بەرگەن بولسا شۇ ۋەجدىن.

كېسەل قاچار ئوتتىن تۈتۈن قاچقاندەك ،

ھەمىشە ئىچكۈزسەڭ قىپقىزىل مەيدىن.

ئىششىق

ساداقەت بابىدا كىم ئاشىق بولسا ،

ئاشىقلىق يولىدا ئۇ سادىق بولسا.

ئۈستا تېۋىپ ئۇچۇن بۇ پەرىشانغا ،

داۋاسى ۋىسالدۇر مۇۋاپىق بولسا.

كۆز تورلىشىش

بەلغەم بۇغى ئەگەر سالسا پىراقا ،

قاراڭغۇلاشسا كۆز تۇرغاچ ئاياقا.

قاقى گۆش ، كاۋاپ يەپ نەزەر سالمىسۇن ،

پىيازغا ئوخشاشۇ ھەمدە سامساقا.

باش ئايلىنىش

بۇغلاردىن ئايلانسا كىشىنىڭ بېشى ،

ئازغىنا ئەتىدىغۇل بولسۇن يولدىشى.

ئىچىملىك - لىموننىڭ شەربىتى بولسۇن ،

زىخ كاۋاپ بولسۇن ھەم غىزاسى - ئېشى.

سەرئى (تۇتقاقلىق)

تەقدىر سەرئى كېسەل قىلسا نامايان ،

ھۆل مېۋە يېمىسۇن قىلىدۇ زىيان.

ئۆچكىنىڭ گۆشىدىن يېمەي ، بوينىغا

ئۆرى سەلىپ ئېسىپ يۈرسۇن ھەر زامان.

يەنە شۇ ھەقتە

تەقدىر تۇتقاقلىققا دۇچ قىلغان زامان ،

قان ئالدۇر ، سەۋەبى ئەگەر بولسا قان.

ئېنىق بولسا باشقا خىلىت بارلىقى ،

سۈرگە ئىچ ، شۇدۇر يول ساغلاملىق تامان.

سەكتە (مېڭىگە قان چۈشۈش)

ئاياقتىن غۇلاتسا سەكتە ناگىھان ،

سەزگۈ ۋە ھەرىكەت بولىدۇ نىھان ،

كۆرگىنكى ، يۈزى بىلەن كۆزى قىزىلدۇر ،

«سەرارۋى» تومۇرىن ئاچقۇز شۇ ھامان.

سەكتىنى ئېنىقلاش

سەكتە بولغۇچىنىڭ چىقماي نەپسى ،

ئۆلۈكمۇ - تىرىكمۇ بولسا شۈبھىسى ؛

تىرىككە ھېسابتۇر ، كۆزىگە باققاچ ،

كۆرۈنسە كۆز ئىچىدە كىشى سايىسى.

كابۇس (قارا بېسىش)

كابۇس ئىللىتىگە يولۇقسا كىشى ،

ئۇخلىسا ئارتىدۇ غەم ۋە تەشۋىشى

كېسەلگە سەۋەبچى بولغان ماددىنى

تېنىدىن قوغلىسا ، ساز بولار ئىشى.

كابۇستىكى يامان بەلگە

كابۇس بولسا كىمدە پات - پات تەكرار ،

ئەقلى يوقتۇر داۋا قىلمىسا زىنھار.

ئاخىر ساراڭ بولار ياكى تۇتقاقلىق.

سەكتىن سىھھەتى بولار تارمار.

ئۇيۇشۇش

ھەركىمدە ئۇيۇشۇپ تۇرسا ھەرئەزا ،

قۇسۇش بىلەن ئاڭا قىلىنسۇن داۋا.

قۇستىنىڭ يېغىدىن سۈركىسۇن ، زەخمەت

يوقىلىپ مەقسىتى بولغۇنچە راۋا.

پالەچ

كىمنىڭ ئەيشى بولسا پالەچتىن ۋەيران ،

يېرىم تەندىن كېتەر ھەرىكەتۇ - جان.

بىرىنچىدىن باشلاپ تا تۆت كۈنگىچە ،

پەقەت «مائى ئەسەل» ئىچسۇن ھەر زامان.

يەنە پالەچ ھەققىدە

تۆتىنچى كۈندە پالەچ ئىللىتى ،

پەقەت بەرگەي «مائى ئۇسۇل« شەربىتى.

كەپتەر باچكا گۆشى ھەمدە نوقۇتتىن ،

زىرە ، زەپەر قوشۇپ يېسۇن تاماقنى.

يەنە پالەچ ھەققىدە

ئون تۆت كۈن ئۆتۈپ ، پالەچ قالسا ساقايماي ،
»ئەمەل«  ئۈچۈن تېۋىپ جىددىي قول سالغاي.
سۈرگە دورا بەرگەي ئىككى يا ئۈچ رەت.
بەلكىم تۈزىلىشكە قاراپ يول ئالغاي.

يەنە شۈ ھەقتە

پالەچ شىغا تەرەپ يۈزىدىن ئۆرۈسە ،
مۈنزىچ مۈنزىچ -سۈيۈق ، خام خىلتلەرنى دورا بىلەن يېتىلدۈرۈش.
 سۈرگىلەردىن مەنپەئەت كۆرسە ؛
فەرفىيون ، سىيادان ، قۇست يېغىدىن
پايدىدۇر ئىمكانىنىڭ بېرىچە سۈرسە.

يۈز پالچى (لەقۋا)

لەقۋا كىم ، ھەركىمگە يۈزىنى تۇتار ،
ساقلىقى قولىدىن ئۈچقاندەك كېتەر.
كۆن ۋە تۈن ئاغزىدا موسكات ياگاقىن

ساقلىسا ئەلۋەتتە كۆپ پايدا يېتەر.

يەنە شۇ ھەقتە

ھەركىمگە لەۋانىڭ ئىللىتى يېتەر ،
ساقلىقىن يوقىتىپ پەرىشان ئېتەر.
ئىككى - ئۈچ قېتىم يېسە «ئىيارەج» ھەبنى ،
بەلكى بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەر.

تىترەك كېسىلى

بەلغەم ئېشىپ كېتىپ تۇتقاندا تىترەك ،
مۇناسىپ دورىدىن ئىچكۈزگەن خوپراق ،
سەۋەبى مەي ياكى جىمائدىن بولسا ،
مەي بىلەن جىمائدىن بولسۇنلار يىراق.

ئەزالارنىڭ لىپىلدىشى

ئەزا لىپىلداش گەر كۆرسە يۈزىن ،
لىپىلدىغان يەرگە باس قىزىتىپ تۈزنى.
بۇنىڭ بىلەن كەتمىسە بەدەن پاكلىقى
ھەبب كەر يار قىلسۇن شۇ زامان ئۆزنى ،

پەي تارتىش (چەنگەك)

بەدەندە پەي تارتىشنى قوزغىسا بەلغەم ،

ئازابلىق ئاشىدۇ ، راھەت بولار كەم.

بەدەننى تازىلا ، ئۇنداق قىلمىساڭ

ئېغىرلىشار كېسەل ئورنىغاچ مەھكەم.

پەي سوزۇلۇش

گەدەن قېتىپ قېلىش تەمەردۇد

ھەركىم تەمەردۇدقا بولسا گىرىپتار ،

سۇرگىدىن ئىچكەندە پايدا قىلسا يار ؛

تېنىگە كەفتار كەفتار - سىرتلان ، يالدار بۆرى.

نىڭ يېغىدىن ياكى

ئېيىقنىڭ يېغىدىن سۈركىسۇن تەكرار.

»بەرەد« (كۆزگە ئاق خال چۈشۈش)

ئەي كۆزى «بەرەد» تىن تارتىۋاتقان دەرد ،

ساڭا ياردەمچىدۇر ئەقىل ۋە خىرەر خىرەرد - ئىدرەك ، پەھىم ، زېھىن.

كەۋرەك ئەنگۈزە ئۈششاق  سىركىدىن

كۆزنگە سۈركسە قوغلىنار «بەرەد.«

كۆزدىكى ئەگرى ياكى تەتۈر كىرپىك

ئەگرى ياكى تەتۈر كىرپىك بولسا دەرد ،

مېڭىنى پاكلاشقا كىرىشكىن بېھەد.

پاكلىشىڭ ئەمەلگە ئاشقاچ پۈتۈنلەي

تەشمىر تەشمىر - كېسىش ، يېرىش.

قىل ، خۇدايىم ئەيلىسۇن مەدەد.

كۆز گىرۋەكلىرىنىڭ ئىششىقى

كۆز گىرۋىكى قېلىنلاپ ئىششىسا پات - پات ،

پايدىلىق بىر سۆزنى مەندىن ئالغىن ياد.

سېمىز ئوت ياپرىقى ، تۇخۇم ئېقىنى ،

قوشۇپ كۆزگە چاپلا ، دەرد بولار بەرباد.

كۆز بۇرجىكىنىڭ ئىششىقى

كۆز بۇرجىكى ئىششىپ ئېچىلمىغان ئان ،

ئۇنى «غەزەپ» دېيىشەر ، ئەي سېخي ئىنسان.

ماش ئېزىپ ئۈستىگە قويۇلسا ئەگەر ،

ئۈمىد باركى داۋا بولار شۇ زامان.

كۆز ياللۇغلىنىش

كۆز ئاغرىقى باشلىنىپ ئۆتسە نەچچە كۈن ،

ساقلىق ئاھۇسىنى تۇتماقلىق ئۈچۈن ،

چەشخامۇ ، مامىران ، مىسىر ناۋاتىن

كۆزگە سۈرت ، يانچىپ خۇددى قىلىپ ئۇن .

تۆرفە (كۆز ئېقىغا چېكىتسىمان قان چۈشۈش(

كۆز ئېقىغا قان چۈشۈش بولغاندا زاھىر ،

دىلىڭ بولسا ئاندىن پەرىشان خاتىر ؛

كۈندۈر كۆيدۈرۈپ تۇتساڭ تۈتۈنگە كۆز

تۈزۈلمەي قېلىشى كام بولۇر سادىر.

كۆز ياشاڭغۇراش (دەمئە)

دەمئەسىرىن دانا ئىسسىقتىن كۆرسە ،

بىلسۇنكى ، پايدىدۇر سۈرمەدىن سۈرسە.

سوغۇق مىجەز بولسا سەۋەبى ، تۆگەر

كۆزنگە «باسلىقۇن» سۇركەپلا بەرسە.

كۆز يارىسى

يارا سەۋەب بولۇپ ئاغرىغاندا كۆز ،
دەردىدىن سارغىيار گۈل مىسالى يۈز.
يىرىڭدىن پۈتۈنلەي پاك بولغاچ كۆزۈك ،
داۋا ئۈچۈن كۈندۈر شىيافىنى تۈز.

كۆزگە ئاق چۈشۈش

ھەرقاچان كۆزۈڭدە پەيدا بولسا ئاق ،
شىپاسى نىمدۈر ئىزدە بالدۇرراق ،
لالە سۈيى بىلەن ھەسەلنى سۈرسەڭ ،
تۈزىتەر كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقان ۋاق.

كۆز قارىچۇغىنىڭ تارىيىشى

«تارىيىش» دەردىگە دۇچ كەلسە كىشى ،
ئېيتاي مەن نىمە قىلسا كېتەر تەشۋىشى ؛
ھۆللۈكتىن ئۆزگىسى بولمىسا سەۋەب ،
زەفران شىيافىن لازىم سۈرتىشى.

کۆزگە سۇ چۇشۇش (کەتەرەکتە)

کۆزگە «سۇ چۇشۇش» بولغاندا بونیاد ،
غەمکىن دىل ، سەۋرىمۇ بولىدۇ بەرباد.
»ھەببى زەھەپ« تەييار قىلىپ ئىچكۈزسە ،
ئاغرىقى تۈزىلىپ بولۇر كۆڭلى شاد.

قۇلاق ئېغىرلىقى

ئاڭلىغىن ئېغىر بولۇپ قالغاندا قۇلاق ،
بىر سۆز ئېيتاي ساڭا ، خوش كەلسە بىراق.
بەلغەم سەۋەب بولسا بۇ ئىللەت ئۈچۈن
بەلغەمنى سۈرگۈچى دورا ئىچ شۇ چاغ.

قۇلاق ئاغرىقى

سەپرادىن قوزغالسا قۇلاق ئاغرىقى
يۈز - كۆزدە كۆرۈنەر ئۇنىڭ سېرىقى.
مۇنزىجتىن كېيىن يېسەڭ بىنەپشە ھەببىن ،
داۋاسى ساز بولار - شۇ يولىيورۇقى.

قۇلاق يارىسى

يېگى بولسا ئەگەر قۇلاق يارىسى ،

»ئاق مەلھەم« ئىشلەتكىن باردۇر پايدىسى.

كونا بولسا بىراق پايدىلىق دورا ،

ھۆكۈزنىڭ ئۆتىدىن ئەمەس ئۆزگىسى.

قۇلاقتا قۇرۇت پەيدا بولۇشى ياكى ئۇنىڭغا بىرەر جانىۋارنىڭ كىرىشى

تەگرى تەقدىرى بىلەن قۇلاققا ئازار

يەتكۈزسە قۇرۇت ياكى كىرسە جانىۋار.

سەبۇر ، دەرمەنە ۋە كاۋۇل سۈيى

تامغۇزساڭ ، ساقلىق يۈز كۆرسىتەر ، ئەي يار.

قۇلاققا سۇ كىرىش

تەڭرى ئەمرى بىلەن قۇلاققا ھەردەم ،

سۇ كىرسە ، ئەي دىلى چەشمەئى كەرەم.

قۇلاققا بەدىيانىنىڭ چۆپىدىن سوقۇپ ،

سۈرسىگىز سۇ چىقىپ كېتىدۇ شۇ دەم.

پۇراش سېزىمىنىڭ بۇزۇلۇشى

هد بىلىش قۇۋۋىتىڭ تاپقاندا نۇقسان ،

هدنى سېزىش قىيىن ياخشىمۇ ، يامان ؛

قۇيۇق خىلىتلەر بولسا ئۇنىڭ سەۋەبى

سۇرگى دورا ئەستىن چىقمىسۇن ھەرئان.

بۇرۇننىڭ سېسىقلىقى

سېسىق ھىد پۇرقىراپ چىقسا بۇرۇندىن ،

بارچە تەبىئىتى خىر بولار ئاندىن.

داۋا ئۇچۇن تېۋىپ سۇنبولنى سوقۇپ ،

پۇدىشى لازىمدۇر سېسىق بۇرۇندىن.

بۇرۇن ئىچى قۇرۇش

ئىسسىقتىن ھاياتىڭ سوۋۇغان زامان ،

بۇرنۇڭ قۇرۇپ ، غەمكىن بولساڭ ناگىھان ؛

سېمىز ئوت سۈيىنى بادام يېغىدا

پېشانە ئۇستىگە سۇركە ھەرقاچان.

بۇرۇن يارىسى

بۇرۇننىڭ يارىسى ھۆل بولسا ئەگەر ،

يۇرۇش ۋە تۇرۇشۇڭ تامام ئۆزگىرەر.

»ئاق مەلھەم« تاپساڭ ۋە ئىشقا سالساڭ تېز ،

كېسەلنىڭ تۇنىگە يەتكۈسى سەھەر.

ئىسسىق تومۇ (زۇكام)

ئىسسىق زۇكام بىلەن ئاغرىسا كىشى ،

نىلۇپەر شەربىتىن لازىم ئىچىشى.

شەربەتتىن سوڭ يەنە ئارپا ۋە ماشتىن

غىزا قىلىپ يېسە ، ساز بولار ئىشى.

سوغۇقتىن بولغان زۇكام

سوغۇق زۇكاملىقنى بىلگەچ بىلىمدان ،

زۇفا شەربىتىدىن ئىچمىكى ئايان.

تاماققا نوقۇتنىڭ شورپىسىن ئىچسە ،

نەپ تېپىپ تۈزىلىپ كېتەر بىگۇمان.

كالپۇك يېرىلىش

كالپۇكۇڭ يېرىلىپ بولغاندا زاھىر ،

ئۇنىڭ داۋاسىغا تېز بولغىن ھازىر.

سەپرا بولسا ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى ،

قوغلاشقا سۈرگىلەر بولىدۇ قادىر.

يەنە شۇ ھەقتە

لەۋ يېرىلىپ ئازاب چەكسە ھەر ئىنسان ،

قۇرۇق -ئىسسىق يېمىش قىلىدۇ زىيان.

توخۇ يېغى بىلەن تۇخۇم ئېقىنى

مەلھەم قىلىپ ياقسۇن لېۋىگە شۇئان.

كالپۇك ئىششىقى

كىشى لېۋى قاندىن ئىششىپ قالغان دەم ،

قىلىپ شىكايەت چېكىدۇ ئەلەم ،

ئىچىنى يۇمشاتمىسا ، قان ئالدۇرمىسا ،

ئۆزى ئۆزى ئۆچۈن قىلىدۇ ستەم.

ئېغىزدا بولىدىغان ئىسسىق چاقا

ئىسسىق چاقا بولسا ئېغىزدا ھەرئان ،

داۋادىن قاچتىڭمۇ تارتىسەن زىيان.

قىزىلگۈل ، ئانارگۈل تاتىمنى ئېزىپ ،

سېپىپ تۇرماق كېرەك ئاگا ھەرقاچان.

ئېغىزدا بولىدىغان سوغۇق چاقا

سوغۇق چاقا بولسا ئېغىزدا پەيدا ،

غەم يېمەك سەۋەبى ساگا مۇھەييا.

ئاگا خىنا بىلەن ئاچىقتاش سەپسەڭ

ئەجەپ ئەمەستۇركى ، بولسا چوڭ داۋا.

ئېغىزدىن سۇ ئېقىش

ئاغزىڭدىن سۇ ئاقسا سوۋۇغاچ مىجاز ،

يەنە سوغۇق يېسەڭ پايدا قىلماس باز.

ئۇر بىلەن زىرىدىن ئىللەت كەتكىچە

»گۇۋارىش« قىلىپ يە ، پايدا قىلار ساز.

ئېغىز پۇراش

يامان ھىد ئاغزىڭدىن كەلسە ناگىھان ،

خەلق ئۇلپەت بولۇشتىن قاچار ھەر تامان.

خىلىتنى ھەيدىگۈچى سۈرگىدىن ئىچسەڭ ،

قۇتۇلۇش داۋاسى بولىدۇ ئاسان.

چىش ئاغرىقى

ئىسسىقتىن ئاغرىسا چىشىڭ ناگىھان ،
سىركىگە گۇلاپ قوش ، چايقا شۇ ھامان.
ئىچىش ئۈچۈن ئىزدە ئىسكەنجىۋىلنى ،
يېيىشىڭ ماش ، قاپاق بولسۇن ھەر زامان.

چىش قامشىش

قامشىپ بىئارام ئەيلىسە چىشىڭ ،
سۆزۈمنى ئاڭلىماق ئەڭ زۆرۈر ئىشىڭ.
سىمىز ئوت ئۇرۇقى يېگىن ، داۋا قىل ،
چۈنكى دەرد كۈچەيسە ئارتار تەشۋىشىڭ.

چىش قۇرتى

قۇرتتىن تەشۈش يەپ ، چىشىڭ بولسا خار ،
ئۈمىدنى ئۈزمىگىن ، تەگرى شىپاكار.
گەندانا ئۇرۇغىن ئۆچكە يېغىدا ،
كۆيدۈرۈپ چىشنى تۇت ، قۇرت قالماس زىنھار.

چش ملىكنىڭ بوششى

ملىكلىرى بوششىپ كىم بولسا بەدھال ،
كۆپ ئۈزاق بولماستىن دېسە ئۇ بىھال
قىزىلگۈل ، ئانارگۈل ئىزىپ ھەر كېچە
ملىكىگە ئاز -ئازدىن سەپسۇن ئۇ دەرھال.

ملىكنىڭ قانىشى

ملىك قېنى كۆڭۈلنى قىلار بولسا تار ،
»سونۇن» سونۇن -چىشقا سېلىنىدىغان ياكى سۈركەيدىغان دورا.
غا بولارنى ئەيلسۇن تەييار.
مازى ئاقاقىيا   يەسمۇق ، كۇندۇر ،
ئاچچىقتاش ، قىزىلگۈل ئۇرۇقى ، گۈلنار.

ملىك ئىششىقى

قاندىن ھاسىل بولسا ملىكلەر ئىششىق ،
قاننى ئالدۇرمىسا ئاشىدۇ تەشۋىش.
سەۋەبى بولسا ئەگەر ئاگا باشقا خىلىت ،
لازىم ئاگا يەنە سۈرگىدىن بېرىش.

مىلىكنىڭ چىرىشى (مىلىكنىڭ يەل تارتىشى)

مىلىكىڭىز يەل تارتسا ، ئەي خۇشخۇي ئادەم ،
سۆزۈم ئاڭلا ، ئىزدە شۇنداق بىر مەلھەم.
كۈندۈر تېپىپ ، سوقۇپ ھەسەل ۋە سىركە
توقاي پىياز بىلەن سۈركەپ تۇر ھەردەم.

تەم سېزىشنىڭ بۇزۇلۇشى

تەمنى سېزىش ھېسسى يوقالغان زامان ،
تەمنى بىلمەي تاماق يېيىلمەس ھامان.
غالىپ خىلتنى  قوغلا بەدەندىن ،
ئۇيغا چۆكمە ، كېسەل يوقىلار ئاسان.

تىلنىڭ قوپاللىشىشى

ئەي سەن ، قوپاللىشىپ قالغاندا زەبان ،
چىرايىڭدا بەلغەمدىن سېزىلسە نىشان ؛
خەردەل ، سىركە بىلەن كېسەل كەتكىچە
ئېغىزنى چايقىغىن بارىچە ئىمكان.

تىلنىڭ ئىششىشى

تىلنىڭ ئىششىشىغا سەۋەب بولسا قان ،

ھەدىدىدىن تاشقىرى قىزىدار زەبان.

ھەركىم سۆزىن ئاڭلاپ قان ئالدۇرمىساڭ ،

ئاقىللار پىكرىچە ساراڭسەن يامان.

تىلنىڭ يېرىلىشى

ھەركىمنىڭ يېرىلسا تىلى ناگىھان ،

سۆز ئۇچۇن تەشۋىشى ئاشىدۇ ھەرئان.

ئىسپەغۇل  شىرنىسى ئىچكۈز ، كەتىدا

ئۆۋېتىپ ئېغىزدا تۇتسۇن ھەرزامان.

تىلنىڭ كۆيۈشى

ناگىھان كۆيگەندە ، ئېچىشقاندا تىل ،

ئۇندىن ئوت ئالۇر ۋە كۆيەر خەستەدىل.

سېمىز ئوت شىرنىسى ، بېھى ئۇرۇغىن

سۈيىنى ئېغىزدا دائىم ئاسرىغىل.

تىلنىڭ قۇرۇشى

قۇرۇقلۇقتىن كاكىراپ قالغاندا زەبان ،

سەۋەبى هارارەت بولۇپ ناگىهان ؛

سىمىز ئوت شىرنىسى ؛ ئىسپەغۇل سۈيى

بىلەن چايقا ئۇنى ، كېتەر بىگۇمان.

كىچىك تىل ئىششىقى (لەتلۇك)

كىچىك تىل ئىششىقدىن ئۆزگەرسە ئەهۋال ،

سەۋەبى قان بولسا ، قان ئالدۇر دەرهال.

ئاندىن تاتىم سۈيى بىلەن  قىلساڭ غەر - غەرە ،

ئىللەتتىن قۇتۇلۇپ بولارسەن خۇشال.

كىچىك تىلنىڭ بوشىششى

كىچىك تىلنىڭ سۇسلىقى يۈز بەرگىنى دەم ،

سەۋەبى شۆبهىسىز بولغاندا بەلغەم ؛

غەر - غەرگە خەردەل ، ئىسكەنجبىننى ،

بېرىشى لازىمدۇر تېۋىپ ئاشۇ دەم.

ئىككى بادامسىمان بەزنىڭ بوشىششى

ئىككى بەز سۇسلىقى بولسا نامايان ،

ۋە ئاندىن خاتىرەڭ بولغاندا يامان ؛

گولاپ ، مازى بىلەن غەر - غەرە قىلساڭ ،

چەكسىز پايدا تېپىپ بولارسەن ئامان.

هوناق (ئانگىنا)

قان ئالدۇر تامىقىڭ ئاغرىغان زامان ،

نىلۇپەر شەربىتى تېپىپ شۇ هامان.

ئالخۇرى سۈيى بىلەن ئىچۇر تاتىمدىن ،

غەر - غەرە ئەيلىگىن بارىچە ئىمكان.

زۇلۇكنىڭ تاماققا يېپىشىپ قېلىشى

تاماق قېنى بەرسە زۇلۇكتىن خەۋەر ،

توختىماي قان ئاقسا تاماقتىن ئەگەر ؛

خەردەل سۈيىنى ئېلىپ تۇز بىلەن غەر - غەر

قىلىشتىن باشقىى يوق بۇندىن ئۆتەر.

تاماق يارىسى

كۆزۈم نۇرى ، يارا بولغاندا تاماق ،

سۆز ئىبىتاي ، سۆزۈمگە سالغىن سەن قۇلاق.

ئەنزىرەت بىلەن گۈل ئۈرۈغىن ئىزىپ ،

مۇمرەۋغەن بىلەن يە ، ئاز - ئازدىن شۇچاق.

يىگىنە يۇتتۇۋېلىش

يىگىنە يۇتۇپ غەمگە پاتقاندا مۇتلەق ،

تەدبىر ھېكمەتتىن ئەمەستۇر يۇراق.

ماگىنتتىن سوقۇپ ، ئەزبىر دىرەمنى ،

ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئىچكىن چاققانراق.

قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقى

مەئدە سىرى غىزا يولى ناگىھان

ئىششسا سەۋەبگە قارا شۇ ھامان.

ئىششىق سەۋەبى ئېنىق بولغاندىن كېيىن ،

لايىق تەدبىر قوللان ، ئەي دانا ئىنسان.

ئاۋازنىڭ بوغۇلۇشى

ئاۋازنىڭ بوغۇلسا ، گەپكە قۇلاق سال ،

ئازغىنا ناۋات ۋە ئازراق مەسكە ئال.

بىرىگە بىرىنى قوشۇپ يىگىن - دە ،

ئىقبال دۈشمەننى غەمگە ئەيلە دال.

نەپەس سىقىش

نەپەس سىقىش كىمگە يار بولسا ئەگەر ،

يامان ھىد ، چاڭ توزاڭ دۈشمىنى بولار.

سوغۇق سۇ ، توقلۇق ۋە كۆندۈزكى ئۇيقۇ ،

يامان ھىد ، تۈتۈن ۋە چاڭدىنمۇ بەتتەر.

يەنە شۇ ھەقتە

نەپەس سىقىلىشتىن پەيدا بولسا غەم ،

ساقلىق يولى ئۇندىن تاپىدۇ بەرھەم.

«سوغۇق زۇكام» ئىچىدە زىكرى قىلىنغان ،

دورىدىن بەر ، بولسا سەۋەبى بەلغەم.

سىل ئىللىتى

سىل ئىللىتىدىن ھەركىم بولسا خار ،

ئارپا سۈيى ئىچەكنىڭ سۈتىن بەر تەكرار.

ھەرقانچە قىلساڭمۇ تۈزۈلمىسە ئۇ ،

تەسەللىي ئۈچۈن قول تارتمىغىن زىنھار.

ئۆپكىگە سۇ يىغىلىش (پىلىۋرىت)

كىمنىڭ ھالى بەرسە بۇ دەردتىن خەۋەر،

ئېيتاي نېمە قىلسا يوقىلار خەتەر.

باسلىقتىن قان ئېلىپ چىلان سۈيى ۋە

ئىلۇپەر شەربىتى ئىستېمال ئېتەر.

خاپىغان (گىپپېرتونىيە - يۇقىرى قان بېسىم)

خاپىغاندا پەرھىز يولىن تۇتقىن،

ھېكمەتلىك سۆزۈمنى كۆڭلۈڭگە پۈككىن.

تەقدىر نەگە ياقسا غەم ئوتلىرىنى،

تېزغىنا ئۇ يەردىن قاچقىن - دە كەتكىن.

سەپرادىن بولغان ئىسسىق خاپىغان

ئەي ئىسسىق خاپىغان دەردىدىن ئەلەم

چەككۈچى داۋادىن سۇ سەپ ئاڭا ھەم.

گۈلاپ، كافۇر، سەندەل، ئالما سۈيىنى

ئۆزئارا قوشقىن - دە، سۈركىگىن شۇدەم.

قاندىن بولغان خاپىغان

قاندىن سوقۇپ كەتسە يۈرىكىڭ ھەردەم ،

دائىم ياندا بولسۇن دىلرەبا سەنەم.

گاھ سۆيۈپ ۋە گاھى قۇچاقلاپ ، تۆككىن

قۇتىغا مارجاننىڭ شادىسىدىن ھەم.

سوغۇق خاپىغان

سوغۇقتىن باشلىنىپ قالسا خاپىغان ،

سۆزۈمنى ئاڭلىغىن ، ئەيلىگىن جەۋلان.

ئەنبەر ، ئۈر ، سترونىنىڭ پۈرستىنى ھىرلا ،

كۆكسۈڭگە «غالىيە «چاپلىغىن شۇئان.

ھوشىدىن كېتىش (غەش)

بىلىم كۆزىنى ئاچ ، يۈز بەرگەندە غەش ،

لازىم ئاڭا نېمە سەۋەب بار ئاڭلاش.

سەۋەبى قاندىنمۇ ياكى سەپرادىن ،

يا باشقا ماددىمۇ بىلىپ داۋالاش.

ئەمچەك ئىششىقى

داۋالاشقا كىرىش ئەمچەك ئىششسا ،
غاپىل بولۇپ ۋاقتىنى قىلمىغىن زايە.
باقلار ئىزىپ ئاگا سىركەنجىۋىل قوش ،
ئىككى - ئۈچ قېتىم سۈركەپ تۇرغىن ھەركۈندە.

سۈت ئازلىق

تەمى ئاچچىق بولۇپ كېمەيگەندە سۈت ،
پەرھىز ئۈچۈن ئەسلا قىلمىغىن سۈكۈت.
نىلۇپەر شەربىتى ، ئارپا سۈيىدىن
ئىچكۈزگىن ئىسسىقتىن ئۈنى يىراق تۇت.

باددىن بولغان مەيدە ئاغرىقى

قوزغالغاندا باددىن مەيدە ئىللىتى ،
سۆزۈمنى ئاڭلىغىن ، جېنىڭ ھۆرمىتى.
پەرھىز قىلدۇر ئۈگرە ، يەسمۇقلاردىن ،
بەرگىن راۋاج بىلەن دىنار شەربىتى.

سەپرا ۋە بەلغەمدىن بولغان مەيدە ئاغرىقى

سەۋەبی بولسا مەیدە دەردىگە سەپرا ،

سۈرگىدىن ساقلىقى بولىدۇ پەیدا.

بىلگەم بولسا ئۇنىڭ سەۋەبى ئەگەر ،

تەندىن ھەیدەپ «رەس رەس - مۇرەككەپ دورا.

«دىن يېگىن دائىما.

سەۋدادىن بولغان مەیدە ئاغرىقى

مەیدە ئاغرىغاندا بىلسە گەر كىشى ،

سەۋدا سەۋەبىدىن ئېرۇر تەشۋىشى.

سۈرگى ئىچۈر ، ئەمما قاق گۆش ، يەسمۇقتا

ئوخشاش نەرسىلەردىن يېمەسلىك ئىشى.

مەیدە ئىششىش

مەیدە ئىششىش ئۇچۈن سەۋەب بولسا قان ،

قان ئالدۇر ، باسمىسۇن سېنى ھاياجان.

ماددىسى بولغاندا باشقا خىلىت ئەگەر ،

»تازىلاش» تازىلاش -سۈرگىلەر ۋاستىسى بىلەن ئىچىنى خىلىتلاردىن تازىلاش.

دەپ بىلگىن داۋاسىن ھەرئان.

قۇسۇش

قەي قلغاندا كىسەل سەپرا ناگىهان ،

شەربەتكە ئىزدىگىن بىھى ۋە لىمان لىمان - لىمون.

.

باشقا بولسا خىلىت مەيىبىھ  مىرتىنىڭ ،

دىندىن شەربەت قىل ، ئىچسۇن ھەر زامان.

قان قۇسۇش

قان قۇسۇش قوزغىسا قورقۇنچ ۋە غەم ،

سۆز ئېيتاي ، سۆزۇمنى ئاڭلىغىن بىردەم.

مىرت دېنى شەربىتى ، ئەرەب يىلىمى ،

سوقۇلغان كەھرەبا بىلەن ئىچ ھەردەم.

ھىق تۇتۇش

«تولۇش» تىن ھىق تۇتۇش كىمگە بولسا يار ،

دورا ئۇچۇن ئۇنىڭغا بۇيرۇماق دەركار.

بوشالغۇچى بولسا ھىق تۇتۇش ئەگەر ،

داۋالاشتىن كەچكىن ، بەرمىگىن ئازار .

مەيدە زەئىپلىكى

مەيدەڭ زەئىپلەشسە ، ھۇش بولسا بىراق ،

تازىلا ماددىنىڭ سىرىن بىلگەن چاق.

مىجەزنى سازلىغۇچى دورىدىن ئىچىپ ،

ۋاقتىنى ئۆتكۈزمە ، ئۇرۇن بالدۇرراق.

ئىشتىھانىڭ بۇزۇلۇشى

(چالما - كېسەك يېيىش)

كېسەك ۋە شۇنىڭدەك نەرسىدىن ئىنسان

يېسە ھالى بولار خارابۇ - ۋەيران.

ئاڭا سەۋەب بولغان خىلتنى مەيدىدىن

قەي قىلدۇر ، سۈرگى بىلەن چىقار شۇ ھامان.

جىگەر ئىششىش

جىگەرنىڭ ئىششىشىغا سەۋەب بولسا قان ،

قان ئالسا ئاندىن نەپ يېتەر بىگۇمان.

باشقا خىلىت سەۋەبى بولسا ، سۈرگىدىن

ئىچۈرگىن تېنىڭدىن قوغلىنار شۇئان.

جىگەر زەئىپلىكى

جاندىن سەبرىك ئالسا جىگەر زەئىپى ،

زىرىق شەربىتىدىن تىپىلۇر نەفى.

توخۇ گۆشى ، مىغىز ، يەنە ئانارىدىن

يىسەڭ ھاسىل بولار بۇ ئىللەت دەفئى.

يەنە شۇ ھەقتە

زەئىپ بولسا ئەگەر ھەركىمدە جىگەر ،

زەئىپلىكتىن كۆرسەڭ يۈزىدە ئەسەر.

بۆيرىغىن ئانار يېسۇن ، لېكىن نارەنج

يىمىسۇن ، شۇبھىسىز كەلتۈرەر زەرەر.

ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى

ھەزىم بۇزۇلۇشتىن يۈز بەرسە زەخمەت ،

بۆيرىغىن سەپەر قىلىپ چەكسۇن رىيازەت.

جىگەر زەئىپلىكى بولسا سەۋەبى

قۇۋۋەت بەرگۈچىدىن يېسۇن ھەر ۋاقىت.

ئىستىقا (سىرىق سۇ كېسەللىكى)

ھەركمدە ئىستىقا ئىللىتى ئاشسا ،

سۇ ئىچمەي تۆگىنىڭ سۇتىدىن يۇتسا.

مۇيەسسەر بولمىسا داۋا ئۇچۇن بۇ،

بولىدۇ تۆگىلەر ئىچىدە ياتسا.

يەنە شۇ ھەقتە

دورى تەلەپ قىلار بولسا ئىستىقا ،

رەۋاج ئىسكەنجىبىن مۇناسىپ داۋا ،

دۇرراج دۇرراچ - قىرغاۋۇل.

ۋە كەپتەر باچكىسىن يېگۈز.

مېۋىدىن ئانارنى بەرسەڭ كۆپ ئەلا.

سېرىق كېسەللىكى

سېرىق بولۇپ سەبرى كەتسە ھەربىر ئەر ،

مۇۋاپىق يوسۇندا قەيگە سۇرگى بەر.

توخۇ گۆشى ، نوقۇت ۋە يەنە قېتىق

ھەمدە ئانار سۈيىن توختاتماستىن بەر.

يەنە شۇ ھەقتە

سېرىق كېسەلدە كىم بولسۇن تامام ،

چاچراتقۇ سۈيى ئىزلىسۇن مۇدام.

تۈزەلمىسە «دىنار»سىركەنجىۋىلدىن ،

ئىچسۇن تۇربۇەرسۇن دائىم سۈبھى - شام.

تەلاق (قارا جىگەر) ئىششىقى

تەلاق ئىششىقىغا گىرىپتار بولسىڭىز ،

قابىز نەرسىلەردىن ئەيلەڭىز پەرھىز.

كاۋۇل كۆچۈلسى ئىچىڭ ، سىركەنجىۋىل بىلەن ،

تەن دۇرۇستلۇق پەيزى ھاسىل بولار تېز.

تەلاق بادى ۋە ئىششىقى

تەلاق بادى دىلنى ئەيلىسە ناشاد ،

قورسىقىڭ كولدۇرلاپ ، پەيدا بولار باد.

»دىنار»شەربىتىدىن ئىچىشىڭ كېرەك ،

تېنىڭنىڭ قۇۋۋىتى بولماستا بەربات.

ئىچ سۈرۈش تەدبىرى

ئىچ سۈرگەندە دورىغا بولساڭ گەر موھتاج ،

سوغۇق باددىن قاچقىن ، بۇ ياخشى ئىلاج.

سوغۇق سۇغا چۈشمە ، سەۋەبى تېنىڭ

ساقلىق تېپىپ ، سىھەت باشقا بولسا تاج.

سەپرالىق ئىچ سۈرۈش

سەپرادىن ئىچ سۈرۈش يۈز بەرسە ئەگەر ،

زىرىق شەربىتىدىن داۋا يوق ئۆتەر.

گۈرۈچنى قىزىت ، زىرىق شەربىتى - لە ،

تاناۋۇل ئەيلىسەڭ ياخشى نەپ بېرەر.

ئۈچەي يارىسى

ئۈچەي يارىسىدىن ، ئەي يۈرىگى داغ ،

كۈنلىرىڭ تۈن بولسا بەمىسالى زاغ ؛

كېسەل تۈنى كېتەر ئەگەر ئەنجىبار

شەربەتتىن تاپساڭ ، ياندۇرساڭ چىراغ.

يەنە شۇ ھەقتە

ئۈچەي يارىسىدا ئۆزىنى بىلمىدان

چاغلىغۇچى كۆكنارنى قايىنتىپ ھەرئان ؛

تازىلاپ مىرىت ياكى ئالما شەربىتى

بىلەن ئىچ ، تاپارسەن پايدا بىگۇمان.

سىركىگە ئوخشىغان قۇرت

ئۆچەيدە تۇغۇلسا «ئۇششاق قۇرت»ئىسمى ،

قىچىشار دوستلارنىڭ مەخسۇس جاي قىسمى.

سەبۇر ، سېدىنەدىن شامچە قىل ، ئازاد

بولىدۇ قۇرت بىلەن توزىغان جىسمى.

قاپاق ئۇرۇقى قۇرتى (كەدۇدانە(

كەدۇدانە ئۆچۈن ئەجداد ئىزىنى ،

تۇتقىن - دە ، ئال بەرەنىق ياڭاق مېغىزىنى.

خورما قوشۇپ ، مەجۇن قىلىپ ئۇخلاشتىن

ئالدىن يە ، كۆرمەيسەن بۇ دەرد يۈزىنى.

بوۋاسىر (گېمورروي(

بوۋاسىر رەنجىدە تەبىبى ھازىق تەبىبى ھازىق - ئۇستا تېۋىپ.

تاۋۇز ۋە ئانارنى كۆرىدۇ لايىق.

»سافىن « دىن قان ئالار ، توخۇ ۋە ئۆگرە ،

ھەمدە زىرىق سۈيىنى كۆرەر مۇۋاپىق.

ئارقا چىقىرىش ئېغىزى (مەقئەت) يېرىلىش

مەقئەت يېرىلىش پەيدا بولغان گېز گېز - چاغ ، ۋاقىت ، مەزگىل.

بىمارنىڭ داۋاغا موھتاج بولۇر تېز ،

ئالما ، بېھى ، زىرىق ، لىمون ، تاتىمگە ،

ئوخشاش قابىزلاردىن ئەيلىسۇن پەرھىز.

مەقئەت ئىششىقى

مەقئەت ئىششىسا تەكشۈر ، بۇ قانداق ئىششىش ؟

قاندىن بولسا لازىم دەرھال قان ئېلىش.

شەپىۆتىلىك دوستلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا ،

سەپرا بولسا لازىم سۈرگىدىن ئىچىش.

بۆرەك تېشى

بۆرەك ئىچىدە ئەگەر مەۋجۇت بولسا تاش ،

نەيزىدەك سانجىلسا ، قالمىسا بەرداش.

ئوغرى تىكەن سۈيىنى تەك كۆلى بىلەن ،

ناھاردا ئىچىلسە ساقلىقا يولداش.

بۆرەك بادى

مەلۇم بولسا كىشى بۆرىكدە باد ،

تۇز ، كېپەك قىزىتىپ بېسىشنى ئال ياد.

بىمار زىرەك بولسا ھەركۈن ئەتىگەن ،

»مان ئۇسۇل«  ئىچسە دىلى بولار شاد.

بۆرەك زەئىپلىكى

بۆرەك زەئىپ بولسا قىمىرلىما شاش ،

»ئەفلونيا«  بولسا داۋاغا موھتاج.

سۈسلىقىدىن ئالەت ئوخشىسا مۇمغا

بۆرەكنىڭ كۈچىدىن قاتار گويا تاش.

بۆرەك ئىششىقى

بۆرەك ئىششىسا ئەسلا تارتمىغىن تەشۋىش

ئىدرەك ئەھلى تۇتقان كەبى تۇتقىن ئىش.

ماددىسى قان بولسا ياكى باشقا خىلىت ،

بەدەندىن قوغلىبان لازىم پاك قىلىش.

بۆرەك يارىسى

بۆرەك يارىسىدىن دىلىڭ بولسا تەڭ ،

سۈيدۈكتە كۆرۈنسە كۆپۈكلەر گۆشرەڭ.

تېنىڭ سىھەت تاپار بىر نەچچە مۇددەت ،

ئۈگرە يېپىلىرىدىن ئۈزمىسەڭ پەنجەڭ.

دوۋساق تېشى

ئەھۋالىڭ قىينىسا دوۋساقتا سەنگى سەنگى - تاش

جېنىڭغا غەم يېتەر يېڭىدىن - يېڭى.

بۇ دەردنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپقا ،

ھەجەرەل ياخۇر نىڭ يوق ئەسلا تېڭى.

دوۋساق ئىششىقى

ئەي دوۋساق ئىششىقىدىن جېنى ئازابتا ،

قىينىلىپ سىمەكتۇر بىلسەڭ بۇ بابتا.

سەۋەبى قان بولسا قان ئال ، سەپرانى

سۈرگى بىلەن قوغلاپ تاشلا - شتابىتا.

دوۋساق بادى

باددىن بولسا دوۋساق دەردى ناگىھان ،

غاپىل بولما ھېكمەت يولىدىن بىر ئان.

كانا كۈنجۈت يېغى ۋە «مائى ئۇسۇل«

ئىچۋەر ، شىپاسىنى بەرگەي ئول زامان.

دوۋساق قىچىشىش

دوۋساق قىچىشىشتىن يۈز بەرگەندە غەم ،

قوبۇل قىل سۆزۈمنى جان دەپ سەن بۈدەم.

تەلۋۈك داۋادىن ھاسىل بولغۇسى ،

ئېشەكنىڭ سۈتىدىن ئىچسەڭ دەممۇ - دەم.

سۈيدۈكنىڭ تامچىلاپ كېلىشى

سۈيدۈك تامچىلاشقا بولسا گىرىپتار ،

ئاندىن دىلىڭ بولسا ھەم غەمكىن ، ھەم تار.

داۋا كىبرەك بولسا «ئەترىفىل« دىن يە ،

يادىڭدىن چىقارما بۇ سۆزنى زىنھار.

قىينىلىپ سىيىش

سۈيدۈكى تۈتۈلۈپ كىشى بولسا خار ،
سوغۇق مىزاج ئاڭا دېلىلدۇر ئاشكار.
ئەرمەن ساداسىدىن   سۈيدۈك يولىغا ،
قۈيۇلسا ئېچىلىپ سىھەت بولۇر يار.

ئورنىغا سىيىپ قويۇش

ئۇيقىدا سىيمەكلىك بولسا ئادىتىڭ ،
پەرھىز قىل كام بولسۇن يېگەن تامىقىڭ.
سەھەردە بىر دانە ، كەچتە بىر دانە ،
»بەرىشىشا«  يېمەككە بولسۇن ئادىتىڭ.

جىنسىي زەئىپلىك

زەئىپلىكتىن بولساڭ دىلخەستە ۋە خار ،
جىماڭ ئۈچۈن بەختىڭ بولمىسا ھېچ يار.
دىلىڭ تاماق تارتسا قۇچقاچ مېڭىسى ،
كەپتەر تۇخۇمدىن يېگەيسەن تەكرار.

ئالەت يارسى

ئالەت يارسىدىن كىم كۆرسە تەشۋىش ،
ئىشىشقتىن خالىي بولسا ، بولمىسا ئىششىش ،
مۇرتەك ، سىركە ، موم ۋە گۈل يېغى ، ئانار
ئۇرۇقىدىن لازىم مەلھەملەر قىلىش.

ھەيز كۆپلىكى

ھەيز كۆپەيسە ۋە كۈز بولسا قىزىل ،
ئەمچەكنى باغلىماق ياخشى داۋا بىل.
قان ئالغىن ، قويۇلدۇر قان سۈيۈق بولسا ،
بولمىسا قان كۆپ كېتىپ ، غەمگە تولۇر دىل.

ھەيز كەلمەسلىك

سېمىزلىكتىن ھەيز تۇتۇلغان زامان ،
ئاچلىق بىلەن ئازدۇر جىسمىنى ھەرئان.
تىقلىمىدىن بولسا تەكشۈرۈش ئۈچۈن ،
ئاچقۇچىدىن بېرىپ سىناپ كۆر ھامان.

بەچچەدان بوغۇلۇش(هستريیە)

ئۇرۇق بەچچە داندىن تۇتۇلغان ۋاقت ،

ئۆزدىن كېتەر خوتۇن بىر نەچچە مۇددەت.

جىمائ قىلماق ئۇچۇن ئۇ بىلەن ئېرى ،

بولمىقى لازىمدۇر ياش ھەم با قۇۋۋەت.

ئاياللار جىنسى ئەزاسىنىڭ قىچىشىشى

سەپرا ئېشىپ قىچىشقان بولسا بەچچەدان ،

ئايالنىڭ كۈچىگە بېقىپ ئاشۇ ئان ؛

مۇناسىپ سۈرگىدىن بېرىلسە ئەگەر ،

ساقلىقى ئەسلىگە كېلەر ، شادىمان.

بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇللىقىنى بىلىش

بۇ ئەلى سۆزىدۇر زور پەن ئىچىدە ،

ھامىلدار بولسا ئايال ، ئەرتە - كېچىدە.

ئوغۇل بولسا بالا ، قارىنى ئاۋۋال ،

يۈز بېرەر يوغىناش ئوڭ ئەمچىكىدە.

ھامىلدار ئايال تەدبىرى

بىرىلىپ سۆزۈمگە سەن سالساڭ قۇلاق ،

ئىككى قات تەدبىرىن ئېيتمەن بۇ چاق.

هاملە بولغاندا مۇمكىن ئەمەستۇر ،

تومۇردىن قان ئېلىش ۋە سۈرگى ئىچمەك.

بەل ئاغرىقى

بەل ئاغرىقىنى پەيدا قىلغاندا بەلغەم ،

كېسەلگە سۈرگىنى ئەيلىگىن ھەمدەم.

ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ يۈز بەرگەن بولسا ،

گۈل يېغى سۈركسە نەپ قىلۇر ئول دەم.

ئولتۇرغۇچ نېرۋا ياللۇغى (ئېرقۇننىسا)

ئېرقۇننىسا كىمگە يەتكۈزسە ئەلەم ،

ئاغرىقى ئاشىدۇ ئۇنىڭ دەممۇ - دەم.

بەدەندىن دەرھال قوغلاپ چىقارغىن ،

دەردكە سەۋەبچى خىلىتنى شۇدەم.

نۇقرىس (بوغۇملارنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى — پوداگرا)

نۇقرىس ئىلاجىغا بېرەي يوللانما ،

ئېھتىمال قۇتۇلارسەن ئېلىپ قوللانما.

ماددا سەپرا بولسا ، بەلغەم ياكى قان ،

سۈرگى قىل ، قان ئالدۇر ، قوسقىن ، ئويلانما!

دائىۇل - فىل (فىل كېسەللىكى)

»دائىۇل فىل«دىن جېنىڭ چېكەر بولسا غەم ،

ئاياق يوغانلىشىپ بارسا دەممۇ - دەم.

قويۇق خىلتتىن بولسا پاكلا ئىچگىنى ،

قاندىن بولسا چاپسان قاننى ئەيلە كام.

سەرەتان (راك كېسەللىكى)

ھەركىمنى سەرەتان ئەيلىسە سوراق ،

يۈرىكى يورىماس ياقسىمۇ چىراغ.

يوقتىش قىيىندۇر ، پەرقىسىزمۇ ئەمەس ،

»تەنقىيە« تەنقىيە -بەدەننى ئارتۇقچە خىلتتىن تازىلاش.

قىلسا ۋە قىلمىسا بىراق.

ماخاۋ

كمگه يەتسە ئەگەر ماخاۋ ئىللتى ،

بۇ دەردتىن قۇتۇلماق بولسا نىيتى ،

قان كۆپ بولغاندا ، تومۇردىن قان ئال ،

ئەپتىمون قايىنتىپ بەرگىل ئول ۋاقتى.

سفلىس (زەخىم فەرەنگى)

»فەرەنگى» دەردىدە ساھىبى ئىززەت ،

دۈشمەنگە قارشى كۈچ ساقلا ھەممە ۋاقىت.

قەيت قىلغىن ، جىمائگە بېرىلمە ئارتۇق ،

ھەردەم يە ، لىك يېمە ھېچ كەچكى ئاۋقەت ئاۋقەت - تاماق ، غىزا.

يەنە شۇ ھەقتە

فەرەنگى دەردىدىن ھال بولۇپ يامان ،

جىمائغە ئىمكانىڭ بولمىغان ھامان.

ھەر ئىككى -ئۈچ ئايدا قان قالدۇر ، كېسەل

يوقىلىپ ، تۈزىلىپ كېتەر بىگۇمان.

يەنە شۇ ھەقتە

ئاياق قويماق ئۆچۈن بۇ دەرد يۈزىگە ،

شاھمۇ ، دەرۋىش كىرسۇن بەندە سۆزىگە ؛

سىماب ھەببى ياكى ئېلاكسىدىن.

ئىچسۇن ۋە تۈتەتسۇن يەنە ئۆزىگە .

يەنە شۇ ھەقتە

«فەرەنگى» دەردىدىن يۈرەكتە پىراق ،

سۆز ئېيتاي دىلىڭدا ساقلىساڭ بىراق.

قىيرۇتي سىمابىڭ ساڭا ساز بولۇر ،

تەجربە قىلغۇچى نەزدىدە مۇتلەق.

تەمرەتكە

ئەي تەمرەتكىدىن ئويغا قالغان زات ،

خەستە تەنگە ئىللەت قويغان بولسا ئات.

خەردەلۇ سىركىدىن ئاڭا سۈركىسەڭ ،

سىھەتلىك باغىدىن تاپسەن نىجات.

قوتۇر

قوتۇر زەخمىتىدىن دىلىڭ بولسا تار ،

ھامماغا بىرىشنىڭ لازىمدۇر تەكرار.

ساپلىق ماتاسىنى ئىزدە دائىما ،

ئەمما قولۇڭنى ئۈز ئىشرەتتىن زىنھار.

يەنە شۇ ھەقتە

قوتۇردىن ھەر كىشى بولسا دىلخەستە ،

شاتەررە سۈيىدىن ئىچسۇن پەيۋەستە.

ماددىنى دەفئ قىلغاچ چاپلاشقا تاپسۇن ،

كۈنجۈت يېغى ، گۈگۈگۈرت قوتۇر بىر پەسدە.

ئەزالار قىچىشىش

قايسى ئەزا بولسۇن يۈز بەرسە قىچىشىش ،

يېتەر ئاندىن ساڭا تىنىمسىز تەشۋىش.

ھەسەل ، شاراپ ، ھالۋا ، پىستە مەغزىدەك ،

سەپرا كەلگۈچىدىن كېرەكتۇر قېچىش.

يەنە شۇ ھەقتە

قىچىشىشتىن قۇتۇلاي دېسەڭ جاھاندا ،

ئەزا قىچىشسا گاھ ياكى ھەر ئاندا ؛

پەيدىنپەي سۈرگى قىل ، تىنىمسىز ھامىمام ،

شۈندىن سالامەتلىك بولۇر ئاماندا.

كۆيدۈرگە (ملكەك(

ملكەك ئۈچۈن قىلاي قائىدە بايان ،

داۋا ئۈچۈن بولسۇن ساڭا داستىخان.

قان ئالدۇر ، سۈرگى ئىچ ، سىركە ۋە ئەفيون ،

چاپلىغىن پايدىسى بولۇر بىگۇمان.

چىقان

غۇنچە يەڭلىغ ئاغزىنى ئاچمىسا چىقان ،

يۈرىكىڭ تەڭلىكى بولمىسا فىنھان.

خەردەلۇ ئەنجۈرنىڭ ئۇرۇغىن باغلا ،

تۇزاقتىن قۇتۇلۇپ بولارسەن شادىمان.

دانىخورەك (ھۆسنى بۇزار)

دانىخورەك كىمنىڭ يۈزىنى بۇزار ،

خەستە دىلى كېسەل غېمدىن تۇزار.

ئىچىنى تازا قىلىپ سىركە ، سىيادان ،

سۇركسە ئىللەتنىڭ يىپىنى ئۈزەر.

بەھەق

بەھەق بولساڭ سۇرگى ئىچكىن پەيدىنپەي ،
تېزاپ سۇركە ، كېيىن ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي.
كېسەل يوقىلىشقا قەدەم قويغاندا ،
غەم بىساتى كېتىپ ، ساقلىقىڭ كەلگەي.

كۆپ تەرلەش

كۆپ تەرلەشتىن دائىم چەككۈچى ئەلەم ،
يامان بولسا ھالىڭ ئاندىن دەممۇ دەم.
چىققان تەر ئەگەردە بەدبۇي بولمىسا ،
غۇرا سۈيى   ، سەندەل سۇركە ئاشۇ دەم.

قولتۇق ئاستىنىڭ بەدبۇي بولۇشى
(سېسىق قولتۇق)

قولتۇق سېسىق بولسا سۇرگى ئىچ دەرھال ،
ئالما بىلەن بېھى بەرگىدىن سوئال.
تۇتيا ، مۇر تەككە قوشۇپ سۇركىگىن ،

قۇتۇلۇپ يۈرىكىك بولىدۇ خۇشھال

ئوتتا كۆيۈش

ئوت بىلەن كۆيگەندە قول ياكى ئاياق ،

ياكى باشقا ئەزا كۆيۈپ قالغان چاغ ؛

كافۇر ئېزىپ سىركە سىلىپ مۇز بىلەن

سوۋۇتۇپ سۈركىگىل ئاڭا بالدۇرراق.

»دائۇسسەلەپ» ۋە «دائول - ھەييا» كېسەللىكى

»دائۇل ھەييا«   قىلسا ھالىڭنى يامان ،

ياكى «دائۇسسەلەپ» چاك سالغان زامان ؛

دېڭىز پىيازىدىن   سۈركسەڭ ئەگەر ،

ساقلىقىڭ تېز كۈندە تاپىدۇ ئامان.

چاچنىڭ بالدۇر ئاقىرىشى

ئەسلىنى ئۆزگەرتسە چاچ بىلەن ساقال ،

داۋاغا يېتىشنى كىم قىلسا خىيال ؛

ھۆللۈكتىن ھۆللۈك - ھۆل مىزاجغا ئىگە غىزا ۋە مېۋىلەر نەزەردە تۇتۇلغان.

ئۆزگىنى يېمىسە ئەسلا ،

ساقىيسپ تېز كۈندە بولدۇ خۇشال.

چاچنىڭ بەك جىگگىلەك بولۇشى

چاچ بەك جىگگىلەك بولۇپ قالسا بەس ،
كۆڭلىدە داۋاغا قوزغالسا ھەۋەس ،
ئىسپەغۇل شىرنىسى ، بادام يېغىنى
چېچىغا سۈركىگىن ، ئىشقاپ ھەر نەپەس ،

چاچ يېرىلىش

چاچلىرىڭ يېرىلسا ، بولساڭ خەستە ھال ،
سۆز ئېيتاي ئاڭلاشنى ئەيلىسەڭ خىيال.
سېمىز ئوت شىرنىسى ياخشى داۋادۇر ،
مەستكى بىلەن قوشۇپ سۈركىسەڭ دەرھال.

زىيادە ئورۇقلاش

ھەددىدىن ئېشىپ تېنىڭ بولغاندا ئورۇق ،
داۋا ئۈچۈن ساڭا بېرەي يوليورۇق ،
مەئشىيەتتە ئۆتسۇن ئۆمرۈڭ ئەمما ،
ئارتۇق جىمائ قىلما ، نەپسىڭنى يىغ ، تۇت.

زىيادە سېمىزلىك

زىيادە سېمىزلىكنىڭ بولسا ئىللىتى ،

ئېيتقىنىنى قىلساڭ تۇگەر زەخمىتى.

مۇناسىپ ئەمەس بۇ دەرد ئۇچۇن مەئىشەت ،

قەدەھ ئۇچۇن يازغىل «بىزارلىق خېتى.«

چايان چېقىش

چايان چېقىۋالسا ، بولساڭ بىخەۋەر ،

تېنىڭدىن پۈتۈنلەي ھالاۋەت كېتەر.

قەستىڭ ساقلىق بولسا سامساق بىلەن تۇز ،

سۈركىسەڭ مەقسىدىڭ قولۇڭغا تېگەر.

چايان چاققاندا كەرەپشە چىگىسەي  يېيىشنىڭ ھالاكەتلىكى ھەققىدە

ئەقلىڭ بولسا ئۆزنى يولغا سالارسەن ،

كاتتامۇ -كىچىكمۇ سۆزۈم ئالارسەن.

چايان چاقسا قايسى رەڭدە بولمىسۇن ،

كەرەپشىنى يېسەڭ ئۆلۈپ قالارسەن.

هەرە چېقىش

كمنى چاقسا هەرە ، بولساڭ رەهناما ،
تۇزەلسۇن دىسەڭ گەر چاققان هامانا.
ئسپەغۇل بەر ، يەنە ئىسكەنجۇىل بەر ،
سركە قۇيقاسىدىن كۆيدۈرگىن ئەمما.

غالجىر ئىت چىشلەش

غالجىر ئىت چىشلىسە بەدەننى بەك ئوي ،
بۇ دەهشەتتىن باسار سېنى خىيال - ئوي.
سامساق ئەز ، تەك كۆلى هەمدە سركىنى ،
ئۆزئارا قوشقىن - دە ، ئاشۇ جايغا قوي.

زەهەرلەر داۋاسى

زەهەر ئىچىپ جېنىڭ بولغاندا بىهال ،
غەم ئاستىدا تېنىڭ بولۇر پايمال.
قۇتقۇزۇشقا تېۋىپ ئۇچۇن كۆپايە ،
مۇهەللىستىن  ئەگەر بەرسەم بىر مىسقال.

ئىلىم -ئېتىمەدىكى ئەخلاقىي قائىدىلەر

گۈزەل ئەخلاق ھەر قانداق ئادەم ئۈنىڭغا ئىنتىلىدىغان ، ھەر كىم ئۇنى قەدىرلەيدىغان ۋە ئىنسانلارغا تولىمۇ يارىشىدىغان بىر ئېسىل خىسلەتتۇر .ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، ئىنسانلا رنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يۈز بېرىپ پۈتۈن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودىدا ئادالەتلىك ۋە راستچىل بولۇشمۇ ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ئۆلىمالار نىمە دەيدۇ ؟

ئۆلىمالارسودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى ئەخلاقىي قائىدىلەر ھەققىدە مۇنداق دىدى: « ھەرخىل سودا - سېتىقنى قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىش راستچىللىق بىلەن سودا قىلىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر.ئىنسانلار سودا -سېتىق ئىشلىرىدا دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇپلار قالماي ، يەن ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ سودا - سېتىق ئەخلاقىغىمۇ ئەمەل قىلىشى كېرەك . پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن قايسى مېھنەت ئەڭ ئەۋزەل . دەپ سورالغاندا ، ئۇ « كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئەمگىكى ۋە توغرا رەۋىشتە قىلىنغان سودا »دەپ جاۋاب بەرگەن.
جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ھەم ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سودا - سېتىقنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئىجتىمائىي ھاياتقا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سودا سېتىقنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر .ئىنسانلارنىڭ ، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ئېيىبلىنىشقا تېگىشلىك.

قائىدىگە ئۇيغۇن سودا -سېتىق ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارلىقى بويىچە ، بىر -بىرىگە مەنپەئەت ۋە پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا بولىدۇ . سودا - سېتىق ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى شەرت قىلىدۇ . ئەگەر بىر تەرەپنىڭ تەلىپى بولۇپ ، قارشى تەرەپنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى ھاسىل بولمىسا ، زورلۇق بىلەن سودىلىشىش كېلىپ چىقىدۇ - دە ، بۇ ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولىدۇ«.

سودا قائىدە -يوسۇنىغا ئەمەل قىلىش راستچىللىقنىڭ ئىپادىسى

ئۆلىمالارسودا قائىدە يوسۇنىغا ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە مۇندا ق دىدى :»پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى كېلىشكەن شەرتلىرىگە باغلىقتۇر»دەپ كۆرسەتكەن. «شەرت» ھەر خىل ئۆلچەمدىن ئىبارەت. بۇ ھەدىس شۇنى ئىپادىلەيدۇكى ، جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلار ھەر خىل ئۆلچەم ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ چەكلىمىسىدە بولىدۇ . شۇڭا ھەر خىل قا ئىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . ھەر كىم سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئەخلاقىي قائىدىلەر بويىچە ئېلىپ بارسا ، ئۆزىنى ئىنتايىن ئازادە ھېس قىلىدۇ - دە ، قانۇننىڭ بارلىقىنمۇ سەزمەي قالىدۇ. ئەگەر ئۇ قانۇنسىز ۋە ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان رەۋىشتە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانسا ، قانۇننىڭ ھەممىلا جايدا مەۋجۇدلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەرەپ -تەرەپتىن چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

سودىدا يالغان سۆزلىمەسلىك ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى سودىگەرلەرگە نەسىھەت قىلىپ ، « ئەي سودىگەرلەر جامائەسى ! سودا ئۈستىدە يالغان ئېيتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار »دەپ كۆرسەتكەن. سودا -سېتىق قىلغاندا كىشىلەرنى ئالداش ياكى كۆز بويامچىلىق يولى بىلەن ياخشچاق بولىۋېلىشنىڭ ھەممىسى ئادىل بولمىغان ئېلىم - سېتىم قىلمىشلىرىدىندۇر . بۇ ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە بولغان كىشىلە رنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس . سودا -سېتىقتا ئادالەتلىك بولۇش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۇملىسىدىن سانىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇچۇن بولسا پەرزدۇر.

سودىدىكى يالغان گەپ قىلىش ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق قىلمىشلار ئاقىۋەتتە كىشىگە پايدا بەرمەيدۇ . نۇرغۇنلىغان پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ ، جەمئىيەتتىكى يالغان مال سېتىش ، باشقىلارنى ئالداش قاتارلىق قىلمىشلار بىر مەھەل پايدا بەرگەندەك قىلغان بىلەن ، ئۇزۇنغا قالماي ئىگىسىگە ھالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى يالغانچىلىق بىلەن ئالدامچىلىق ئىنسان تەبىئىتىگە يات كېلىدىغان ۋاقىتلىق نەپسىي ھەۋەسلەردۇر. ئەمما راستچىللىق بىلەن سودا قىلىش گەرچە كۆرۈنۈشتە جاپالىق ، پايدىسى ئاز بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ پۇختا ، دائىملىق ۋە خاتىرجەملىك ئىشتۇر . مۇنداقلار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغۇچىلاردۇر.«

سودا -سېتىق قىلغاندا ئۆلچەمدە كەم بەرمەسلىك لازىم

ئۆلچەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، سودا - سېتىق قىلغاندا تارازىدا كەم تارتىپ بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالداش نە مۇسۇلمانچىلىق ، نە ئىنسانى ئەخلاق قائىدىسىگە ئويغۇن كەلمەيدۇ . تارازىدا ئادالەتلىك بولۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارغا تەلىم بېرىپ :« سىلەر باشقىلارغا (ئاشلىق قاتارلىقلارنى )ئۆلچەپ بەرگەندە ، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار ، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر» دېگەن. تارازىدا كەم بېرىش ئىنسانلارنى ئوپئوچۇق ئالدىغانلىق ۋە ئۇلارنىڭ مېلىنى ھەقسىز ھالدا يەۋالغانلىقتۇر. دۇنيادىكى پۈتۈن دىنلار ۋە بارچە قانۇنلار بۇ قىلىقنى ئەيىپلايدۇ.

مەنبەسى : ماتىرىيالدىن

كۆرۈلگىنى:70قېتىم

ۋاقتى :2008-1-29

ئېسىل پەزىلەت- ئىناق قوشنىدارچىلىق

تۇرسۇنئاي يۇنۇس

بىز ئەزەلدىنلا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ ، ئىناق ، ئىجىل ، قېرىنداشلاردەك ياشاپ ، نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى هاسىل قىلغان هەم قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا ئەهمىيەتلىك تەۋسىيەلەرنى ، هېكمەتلىك سۆزلەرنى ، كىتابلارنى يېزىپ ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرغان ، ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى مىزان قىلغان مىللەت.

« ئەدەپ بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلستانى » دېگەن مەشهۇر كىتابتا مۇنداق قىممەتلىك بىلىملەر بار: قوشنىلارنىڭ كىم ۋە قايسى مىللەت كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلارنى هۆرمەتلىمەك ۋە قوشنا هەق- هوقۇقىنى ئادا قىلماق ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر !

- هەي ئەزىزىم ، سەن قوشناڭغا ياخشىلىق قىلىشتىن هېچقاچان غاپىل بولما ، ئۇلاردىن رەهىم- شەپقىتىڭنى ئايىما ، سەن -----تائاملارنى يەپ ، راهەتتە ياشىغاندا قوشناڭ ئاچ ۋە غەم-ئازابتا ياشىسا ، بىلگىنكى ، بۇ ئادىمىيلىك ئەمەس.

- قوشناڭ يىغلىغاندا سەن كۈلمە !

يۇقىرىقى هېكمەتلەردىن مەلۇمكى ، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش هەقىقىي بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئېسىل ئىشلىرىنىڭ بىرى. بىزدە يەنە مۇنداق بىر تەمسىل بار : ئۆي سېتىۋالما ، قوشنا سېتىۋال . يىراقتىكى تۇغقاندىن قوشناڭ ئەلا.

دېمەك ، بىر ئائىلە ئۈچۈن بىر قوشنىسىنىڭ قانچىلىك مۇهىملىقى هەممىگە ئايان ، تۇرمۇشتا ياخشى بىر قوشنىغا

ئېرىشمەك ھەققەتەن تەس .دەۋرىمىزنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېز بولۇشى ، ئېگىز بىنالارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ جىددىيلىشىشىدەك ئالاھىدىلىكى كىشىلەرنى بۇرۇنقىدەك ئارىلىشىپ ئۆتمەيدىغان قىلىۋەتتى.

بۇرۇن بىر قورۇدا بىر نەچچىلا ئائىلە بولغاچقا ، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ، ھەممەيلەن بىر- بىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى.غىزا سۇنۇشاتتى ، مۇڭدىشاتتى ، ھەتتا نەغمە-ناۋا قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى .ھازىر قوشنىلار ئارا كىرىپ- چىقىش ئازلاپ كەتتى ، بۇنداق بولۇشمۇ مۇقەررەر .چۈنكى ھازىر بىنادا ئولتۇرىدىغانلا ر ئاساسەن ياشانغانلار ، ئوتتۇرا ياشلىقلار ، ياشلار بولۇپ ، خىزمەت قىلىدىغانلار ئەتىگەن كېتىپ كەچ كېلىدۇ ، خىزمەت ، تۇرمۇش ، ئائىلە بېسىمى ئېغىر ، ھەممە ئادەمگە ۋاقىت يېتىشمەيۋاتقاندەك ئالدىراش بولغاچقا ، مۇھىم ئىش بولمىسا كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايدۇ. ھەتتا پەرزەنتلەرمۇ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىر ھەپتىدە بىرەر قېتىم ، ئايدا نەچچە قېتىم كۆرۈشىدىغان تۇرسا بۇنى چۈشەنمىسەك بولامدۇ ؟ ھازىر بىر ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن بىناغا كىرىدىغان تۆمۈر ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى بېسىپ ، ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلمىساق بولمايدۇ ؛ كىر گەندىن كېيىن گېپىمىزنى ئېيتىپلا چىقىپ كېتىمىز ، چۈنكى قۇرۇق پاراڭ سالىدىغان ۋاقىت نەدە ؟

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز ، بىر قورۇدا ئولتۇرىدىغان قوشنىلار بىر نەچچە بىناغا بۆلۈنگەن ، ئەمما ئاغرىق- سىلاق ، ئۆلۈم- يېتىم بولغان ۋاقىتتا ، قوشنىلار دەرھال ھازىر بولىدۇ ، شۇڭا ئاد ەتتە »كىرىش- چىقىش قىلالمىدۇق « دەپ ئويلاپ قايغۇرۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ ، چۈنكى ھالقىلىق پەيتتە بىر- بىرىمىزگە ھەمدەم بولساق ، ياردەم قىلساق شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ.

كىچىكىمىزدە ئۆيدە ئاش پىشقاندا ئانىمىز قوشنا ھەققى دەپ بىر چىنە ئاشنى يانغا قوياتتى ، ئاش ئۇستىگە كىرىپ قالسا »خۇدايى مېھمان ، ياخشى ئادەم ئاش ئۈستىگە كېلىدۇ« دەپ خۇشال بولاتتى.بۆلتۈر بىزنىڭ ئۆيگە يۇرتتىن بىر تۇغقىنىمىز كېلىپ 4-كۈنى تاماق ۋاقتىدا بىر سوئال سوراپ قالدى :

- مەن ئۆيگە كەلگىلى تۆت كۈن بولدى ، بىرەر ئادەم تاماققا كىرمەيدىغۇ ؟

- بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ، ئاشخانا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشتە ئۆيگە قايتالايدىغانلار تاماق قىلىدۇ.- دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

- ئەمما يۇرتتا كۈندە ئىككى ، ئۈچ كىشى تاماق ئۇستىگە كىرىدۇ ، تېخى گايىلىرى قارىسام مورىنىڭ تۈتۈنى سۈس

چىقىۋاتىدۇ ، ئاش پىشپىتۇ ، دەپ كىردىم دەيدۇ ،- دېدى ئۇ كۈلۈپ.

دېمەك ، يېزىلاردا سېنىڭ مېنىڭ دېمەي بىللە يەيدىغان ، پىشقان تاماقتىن بىللە ھۇزۇرلىنىدىغان ئىشلار ئادەتتىكى ئىش ئىكەن ، بىراق شەھەرلىكلەر ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تاماق يەيدۇ ، تاماق سۇنۇشمۇ سەل تەسرەك ، ئادەتتىكى تاماقلارنى قوشنىلارغا سۇنسا ئانچە  ياخشى بولمايدۇ .ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بار ، گايىلار تاماقتىن كېيىن دەم ئالىدۇ ، ئۇخلايدۇ ياكى تېلېۋىزور كۆرىدۇ ، ئىش قىلىپ شەھەرلىكلەر ئۆزىدىن كۆرە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىقنى بەكرەك ئويلايدۇ ، بىرەر ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشىپ چىقىش ئۈچۈنمۇ تېلېفون قىلىشىپ ، ئۇلارنىڭ ۋاقتى بولسا كىرىشكە توغرا كېلىدۇ ، مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى كىرىپ-چىقىش سەل ئازلاپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ، كۆرۈشكەندە سالام- سائەت قىلىش ، قىسقىچە ھال- ئەھۋال سوراش ، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى باشقا يۇرتتىن كەلسە ياكى شۇ يەردىكى باشقا ئولتۇراق رايوندىن كەلسە ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىش ، ئاغرىق-  سىلاق بولغاندا يوقلاش ، ئىناق-    ئىجىل ئۆتۈش ئىنتايىن مۇھىم    .بىر ئىشىك ، بىر كارىدوردا ئولتۇرىدىغانلار شۇ بىنانىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىش ، ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلماسلىق ، قوشنىلارنىڭ دەم ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك.

بىنالاردا ئادەتتە سۇ چىقىپ كېتىدىغان ، پار يولى ئېقىپ قالىدىغان ، تازىلىق ئۆيىنىڭ تۇرۇبىسى بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار پات- پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ  . بۇنداق چاغدا قوشنىلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتمەي قالمايدۇ ، شۇڭا چوقۇم ئاكتىپلىق بىلەن ئەپۇ سوراش ۋە مەسىلىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىكىمىز زۆرۈر.چۈنكى بۇ ئىشلار سىزنىڭ ئادىمىي پەزىلىتىڭىزنىڭ ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ قاند                 اقلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل  . ئەگەر ئەكسىچە يول ---  ، قوشنىلار ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ ، ھەتتا ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ .

بىر كىشى بىر دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ :

- ئېيتىپ باقسىلا ، مەن ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ ؟

- قوشنىڭىزدىن سوراڭ ،- دەپتۇ دانىشمەن ، ئەگەر ئۇلار سىزنى ياخشى دېسە ، دېمەك سىز ياخشى .

مانا بۇ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى دەلىللەيدىغان ئەڭ ياخشى پاكىت.

تۇرمۇشتا سىز تونۇماي بىرى سىزدىن قوشنىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى سورايدىغان ئوغلىغا قىز ئېلىپ بەرمە كچى بولغانلار قىزنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ ، ئالدى بىلەن قوشنىلاردىن قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىنى سورايدىغان ئىشلار كۆپ . ئەگەر قوشنىڭىز ئۇنداق كىشلەرگە سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىپ بەرسە ، ئىشىڭىزنىڭ سۇغا چىلاشقىنى شۇ ، ھېچبولمىسا ئوتتۇردا خاتا چۈشىنىش پەيدا بولۇپ ، بىر مەزگىللىك سۆز- چۆچەككە سەۋەبچى بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن قوشنىلار بىلەن ئىناق ، ئىتتىپاق ئۆتۈش ئىنتايىن مۇھىم.

بىزدە »سەن تىنچ ، قوشناڭ تىنچ « دېگەن سۆز بار . بۇ گەپنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ھەم چوڭقۇر . بىر بىنادا ئەر- خوتۇنلار سوقۇشۇپ قالسا ، سەل ئاۋازى چىقىپ قالسا غانىراق چىقىپ كەتسىمۇ قوشنىلار ئاڭلايدىغان گەپ . باشقىلار بۇ توغرىسىدا سوراپ قالسا ، يېقىن قوشنىلار «ئۇلار ئادەتتە ئۇرۇشمايتتى ، سەل رەنجىشىپ قالغان ئوخشايدۇ »دەپ ، گەپنى كۆپەيتمەسلىككە دىققەت قىلسا ئاقىلانىلىك قىلغان بولىدۇ. پەيتى كەلگەندە ئۆيگە تاماققا تەكلىپ قىلىپ ، ئۇلارنى ياخشى ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىشمۇ بىر ياخشى پەزىلەت .

قوشنىلار ئارىسىدىمۇ چۈشىنىشمەسلىك ، بىر-بىردىن يامانلىشىش قاتارلىق ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ ، بۇنداق ۋاقىتتا باشقا قوشنىلار تەڭلىكتە قالىدۇ ، كۆڭۈل ئاياپ قايسى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىشنى بىلەلمەي بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قوشنىلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىمۇ تەسكە توختايدۇ.

بىزنىڭ بىر ياخشى ئادىتىمىز بار ، بۇ ئىككى قوشنىسىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن قوشنىلاردىن بىر نەچچەيلەن جەم بولۇپ ، ئۇلارغا چاي تۆتىدۇ ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئۈ چۈن ، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ .بۇ بىر خاسىيەتلىك ساۋابلىق ئىش بولۇپلا قالماستىن ، ئىنتايىن ئىسىل پەزىلەتنىڭ جۇملىسىدۇر .

ئومۇمەن ، ئادەم كۆپ جايدا يا ئۇنداق يا مۇنداق زىددىيەتلەرنىڭ ، كۆڭۈل ئاغرىقنىڭ ، ھەر خىل پىتنە- پاساتلارنىڭ پەيدا بولۇشى نورمال ئەھۋال. پەقەت بىر نەچچە غەيۋەتچى ياكى جېدەلخورنىڭ سەۋەبىدىن بىر مۇنچە كوڭۇلسىزلىككە سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ .ئەگەر ئۇلار بىزگە دەردىنى تۆكسە ، گەپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ ، ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى مەسلىھەت تېرىقسىدە بېرىشىمىزگە توغرا كېلىد ۇ ؛ قوشنىلارنىڭ بېشىغا مۇسىبەت چۈشسە ياردەم قىلىش ، ئۇلاردىن سەممىي ھال سوراپ ، تاماق سۇنۇپ ، قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى ياردىمىمىزنى ئايىماسلىقىمىز كېرەك .

خۇشاللىق ، قايغۇلۇق كۈنلىرىدە بىللە بولۇشىمىز ، ئۇلاردىن خاتالىق ئۆتۈلسە ئەپۇ قىلىشىمىز ، كەڭ قورساق بولۇشىمىز ئىنتايىن پايدىلىق ، ھەر قانداق چاغدا بىر- بىرىمىزگە غەمخورلۇق قىلىپ ، ياخشى پەزىلەتمىزنى ، ئەخلاقىمىزنى جارى قىلدۇرساق ، ئۇنى شۇ ۋاقىتتا بىلمىسىمۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوقۇم چۈشىنىنىش ھاسىل قىلىپ ،ئۇلارغا يامان كۆزدە قاراپ قىلغان ياخشىلىقىمىزنى تىلغا ئالمىسلىقىمىز ، مىننەت قىلماسلىقىمىز زۆرۈر.

چۈنكى مىننەتنىڭ قوشنىلارنىڭ ئىناق ، ئىجىل ، ئۆتۈشىگە ئەكس تەسىرى بولۇپلا قالماستىن ، زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ، ھەتتا بۇ تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدۇ ، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ جەمئىيەتكە يامان تەسىرى بولىدۇ ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ، گۈللەنگەن ، تىنچ ، ئىتتىپاقلاشقان ئورۇن قۇرۇشقىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ ، شۇڭا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ ، تىنچ- خاتىرجەم مۇھىت يارىتىش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى .

مەنبەسى : ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى

كۆرۈلگىنى:50قېتىم

ۋاقتى :2008-1-15

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىيسەللىكلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى

سۇلايمان يۇنۇس

« قۇتادغۇبىلىك » گەرچە مەخسۇس تېببىي ئىلىم ساھەسىگە بېغىشلانغان داستان بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدا مەزكۇر داستاننىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز زامانىغا قەدەر جۇغلانغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ بىر قاتار مۇھىم پەلسەپىۋى - نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى ، يەنى ئوت ، سۇ ، ھاۋا ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ماددىنىڭ تەبىئەتنى شەكىللەندۈرگۈچى ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ ھەم بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىكەنلىكى ، ھەم بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى ، ئۇنىڭ تەسىرى ئىنسان بەدىنىدە تۆت خىل كەيپىيات - مىزاجلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقى ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت تادۇ (تەبىئەتتىكى تۆت چوڭ ماددا)نى دەۋر قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىدىغانلىقى ، ئۇنىڭ قايسى م ىزاجقا مەنسۇپ بولۇشى ، تۆت چوڭ ماددىدىن قايسىسىنىڭ غالىب ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ، ئادەم بەدىنىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىش ياسىشىدىن جىگەردە بىر خىل مۆرەككەپ سۈيۇقلۇق پەيدا بولىدىغانلىقى ، ئۇ خىلىت دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ، كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىچكى ۋ ە تاشقى سەۋەبلىرى ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، كېسەللىكنى داۋالاش ، دورا تەييارلاش ، دورا بۇيرۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيىۋى ئاساسلار ، پرىنسىپ - قائىدىلەر ۋە ئەمەلىي داۋالاش چارە - تەدبىر شەكىللىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

1.يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدىكى

فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى ، ئىنسانىيەت ئالىمدە تېۋىپلارنىڭ

تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولىنىڭ مۇھىملىقى

توغرىسىدىكى قارىشى

ئادەم تۇغۇلدۇ ۋە ئۆلدۇ .يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستاندا بۇ مۇقەررەرلىك ئالاھىدە قەيت قىلىنغاندىن باشقا ، كىشىلەرنىڭ تىرىكلىك جەريانىدا تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقى ، تېۋىپلارنىڭ كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغانلىقى ، ئۇلارسىز ھاياتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن:

4356. ئۇلاردىن بىرىسى تېۋىپلار ئېرۇر ،

پۈتۈن دەرد - كېسەلگە داۋالار قىلۇر.

4357. يەنە بەك كېرەكلىك ساڭا بۇ كىشى ،

ئوڭشالماس ئۇنىڭسىز تىرىكلىك ئىشى.

4358. تىرىك بولسا ئادەم ئۇ كېسەل بولۇر ،

تېۋىپلار كېسەلگە داۋالار قىلۇر.

4360. ئۇلارنى سەن ياخشى كۆرۈپ تۇت يېقىن ،

ئۇلاردۇر كېرەكلىك ، كۆزەت سەن ھەقىن.

ئالىم بۇ مىسرالىرى ئارقىلىق كېسەللىكلەرنى تېۋىپلارنىڭ داۋالىيالايدىغانلىقىنى ، بۇنىڭدا تېۋىپلارنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شۇ چاغدىكى تېۋىپلار ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىلمى سەۋىيىسىنىڭ كېسەللىكلەرنى دورا بىلەن داۋالاشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان دەرىجىدە ئۆسكەن ھەم تەرەققىي قىلغانلىقىدىنمۇ بېشارەت بېرىدۇ .كېسەلنى دورا بىلەن داۋالاشتىن سۆز ئاچساق ، ئۇ ئالدى بىلەن تېۋىپلارنىڭ كېسەلنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى ، كېسەلگە دورا تەييارلىشى ۋە دورا بۇيرۇشىدەك بىرقاتار جەريانلار

كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ .ئۇنىڭدا دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى تېخمۇ مۇھىم .بۇلار تېببىي ئىلىم ساھەسىدە نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم .ئەينى دەۋردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسەۋۋۇپچىلىق ، روھانىيلىق ئەۋج ئالغان بولۇپ ، سوپىزم كۈچىيىۋاتقان ، داخانلىقمۇ مۇئەييەن ئورۇن ئىگىلىگەندى ئەمما ، ئۇلارنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتىكى ئاجىزلىقى ، ئىقتىدارسىزلىقى ئاللىقاچان مەلۇم بولۇپ قالغانىدى.ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ئەھۋالنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇنى تونۇپ يەتكەن. ئەمما ئۇنى جامائەتچىلىككە بىۋاستە كۆرستىش يولى بىلەن ئەمەس ، بەلكى تېببىي ئىلىمنى ئۇلۇغلاش ، تېۋىپلارنىڭ ئورنى ۋە رولىغا ئىلمگە خاس خالىس مەيداندا تۇرۇپ ئادىل باھا بېرىش يولى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن .ئەينى چاغدىكى ئىمادىددىن قەش قەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرھى ئەلقانۇن » دېگەن كىتاب قاراخانىيلار تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش دەستۇرى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تېخمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

.2 يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇزۇقلىنىش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش

توغرىسىدىكى قارىشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ

ئوزۇقلىنىش توغرىسىدىكى قاراشلىرى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ داستانىدا ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ سالامەتلىك بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ، شۇڭلاشقا مۇۋ اپىق ۋە مەلۇم ئۆلچەم ھەم تەرتىپ بويىچە ئوزۇقلىنىشنىڭ لازىملىقىنى ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەندە ، ئادەمدە كېسەللىك پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرستىپ كېلىپ:

.2892نېمە دەر بىلىملىك ھېكىم ، دىققەت ئەت ،

تاماقنى ئاستا يە ، گېلىڭنى كۆزەت.

.2893گېلىگىنى كۆزەتسەڭ بېشىڭ ساقلىنار ،

يېسەڭ ئاشنى ئاز -ئاز ، ئېغىزغا تېتار.

.2894تولا كۆردۇم ئەرنى زايە قىلدى باش ،

گېلىگىنى كۆزەتمەي هارام كەتتى ياش.

.4613غىزانى يە ئۆلچەپ ، يېمە تولا كۆپ ،

ئاقىل بىر ئەزىز سۆز ئېيتتى بوڭا خوپ:

.4614تولا يېگۈچىنىڭ ئېشى سىڭمىغاي ،

هەزىم بولمىسا ئاش هەريېن ئاغرىغاي.

.4621مىزاجقا ياققاننى بىلىپ يېگۈلۈك ،

مىزاجقا ياقمىسا ، ئۇنى قويغۇلۇق.

.4642نە ياخشى دېمىش ، كۆر ، تېۋىپ -ئەمچىلەر ،

يېسە ئاشنى ئاز ئەر ئىسەن -ساق كۆلەر.

دەپ يازسا ، سەئدى شىرازىمۇ كىشىلەرنىڭ هەددىدىن ئارتۇق ئوزۇقلىنىشىنىڭمۇ ، ئاچ يۈرۈشىنىڭمۇ س      الامەتلىككە

زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ، ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئەگەر بىر ئەئزاگە ئاغرىق بولسا يار ،

ئۆزگە ئەئزالەردە قالمايدۇ قەرار.

كەم يېيىش تەبىئەت بولسا ، ئىنسانگە

ئاغرىلىق يۈز بەرسە يەڭگىل كۆچىدۇ.

كەڭلىكدە تەننى پەرۋەرىش قىلسە ،

تارلىقدە ئۆمرىننىڭ شامى ئۆچىدۇ.

كۆپ يېمە ، چىقمەسۇن تاشىپ بوغزىڭدىن ،

ئاز يېمە ، چىقمەسۇن جانىڭ ئاغزىڭدىن .

جالالىددىن رۇمى يۇقىرىقى قاراشلارنى قوللاپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، «پەرھىز »دىن ئىبارەت بىر خىل داۋالاش شەكلىنىڭمۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئويناپدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئىللەتدىن شۇ كويغا چۇشكەندە يۈرەك ،

چۇنكى يېگەن ئىدى تۇنۇ كۈن يېمەك.

داۋالار ئاساسى سانىلۇر پەرھىز ،

پەرھىز قىل جان كۇچىن كۆرگىن ئۇشە كىز.

پەرھىزدۇر دارىيۇ دەۋا سەرۋەرى ،

قىچىشىش ئاشار ، قوتىر كۆچەيگەنسېرى.

پەرھىزدۇر دارىيۇ دەرمانلار باشى ،

ھەزىم دارى - يېگى ئىللەت يولداشى .

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىمۇ يۇقىرىقى قاراشلارغا قوشۇلغان ھالدا ، ھەددىدىن ئارتۇق تائام يېيىشنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ:

لەۋزىگە ياقىملى تەنلەرگە جاندۇر ،

كۆپ يېسەڭ ، قارنىڭغا بىراق زىياندۇر.

دەۋادەن نەف تاپماس ئىللەتكە ئەسىر ،

ھەتتا دەردى قىلدى تەبىبگە تەئسىر .

كېسەللىكنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن كېسەللىكنىڭ ئاساسلىقى يېمەك - ئىچمەكنى ھەددىدىن زىيادە ئىستېمال قىلىش ، ئۆلچەمسىز ، تەرتىپسىز ئوزۇقلىنىشتىن پەيدا بولىدىغانلىقى ، ھەتتا ئۆلۈم گىرداۋىغا ئېلىپ كېلىدىغانلىقى يۇقىرىقى بايانلاردىن بىزگە مەلۇم بولىدۇ.

»ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى »دىمۇ يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئادەمنىڭ ساق لىق ۋە كېسەللىك ھالىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ، ھەربىر ئادەم يېمەك -ئىچمەكنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ، مىزاجىغا يارىشا يېيىشىنىڭ لازىملىقى ، يېمەك -ئىچمەك ، ئىچىملىكلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئىستېمال قىلىشنىڭ زىيانلىق بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش ، ئۇزۇن ۋاقىت

ئاچ يۈرۈشنگمۇ زىيانلىق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

قىسقىسى ، «قۇتادغۇبىلىك » داستانىدىمۇ ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكدىمۇ كىشى ساغلام بەدەن بولاي دېسە ، يېمەك -ئىچمەكنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش كېرەككى ، بۇنىڭغا سەل قارىسا ، ھاياتنىڭ ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىغا قاراپ ماڭىدىغانلىقى ئېنىق كۆرستىلگەن .بۇ قاراشنىڭ ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىدا قوللىنىۋاتقان ئاشقازان ، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى ، يۈرەك كېسەللىكلىرى ، قان تومۇر قېتىشىش كېسەللىكلىرى ، دىئابىت كېسەللىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە يېمەك - ئىچمەكتە پەرھىز بۇيرۇش ۋە تاماقنىڭ تۈرى ، مىقدارىنىمۇ مۇۋاپىق تۈردە تەڭشەش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاشلىقى بار . دېمەك ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك » داستانىدىكى ئوزۇقلىنىش ھەققىدىكى باياناتلار ئىلىم -پەن راۋاج تاپقان مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا قىممىتىنى يوقاتمىغان ئىلمىي يەكۈن سۈپىتىدە ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا.

3.يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە

يۇقۇملىنىش يوللىرى توغرىسىدىكى قارىشى

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يۇقۇملىنىش سەۋەبلىرى ھەققىدە توختالغاندا ، كېسەللىكنىڭ ئېغىز دىن كىرىدىغانلىقىنى ئېنىق قەيت قىلىدۇ . بۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ ، ئۇنى پۈتكۈل تىببىي ئىلىم ئەھلىلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىمۇ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ، بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «كېسەل كىرەر گېلىڭدىن ، بېشىڭ كېتەر تىلىڭدىن » دېگەن ما قالمۇ كېسەللىكنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىنى ئىنتايىن يىغىنچاق ئىپادىلەپ بېرىدۇ . جۇڭگوچە داۋالاشتىمۇ كېسەللىكنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقى ( «病从口入»كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ ) دەپ كۆرستىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك » داستاندا بۇ قاراش ناھايىتى مەزمۇنلۇق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

.632 شېشىپ قىلغان ئىشلار هامان خام قالۇر ،

چالا پىشقان ئاشتىن كېسەللىك كېلۇر.

.2895كېسەل دەردى ئەرگە گېلىدىن كىرۇر ،

ئۇنىڭ دورىسى ھەم ئېغىزدىن بولۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ بېيىتلىرىدە ئالدىراپ قىلىنغان ئىشنىڭ چالا بولۇپ قالىدىغانلىقى بىلەن تاماقنى خا م يېگەندە كېسەل پەيدا بولىدىغانلىقنى سېلىشتۇرما شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ، كېسەللىكنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىنى ، مىجەزگە قاراپ غىزالىنىش كېسەلنى داۋالاشنىڭ بىر تۈرلۈك داۋاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مەشھۇر تېۋىپ ئىبنى سىنامۇ ئۆزىنىڭ تېببىي كىتابلىرىدا كېسەللىكنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقى ، بولۇپمۇ تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ .ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارغا باب كېلىدۇ.

.4يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ مۇھىت ۋە تازىلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بۇ دېداكتىك داستانىدا ئىنسانلار سالامەتلىكىنىڭ يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى ، مۇھىت تازىلىقى ۋە شەخسىي تازىلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇنىڭغا ھەرقاچان ، ھەر يەردە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئالىم ئۆز داستانىدا مىليونلىغان ئىنسانلار قاتارىدا تۇرۇپ ، پاك ۋە گۈزەل مۇھىتنى يارىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ، بۇنداق پاكىز ۋە گۈزەل مۇھىت كۆرۈنۈشتىلا

چرايلىق بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە سالامەتلىكى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئالىمنىڭ مۇھىت ، تەبىئەت ھەققىدىكى مىسرالىرىنى تەبىئەت تەسرى دەپ چۈشەنگەندىن كۆرە ، گۈزەل مۇھىت يارىتىشقا بولغان ئىنتىلىشتىن بىشارەت دەپ چۈشەنگەن تۈزۈك. بىز ئالىمنىڭ تەبىئەت كۆرۈنۈشىنى ناھايىتى پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن ئوبرازلىق ، جانلىق ئىپادىلىگەن تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

.69 دالا ، تاغ ، قىر ، ئويمان تۇشەندى يېپىپ ،

بېزەندى ۋادىلار يېشىل ، ھال كىيىپ.

.70تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ ،

ئىپار ، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

.71ئەسىپ تاك شامالى قەلەمپۇر پۇراق ،

ئىپار بۇيىغا تولدى دۇنيا بىراق.

.96گۈزەل مەنزىرە ، يەردە گۈل خىلمۇخىل ،

دالا ، تاغ ، ئىدىر ، قىر يۈزى كۆك ، يېشىل.

.97بىرى خۇش ھىدى بىرلە قۇللۇق قىلار ،

بىرى كۆرك يۈزىلە ئىشىكنى ئاچار.

.98بىرى قول سۇنۇپ ئاڭا ئىسرىق تۇتار ،

ئىپار بىرلە بىرى جاھان تويغۇزار.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن ئالىمنىڭ ساپ ھاۋا ، پاكىز ۋە گۈزەل مۇھىتقا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. گېزى كەلگەچ ، ئىسرىق ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئىسرىق سېلىش ۋە باشقا خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇلغانغان ھاۋانى تازىلاپ ۋە دېزىنفېكسىيە قىلىپ مىكروبلارنى يوقىتىشتەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ، سالامەتلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتىلىپ تۇرغان . مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئىسرى ق تۇتۇپ تۇرغان بۇددىستلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئىبادەتخانىلاردا كۈجە كۆيدۈرۈش ، شام يېقىش ، ئىسرىق سېلىش ئىشلىرى ئالدى بىلەن ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . چۈنكى ، ئەينى چاغلاردا ئىبادەتخانىلارغا كېلىپ ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولاتتى. ئادەم كۆپ يىغىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇنداق ئاممىۋى سورۇنلاردا ھاۋانىڭ بۇلغىنىشمۇ تەبىئىي ھالدا ئېغىر بولاتتى . ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بۇنداق سورۇنلارنىڭ ھاۋاسىنىڭ ساپلىقىغا پەقەت ئەنە شۇنداق ھەم مىكروبسىزلاندۇرى دىغان ، ھەم خۇشپۇراق چاچىدىغان ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ئارقىلىقلا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ بى دېگەن كىشى يازغان «پەرداز بۇيۇملىرى » دېگەن كىتابتا :«جۇشەندىنىڭ بەشىنچى يىلى كۇنمىڭغا ئون بەش قۇتا ئەتىر ئېلىپ كېلىنگەن. قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا تارالغان خۇش پۇراق ئۇزاققىچە كەتمىگەن. بۇنداق ئەتىر غەربىي يۇرتتا تېرىلىدىغان قىزىل گۈلدىن ياسالغان. ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئەتىر ياساش تېخنىكىسى يۇقىرى ئىكەن» دەپ يېزىلغان.⑤鎄 بۇ قىسقىغىنە خاتىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىنلا مۇھىتنى ياخشىلا ش ، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر خىل چارە - ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى »دىمۇ يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى ، مۇھىت تازىلىقى ۋە شەخسىي تازىلىققا ھەر دائىم ئەھمىيەت بېرىشنىڭ لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ . ئۇنىڭدا يەنە ساپ ھاۋا ھايات ئۈچۈن قانچە پايدىلىق ۋە زۆرۈر بولسا ، بۇلغانغان ھاۋامۇ ھايات ئۈچۈن شۇنچە زىيانلىق ۋە خەتەرلىك بولىدىغانلىقى ، ھەر خىل تازىلىققا ئوبدان ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ، ھەتتا تازىلىقنى تەن - سالامەتلىكنىڭ بىرىنچى شەرتى دەپ قاراش كېرەكلىكى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ

كەلگەن. ئۇلار هويلا - ئاراملارغا دەل - دەرەخ تىكىپ ، گۈل -گىياھلار ئۆستۈرۈپ ، مۇھىتنى پاكىز ۋە گۈزەل قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ھېيت - ئايەملەر يېقىنلاشقاندا ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ھەرىكەتلىنىپ تازىلىققا كىرىشىپ كېتىدۇ . بۇ ،بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەكنى ، تازىلىقنى شەرەپ دەپ بىلىپ ، ئۇنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلارنىڭ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ، شۇنداقلا ھەر خىل تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ، ئۆز نۆۋىتىدە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

.5يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دورىگەرلىككە دائىر بەزى بايانلىرى

«قۇتادغۇبىلىك » داستانىدا دورىگەرلىك ئىلمىگە دائىر ناھايىتى مۇھىم باي انلار بار . بۇ بايانلار ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا باشلانغان دورىگەرلىك ئىلمىنىڭمۇ مۇستەقىل بىر ئىلىم سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ، قەدىمكى زاماندا ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن تېۋىپلارنىڭ كېسەلنى تەكشۈرۈش ، دىئاگنوز قويۇش ، دورا بۇيرۇش ۋە دورا تەييارلاشتەك بىر يۈرۈش داۋالاش سىستېمىسىغا ئىگە بولغانلىقىنى ئىسمىزگە سالىدۇ . ئالايلۇق:

.1057تېۋىپلار يىغىلىپ تۇتۇشتى تومۇر ،

دېيىشتى ئۇلار: بۇ كېسەل نېمىدۇر ؟

.1058بىرى دېدى: قانى تۇتۇلمىش بۇنىڭ ،

ئېلىپ قان ، تومۇرىن ئاچايلى ئۇنىڭ.

.1059بىرى دېدى: سۈرگە ئىچۈرمەك كېرەك ،

ئىچى قاتقان ، ئەمدى بوشاتماق كېرەك.

.1060بىرى شەربەت ئەتتى ۋە قوشتى جۇلاب ،

ياساپ بەردى بىرىسى كېرەكلىك شاراب.

.1064تەرياك بەر ۋە مەيلى قات شەلسە ،

قوشۇپ ماترىدوس يا سۈرگە ئىچۈرسە.

بۇ يەردە ئالىم ئۆزى ياراتقان ئاتو لدىدىن ئىبارەت بىر پېرسۇناژنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىپ قالغاندا ، تېۋىپلارنىڭ كېلىپ ، ئۇنىڭ نېمە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ ، ئۇنى كېسەلدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل دورىلارنى تەييارلىغانلىقىدەك بىر جىددىي مەنزىرىنى ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق ئىپادىلىگەن . بۇ بايانلاردىن بىز يەنە ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ داۋالاش شەكلى - چارىسىنىڭ جىقلىقى ، دورا تۈرلىرىنىڭمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە بارلىقىنى بىلىپ يېتىمىز . قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە «پۈتۈن دورا - ئوت» لارنى ساقلايدىغان مەخسۇس «ئىدىشچى »لار بولۇپ ، «ئىدىشچى»دە يېپىشكە ، يالاشقا (شوراشقا ) ۋە ئىچىشكە بولىدىغان نۇرغۇن دورىلارنىڭ تەل ئىكەنلىكى مەلۇم . بۇنى بىز مۇنۇ مىسرالاردىن بىلىپ يېتىمىز:

.2887پۈتۈن دارا -ئوتنى ئىدىشچى تۇتار ،

جەۋارىش ، يا مەئجۇن ، يا سۈرگە قاتار.

.2888ئۇنىڭدا تېپىلسۇن تولا دورىلار ،

يېيىشكە ، يالاشقا ، ئىچىشكە تەييار.

.2889قۇرۇق -ھۆل يېمىش يا ئىچىملىك شاراب ،

ئۈنىڭدىن ئالار بول گىلىگغا قاراپ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكدىمۇ شەربەت دورىلار ، مەسلەن ، شەربىتى بىنەپشە قاتارلىق نەچچە ئون شەربەت ؛ جۇلابلار - جۇلابى سەۋدا قاتارلىق ئون نەچچە خىل جۇلاب ؛ شارابلار - شارابى رەيھان قاتارلىق ئون نەچچە خىل شاراب ؛ تەرياقلار - تەرياقى نەزلە قاتارلىق نەچچە خىل تەرياق ؛ جەۋارىس كۇمۇنى قاتارلىق نەچچە ئون خىل جەۋارىس ؛ مەئجۇنى ئازاراقى قاتارلىق ئون نەچچە خىل مەئجۇن ؛ سۇرگە قاتارىغا كىرىدىغان ھەر خىل مۇسھىل ۋە ئىخراجلار ، يالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل لوئۇقلار (يالانچۇق دورا ) قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ . ئالىم بۇلاردىن باشقا ، يەنە ئىپار ، ئەنبەر ، زەپەر ، كافۇر قاتارلىق خۇش پۇراقلىق دورىلارنى ھەمدە ئالتۇن ، كۈمۈش ، ياقۇت ، مەرۋايىت قاتارلىق مېتال ۋە مىنېرال ماددىلارنىمۇ ، دورىلىق قۇش ، ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ گۆش - سۆڭەكلىرىنىمۇ دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

قىسقىسى ، قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىدە ھەزىم قىلدۇرغۇچى ، قۇۋۋەتلىگۈچى ياكى ئاجىزلاتقۇچى ، زەھەر قايتۇرغۇچى ، يەيدىغان ، ئىچىدىغان ، چاپلايدىغان ، يالايدىغان دورىلار ۋە باشقا ھەر خىل شەكىلدىكى نۇرغۇنلىغان دورىلار ئىشلىتىلگەن.بۇ دورىلارنىڭ بەزىلىرى بىر خىل بۇيۇمدىن تەييارلانسا ، بەزىلىرى بىرقانچە خىل دورىلارنىڭ بىرىكمىسى بىلەن تەييارلىنىدۇ . بۇنداق مۇرەككەپ دورىلارنى تەييارلاش ، كىرەكلىك دورىلارنى بەلگىلىك نىسبەت بويىچە ئۆزئارا قوشۇپ كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئالدىن مۆلچەرلەنگەن دەرىجىگە يەتكۈزۈش بىلەن تاماملىنىدۇ . شۈبھىسىزكى ، بۇ ناھايىتى يۇقىرى تېببىي ئىلىم سەۋىيىسىنىڭ ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇرەككەپ خىمىيىلىك بىرىكتۈرۈشلەر تېخىمۇ شۇنداق . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن ، ئىلىم - پەن ، سانائەت ۋە تېخنىكا تەرەققىي تاپمىغان قەدىمكى زاماندا تۇرلۇك - تۈمەن دورىلارنى تەييارلاش تەبىئىيكى بەكمۇ قىيىنغا توختايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييارلانغان دورىلارمۇ قولدا ۋە ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا تەييارلىناتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتى مانا شۇنداق ئەھۋالدا

كېتىپ بارغان شارائىتتا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ۋە دورىگەرلىرى ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش ، نۇرغۇن قېتىم ئەمەلىي سىناق قىلىش ئارقىلىق تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە شىپالىق بولىدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى دورىلارنى تەييارلاپ چىقىپ ، باخشىلار ، داخانلار ، رەمباللار ، پېرىخۇنلار ۋە ئەپسۇنچىلار بىلەن تېبابەت داۋالاش - دورىگەرلىكتە ئۇزاقلارغىچە رىقابەتلىشىپ ، ئاخىر ئۇستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەت - دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ چىقتى.

بىز «قۇتادغۇبىلىك »تىكى تېبابەتكە دائىر كۆز قاراشلاردىن ئىلھام ئېلىپ ، ۋەتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىدە خۇددى ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر تېبابەت - دورىگەرلىك ئىلمىي سەمەرىلىرىنى قەدىرلىشىمىز ، تىرىشىپ ئېچىشىمىز ۋە ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

③①ئىبراھىم مۇتىئى:«ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى» ، «بۇلاق» ، ئومۇمىي 28 - سان.

» ②ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» ، 7 - بەت.

» ⑥⑤④نەۋائى دەۋرىنىڭ تېبابىتى» ، 1991- يىلى ، تاشكەنت نەشرى.

» ⑦شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1993 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانى (5 - بەت.(

» ⑧ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش ئېڭى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇتكۇل تۇرمۇشى ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ، ئۆرپ- ئادىتى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، ئېتىقادى نان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار كۈندىلىك نورمال تۇرمۇش شارائىتىدىمۇ ، توي-تۆكۈن ، ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىدىمۇ ، نەزىرلەردىمۇ ، مېھماندارچىلىقتىمۇ ، سەپەردىمۇ ناندىن ئايرىلالمايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ نان ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ، ئېتىقادى باشقا ھەر قانداق شەيئى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە قارىغاندا ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل.

ئۇيغۇرلار ناننى ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ. چۈنكى ، نانغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ناھايىتى چوڭقۇر سىڭگەن .

دىققەت قىلساق ، ئايمۇ ، قۇياشمۇ ، يەر شارىمۇ ، نانمۇ ، تونۇرمۇ يۇمىلاق ، بۇلار ھەرگىزمۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان ئەمەس. بەلكى نانغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقادى چۈشەنچىسى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى چۈشەنچىسى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار توي قىلغاندا ، قىز- يىگىتكە تۇزغا چىلانغان ناننى يېگۈزىدۇ. بۇ ، قىز- يىگىتنىڭ جاپا- مۇشەققەت ، راھەت- پاراغەتتە مەڭگۈ بىللە بولۇشنى تىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى . ئۇيغۇرلار قەسەم قىلسا ، نان تۇتۇپ قەسەم قىلىدۇ . بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى تولىمۇ ئۇلۇغ بىلگەنلىكى . ئۇيغۇرلار بەزىدە ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن نان ئۇرسۇن ، دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. بۇ سۆزدىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى نەقەدەر ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ناننى ئىسراپ قىلىشنى جىنايەت ھېسابلايدۇ . نانغا گۇناھ قويىدىغان ، ناننى ئەيىبلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىشنى ئەڭ يامان كۆرىدۇ . ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرىگە نان ھەققىدە تەربىيە بەرسىمۇ ، "نانغا دەسسىسەڭ ، ناندىن ئاتلىساڭ ، كۆزۈڭ قارىغۇ بولىدۇ " دەپ تەربىيە بېرىدۇ . ئۇيغۇرلار مېڭىپ يۈرۈپ نان يېيىشنى بەك يامان كۆرىدۇ ، چۈنكى مېڭىپ يۈرۈپ نان يېگەندە ، نان ئۇۋاقلىرى يەرگە چۈشۈپ كەتسە ، ئادەم دەسسەپ سېلىپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ناۋادا يولدا نان پارچىلىرى ئۇچراپ قالسا ، ئۇنى باشقىلارنىڭ كۆرمەي دەسسەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان ئېگىز يەرگە ئېلىپ قويۇپ ماڭىدۇ. قېتىپ قالغان نانلارنى سوقۇپ ياكى نانقايناق قىلىپ يەۋېتىدۇ ، ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ . كۆكىرىپ قالغان نانلارنى مال- چارۋىلارغا يېگۈزۈۋېتىدۇ ، ئائىلىسىدە مال-

چارۋىسى بولمىسا ، مال-چارۋىلىرى بار قوشنىلىرىغا ئەكىرىپ بېرىدۇ ، ھەرگىز ئەخلەتكە ئارىلاشتۇرۇپ تاشلىمايدۇ.

ئۇيغۇرلار قىز چوڭ قىلغان ئائىلىگە ئەلچىلىككە بارغاندا ، داستىخانغا نان يۆگەپ ئېلىپ بارىدۇ . سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغانلارغا نان سوۋغا قىلىدۇ . چۈنكى ، ئۇيغۇرلار ناننى سەپەردە ھەمراھ بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ ئادەتتە سەپەرگە ھېچنەرسە ئالمىغان تەقدىردىمۇ ، ناننى ئالماي قويمايدۇ . تىلەمچىلەرگە نان سەدىقە قىلىدۇ . مۇسىبەت بولغان ئائىلىگە داستىخانغا نان يۆگەپ بېرىپ ، ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ ، نان ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ . ئېلىپ-ساتقۇچىلار سودا قىلىشقاندا قارشى تەرەپكە "نان تەگسۇن" دېگەن سۆز بىلەن رازىلىق بېرىدۇ ئائىلىگە كەلگەن مېھمانغا ئالدى بىلەن ناندا داستىخان سالىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى ئىچىدە ناننى ئۇلۇغلايدىغان ، ناننى ئىسراپ قىلىشنى جىنايەت ھېسابلايدىغان ، ناننى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ماقال- تەمسىللەرمۇ خېلى كۆپ . ئۇيغۇرلار تۇزنىمۇ ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ . نانغا تۇز قوشۇلغان بولغاچقا ، بۇ ھەقتىكى ئېتىمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم . ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش ئېڭى ئىجتىمائىي ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ، ئۆرپ- ئادەت ، ئېلىم- سېتىم ئىشلىرى ، ئۆلۈم- يېتىم ، نەزىر- چىراغ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا ، بىر چىشلەم ناننىڭ قانچىلىك جاپادا قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ. يەنە كېلىپ تەبىئىي ئاپەت بولغان ، دېھقانچىلىقتا ھوسۇل ئېلىنمىغان سەۋەبلىك ، خەلقىمىز كۆپ قېتىم ئاچارچىلىق دەردىنى يەتكىچە تارتقان ، ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن تارىختا كۆپ قېتىم تراگېدىيىلىك ھادىسىلەر كۆرۈلگەن . مانا بۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى . ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى ئۇلۇغلىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئەمگەكنى ئۇلۇغلىغانلىقىدۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا نان بىلەن ئەمگەك زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا ، ئۇيغۇرلار ئەمگەكچان ، ھال- كۈنى ياخشى ئادەملەرنى نان تېپىپ يېيەلەيدۇ ، نېنى پۈتۈن ، دېيىشىدۇ . ئەكسىچە ، ئەمگەك بىلەن خۇشى يوق ، بىكار تەلەپ ، ھۇرۇن ئادەملەرنى نان قېپى ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنى ناننىمۇ ئوڭلاپ يېيەلمەيدۇ ، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىغا يامانلىق قىلىدىغانلارنى نان كور ، دېيىشىدۇ. ئومۇمەن ، نان ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات پائالىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش ئېڭىنىڭ مۇستەھكەملىكى تارىختا بىر كۈنمۇ سۇسلىشىپ قالمىدى . بەلكى بارغانسېرى

مۇستەھكەملىنىپ باردى.

ئادەمنىڭ يېنىدا نان بولىدىكەن ، ھاياتقا بولغان ئېشەنچىسى بول ىدۇ . بۇ ئىشەنچ يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ نانغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن .ئۇلارنىڭ نانىنى ئۇلۇغلىشى ، نانغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ كۆزەتكەندىمۇ ، ئۇنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىلكەنلىكىنى ، ھەرگىزمۇ ئىستىخىيىلىك ھالدىكى ئىدىيىۋى چۈشەنچە ئەمەسلىكىنى تولۇق ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار قانداق جايدا بولمىسۇن ، ئالدىغا داستىخان سېلىپ ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ، نان ئۇۋاقلىرى داستىخانغا چۈشىدۇ ، نا ن ئۇۋاقلىرىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار داستىخاننى ناھايىتى پاكىز ساقلايدۇ. داستىخاندىكى نان ئۇۋاقلىرىنى قالايمىقان تۆكۈۋەتمەيدۇ. مانا بۇ خىل ئادەت ھازىرقى داستىخان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان . ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش ئېڭى ئۇيغۇر تاماق مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ، مەدەنىيىتى ، ئېستېتىك ئېڭى ، ئېتىقادى ، ئۆرپ- ئادىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەنبەسى : ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى

كۆرۈلگىنى:70قېتىم

ۋاقتى :2008-1-17

تۇرمۇش قۇرۇپ ئائىلە تەسىس قىلىش ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن قەدىمىي بىر ئادەت بولۇپ ، تۇرمۇش قۇرۇش ئۇچۇن جۆرە تاللاشتا ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى ۋە ئەجدادلىرىدىن مىراس ئالغان بەزىبىر قائىدە -يوسۇنلىرى بار بولغىنىدەك ، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تۇرمۇش قۇرۇش ئۇچۇن جۈر تاللاشتا ئۆزلىرىگە خاس ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئاقىلانە پرىنسىپى باردۇر .ئۇلار بۇ مىللىي ئەنئەنىسنى ھېلىھەم جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە .

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ جۆرە تالاشتىكى مىللىي ئەنئەنىسى

ئۇلمالار ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇچۇن ئۆزلىرىگە جۈر تاللاشتىكى ئەنئەنىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : " ئۇيغۇرلارنىڭ 11.ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر دانىشمەن ۋە ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئالىمى يۇسۇپ خ اس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق ئەسىرى "قۇتادغۇ بىلىك" تە مۇنداق دەپ يازغانىكەن:

دېسە كىم ئۆيلىنەي ، ئەي ئەرلەر بېشى ،

ئالار شۇ تۆت خىلدىن بىرىنى ئۇ كىشى ،

بىرى باي خوتۇننى ئالماق ئىستەر ،

ئۇ بىرسى چىرايلىق ئۇچۇن كۆز تىكەر ،

يەنە بىرسى ئېسىل نەسەبلىك تىلەر ،

ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قۇۋانىپ يۈرەر.

بىرسى ئىستەر نەپىس تەقۋادارنى ،

ئۇنى تاپسا باغلار ئاگا كارىنى ،

يۇسۇپ خاس هاجىپ يۇقىرىقى بېيىتلىرىدە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ توغرىدا ئېيتقان مۇنۇ ھەدىسلىرىنى ئۆلچەم قىلغان :"كىشىلەر ئايال كىشىلەرنى تۆت نەرسىگە قاراپ تاللايدۇ ، ئۇنىڭ بايلىقىغا ، چىرايىغا ، نەسەبىگە ۋە ئۇنىڭ دىيانىتىگە .سەن ئەڭ ئاۋۋال دىيانەتلىك بولغىنىنى تاللىغىن ، ئەگەر ئانداق قىلمىساڭ چوقۇم زىيان تارتىسەن." (بۇخارىي رىۋايىتى(

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن : "كىمكى ئايال كىشىنى ئۇنىڭ ئابرويىنى كۆزلەپ تا للايدىكەن ، ئۇ خورلۇقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ .كىمكى ئۇنى ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن ، ئۇ پېقىرلىقتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ .كىمكى ئۇنىڭ نەسەبىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن ، ئۇ پەقەت رەزىللىكتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.كىمكى ئايال كىشىنى ، كۆزىنى نا مەھرەمگە تىكىلىپ قاراشتىن ، ئۆزىنى هارامدىن ساقلاشنى مەقسەت قىلغان هالدا ، ئۇنىڭ دىيانىتىنى دەپ ئالىدىكەن ، ئاللاھ ھەر ئىككىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ." (تەبەرانىي رىۋايىتى"(

كىشىلەرنىڭ جۇر تاللاشتىكى يۆنىلىشلىرى

قىز-يىگىتلەر بالاغەتكە يېتىپ ، كۆڭۈللىرىگە خى ياللار كىرىشكە باشلىشى بىلەن تەڭ ، ئۇلارنىڭ زېھنى كېلەچەك تۇرمۇشىدىكى شېرىكى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ.

ئولىمالارنىڭ ئېيتىشىچە ، كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە تەربىيە ئالغان مۇھىتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغىنىغا قاراپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن جۈرە تاللاشتىكى قىزىقىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ .بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان جۈرىسىنىڭ شەكلى گۈزەللىكىنى كۆزدە تۇتسا ، بەزىلەر ئۇنىڭ بايلىقىنى ياكى جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتىدۇ .بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقلا بىر جەمئىيەتتە بولمىسۇن ، تۇرمۇش قۇرغۇچىلاردا ئومۇمەن كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئاساسلىق سۈپەتلەر .لېكىن يۇقىرىقى سۈپەتلەر ئىچىدە ھەممىدىن ئېسىل ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەيدىغان سۈپەت قايسى دېگەندە ، ئۇ ئەخلاق بىلەن دىيانەتتۇر .چۈنكى بۇ تۇرمۇش ئۆزگەرمەيدىغان سابىت

نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلماستىن ، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى ئاساس قىلغان تۇرمۇشتۇر . ئەر. خوتۇنلۇق هاياتى ئەگەر ئەخلاق بىلەن دىيانەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلىدىكەن ، ئۇ ئۆزگەرمەس ، مەھكەم نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ جۆرە تاللاش پرىنسىپى

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشتىكى ئەنئەنىسىگە كەلسەك ، ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلىرى قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۇنۇ ئۆلچەمنى ئاساسىي ئورۇندا قويىدۇ . ئۇ مۇنداق دېگەن : "دىيانىتى بىلەن ئەخلاقى سىلەرنى رازى قىلىدىغان ، قانداقلا بىر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە ، ئۇلارنى تېز ئۆيلەندۈرۈڭلار ! ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ، يەر يۈزىدە چوڭ بۇزۇقچىلىقنى تېرىغان بولىسىلەر " (تىرمىزىي رىۋايىتى(
ئۇيغۇرلار مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆز -ئارا ئارتۇقچىلىقنىڭ ئۆلچىمىنى ۋىجدانىنى ئىدارە قىلىدىغان ، هاياتلىققا سادىق نەزەر بىلەن قاراپ ، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان ، ئېسىل پرىنسىپلارغا باغلىق قىلغان . ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : "ئى ئىنسانلار بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالدىن (يەنى ئادەم بىلەن هاۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا ئانىدىن ياراتتۇق . ئۆز ئارا تونۇشۇشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ هۆرمەتلىك هېسابلىنىسىلەر " (هوجۇرات سۈرىسى 13 ئايەت ) چۈنكى ، ئاللاھنى تونۇغان دىيانەتلىك كىشى ئايالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق هوقۇقلارنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنى جايىدا ئادا قىلىدۇ.

مەنبەسى : ماتېرىيالدىن

كۆرۈلگىنى:52قېتىم

ۋاقتى :2008-1-4

ئۇيغۇرلاردا هويلا - ئارام مەدەنىيىتى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىم  بي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش ، كىيىم -     كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، ئۆرپ - ئادەت ، ھۈنەر - سەنئەت ، تۇرالغۇ ئۆي ، هويلا - ئارام مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەن . تۆۋەندە ، ئۇيغۇرلارنىڭ هويلا - ئارام مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر نەچچە تەرەپىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز .

هويلىدا ئۆزۈم ئۆستۈرۈش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ هويلىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئادىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ، ئۇيغۇرلار ئۆيىنى كۆن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ سالىدۇ. هويلىنىڭ كەڭ ، ئازادە بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا ھەممە ئائىلىلەر دېگۈدەك  هويلىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ باراڭغا ئېلىپ كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىدۇ.ئۇيغۇرلار هويلىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنىڭ پايدىسىنى ناھايىتى بۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەن ، ئۈزۈم بىۋاستە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقاندىن باشقا ، ، ياز كۈندە ئۇنىڭ سايىسى هويلىغا ناھايىتى ئۆزگىچە زىننەت بېغىشلايدۇ ، هويلا سالقىن بولۇپلا قالماي ئۆي ئىچىمۇ سالقىن بولىدۇ. ھاۋاسىمۇ ساپ بولىدۇ. ياز كۈنلىرىدە ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا كارىۋات قويۇپ ئولتۇرسا ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ ، تال باراڭلىق هويلىغا  ئەتىگەندە ئازراق سۇ سېپىپ قويسا هويلا تولىمۇ سالقىن بولىدۇ  .

ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ھويلىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ ئۈنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىپ ھەم ئىستېمال ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ ئۆزىگە خاس ھويلا - ئارام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ، بۇ خىل مەدەنىيەت بۈگۈنكى كۈنگىچە كەلگەندە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى .

ھويلىدا كاۋا ، قاپاق ئۆستۈرۈش ئادىتى ئۇيغۇرلار ھويلىدا كاۋا ، قاپاق ئۆستۈرۈشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەتىياز كىرىشى بىلەن ھەممە ئائىلىلەر ھويلىغا كاۋا ، قاپاق تېرىپ ئوبدان پەرۋىش قىلىدۇ ، كاۋا ، قاپاق پىلەك تا رتىپ ئۆستىدىغان بولغاچقا ، ياز پەسلىدە ھويلىغا ئوبدانلا سايە تاشلايدۇ ، كاۋا ، قاپاق تېرىلغان ھويلىنىڭ ھاۋاسى ساپ ، سالقىن ، ھۇزۇرلۇق بولىدۇ .ئۇنىڭ ئۈستىگە كاۋا ياخشى يېمەكلىك بولۇپ ئۇنى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ . قاپاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ۋاستىسى بولۇپ ، ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ رولىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغان ، قاپاق ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كاۋا ، قاپاق ئۇيغۇرلارغا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن بەلكى ئۆزىگە خاس ئىستېمال ئادىتى يېتىلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئويناپ كەلدى .

ھويلىدا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئېڭى يېشىللىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ ھويلىسىغا كىرسە مېۋىلىك دەرەخ بولماي قالمايدۇ . ئۇيغۇرلار ھويلىغا كۆپۈنچە ئۈجمە ، ئۆرۈك ، ياڭاق كۆچىتى تىكىشنى ياخشى كۆرىدۇ . چۈنكى ئۈجمە ئەتىياز پەسلىدە ، ئۆرۈك ياز پەسلىدە ، ياڭاق كۈز پەسلىدە پىشىدۇ ، دېمەك ئۈچ پەسىلنىڭ ھەممىسىدە مېۋىلەردىن ھوزۇرلانغىلى بولىدۇ . ئۇيغۇرلار مېۋىلەرنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھويلىدا ئوخشاش بولمىغان پەسىللەردە پىشىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرۈپ ماددىي ئېھتىياجىنى قامدىغان ، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەت ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە ، ھويلىدا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ئادىتى ئۇيغۇر ھويلا - ئارام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ .

ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈش ئادىتى

ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈش ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . ئۇيغۇرلار ھويلىدا ئاق ، سېرىق ، قىزىل ئېچىلىدىغان

گۈللەرنى كۆپرەك ئۆستۈرىدۇ ، يەنە كېلىپ ئۇلار گۈلنى بىۋاستە تۇپراققا تېرىپ ئۆستۈرىدۇ . بۇنداق گۈللەر ناھايىتى شوخ ، باراقساق ئۆسىدۇ ، باش باھاردىن كەچكۈزگىچە ئېچىلىپلا تۇرىدۇ ، ئۇيغۇرلار ئاق رەڭنى پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ ، مويسىپىتلار دائىم ئاق رە ڭلىك كىيىملەرنى كىيىدۇ ، باشقىلار ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ قازا قىلغۇچىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ئېچىلىدىغان گۈللەرگە ھېرىسمەن بولۇشى دەل بۇ خىل ئىستېتىك ئاڭنىڭ مەھسۇلى . سېرىق ، قىزىل رەڭلەرمۇ ئادەتتە مېھىر - مۇھەببەت سۆيگۈنىڭ سىمۋولى . شۇڭا ئۇيغۇرلار سېرىق سەمبەل گۈل ، ھەشقىپىچەك گۈل ، ئاق لەيلى قاتارلىقلارنى ھويلىغا تېرىپ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ ، ھازىر گۈلنى تەشتەكتە ئۆستۈرۈش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان بولسىمۇ ، لېكىن سەھرالاردا گۈل يەنىلا ھويلىدا تۇپراققا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ .

سىمۋول خاراكتېرلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ئادىتى

ئۇيغۇرلاردا سىمۋول خاراكتېرلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش خېلى ئومۇملاشقان ، نۇرغۇن ئائىلىلەردە »بوۋام تىككەن دەرەخ ، بوۋامنىڭ بوۋىسى تىككەن دەرەخكەن « دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئاڭلايمىز ۋە قەدىمي دەرەخلەرنى كۆرىمىز ، ماھىيەتتە بۇ خىل دەرەخكە ئۆز ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىش ، ئۇنى ئەسلەش ، سېغىنىش ، ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى سىڭگەن . ئۇيغۇرلار يەنە بىر - بىرىنىڭ بېغىغا ، ھويلىسىغا كۆچەت قويۇپ بېرىش ، دەرەخلىرىنى ئۇلاپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر - بىرىگە بولغان دوستلۇق ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ ، ئۇيغۇرلار بۇنداق دەرەخنىمۇ ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرىدۇ .

دېمەك ، ئۇيغۇرلاردا سىمۋۇل خاراكتېرلىك دەرەخ تىكىش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئادەت ھېسابلىنىدۇ .

مەنبەسى : ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى

كۆرۈلگىنى:71قېتىم

ۋاقتى :2008-1-17

ئۇيغۇرلاردا رەسەبنامە ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئەنۋەر سەمەت غەربى

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ، پائالىيەتچان بىرلىكى بولۇپ ، ئۇ ئۆز ئالدىغا كىچىك جەمئىيەتتۇر . ئائىلە نىكاھ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن شەكىللىنىدىغان ، ئۈزلۈكسىز پەيدا بولىدىغان ۋە پارچىلىنىپ ، شاخلاپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگەبولغان بارلىق ئائىلە ۋە شۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى بىر جەمەتنى تەشكىل قىلىدۇ.شۇڭا ئائىلە تارىخى ئەمەلىيەتتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلىنىدىغان جەمەتنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدۇر . ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم جەمەتنىڭ تارىخىي خاتىرىسى "نەسەبنامە" دېيىلىدۇ ، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا "جۇرۇڭقاي" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. "نەسەب" ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، "تۇغقان ، قان - قېرىنداش ، قانداشلىق مۇناسىۋەت" دېگەن مەنىگە ئىگە . "نەسەبنامە" بولسا مەلۇم ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ قان - قېرىنداشلىق يىلتىزى ۋە مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن جەمەت تارىخى دېگەنلىكتۇر. "جۇرۇڭقاي" سۆزىگە كەلسەك ، بۇ سۆز ھازىر "ئائىلىنىڭ تارىخى خاتىرىسى" مەنىسىدە موڭغۇل تىلىدىنمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە . بۇنىڭدىن بۇ سۆزنىڭ موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز ئەمەس بەلكى قەدىمكى

ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق سۆز ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلاردا ۋە قېرىنداش تۈركىي خەلقلەردە نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . قەدىمدە جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ئۇرۇق ياكى جەمەت مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بەرگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى . جەمەت نەسەبنامىسى ئەس لىدە قەدىمكى دەۋرلەردىكى چوڭ ئۇرۇقلار ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇرۇقلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ ، بۇ ھەممە مىللەتتە دېگۈدەك مەۋجۇت بولغان ، ئەمما بىر مىللەتنىڭ ھەممە ئائىلە ۋە جەمەتلىرىدە بىردەك ئومۇملاشمىغان ھادىسىدۇر. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە ،مەيلى چوڭ ياكى كىچىك جەمەتلەر بولسۇن ، ھەممىسىدە دېگۈدەك نەسەبنامە تۈزۈپ ساقلايدىغان ھەمدە ئۇنى ئەجداتتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلگەن . بۇ ياۋروپا مىللەتلىرى ۋە خەنزۇلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ . ئەرەبلەردە نەسەبنامە "سىلسىلەتۇن نەسەب "(ئائىلە زەنجىرى ، قانداشلىق مۇناسىۋەت زەنجىرى ، مەنىلىرىدە )دېيىلىدۇ . بۇ ھامان قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تۈپ ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلىدۇ . ياۋروپا مىللەتلىرىدىكى "Genealogy" دەپ ئاتىلىدىغان نەسەبنامىمۇ ئوخشاشلا ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت. نەسەبنامە ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىنەزەر ، نەسەبنامىلەر بىردەك بىر ئائىلە ياكى جەمەتنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلىدۇ ، بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرى -ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىلا تىبەت ۋە قارۇشتى يېزىقلىرىداخاتىرىلەنگەن ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا مۇكەممەل بولغان نەسەب خاتىرىسى بولغان ① . بۇنىڭدىن سىرت بىز ئورخۇن - يەنسەي مە ڭگۈ تاشلىرىنى نەسەبنامىنىڭ خاراكتېرى ئېتىبارى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە كۆكتۈرك خانلىقى خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى دەپ ئېيتالايمىز.

15-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا تەزكىرىچىلىك شەكىللىنىپ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە جەمەتلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن تەزكىرىلەر بارلىققا كەلدى . مەسىلەن : "بۇغراخانلار تەزكىرىسى " ، "ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى " قاتارلىقلار. تېخىمۇ جانلىق دەلىللەر شۇكى ، ھازىر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارىخى 500 يىلغا يېتىدىغان ، خاتىرىلەنگەن ئادەم سانى 1000دىن ئاشىدىغان ، مۇكەممەل كۆرۈنۈشلۈك نەسەبنامە(جۇرۇڭقاي)لار

ساقلانماقتا ۋە هازىرقى ئەۋلادلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلماقتا . دېمەك ، بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ نەسەبنامە تۈرغۇزۇش ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقىنى كېسىپ ئېيتالايمىز . بىراق ، نەسەبنامە تۈرغۇزۇش قەدىمكى دەۋرلەردە خان جەمەتى ، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ۋە ئاز ساندىكى قەلەمدارلار ئارىسىدىلا چەكلەنگەن ئەنئەنە بولغان بولسا ، بۈگۈنكى كۈندە تارىخ ئېڭى كۈچلۈك ، ئۆز ئائىلە تارىخىنى مىللەت تارىخىنىڭ بىر تەركىبى دەپ ھېسابلايدىغان ، نەسەبنامە ئارقىلىق ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلاشتەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈ ك ئاز ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلماقتا.

- 1996يىلدىن ئېتىبارەن "تارىم غۇنچىلىرى " ژۇرنىلى "يىلتىزىم " ناملىق سەھىپە ئېچىپ ، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى تارىخىنى بىلىش ، ئېنىقلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى تۈزۈۋېلىشىغا ر ىغبەت بەردى.نەتىجىدە نۇرغۇن باللار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئۆزى بىلگەن دائىرىدە تونۇشتۇرۇش بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنىڭ پاكىز ئەمما قىزغىن تارىخ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى . مەن باللارنىڭ ئۆز ئائىلە نەسەبنامىلىرىنى تۈرغۇزۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە شۇ ژۇرنالنىڭ 1997 - يىللىق 12 - سانىدا "نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ بىرقانچە ئۇسىخىمىسى " ناملىق ماقالەمنى سەبىيلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىگە سۇنغانىدىم. قىسقىسى ، نەسەبنامە تۈزۈش ، شۇ ئارقىلىق ئەجداد- ئەۋلاد زەنجىرىنى ھاسىل قىلىش ، نۆۋەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ، كۈچىيىشى ، تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئوي غىنىشى ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ناھايىتى جانلىق بىر تەرىپى ۋە ئىپادىسى بولۇپ قالدى.

مەرىپەتلىك جەمئىيەتتە مەرىپەتلىك مىللەتلەر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش ، ھەر بىر پائالىيەت ۋە ھەر بىر ھەرىكىتىمىزدە ئۇيغارلىقنى ئىپادىلەش ، مىللىي خاسلىقنى يوقىتىپ قويماسلىق ، ئەۋلادلارغا كۈچلۈك تارىخ تۇيغۇسى ئاتا قىلىش ئۈچۈن نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ياخشىراق چارە بولمىسا كېرەك . چۈنكى ، ھازىرقى زاماندىكى مەرىپەتلىك مىللەتلەر ئۆز نەسەبنامىلىرىنى مىللەت تارىخىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تون ۇيدۇ ، ئۇنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى ئېسىل دەرسلىك قىلىدۇ ، نەسەبلىرى بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ ، جەمەتداشلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى ، ئۇيۇشقاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ ، نىكاھ ، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشەيدىغان ماتېرىيال سۈپىتىدە قەدىرلەپ داۋاملاشتۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى ، جەمەت نەسەبنامىسى ھامان مەلۇم فامىلە تارىخىدۇر . نەسەبنامە - فامىلە ۋە ئۇنى قوللانغۇچى جەمەتداشلارنىڭ تارىخىي ئاساسىدۇر . فامىلە

قوللىنىدىغان مىللەتلەردە ھامان شۇ فامىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تارتىپ ئاۋۇشىغچە بولغان جەريان ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەسەبنامە بولىدۇ .باشقىچە ئېيتقاندا فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتلەر فامىلە قوللىنىش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ ، فامىلە قوللىنىشتا نەسەبنامىنى يازما ئاساس قىلسا ، نەسەبنامە يېزىشتا فامىلىنى ئۆلچەم قىلىدۇ . ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسى كۆتۈرۈلگەندىن بېرى بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك پىكىرلەر ۋە لايىھىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى .مېنىڭچە بىر مىللەتتە فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن .ئەمما فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈ شتە ، نەسەبنامە تۈزۈش مۇھىم يېزىق ئاساسى ۋە پرىنسىپ قىلىنىشى لازىم .چۈنكى ، فامىلە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باغلانغان بىر پۈتۈن جەمەتنىڭ ئومۇمىي بەلگىسىدۇر ، نەسەبنامە بولسا شۇ بەلگىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىشلەتكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدۇر . فامىلە قوللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا نەسەبنامە تۈزۈش بىرىنچى قەدەم قىلىنسا ، ئۇنداقتا شۇ نەسەبنامە تەركىبىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر ئورتاق نامنى فامىلە سۈپىتىدە تاللاپ قوللىنىشنى تېزلەتكىلى ھەمدە فامىلە قوللىنىشتا كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان قالايمىقانچىقنى تۈگ ەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم نەسەبنامە چوقۇم مەلۇم فامىلە بىلەن ئاتىلىشى لازىم بولىدۇ . مەسىلەن: مەلۇم بىر كىشى ئۆز جەمەتىنىڭ مەلۇم بىر ئورتاق نامغا ئىگە بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ، ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىر سۆزنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولغىنىدا ، ئۇنىڭ تاللىغان فامىلىسىنى شۇ جەمەتتىكى باشقا كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ناتايىن . ئەگەر ئۆز ئائىلىسىدىنلا باشلاپ قوللىنىشنى خالىسا ، ئۇنداقتا بۇنداق فامىلىنىڭ ئەجدادلار ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى رولى ئاجىز بولۇشى ، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى ساقلاشت ىكى رولى چوڭ بولماسلىقى مۇمكىن . چۈنكى ، فامىلە شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگىلا خاس نام بولۇپ قالماستىن ، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى قانداشلىق ، قېرىنداشلىق ۋە جەمەت ، ئائىلە تارىخى قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆزىگە يۈكلىگەن نامدۇر. شۇڭا نەسەبنامە ۋە فامىلىنى ھەر كىم ئۆزىدىن باشلىغاندىن كۆرە نىسبەتەن يىراقتىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىش مۇۋاپىق . مۇشۇنداق قىلغاندا ، پۈتكۈل جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق فامىلىسىنى بېكىتىپ چىققىلى ، قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ . شۇڭا مەن فامىلە ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرگە ئېلىپ بې رىشنى ئەمەلىي ۋە مەنپەئەتلىك تەدبىر دەپ قارايمەن. بۈگۈنگە قەدەر تۈزۈلگەن نەسەبنامىلەردە مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتە نۇرغۇن پەرقلەر بار . مېنىڭچە

نسبەتەن ئومۇميلاشقان ۋە مۇكەممەلرەك بولغان نەسەبنامە كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك سەككىز مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.1. مۇقەددىمە 2. شۇ جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش 3. جەمەت شەجەرىسى 4. نەسەبنامە جەدۋىلى 5. جەمەتتىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى . بۇ توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرى ، باشقا مىللەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇش ئەھۋالى ، شۇ جەمەتنىڭ گۈللىنىش ، خارابلىشىش ئەھۋاللىرى ۋە سەۋەبى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ 6. شۇ جەمەتنىڭ ئولتۇراقلىشىش ماكانلىرى ۋە كۆچۈش ئەھۋالى 7. شۇ جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ قاچان ، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ، قەبرە ئورنى قاتارلىقلار 8. شۇ جەمەتتىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى.

ئەلۋەتتە ، نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنىنى نەسەبنامە يازغۇچى جەمەت ئەزالىرى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ماتېرىيالنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ، بىلىم قۇرۇلمىسى ، قىزىقىشى بويىچە بېيىتىشقا ۋە تەكشەشكە بولىدۇ. نەسەبنامىگە شۇ جەمەت تەركىبىدىكى بارلىق ئەر ئەزالار ئەۋلاد تەرتىپى بو يىچە باي - كەمبەغەللىك ۋە يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقىگە قارىماي تىزىلىدۇ .ئايرىم مەشھۇر شەخسلەر ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇندا بەت ئاجرىتىلىپ تەرجىمىھال تۇرغۇزۇلىدۇ. فامىلىسى بار جەمەت ئۆز نەسەبنامىسىنىڭ بېشىدا فامىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، تەرەققىياتى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ . مۇۋاپىق تېپىلسا شۇ جەمەتنىڭ باشقا جەمەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قائىدە - يوسۇن ، ئۆرپ - ئادەت ۋە ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋاللىرى قوشۇمچە قىلىنىسىمۇ بولىدۇ . ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى شەجەرىدۇر. "شەجەرە" ئەرەب تىلىدا" بىر تۈپ دەرەخ" دېگەنلىك بولۇپ ، بۇ "شجرەالنسب"(شەجەرە تۈن نەسەب ) شەكلىدە ئىشلىتىلىپ "ئۇرۇق -تۇغقانلار مۇناسىۋىتىنى دەرەخ شەكلىدە كۆرسىتىش " دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

شەجەرە بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى يازما نەسەبنامىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق ھەم يىغىنچاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە . شەجەرىنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرى بار . شەجەرە تارىخى ئۇزۇن بولمىغان جەمەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلىپ ، ئايال تارەپنىمۇ شەجەرىدە كۆرسىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا ، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر شەرت شۇكى ، بىر جەمەتكە تەئەللۇق ئاياللارلا ئايرىپ كۆرسىتىلىشى كېرەك . نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلىناي دەپ قالدى . شۇڭا بىز يېقىن كەلگۈسىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ فامىلە قوللىنىشى ۋە چىرايلىق نەسەبنامىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. بىز مانا مۇشۇنداق يۈزلىنىشنى نەزەربىيۋى ئاساس بىلەن

1. تەمنلەش ئۇچۇن تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل شەجەرە ئىسخىمىسى ۋە بۇ ھەقتىكى پرىنسىپلارنى شەرھىيلەيمىز

دەرەخ شەكىللىك شەجەرە بۇ ئەڭ دەسلەپتە قوللىنىلغان ۋە ئەسلى مەنىسى بويىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان شەكىلدۇر. بىر جەمەتنىڭ زورىيىپ ئۆلغىيىشىنى بىر تۈپ دەرەخنىڭ بىر تال ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ ، شاخلاپ ، يوپۇرماقلاپ كۆكلىشىگە تەدبىقلاشقا بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇشتادەرەخ شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇبۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكچە:

بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا ، دەرەخ شاخلىرىنى ئەۋلاد سانىغا قاراپ تەڭشىگەندىن سىرت ، ھەر بىر ئەۋلادنىڭ پەرقىنى "ئەۋلاد چېگرا سىزىقى"ئارقىلىق ياكى ئوخشىمىغان رەڭلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش لازىم.

2.ئەپكەش شەكىللىك شەجەرە بۇ ئەۋلاد -ئەجداد قاتلىمىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىشكە بولىدىغان شەكىل بولۇپ ، ئەپكەشنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا تۇنجى ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىسمى ، ئاستىنقى رەتلەرگە يۇقىرىقى كىشىدىن شاخلىغان كىشىلەر ئەۋلاد تەرتىپى تىزىلىدۇ. شەكلى تۆۋەندىكچە:

3.قۇياش شەكىللىك شەجەرە بۇنىڭدا قۇياشنىڭ ئىچىگە مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن تارىغان ئەۋلادلار قۇياشتىن تارقالغان نۇر چەمبەرلەر ئىچىگە تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ . بۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكچە:

4.ئورغاق ئاي شەكىللىك شەجەرە بۇ شەكىل جەھەتتىن مۇشكۈلرەك ئىسخىما بولسىمۇ ، لېكىن ياخشى لايىھىلەنسە ، كۆركەم ۋە سىغىمچانلىقى يۇقىرى بولۇپ پۈتىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ چوڭ ئورغاق ئايغا تۇنجى ئەجدادنىڭ ئىسمى يېزىلىپ ، ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلار بوغۇن تەرتىپى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاي شولىسى شەكلىدىكى نۇر چەمبەرلەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ شەكىل تۆۋەندىكچە:

" شەجەرە " نىڭ "ئائىلە ياكى جەمەت مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان دەرەخ " دېگەن مەنىسىگە ئاساسلانغاندا ، بىرىنچى خىل شەكىللا ئەنئەنىۋى ۋە ئۆلچەملىك شەجەرە ھېسابلىنىدۇ . لېكىن بۇ شەكىل ئالىلقاچان بىيىپ ئۆز مەنە دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتتى ، شۇڭا ھەركىم ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىر شەكىلنى تاللىۋالسا بولىۋېرىدۇ. بوۋىسى بىلەن ئۇلۇغ بوۋىسىدىن باشقىسىنى بىلمەيدىغانلار بوۋىسى ياكى ئۇلۇغ بوۋىسىنى ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى ، دەپ قاراشقا مەجبۇر . فامىلە قوللىنىش ۋە نەسەبنامە تۇرغۇزۇش كۈتۈپ تۇرىدىغان ئىش ئەمەس .

جۇملىدىن نەسەبنامە تۈرغۇزۇشتا لۆپىنچە پىشقەدەملەرنىڭ ئاغزاكى ماتېرىياللىرىغا تايىنىمىز .ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەمەت تارىخىغا دائىر ئەھۋاللارنى بىلگۈچى شاھىدلار ئازىيىپ ، تارىخمۇ يەرگە كۆمۈلۈپ ماڭىدۇ . شۇڭا نەسەبنامە تۈرغۇزۇشنى ئىمكانقەدەر تېزراق باشلاپ ، كەلگۈسىدىكى فامىلە قوللىنىش ئىشىنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك .بەزى جەمەتلەرنىڭ تارىخى ئۆيلىمىغان يەردىن بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا ئالاقدار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلاردا بىر پۈتۈن نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسىنى تۈرغۇزۇش ، ئېنىق فامىلە ۋە نام -شەرىپى بار كىشىلەرنى ھەمدە قاتلىمى ئېنىق جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشتا مەلۇم ئىجادىي رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇرلاردا قاڭالتىرچىلىق

جەملە ئابلا

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن

ئۇيغۇر خەلقى تۈر كىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر شەھەرلىشىپ ، شەھەر- قەلئە مەدەنىيىتىنى ياراتقان ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلىرى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنى تەڭ شۇغۇللىنىپ ، شەھەر سودا - سېتىق مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۆھپە قوشقان خەلقتۇر . شەھەر سودا - سېتىق مەدەنىيىتىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، دىيارىمىزدا بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى مېتال ئىشلىتىش باشلانغان . ئۇيغۇر

هۇنەر -كەسىپ رىسالىلىرىنىڭ بايانىدا ئۇيغۇرلاردا 360خىل هۇنەر - كەسپىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم . بەزى ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلار ئات كۆندۈرۈلگەندىن باشلاپ مېتال ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى يەنى ئات تاقلاش كەسپىنى باشلىغانلىقى بايان قىلىنغان .بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېتال ئىشلەتكەن ۋاقتى خېلى ئۇزۇن بولسا كېرەك . زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن تۆمۈرچىلىك ۋە تۆمۈرچىلىك تەركىبىدىكى قاڭالتىرچىلىق كەسپىنىڭ تارىخىنىمۇ قىسقا ھېسابلىغىلى بولمايدۇ...

تۆمۈرچىلىك كەسپىنىڭ بىر تۈرى بولغان قاڭالتىرچىلىق (تۈنىكسازلىق )كەسپى ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، بۈگۈنگە كەلگەندە ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە سۈپەت جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتتى.ئۇيغۇر ئۇستىلىرى ئاشۇ تارىخىي كەسپنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈنىكىدىن ھەر خىل ئائىلە سايمانلىرى ، ئۆي - ئىمارەت لازىمەتلىكلىرى ، بوتكا )دۇكان (، ئىشىك ، سۇ تۇڭى ، چېلەك ، ياغ تۇڭى ، ئۇزۇن جوغىلىق چەينەك ، مەش ، كاناي ، ساماۋەر ، كاۋاپدان ، لېس ، پېچىنە - پىرەنىك قېلىپى ، چوك -كىچىك داس ۋە ھەر خىل گۈزەل - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ، ئۆگزىگە ياۋروپا پاسونىدا قاڭالتىر ئورنىتىپ ، خەلقنىڭ ماددىي ، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامداش بىلەنلا قالماي ، بازارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ ، سودا بازىرىنى جانلاندۇرماقتا!... قاڭالتىرنىڭ خام ماتېرىيالى تۆمۈر . قاڭالتىرچىلىق سايمانلىرى گۇل قېلىپى ، ئەندىز (قېلىپ — چېلەك تۇۋى ، چەينەكنىڭ جوغىسى قاتارلىقلار )، سۇمبە ، لوم تۆمۈر ، تۆمۈر بولقا ، ياغاچ بولقا (بۇ ئىككى بولقىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئايرىم بولىدۇ )، تۈنىكە كېسىدىغان تۈز قايچا ، ئەگرى قايچا ، پەركۈچ (سىركول )، كەپشەر ، دانىكا ، ئوچاق ، كۆيەك ، نەيچە (ئوت پۈدىگۈچ )، كۆمۈر ، داغمال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىش ئۇسۇلى : قېلىپ (ئەندىز )قا تايىنىلىدۇ .چوڭراق سايمانلارنى ياسىغاندا تۈنىكە گىرەچى شەكلىدە بىر - بىرىگە چېتىلىپ ، ئۇستىدىن ياغاچ بولقا بىلەن ئۇرۇپ جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ . ساماۋەر ، چۆگۈن قاتارلىق سۇ قاينىتىلىدىغان ۋە سۇ تۇڭى ، چېلەك قاتارلىق سۇ ئېلىپ قويۇلىدىغان ھەر خىل قاچىلارنى ياسىغاندا سۇ سىزىپ (ئېقىپ )كەتمەسلىكى ئۈچۈن دانىكا بىلەن داغماللىنىدۇ .مەش ، كاناي قاتارلىق ئوت يېقىلىدىغان سايمانلارنىڭ ئۇلانغان جايى ياغاچ بولقا بىلەن ئۇرۇپ جىپسىلاشتۇرۇلۇپ ، تۇتۇن قاچمايدىغان قىلىنىدۇ . جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان بۇ كەسپنىڭ ئوتتا تاۋلاپ قىلىدىغان ئىشى ناھايىتى ئاز ، كىرىشتۇرۇپ جىپسىلاش قاتارلىق يەڭگىل ئىشى كۆپ . شۇڭا خەلق ۋە كاسىپلار

قاڭالتىرچىلىق )تۆنىكسازلىق (تىن ئىبارەت بۇ كەسپنى ئاق ئىش دەپ ئاتىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تۆنىكسازلىقى تەرەققىي قىلىپ ، خەلق ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرى قىزىقىپ كۆرىدىغان رەڭدار بۇيۇمغا ئايلاندى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

(1 ئاغزاكى ماتېرىيال (ئۇرۇمچى خاڭچىڭدا ئولتۇرۇشلۇق تۆنىكساز قادىرخان ، يۇسۇپ ھاجى قاتارلىقلاردىن ئىگىلەندى )

(2شېرىپ خۇشتارنىڭ »قەدىمىي يادىكارلىقلار توغرىسىدا « ناملىق ماقالىسى ، شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ »قەدىمكى يادىكارلىقلار ژۇرنىلى« ، 1989 - يىل نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل